Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

ليۇ زىشياۋ

# ئۇيغۇر تارىخى

## بىرىنچى قىسىم

(2)

مىللەتلەر نەشرىياتى

# ئونىنچى باپ
# مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى

## بىرىنچى بۆلۈم  مىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى

14-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ۋەتىنىمىزنىڭ ئوتتۇرا رايونىدا داغدۇغىلىق دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلۈپ، بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا يۈەن سۇلالىسىنىڭ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەر دەرىجىلىك ھەربى-مەمۇرى ئاپپاراتلىرىنى گۇمران قىلدى.

1368-يىلى جيەنكاڭ (ھازىرقى نەنجىڭ) دا جۇ يۈەنجاڭ (مىڭ تەيزۇ) ئۆزىنىڭ يېڭى سۇلالىسى مىڭ سۇلالىسى قۇرۇلدى، شۇ يىلى مىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاسى جۇ يۈەنجاڭ (مىڭ تەيزۇ) ئۆزىنىڭ

باش لاگىرىنى بېيەنلىياڭ شەھىرى (بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ كەيفېڭ شەھىرى)گە يۆتكەپ كېلىپ، قوشۇنغا ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، يۈەن سۇلالىسىگە قارشى ئاخىرقى قېتىم ئومۇمىي يۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى.

مىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئارقا-ئارقىدىن شەندۇڭ، خېنەن قاتارلىق جايلارنى قولغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن، يۈەن سۇلالىسىنىڭ خۇاڭخې دەرياسىنى بويلاپ قۇرغان مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى خانبالىق (بۈگۈنكى بېيجىڭ)غا قىستاپ باردى. دۈشمەن قوشۇنلىرى شەھەرگە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان قىيىن ئەھۋالدا، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاسى توغان تۆمۈر (يۈەن شۈندى) خانبالىقتىن موڭغۇل دالاسىغا چېكىندى. شۇنىڭ بىلەن، ئەمەلىيەتتە، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلدى.

## 1. مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ھەربىي ئىشلار تەدبىرلىرى

1260-يىلى قۇبلاي كەيپىڭدا ئۆزىنىڭ پادىشا بولغانلىقىنى جاكالىغاندىن تارتىپ توغان تۆمۈر پايتەختتىن ۋازكېچىپ موڭغۇل دالاسىغا قېچىپ بارغانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتتى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ دۆلەت قۇرۇش جەريانى بىلەن يۈەن سۇلالىسىنىڭ دۆلەت قۇرۇش جەريانىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونلىرىدا شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا يۈز بەرگەن بىر قاتار ۋەقەلەرنى چۈشىنىشىمىزگە پايدىلىق.

مىڭ سۇلالىسى بىلەن يۈەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇ يەردىكى، مىڭ سۇلالىسى ئۆز رەقىپلىرىنى ئۇزۇل-كېسىل تارمار قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلمىغان. شۇڭا مىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە ئېلىمىزنىڭ ئەمەلىي زېمىنىنىڭ بىر قىسمىلا كىرگەن. ھالبۇكى، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىغى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى ئۇزۇل-كېسىل تارمار قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغانلىقتىن، ئۇ ئېلىمىزنىڭ ئەمەلىي زېمىن دائىرىسىدە مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق تىكلىگەن.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ بەرپا بولۇشىدىكى بۇ خۇسۇسىيەت — توغرىسىنى ئېيتقاندا، بۇ ئۇنىڭ مۇھىم بىر ئاجىزلىغى ئىدى — ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىپ، چېگرا رايونلىرىمىزدا يۈز بېرىدىغان بىر قاتار تارىخىي ۋەقەلەرگە، جۈملىدىن بۇ بۆلۈمدە بايان قىلىنىدىغان ئۇيغۇر مىللىتى تارىخىدا يۈز بېرىدىغان بىر قاتار تارىخىي ۋەقەلەرگە سەۋەپچى بولغان.

مىڭ سۇلالىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئېلىمىزنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي چېگرا رايونلىرىدىكى سىياسى جۇغراپىيىلىك خەرىتە مۇنداق ئايرىلغان ئىدى. لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلى ۋە موڭغۇل دالاسىدا يۈەن سۇلالىسىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى بار ئىدى. توغان تۆمۈرنىڭ ئوغلى ئايىيۇشىتالا قاراقۇرۇمنى پايتەخت قىلىپ، ئۆزىنى پادىشا دەپ جاكالىغان ئىدى. قۇبىلاي قۇرغان يۈەن سۇلالىسىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئېلىمىزنىڭ تارىخىي ھۆججەتلىرىدە ئۇ كېيىنكى يۈەن سۇلالىسى دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ غەربىدە ئويرات قەبىلىسى بار بولۇپ، ئويرات قەبىلىسى تۇرۇشلۇق جاينىڭ جەنۇبىدا چاغاتاي خاندانلىغى — شۇ ۋاقىتتا ئۇ بېشبالىق ھاكىمىيىتى دەپ

ئاتىلاتتى — جايلاشقان ئىدى. تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي ۋە غەربىي قىسىملىرىدا بولسا ۋۇجۇتقا كەلگىنىگە ئانچە ئۇزاق بولمىغان بىر ھاكىمىيەت گەۋدىسى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى ”قەشقەر سۇلتانلىغى“ دەپ ئاتىغان ئىدى.

مىڭ سۇلالىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئېلىمىزنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي قىسىملىرىدىكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەر ئىلگىر-ئاخىر بولۇپ، ياكى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىپ ئۇتۇغات بېرىشىنى قوبۇل قىلغان ۋە ياكى مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئولپان تۆلەپ، مىڭ سۇلالىسى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە بېقىندىلىق مۇناسىۋەت ئورناتقان ئىدى①. روشەنكى، ئولپان تۆلەپ ئىتائەت قىلىش ئاساسىدىكى بېقىندىلىقنى ھەرگىزمۇ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق ئاستىدىكى تەۋەلىككە ئوخشاتقىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇنداق بېقىندىلىق مۇناسىۋەتنىڭ مۇقىملىغى ئاجىز ئىدى. بۇنىڭ روشەن ئالامەتلىرى شۇكى، شۇ مەزگىللەردە شىمالىي ۋە غەربىي چېگرا رايونلىرىغا جايلاشقان تۈرلۈك سىياسى كۈچلەر، بولۇپمۇ قايتا تىرىلىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتۋاتقان يۈەن سۇلالىسىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى، مىڭ سۇلالىسىگە نىسبەتەن باشتىن-ئاخىر ئەمەلىي تەھدىت بولۇپ تۇردى.

مۇشۇنداق ئەمەلىي تەھدىتنى نەزەردە تۇتۇپ، مىڭ سۇلالىسى ئۆزىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قوراللىق كۈچىنى كۈچەيتىش مەقسىدىدە بىر قاتار ھەربى تەدبىرلەرنى قوللاندى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ جەرياندا شەرقتە لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىدىن تارتىپ غەرپتە خېشى كارىدورى رايونىغىچە بولغان شىمالىي سەپتە ئېلىپ بارغان ھەربى ھەركەتلىرى ئۇنىڭ ئىستراتېگىيلىك مۇدداپىئەسىنىڭ

ئومۇمى كۆرۈنۈشىنى نامايان قىلدى، بۇ ھەربى ھەركەتلەر ئاساسەن ئىككى ھالقىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى شىمالىنى، يەنە بىرى غەربىنى نىشان قىلغان.

14-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ 15-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا مىڭ سۇلالىسى ھەربى پائالىيىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى شىمالنى تىنجىتىش بولدى. 1370-يىلدىن باشلاپ 40 يىل داۋامىدا مىڭ سۇلالىسى موڭغۇل دالاسىغا ئۈچ قېتىم ھەربى ھەركەت قوللاندى. بۇنىڭ بىرىنچى قېتىمقىسى 1370-يىلى تال كۆلى بويىدىكى يىڭچاڭفۇ قەلئەسىنى ئېلىش بىلەن ئاياقلاشتى. ئارىدىن 18 يىل ئۆتۈپ، 1387-يىلى مىڭ سۇلالىسى موڭغۇل دالاسىغا ئىككىنچى قېتىم كەڭ كۆلەملىك ھەربى ھەركەت قوللاندى. بۇ قېتىمقى ھەربى ھەركەت بويۇر كۆلى بويىدا كېيىنكى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاساسلىق ھەربى كۈچىنى تارمار قىلىش بىلەن ئاياقلاشتى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ موڭغۇل دالاسىغا قوللانغان ئۈچىنچى قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك ھەربى ھەركىتى ئارىدىن 23 يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنى 1410-يىلى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ قېتىم مىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى جۇدى ئۆزى قوشۇنغا قوماندانلىق قىلدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى بۇ قېتىم ھەتتا كېرولۇن ۋە ئونۇن دەرياسى ۋادىلىرىغىچە يېتىپ باردى. غەلىبىلەر ئىلھاملاندۇرغان يۈكسەك جەڭگىۋارلىقىغا تايانغان مىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئۈچ قېتىم ھەربى ھەركەتتە تولۇق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى.

غەربىي قىسىم رايونلىرىدا مىڭ سۇلالىسى مىڭ تەيزۇنىڭ خۇڭۋۇ يىللىرى (1368 — 1398) دىن باشلاپلا تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا يېقىن بولغان خېشى كارىدورى رايونىدا چىجىن،

ئەنىنىڭ، چۇشيەن، ئادۇەن، خەندۇڭ، سولقانات خەندۇڭ، شاجۇ قاتارلىق يەتتە ئورۇندا ھەربىي قورۇق تەسىس قىلىپ، خېشى رايونىنى بازا قىلىپ تۇرۇپ تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا ئىچكى-رىلەپ كىرىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىپ قويىدى②. بۇ جەھەتتە، مىڭ سۇلالىسى بۇنىڭدىن 1500 يىل بۇرۇن غەربىي خەن سۇلالى-سىنىڭ تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا يۈرۈش قىلىشتا قوللانغان ئۇسۇلىنى ئەينەن تەكرارلىدى.

مىڭ چېڭزۇنىڭ يۇڭلې يىللىرى (1403 — 1424) دا مىڭ سۇلالىسى ناھايىتى كۈچەيگەن ئىدى. بىرقانچە ئون يىل كۈچ توپلاش ئارقىسىدا، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىگى تولۇق ئەسلىگە كەلدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىغى يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى. بولۇپمۇ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالدا يۈەن سۇلالىسىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىگە قارىتا قوللانغان ھەربىي ھەركەتلىرى مۇۋەپ-پەقىيەتلىك بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى، تەبىئىي ھالدا، مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ سىياسى ئىنتىلىشىنى كۈچەيتىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئابرويىنى ئاشۇرۇش ۋەزىپىسى-نى زىممىسىگە ئالغان مىڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرى ئارقا-ئارقىدىن سەپەرگە ئاتلاندى، مىڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرى ئۆمىگىنىڭ كېمىلىرى تېنچ ئوكيان ۋە ھىندى ئوكيان قاتارلىق جايلارنى بېسىپ ئۆتۈپ فىلىپپىن ئاراللىرى، سۇنتا ئاراللىرى (بۈگۈنكى ھىندونېزىيە)، سەيلۇن، ھىندىستان ھەتتا شەرقىي ئافرىقىنى زىيارەت قىلدى. قۇرۇقلۇقتا بولسا مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچى ئۆمەكلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا، بەدەخشان، ئافغانىستان، ئىران ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىنى كېزىپ،

بۇ جايلار بىلەن كەڭ تۇردە ئالاقە ئورناتتى.

«مىڭ سۇلالىسى تارىخى»دا، مۇشۇ مەزگىللەردە ئىلىمزىنىڭ دۇنيادىكى جايلار بىلەن قويۇق بېرىش-كېلىش قىلىغانلىقى توغرىسىدىكى ياخشى ئەھۋال مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: "شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن يىراق چەت جايلاردىن كەلگەن، تۇرلۇك تىللاردا سۆزلىشىدىغان، تۇرلۇك سىياقتىكى ئەلچىلەر پادىشا ئوردىسىغا جۇغلانغان"③.

بۇ مەزگىلدە، يىڭى چىڭ، جېڭ خې، فۇئەن، چېن چېڭ، ئارشىنتاي، لى گۇي، لى داغا ئوخشاش ئاجايىپ نەتىجىلىك دىپلوماتلار بارلىققا كەلدى. ئۇلار ئىلىمزىنىڭ دۇنيادىكى ھەرقايسى جايلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى راۋاتلاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىشتە غايەت زور تۆھپە قوشتى. تېخىمۇ قىممەتلىكى شۇكى، ئۇلار كېيىنكىلەر ئۈچۈن قىممەتلىك يازما مەلۇماتلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. مىڭ سۇلالىسى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا ئاجايىپ ئۇنۇملۇك دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىللە، ئىلىمزىنىڭ چېگرا رايونلىرىدىكى ھەرقايسى ھاكىمىيەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى كۈچەيتىشكىمۇ ئەھمىيەت بەردى. ئەگەر مىڭ سۇلالىسىنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشتىن مەقسىدى ئۆزىنىڭ ئابرويى ۋە سىياسى شۆھرىتىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا، ئۇنىڭ چېگرا رايونلاردىكى ھەرقايسى ھاكىمىيەتلەر بىلەن ئورناتقان ئالاقىسى بىۋاستە ھەربى ئىشلار مەقسىدىگە خىزمەت قىلغان، دېيىش مۇمكىن. چۈنكى موڭغۇل دالاسىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان يۈەن سۇلالىسىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىدىن مۇداپىئە كۆرۈش خىيالى مىڭ سۇلالى-

سى ھۆكۈمرانىنىڭ كۆڭلىدىن زادى چىقىپ كەتمىگەن ئىدى.

مىڭ سۇلالىسى ئىستىراتېگىيە جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، موڭغۇل دالاسىغا ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىش بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ سىياسى كۈچىدىن پايدىلىنىپ، موڭغۇل دالاسىغا يېقىن باشقا كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ۋە يەرلىك ھاكىمىيەتلەرگە پائال يېقىنلاشتى ۋە ئۆزىگە مايىل كۈچلەرنى يېتىشتۈردى، شۇ يول ئارقىلىق كېيىنكى يۈەن سۇلالىسىنىڭ كۈچىنى بەنت قىلماقچى ۋە چېچىۋەتمەكچى بولدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ئىشلار تۈسىنى ئالغان بۇ تەدبىرلىرى ئاخىر ئېلىمىزنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي چېگرا رايونلىرىنىڭ سىياسى ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە تۈرتكە بولدى.

مىڭ سۇلالىسى ئۆزى ئۈچۈن تاللىۋالغان تۇنجى نىشان ئويرات قەبىلىسى بولدى.

ئويرات قەبىلىسى موڭغۇللارنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، دەسلەپتە يېنىسېي دەرياسى ۋادىسىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان④. خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە ”ئويرات“ دىگەن سۆز ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە ھەر خىل ئاتالغان.

چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئېگىزلىكىگە يۈرۈش قىلغاندا، ئويراتلار ياشىغان جاي چىڭگىزخاننىڭ مۇھىم ئارقا سەپ تەمىنات بازىلىرىدىن بىرى بولغان ئىدى. ئوگوتاي خاقان بولغان مەزگىلدە، ئويرات قەبىلىسى ياشايدىغان رايونلاردا ”كەم-كەمجۇت ئايمىقى“ تەسىس قىلىنغان، قۇبلاي يۈەن سۇلالىسىنى قۇرغاندىن كېيىن، كەم-كەمجۇت ئايمىقىدا تۈمەنبېشى مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشى

ئاستىغا ئېلىنغان.

ئويراتلار تەخمىنەن 15-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سىياسى كۈچ سۈپىتىدە كىشلەرنىڭ دىققەت-نەزىرىنى تارتىشقا باشلىغان. 14-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن كېيىن، ئويرات قەبىلىسى ئەتراپىدىكى سىياسى ۋەزىيەتتە كەسكىن ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولدى، بۇرۇن چاغاتاي خاندانلىغىنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت مەركىزى بولغان بالقاش كۆلى رايونلىرى، يەتتەسۇ رايونى ۋە جۇڭغار ئويمانلىغى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئىككى قۇدرەتلىك كۈچ — تۆمۈرلەڭ ئىمپېرىيىسى ۋە شەرقىي چاغاتاي خاندانلىغىدىن ئايرىلىپ چىقتى. بۇنىڭ جەريانىغا كەلسەك، دەسلەپتە خىزىرخوجا تۆمۈرلەڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانى تالىشىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى ئىلى ۋادىسىدىن بېشبالىققا كۆچۈرۈپ كېلىپ، بۇ كىچىككىنە دائىرىدىن مەمنۇن بولۇپ، بېشبالىق ھاكىمىيىتىنى قۇرغان⑤. ۋاھالەنكى، باياشات ئىران ئىگىزلىكى ۋە ئوتتۇرا دېڭىز بويىلىرىغا ئىشتىياق باغلىغان تۆمۈرلەڭ شۇ جايلاردا جىددى جەڭ قىلماقتا ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئويراتلارغا يېقىن جايلار ئويراتلارنىڭ ئۆز تەسىر كۈچىنى راۋاجلاندۇرۇشىنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق سورۇنىغا ئايلاندى. ئەمىلىيەتتە ئويراتلار ئۆز ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى قوزغاشتىن ئىلگىرىلا يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان رايونلارنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە كىرگۈزىۋالغان ھەمدە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى جەنۇپقا سۈرۈپ، تيانشاننىڭ شىمالىدىكى جۇڭغار ئويمانلىغىغا كۆچۈرۈپ كەلگەن. يېگىدىن باش كۆتىرىپ چىققان ھەرقانداق يېڭى كۈچلەرگە ئوخشاشلا، ئويراتلارمۇ تېخىمۇ كۆپ بايلىق توپلاشقا ۋە

تېخىمۇ كەڭ زېمىن دائىرىسىگە ئىگە بولۇشقا ئىنتىلگەن.

ئويراتلارنىڭ غەربىدە تۆمۈرلەڭ ئىمپېرىيىسى بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئىران ئېگىزلىكى، ئىككى دەريا ۋادىسى، دون دەرياسى ۋادىسى، كاپكاز ۋە ئوتتۇرا دېڭىز ياقىسىدا چىڭگىزخاندىن قېلىشمايدىغان دەرىجىدە دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارماقتا ئىدى ۋە ئارقا-ئارقىدىن غايەت زور غەلىبىلەرگە ئېرىشمەكتە ئىدى. مۇشۇنداق قۇدرەتلىك كۈچنىڭ قولىدىن ئويراتلارنىڭ بىرەر جاينى تارتىپ ئالالىشىنى، بولۇپمۇ ئۆزىگە خوشنا بولغان ئوتتۇرا ئاسىيانى تارتىپ ئالالىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى تۆمۈرلەڭنىڭ باش لاگېرى مۇشۇ رايونغا جايلاشقان ئىدى.

ئويراتلارنىڭ جەنۇپتا بېشبالىق ھاكىمىيىتى بار بولۇپ، بۇ ھاكىمىيەت ئالمىلىق قەلئەسىدە ئۇچرىغان ئېغىر مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ئۆزىنى پەيدىن-پەي ئوڭشىۋالغان ئىدى. ئۇ بۇددا دىنىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدا قېپقالغان بىردىن-بىر بازىسى بولغان تۇرپان ئويمانلىقىدا غەلىبە قازىنىپ، يېڭى زېمىنغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆز ئىشەنچىسىنىمۇ ئاشۇرغان ئىدى. گەرچە بۇ چاغدا بېشبالىق ھاكىمىيىتى ئۆز ئەجداتلىرىنىڭ زېمىن دائىرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرگۈدەك دەرىجىدە قۇدرەت تاپالمىغان بولسىمۇ، ئەمما باشقىلارنىڭ قاتتىق ۋەيران قىلىشىدىن قۇتۇلغان ئىدى. بولۇپمۇ ئويرات قەبىلىسىدىن مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى. جەنۇپقىمۇ، غەرپكىمۇ ئىلگىرىلىيەلمىگەن ئويرات قەبىلىلىرى ئۆزىنىڭ نىشانىنى يۈەن سۇلالىسىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى تىزگىنلەپ تۇرغان موڭغۇل دالاسىغا قاراتتى. نەتىجىدە بىر ئورتاق مەقسەت مىڭ سۇلالىسى بىلەن ئويراتلارنى بىر بىرىگە باغلىۋەتتى.

1403 ـ يىلى مىڭ سۇلالىسىنىڭ خانلىق تەختىگە چىقىقان مىڭ چىڭزۇ جۇدى ئەلچى ئەۋەتىپ، ئويىرات قەبىلىسى بىلەن ئالاقە ئورناتتى. 1408 ـ يىلى ئويىرات قەبىلىسىنىڭ ئاقساقاللىرىدىن ئاخما مىڭ سۇلالىسىگە ئات سوغا قىلىپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتۇغات بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئىككىنچى يىلى مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئويىرات قەبىلىسىنىڭ ئاقساقاللىرىدىن ئاخماغا "ئالتۇن جۇلالىق ئىناۋەتدار تۆرە، تېچ ـ ئىناۋەتمەن خان" (قىسقارتىپ تېچ ـ ئىنا ـ ئەتمەن خان دەپ ئاتىلىدۇ)، تايپىڭغا "ئالتۇن جۇلالىق ئىناۋەتدار تۆرە، دانىشمەن، ئادالەتمەن خان" (قىسقارتىپ دانىشمەن، ئادالەت ـ مەن خان دەپ ئاتىلىدۇ)، باتۇر بالاغا "ئالتۇن جۇلالىق ئىناۋەتدار تۆرە، شادىيانە خان" (قىسقارتىپ شادىيانە خان دەپ ئاتىلىدۇ) دېگەن ئوتۇغات بېرىپ ھەممە ئۇلارغا پادىشا نامىدىن تامغا تارقىتىپ، يىلدا بىر قېتىم مىڭ سۇلالىسىگە ئولپان تاپشۇرۇپ تۇرۇشىنى بەلگىلىدى، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، ئويىرات قەبىلىسىنىڭ مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى ئېنىق ئورنىتىلدى⑥.

مىڭ سۇلالىسى ئەنە شۇنداق يول بىلەن موڭغۇل دالاسىنىڭ غەربىي قىسمىدا ئۆزىگە مايىل بىر كۈچنى تۇرغۇزۇپ، كېيىنكى يۈەن سۇلالىسىنى بەنت قىلىپ تۇرىدىغان بىر قاناتنى ھاسىل قىلدى.

مۇشۇنداق ھالەت شەكىللەنگەندىن كېيىن، مىڭ سۇلالىسى موڭغۇل دالاسىدا ئۈچىنچى قېتىملىق ھەربىي ھەرىكەتنى قوللاندى. مىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئونۇن دەرياسى ۋادىسىدا كېيىنكى يۈەن سۇلالىسىنىڭ خاقانى بېنياشىر قوماندانلىقىدىكى قوشۇننى تارمار

قىلىپ، ئاندىن يەنە ئىلگىرىلەپ خەيلار دەرياسى ۋادىسىدا ئارلوتاي قوماندانلىغىدىكى كېيىنكى يۈەن سۇلالىسىنىڭ يەنە بىر تۈركۈم قوشۇنىنى تامامەن تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. كېيىنكى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھەربى كۈچى قاتتىق خورىدى. مىڭ سۇلالىسى ئۆز رەقىبىنىڭ كۈچىنى نابۇت قىلىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك مەقسەتكە يەتتى.

ئاردىن ئىككى يىل ئۆتۈپ، يەنى 1412-يىلى ئويرات قەبىلىسىنىڭ ئاقساقاللىرىدىن تېچ-ئىتائەتمەن خان ئاخما بېنياشىرنى ئۆلتۈرۈپ، جۇدى 1410-يىلى ئورۇنلىيالمىغان ئىشنى ئورۇنلىدى. ئاخما تالبانى قورچاق خان قىلىپ تىكلەپ، ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى موڭغۇل دالاسىغىچە كېڭەيتىۋالدى. ئىسەن ئويرات قەبىلىسىدە ھوقۇق يۈرگۈزۈشكە باشلىغاندا، ئويرات قەبىلىسىنىڭ كۈچى شىددەت بىلەن زورىيىپ، مىڭ سۇلالىسى بىلەن بىۋاستە تىركەشكۈدەك دەرىجىگە يەتتى. 1449-يىلى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئايرىم ئەمەلدارلىرىنىڭ سەۋەنلىگى تۈپەيلىدىن، ئىسەن مۇشۇنى بانا قىلىپ مىڭ سۇلالىسىگە تويۇقسىز ھۇجۇم قوزغىدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ باش قوماندانلىق ئاپپاراتىدىكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، ئىسەن ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىلا كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازاندى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەڭ چوڭ مەغلۇبىيىتى بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ خۇەيلەي ناھىيىسىدىكى تۇمۇباۋدا ئۇچرىغان قاتتىق مەغلۇبىيەت بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، بۇ قېتىمقى قاتتىق مەغلۇبىيەتتە مىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى جۇچىجېن (مىڭ يىڭزۇڭ) ئىسەنگە ئەسىر بولدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئويرات قوشۇنى ھەتتا بېيجىڭ قەلئەسىنى قورشىۋېلىپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بولغان بۇ

شەھەرگە ھۇجۇم قوزغىدى. لېكىن مىڭ سۇلالىسى مول يوشۇرۇن ھەربىي كۈچ ۋە ئىقتىسادىي قۇدرەتكە ئىگە بولغانلىقتىن، ئىسەننىڭ ھۇجۇمى كېيىنكى كۈنلەردە مەغلۇپ قىلىندى.

مىڭ سۇلالىسى تۇمۇباۋدا قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، بۇ مىڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچلۈكلۈكتىن ئاجىزلىققا قاراپ ماڭغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئەكسىچە، ئويراتلارنىڭ تارىخىدا بۇ ۋەقە دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتلىك ۋەقە بولۇپ قالدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىن كېيىن ئىسەنىنىڭ ئويرات قەبىلىسىدىكى ئورنى زور دەرىجىدە كۈچەيدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىسەنىنىڭ ئويرات قەبىلىسىدىكى رەسمىي سالاھىيىتى ”پىر ئۇستاز خۇەيۋاڭ“ ئىدى. ئۇنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچى خاقان توتوبۇقا ئىدى. تۇمۇباۋ جېڭىدە ئىسەن مۇھىم رول ئوينىغانلىقتىن، ئويرات قەبىلىسىدە مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئەمەلىي رەھبەر بولۇپ قالدى. ۋاھالەنكى، بۇ ھال كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىسەنىنىڭ چوقۇم ئۆز خاقانىنى ئۆلتۈرۈپ، ھوقۇق تارتىۋالىدىغانلىقىنىڭ ئاملىنىمۇ راسلاپ قويىدى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تۇمۇباۋ جېڭى ئويرات قەبىلىسىنىڭ كۈچلۈكلۈكتىن ئاجىزلىققا قاراپ يۈزلىنىشىنىڭ مۇقەددىمىسى بولدى.

مىڭ سۇلالىسى بىلەن ئويراتلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا كۆرۈلگەن بۇ ئۆزگىرىش شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە كىشىلەرگە بىلىنمىگەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە ئويراتلار موڭغۇل دالاسىنى تىزگىنلەپ تۇردى.

ئويرات قەبىلىسى بىلەن مىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش سادىر بولغان ۋاقىت يۈڭلې يىللىرىغا يەنى 1403 — 1424-يىللارغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ۋاقىت مۇشۇ بۆلۈمدە بايان قىلىنىۋاتقان مەزگىلدىن

خېلى كېيىن ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئويرات قەبىلىسى توغرىسىدا ئومۇمى يۈزلۈك چۈشەنچە ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، بىز ۋاقىت چەكلىمىسىدىن بىرئاز ئېشىپ كەتتۇق.

مەزكۇر بۆلۈمدە بايان قىلىنىۋاتقان ۋەقەلەر بولۇۋاتقان مەزگىلدە، يەنى يۈگىلىپ يىللىرىدا، ئويراتلار بىلەن مىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئەۋج ئېلىۋاتقان باسقۇچتا ئىدى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىگە ئورتاق تاقابىل تۇرۇشتىن ئىبارەت نىشان ئۇلارنى مەھكەم جىپسىلاشتۇرۇۋاتقان ئىدى.

## 2. مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنىڭ سىياسى ئەھۋالى

ئويراتلارنى ھىساپقا ئالمىغاندا، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن غەرپتە تاللىۋالغان يەنە بىر نىشانى تيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونلىرى ئىدى. شۇ ۋاقىتتا، مىڭ سۇلالىسىنىڭ سىياسى، ھەربى ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئىتى بۇ رايون بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. چۈنكى، ئەگەر مىڭ سۇلالىسى تيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىنى قولغا كىرگۈزەلىسە، يۈەن سۇلالىسىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى تېخىمۇ كەڭ مىقياستا مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئۇلارغا ئاخىرقى ھىساپتا زەربە بېرىش ئۈچۈن پايدىلىق ھەربى ۋەزىيەت يارىتالايتتى. شۇنىڭدەك پات ئارىدا بۇ رايوننىڭ مىڭ سۇلالىسى ئۈچۈن ئويرات قەبىلىسىنى بەنت قىلىپ تۇرغۇچى بىر قانات بولۇپ قالىدىغانلىقىمۇ ناھايىتى ئېنىق ئىدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ رايوندىكى سىياسى مەنپەئىتى مۇنۇ جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ: تيانشاننىڭ جەنۇبىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ

تۇرغاندا، مىڭ سۇلالىسى ئاندىن قۇرۇقلۇقتىكى قاتناش لىنىيىسى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران ئىگىزلىكى ھەتتا ئەرەب يېرىم ئارىلى بىلەنمۇ كەڭ ئالاقە ئورنىتىپ، ئۆزىنىڭ شۆھرەت ـ ئابرويىنى ئاشۇرالايتتى. 15 ـ ئەسىردە، دېڭىز قاتناش ئىشلىرى گەرچە ناھايىتى زور دەرىجىدە راۋاجلانغان بولسىمۇ، لېكىن مىڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرىنىڭ قۇرۇقلۇقتىكى قاتناش لىنىيىسى ئارقىلىق پامىر ئىگىزلىـ-كىنىڭ غەربىدىكى رايونلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى ئارقىسىدا، قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ ئەھمىيىتى يېڭىۋاشتىن گەۋدىلەندى. روشەنكى، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونى بولمىسا، مىڭ سۇلالىسى "... يىراق ـ چەت جايلاردىن كەلگەن، تۈرلۈك تىللاردا سۆزلە-شىدىغان، تۈرلۈك سىياقتىكى ئەلچىلەر پادىشا ئوردىسىغا جۇغلانغان" ھالەتنى يارىتالمىغان بولاتتى.

ئۇنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنىڭ دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ ئىدى. بۇ جەھەتتە مىڭ سۇلالىسى ھەممىدىن ئاۋال بۇ رايون بىلەن بولغان ئىقتىسادىي بېرىش ـ كېلىشلەرنى راۋاجلاندۇرغاندىلا، ئاندىن مۇشۇ رايوننى كۆۋرۈك قىلىپ تۇرۇپ، پامىر ئىگىزلىكىنىڭ غەربىدىكى رايونلار بىلەن كەڭ تۈردە ئىقتىسادىي ئالاقە ئورنىتىپ، سودا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرالايتتى.

ئەمدى بىز مۇشۇ مەزگىلدىكى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىنىڭ تارىخىي شارائىتى ئۈستىدە توختىلايلى، يەنى ئۇنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى بىلەن تونۇشۇپ باقايلى. بىز توقۇزىنچى باپتا يەنى خىزىر چاغاتاي خاندانلىقىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈز-گەندىن كېيىنكى مەزگىلگە قايتىپ، ئاندىن بۇرۇنقى ۋاقىت تەرتىۋى بويىچە، چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىلدە

تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى سىياسى ھالەتتە كۆرۈلگەن ئۆزگىرىشلەر ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنەيلى.

1370 ـ يىلىلا خىزىر خوجا ئاۋال ئىسسىق كۆل بويىدا، ئاندىن ئالمىلىقتا تۆمۈرلەڭ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى كۇچار، قارا شەھەرگە، ئاخىرىدا بېشبالىققا كۆچۈرۈلگەن ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، چاغاتاي خاندانلىقى دىگەن نام ئانچە تىلغا ئېلىنماي، بېشبالىق ھاكىمىيىتى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

بېشبالىق ھاكىمىيىتىنىڭ زىمىنى توغرىسىدا «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» نىڭ 332 ـ جىلدىدە:"بېشبالىق غەربىي دىياردىكى بىر چوڭ ئەل بولۇپ، ئۇنىڭ جەنۇبى ئۇدۇن (خوتەن)، شىمالى ئويىرات، غەربى سەمەرقەنت، شەرقىي قاراخوجا بىلەن تۇتىشىدۇ. جىيايۈگۈەن بىلەن بولغان ئارىلىقى 3700 چاقىرىم كېلىدۇ" دەپ يېزىلغان.

خەنزۇچە يىلنامىلاردا بېشبالىق ھاكىمىيىتى توغرىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى تارىخىي ماتېرىيال 1388 ـ يىلى پۈتۈلگەن، بۇ مىڭ سۇلالىسى قۇرۇلۇپ ئانچە ئۇزاق بولمىغان ۋە ئۇنىڭ تۇنجى پادىشاسى مىڭ تەيزۇ ـــ جۇ يۈەنجاڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان چاغلار ئىدى. تارىخىي ھۆججەتلەردە شۇ يىلى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ بويۇر كۆلى بويىدىكى جەڭدە ئەسىرگە چۈشكەن سەمەرقەنتلىك بىرقانچە يۈز سودىگەرنى بېشبالىق ئارقىلىق سەمەرقەنتكە قايتۇرۇۋەتكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. ئېھتىمال، بۇ مىڭ سۇلالىسىنىڭ بېشبالىق ھاكىمىيىتى بىلەن تۇنجى قېتىم رەسمى ئالاقە ئورنىتىشى بولسا كېرەك⑦.

شۇ يىلى، خىزىر خوجا قەمەرىدىن باشچىلىقىدا بىر ئەلچىلەر

ئۆمىگى ئەۋەتىپ، مىڭ سۇلالىسىگە ئات، لاچىن سوغا قىلدى. بۇ ئەلچىلەر ئۆمىگى 1391 ـ يىل 7 ـ ئايدا مىڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى جىيەنكاڭ (هازىرقى نەنجىڭ)غا يېتىپ بارغاندا، مىڭ سۇلالىسى بۇ ئىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. بېشبالىقتىن بارغان بۇ ئەلچىلەر ئۆمىگى مىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى جۇيۈەنجاڭنىڭ بىۋاستە كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. مىڭ سۇلالىسى خىزىر خوجىغا ۋە ئەلچىلەر ئۆمىگىدىكىلەرگە نۇرغۇن سوغا ۋە مۇكاپات بەردى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا مىڭ سۇلالىسى كۆەنچى، خەن جىڭ، تاڭ جېڭ قاتارلىق كىشىلەردىن بېشبالىققا جۇيۈەنجاڭنىڭ يارلىغىنى ئەۋەتتى.

خىزىر خوجا ئۆلگەندىن كېيىن بۇ ھاكىمىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا خانلىق تالىشىپ ئارقا ـ ئارقىدىن جېدەل ـ غوۋغالار پەيدا بولدى. دەسلەپتە خىزىرنىڭ چوڭ ئوغلى مۇھەممەت خانلىق تەختىدە ئولتۇردى. مۇھەممەتتىن كېيىن خىزىرنىڭ ئىككىنچى ئوغلى شەمى جاھان ــ«مىڭ سۇلالىسى تارىخى»دا سامى ساخان دەپ پۈتۈلگەن ــ خان بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي خىزىرنىڭ چوڭ نەۋرىسى ئۆۋەيس نەسەپلىك ئاقسۆڭەك خۇدايدادنىڭ قوللىشى ۋە كۈشكۈرتۈشى بىلەن ئاقسۇدىن قوشۇن تارتىپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ كىچىك دادىسى شەمى جاھاننى ئۆلتۈردى. لېكىن ئۆۋەيس بۇ قېتىمقى ھوقۇق تارتىشىشتا مەغلۇپ بولدى. شامى جاھاننىڭ ئوغلى مۇھەممەت ئۆۋەيسنى مەغلۇپ قىلىپ، خانلىقنى تارتىۋالدى. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»نىڭ 332 ـ جىلدىدە ماخاما دەپ ئاتالغان كىشى مۇشۇ كىشى ئىدى⑧.

تارىخي ھۆججەتلەردىكى مەلۇماتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بېشبالىق بىلەن مىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش ـ كېلىشلەر مۇشۇ مەزگىللەردە قويۇق بولغان. تۆۋەندىكى نەقىل بۇ ئەھۋالنى

ئىسپاتلاش ئۈچۈن كەلتۈرۈلدى: "چېڭزۇ (جۇدى) تەختكە ئولتۇرغان يىلى قىشتا (1403-يىلى) ئەمەلدارلار پادىشا ئالىيلىرىنىڭ تامغىسى بېسىلغان يارلىق ۋە رەڭلىك يىپەك ماللار بىلەن ئۇ ئەلگە (بېشبالىققا) ئەلچىلىككە ئەۋەتىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي خىزىر خوجا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئوغلى شەمى جاھان ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى. يۇڭلې 2-يىلى (1404-يىلى) ئۇ ئەلچى ئەۋەتىپ رەڭلىك قاشتېشى، ئېسىل ئاتلارنى سوغا قىلدى. پادىشا ئالىيلىرى زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ئۇلارنى كۈتۈۋالدى. قۇمۇلدىكى سادىق، ئىنتائەتمەن ۋاڭ ئانكى تۆمۈرنى كولچى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەندە، شەمى جاھان قوشۇن تارتىپ جازا يۈرۈشى قىلدى. پادىشا ئالىيلىرى ئۇنىڭ مەردانىلىقىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن، ئەلچى ئەۋەتىپ رەڭلىك يىپەك ماللار سوغا قىلدى ھەمدە سادىق، ئىنتائەتمەن خانلىققا تەيىنلەنگەن توقتۇ بىلەن ئىناق ئۆتۈشنى تاپىلىدى. 4-يىلى (1406-يىلى) يازدا سوغا-سالام يەتكۈزگۈچى ئەلچى يېتىپ كەلگەندە، پادىشا ئالىيلىرى لىۇ تۆمۈرنى يارلىق ۋە تىللالارنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن بىللە بېرىپ ھال سوراپ كېلىشكە ئەۋەتتى. شۇ يىلى كۈز ۋە قىشتا ھەمدە كېيىنكى يىلى ئۇدا ئۈچ قېتىم سوغا-سالام يەتكۈزدى. ئۇلار: 'سەمەرقەنت ئەسلى ئەجداتلىرىمىزغا تەۋە ئىدى، قوشۇن تارتىپ ئۇ يەرنى قايتۇرۇپ ئالىمىز'، دېگەندە، ئوردا بېگى باتو ھەم لى دا، لىۇ تۆمۈرلەر ئارقىلىق يارلىق ئەۋەتىپ، ئېھتىيات قىلىش، يېڭىلىك قىلماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلدى. 6-يىلى (1408-يىلى) باتولار قايتىپ كېلىپ شەمى جاھاننىڭ ۋاپات بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى مۇھەممەتىنىڭ چىققانلىقىنى مەلۇم قىلغاندا، پادىشا ئالىيلىرى باتولارنى تەزىيە بىلدۈرۈشكە

ئەۋەتتى ھەمدە يېگى خانغا ئىنئاملار بەردى.

8 - يىلى (1410 - يىلى) سەمەرقەنتكە كېتىۋاتقان ئەلچىلىرىمىزنى ئەتراپلىق كۈتۈۋالغانلىقى ئۈچۈن، يىپەك ماللار بىلەن مۇكاپات- لاندى. كېيىنكى يىلى ئېسىل ئات ۋە يىلپىز سوغا قىلغاندا، ئوردا بېگى فۇئەن ئۇلارنىڭ ئەلچىلىرىنى ئۇزىتىپ قويۇشقا ئەۋەتىلدى ھەمدە ئۇلارغا نەپىس شايى - تاۋارلار ئىنئام قىلدى. شۇ چاغدا ئويراتنىڭ ئەلچىلىرى مۇھەممەت خان بىزگە ھۇجۇم قىلماقچى دەپ ئەرز قىلغاندا، ئالىلىرى تەڭرىنىڭ رايىغا بېقىپ، ئۆز چېگرىسىنى ساقلاشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈردى"⑨.

ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، مىڭ سۇلالىسى- نىڭ بېشبالىق بىلەن قۇمۇل سادىق، ئىنائەتمەن خانى ئوتتۇرىسى- دىكى ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلىپ ياراشتۇرغانلىقى، بېشبالىقنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئويراتلارغا قوشۇن تارتماقچى بولغانلىقىنى توختات- قانلىقى مىڭ سۇلالىسىنىڭ بېشبالىققا ۋاستىلىك ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئورنىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بېشبالىقنىڭ يېگى خانى مۇھەممەت ئۆز ھاياتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۇلۇغبەگ — ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان سەمەرقەنت ئاسترونومىيە ئورنى تۈزۈپ چىققان ئاسترونومىيە جەدۋىلى شەرق- نىڭ غەرپنى تەمسىلگەن ئەڭ مۇكەممەل ئاسترونومىيە جەدۋىلى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ — بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانى تالىشىش ئۇرۇشىغا سەرپ قىلدى. لېكىن كۆپ قىسىم تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ دەلىللەپ بېرىشىچە، مۇھەممەت ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراتقان ئۇرۇشتا تىلغا ئالغۇ- دەك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىگەن⑩.

مۇھەممەتخان 1414 - يىلى ئەتراپىدا ۋاپات بولدى. «مىڭ سۇلا-

لسى تارىخى»دا شۇنىڭدىن كېيىن بېشبالىق ھاكىمىيىتى ھۆكۈم-
رانلار تەبىقىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر
توغرىسىدا مۇنداق مەلۇمات پۈتۈلگەن: "يۇڭلې 12-يىلى (1414-
يىلى) قىشتا غەربىي دىياردىن قايتىپ كەلگەن ئەلچىلەر مۇھەممەت-
خاننىڭ ئاپىسى ۋە ئىنىسىنىڭ ئارقا-ئارقىدىن ۋاپات بولغانلىقىنى
ئېيتتى. پادىشا ئاللىرى خەيرىخاھلىق بىلدۈرۈپ، فۇئەننى يارلىق
ئېلىپ ھال سوراپ كېلىشكە ۋە سوغا-ئىنئاملار يەتكۈزۈپ بېرىشكە
ئەۋەتتى. كېيىن مۇھەممەتخاننىڭ ئۆزىمۇ ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ
ئوغلى بولمىغاچقا، قېرىنداشىنىڭ ئوغلى نەخشى جاھان خانلىقتا
ۋارىسلىق قىلدى. 14-يىلى (1416-يىلى) ئەلچى كېلىپ مۇسىبەت
خەۋىرى يەتكۈزدى. فۇئەن ۋە ئوردا بېگى لى دا بۇيرۇققا بىنائەن
بېرىپ تەزىيە بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلىنى خانلىقتا
تەيىنلىدى ھەم ئۇنىڭغا رەڭلىك يىپەك ماللار، ئوقيا، قىلىچ، ساۋۇت
ئىنئام قىلدى. ئۇنىڭ ئاپىسىغىمۇ سوغا ئەۋەتتى. ئىككىنچى يىلى
ئۇلارنىڭ ئەلچىسى كېلىپ، خان ئۆز قىزىنى ياتلىق قىلماقچى ۋە
ئات سېتىپ تويلۇق تەييارلىماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتقاندا، پادىشا
ئاللىرى ئوردا بېگى لى شىننى 500 توپ شايى، 500 توپ دۇردۇن
ئاجرىتىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. 16-يىلى (1418-يىلى) ئولپان
يەتكۈزگۈچى ئەلچى سوگا خاننىڭ بىر نەۋرە ئىنىسىنىڭ ئۆۋەيس تەرد-
پىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ۋە ئۆۋەيسنىڭ خان بولۇپ، قەبىلىسىنى
غەربكە كۆچۈرۈپ كېتىپ، دۆلەت ئىسمىنى "ئېلى بالىق" دەپ ئۆزگەرتـ-
كەنلىكىنى ئېيتتى. پادىشا ئاللىرى ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئۆز-
گەرتمەك تەس دەپ ھىساپلاپ، سوگاغا بەگ تۇتۇق دىگەن ھەربى
ئۇنۋاننى بېرىش بىلەن بىللە، ئوردا بېگى ياڭ جۇڭ قاتارلىقلارنى

ئەۋەتىپ، ئۆۋەيسكە ئوقيا، قىلىچ، ساۋۇت ۋە تۈرلۈك نەپىس يىپەك ماللار ئىنئام قىلدى. ئۇلارنىڭ باشلىقى خۇدايىدات قاتارلىق 70 نەپەر كىشىگىمۇ ئۆز لايىقىدا ئىنئاملار ھەدىيە قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋا-رەن سوغا-سالام ئۈزۈلدۈرمەي ئەۋەتىپ تۇرۇلدى.»

ئېلى بالىققا ئائىت بۇ خەنزۇچە يېزىقتىكى ماتېرىيالنىڭ مەزمۇنىنى باشقا يېزىقتىكى ماتېرىياللارمۇ دەلىللەيدۇ. بۇنىڭدا ئىسمى ئاتالغان خۇدايىدات كىتاۋىمىزنىڭ توققۇزىنچى بابىدا تىلغا ئېلىنغان ھېلىقى خىزىر خوجىنى 12 يىل يوشۇرۇپ ئاخىر تەختتە ئولتۇرغۇزغان كىشى ئىدى.

ئېلى بالىق ھاكىمىيتى شۇنىڭدىن كېيىن تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرىدىكى سىياسى ھاياتتا غايەت زور رول ئوينىدى. مۇشۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدا كۆرۈلگەن بىر قاتار ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ھاكىمىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىراق مەيلى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ماتېرىياللاردا بولسۇن، ياكى باشقا يېزىقلاردىكى ماتېرىياللاردا بولسۇن، ئۆۋەيسنىڭ غەرپكە كۆچۈشكە سەۋەپ بولغان شارائىت ۋە ئارقا كۆرۈنۈش ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بولمىغان. ۋاھالەنكى، ئۆۋەيسنىڭ غەرپكە كۆچۈشكە سەۋەپ بولغان شارائىست ۋە ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ 15-ئەسىر-دىكى تارىخىنىڭ مۇھىم بىر باسقۇچىنى ھاسىل قىلغان ئىدى. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى تارىخىي پائالىيەتلىرى ئۈستىدە توختالغاندا، يۇقۇرىدىكى مەسىلىدىن داجىپ ئۆتۈپ كېتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

تاكى ئۆۋەيس ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغانغا قەدەر بېشبالىق ھاكىمى-يىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىدە ئانچە زور ئۆزگىرىش كۆرۈلمە-

گەن، ئەمما بۇ ھاكىمىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا خېلى ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلگەن.

بېشبالىق ھاكىمىيىتىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا نەزەر سالساق، بېشبالىق ھاكىمىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا سادىر بولغان ئۆزگىرىشنىڭ مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

ئۆۋەيسنىڭ بۇ نۆۋەت مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ھوقۇق تارتىۋالغانلىقى ئۇنىڭ خانلىق ئورنىغا ئىككىنچى قېتىم ئىنتىلىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۆۋەيسنىڭ بىرىنچى قېتىم ھوقۇق تالىشىشتا مەغلۇپ بولغانلىقى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدە تېخى يېتەرلىك كۈچكە ئىگە ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىغان. چۈنكى ئۆۋەيس ئۇ ۋاقىتتا بۇ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ مەركىزىي قىسمىدا ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۇزاق ۋاقىتقىچە بېشبالىق قەلئەسىدىن مىڭ چاقىرىم يىراق بولغان ئاقسۇدا ۋالى بولۇپ تۇرغانلىقتىن، ھاكىمىيەتنىڭ سىياسى ئىشلىرىدا ئۇنچىۋالا مۇھىم ئورۇن تۇتمىغان.

بۇ نۆۋەت ئۆۋەيس خۇدايداتنىڭ قوللىشى بىلەن ئۆز مۇرادىغا يەتكەن بولسىمۇ، ئۇ بېشبالىقتا يەنىلا يېتەرلىك كۈچكە ئىگە ئەمەس ئىدى، قارشى كۈچلەر ھەر ۋاقىت ماجرا تۇغدۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىشى مۇمكىن ئىدى. ۋاھالەنكى، ئۆۋەيس ئۆز رەقىپلىرى ئۈستىدىن ئۇزۇل-كېسىل غەلىبە قىلىشقا قادىر ئەمەس ئىدى. شۇڭا بېشبالىقتىن ئايرىلىپ، قارشى كۈچلەرنىڭ جېدەل-ماجرا تۇغدۇرۇشىدىن قۇتۇلۇش ئۆۋەيس ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق چارە بولغان.

يەنە بىر جەھەتتە، ئۇزلۇكسىز يۈز بېرىپ تۇرغان ئۇرۇش پارا-

كەندىچىلىكلىرى تۆپەيلىدىن بېشبالىق قەلئەسى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى، ئۇنىڭ مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرى نابۇت بولدى. شەھەر مەنزىرىسى، مەدىنىيەت قۇرۇلۇشلىرى ۋە دىنىي قۇرۇلۇشلار ۋەيران بولدى. مەيلى ھەربى ئىشلار جەھەتتىن قارىغاندا بولسۇن، ياكى سىياسى جەھەتتىن قارىغاندا بولسۇن، بېشبالىق داۋاملىق ھالدا ھۆكۈمرانلىق مەركىزى بولۇش شەرتلىرىدىن مەھرۇم قىلىندى.

مۇشۇنداق پەيتتە ئۆۋەيس غەرپكە كۆچۈشكە مۇھتاج ئىدى ھەمدە مۇشۇنداق قىلىشتا ئۇنىڭ بانىسىمۇ بار ئىدى. ئويرات قەبىلىسىدىن كېلىۋاتقان بېسىم ئۆۋەيسنىڭ غەرپكە كۆچۈشىدە ئاساسىي بانا بولغان. بۇ مەزگىلدە ئويرات قەبىلىسى راسا گۈللىنىش تەرەپكە قاراپ تېز راۋاج تاپماقتا ئىدى. ئويراتلارنىڭ تەسىر كۈچى مىڭ سۇلالىسىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا موڭغۇل دالاسىغىچە يېيىلدى. بۇ كۈچ جەنۇپتا بېشبالىققا قاراپ سوزۇلۇپ كەلدى، ئۇ ھەتتا تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرىغا كىرىشتىكى ئاساسىي تۈگۈن بولغان قۇمۇل بوستانلىقىنىمۇ ئۆز ئىلكىگە ئالدى.

بىزگە مەلۇمكى، بېشبالىق ھاكىمىيىتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق زېمىنى تيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونى بولۇپ، پەقەت ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى بولغان بېشبالىق قەلئەسىلا تيانشاننىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان. بېشبالىق قەلئەسىنىڭ غەربىي، شىمالىي، شەرقىي تەرەپلىرى، شۇنىڭدەك جۇڭغار ئويمانلىقى، بارىكۆل ئوتلىقى ۋە قۇمۇل بوستانلىقى پۈتۈنلەي ئويراتلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەن ئىدى. شۇ ۋاقىتلاردا، مىڭ سۇلالىسى گەرچە خېشى كارىدورى رايونىدا قوشۇن تۇرغۇزغان بولسىمۇ، لېكىن مىڭ سۇلالىسى بىلەن ئويراتلار-

نىڭ مۇناسىۋىتى بارغانسېرى قويۇقلىشىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، مىڭ سۇلالىسىنىڭ خېشى رايونىدىكى ھەربى ھازىرلىقلىرىنىڭ ئويراتلارنى بەنت قىلىپ، بېشبالىقتا بولغان بېسىمنى يەڭگىللىتىش رولىنى ئوينىمايتتى.

شۇڭلاشقا ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى يۆتكەش ئەينى زاماندا ئۆۋەيسنىڭ بىردىن-بىر زۆرۈر ئىشى بولۇپ قالدى. لېكىن قەيەر ئۆۋەيسنىڭ ماكانى بولالايدۇ؟

تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونى ئۆۋەيس روناق تاپقان جاي ئىدى، ئۇ ھەر قېتىم ھوقۇق تارتىشىلىشقا ئاتلانغاندا، ھامان ئاقسۇنى بازا قىلغان.

بىراق بېشبالىق ھاكىمىيىتىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە، بولۇپمۇ ئۆۋەيس خان بولغان مەزگىلگە كەلگەندە، ئاقسۇنىڭ غەربىدىكى قەشقەر، يەركەن قاتارلىق تارىم ۋادىسى بويىدىكى رايونلارنى بۇلاجى جەمەتىدىكىلەر تىزگىنلەپ بولغان ئىدى. ئۇلار ھەرقايسى جايلاردا ئۆزلىرىنى خان ياكى سۇلتان دەپ ئاتاپ، شۇ رايونغا مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىق قىلماقتا ئىدى. ۋاھالەنكى ئۆۋەيس دەل مۇشۇ جەمەتتىكى خۇدايداتنىڭ قوللىشى بىلەن خانلىق تەختكە چىققان. شۇڭا، ئۆۋەيسنىڭ بۇلاجى جەمەتىدىكىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە دەخلى يەتكۈزۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ سەۋەپتىن ئۆۋەيس تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردىن ۋازكېچىپ، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىكى ئىلى دەرياسى ۋادىسىنى ئۆزى ئۈچۈن قولايلىق زېمىن دەپ ھېساپلىدى. چۈنكى تىيانشان تېغى ئىلى دەرياسى ۋادىسىنى ئويراتلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى جۇڭغار ئويمانلىقىدىن ئايرىپ تۇراتتى. يەنە بىر جەھەتتىن، دەل شۇ ۋاقىتلاردا، تۆمۈر

لەڭ ئەۋلاتلىرى ئۆزئارا ئۇستۇنلۇك تالىشۋاتاتتى، تۈرلۈك سىياسى كۈچلەر ئىلى ۋادىسىغا يېقىن ماۋەرائۇننەھر رايونىغا ۋە شەرقىي ئىران ئېگىزلىكىگە جەلپ قىلىنىپ، سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى كەڭ زېمىنلار بوش قالغان ئىدى.

ئۆۋەيس مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى بېشبالىقتىن غەربكە كۆچۈرۈپ، ئىلى ۋادىسىدا يېڭى ھۆكۈمرانلىق مەركىزى قۇردى. ئۆۋەيس باشچىلىقىدىكى بۇ ھاكىمىيەت ئېل بالىق (ئىلى بالىق) ھاكىمىيىتى دەپ ئاتىلىدۇ. غەربتە ئارال دېڭىزىدىن تارتىپ، شەرقتە تۇرپان ئويمانلىقىغىچە بولغان جايلار جۈملىدىن ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالمۇتا، ئىسسىق كۆل ئەتراپى رايونلىرى، شۇنىڭدەك ئېلىمىزنىڭ كۇچار بىلەن قۇمۇل ئارىلىقىدىكى تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالى ياقىسىدىكى رايونلار ئېل بالىق ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە كىرەتتى. ئېل بالىقنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنىڭ ئىزى بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غۇلجا ناھىيىسى تەۋەلىكىدە. ئۆۋەيسنىڭ مازىرى ھازىر مۇشۇ ناھىيىدە.

ئېل بالىقنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى زېمىن دائىرىسى ئىسەن بۇقا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدىلا ئېنىق بولغان ئىدى. ئۇنىڭ سىماسى شۇكى، ئىسەن بۇقا(بۇ كىشى ئۆۋەيسنىڭ ئوغلى)نىڭ چوڭ ئوغلى دوس مۇھەممەتكە ئاجرىتىپ بەرگەن باشقۇرۇش دائىرىسى پەقەتلا تۇرپاندىن كۇچارغىچە بولغان ئارىلىق بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان، ئاقسۇنىڭ غەربىدىكى رايونلار بولسا بۇرۇنقىدەك بۇلاجى جەمەتىدىكىلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىلگەن ئىدى[11]. بۇلاجى جەمەتىدىكىلەر باشقۇرۇۋاتقان دائىرىدە خوتەن، يەركەن، قەشقەر،

ئاقسۇ قاتارلىق مۇھىم دېخانچىلىق رايونلىرى بار ئىدى. يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن، مىلادىدىن ئىلگىرىلا بۇ قەلئەلەرنىڭ دۇنياغا داڭقى كەتكەن ئىدى.

بۇلاجى جەمەتىدىكىلەرنىڭ مۇشۇ رايوندىكى ئەمىلىي ئورنى ئۆتكەن ئەسىردىلا تىكلەنگەن. شەرقىي چاغاتاي خاندانلىغىدا يۈز بەرگەن شۇ قېتىمقى دىراماتىك ئۆزگىرىشتە ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەن تۇغلۇق تۆمۈر ئاقسۇدىكى بۇلاجىنىڭ يۆلىشى بىلەن چاغاتاي خاندانلىغىنىڭ خان تەختىدە ئولتۇردى. تۇغلۇق تۆمۈرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا: بۇلاجىنىڭ تۆھپىسى ھەددى-ھېساپسىز ئىدى. شۇڭا، بۇلاجىغا بىر قاتار نەسەپلىك ئىمتىيازلار بېرىلگەن. تىيانشاننىڭ جەنۇبى بويىچە ئەڭ چوڭ مۈلكى ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھى — بۇلاجى مانا مۇشۇنداق قىلىپ شەكىللەنگەن ئىدى.

بۇلاجىنىڭ تۆلەك، قەمەرۇددىن، شەمشىددىن دېگەن ئىنىلىرى بار ئىدى⑫.

قەمەرۇددىن ئىلياستىن كېيىن چاغاتاي خاندانلىغىنىڭ ئالىي ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنى خان دەپ ئاتىغان ھەم شەرقىي چاغاتاي خاندانلىغى دائىرىسىدە 12 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىدى. قەمەرۇددىن تۆمۈرلەڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋەرائۇننەھر رايونىنى تالىشىپ ئۇزاققىچە ئۇرۇش قىلغانلىغى ئۈچۈن، تۆمۈرلەڭنىڭ پائالىيەتلىرى خاتىرىلەنگەن تۈرلۈك تارىخىي ماتىرىياللاردا قەمەرۇددىنغا ئائىت مەلۇماتلارمۇ يېزىپ قالدۇرۇلغان.

قەمەرۇددىن شەرقىي چاغاتاي خاندانلىغى مىقياسىدا ھوقۇق يۈرگۈزگەن تۇنجى غەيرى موڭغۇل خان ئىدى. كۆچلەر سىلىشتۇرمىسى ۋە ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ چىڭگىزخان ئەۋلاتلىرىغا بولغان

خۇراپىلارچە چوقۇنۇشى تۈپەيلىدىن، قەمەرۇددىنىنىڭ چاغاتاي ئەۋلاتلىرىدىن پۈتۈنلەي خالى ھاكىمىيەت قۇرۇشى ئۈچۈن ئوبيېكتىپ شەرت ھازىرلانمىغان ئىدى. شۇڭا، قەمەرۇددىن ئۆلۈش بىلەنلا، ھاكىمىيەت چاغاتاي ئەۋلادى بولغان خىزىر خوجىنىڭ قولىغا ئۆتتى-قۇ-زۇلدى. ئۇزۇن خەۋپ-خەتەرلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، چاغاتاي ئەۋلادىنى قوغداپ قالغان كىشى دەل قەمەرۇددىنىنىڭ تۇققىنى خۇدايدات ئىدى.

خىزىر خوجىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئاتىسى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭكىگە بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. بىردىن-بىر پەرق شۇكى، بۇ قېتىمقى ۋەقەدە ئاساسلىق رول ئوينىغانلار تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئوغلى خىزىر خوجا بىلەن بۇلاجىنىڭ ئوغلى خۇدايدات ئىدى.

خىزىر خوجا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقىتتا، خۇدايدات "ئاتابېك" دېگەن ئەمەل بىلەن بېشبالىقتا تۇرۇپ، ھەربى، مەمۇرى ھوقۇقىنى تىزگىنلەپ تۇردى، ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلەر بولسا نەسەپلىك ئىمتىيازغا ئاساسەن ئاقسۇنىڭ غەربىدىكى جايلارنىڭ ھەربى، مەمۇرى ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەندى.

بۇلاجى جەمەتىدىكىلەرنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنىڭ راسا زورايغان ۋاقتى ئۆۋەيس غەرپكە كۆچۈپ بارغاندىن كېيىنكى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس. ئوتتۇرا ئاسىيا-دىكى سىياسى كۈچلەرنىڭ پارچىلانغانلىقى، بېشبالىق ھاكىمىيىتىنىڭ زەئىپلەشكەنلىكى بۇلاجى جەمەتىدىكىلەرنىڭ كۈچىيىشى ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت بولدى.

1466-يىلى ئۆۋەيسنىڭ ئىككى ئوغلى — ئىسەن بۇقا بىلەن يۇنۇس خانلىقنى كەسكىن تالىشىۋاتقان بىر مەزگىلدە، بۇلاجى جەمەتىدىكى-

لەردىن ئاباBەكرى ئىسملىك بىر ياش كىشى يەركەندە قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، ئېل بالىق ھاكىمىيىتىدىن ئايرىلىپ چىقانلىقىنى جاكالىدى.

ئاباBەكرىنىڭ نەسەپنامىسى مۇنداق: سانىسىز مىرزا — سەئىد ئەلى — سەئىد ئەخمەت — خۇدايدات.

ئاباBەكرى ئېل بالىقتىن ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىچىك دادىسى مۇھەممەت ھەيدەر مىرزا قەشقەردىن ئۇنىڭغا قارشى بىرنەچچە مەرتەم جازا ئۇرۇشى قوزغىدى.

مۇھەممەت ھەيدەر مىرزا ئېل بالىق ھاكىمىيىتىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشقا تەيىنلەنگەن ۋالىسى ئىدى. ئاباBەكرىنىڭ ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاباBەكرىنىڭ ئاپىسىنى ئالغان. دېمەك، ئۇ ئاباBەكرىنىڭ ھەم كىچىك دادىسى، ھەم ئۆگەي ئاتىسى ئىدى⑬.

جازا يۈرۈشى بىلەن جازا يۈرۈشىگە قارشى ئۇرۇشنىڭ كۆلىمى شۇنچىلىك كىچىك بولغانكى، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ جەڭگە ئاتلاندۇرغان ئەسكەرلىرىنىڭ ئومۇمى سانى 500 كىشىدىن ئاشمىغان. مۇشۇنداق بىر شارائىتتا، ئاباBەكرى ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن زۆرۈر ئاساسلارنى سېلىۋالدى.

ئاباBەكرىنىڭ دەسلەپكى ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى يەركەن بىلەن قاغىلىق ئوتتۇرىسىدىكى تارغىنا جاي بىلەن چەكلەنگەن ئىدى. ئۇنىڭ شەرقىدە پايانسىز تارىم قۇملۇقى، غەربى ۋە غەربىي جەنۇبىدا كوئىنلۇن تاغ تىزمىسى، جەنۇبىي قىسمىدا قاراقۇرۇم تاغلىرى، شىمالىي قىسمىدا يولسا مۇھەممەت ھەيدەر مىرزا باشقۇرۇشىدىكى قەشقەر بار ئىدى.

ھەرقانداق بىر ھاكىمىيەت — ناھايىتى كىچىك بىر ھاكىمىيەتمۇ —

نىڭ ھەممىدىن ئاۋال قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنىڭ بىرى ئۈنۈملۈك ھالدا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئۇيۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت، ئەلۋەتتە. ئابابەكرى قۇرغان بۇ كىچىككىنە يەركەن ھاكىمىيىتىمۇ ھەممىدىن بۇرۇن مۇشۇ مەسىلىگە دۇچكەلگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئابابەك-رى سىرت بىلەن ئالاقىلىشىدىغان قاتناش يولىغا ئىنتايىن مۇھتاج ئىدى.

تارىخىي شارائىت ئابابەكرى ئۈچۈن شەرقىي جەنۇپقا يۈزلىنىپ، كوئىنلۇن تاغ تىزمىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، كەشمىر ئارقىلىق ھىندىستان بىلەن ئالاقىلىشىدىغان قاتناش يولىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئىدى.

تەخمىنەن 1477-يىللىرى ئەتراپىدا، ئابابەكرى خوتەننى بوي-سۇندۇرغاندىن كېيىن، شەرقىي جەنۇپقا قوشۇن تارتىپ، ھىندىستانغا بارىدىغان قاتناش يولىنى ئاچماقچى بولدى. كەشمىر قوشۇنلىرى بىلەن بولغان بىرقانچە قېتىملىق جەڭدىن كېيىن، ئابابەكرى كەشمىر كىنىزىنى بويسۇندۇرۇپ، كەشمىر ئارقىلىق ھىندىستان بىلەن سودا ئالاقە قىلىدىغان يولنى ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئابابەكرى يەنە ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى شىزاڭنىڭ غەربىي قىسمى ۋە لاداخ تېغى ئەتراپىغىچە كېڭەيتتى. شۇنداق قىلىپ، ئابابەكرى ئاخىرى ئۆزىنىڭ سىرت بىلەن ئالاقىلىشىش مۇرادىغا يەتتى.

1483-يىللىرى ئابابەكرى ئۆزىنىڭ كىچىك دادىسىنى قەش-قەردىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۆزىنى قەشقەر سۇلتانى دەپ جاكالىدى ھەممە ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى قەشقەرگە كۆچۈردى[14].

كېيىنكى يىللاردا ئابابەكرى تۆمۈرلەڭ ئەۋلاتلىرى، پاتىپاراق

قىلدۇەتكەن ماۋۋرائۇننەھر رايونىنىمۇ بىر مەھەل ئۆزىنىڭ نىشانى قىلىپ، فەرغانە ۋە بەدەخشان رايونلىرىغا قوشۇن ئەۋەتىپ، تەسىر كۆچىنى پامىرنىڭ غەربىي قىسمىغىچە كېڭەيتتى. ماۋۋرائۇننەھر رايونىنى تالىشىش ئۇرۇشىدا گەرچە ئابابەكرىنىڭ غەلىبە قىلىش پۇرسىتى ئانچە زور بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ چېگرىسىنى باشتىن ـ ئاخىر فەرغانە ئويمانلىقىغىچە ساقلاپ قالالىدى.

ئابابەكرىنىڭ قوشۇنلىرى ئاقسۇ رايونى ئەتراپىدىمۇ زور دەرىجىدە ئىلگىرىلىدى. ئۇنىڭ قوشۇنى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، باي قاتارلىق جايلارنى قولغا كىرگۈزدى. تەخمىنەن مۇشۇ مەزگىللەردە ئابابەكرى يەنە ئىسسىق كۆل ئەتراپىنىمۇ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە كىرگۈزدى.

15 ـ ئەسىردە مىڭ سۇلالىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىشقا قەتئىي بەل باغلىغاندا، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنىڭ سىياسى ۋەزىيىتى ئەنە شۇنداق ئىدى.

## 3. مىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەقسىدىدە قوللىنىپ بارغان پائالىيەتلىرى

يۇقۇرىدا 15 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ھەم شىمالىدىكى سىياسى ۋەزىيەتكە بىر قۇر نەزەر سېلىپ چىقتۇق، ئەمدى بۇ بۆلۈمنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولغان مىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ھەم ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

قولغىزدىكى جوڭگو خەرىتىسىگە قارا ، تۇمۇرىيولىنى بىلدۇردىغان بىر قىزىل سىزىق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدىن شەرققە سوزۇلۇپ، لەنجۇدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۈمچۈك تورىدەك گىرەلىشىپ چاڭجياڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى ھەمدە سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى رايونلارغا بارىدىغان تۆمۈريوللارغا ئۇتىشىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى يەر مەيدانى بىر مىليون 700 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ زېمىننى ۋەتىنىمىزنىڭ باشقا قىسىملىرى بىلەن باغلىۋەتكەنلىكىنى كۆرىسىز. بۇ تۆمۈريول شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا كىرىش ۋە ئۇ جايدىن چىقىشتا بىرىنچى ۋە ئاخىرقى چوڭ بېكەت بولغان قۇمۇلدىن ئۆتىدۇ.

تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى ۋەتىنىمىزنىڭ باشقا قىسىملىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بۇ قاتناش لىنىيىسىنى ئەجداتلىرىمىز بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا بەرپا قىلغان ئىدى. بىرقانچە مىڭ يىللاردىن بۇيان بۇ قۇرۇقلۇق قاتناش لىنىيىسىنىڭ يۆزلىنىشىدە كۆپ ئۆزگىرىش بولمىغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە قۇمۇل رايونىمۇ ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا جوڭگو رايونىدىن تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا كىرىپ چىقىشتىكى دەرۋازىلىق رولىنى ئىزچىل ساقلاپ كەلگەن.

مەشھۇر يىپەك يولى چاڭئەندىن باشلىنىپ قۇمۇلغا يېتىپ كەلگەندە، ئاندىن تارىم ۋادىسىنى بويلاپ شىمالىي يول ۋە جەنۇبىي يول دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، ئوتتۇرا دېڭىز بويىدا بىر يەرگە قوشۇلۇپ ياۋروپاغا كىرگەن.

قۇمۇل خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ”يىۋۇلۇ“ (ئىۋۇرغول) دەپ

ئاتىلىپ، خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇن تۇرغۇزىدىغان مۇھىم ئورنى بولغان. ۋەتىنىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە ئاجايىپ كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقان بەن چاۋ مۇشۇ يەردە ئۆزىنىڭ سىياسى ھاياتىنى باشلىۋەتكەن.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇل "يىجۇ" (ئىۋۇىرغول ئايىمغى) دەپ ئاتىلىپ، تاڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشى ئاستىغا قويۇلغان.

13 ـ ئەسىردە، ئاسىيادىكى ئۈچ چوڭ ئوتلاق ـــ موڭغۇل ئوتلىغى، جۇڭغار ئوتلىغى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتلىغى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ، ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي ئاسىيا بىلەن بولغان ئالاقە يولى بىر مەھەل ئوتلاقتا يۆتكىلىپ كەتكەنلىكتىن، قۇمۇلنىڭ شەرق بىلەن غەرپ ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ئىشلىرىدا تۇتقان ئورنى بىر ئاز ئاجىزلاشقان. موڭغۇل ئىمپېرىيىسى پارچىلانغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ يۈەن سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئوتلاق رايونلىرى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ يۈەن سۇلالىسىنىڭ رەقىپلىرى تەرىپىدىن ئىزگىنلىنىپ كەتكەچكە، شەرق بىلەن غەرپ ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇقلۇق قاتناش لىنىيىسى يېڭىۋاشتىن قەدىمقى يىپەك يولىغا قايتىپ بارغان. شۇنىڭ بىلەن قۇمۇلنىڭ شەرق بىلەن غەرپ ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش يولىدا تۇتقان ئورنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلگەن.

ياۋروپادا شەرقنىڭ مەدىنىيىتىگە قاتتىق قىزىقىش پەيدا قىلغان «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» دىگەن كىتاپنىڭ ئىگىسى ئىتالىيىلىك مەشھۇر ساياھەتچى ماركوپولو قەدىمقى يىپەك يولىنى بويلاپ قۇمۇل ئارقىلىق ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا بارغان⑮.

قۇمۇلنىڭ مۇھىملىقى، جۈملىدىن ئۇنىڭ ئىستىراتېگىيىلىك ئورنى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا كىرىشكە ئىرادە باغلىغان مىڭ سۇلالىسى ئۈچۈن ئىنتايىن ئېنىق ئىدى. شۇ سەۋەپتىن، مىڭ سۇلالىسى ئۆزى قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردىلا، قۇمۇلغا يېقىن بولغان گەنسۇنىڭ غەربىي قىسمىدىكى چىجىن قاتارلىق يەتتە ئورۇندا ھەربىي قورۇق (قوغدىنىش) ئورگىنى تەسىس قىلىپ، قۇمۇلغا يۈزلەنگەن ھەربىي ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن.

14 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن 15 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىغىچە بولغان ئاز كەم يۈز يىل داۋامىدا، مىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى ئومۇمەن ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنگەن. ئۇنىڭ بىرىنچى باسقۇچلۇق تىرىشچانلىقى ئويرات قەبىلىسىنىڭ پۈتلىكاشاڭ بولۇشى تۈپەيلىدىن سۇسلىشىپ قالغان. ئىككىنچى باسقۇچلۇق تىرىشچانلىقى بولسا تۇرپاننىڭ توسقۇنلۇقى تۈپەيلىدىن مەغلۇپ بولغان.

شۈبھىسىزكى، قۇمۇل مىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي، شىمالىي رايونلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە مۇھىم دەرۋازا ئىدى. شۇڭا مۇشۇ ئاز كەم يۈز يىل داۋامىدا مىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا قاراتقان ھەربى، سىياسى، ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرى ئاساسەن قۇمۇل رايونىغا مەركەزلەشتى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى مىڭ سۇلالىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا خېشى رايونىدا يەتتە ئورۇندا ھەربى قورۇق تەسىس قىلغان پادىشا مىڭ تەيزۇ (جۇيۈەنجاڭ)نىڭ

خۇڭۋۇ يىللىرى (1368 ـــ 1398 ـ يىللىرى) دىن باشلانغان.

خېشى كارىدورى رايونىنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، ئالدى بىلەن قۇمۇلنى قولغا كىرگۈزۈش، ئاندىن تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا ئىچكىرىلەپ كىرىش غەربىي خەن سۇلالىسىدىن بۇيان ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا ھاكىمىيەت تىكلىگەن سۇلالىلەرنىڭ قايتا ـ قايتا تەكرارلىغان ھەربى ئىستىراتېگىيىسى ئىدى.

قۇمۇلنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى سىياسى ھالىتى توغرىسىدا «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»نىڭ 327 ـ جىلدىدە مۇنداق دېيىلگەن: ”قۇمۇلنىڭ جىيايۈگۈەن بىلەن بولغان ئارىلىقى 1600 چاقىرىم كېلىدۇ، خەن سۇلالىسى ۋاقتىدا ئۇ يىۋۇلۇ دەپ ئاتالغان. خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى خەن مىڭدى بۇ جايدا زىرائەت ئىشلىرى دورغابى تەسىس قىلىپ، ئۇنىڭغا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەسئۇلىيىتىنى يۈكلىگەن، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ جاي يىجۇ دەپ ئاتالغان، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەن. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە قابىل ۋاڭ نارقۇشىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. كېيىن (ئۇنىڭ پەخرىي نامى) سۇ ۋاڭ دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى ئانكى تۆمۈر ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان.“

مىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە قۇمۇل رايونى يەنىلا يۈەن سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان ئەنە شۇ نارقۇشىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ غەرپكە يۈرۈش قىلىش پىلانىنى ئېنىق سەزگەن نارقۇشىرى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربى بېسىمىغا تەڭ كېلەلمەي، نائىلاج مىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان

تاپشۇرغان. 1391 ـ يىلىغا كەلگەندە، مىڭ سۇلالىسى سوغا ـ سالام يەتكۈزگۈچى ئەلچىلەرنى قۇمۇل ئۆلتۈردى دېگەن بانا بىلەن قۇمۇلنى تۇنجى قېتىم ئىستىلا قىلدى. بۇ، مىڭ سۇلالىسى بىلەن قۇمۇل ئوتتۇرىسىدا كۆرۈلگەن تۇنجى قېتىملىق ھەربىي توقۇنۇش ئىدى. لېكىن ئەتراپتىكى سىياسىي ۋەزىيەتتە قاتتىق داۋالغۇش كۆرۈلگەنلىكتىن، مىڭ سۇلالىسى بىلەن قۇمۇل ئوتتۇرىسىدىكى تىركىشىش ناھايىتى تېزلا ئاياقلاشتى.

مىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئېھتىمال شىمالدىكى تىركىشىشكە خاتىمە بېرىلگەن ھامان قولىنى بوشىتىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالدىكى ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلماقچى بولغان بولسا كېرەك. بىراق، مىڭ سۇلالىسى دۇچكەلگەن رېئاللىق تامامەن باشقىچە ئىدى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىنى ئويراتلار بېسىپ، شىمالدا مىڭ سۇلالىسى ئۈچۈن ئېغىر پۈتلىكاشاڭ بولدى. بۇنداق ئەھۋالدا قۇمۇل بىلەن داۋاملىق تىركىشىش مىڭ سۇلالىسىگە ئىنتايىن پايدىسىز ئىدى. بۇ مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدىدىكى يېڭى ئەھۋال ئىدى.

يەنە بىر جەھەتتە، كۈندىن ـ كۈنگە ئەۋج ئېلىۋاتقان ئويرات قەبىلىسى قۇمۇل رايونىنى ئۆزىنىڭ داۋاملىق كېڭەيمىچىلىك قىلىشىدا نىشان قىلدى. شۇ سەۋەپتىن، قۇمۇل ھۆكۈمدارلىرىدا مىڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچىگە سۆيۈنۈپ، ئويراتلارنىڭ بېسىمىنى چەكلەش خىيالى پەيدا بولدى. بۇ قۇمۇل تەرەپتە كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال ئىدى.

دېمەك، 15 ـ ئەسىردىن كېيىن، مىڭ سۇلالىسى بىلەن قۇمۇل ئوتتۇرىسىدىكى ھەربىي تىركىشىش قويۇق بېرىش ـ كېلىشكە ئورۇن

بەردى. بۇ نارقۇشرى ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنىسى ئانىكى تۆمۈر ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ۋاقىت ئىدى. 1403 ـ يىلى، ئانىكى تۆمۈر بىر قېتىمدىلا مىڭ سۇلالىسىگە 4740 ئات ئولپان تاپشۇردى. مىڭ سۇلالىسى بۇنىڭغا بازار نەرقى بويىچە ھەق تۆلىدى. ئاتلىق قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇشقا تەقەززا بولۇپ تۇرغان مىڭ سۇلالىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ناھايىتى زور ياردەم ئىدى. مىڭ سۇلالىسى بۇ ئاتلارنىڭ ھەممىسىنى چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرىغا بۆلۈپ بەردى. قۇمۇلنىڭ ئولپان ئەلچىلىرى مىڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى پايتەختى بېيجىڭدا قىزغىن كۈتۈۋېلىندى⑯.

سىياسى جەھەتتە، قۇمۇلنىڭ مىڭ سۇلالىسىگە بېقىنىشى مۇشۇ مەزگىلدە رەسمىيلەشتى. بۇ جەھەتتىكى پاكىت ۋە تەپسىلاتلار «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»دا يېزىلغان: "يۇڭلې 2 ـ يىلى (1404 ـ يىلى) 6 ـ ئايدا قۇمۇل ۋاڭى ئانىكى تۆمۈر ئولپانىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئوتتۇغات بېرىشنى ئىلتىپات قىلدى. پادىشا ئالىلىرى ئۇنى سادىق، ئىتائەتمەن ۋاڭ دەپ رەسمىيلەشتۈرۈپ، ئالتۇن تامغا تەقدىم قىلدى. ئۇ تەشەككۈر بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن يەنە ئولپان ئات بەردى. كېيىن قاپىش خاقان كولچى ئۇنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەندە، پۇقرالىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلدى دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. 3 ـ يىلى (1405 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا ئانىكى تۆمۈرگە تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەمەلدار ئەۋەتىلدى. ئۇنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى توقتو ۋاڭلىققا تەيىنلىنىپ، تەمتەك يارلىق ئاتا قىلىندى"⑰.

ئەمما، توقتو مومىسى باشچىلىقىدىكى بىر توپ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى ھەمدە بىر مەھەل قۇمۇلدىن قوغلاپ چىقىر-

رىلدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ قارىشچە، بۇ ۋەقە ۋاڭلىقتا ۋارىسلىق قىلىشتا كۆرۈلگەن جىدەل بولماستىن، بەلكى مىڭ سۇلالىسىنىڭ نوپۇزىغا چېقىلغانلىق ئىدى. چۈنكى توقتونى مىڭ سۇلالىسى قۇمۇلغا ئەۋەتكەن ئىدى. مىڭ سۇلالىسى توقتونىڭ قۇمۇلدىن قوغلانغانلىقىغا ئىنتايىن جىددى مۇئامىلە قىلدى. ۋەقە يۈز بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، مىڭ سۇلالىسى قۇمۇلغا پادىشا نامىدىن يارلىق چۈشۈردى ۋە: "توقتونى سۇلالىمىز تىكلىگەن، ئۇنىڭدىن بىرەر گۇنا ئۆتكەن تەقدىردىمۇ، پادىشاغا مەلۇم قىلماي ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئۇنى قوغلاپ چىقىرىش پادىشا ئالىيلىرىنىڭ ئالدىدا تەكەببۇرلۇق قىلغانلىق بولىدۇ. قېرى كىشى ئىدرەكتىن ئايرىلغان بولسا، باشقا ئەل ئاقساقاللىرىمۇ پادىشا ئالىيلىرىنى يادىدىن چىقىرىۋەتسە بولامدۇ؟ ئۇنى دەرھال ئالدىغا بېرىپ قايتۇرۇپ كېلىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئوبدان قاراڭلار. ئۇمۇ ئۆز مومىسىغا ۋاپادار بولسۇن" دەپ جېكىلىدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ "توقتونى سۇلالىمىز تىكلىگەن" دېگىنىنى تەكىتلەشتىن مەقسىدى مىڭ سۇلالىسى قۇمۇلدا تولۇق باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە دېگەننى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن، توقتو قۇمۇلغا قايتىپ باردى.

توقتو مەسىلىسىنى بىر ياقلىق قىلىشتا مىڭ سۇلالىسى مۇھىم غەلىبىگە ئېرىشتى. ئۇ مىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇل رايونىدا مۇھىم رول ئويناۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلىدى. تەبىئىكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى مىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ رايونغا ئىنتىلىشىگە ئىلھام بولدى.

1416-يىلى، مىڭ سۇلالىسى بۇ رايوندا "قۇمۇل قورۇقى" تەسىس قىلىپ، مەخمۇت خوجىنى قوماندان مىڭبېشى، جۇ ئەننى

دورغاپ، ليۇ شىڭنى مىرزا قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇلارغا توقتوغا ياردەملىشىش مەسئۇلىيىتىنى يۈكلىدى. شۇ يىلى يەنە يەرلىك 19 كىشىنى قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى. قىسقىغىنا بىر مەزگىل ئىچىدە مىڭ سۇلالىسى ئۆزىنىڭ چېگرا مۇداپىئە ھەربى ئاپپاراتلىرىنىلا تىيانشاننىڭ شەرقىغە ئومۇملاشتۇرۇپ قالماستىن، بەلكى سىياسى، مەمۇرى ئاپپاراتلىرىنىمۇ بۇ رايونغا ئومۇملاشتۇردى.

مىڭ سۇلالىسى، ئەمىلىيەتتە، قۇمۇل رايونىنى ئۆزىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىغا قويدى. بۇنىڭ شاھىتلىرى مۇنۇلار:

1. 1407-يىلى، قۇمۇلدىكى مويسىپىتلار باش سەركەردە قويۇشنى تەلەپ قىلغاندا، مىڭ سۇلالىسى "باش سەركەردە قويۇش بىر ۋاڭنى كۆپەيتكەن بىلەن باراۋەر، ئەمىر-پەرمانلار بىر يەردىن چىقمىسا، تۆۋەندىكىلەر ئۇنى قانداق ئىجرا قىلىدۇ؟" دىگەننى سەۋەپ قىلىپ، بۇ تەلەپنى رەت قىلغان.

2. توقتو ئۆلگەندىن كېيىن، مىڭ سۇلالىسى، بىر تەرەپتىن، توقتونىڭ ئىنىسى مەلىكە تۆمۈرنى سادىق، ئىتائەتمەن ۋاڭ دەپ تەيىنلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، قوماندان قاراخانانى بەگ تۇتۇق قىلىپ ئۆستۈرۈپ، ئۇنىڭغا قۇمۇلنى قوغداش مەسئۇلىيىتىنى تاپشۇرۇش بىلەن، ئەمىلىيەتتە، قۇمۇل ۋاڭ جەمەتىدىكىلەرنىڭ مەمۇرى ھوقۇقىنى چەكلەپ قويدى.

3. 1426-يىلى، جۇجەنجىنىڭ مىڭ سۇلالىسىگە پادىشا بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كەچۈرۈم قىلىش بۇيرۇقى ئىجرا قىلىنغاندا، بۇ بۇيرۇق قۇمۇل رايونىدىمۇ بىجا كەلتۈرۈلدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇنىڭدىنمۇ چوڭراق ئىشلارنى قىلىشى مۇمكىن

ئىدى. ئەمما ئويرات قەبىلىسىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى بىلەن، مىڭ سۇلالىسىنىڭ دىققەت نەزىرى پۈتۈنلەي شىمالىي سەپكە مەركەزلىشىپ كېتىپ، ئۇنىڭ تىيانشانىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى پائالىيەتلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ غەربىي پائالىيەتلىرى توختاپ قېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى.

بۇ مەزگىلدە مىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا ئىچكىرىلەپ كىرىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ماغدۇرى يەتمەي قالغان بولسىمۇ، لېكىن قۇمۇل تەرەپتە يەنىلا ئۆزى ئۈچۈن چەكلىمىسى ئېنىق ئىستىراتېگىيىلىك نىشانىنى بەلگىلىدى. بۇ ئىستىراتېگىيىلىك نىشان قۇمۇلدا "سۇلالىمىزنىڭ ئەلچىلىرىنى قوغداش، كۆچمەن چارۋىچىلارغا باشچىلىق قىلىش، غەربىي دىيارغا دالدا بولۇش"تىن ئىبارەت.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ ئىستىراتېگىيىلىك نىشانىنى ئۈچ قىسىمغا ئايرىش مۇمكىن. ھەممىدىن ئاۋال مىڭ سۇلالىسى قۇمۇل رايونىدىن تىيانشانىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا بارىدىغان قاتناش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ بېرىشنى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرىنى كۈتۈۋېلىش ۋە قوغداشنى تەلەپ قىلغان. ئىككىنچىدىن، قۇمۇلنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رەھبەرلىك ئورنىنى تىكلەپ، ئۇنى مۇشۇ دائىرىدىكى باشقا خەلقلەرنى باشقۇرالايدىغان قىلىشنى كۆزلىگەن، ئۈچىنچىدىن، قۇمۇل رايونى ئارقىلىق ئويرات قەبىلىسىنىڭ شىمالىدىكى پائالىيەتلىرىنى بەنت قىلىپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي چېگىرىسىغا دالدا بولۇش مەقسىدىگە يەتمەكچى بولغان. روشەنكى، سىياسى ۋە ھەربى ئىشلار جەھەتتىكى مەنپەئەت قۇمۇل بىلەن مىڭ سۇلالىسىنى بىر بىرىگە مەھكەم باغلىۋەتكەن.

مىڭ سۇلالىسى قۇمۇل رايونىدا يۈز بەرگەن ھەرقانداق ئۆزگە-رىشكە دىققەت بىلەن قارىغان ھەمدە بۇ جايدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە كۆچىنىڭ بېرىچە تېزلا تەدبىر قوللانغان.

15-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇل رايونىدىكى سىياسى، ھەربى پائالىيەتلىرى ئۇنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدا كۆرسەتكەن بىر قېتىملىق مۇھىم تىرىشچانلىقى ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ پائالىيەتلىرى ئويرات قەبىلىسىنىڭ بەنت قىلىشى تۈپەيلىدىن، بولۇپمۇ تۇمۇباۋ جېڭىدىن كېيىن پايتەخت ئەتراپىنى قوغداش مىڭ سۇلالىسى ھەربى پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ غەربىي دىياردىكى ھەربى پائالىيەتلىرى بارا-بارا پەسىيىپ قالدى.

تۇمۇباۋ جېڭى مىڭ سۇلالىسى بىلەن ئويرات قەبىلىسى ئوتتۇرى-سىدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسىنى ئەكس ئەتتۈردى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى ئەسىرگە چۈشۈش بىلەنلا قالماي، ئۇنىڭ پايتەختىمۇ شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۇچرىدى. كېيىنكى كۈنلەردە مىڭ سۇلالىسى ئويراتلارنىڭ پايتەخت رايونىغا قاراتقان ھۇجۇملىرىنى چېكىندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن خېلى بىر مەزگىلگىچە ئويراتلار غەرپتە قۇمۇلدىن تارتىپ شەرقتە لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىغىچە بولغان چېگرا سېپىدە مىڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىش ھالىتىدە تۇردى، مىڭ سۇلالىسى بولسا مۇداپىئەلىنىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. بۇ ئوڭۇشسىزلىق-لاردىن كېيىن، مىڭ سۇلالىسىنىڭ 15-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىپادى-لەنگەن ھەربى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئىنتىلىش روھىي ھالىتى يوقالدى. مۇنداق شارائىتتا مىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالدا بىرەر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرالىشىدىن ئۈمىت كۈتۈش ئەسلا مۇمكىن

ئەمەس ئىدى.

مىڭ سۇلالىسى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئويرات قەبىلىسىنىڭ شىمالىنى بويلاپ غەربتىن شەرققە قاراپ ھاسىل قىلغان بېسىمغا تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان چاغلاردا، قۇمۇل رايونىمۇ تالان-تاراج قىلىنىشقا باشلىدى. 15-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدىن كېيىن، ئويرات قەبىلىسى قۇمۇلنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنى تامامەن تىزگىنلەپ بولغان، ھەتتا قۇمۇل قەلئەسىگىمۇ بىرقانچە مەرتەم باستۇرۇپ كىرىپ، ئاھالىلەر ۋە مال-مۈلۈكلەرنى تالان-تاراج قىلغان ئىدى⑱.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇل رايونى بىلەن بولغان ئالاقىسى پات-پاتلا ئۈزۈلۈپ قالىدىغان بولدى، ھەتتا مىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمەت ئەلچىلىرىمۇ قۇمۇلغا قەدەم باسالمايدىغان بولۇپ قالدى. مەسىلەن، 1460-يىلى، مىڭ سۇلالىسى "تىنجىتقۇچى ۋاڭ" ئاچارنى قۇمۇلنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلەپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ خې يۈ ئىسىملىك ئەمەلدارىنى ئاچارنى قوغداپ قۇمۇلغا يەتكۈزۈپ قويۇشقا ئەۋەتكەن. خې يۈ قاتارلىقلار بۈگۈنكى چىڭخەي ئۆلكىسىدىكى شىنىڭغا كەلگەندە، يولدىكى پاراكەندىچىلىكتىن قورقۇپ توختاپ قالغاندا، مىڭ سۇلالىسى ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالمىغان دەپ خې يۈنى تۈرمىگە تاشلىغان. مىڭ سۇلالىسى كېيىن لى جىن ئىسىملىك ئەمەلدارنى ئاچارنى قوغداپ قۇمۇلغا بېرىشقا بەلگىلىگەن ۋە ئەندىك، خەندۇڭ قاتارلىق جايلاردىكى قوروقلارغا ئەسكەر ئاجرىتىپ، ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىشنى بۇيرۇغان. لېكىن ئاچار قۇمۇلدا پاراكەندىچىلىك كۆپ دەپ قورقۇپ يولغا چىقىشتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىش ئايىغى چىقماي جىمىققان.

شۇنىڭ بىلەن بىللە مىڭ سۇلالىسى ئويراتلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالدىمىكىن دەپ گۇمان قىلىپ، قۇمۇلغا سوغاق مۇئامىلىدە بولىدىغان بولدى، ھەتتا قۇمۇل ئەلچىلىرىگە مەنسەپ بېرىشنىمۇ بىر مەھەل توختىتىپ قويدى.

مىڭ سۇلالىسى تەيىنلىگەن ئاچار قۇمۇلغا بېرىشقا ئامالسىز قالغانلىقتىن، قۇمۇلنىڭ ئىشلىرىنى سادىق، ئىنائەتمەن ۋاڭ بۇلۇكەينىڭ ئاپىسى نۇۋىن تاشرى باشقۇرۇپ تۇردى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ قوغدىشىدىن ئايرىلغان قۇمۇلنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ قىيىنلاشتى. ئويراتلار بىلەن تۇرپان كەينى-كەينىدىن پاراكەندىچىلىك سالغانلىقتىن، نۇۋىن تاشرى نائىلاج بىر قىسىم پۇقرالارنى باشلاپ، يانا ئىزدەپ گەنسۇ چېگرىسىدىكى كۇيۇ دىگەن يەرگە جايلاشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ مىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇل رايونى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇل رايونى بىلەن بولغان ئالاقىسى 1466-يىلغا كەلگەندە ئاندىن ئەسلىگە كەلدى. شۇ يىلى ئويرات قوشۇنلىرى قۇمۇلدىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، نۇۋىن تاشرى قاتارلىقلار مىڭ سۇلالىسىنىڭ قوغدىشى بىلەن قۇمۇلغا قايتىپ كەلدى.

15-ئەسىرنىڭ 70 يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا مىڭ سۇلالىسى پەيدىن-پەي مادارىغا كېلىپ، قۇمۇل مەسىلىسى مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ كۈنتەرتىۋىگە قايتا كىرگۈزۈلدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ قوللانغان بىرىنچى تەدبىرى باتۇ تۆمۈرنى ئۇڭ قول تۇتۇق مۇۋەققەت ۋاڭلىققا تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا تامغا بېرىشتىن ئىبارەت بولدى. بۇلۇكەي ۋاپات بولغاندىن كېيىن، باتۇ تۆمۈر ۋاڭلىق ۋارىسى نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلگەن ئىدى، ئەمما نۇۋىن

تاشرىنىڭ قارشىلىغىغا ئۇچرىغانلىقتىن، بۇ ئىشنىڭ ئايىغى چىقماي، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئورنى سەككىز يىل بوش قالغان.

1472-يىلى، باتۇ تۆمۈر ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئوغلى خانجىن ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىشنى تەلەپ قىلدى، مىڭ سۇلالىسى خانجىننىڭ ئۆز ئاتىسىنىڭ ئوڭ قول تۇتۇقلۇق مەنسۇپىگە ۋارىسلىق قىلىشىغا رۇخسەت قىلىپ، مۇۋەققەت ۋاڭلىق هوقۇقىنى بىكار قىلدى، قۇمۇل رايونىنىڭ مەمۇرى هوقۇقىنى مىڭ سۇلالىسىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشى ئاستىغا قويدى.

بۇ مەزگىلدە مىڭ سۇلالىسى قۇمۇلنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتەك ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تەمشەلگەن بولسىمۇ، تۇرپاننىڭ كۈچىيىشى بىلەن مىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ پىلانى يەنە بىر قېتىم بەربات بولدى.

## 4. تۇرپان بىلەن مىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا قۇمۇلنى تالىشىش يۈزىسىدىن بولغان كۈرەشلەر

بۇ بۆلۈمدە بايان قىلىنىۋاتقان يۈز نەچچە يىللىق مەزگىل داۋامىدا تۈرلۈك كۈچلەر ئۆز ئالدىغا هۆكۈم سۈرۈۋاتقان تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا تۇرپان ئويمانلىقى ئانچە جانلىنىپ كەتمىگەن جاي ئىدى. ئۇ ئىزچىل تۈردە بېشبالىق ۋە ئىلى بالىق هاكىمىيەتلىرىنىڭ يۈزەلا باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلگەن.

مىڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى يىللاردا، تۇرپان ئويمانلىقىدا قوجۇ، لۈكچۈن، تۇرپان كۈچىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل كۈچ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ هەممىسى بېشبالىق هاكىمىيىتىنىڭ باشقۇرۇ-

شىدا ئىدى.

«مىڭ سۇلالىسى تارىخى»نىڭ 339 ـ جىلدىدە مۇشۇ جايلارنىڭ تارىخى ئۈستىدە ئومۇمى مەلۇمات يۈتۈلگەن. بىزنىڭ بۇ يېڭى كۆچنى چۈشىنىشىمىزنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالسۇن ئۈچۈن، ھازىر بۇ جىلدتىكى مۇناسىۋەتلىك قىسىملارنى نەقىل كەلتۈرىمىز.

لۈكچۈن: "كېيىنكى خەن سۇلالىسى ۋاقتىدا غەربىي دىيار دۇخۇ مەھكىمىسى مۇشۇ يەرگە ئورۇنلاشقان. تاڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا لۈكچۈن ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان. قوجۇغا شەرقتىن 70 چاقىرىم، قۇمۇلغا غەربتىن مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ. بىر چوڭ تۈزلەڭلىكتىن ئۆتكەندە يول بويلىرىدا جەسەت سۆڭەكلىرى كۆزگە چېلىقىپلا تۇرىدۇ. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، جىن ـ ئالۋاستىلار كۆپ ئىكەن. يولۇچىلار سەھەردە ياكى كەچتە ئۆز ھەمرالىرىدىن ئايرىلىپ قالسا، كۆپ ھاللاردا ئېزىپ قېلىپ ئۆلۈپ كېتىدىكەن، تۈزلەڭلىكتىن چىقىپ، قۇملۇقتىن ئۆتكەندىن كېيىن، يالقۇن تاغنىڭ ئېتىكىدە قەد كۆتىرىپ تۇرغان بىر قەلئە كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ دائىرىسى 2 ـ 3 چاقىرىم كېلىدۇ. لۈكچۈن دىگەن جاي مۇشۇ. ئەتراپى ئېكىنزارلىق، ئېقىن سۇ ئايلىنىپ ئۆتىدۇ، دەل ـ دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. يېرى چۈجگۈن قوناق، بۇغداي، پۇرچاق، كەندىر تېرىشقا باپ، بۇ يەردىن يەنە شاپتۇل، ئالۇچە، چىلان، قوغۇن ۋە كاۋا چىقىدۇ. ھالبۇكى، ئۈزۈم ئەڭ كۆپ، ئۆزى كىچىك، ئەمما تاتلىق، ئۇرۇقسىز بولۇپ، مارجانسىمان ئۈزۈم دەپ ئاتىلىدۇ. چارۋا ماللاردىن كالا، قوي، ئات تۆگە بار. ھاۋاسى ئىللىق."

قوجۇ: "قوجۇ قارا خوجا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. لۈكچۈنگە غەربتىن 70 چاقىرىم، تۇرپانغا شەرقتىن 30 چاقىرىم كېلىدۇ. خەن سۇلالىسى

زامانىسدا جەنۇبى جۇشى ۋاڭغا مەنسۇپ ئىدى. سۇي سۇلالىسى زاماندا گاۋچاڭ (قوجۇ) دۆلىتى قۇرۇلغان. تاڭ سۇلالىسى گاۋچاڭ دۆلىتىنى يوقىتىپ، ئۇنى شىجۇ (غەربىي ئايماق) دەپ ئۆزگەرتكەن. سۇڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا بۇ جايغا ئۇيغۇرلار كېلىپ ئورۇنلاشقان، ئۇلار دائىم ئولپان تاپشۇرۇپ تۇرغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قارا خوجا دەپ ئاتالغان. ئەندىلىك، چۇشىيەن قورۇقلىرى بىلەن بىللە ئۇيغۇرلار زىمىنى دەپ ئاتىلىپ، دارغاچ تەسىس قىلىنغان... ئۇ يەردە تاغ كۆپ بولۇپ، قىزغۇچ كۆرۈنىدۇ. شۇڭا 'يالقۇنلۇق زېمىن' (خوجۇ) دەپ ئاتالغان، هاۋاسى ئىسسىق، زىرائەت ۋە چارۋا ماللىرى لۇكچۇننىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، قەلئەسىنىڭ دائىرىسى ئون نەچچە چاقىرىم كېلىدۇ. بۇتخانىلار ئاهالە ئۆيلىرىدىنمۇ كۆپ. قەلئەنىڭ شەرقىدە بىر خارابىلىق بولۇپ، ئەسلىدە گاۋچاڭ دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئىكەن. خەن سۇلالىسىنىڭ تىركەك چېرىكچىسى تۇرۇشلۇق جايى بولغان. ئۇنىڭ غەربىي شىمالى بېشبالىق بىلەن تۇتىشىدۇ."

تۇرپان: "تۇرپان قوجۇغا غەرپتىن 100 چاقىرىم كېلىدۇ، قۇمۇل بىلەن بولغان ئارىلىقى مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ، جيايۈگۈەن بىلەن بولغان ئارىلىقى بولسا 2600 چاقىرىم كېلىدۇ. خەن سۇلالىسى زامانىدا جەنۇبىي جۇشى ۋاڭغا مەنسۇپ جاي ئىدى. سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە گاۋچاڭ دۆلىتىگە مەنسۇپ بولىدى. تاڭ سۇلالىسى گاۋچاڭنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دائىرىسىدە شىجۇ ۋە جاۋخې (يارغول) ناهىيىلىرى تەسىس قىلىنغاندا، بۇ يەر جاۋخې ناهىيىسىنىڭ ئەنلۇ قەلئەسى دەپ ئاتالدى. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە گاۋچاڭ دىگەن نام ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئۇيغۇرلار كىرىپ ئورۇنلاشتى،

ئۇلار دائىم ئولپان ئەۋەتىپ تۇردى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە تۆمەنبېشى مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى. ئۇ ئۇدۇن (خوتەن) بىلەن بېشبالىق قاتارلىق چوڭ ئەللەرنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىنتايىن ئاجىز ئىدى.“

مىڭ سۇلالىسى غەربىي دىيار بىلەن كەڭ ئالاقە ئورناتقان چاغدا، تۇرپان ئۇيمانلىقىدىكى سىياسىي كۈچلەر بىلەنمۇ مۇناسىۋەت باغلىغان ئىدى. مىڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرىدىن لىيۇ تۆمۈر (1406-يىلى)، فۇئەن (1409-يىلى)، چېن چېڭ، لى شۈەن (1413-يىلى)لەر ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ بۇ يەرگە كەلگەن⑲.

لۈكچۈن، قوجۇ، تۇرپانلارمۇ ئايرىم-ئايرىم ھالدا مىڭ سۇلالىسىگە ئولپان ماڭدۇرۇپ تۇرغان. مەسىلەن، 1413-يىلى لۈكچۈن بىلەن تۇرپان مىڭ سۇلالىسىگە ئايرىم-ئايرىم ھالدا 2000 تۇياق قوي، 1200 ئات تاپشۇرغان. كېيىن تۇرپاننىڭ ئاقساقلى ئېگىرچاق ئۆۋەيسخان تەرىپىدىن قوغلانغاندىن كېيىن، پانا ئىزدەپ مىڭ سۇلالىسى تەرەپكە بارغان. مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا تۇتۇقبەگ دىگەن ھەربىي ئۇنۋانىنى بەرگەن. شۇنىڭدەك ئۇنى قوغداپ تۇرپانغا ئاپىرىپ قويغان. 1425-يىلى ئېگىرچاق شەخسەن ئۆزى مىڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بېيجىڭغا بېرىپ ئولپان تاپشۇرغان.

تۇرپان ۋادىسىدىكى نىسپىي جىم-جىتلىق ئۆۋەيسنىڭ غەرپكە كۆچۈشى بىلەن ئاياقلاشتى. ئۆۋەيسنىڭ ئىلى ۋادىسىغا يۆتكىلىپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، تۇرپان ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ لۈكچۈن، قوجۇلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. ئېمىل خوجا ئىسمىلىك بىر كىشى تۇرپاننى سوراشقا باشلىدى. ئېمىل خوجىدىن كېيىن ئەلى ئىسمىلىك كىشى 1469-يىلى ئۆزىنى بۇ يەرنىڭ سۇلتانى دەپ

جاكالىدى.

بۇ دەل قۇمۇلدىكى سادىق، ئىستائەتمەن ۋاڭ بۇلۇكەي ئۆلۈپ، خانلىق ئورۇن سەككىز يىل بوش قالغان مەزگىل ئىدى. ئەلى قۇمۇلدا ئۆزىنىڭ كۈچىنى تۇنجى قېتىم نامايان قىلدى. ئۇمۇ باشقا كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر بىلەن بىللە قۇمۇل رايونىنى تالان-تاراج قىلدى. 1472-يىلى ئەلى مىڭ سۇلالىسىنىڭ خانجىيىنىڭ مۇۋەققەت ۋاكالىتلىق ھوقۇقىنى بىكار قىلغانلىقىدىن پايدىلىنىپ قوشۇن تارتىپ قۇمۇل قەلئەسىنى بېسىۋېلىپ، خاننىڭ ئاپىسىنى تۇتۇپ كەتتى ۋە خاننىڭ تامغىسىنى تارتىۋالدى. بۇ ۋەقە تۇرپاننىڭ ئۆز كۈچىنى زورايتىپ، قەلئەنى ئىستىلا قىلالىغۇدەك دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

قۇمۇلدا كۆرۈلگەن ۋەقە مىڭ سۇلالىسىنىڭ مەركىزىدە قاتتىق ئىنكاس قوزغىدى. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»دا بۇ جەھەتتىكى تەپسىلاتلار مۇنداق خاتىرىلەنگەن: ”(پادىشا مىڭ شيەنزۇڭنىڭ چېڭخۇا) 8-يىلى (1472-يىلى) باتۇ تۆمۈرنىڭ ئوغلى خانجىيىن ئاتىسىنىڭ مەنسۇپگە ۋارىسلىق قىلىشنى تەلەپ قىلغاندا، پادىشا ئالىلىرى بۇنىڭغا ماقۇل بولدى، بىراق ئۇنى دۆلەت ئىشلىرىغا قويمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ دۆلىتىدە بۇيرۇق-پەرمان چىقىرىدىغان كىشى بولماي قالدى. تۇرپان سۇلتانى ئەلى پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، قەلئەنى بېسىۋېلىپ، خاننىڭ ئاپىسىنى تۇتۇپ، ئالتۇن تامغىنى تارتىۋالدى. سادىق، ئىستائەتمەن ۋاڭنىڭ قىز نەۋرىسىنى كىچىك خوتۇن قىلىۋالدى، زېمىننى بېسىۋالدى. 9-يىلى 4-ئايدا ۋەقە پادىشا ئالىلىرىغا بىلدۈرۈلگەندە، چېگرا ئەمەلدارلىرىغا سەگەك بولۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى ھەمدە خەندۇڭ، چىجىن قاتارلىق جايلاردىكى قوشۇنلارغا ھەمكارلىشىپ قوغدىنىش ھەققىدە

يارلىق بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بەگ تۇتۇق لى ۋېي، ئۇلۇق قول مۇشاۋۇرى لىيۇۋېي قاتارلىقلارنى گەنسۇغا بېرىپ ئىشنى بىر ياقلىق قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار گەنسۇغا يېتىپ بارغاندا، شاھ دور-غاپ مىگېېشى ماجۇننى پادىشا يارلىغىنى ئېلىپ تەسەللى بېرىشكە ئەۋەتتى. شۇ ۋاقىتتا ئەلى كۆيمۇغلى ياغلاننى قومۇلدا قالدۇرۇپ، خانىش ۋە ئالتۇن تامغىنى ئېلىپ تۇرپانغا قايتقان ئىدى. ماجۇن يېتىپ بېرىپ پادىشا ئالىلىرىنىڭ يارلىغىنى يەتكۈزگەندە، (ئەلى) ئەدەپسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلدى ھەمدە ماجۇننى بىر ئايدەك تۇتۇپ قالدى. بىر كۈنى توساتتىن ياغلان يېتىپ كېلىپ، 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇن غەرپكە قاراپ يۈرۈش قىلىۋاتىدۇ دىگەن خەۋەرنى بەرگەندە، ئەلى ئاندىن ماجۇننى زىياپەت بىلەن كۈتۈۋالدى ھەمدە خانىشنى ماجۇن بىلەن كۆرۈشتۈردى، خانىش قورقىنىدىن گەپ قىلىشقا پېتىنالماي، كېچىدە ئادەم ئەۋەتىپ، پادىشا ئالىلىرىغا ئىلتى-ماسىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ، ئەسكەر ئەۋەتىپ قومۇلنى قۇتقۇزسۇن، دىدى. (لى ۋېي) ئەھۋالنى پادىشا ئالىلىرىغا يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئالىلىرى ئۇنىڭغا چېچىن، خەندۇڭ ۋە نېكلى قاتارلىق جايلارغا قوشۇن توپلاپ جازا يۈرۈشى قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. 10-يىلى قوشۇنلار بولۇنغۇرغا يېتىپ بارغاندا، تىلچىلار (رازۋېتچىك-لار) ئەلى قوشۇن توپلاپ قارشىلىق كۆرسەتمەكچى ۋە باشقا قەبىلە-لەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ خەندۇڭ ۋە چېچىننى تالان-تاراج قىلماق-چى دەپ خەۋەر بەردى. لى ۋېي قاتارلىقلار داۋاملىق ئىلگىرىلەشكە پېتىنالماي، خەندۇڭ، چېچىن قوشۇنلىرىنى ئۆز زېمىنىنى قوغداشقا قايتۇرۇۋەتتى، خانجېي، نېكلى ۋە ئۇيغۇرلارمۇ كۆيۈگە قايتتى، لى ۋېي قاتارلىقلار سۇجۇ (جيۇچۇەن)غا قايتىپ كەلدى. پادىشا ئالى-

لىرى خانجىنى دۆلەت ئىشلىرىنى ۋاقىتلىق باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىغا بىنائەن ئۇرۇقلۇق ئىنئام قىلدى. لى ۋېن باشلىق كىشلەر بىرەر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرالماي قايتىپ كەلدى.“

تۇرپاننىڭ كۆچەيگەنلىگى مىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىدە چوڭ توساق بولۇپ قالدى. تۇرپاننىڭ داۋاملىق شەرققە سۈرۈلۈشىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، مىڭ سۇلالىسى قۇمۇل قورۇغىنى كۆيۈگە يۆتكەپ، ھۇجۇم ھالىتىدىن مۇداپىئەلىنىش ھالىتىگە ئۆتتى. بۇ ئىستىراتېگىيىلىك ئۆزگىرىش مىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنىڭ مەغلۇبىيەتكە يۈزلەنگەنلىگىدىن دېرەك بېرىدۇ.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تۇرپان بۇ ۋاقىتتا تېخى بىر ئەمەلىي ھاكىمىيەت گەۋدىسى بولۇپ شەكىللەنمىگەن، ئەلى گەرچە ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، بىراق ئىلى بالىق ھاكىمىيىتى ئەلىنى ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى بىر قانار ۋالىلارنىڭ بىرى دەپ قارايتتى.

قۇمۇل قەلئەسىنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ خېشى رايونىغا تەھدىت سالالىغانلىق ئەلىنىڭ ھەربى مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ چېكى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەلى بىرەر چوڭراق ۋەقەگىمۇ چېتىلمىدى.

بۇلارنى بۇرۇلۇش نۇقتىسى قىلىپ تۇرۇپ، تۇرپان توغرىسىدىكى بايانىمىزنى ۋاقتىنچە توختىتىپ تۇرۇپ، ئىلى بالىق ھاكىمىيىتىنىڭ ئەھۋاللىرىنى بىر قۇر كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق تۇرپان-نىڭ قۇدرەت تېپىش جەريانىني ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىي ئورنىنى چۈشە-

نىپ باقايلى. ئۆۋەيس بېشبالىقتىن غەرپكە كۆچۈپ بارغان دەس-
لەپكى يىللاردا ئىلى بالىق ھاكىمىيىتى ئۆزىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جەدەل-ماجىرالارغا قاراتقان ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ
تۇرپان ئويمانلىقىدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەر بىلەن ئانچە كارى
بولالمىغان. ئۆۋەيستىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئىسەن بۇقا تەختتە
ئولتۇرغاندا، ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى دوس مۇھەممەتنى ئاقسۇنىڭ
شىمالىدىكى رايونلارنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتكەن. ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا
ئاجرىتىپ بېرىلگەن دائىرىلەر ئىچىدە تۇرپان ئويمانلىقىمۇ بار
ئىدى.

بۇ ۋاقىت دەل ئەلى راسا كۈچىيىۋاتقان، بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىلى
بالىق ئىچكى غوۋغا، تاشقى زەربىگە دۇچار بولغان ۋاقىت ئىدى.
ئىچكى قىسىمدا ئۆۋەيسنىڭ ئىككىنچى ئوغلى يۇنۇس ئۆزىنىڭ ئاكى-
سى بىلەن خانلىق تالاشماقتا ئىدى، تاشقى قىسىمدا تۆمۈرلەڭنىڭ
ئەۋلاتلىرى سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا ئىلى بالىق قوشۇن-
لىرىغا قاتتىق زەربە بەرمەكتە ئىدى.

بىر تەرەپتە ئەلى راسا كۈچىيىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتە
ئىلى بالىق ھالسىزلانغان ئىدى. ئالدىنقىسى دوس مۇھەممەتنىڭ باش-
قۇرۇشىغا ئاجرىتىپ بېرىلگەن ئوبيېكت ئىدى، كېيىنكىسى دوس مۇھەم-
مەتنىڭ يۆلەنچۈكى ئىدى. شۇ چاغدا دوس مۇھەممەتكە قارايدىغان
تۇرپاننىڭ ھەيۋىسى دوس مۇھەممەتنىڭ يۆلەنچۈكى بولغان ئىلى
بالىقتىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن ئىدى. دوس مۇھەممەتنىڭ
كۈچاردىن قوزغىلالماي، تۇرپاندا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى مەيلىگە
قويۇۋەتكەنلىكى تۇرپان بىلەن ئىلى بالىق ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ
سېلىشتۇرمىسىنى چۈشەندۈرىدۇ.

1462 ـ يىلى يۇنۇس خانلىقنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، تۆمۈرلەك ئەۋلاتلىرى بىلەن قۇدا ـ باجا بولۇشۇپ، تۆمۈرلەك ئەۋلاتلىرى بىلەن تۇغلۇق تۆمۈر ئەۋلاتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن يىللىق ئۇرۇشلار ئاساسىي جەھەتتىن توختاپ قالدى⑳.

بۇ ئۆزگىرىشلەر ئىلى بالىق دائىرىسىدە بىر مەزگىل نىسپىي مۇقىملىق پەيدا قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلى بالىقنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى قىسمەن ھالدا ئەسلىگە كەلدى. شۇنىڭدەك تۆمۈرلەك ئەۋلادى ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئىنئام قىلىشى بىلەن يۇنۇس تاشكەنت قاتارلىق جايلارنىڭمۇ قانۇنىي ھۆكۈمرانى بولۇپ قالدى. تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا، ئىلى بالىق ھاكىمىيىتى گەرچە ئاقسۇنىڭ غەربىدىكى رايونلاردىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئاقسۇنىڭ شىمالىدا ئۇ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كىرىشتى.

1487 ـ يىلى يۇنۇس ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى مۇھەممەت خانلىققا ۋارىسلىق قىلدى. ئىككىنچى يىلى تۇرپان سۇلتانى ئەلىمۇ ۋاپات بولدى. مۇھەممەت ئۆزىنىڭ ئىنىسى ئەخمەتنى تۇرپان ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى، ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا ئاجرىتىپ بېرىلگەن زېمىن دائىرىسى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىن ئاقسۇنىڭ شىمالىي قىسمىغىچە ئىدى. شۇ يىلى ئەخمەت مىڭ سۇلالىسىگە سوغا ـ سالام ئەۋەتتى. موڭغۇللار ئەخمەتنى ئەلاچى خان دەپ ئاتىغان.

ئەمدى بىز تۇرپان ـ قۇمۇل ۋە مىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلارنىڭ كۆندىن كۆنگە كۆپەيگەنلىكى ۋە كېڭەيگەنلىكىنى كۆرىمىز. شۇنىڭدەك بۇ توقۇنۇشلارنىڭ مىڭ سۇلالىسى مەركىزىدە قانداق قىلىپ گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى زىتلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىر-

لىككە كەلتۈرۈش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرىمىز.

كۇيۇ قەلئەسىدە بىرقانچە يىل تۇرۇپ قالغان خانجىن 1482-يىلى ئون مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق قوشۇن توپلاپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا قۇمۇلغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە قازاندى. ئۇ يەنە ئارقىدىنلا تۇرپاننىڭ قۇمۇل ئەتراپىدىكى سەككىز قەلئەدە تۇرغۇزغان قوشۇنلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، تۇرپان بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مىسلى كۆرۈلمىگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. خانجىننىڭ بۇ تۆھپىسى ئۈچۈن مىڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا "سادىق، ئىتائەتمەن ۋاڭ" دەپ ئۇنۋان بەردى.

بۇ مەزگىل ئەخمەت تۇرپاندا ۋالىلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىل ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئالتە يىل داۋامىدا تۇرپاندىكى ئەخمەت بىلەن قۇمۇلدىكى خانجىن بىر بىرىگە چېقىلماي ئۆتتى. 1488-يىلىغا كەلگەندە، ئەخمەت خانجىننى ئالداپ ئۆلتۈرۈپ، قۇمۇل قەلئەسىنى قايتا تارتىۋالدى. قۇمۇل مەسىلىسى مىڭ سۇلالىسى بىلەن تۇرپان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يېشىلمەيدىغان تۈگۈنى بولۇپ قالدى. كېيىنكى كۈنلەردە تۇرپان بىلەن مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىر بىرىگە سوغا-سالام ۋە ئولپانلار ئەۋەتىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئىككى تەرەپ ئارىسىدا سۈركىلىشلەر بارغانسېرى كۆپەيدى. بولۇپمۇ ئېغىرى شۇكى، تۇرپاننى ئەيىپلەش ۋە ئۇنىڭدىن پەخەس بولۇش كەيپىياتى مىڭ سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي ئاپپاراتلىرىدا كۈچىيىشكە باشلىدى، مەسىلەن، 1490-يىلى تۇرپان ئولپان ئەۋەتكەندە، مىڭ سۇلالىسى ئوردىسىدا "مېھمان كۈتۈش ئەمەلدارلىرى ئەلچىلەرگە بېرىلىدىغان سوغا-سالام ۋە خىراجەتنى كېمەيتىش، ئەلچىلەرنى قايتۇرماي تۇتۇپ تۇرۇش تەكلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويغان." شۇ يىلى

"تۇرپان بىلەن سەمەرقەنت بىرلىشىپ تۇردىغا ئولپان شىر ئەۋەتكەندە...، مېھمان كۈتۈش ئەمەلدارلىرى شىرنى قايتۇرۇۋېتىش تەكلىۋىنى بەرگەن، شۇ يىلى يەنە "تۇرپان دېڭىز يولى ئارقىلىق ئولپان شىر ئەۋەتكەندە، رەت قىلىنغان. ئۇلارنىڭ ئەلچىسى پايتەختتە يوشۇرۇن كېلىپ ئەرز قىلماقچى بولغاندا، مېھمان كۈتۈش ئەمەلـدارلىرى ئۇلارنى يولدىن توسىمىغان ئەمەلدارلارنى جازالاشنى تەكلىپ قىلغان ھەمدە ئولپاننىمۇ قايتۇرۇۋەتـكەن"㉑.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ تەدبىرلىرى تۇرپانغا سىـياسى، ئىقتىسادىي جەھەتتە مەلۇم دەرىـجىـدە بېسىم بولـدى. 1491-يىـلى ئەخـمەت ئەۋەتكەن ئەلچى مىڭ سۇلالىسىگە قۇمۇل قەلئەسىنى ۋە سادىق ئىنتائەتمەن ۋاڭنىڭ ئالتۇن تامغىسىنى قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە بۇنىڭ بەدىلىگە مىڭ سۇلالىسىدىن تۇتۇپ قالغان تۇرپان ئەلچىلىرىـنى قويۇپ بېرىشـنى تەلەپ قىلـدى. 1492-يىـلى مىڭ سۇلالىسى شانبانى سادىق، ئىنتائەتـمەن ۋاڭ قىلىپ تەيىنلـەپ، ئۇنىڭغا قۇمۇلنىڭ ئىشلىرىنى تاپشۇردى، تۇرپان ئەلچىلىرىـنى تامامەن قويۇپ بەردى. بۇ مىڭ سۇلالىسـىنىڭ سىياسى، ئىقتـىسادىي بېسىمىغا تايىنىپ تۇرپان ئۈستىدىن قازانغان بىر قېتىملىق غەلىبىسى ئىدى. ۋاھالەنكى، بۇ غەلىبە قانداق ئاسان قولـغا كەلـگەن بولـسا، شۇنداق ئاسان قولدىن كەتتى. 1493-يىلى، ئەخمەت قۇمۇلنى يەنە بىر قېتىم بېسىۋېلىپ، شانبانى بۇلاپ كەتتى. ۋەقە يۈز بەرگەنـدىن كېيىن، مىڭ سۇلالىسى ئۆز چېگرىسىدا بولۇۋاتـقان تۇرپانـنىڭ 172 نەپەر ئەلچىسىنى تۇتۇپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ ئولپانلىرىـنى قايتۇرۇۋېتىپ، جىيايۈگۈەنىنى بېكىـتىپ تاشـلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئولپان يولىنى مەڭگۈ ئېتىپ تاشلايدىغانلىقىنى جاكالىدى.

جيايۇگۇەن ئېتىلىپ ئۆلپان يولى ئۈزۈپ قويۇلغانلىقى ئۈچۈن، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى مىڭ سۇلالىسى بىلەن سودا قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدى. بۇ ھال ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئەخمەتكە بولغان نارازىلىقىنى قوزغىدى ھەتتا تۇرپاننىڭ ئۆز ئىقتىسادىي جەھەتتە زىيان تارتتى. 1497 ـ يىلى، تۇرپان ئاخىرى شانبانى قايتۇرۇپ بەردى، ئۇنىڭ بەدىلىگە مىڭ سۇلالىسىدىن ئۆز ئەلچىلىرىنى ياندۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. نەتىجىدە تۇرپان بىلەن مىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى بىر مەھەل يۇمشىدى.

بۇ تارىخىي مەزگىلدە ئاساسلىق رولچى بولغان ئەخمەت ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاكىسى مۇھەممەتكە ئەگىشىپ، ماۋەرائۇننەھر رايونىدا ئۆزبېك شايبانى خانغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، ئۆز جىيەنى بابۇرغا ماۋەرائۇننەھر رايونىنى تارتىپ ئېلىپ بەرمەكچى بولدى. لېكىن فەرغانىدا بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە مۇھەممەت بىلەن ئەخمەت شايبانى خانغا ئەسىر چۈشتى. ئۇلار ئەمدى ماۋەرائۇننەھر رايونىنى ھەرگىز تالاشمايدىغانلىقى توغرىسىدا قەسەم ئىچكەندىن كېيىن، شايبانى خان ئۇلارنى قويۇپ بەردى. 1503 ـ يىلى ئەخمەت تۇرپانغا قايتىش سەپىرىدە ئۇچتۇرپاندا ۋاپات بولدى㉒.

ئەخمەتنىڭ چوڭ ئوغلى مەنسۇر ئاتىسىنىڭ مەنسىۋىگە تەيىنلەندى.

مەنسۇرنىڭ ئانا بۆلەك 18 ئىنىسى بار بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ھوقۇق تالىشىپ ئۇرۇش پارتلىدى. ئۇنىڭ چىن تۆمۈر ئىسىملىك بىر ئىنىسى پانا ئىزدەپ مىڭ سۇلالىسى تەۋەلىكىگە قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ خېلىل ۋە سەئىد ئىسىملىك ئىنىلىرى ئېلى بالىقتا ئىسيان

كۆتىرىپ، چوڭ دادىسىنىڭ تۇرپانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى مەنسۇرگە بەرگەنلىگىگە قارشى چىقتى. ئۆزبېك شايبانى خاننىڭ قوللىشى بىلەن، خىلىل ۋە سەئىد ئاخىرى ئۆزلىرىنىڭ چوڭ دادىسى مۇھەممەتنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئىل بالىق ھاكىمىيىتىنى يىقىتتى، مۇھەممەت مەككىگە كېتىۋېتىپ ماۋەرائۇننەھر رايونىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، شايبانى خان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

غەرپتىن كېلىۋاتقان تەھدىتلەر مەنسۇرنىڭ شەرقنى ئىلكىگە ئېلىش ئارزۇسىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. مەنسۇر ئۆزىنىڭ قاۋۇل كۈچىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىلى ۋادىسىغا يۆتكىدى، ئۇ يەردە ئۇنىڭ ئىككى ئىنىسى شايبانى خاننىڭ قوللىشى بىلەن ئىل بالىق ھاكىمىيىتىنىڭ ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرماقتا ئىدى. مەنسۇرنىڭ خىلىل ۋە سەئىد بىلەن ئىلى ۋادىسى ۋە يەتتەسۇ رايونىدا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى مەنسۇرنىڭ ئازكەم ئون يىل ۋاقتىنى سەرپ قىلدى. بۇ دەۋر 16-ئەسىرنىڭ بىرىنچى ئون يىلىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇرۇش مەنسۇرنىڭ تولۇق غەلىبە قىلىشى بىلەن ئاياقلاشتى. خىلىل قېچىپ كېتىۋېتىپ يەرلىك ئاھالە تەرىپىدىن تالاستا ئۆلتۈرۈلدى. سەئىد بولسا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پامىر ئېگىزلىكىدە سەرگەردان بولدى. 16-ئەسىرنىڭ 10-يىللىرىدا تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدا قۇرۇلغان يەركەن خاندانلىقىنى ئەنە شۇ سەئىد ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن ئىدى. بۇ ئىل بالىق ھاكىمىيىتى تارىخىنىڭ ئاخىرقى سەھىپىسى ئىدى. شۇندىن كېيىن قازاقلار شىمالدىن جەنۇپقا سۈرۈلدى. ئىلى ۋادىسى بىلەن يەتتەسۇ رايونى قازاقلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان جايىغا ئايلاندى.

مەنسۇرنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرى ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسى

ئۆزىگە ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەت ئېلىپ كېلەلمىدى، ئەك-
سىچە، ئىبل بالىق ھاكىمىيىتى گۇمران بولۇپ كەتكەنلىكتىن، بۇ
ھاكىمىيەتنىڭ باشقۇرۇشىدىكى دائىرە تۆرلۈك كۈچلەر تەرىپىدىن
بۆلۈپ تاشلاندى. مەنسۇر ئېرىشكەن بىردىن-بىر نەرسە شۇ بولغان-
كى، ئۇ مەلۇم بىر دائىرىنىڭ ئىسمى جىسمىغا لايىق ھاكىمدارى
بولۇپ قالغان، گەرچە بۇ دائىرە ناھايىتى چەكلىك بولسىمۇ.

مەنسۇر پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا ۋە يەتتەسۇ رايونىغا
قارىتىلغان ئۇرۇشقا ئاتلانغان چاغدا، تۇرپان بىلەن مىڭ سۇلالىسى
ئوتتۇرىسىدا بىر مەھەل مۇقىملىق بارلىققا كەلگەن ئىدى. بىراق بۇ
مۇقىملىق دەۋرى مەنسۇرنىڭ خېلىل ۋە سەئىدنى مەغلۇپ قىلىشى
بىلەن ئاياقلاشتى.

1524-يىلى، مەنسۇر 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئاتلاندۇرۇپ،
مىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي مۇداپىئە لىنىيىسىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ،
جىايۈگۇەنگە كىرىش بىلەن سۇجۇ (بۇگۈنكى جيۇچۈەن)نى قورشى-
ۋالدى ھەمدە جىايۈگۇەننىڭ سىرتىدا قوشۇن تۇرغۇزۇپ، بوز يەر
ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق مىڭ سۇلالىسىگە تەھدىت سالدى. كېيىنرەك
مەنسۇر ئويراتلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن تۇرپان
قوشۇنلىرىنى خېشى رايونىدىن چېكىندۈرۈپ كەتتى.

16-ئەسىردىن كېيىن، تۇرپان-قۇمۇل ۋەقەسى مىڭ سۇلالىسى-
نىڭ سىياسى ئىشلىرىدىكى خەتەرلىك قاينام بولۇپ قالدى. مىڭ
سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىكى گۇرۇھلار ئۆز رەقىبىنى نابۇت قىلىش
ئۈچۈن، تۇرپان مەسىلىسىنى بانا قىلىپ تۇرۇپ بىر قاتار سىياسى
ئەنزىلەرنى پەيدا قىلدى. قۇمۇل-تۇرپان ئىشلىرىغا مەسئۇل نۇرغۇن
يۇقۇرى دەرىجىلىك ھەربى، مەمۇرى ئەمەلدارلار "پادىشا ئالىلىرىنى

ئالدىغان»، «پارا يىگەن» دىگەن بەتنامىلار بىلەن ھۆكۈمەتتىن تازد-لاندى. مەسىلەن، 1527-يىلى ھەربىي ئىشلار ۋەزىرى جىن شىيەن-مىن باشلىق 40 نەپەر ھەربىي، مەمۇرى ئەمەلدار تۈرمىگە تاش-لاندى ياكى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاندى㉓. مۇشۇنىداق تارىخىي شارائىتتا، جىيايۇگۇەننى تاقاپ، ئولپان يولىنى بىكار قىلىش چۇقانلىرى مىڭ سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي ئورگانلىرىدا قايتا ئەۋج ئالدى.

ئەمىلىيەتتە، قۇمۇل-تۇرپان مەسىلىسىنى ئاساسىي نۇقتا قىلىغان ھالدا «قوشۇن تارتىش» تەرەپدارلىرى بىلەن «ئولپاننى توختىتىش» تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بەس-مۇنازىرە ئەلى تۇنجى قېتىم قۇمۇل قەلئەسىنى بېسىۋالغاندىن تارتىپلا باشلانغان ئىدى. بىراق شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مىڭ سۇلالىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىما-لىغا ئىچكىرىلەپ كىرىش ئىرادىسىدىن ۋازكەچمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۈستىگە غەربىي دىيارغا ئىنتىلىش روھىغا ئىگە بىر تۈركۈم ھەربىي، مەمۇرى ئەمەلدارلار چېگرا ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ تۇر-غانلىقى ئۈچۈن، جىيايۇگۇەننى تاقىۋېتىپ، ئولپان يولىنى بىكار قىلىش چۇقانلىرى ئانچە ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەپ كەتمىگەن ئىدى. 16-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىغا كەلگەندە تۇرپان قوشۇنلىرى قۇمۇلنى ئۇزاققىچە ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇردى. بولۇپمۇ 1524-يىلى تۇرپان بىرقانچە ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن جىيايۇگۇەنگە ئىچكىد-رىلەپ كىرىپ، مىڭ سۇلالىسىگە تەھدىت سالغاندىن بۇيان ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا روشەن ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلدى. ۋاھالەنكى، قۇمۇل-تۇرپان مەسىلىسىنى ئاساسىي نۇقتا قىلغان ھالدا يۈز بەرگەن بىر قاتار سىياسى ئەنزىلەر چېگرا ئىشلىرى بىلەن

ئوبدان تونۇش بولغان نۇرغۇن ھەربى، مەمۇرى ئەمەلدارلارنى خىزمەت ئورنىدىن مەھرۇم قىلدى.

ئاقىۋەتتە مىڭ سۇلالىسى ئۆزىنىڭ سىياسى مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ھەم ھەربى كۈچىدىن، ھەم چېگرا ئىشلىرى بىلەن تونۇش ئىختىساسلىق كادىرلاردىن مەھرۇم قالدى. شۇنىڭ بىلەن جىايۈگۇەننى ئېتىپ تاشلاپ، ئولپان يولىنى بىكار قىلىش مەسىلىسى خالى بولمايدىغان يۈزلىنىشكە ئايلاندى. شۇ ۋاقىتتا، خوتاۋغا ئوخشاش يىراقنى كۆرەر ئەرباپلار "قۇمۇلنى قوغداشنىڭ ئۆزى گەنسۇنى قوغدىغانلىق بولىدۇ. گەنسۇنى قوغداش شەنشىنى قوغدىغانلىق بولىدۇ، ئەگەر قۇمۇلنى قوغداش مۇمكىن ئەمەس دەپ قۇمۇلنى تاشلىۋەتسەك، گەنسۇنى قوغداش قىيىنغا چۈشكەندە، گەنسۇنىمۇ تاشلىۋېتىمىزمۇ؟" دەپ خىتاب قىلغان بولسىمۇ، بىراق شۇ چاغدا بۇ كىشلەرنىڭ پىكىرلىرى مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشەلمىدى.

1529-يىلى، گەنسۇنىڭ باش نازارەتچىسى تاڭ زى، تەپتىش بېگى لىيۇ لىيەنلەر قۇمۇل-تۇرپان مەسىلىسى توغرىسىدا پادىشا جۇخۇسۇڭ (مىڭ شىزۇڭ)غا مەكتۇپ سۇنۇپ جىايۈگۇەننى ئېتىپ، ئولپان يولىنى بىكار قىلىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئەمەلدارلارنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرگەن. مەكتۇپتا مۇنداق دېيىلگەن: "بۈگۈنكى كۈندە تۇرپاننىڭ قۇمۇلنى بېسىۋالغانلىقى توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلۈۋېتىپتۇ، بۇ ئىش ئۇنىڭ مۇئەييەنلىكىنىمۇ، زۆرۈرلۈكىنىمۇ، شۇنىڭدەك مۇقەررەرلىكىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئىلتىپات قىلساق، ئۇلار كىرىلىپ كېتىدۇ، قورال كۈچى بىلەن جازالايمىز دېسەك، كۈچ-ماغدۇرىمىز يەتمەيدۇ، مانا

بۇ، ئىشنىڭ مۇئەييەنلىك جەھەتى؛ ئۇلار ئىستائەت قىلىشنى بىلدۈرگەندە، بىسىمنى ئۆز لايىغىدا بوشاشتۇرۇش، ئەمما ھۇشيارلىغىمىزنى بوشاشتۇرماسلىق، قارشىلىق كۆرسەتكەندە، مۇداپىئەلىنىپ، قوشۇن ماگدۇرماسلىق، مانا بۇ، ئىشنىڭ زۆرۈرلۈك جەھەتى؛ ئوبدان بىر ياقلىق قىلىنسا، يىراقتىكىلەر بويسۇنىدۇ، يېقىندىكىلەر ئامانلىققا ئېرىشىدۇ، ئوبدان بىر ياقلىق قىلىنمىسا، ئۇرۇش يۈز بېرىپ، بالايى-ئاپەت كېلىدۇ، مانا بۇ، ئىشنىڭ مۇقەررەرلىك جەھەتى. بىز يېڭىلىك بىلەن قوشۇن تارتىشنى تەشەببۇس قىلمايمىز، بۇنىڭ سەۋەۋى شۇكى، قوشۇنلىرىمىزدا ئەسكەر تولۇق ئەمەس، ئەسكىرىي كۈچ يېتىشمەيدۇ، ئۆزلەشتۈرۈلۈۋاتقان بوز يەرلەرنىڭ ئونىدىن توققۇزى قاقاسلىققا ئايلانماقتا، دېمەك، ئوزۇق-تۈلۈك يېتىشمەيدۇ، بۇ بىرىنچى سەۋەپ. قايتا-قايتا ئوكۇشىسىزلىققا ئۇچراپ قوشۇنىمىز زەئىپلىشىپ قالدى. قوشۇنىمىز چېگرا مۇداپىئە سېپىدە ئۇزاق تۇرۇپ ھېرىپ-چارچاپ كەتتى. قوشۇنىمىزنىڭ جەڭگىۋارلىغى تېخى ئەسلىگە كەلمىدى، دۈشمەنلىرىمىز بولسا تەرەپ-تەرەپتىن بۆسۈپ كىرىپ نۇرغۇن ئولجا-غەنىمەتلەرگە ئېرىشىۋاتقانلىقتىن نوخۇلىسى بەك ئۆسۈپ كەتتى. بۇ ئىككىنچى سەۋەپ. بىز ئويراتلارنىڭ ياردىمىدىن مەھرۇم قالدۇق. ھەربى يۈرۈش قىلغاندا، لاۋازىماتتىن قىسىلىپ قالىمىز، ئۇلار بولسا گۇاجۇنىڭ كۈچى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنلىكتىن، چېكىنگەندىمۇ يۆلەنچۈككە ئىگە بولالايدۇ، بۇ ئۈچىنچى سەۋەپ. خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى لىنتاۋ قاتارلىق ۋىلايەتلەر بولسا گەنسۇنىڭ تايانچى نېگىزى ئىدى، بۇگۈنكى كۈندە خانىۋەيرانچىلىقتىن ئۆزىنى ئوڭشىيالمايۋاتىدۇ. جيايۈگۇەننىڭ سىرتىدىكى چىجىن قاتارلىق ئورۇنلار گەنسۇنىڭ دالدىسى ئىدى، بۇگۈنكى

كۇندە ۋەيرانچىلىقتا نابۇت بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ تۆتىنچى سەۋەپ. غەربىي جەنۇپتىكى دېڭىزدا قاراقچىلاردىن مۇداپىئە كۆرۈۋاتقان قوشۇنلىرىمىزنى ئاجراتقىلى بولمايدۇ، شەرقىي شىمالدا ھىنگان تېغى ئارىسىدىكى باندىتلاردىن مۇداپىئە كۆرۈۋاتقان قوشۇنلارغا مائاش ۋە ئۇزۇق-تۈلۈك يەتكۈزۈپ بېرەلمەيۋاتىمىز، بۇ بەشىنچى سەۋەپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇمۇل يولۋاسلار ئارىسىغا جايلاشقان، بۈگۈنكى كۈندە زور تۈركۈم قوشۇن ۋە ئۇزۇق-تۈلۈك ئاجرىتىپ خەۋپ-خەتەرلەرنى ھېساپقا ئالماي، زاۋاللىققا يۈزلەنگەن بىر قەبىلىنى قولدىن كېتىپ قالغىنىغا ئۇزۇن بولغان زېمىننى قايتۇرۇۋېلىشقا سېلىش قوينى يولۋاسلار ئارىسىغا كىرگۈزگەنلىك بىلەن باراۋەر. قوشۇنىمىزنى قايتۇرۇپ كەلسەك، ئۇلار مۇستەقىل ياشىيالمايدۇ. قوشۇن تۇرغۇزۇپ ئۇلارنى قوغدىغاندا، نۇرغۇن چىقىم تارتىمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى خەتەرلىك تەدبىرلەر. ئەقىلغە مۇۋاپىق ئىش ئەمەس. ئۇرۇشتىنمۇ خەتەرلىك ئىش بولماس، دىگەن تەمسىل بار. مۇداپىئەلىنىشلا تېچلىق بېرىدۇ. قۇمۇلغا سادىق، ئىتائەتمەن ۋاڭنى تەيىنلەشتە ئېھتىيات قىلساق، تۇرپاننىڭ ئولپان ئەۋەتىشىگىمۇ ئۆز لايىغىدا رۇخسەت قىلساق، قۇمۇل قەلئەسىنى قايتۇرۇۋېلىپ، كېيىنكى كۈنلەردە ئىشنى قايتا باشلاشقا ئىمكانىيەت ياراتساق، ئۇلارنىڭ مويسىپىتلىرىدىگە ئۆز مەجبۇرىيىتىنى داۋاملىق ئادا قىلىش توغرىسىدا يارلىق چىقارساق، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلاردىن ئەستايىدىل پەخەس بولۇپ مۇداپىئەلەنسەك، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىزنىڭ تەييارلىغىمىز پۈتۈپ، ئۇلار بىخىرامان ھالەتتە تۇرغاندا بىز خالىغىنىمىزنى قىلالايمىز“[24].

1529-يىلى، مىڭ سۇلالىسى تاڭ زى بىلەن لىيۇلىيەننىڭ تەكلى-

ۋىنى تەستىقلىدى. شۇندىن ئېتىۋارەن تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىما-
لىدىكى ئىشلار بىلەن مىڭ سۇلالىسىنىڭ كارى بولمىدى. شۇنداق
قىلىپ مىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە
كەلتۈرۈش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى مەغلۇبىيەت بىلەن
ئاياقلاشتى، بۇ ئاقىۋەتنى شۇ چاغدىكى ئوبيېكتىپ تارىخىي شارائىت
بەلگىلىگەن ئىدى. توپ سەۋەپ شۇكى، مىڭ سۇلالىسى تىيانشاننىڭ
جەنۇبى، ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە ھازىرلاشقا تېگىشلىك
كۈچكە ئىگە ئەمەس ئىدى.

كېيىنكى مەزگىللەردە مىڭ سۇلالىسىنىڭ لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلى،
موڭغۇل دالاسى ۋە يۈننەن، گۇيجۇ ئىگىزلىگىدە ئۇچرىغان ئوڭۇش-
سىزلىقلىرى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى دەلىلى ئىدى. ئەكسىچە، تىيانشاننىڭ
جەنۇبى ۋە شىمالىنى بۆلۈشۈۋالغان كۈچلەر گەرچە تارقاق بولسىمۇ،
لېكىن مەلۇم كونكرېت ۋاقىت ئىچىدە ۋە مۇئەييەن دائىرىدە
كۈچلۈك ئىدى. بولۇپمۇ 15-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا كۈچەيگەن
تۇرپاننىڭ تەسىر كۈچى مىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە
شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىدە ئاساسلىق توسالغۇ ئىدى.

## 5. مىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرى بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىلىرى

ئاشۇنداق تارىخىي شارائىتتىمۇ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي
رايونلىرىنىڭ قان تومۇرىنىڭ ۋەتەننىڭ قان تومۇرى بىلەن بىرگە تەڭ
سوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئىلى ۋادىسىدىكى ئېلىبالىق ھاكى-
مىيىتى، جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى ئويرات قەبىلىسى، تارىم ۋادىسىنىڭ
غەربىدىكى قەشقەر سۇلتانلىقى — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مىڭ

سۇلالىسى بىلەن ئىنىق سىياسى مۇناسىۋەت ئورناتقان ئىدى، ھەتتا مىڭ سۇلالىسى بىلەن كۆپ قېتىم ئېلىشقان تۇرپان ئويمانلىقىمۇ باشقىلارغا قارىغاندا مىڭ سۇلالىسى بىلەن تېخىمۇ قويۇق ۋە كەڭ مۇناسىۋەتتە بولغان، مەسىلەن، 1518-يىلى مەنسۇر قۇمۇلنى يەنە بىر قېتىم ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، مىڭ سۇلالىسىگە خوجا مەخمۇت باشچىلىقىدا ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتكەن. بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكى مىڭ سۇلالىسىگە: "قۇمۇلنىڭ ئىتائەتمەن ۋاكى بولغان باياچا ئۆز ئېلىنى باشقۇرالمىغانلىقتىن، مەنسۇر ئەسكەر ئەۋەتىپ ۋاكالىتەن باشقۇرۇۋاتىدۇ،" دەپ مەلۇم قىلغان، دېمەك، مەنسۇرنىڭ قۇمۇلغا قوشۇن تارتىشتىكى مەقسىدى مىڭ سۇلالىسى نامىدىن قۇمۇلنى باشقۇرۇش ئىدى. بۇ تۇرپان تەرەپنىڭ ئۆزىنى ئاقلاش ۋە ئۆز ئىشىنى يېپىشتىكى بىر بانىسى بولسىمۇ، لېكىن سىياسى مۇناسىۋەت دائىرىسىدىن قارىغاندا، مەنسۇرنىڭ بۇ ئىپادىلىرى تۇرپان بىلەن مىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتنى ئوبدان شەرھىلەپ بەردى.

بۇ مەزگىل دەل مەنسۇر ئىلى ۋادىسى قاتارلىق جايلاردا ئۆزىنىڭ ئىككى ئىنىسىنى مەغلۇپ قىلىپ بولغان مەزگىل ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەنسۇر ناھايىتى كىچىك بىر رايوننىڭ — بۇ رايون 9-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن شىجۇ ئۇيغۇرلىرى باشقۇرغان دائىرىگە توغرا كېلىدۇ — ھۆكۈمرانى بولۇپ قالغانلىقتىن، ئۇنىڭ سىياسى جەھەتتە ئۆزىنى مىڭ سۇلالىسىگە بېقىندىغان ئورۇنغا قويۇشى ناھايىتى تەبىئى ئىدى.

تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلارنىڭ ۋەتەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى پەقەت سىياسى جەھەتتىلا بولماستىن، بەلكى

ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ كۆپرەك ئىپادىلەنگەن. ئۇلار گويا چەك رىشتىگە ئوخشاش، ئۇيغۇر خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇشۇ رايوندىكى خەلقلەرنى ۋەتەن بىلەن چەمبەرچەس باغلىشىۋەتكەن.

ئىقتىسادىي ساھەدە كۆرۈلگەن ئالاقىلەر ھەمىشە دىگۈدەك سىياسىي توساقلاردىن داجىپ ئۆتۈپ، بەزىدە ھەتتا ئىككى تەرەپ ھۆكۈمرانلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنلىشىش ھىسسىياتىنى تۇتۇۋېلىپ، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى بېرىش-كېلىش ئېھتىياجىغا يول قويۇشقا مەجبۇر قىلغان.

تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى رايونلار بىلەن مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئالاقىسى ئاساسەن سوغا-سالام يەتكۈزۈش، ئىنئام-مۇكاپات بېرىش شەكلىدە بولۇپ تۇرغان. بىزگە مەلۇمكى، مىڭ سۇلالىسى دەسلەپتە غەربىي دىيار بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا بەل باغلىغان چاغدا، ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نىشانى ھەممىدىن بۇرۇن موڭغۇل دالاسىغا يېقىن جايلاردا ئۆزىگە مايىل كۈچلەرنى يېتىشتۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق موڭغۇل دالاسىنى تىزگىنلەپ تۇرغان يۈەن سۇلالىسىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىگە قارىتا ئىستىراتېگىيىلىك مۇھاسىرە ھاسىل قىلىش ئىدى. مۇشۇ نىشاننىڭ تۈرتكىسىدە مىڭ سۇلالىسى ئۆزى بىلەن بولۇۋاتقان ھەممە ئالاقىلەرگە، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي ئالاقىلەرگە بىر قەۋەت سىياسىي تۈس بېرىپ، شۇ ئارقىلىق سىياسىي داغدۇغا پەيدا قىلماقچى بولغان ئىدى. شۇڭا، ئولپان ۋە سوغا-سالام مۇناسىۋىتى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئېھتىياجىغا ئەڭ ئۇيغۇن كېلىدىغان شەكىل بولۇپ قالغان. 15-ئەسىردىن كېيىن، مىڭ سۇلالىسى بىلەن تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسا-

دىي بىرىش ـ كېلىشلەرنىڭ ھۆكۈمەت ھوججەتلىرىدە بىردەكلا "ئولپان تاپشۇرۇش" ۋە "سوغا ـ سالام قايتۇرۇش" دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەپ مانا مۇشۇ يەردە. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق ئولپان ۋە سوغا ـ سالام مۇناسىۋەتلىرىگە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى بىلەن تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلار ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان كەڭ ئىقتىسادىي بېرىش ـ كېلىش مۇناسىۋەتلىرى يوشۇرۇنغان. بۇ ئىقتىسادىي بېرىش ـ كېلىشلەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ئىككى رايوندىكى ھۆكۈمەتلەر ۋە شەخسلەر ئارا بولۇۋاتقان سودا پائالىيىتىدىن ئىبارەت ئىدى.

ئەمدى بىز يۇزەكى ھادىسىلەردىن ئۆتۈپ، مۇشۇ مەزگىلدە مىڭ سۇلالىسى بىلەن تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي بېرىش ـ كېلىشلەرنىڭ ھەقىقى ئەھۋالىغا نەزەر سېلىپ باقايلى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى رايونلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىشتا ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئېھتىياجى سىياسى جەھەتتىكى ئېھتىياجىدىن ئانچە قېلىشمايتتى. مىڭ سۇلالىسى بەرپا بولغان دەسلەپكى يىللاردا، ئۇرۇش يەنىلا ئۇنىڭ ھۆكۈمەت پائالىيەتلىرىدىكى ئاساسلىق مەزمۇنلارنىڭ بىرى ئىدى. 40 يىل ئىچىدە ئۇنىڭ موڭغۇل ئوتلىقىغا ئۈچ قېتىم قوشۇن تارتقانلىقى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى دەلىلى، ئەلۋەتتە. ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشكە، كۆپىنچە، ئۇرۇشنىڭ ئۆزىگە كەتكەن ۋاقىتتىن بىرقانچە ھەسسە كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ. مىڭ سۇلالىسىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولمىدى. ئۇ ھەر بىر ئۇرۇش ئارىلىقىدا ئوتلاقلاردا ئۇرۇش قىلىشقا لايىق ئاتلىق قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇشقا كۈچىنىڭ بىر قىسمىنى بېرىپ قىزغىنلىق بىلەن تىرىشقان، نەتىجىدە ئات مىڭ سۇلالىسىگە ئەڭ جىددىي ئېھتىياجلىق ماللارنىڭ

بىرى بولۇپ قالـغان. مۇشۇ مەقـسەتـتە مىـڭ سۇلالـىسى ئۆزىـنىڭ چېگرا رايونلىرىدا، مەسىلەن، كەيپىڭ، گۇاڭنىڭ، داتۇڭ، شۈەنفۇ، شىـنىڭ قاتارلىق جايـلاردا بىر تۇتاش ئات سودىـسى بازارلىـرىـنى ئېچىپ، ئەتراپتىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىـلـىلـەرنى ئات سودىـسى قىلىشقا جەلىپ قىلغان. بۇ سودا پائالىيەتلىرىنىڭ كۆلىمى ۋە ئەھمى-يىتى توغرىسىدا مىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدە نۇرغۇن مەلۇمات ۋە شەرھىلەر پۈتۈلگەن.

تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتەيلى، قۇمۇل، قوجۇ، لۈكـچۈن، تۇرپان، بېشـبالىق، ئېل بالىق قاتارلىق جايلارنىڭ مىڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن تۇنجى تۈركۈمدىكى ئولـپاڭ-لىرى ئېچىدە ئات ئىنتايىن زور سالماقنى ئىگەلـلـىگەن. قۇمۇل مىڭ سۇلالىسىگە بىرىنچى قېتىمدا 190 ئات ئەۋەتـتى. 1413-يىـلى 4740 ئات سوغا قىلدى. دېمەك، ئىككىنچى قېتىمدىكىسى بىرىنچى قېتىم-دىكىـسـىدىن بىرقانـچە ئون باراۋەر كۆپ بولـدى. مىڭ سۇلالـىسى بولسا دۆلەت غەزنىسىدىن مەبلەغ ئاجرىتىپ بۇ ئاتلارنىڭ ھەقـقىنى سوغا-سالام شەكلىدە تۆلىدى. روشەنكى، بۇنداق ئولپان ۋە سوغا-سالاملارغا نەق سودا مۇناسىۋىتى يوشۇرۇنغان. 1413-يىـلى، قۇمۇل رايونىـدىكى ھۆكـۈمەت تەرەپ ۋە خۇسۇسى سودىـگەرلەر مىڭ سولالىسىگە 3546 ئات سوغا قىلغان. مىـڭ سۇلالـىسى دۆلەت غەزنى-سىدىن 32 مىڭ يامبو، يۈز توپ رەڭـلىك يىپەك مال، 1500 توپ شايى ئاجـرىـتىپ، ئاتـلارنىڭ ھەقـقى ھېـساۋىـغا مۇكاپات بەرگەن. 1423-يىلى قۇمۇل رايونى يەنە مىڭ ئات، 336 تۆگە ئەۋەتـكەنـدە، مىڭ سۇلالىسى نۇرغۇن نەرسىلەر بىلەن مۇكاپاتلىغان ئىدى.

1422-يىلى، تۇرپان مىڭ سۇلالـىسىگە 1300 ئات سوغا قىلـغان.

مىڭ سۇلالىسى بولسا ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇپ مۇكاپات بېرىش شەكلى بىلەن دۆلەت غەزىنىسىدىن مەبلەغ ئاجرىتىپ ئات ھەققىنى تۆلىگەن ئىدى[25].

مىڭ سۇلالىسى ئىنئام-مۇكاپات بېرىشتە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا ئىشلىتىلىدىغان پۇللارنى بەرگەندىن تاشقىرى، رەخت، تاۋار-دۇردۇن، شۇنىڭدەك كۆندىلىك تۇرمۇشقا لازىملىق تۆنىكە ۋە كۆمۈش ئەسۋاپلارنىمۇ بەردى.

سودا مەنپەئەتلىرىنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن، جايلاردىكى ئولپان ئەلچىلىرى ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇردى. ئالدىنقى تۆركۆمدىكىلەر تېخى يانماي تۇرۇپلا، كېيىنكى تۆركۆمدىكىلەر يېتىپ كېلىپ تۇردى. ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ تەركىۋىدە كۆپ بولغاندا بىرقانچە يۈز، ئاز بولغاندا بىرقانچە ئون ئادەم بولدى. ۋاھالەنكى، بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى قوش ۋەزىپىلىك يەنى ھەم ھۆكۈمەت ئەلچىسى، ھەم سودىگەر ئىدى. بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئەلچىلەرگە يۈكلەنگەن سودا مەسئۇلىيىتى، كۆپ ھاللاردا، سىياسى مەسئۇلىيەتتىن ئېشىپ كەتتى.

مىڭ سۇلالىسىگە ئولپان يەتكۈزۈش بىر خىل قەرەلسىز، تەرتىپسىز ئىشقا ئايلىنىشقا باشلىدى. ئوخشاش بىر رايوندا ئۇنىڭ ھۆكۈمرانى مىڭ سۇلالىسىگە ئولپان يەتكۈزگۈچى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئەۋەتىپلا قالماستىن، خان جەمەتىدىكىلەرمۇ ھەممىشە مىڭ سۇلالىسىگە بىۋاستە ئولپان ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىپ تۇردى. ئەگەر يەرلىك ھۆكۈمرانلارنىڭ مىڭ سۇلالىسىگە ئولپان تاپشۇرۇشى بىر خىل سىياسى مەجبۇرىيەت دەيدىغان بولساق، ئۇ ھالدا، خان جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئولپان يەتكۈزۈشى تامامەن سودا جەھەتتىكى مەنپەئەتنى

كۆزلىدى.

ئولپان يەتكۈزگۈچى ئەلچىلەرنىڭ سودا پائالىيەتلىرىنى مىڭ سۇلالىسى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ئەلچىلەرنىڭ سودا پائالىيەتلىرىنىڭ كۆلىمى بارغانسېرى كېڭەيدى. ئۇلار ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاپ بولۇپ، قايتىش ۋاقتىدا ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىن بىرقانچە يۈز هارۋىلاپ مال سېتىۋالىدىغان بولدى. 1489-يىلى تۇرپاننىڭ ئولپان ئەلچىسى ھەسەن بىر قېتىمدىلا لىنچىڭجۇدا 50 ساندۇق رەڭلىك يىپەك مال سېتىۋالدى. نۇرغۇن ئەلچىلەر ھەتتا مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىلا سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلار مىڭ سۇلالىسى ئىنئام-مۇكاپات بەرگەن پۇللارغا مىڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختىدىن نۇرغۇن مال سېتىۋېلىپ، ئۇلارنى يول بويى سېتىش ئارقىلىق تاپاۋەت قىلدى㉖.

سودىدىن كېلىدىغان مەنپەئەت شۇنداق زور رول كۆرسەتتىكى، نۇرغۇن ئولپان ئەلچىلىرى ئۆز مەنسەپلىرىدىن ۋازكېچىپ، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا ئولتۇراقلىشىپ، سودا-سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشتى. تۇرپان ۋە قۇمۇلنىڭ ئۆز ئەلچىلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ مىڭ سۇلالىسىگە يازغان مەكتۇپلىرى ئولپان يەتكۈزگۈچى ئەلچىلەرنىڭ مىڭ سۇلالىسىدە ئولتۇراقلىشىپ سودا ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكىگە ئوبدان شاھىت بولالايدۇ.

بۇ مەزگىلدە تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى بىلەن مىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي بېرىش-كېلىشلەر ھۆكۈمەت يولى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ئىككى تەرەپ چېگرىلىنىدىغان جايلاردىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ بىر-بىرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشلىرىمۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر جەھەت بولۇپ قالدى. باشقا فېئودال

سۇلالە-خاندانلىقلارغا ئوخشاشلا، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئارخىۋىدىمۇ بۇ جەھەتتىكى تەپسىلات ۋە مەلۇماتلار قالدۇرۇلمىغان. شۇنداقتىمۇ مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز چېگرا رايونلىرىدا بولۇۋاتقان خۇسۇسىي سودا پائالىيەتلىرى توغرىسىدا بىر قاتار چەكلەش خاراكتېرىدىكى تەدبىرلەرنى قوللانغانلىقى مۇشۇ رايونلاردا غەيرىي ھۆكۈمەت خاراكتېرىدىكى سودا پائالىيەتلىرىنىڭ خېلى كەڭ كۆلەمدە بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى بۇ ئىش مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئارىلاشمىسا بولمايدىغان دەرىجىدە ئەۋج ئېلىپ كەتكەن ئىدى.

ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قويۇق بېرىش-كېلىشلەر ئىككىلا تەرەپكە غايەت زور پايدا ئېلىپ كەلدى.

مىڭ سۇلالىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، مىڭ سۇلالىسىگە تەرەپ-تەرەپتىن ئولپان يەتكۈزۈلۈۋاتقان قىزغىن دولقۇندا، مىڭ سۇلالىسى ھەم ئۆزىنىڭ سىياسىي ئابرويىنى كۈچەيتتى، ھەم ئۆزىگە جىددىي كېرەكلىك ماددىي بۇيۇملارغا ئېرىشتى. بولۇپمۇ مىڭ سۇلالىسى ئۆزى قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا پۈتۈنلەي ئەتراپتىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ يەتكۈزۈپ بەرگەن ئاتلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ غايەت زور ئاتلىق قوشۇنىنى ئۇيۇشتۇرۇۋالالىغان ئىدى. تىيانشاننىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالى ئۈچۈن ئېيتقاندا، سوغا-سالام يەتكۈزۈش ۋە ئىنئام-مۇكاپات بېرىشلەر تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرى بىلەن ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ئالاقە يولىنى راۋانلاشتۇردى ۋە كېڭەيتتى. بۇ ئارقىلىق تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلار ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا ئىشلەنگەن نۇرغۇن ماددىي بۇيۇملارغا ئېرىشىپلا قالماستىن، بەلكى يەرلىك

ئىقتىسادىي تارماقلار، بولۇپمۇ قول سانائىتى ۋە كانچىلىق سانائىتى ئۈچۈن يېڭى بازار ئاچتى ۋە ئۇلارغا چىقىش يولى تاپتى.

مىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلار بىلەن ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق بېرىش-كېلىشلەرنىڭ چوڭقۇر ئەھمىيىتى يەنە شۇ يەردىكى، ئۇ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلارنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ باشقا قىسىملىرى بىلەن بولغان ئۇزاق تارىختا ئىگە ئالاقىسىدە كەم بولسا بولمايدىغان ھالقا بولۇپ شەكىللەندى.

مىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى بىلەن بولغان ئالاقىسى دائىرىسىدە خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە تەرجىمە ئورگانلىرىنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقى ۋە تەرجىمە خادىملىرىنىڭ كۆپلەپ بارلىققا كەلگەنلىكى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك شەيئى. مىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە خەت-ئالاقىلەرنى تەرجىمە قىلىشقا مەسئۇل بولغان ئورگان "ئىدىقۇت مەھكىمىسى" دەپ ئاتالغان. "ئىدىقۇت مەھكىمىسى مەكتۇپلىرى" مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئارخىۋىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. مىڭ سۇلالىسى مەركىزىي تەرجىمە ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرى ئۇيغۇرلار بىلەن مىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى خەت-ئالاقىلەرنى تەرجىمە قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۆتەش بىلەنلا قالماي، ئەلچىلەرگە ھەمرا بولۇش مەسئۇلىيىتىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالغان. تەرجىمە خادىملىرىنىڭ چېگرا ئىشلىرى توغرىسىدىكى بەزى چۈشەنچە ۋە پىكىرلىرى ھەمىشە مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ چېگرا ئىشلىرىغا دائىر سىياسەتلەرنى تۈزۈشىگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرغان.

ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا ئۇيغۇرچە تەرجىمە ئورگانلىرى قۇبلاي

دەۋرىدىلا يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەركىزىدە تەسىس قىلىنغان ئىدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇنىڭدىن پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى، ئۇ بۇنداق تەرجىمە ئورگانلىرىنى مەركەزدىلا ئەمەس، بەلكى چېگرا مۇداپىئە ھەربىي ئورگانلىرىدىمۇ تەسىس قىلدى. ئۇنىڭ قۇمۇلدا تەسىس قىلغان تەرجىمە ئورگىنى مەركىزىي تەرجىمە ئورگانلىرىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى. ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە تەرجىمە ئورگانلىرىنىڭ ئومۇملاشقانلىقى ئۇيغۇرلار بىلەن ئوتتۇرا جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنىڭ ئاۋات مەنزىرىسىنى يەنە بىر جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرگەن، بۇنى يەنە شەرھلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز.

تارىخ بۇ تەرجىمە ئورگانلىرى ۋە بۇ ئورگانلاردىكى تەرجىمە خادىملىرىنىڭ تۆھپىسىگە مۇقەررەر يوسۇندا مەدھىيە بېغىشلايدۇ. ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى بىلەن سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلىرىدە ئالاقىلىشىشىدا مۇھىم ۋاستە بولغان ئىدى.

## ئىككىنچى بۆلۈم داۋالغۇش مەزگىلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى

مىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مۇرادىغا يېتەلمىگەنلىكى مىڭ سۇلالىسىگىلا مەغلۇبىيىتى بولۇپ قالماي، بەلكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدىمۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدە كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇيغۇرلار رايونى بىرلىككە كەلگەن مەمۇرى باشقۇرۇشتىن مەھرۇم قىلىنغانلىقتىن،

ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتى چېكىنىشكە يۈزلىنىپ، داۋاملىق ھالدا زەئىپلەشتى ۋە قالايمىقانچىلىق ئىچىگە پېتىپ قالدى.

بۇ مەزگىل ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدا ئۇرۇش پاراكەندىچىلىگى قايتىدىن ئەۋج ئالغان مەزگىل ئىدى. ئۇنىڭ داۋام قىلغان ۋاقتى ۋە نابۇت قىلىش خاراكتېرى مۇشۇ رايوننىڭ تارىخىدا مىسلىسىز ئىدى.

خىزىر خوجىدىن تارتىپ ئۆۋەيس ئىلى ۋادىسىغا كۆچۈپ بارغانغا قەدەر، بېشبالىق ھاكىمىيىتىدە تۆت قېتىم خان ئالماشتى. ھەر قېتىم خان ئالماشقاندا، مۇستەسناسىز ھالدا قالايمىقانچىلىق ۋە ئۇرۇش بولۇپ تۇردى. ئۆۋەيس خانلىق تالىشىپ ئاقسۇدا ئىككى قېتىم توپىلاڭ كۆتەردى. نەتىجىدە ئالتە يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئاقسۇ بىلەن بېشبالىق ئارىلىغىدىكى جايلار ئىككى نۆۋەت جەڭ مەيدانىغا ئايلاندى. ئىل بالىق ھاكىمىيىتى مەزگىلىدە، ئۇرۇش ئوتى يالقۇنلىرى پۈتكۈل تارىم ۋادىسى ئەتراپىنى دىگۇدەك قاپلاپ كەتتى. تارىم ۋادىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا، قۇمۇل بىلەن ئويراتلار ئوتتۇرىسىدا، تۇرپان بىلەن مىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا توختىماي ئۇرۇش ۋە توقۇنۇش بولۇپ تۇردى. تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىدىمۇ، قەشقەر سۇلتانى ماۋەرائۇننەھر رايونىدىكى تۆمۈرلەڭ ئەۋلادلىرى بىلەن، شۇنىڭدەك ئىل بالىق ھاكىمىيىتى بىلەن ئۈزلۈكسىز توقۇنۇشۇپ ۋە ئۇرۇشۇپ تۇردى.

## 1. داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقان شارائىتتىكى ئۇيغۇر ئىقتىسادى

مۇشۇ مەزگىلدە تارىم ۋادىسى ئەتراپىنى قاپلاپ كەتكەن ئۇرۇشلار شۇ رايوندىكى ئىجتىمائىي ئىگىلىككە كەلتۈرگەن زىيان-

زەخمەتنى تامامەن تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن. دېخانچىلىق مەۋسۇم-لىرى قولدىن كەتتى، سۇ ئىنشائاتلىرى ئوڭلانماي تاشلىنىپ قالدى، تېرىلغۇ ئۇلاقلىرى بۇلاپ-تالاندى، زىرائەتلەر دەسسەپ نابۇت قىلىندى، قاتناش ئۈزۈپ تاشلاندى، شەھەر-بازارلار چۆللىشىپ كەتتى، ھەممە ھۈنەر-كەسىپ ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى، ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا دۇچ-كەلدى.

لېكىن بۇ ئۇيغۇر خەلقى تارتىۋاتقان بىردىن-بىر ئازاپ ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يەلكىسىنى يەنە بىر خىل كۈلپەت بېسىپ تۇراتتى. ئۇ بولسىمۇ يەرلىك ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلمى ۋە ئېكسپې-لاتاتسىيىسى ئىدى. بۇنداق زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە يىل بويى ئۈستى-ئۈستىگە بولۇپ تۇرغانلىقتىن، ئۇيغۇر خەلقىغە ئۇرۇشتىنمۇ بەتتەر ئېغىرچىلىقنى كەلتۈرگەن ئىدى.

بۇ ئىنتايىن كەڭ دائىرىلىك ھادىسە ئىدى. بۇ يەردە بىز پەقەت قۇمۇل ھۆكۈمرانى بىلەن قەشقەر سۇلتانىنىڭ زالىملىقىنى مىسال قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شۇ ۋاقىتلاردا تارتقان ئېغىر كۈنلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

قۇمۇل ھۆكۈمرانى توغرىسىدا، بىز مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شېن ماۋشاڭ ئىسىملىك كىشى يازغان «چېگرا قەبىلىلىرى ھەققىدە مەلۇمات» دېگەن كىتاپتىن مۇنۇ نەقىلنى كەلتۈرىمىز: "جېڭدې 8-يىلى (1513-يىلى) قۇمۇل قورۇغىنىڭ چوڭ-كىچىك باشلىقلىرىدىن بۇرھان قۇلى، ئوڭ قول مەمۇرى مەسلىھەتچى ئىسھاق، سول قولبەگ قۇتلۇق مەخمۇتلاردىن كەلگەن مەلۇماتتا مۇنداق دېيىلدۇ: سۇلتان باياچا كىشىلەرگە زىيان-زەخمەت

يەتكۈزمەكتە، ھەر بىر ئائىلىدىن ئۈچ دادەن بۇغداي بۇلاپ ئالماقتا، سېمىز قوي، كاللارنى بۇلىۋېلىپ، ئۆلتۈرۈپ يېمەكتە. كېچىدە تۇراسىدا (خاننىڭ تۇرارجايى — ئېگىز توپا دۆڭ) ياتماي، پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ، خوتۇن-قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلماقتا. جامائەت ۋە تۇتۇق يانقى بۇغرا نەسىھەت بەرگەندە، ئۇ ساۋۇتىنى كىيىپ، يانقى بۇغرانى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. يانقى بۇغرا قورقۇپ قەلئەدىن قېچىپ چىقىپ، تۇراسىدا ئۈچ كۈن تۇرۇپلا سۇجۇغا كەتتى.»

تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى نۇرغۇن رايونلارنى ئۆز ئىلكىگە ئالغان قەشقەر سۇلتانى ئابابەكرى خوتەندىكى بىر قەدىمىي قەۋرىدىن نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈش ۋە باشقا بۇيۇملارنىڭ تېپىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇن مىڭلىغان ئاھالىلەرگە قەشقەر، يەركەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردا يەرلەرنى قازدۇرۇپ بايلىق ئىزدىگەن. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ھويلا-ئارامىلار ۋە شەھەر قۇرۇلۇشلىرى ئوڭتەي-توڭتەي قىلىۋېتىلگەن[27].

ئابابەكرى ھالاكەتكە يۈزلىنىپ شىزاڭ تەرەپكە قاچقاندا، بىر قانچە يىلدىن بۇيان تالان-تاراج قىلغان ئالتۇن، كۈمۈش، گۆھەر، مەرۋايىتلىرىنى 900 خېچىرغا ئارتىپمۇ تولۇق ئېلىپ كېتەلمىگەن. كوئېنلۇن تېغى ئېتىكىدە قېچىشقا ئامال قىلالمىغاندا، بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، كىشىنى چۆچۈتىدىغان بۇ نۇرغۇن بايلىقنى قاراقىغۇ دەرياسىغا تۆكتۈرۈۋەتكەن. بىرقانچە يىللاردىن كېيىنمۇ كىشىلەر بۇ يەردىن شۇ ۋاقىتتا سۇغا تۆكۈۋېتىلگەن ئالتۇن، كۈمۈش، گۆھەر، مەرۋايىتلارنى تېپىۋېلىپ تۇرغان[28]. ھالبۇكى، ئابابەكرىنىڭ ئېلىپ كېتەلمىگەن ۋە باشقىلارنىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىپ قالغان نەرسىلىرى

تېخىمۇ بىھساپ ئىدى.

«تارىخى رەشىدى» ناملىق كىتاپنىڭ مۇئەللىپى مىرزا ھەيدەر كوراگان شۇ ۋاقىتتا غەلىبە قىلغۇچى سۈپىتىدە ئاتابەكرىدىن قالغان بايلىقتىن بىر قىسمىنى بۆلۈشۈۋالغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «تارىخى رەشىدى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: "ئۇ ۋاقىتتا مەن 16، 17 ياشلاردا ئىدىم، پۇل-دۇنياغا ئانچە رىغبىتىم يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ تەقسىماتتا ماڭا 17 مىڭ قوي تەگدى، پۇل-دۇنياغا رىغبىتى بولغان ئادەملەرنىڭ قانچىلىك ئالغانلىقىنى، پۇل، غەنىمەت-ئولجىنىڭ تولىلىقىنى بۇنىڭدىن قىياس قىلغىلى بولىدۇ"㉙.

ئاتابەكرى ۋەھشى ئېكسپىلاتاتسىيىچى بولۇپلا قالماي، بەلكى زالىم ئىدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن كېيىنكى ۋاقىتلاردا "ئاھالىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا كۆچۈپ يۈرۈشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ" دېگەن بەلگىلىمىنى چىقارغان. «تارىخى رەشىدى» (زەيلى)نىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، شۇ ۋاقىتتا قانۇنسىز كۆچكەن دېگەن بەتنام بىلەن 3000 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ پۇتى كېسىپ تاشلانغان.

پاتىپاراق بولۇپ كەتكەن سىياسى ھالەت ۋە دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئىجتىمائى ئىگىلىكىنى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى.

15-ئەسىردە، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا بارغان مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى چېن چېڭ خوتەن رايونىنىڭ ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ "ئۇدۇن (خوتەن) ئاھالىسى ئون مىڭدىن ئاشىدۇ. لېكىن ھەممىسى تاقىقا قېچىپ كەتكەن" دەپ يازغان. ئاقسۇ رايونىدىكى پۇقرالار ئېنىل بالىق ھاكىمىيىتىگە ياردەملەشكەنلىكى ئۈچۈن، ئاتابەكرى بۇ قەلئەنى تۈزلىۋەتتى، شۇنىڭدىن

تارتىپ ئاقسۇ قەلئەسى 16 يىل خارابىلىقتا ئايلىنىپ، يىرتقۇچ هايۋانلارنىڭ ماكانى بولۇپ قالدى[30].

قەشقەر، يەركەن قاتارلىق جايلاردا بولسا شۇ قېتىمقى ئەخمەقانە يەر قازدۇرۇپ بايلىق ئىزدەشتىن كېيىن بۇ شەھەرلەرنىڭ مەنزىرىسى پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ، ۋەيرانىلىقتا ئايلىنىپ كەتتى. قۇمۇل قەلئەسى 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئوڭلاپ ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان هالەتكە يەتتى. يەرلىك ئاهالىلەر تەرەپ ـ تەرەپكە سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ قېچىپ كەتتى، پەقەت 1524 ـ يىلدىلا خېشى كارىدورى رايونىغا قېچىپ بارغان قۇمۇل ئاهالىسى مىڭدىن ئاشتى. خېشى رايونىغا قېچىپ بارغان ئۇيغۇرلار كېيىنكى يىللاردا يەرلىك يۇگۇ (سېرىق ئۇيغۇرلار) مىللىتىگە قوشۇلۇپ كەتتى. هازىرغا قەدەر يۇگۇ مىللىتىدە ئۆز ئەجداتلىرىنىڭ تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىن كەلگەنلىكىنى هىكايە قىلىدىغان رىۋايەتلەر بار. بۇ رىۋايەتلەر ئەنە شۇ مەزگىللەردە قۇمۇل هەتتا خوتەن رايونىدىن خېشى رايونىغا كۆچۈپ بارغان شۇ ئۇيغۇرلار توغرىسىدا بارىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى ئىگىلىكىنىڭ بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچراش دەرىجىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى سەۋىيىسىنىڭ جىددى تۆۋەنلىگەنلىكىدىمۇ ئەكس ئەتتى. تۇرپاننى مىسالغا ئالايلى. خېلى بۇرۇندىن تارتىپلا تۇرپان ئويمانلىقى ئۆزىنىڭ مۇكەممەل ۋە ئۆزىگە خاس سۇغىرىش تورلىرى، مول بايلىق مەنبەلىرى بىلەن مەملىكىتىمىزگە، شۇنداقلا دۇنياغا مەشهۇر ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ كارىزلىرى — بىر قاتار يوشۇرۇن ۋە ئوچۇق قۇدۇقلاردىن هاسىل بولغان مۇكەممەل سۇغىرىش تورلىرى — ئەتراپتىكى رايونلارغا مۆجىزە بولۇپ كۆرۈنگەن ئىدى. ئوتتۇرا جوڭگو رايونى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئىگىزلى-

گىدىكى سۈيى كەمچىل رايونلار ئۇنىڭدىن ناھايىتى كۆپ ئۇدۇم ئالغان ئىدى. بىراق، 15 ـ ئەسىردىن كېيىن، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ سۇغىرىش تورلىرى تامامەن نابۇت بولۇپ كەتتى. «ئىسلام قامۇسى» ناملىق كىتاپنىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، ئۆۋەيس تەختتە تۇرغان دەۋرلەردە (1418 ــ 1428) كارىزلار ۋاقتىدا رېمونت قىلىنىپ تۇرۇلمىغانلىقتىن، تۇرپان ۋادىسىدىكى سۇغىرىش ئىشلىرى ساپال قاچىلار بىلەن قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ يەرلەرنى سۇغىرىشتەك بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. تۇرپان ئويمانلىقىدەك مۇشۇنداق ئىسسىق بولىدىغان ۋە سۈيى كەم رايوندا قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ، يەرلەرنى سۇغىرىپ، تۈزۈك ھوسۇل ئېلىش ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس.

15 ـ ۋە 16 ـ ئەسىرلەردە، دەۋرنىڭ تەتۈر ئېقىمى گەرچە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا ئۆزلۈكسىز زەربە بېرىپ، ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقلىرىنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى بايلىقىنى نابۇت قىلىپ تاشلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بۇ مىللەتنىڭ داۋاملىق راۋاج تېپىش يۈزلىنىشىنى توسالمىدى. مۇھىتنىڭ قانچىلىك مۈشكۈل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇيغۇر خەلقى ۋاقىت ئېقىمىدا ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى داۋاملىق يارىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ بۇ زېمىنىنى ئۆزلۈكسىز ئۆزلەشتۈرۈپ گۈللەندۈردى.

بۇ مەزگىلدە، خوتەن رايونىدا بۇغداي، كۆممە قوناق، كەندىر تېپىدىكى زىرائەتلەر، پاختا داۋاملىق ئۆستۈرۈلدى ۋە ئۇزاق تارىخقا ئىگە پىلىچىلىك داۋاملاشتۇرۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا بۇ رايون يەنە قۇستە، ئىپار، مەستىكى رۇمى، ھىلىك، سىماپ، كەھرىۋا، قاش تېشى قاتارلىق نەرسىلىرى بىلەنمۇ مەشھۇر ئىدى. خوتەننىڭ قاشتېشى ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئابرويىنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى.

تۇقۇمچىلىق جەھەتتە، بۇ يەردە ئىشلەپچىقىرىلىۋاتقان تۈرلۈك يىپەك ماللار، يۇڭ ماللار، بولۇپمۇ ھەر خىل گىلەملەر خوتەننىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ شەكىللەندى.

قەشقەر رايونىدا دىخانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ تۈرى ھەم كۆلىمى بۇنىڭدىن بىر ئەسىر بۇرۇنقىغا قارىغاندا، يەنىمۇ راۋاجلاندى. ئەنئەنىۋى زىرائەتلەرنى ھىساپقا ئالمىغاندا، ئۈجمە ۋە شال قاتارلىقلار قەشقەر تۈزلەڭلىكىدىمۇ ئۆستۈرۈلۈشكە باشلىدى. تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى بوستانلىقلار ئۇرۇشتا ۋەيران قىلىپ تاشلانغانلىغى ئۈچۈن، قەشقەر رايونى شۇ ۋاقىتتا ئاشلىق يېتىشتۈرۈلىدىغان ئاساسلىق رايون بولۇپ قالدى. قەشقەردىن چەت جايلارغا توشۇلىدىغان نەرسىلەر ئىچىدە يەنە مەرۋايىت، ئالتۇن، كۈمۈش ھەم باشقا كان بايلىقلىرىمۇ بار ئىدى.

تۇرپان ئويمانلىغى باغۋەنچىلىك، پاختىچىلىق ۋە پاختا رەخت جەھەتتە يەنىلا داۋاملىق تۈردە باشلامچى ئورۇندا تۇردى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ قورال-ياراق ئىشلەش ئىشلىرى پۈتكۈل ئۇيغۇر رايونىدا ئىزچىل تۈردە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كەلدى. تۇرپان ئويمانلىغىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئىگىلىك تارمىقى چارۋىچىلىق ئىدى. مىڭ سۇلالىسى بىلەن كەڭ كۆلەمدە ۋە زور تۈركۈمدە ئات سودىسى قىلىشقانلىغى بۇ رايوندىكى چارۋىچىلىقنىڭ ناھايىتى تەرەققى قىلغانلىغىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شۇ مەزگىللەردە مەيدانغا كەلگەن ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدىمۇ، شەخسلەرنىڭ ساياھەت خاتىرىلىرىدىمۇ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ باغۋەنچىلىكتە ماھىر ئىكەنلىكى ۋە بۇ ئىشقا زور ئىشتىياق باغلىغانلىغى بىردەك مەدھىيىلەنگەن. يەركەن، قەشقەر، خوتەن، كۇچار،

تۇرپان، قاتارلىق جايلاردا باغ دەپ ئاتالغان سورۇنلار يېزا ۋە شەھەر ئەتراپى رايونلىرىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغىچە ئومۇملاشتى. بۇلارنىڭ بىر قىسمى نوقۇل ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدە بولغان، زور كۆپ قىسمى ھويلا-ئارامىلارنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن بىنا قىلىنغان.

داۋالغۇشلار ۋە زۇلۇملار ھەسسىلەپ ئاشقان 15-ۋە 16-ئەسىرلەردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەيسەر، ئېغىشماس روھ بىلەن ئۆز ئەتراپىدا تۇرمۇش مۇھىتىنى يارىتىشقا تىرىشقانلىقى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشقا بولغان ئىشەنچىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ناھەقچىلىق ۋە تەبىئەتكە قارشى كۈرەش قىلىش روھىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئېنگېلس مۇنداق دېگەن ئىدى: "سىنىپ ۋۇجۇتقا كەلگەندىن بۇيان، جەمئىيەتنىڭ ئەمگەكچىلەر سىنىپىسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەۋرى زادى بولۇپ باقمىغان... جەمئىيەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانمايدىغان يۇقۇرى تەبىقىدە قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىشلەپچىقارغۇچىلار سىنىپى بولمىسا، جەمئىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ." ئىنقىلاۋىي ئۇستاز ئېنگېلسنىڭ بۇ ھۆكمى بىزنىڭ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ 15-، 16-ئەسىرلەردىكى ئەنە شۇنداق پاتىپاراقچىلىق بولغان شارائىتتىمۇ داۋاملىق ھالدا ماددى-مەنىۋى بايلىق ياراتقان تارىخىي پائالىيەتلىرىنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

## 2. داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقان شارائىتتىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى

15-ۋە 16-ئەسىرلەردىن كېيىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدا

بىر تۇتاش مەمۇرى باشقۇرۇشتىن مەھرۇم قىلىنغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن داۋالغۇشلار پەيدا قىلغان چېكىنىش ئالامەتلىرى ھەممىلا يەردە دىگۈدەك كۆرۈنۈپ تۇردى. بۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەنە شۇ دەۋر تامغىسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان. تۇراقسىزلىق ۋە پەسىيىش مۇشۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسلىق ئالامەتلىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئەمدى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنى يەنى يېزىق، تىل، مۇزىكا، ئەدەبىيات، دىن ۋە ئېرقى قوشۇلۇش ئەھۋاللىرىنى بىر-بىرلەپ تەھلىل قىلىپ ئۆتەيلى.

يېزىق:

مۇشۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر يېزىقلىرى ئاخىرقى ھېساپتا ئۈزۈل-كېسىل بىرلىككە كەلدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى نامايەندىسى مىڭ سۇلالىسى جىيايۈگۇەنىنى تاقاپ، سوغا-سالام يەتكۈزۈش يولىنى بوغۇپ تاشلىغان ۋە قۇمۇل مەنسۇرنىڭ قولىغا ئۆتكەن مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ. «ئىدىقۇت مەھكىمىسى مەكتۇپلىرى»دا ساقلانغىنى قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، بولۇپمۇ قۇمۇل رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قوللىنىلغانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خاتىرىسى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئەرەبچە ھەرپلەر ئاساس قىلىنغان يېڭى ئۇيغۇر يېزىغى ئۇيغۇرلار ئۆزئارا ئالاقىدا قوللىنىدىغان بىردىن-بىر يېزىققا ئايلانغان. مەھمۇت قەشقەرىنى مۇقەددىمە قىلىپ باشلانغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن پارس-ئەرەب مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئىركىشىش دەۋرى ھەممىدىن بۇرۇن يېزىق ساھەسىدە ئاياقلاشتى. بۇ دەۋر قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشىدىن چېكىنىپ چىقىشى

بىلەن تاماملاندى.

تىل:

بۇ يەردە بىز ئاساسەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكا قىسمىنى كۆزدە تۇتىمىز، مۇشۇ ساھەدە ئۇيغۇر تىلى ھەممە تۇغان-تۇساقلاردىن مەھرۇم قالدى. پارسچە ۋە ئەرەبچە ئاتالغۇلار ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىغا كۆپلەپ كىرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى ۋە دىنى تۇرمۇشىدا كەڭ ئورۇن ئالدى.

ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ بەزى ساھەلىرىدە ۋە بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىلىرى ئارىسىدا ئۆز مىللى تىلىدىن ۋازكېچىپ، پارسچە ۋە ئەرەبچە ئارقىلىق ئالاقىلىشىش ۋە شۇ تىللاردا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا زورۇقۇش خاھىشلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بىر ئەسىردىن كېيىن بۇ خاھىش دەۋر ئېقىمىغا ئايلىنىپ، ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدە ھەتتا ئۇيغۇر تىلى ئاشكارا چەكلەندى. 17-ئەسىردىن كېيىن ئۇيغۇر شائىر ۋە ئەدىپلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك پارسچە ياكى ئەرەبچە بىلەن يېزىقچىلىق قىلىدىغان بولدى.

قارىماققا، بۇ گويا بىر خىل يېڭىش ئەھۋالى ئىدى.

بىزگە مەلۇمكى، 13-ئەسىردىن كېيىن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدە ئېرىشكەن ئۇستۇنلۇكىدىن پايدىلىنىپ ۋە بۇ ئىمپېرىيىنىڭ كۈچىگە سۆيۈنۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرقىي ئىران ئىگىزلىكىدە بىر مەھەل تارقالغان ئىدى. بەزى رايونلاردا، ئېيتايلۇق، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇر تىلى ھەتتا پارس ۋە ئەرەب تىللىرىنى ئىجتىمائى تۇرمۇشتىن قاتتىق يەكلەپ تاشلىغان ئىدى.

قارشىلىشىش ۋە تىركىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى كەڭ تۇردە

ئۇچرىشىشتىن ئىبارەت. ئۇيغۇر تىلى پارس ۋە ئەرەب تىللىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئىران ئىگىزلىكىدە كەڭ تۇردە ئۇچراشقانلىقتىن، ئاخىر مۇشۇنداق قارشىلىشىش ۋە ئىركىشىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى.

دەل مۇشۇنداق ئۇچرىشىش پارس ۋە ئەرەب تىللىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشى ئۈچۈن ئۇرۇق چاچتى. ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئىگىزلىكىدە سىياسى يۆلەنچۈكىدىن ئايرىلغان هامان، بۇ ئۇرۇق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشىدا بىخ ئۇرۇپ چىقىپ چېچەكلىدى، ھەتتا بىر ئەسىردىن كېيىن رەسمىي مىۋە بېرىشكە باشلىدى.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئىگىزلىكىدىكى ئورنى تەخمىنەن چىڭگىزخانىنىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسى پارچىلانغاندىن كېيىن تەۋرىنىشكە باشلىدى، ۋاھالەنكى، چاغاتاي خاندانلىغىنىڭ يىمىرىلىشى ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۇ رايونلاردىكى ئىمتىيازلىق ئورۇندىن مەھرۇم قالغانلىغىنى جاكالىدى. بۇ ۋاقىت خىزىر خوجىنىڭ بىش-بالىقتا كۆچۈپ بارغان ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن پارس ۋە ئەرەب تىللىرى دەۋر ئېقىمى سۈپىتىدە قارشى تەرەپنىڭ سېپىگە بۆسۈپ كىرىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئورنىغا دەسسىگەندىن تاشقىرى، ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان تىياند-شاننىڭ جەنۇبىغىمۇ يامراپ كىرىشكە باشلىدى.

14-ۋە 15-ئەسىرلەردە چاغاتاي تىلىدا بۈيۈك ۋە شانلىق ئەسەرلەرنى يازغان لۇتفى، سەككاكى، ناۋايى قاتارلىقلار گەرچە ئۆز مىللى تىلى بىلەن پەخىرلىنىپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى پارس، ئەرەب تىللىرى بىلەن پىششىق تونۇش

ئىدى. لۇتفى پارس شائىرى شەرەفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ داستانى «زەپەرنامە»نى پارسچىدىن تەرجىمە قىلغان، سەككاكى پارس ۋە ئەرەب تىللىرىغا ئىنتايىن پىششىق ئىدى. ناۋايىمۇ ئەرەب ۋە پارس تىللىرىغا ئىنتايىن مۇكەممەل ئىدى. شۇ ۋاقىتتا ئەدىپلەر ناۋايىنى "ئىككى تىللىق شائىر" دەپ مەدھىيىلىگەن. ناۋايىنىڭ "فانى" دىگەن پارسچە تەخەللۇسىمۇ بولغان. ئۇ مۇشۇ تەخەللۇس بىلەن چاغاتاي تىلىدا يازغان ئەسەرلىرىدىن بەدىئىيلىگى ۋە ئىدىيە-ۋىلىگى ئانچە قىلىشمايدىغان پارسچە ۋە ئەرەبچە شېئىرلارنى يازغان.

سۆزسىزكى، پارس ۋە ئەرەب تىللىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشىدا كۆۋرۈكلۈك ۋە باشلامچىلىق رول ئوينىغانلار دەل مۇشۇ تىللارنى ئوبدان بىلگەن ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئىدى، گەرچە ئۇلار ئۆزلىرىنى مىللى تىلنى قوغدىغۇچىلار دەپ تەرغىپ قىلغان بولسىمۇ.

پارس ۋە ئەرەب تىللىرىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا يامراپ كېتىشىنىڭ سەۋەپلىرىنى ئىزدىگىنىمىزدە، مىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشانىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىلەن پەيدا بولغان سىياسى ۋەزىيەتتىكى قالايمىقان-چىلىقنىڭ ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىغا كۆپ-لەپ سىڭىپ كىرىشى ئۇچۇن يوچۇق ئېچىپ بەرگەنلىگى ئايان بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىغا يۆلەنچۈك بولغان بىر قاتار ھاكىمىيەتلەر يەنى چىڭگىزخان-نىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسى، چاغاتاي خاندانلىغى، بېشبالىق ھاكىمى-يىتى ۋە ئېلى بالىق ھاكىمىيىتىنىڭ يوقىلىشى ئۇيغۇر تىلىنى ئۆزى تارقالغان رايونلاردا سىياسى كۈچتىن مەھرۇم قىلىپلا قالماستىن، ئۇيغۇرلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدا

چەتئەل تىللىرىنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىدىنمۇ مەھرۇم قىلدى.

بۇنىڭدىن باشقا، بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر تىلى موڭغۇلچە ئاتالغۇلار بىلەنمۇ ئۆزىنى تولۇقلىدى، بولۇپمۇ باج-سېلىق جەھەتتىكى ئاتالغۇلارنىڭ موڭغۇلچىدىن قوبۇل قىلىنغانلىرى تېخىمۇ كۆپ بولدى.

مۇزىكا:

شۇ مەزگىللەردە، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇزىكا ساھەسىدىمۇ پارس ۋە ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ ئالامەتلىرى كەڭ كۆرۈندى. ھەممىدىن ئاۋال، ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئېگىزلىكىگە تارقالغان چوڭ تىپتىكى نەغمىلەر ئەرەب ۋە پارس تاجىكنى كىيىپ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا قايتىپ كەلدى. مۇقام دېگەن ئەرەبچە ئاتالغۇ بۇ چوڭ تىپتىكى نەغمىلەرنى ئاتاشقا تەتبىقلاندى. ھەتتا ھەربىر تارماقنىڭ ماۋزۇلىرىمۇ پارس ۋە ئەرەبچە ئاتالدى. بۇ ئۆزگىرىش جەريانى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئېگىزلىكىدىكى ئۆزگىرىش جەريانى بىلەن بىردەك بولغان. تىلدىن پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى، بۇ جەرياندا چوڭ تىپتىكى بۇ نەغمىلەر نۇرغۇن جايلارنى كېزىپ، بىرمۇنچە مۇرەككەپ جەريانلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئۆزىگە خاس ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى داۋاملىق ساقلاپ قالالىغان ھەم شۇ جايلاردىكى خەلقنىڭ مۇقام شەكلىدىكى مۇزىكىلارنى يارىتىشىغا ئىلھام بولغان.

ئەلۋەتتە، بۇ چوڭ تىپتىكى نەغمىلەردە شۇنچىۋالا جەريانلارنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىنمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىش كۆرۈلمىدى دېيىش قىيىن. شۈبھىسىزكى، 13-ئەسىردىكى داغدۇغىلىق تارىخىي بورۇلۇشلاردا پامىر ئېگىزلىكىنىڭ غەربىدىكى رايونلارغا تارقالغان بۇ

چوڭ تىپتىكى نەغمىلەر يات ئەلچە نامى بىلەن تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا يېڭىۋاشتىن قايتىپ كەلگەندە، ئۇلارغا ئاشۇ رايونلاردىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە ئەمگىكى سىڭدۈرۈلگەن.

16-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يەركەن خاندانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇرېشىتخاننىڭ تەشەببۇسى بىلەن بۇ چوڭ تىپتىكى نەغمىلەر سىستېمىلىق رەتلەپ چىقىلغاندىن كېيىن، مۇقام دېگەن نامى بىلەن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت غەزىنىسىگە كىرىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بىز مۇشۇ باپتا بايان قىلىۋاتقان دەۋردە مۇكەممەللەش-كەن. شۇنىڭدىن بىر ئەسىر بۇرۇن ۋۇجۇتقا كەلگەن بىرمۇنچە مۇقام باپلىرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ۋىسال، چاھارزەرپ، مۇشاۋىرەك، بىيادەك، دوگا، سىگاھ، چارىگاھ، پەنجىگاھ قاتارلىق مۇقاملار بۇ مەزگىللەردە ۋۇجۇتقا كەلگەن.

15-ۋە 16-ئەسىرلەردە مۇقامنىڭ رەتلىنىشىگە ۋە پىششىقلاپ ئىشلىنىشىگە ئەھمىيەتلىك مۇھىم ھەسسە قوشقانلار قىدىرخان، ئامانىساخان ۋە پالۋان مۇھەممەت كۈچتۈكگۈرلەردىن ئىبارەت.

ئەدەبىيات:

بۇ مەزگىلدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقەرى، ئەخمەت يۈكنەكى، لۇتفى، سەككاكى، ناۋايىلارغا ئوخشاش نادىر شائىر ۋە يازغۇچىلار مەيدانغا چىقمىغانلىقتىن، مۇشۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇرلار-نىڭ ئەدەبىي پائالىيەتلىرى گويا بىر بوشلۇقتەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن ئىنچىكىلەپ كۆزەتكەندە، بۇ ساھەدە يەنىلا گۈللەرنىڭ پورەكلەپ ئېچىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئەلۋەتتە، 15 ـ ۋە 16 ـ ئەسرلەردە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدىنىيەت ساھەسىدە ھەقىقەتەنمۇ بوشلۇق كۆرۈلگەن تارماقلار بولغان. مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردا ھەيكەلتاراشلىق، رەسساملىق ساھەسى بۇ مەزگىلدە تامامەن دىگۈدەك بىر بوشلۇق ئىدى.

مۇشۇ مەزگىلدە، ئۇيغۇر مىللىتىدىكى ئەدىبىيات ساھەسىدە گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان ئەھۋالنى كۆزىتىش ئۈچۈن، يازما ئەدىبىياتنى بىردىن ـ بىر ئۆلچەم قىلىشتەك ئەنئەنىۋى كۆزقاراشتىن ۋازكېچىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، 15 ـ ۋە 16 ـ ئەسرلەردە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەدىبىيات پائالىيىتىدە ئېغىز ئەدىبىياتى مۇھىم ئورۇنغا ئۆتكەن ئىدى.

بۇنىڭ سەۋەبىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ بۇنىڭدا تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئەھۋالنىڭ ھەممىسى رول ئوينىغان.

ھەممىدىن ئاۋال، پارس ۋە ئەرەب تىللىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدىبىيات ساھەسىدە كەڭ تۈردە يامراپ كەتكەنلىكتىن ۋە ئۇلار ھەددىدىن زىيادە مۇبالىغە قىلىپ كۆرستىلگەنلىكتىن، بۇ تىللار بىلەن ئانچە چوڭقۇر تونۇشلۇغى بولمىغان نۇرغۇن ئۇيغۇر پۇقرالىرى يازما ئەدىبىيات بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتى ۋە پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدى.

ئىككىنچى، تۇراقسىز سىياسى ھالەت ۋە كاساتلىشىپ كەتكەن ئىقتىسات يازما ئەدىبىيات پائالىيەتلىرىنى ماددى ئاساستىن ئايرىپ تاشلىدى.

ئۈچىنچى، ئۇيغۇرلار ئىچىدە پارس ۋە ئەرەب تىللىرىنىڭ كېڭەيىشىدە ئىسلام دىنى ھەم بەزى شەخسلەر تۈرتكە بولغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ تىللار ئۇيغۇرلارغا يات تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولغاچقا،

مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر خەلقى بۇ تىللارنى چۈشىنىپ كېتەلمىدى. دەھشەتلىك زۇلۇملارنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنى مەدەنىي تۇرمۇشتىن مەھرۇم قالدۇرۇۋاتقانلىقىنى دېمىگەن تەقدىردىمۇ، تىل جەھەتتىكى ئايرىمچىلىقلارمۇ — بىر تەرەپ پارسچە ۋە ئەرەبچىنى قوللىنىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، يەنە بىر تەرەپ بولسا بۇ تىللارنى مۇتلەق چۈشىنەلمىگەن — ئاخىر بېرىپ مۇشۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىنى قىيىن ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدى. دېمەك، غەلىتە شەكىل ئالغان ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى، ئەمەلىيەتتە ئىجتىمائىي ئېھتىياج ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئۇيغۇنلىشىش ئىمكانىيىتىدىن ئايرىلىپ قالغان.

ئېخىمۇ چوڭقۇرراق سەۋەپ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇزۇن سەھىپىلىك پەلسەپۋى-ئەخلاقىي ئەسەرلەر ۋە ھۆكۈمرانلارنى بېزەپ كۆرسىتىدىغان شېئىرلار بىلەن كەڭ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ رېئال تۇرمۇشى ئوتتۇرىسىدا بارغانسېرى پەرق كۆرۈلدى. بۇ ۋاقىتتا، كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ تولاراق ھېس قىلىۋاتقىنى كۈندىن-كۈنگە دەھشەتلىشىپ كېتىۋاتقان ئېكسپىلاتاتسىيە، ياۋۇزلۇق، زۇلۇم، توختىماي بولۇپ تۇرغان ئۇرۇش ۋە قىرغىنچىلىق، شۇنىڭدەك تۈرلۈك نائادىل قانۇن-تۈزۈملەر ئىدى. شۇڭا، ئۇلار زۇلۇمنى پاش قىلىدىغان، خەلقنىڭ ئارزۇ ۋە تىلەكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەنىۋى ئوزۇقلۇققا تەشنا ئىدى.

شۇ چاغدىكى يازما ئەدەبىيات زۇلۇمنى پاش قىلىش، خەلقنىڭ ئارزۇ ۋە تىلەكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان. ۋاھالەنكى ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيەتنىڭ دەل مۇشۇ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىپ ئوتتۇرىغا چىقتى.

ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىنى چۆچەك، ئەپسانە، ماقال، لەتىپە، قوشاق، تەمسىل، تېپىشماق قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىش مۇمكىن. ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتى روشەن سىنىپىلىك ۋە خەلقپەرۋەرلىك خاراكتېرىنى ئالغان، مەيلى چۆچەك، ئەپسانە بولسۇن، مەيلى تەمسىل، لەتىپە بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار يەنى خان، خوجا، باي، بەگ، شۇنىڭدەك ئۇلارغا سىمۋول قىلىنغان يولۋاس، بۆرە، جادىگەرلەر پاش قىلىنغان، مەسخىرە قىلىنغان ھەم قاتتىق سۆكۈلگەن ئىدى. ئۇلار ياۋۇزلۇق، ئاچكۆزلۈك، زالىملىق، ئەخمەقلىقنىڭ سىمۋولى ئىدى. ۋاھالەنكى، ئەمگەكچى خەلق يەنى دېخان، مالچى، باغۋەن، ئوتۇنچى، قىز-جۇۋانلار ھەمدە ئۇلارغا سىمۋول قىلىنغان بۇغا، توشقان، مايمۇن، پەرىشتە، كەپتەرلەر بولسا كۆپىنچە مەدھىيىلىنىدىغان، ماختىلىدىغان، ئاپىرىن ئوقۇلىدىغان، تەقدىرلىنىدىغان ئۇلگىلەر ئىدى. ئۇلار باتۇرلۇق، ساداقەتلىك، ئاقكۆڭۈللۈك ۋە ئەقىل-پاراسەتنىڭ سىمۋولى ئىدى.

ۋەقەلىكنىڭ قانچىلىك ئۆزگىچە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار مۇستەسناسىز ھالدا خان، خوجا، بەگ، باي ۋە يولۋاس، بۆرە، جادىگەرلەرنىڭ مەغلۇپ بولۇشى، دېخان، مالچى، باغۋەن، ئوتۇنچى، قىز-جۇۋانلار ۋە بۇغا، توشقان، مايمۇن، كەپتەر، پەرىشتىلەرنىڭ غەلىبە قىلىشى بىلەن نەتىجىلىنەتتى. روشەنكى، بۇنداق نەتىجە ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ماھىيەتتە، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارغا ۋە نائادىل تۈزۈملەرگە بولغان ئۆچمەنلىكى، نەپرىتى ۋە قارشىلىقىنى ئەكس ئەتتۈردى، گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىزارلىقىنى ئىپادىلىدى.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كەڭ تارقىلىشى ۋە ئۇزاققىچە ساقلىنىپ قېلىشىدىكى سەۋەپ ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ رېئال-ىزملىق مەزمۇن بولغانلىقىدۇر. كۆپ ئەھۋالدا ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتى رېئال تۇرمۇشنىڭ ئەڭ توغرا تەسۋىرى بولدى.

رومانتىزىملىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ۋە شەكلىنىڭ ئەركىن، خىلمۇ-خىل بولغانلىقىمۇ ئۇنىڭ كەڭ تارقىلىپ، ئۇزاققىچە ساقلىنىپ قېلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەپلەرنىڭ بىرى ئىدى. سەنئەت مېتودى جەھەتتە ئۇلار لۇتفى، سەككاكى، ناۋايىلارنىڭ ئەسەرلىرى-دىن ئېنىق پەرقلىنىدۇ. بۇ شەخسلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە مۇكەممەل قاپىيە، ۋەزىن ۋە ئابستىراكىت ئىبارىلەر گويا قەۋەت-قەۋەت مۇستەھكەم قورغان ھاسىل قىلغان بولۇپ، بۇ ئىشقا ئىشتىياق باغلىغۇ-چىلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ قېلىپلارغا ئۇيغۇنلىشىشى لازىم ئىدى.

بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتى بۇ راممىلاردىن تاما-مەن خالى ئىدى. ئۇنىڭدا ۋەقەلىكنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى شەرت قىلىنمايدۇ، تۇزۇلۇش تەرتىۋى ئەركىن بولۇپ، قىسقا، ئىخچام، ئۆتكۈر كېلىدۇ، گويا نەيزە، خەنجەردەك نىشانغا بېرىپ تېگىدۇ. ئۇلار رېئال تۇرمۇشنى ئەڭ ئۆتكۈر، ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ تېز ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

15-ۋە 16-ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ شانلىق ئۈلگىسى كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان ۋە تۈگىمەس-پۈتمەس بۇلاق بولغان «ئەپەندى لەتىپىلىرى»دۇر.

ئەپەندى ھەر خىل تىپلارنىڭ ئومۇمىي سىمۋولى بولۇپ، ئۇ كىشىلەر ئارزۇ قىلغان ھەممە گۈزەل ئەخلاققا ئىگە ئالىجاناپ شەخس قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ئەكسىچە، ئۇنىڭ رەقىپلىرى بولسا كىشىلەر

يىرگىنىدىغان ھەممە ئىللەتلەر ۋە يامانلىقلار مۇجەسسەملەنگەن شەخس قىلىپ كۆرستىلگەن.

«ئەپەندى لەتىپىلىرى» تىپىك لەتىپە ئۇسلۇبىدىكى ئەسەر بولۇپ، ئۇ كامالەتكە يەتكەن مەسخىرە، چاقچاق، كىنايە بىلەن تولغان.

ئەمگەكچىلەر ئەپەندى ئوبرازىنى ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمانى قىلىپ كەڭ تۈردە مەدھىيىلەش بىلەن رىۋايەت قىلىپ تۇرغانلىقتىن «ئەپەندى لەتىپىلىرى» ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئۆزىگە خاس بەدىئى ژانىر بولۇپ قالدى. بىرقانچە ئەسىردىن بۇيان، كىشىلەر ئەپەندىنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ، مىڭلىغان لەتىپىلەرنى تۈزۈپ چىقتى. ئەپەندى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا جايلاردىمۇ ھەممە كىشىگە تونۇش شەخسكە ئايلاندى.

ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتى — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراستىنىڭ جەۋھىرى. ئۇ گويا ئەينەكتەك ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى سىياسى ۋە ئىجتىمائى قىياپىتىنى ئەينەن كۆرسىتىپ بەردى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ۋە ئارزۇ-تىلەكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

دىن:

ئىسلام دىنىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا تارقىلىشى بۇ چاغدا ئاخىرقى باسقۇچقا قەدەم قويدى. بۇ باسقۇچنىڭ ئاخىرقى چېكى ئۇيغۇر يېزىقلىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ.

مىڭ سۇلالىسى جيايۈگۇەننى تاقىۋېتىشتىن ئىلگىرى، قۇمۇل رايونىدا تارالغان بۇددا دىنى ئۇيغۇرلار ئېتىقات قىلىپ كەلگىنىگە بىرقانچە يۈز يىل بولغان بۇ دىننىڭ قالدۇقلىرى ئىدى. 1409-يىلى مىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇلدا بۇددا دىنى ئىشلىرى مەھكىمىسى تەسىس

قىلغانلىقى قۇمۇلنىڭ تاكى 15 ـ ئەسىرگىچە ئىسلام دىنىغا كىرمىگەنـ
لىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. مىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇلدا تەسىس
قىلغان بۇ ئاپپاراتى نوقۇل بۇددا دىنى ئىشلىرىغىلا مەسئۇل دىنىي
ئورگان ئىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، شۇ مەزگىللەردە تۇرپان ئويمانلىقىدىمۇ بۇددا
دىنىنىڭ پائالىيەتلىرى ئاندا ـ ساندا بولۇپ تۇرغان. «ئىسلام قامۇسى»
ناملىق كىتاپتا مۇنداق مەلۇمات بار: "... تۆمۈر شاخرۇخنىڭ
مۇبارەكلەش ئەلچىسى ھىجرىيە 823 ـ يىلى (1420 ـ يىلى) بۇ رايون
(تۇرپان ئويمانلىقى) دىن ئۆتكەندە، كۆپ قىسىم ئاھالىلەر يەنىلا
ھەيكەلگە چوقۇنغۇچىلار ئىدى. ئۇ يەردە غايەت زور بۇتخانا ۋە
بۈيۈك ساكيامونىنىڭ بىر ھەيكىلى ھەم باشقا نۇرغۇن ھەيكەللەر بار
ئىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى كونىراپ قالغان، بەزىلىرى يېڭىدىن
ياسالغان."

لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇ زامانلاردا بۇددا دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ
ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئاساسلىق ئورۇندا تۇرمايتتى. بىز مۇشۇ
بابىمىزدا بايان قىلىۋاتقان دەۋرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، ئىسلام
دىنى ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلىدىغان بىردىن ـ بىردىن بولۇپ قالدى.
ئۇيغۇرلارنىڭ شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن دىنىي تۇرمۇشى دىنلار ئوتتۇرىـ
سىدىكى تىركىشىش ۋە توقۇنۇشتىن خالى بولدى. بۇنىڭ ئورنىنى
ئىسلام دىنىغا مەنسۇپ مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى تىركىشىش ۋە
قارشىلىشىش ئىگەللىدى.

بۇ مەزگىلدە، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىنىڭ ئاساسلىق
تەرىپىنى ئىشانلىق مەزھىپى تەشكىل قىلغان ئىدى. ئىشانلىق
مەزھىپى گەۋدىلەندۈرگەن ئىسلام دىنىغا مەنسۇپ مەزھەپلەر

ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ۋە كۈرەشلەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بىرنەچچە ئەسىر داۋام قىلدى.

ئىشانلىق مەزھىپى ئىراندا پەيدا بولغان. ئىشانلىق مەزھىپى ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ چوڭ مەزھەپلەرنىڭ بىرى بولغان شىئە مەزھىپىدىن كېلىپ چىققان. دەسلەپتە ئۇلار سوپىلار گۇرۇھى ياكى دەرۋىشلەر گۇرۇھى دەپمۇ ئاتالغان، شىئە مەزھىپىنىڭ ئىدىيىسى ۋە تەلىماتىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ ۋە كېڭەيتىپ، سۈننى مەزھىپى بىلەن ئاشكارا قارشىلاشقان. شۇ سەۋەپتىن نۇرغۇن ئىسلام دۆلەت-لىرىدە ئىشانلىق مەزھىپىدىكىلەر يولدىن چەتنىگۈچىلەر دەپ قارالغان.

ئىشانلىق مەزھىپىنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە رەھبەرلىك قىلىنىشى نەتىجىسىدە، 14 ـ ئەسىردە ئىراندا قۇدرەتلىك سافاۋى خاندانلىقى قۇرۇلغان.

ئىشانلىق مەزھىپىنىڭ ئىراندا ۋۇجۇتقا كېلىشىدىكى سەۋەپىنى سۈرۈشتە قىلغاندا شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، بۇ مەزھەپنىڭ سۈننى مەزھىپىگە قارشى قويغان شوئارى ئىسلام دىنىدىكى خەلىپىلىك ئورۇن توغرىسىدىكى ماجرالارغىلا قارىتىلغان ئەمەس. بۇ شوئارنىڭ تۈپ مەقسىدى خەلىپىلىك ئورۇن توغرىسىدىكى ماجرانى بانا قىلىپ تۇرۇپ ئەرەب ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ — ئۇلار باشتىن ـ ئاياق ئۆزلىرىنى ئىمانى مەھكەم سۈننىچىلار دەپ ھىساپلايدۇ — ئىراندىكى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئىدى. شۇڭا ئىشانلىق مەزھىپىنىڭ سىياسى ئىشلارغا بولغان قىزغىنلىقى دەسلەپتىلا دىنىي مەسىلىگە بولغان ھەۋىسىدىن ئېشىپ كەتكەن.

ئىشانلىق مەزھىپى شىئە مەزھىپىنىڭ ”ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق

ئېتىقاتنى بىلدۈرۈش" دېگەن نۇقتىئىنەزىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، بىر قاتار ئەتراپلىق ۋە مۇكەممەل دىنىي مۇراسىمنى ئورناتقان. دىنىي مۇراسىملار ئەرەب ئىمپېرىيىسىگە قارشى قوراللىق كۈرەشكە خىزمەت قىلدۇرۇلغاندا، قوشۇنلاردا جەڭگىۋار كۈچ ھاسىل قىلىدىغان ئىنتىزامغا ئايلانغان. شۇبھىسىزكى، ئەرەب ئىمپېرىيىسىگە قارشى كۈرەش قىلغان پارسلار ئەينى زاماندا ئىشانلىق مەزھىپىنىڭ ئەنە شۇ شوئارى تەرىپىدىن رىغبەتلەندۈرۈلگەن، دىنىي مۇراسىملىرى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان.

ئەمما ئىشانلىق مەزھىپى ئۇيغۇرلار رايونىغا تارقالغاندا، ئۇنىڭ تەرەققىيپەرۋەر سىياسى خاھىشى ۋە ئۇنۇملۇك تەشكىللەش خىزمىتى سۈپەت جەھەتتە ئەكسىيەتچىلىككە قاراپ ئۆزگىرىش ياسىغان.

تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىغا كىرگەن ئىشانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان جۇغلىنىپ قالغان دىنىي خۇسۇمەت ۋە ئۆچمەنلىكتىن خالى بولالمىغان. ئۇلار سۈننى مەزھىپىگە بولغان چوڭقۇر ئاداۋىتى بىلەن تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىنىڭ قالايمىقان سىياسى ھالىتىدىن پايدىلىنىپ، سۈننى مەزھىپىگە قارشى قايتا-قايتا ماجىرا تۇغدۇرۇپ، ئاللىقاچان پاتىپاراقچىلىق ئىچىگە چۆكۈپ قالغان بۇ رايوندا يەنە بىر داۋالغۇش ئامىلىنى كۆپەيتكەن. تېخىمۇ ئېغىرى شۇكى، ئىشانلىق مەزھىپىنىڭ يۇقۇرى تەبىقە كىشىلىرى جېدەل-غوۋغا تۇغدۇرۇش بىلەن قانائەتلىنىپ قالمىدى. ئۇلار بۇ رايوندا ئۆز مەزھىپىگە خاس سىياسى ھەۋىسىنى ئىپادىلەشكە باشلىغان ئىدى. ئىشانلىق مەزھىپىنىڭ يۇقۇرى تەبىقە كىشىلىرى ئالدى بىلەن ئۆزلىرى ئۈچۈن كىشىنى جەلپ قىلىدىغان ئاجايىپ-غارايىپ نەسەپنامىلەرنى توقۇپ چىقىپ، ئۆزلىرىنى ئىسلام

دىنىنىڭ ئىجاتچىسى مۇھەممەتنىڭ ئەۋلادى دەپ تەرغىپ قىلغان. ئۆزلىرىنى خوجا، سەئىد يەنى پەيغەمبەر ئەۋلادى دەپ ئاتىۋالغان. ئىشانلىق مەزھىپىنىڭ يۇقۇرى تەبىقە كىشلىرىنىڭ بۇ ساختا نەسەپ-نامىنى ئويدۇرۇپ چىقىشتىن مەقسىدى ئۆز مۇرىتلىرىدىن تەركىپ تاپقان، خوجا ياكى سەئىدلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دىنىي گورۇھنى ھاسىل قىلىش ئىدى. بۇ ھال بۇ مەزھەپنى مۇقەررەر يوسۇندا ئەخمىقانىلىققا پاتۇرۇپ قويدى.

ئىراندىكى سافاۋى خاندانلىقىنى قۇرۇش يولىدىكى قورالىق كۈرەشلەردە ئۈنۈملۈك رول ئوينىغان ئىشانلىق مەزھىپىنىڭ دىنىي مۇراسىملىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغاندىن كېيىن، كىشلەرنى روھىي جەھەتتىن بوغىدىغان ئاسارەتكە ئايلىنىپ قالدى. بۇ مۇرا-سىملار ئالدى بىلەن ئۆز مۇرىتلىرىدىن ئىجتىمائى تۇرمۇشتىن ۋاز-كېچىپ، چاچ-ساقاللىرىنى قويۇۋېتىپ، تاغ ئۆڭكۈرلىرى ۋە مازار-لاردا ياشاپ، قەدىمىي ھىندىستاندىكى جاينا دىنىنىڭ تەشەببۇسىغا ئوخ-شاپراق كېتىدىغان رىيازەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشنى تەلەپ قىلغان.

سىياسى جەھەتتە ئەكسىيەتچىل بولغان، مۇراسىملار جەھەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن ئىشانلىق مەزھىپى كەڭ ئۇيغۇر ئەمگەك-چىلىرى ئارىسىدا ئومۇملىشىپ كېتەلمىدى. بىراق ئىشانلىق مەزھىپى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ قوللىشى ۋە قوغدىشىغا نائىل بولدى. قەشقەر سۇلتانى ئابابەكرى ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايون-لاردا ئىشانلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا يول قويۇپلا قالماي، يەركەن قاتارلىق جايلاردا ئىشانلارنىڭ دىن تارقىتىشىغا مەخسۇس سورۇن ھازىرلاپ بەردى. يەركەن ناھىيىسىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان چىلتەن مازىرىنى ئابابەكرى ئەنە شۇ ئىشانلار ئۈچۈن

سالدۇرغان دىگەن سۆزلەر ھىلىھەم رىۋايەت بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئابابەكرى يەنە شۇ ئەتراپتىكى دىخانلارنىڭ يەرلىرىنى ئىشانلارنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىگە ئاتا قىلىۋەتكەن[31].

ئىشانلىق مەزھىپىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشىدا كۆرسەتكەن ئەمىليي رولى ۋە تۇتقان ئورنىغا ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىش دائىرىسىگە قاراپلا باھا بېرىشكە بولمايدۇ. ئىشانلىق مەزھىپىنىڭ ئىپادىلىگەن سىياسى ئىقتىدارى ئۆزلىرىنىڭ تارقىلىش دائىرىسىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن. ئابابەكرى-نىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە، ئىشانلار ئابابەكرىنىڭ سىياسى پائالى-يەتلىرىگە ئارىلىشىدىغان بولغان. ئابابەكرى 3000 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ پۇتىنى كېسىپ تاشلىغاندا، ئىشانلار بۇنىڭغا بىۋاستە مەدەت بەرگەن. مۇشۇ بىرلا ۋەقە ئىشانلىق مەزھىپىنىڭ ئۇيغۇرلار-نىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە قانچىلىك ئارىلاش-قانلىقىنى ۋە قانداق يامانلىق كەلتۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

17 ـ ئەسىردىن كېيىن، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدا كۆتىرىل-گەن بىر قاتار سىياسى بورانلارنىڭ ھەممىسى ئىشانلىق مەزھىپى بىلەن چېتىشلىق بولغان. بەزىلىرىنى ئۇلار بىۋاستە قوزغاتقان، بەزىلىرىگە بىۋاستە قاتناشقان. بۇ ھەقتە كىتاۋىمىزنىڭ ئون ئىككىنچى بابىدا مەخسۇس توختىلىمىز.

ئىرقى قوشۇلۇش:

شۇ مەزگىللەردە، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدا يۈز بەرگەن بىر زور ۋەقە تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى ئاھالىلەر تەركىۋىدە يەنە بىر قېتىم ئۆزگىرىش بولغانلىقى ۋە ئاھالىلەر تەركىۋىنىڭ كېڭەي-

گەنلىگەندىن ئىبارەت. بۇ قېتىمقى ئۆزگىرىش ۋە كېڭىيىش چاغاتاي ئەۋلاتلىرى باشچىلىقىدىكى زور بىر تۈركۈم موڭغۇللارنىڭ پەيدىن-پەي ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كېتىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

موڭغۇللارنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇچرىشىشى 13-ئەسىردە باشلانغان ئىدى. شۇڭا، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى ئاھالىلەر تەركىۋىدە كۆرۈلگەن بۇ قېتىمقى ئۆزگىرىشنى، ئەمەلىيەتتە، ئىككى ئەسىر بۇرۇنلا باشلانغان دېيىشكە بولىدۇ.

«تارىخى ئەمىنىيە» ناملىق كىتاپنىڭ مۇئەللىپى موللا مۇسا سايرامى «تارىخى رەشىدى»گە ئاساسەن بولاجى جەمەتىدىكىلەرنىڭ نەسەپنامىسىنى بايان قىلىپ، بىزگە بۇ ساھەنىڭ بىر دەرىزىسىنى ئېچىپ بەردى، موللا مۇسا سايرامى مۇنداق دەپ يازىدۇ: "چىڭگىز-خاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا ئامۇ دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى ماۋەرائۇننەھر، فەرغانە رايونى، موڭغۇل-تاتار، ئۇيغۇر ھەممە قەدىمىي نايمان قەبىلىلىرى ئاتا قىلىندى. چاغاتاي ئۆزىنىڭ سۈيۈر-غالىنى قول ئاستىدىكىلەرگە بۆلۈپ بەردى. دوغلات قەبىلىسىدىن بەپداغان ماڭلاي سۈيە رايونىغا ئېرىشتى... دوغلات موڭغۇل تىلىدا ئاقساق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چىڭگىزخاننىڭ ئۈچىنچى كىچىك دادىسىنىڭ سەككىز ئوغلى بولۇپ، ئالتىنچىسى ئاقساق ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ قەبىلىسى دوغلات دېگەن نام بىلەن ئاتالغان." بولاجى جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئەجداتى ئەنە شۇ دوغلات قەبىلىسىگىچە سۈرۈشتە قىلىنىدۇ.

چاغاتاي خاندانلىقى غەربىي چاغاتاي ۋە شەرقىي چاغاتاي دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەندە بولاجى جەمەتىدىكىلەر تەلتۆكۈس

ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن ئىدى. مەيلى بۇلاجى جەمەتىدىكىلەرنىڭ نەزىرىدە بولسۇن ۋە ياكى چاغاتاي ئەۋلاتلىرىنىڭ نەزىرىدە بولسۇن، ئۇلار موڭغۇللاردىن ناھايىتى روشەن پەرقلىنىپ تۇراتتى. بۇلاجى جەمەتىدىكىلەرنىڭ موڭغۇللار قاتارىدىن ئايرىلىپ چىققانلىقى بۇلاجى جەمەتىدىكىلەرنىڭ سالاھىيەت بەلگىسىدە ئېنىق ئەكس ئەتتى.

گەرچە بۇلاجى جەمەتىدىكىلەر تۇغلۇق تۆمۈردىن باشلاپ چاغاتاي خاندانلىقىغا تەڭداشسىز تۆھپىلەرنى قوشقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ جەمەتتىكىلەر مىرزا دەپ ئاتىلىشتىن يۇقۇرى شۆھرەتكە ئېرىشەلمىدى.

چاغاتاي خاندانلىقى دائىرىسىدە، پەقەت موڭغۇللارلا خان بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە ئىدى. غەيرى موڭغۇللارنىڭ خانلىقنى تاما قىلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھەتتا ھىلقى خۇدايداتمۇ مىرزا دىگەن ئاتاقتىن ئېشىپ كېتەلمىگەن ئىدى.

موڭغۇللار بىلەن غەيرى موڭغۇللار ئوتتۇرىسىدىكى سالاھىيەت چېگرىسى شۇنداق ئېنىق ۋە قاتتىق بولغانكى، 14 ـ ئەسىردىن كېيىن، قۇدرەتلىك تۆمۈرلەڭ ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان تۆمۈرلەڭ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىمۇ ئۆزلىرىنى قاراملىق بىلەن خان دەپ ئاتىيالماي، مىرزا دەپ ئاتىغان ئىدى.

بۇلاجى جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئۆزاققىچە مىرزا دىگەن شۆھرەت بىلەن چەكلەنگەنلىكى بۇ جەمەتنىڭ چاغاتاي خاندانلىقىدىن تارتىپلا موڭغۇل دەپ قارالمىغانلىقىغا دەلىل بولالايدۇ، ئەلۋەتتە.

ساۋاتلار بىزگە ئۇقتۇردىكى، بۇلاجى جەمەتىدىكىلەرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ھەرگىزمۇ ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئەمەس ئىدى. بۇلاجى جەمەتىدىكىلەر، تەبىئىكى،

بىر تۈركۈم موڭغۇللارغا ۋەكىللىك قىلغان ئىدى، ئەقەللىسى، ئۇلار دوغلات قەبىلىسىنىڭ ھەممە ئەزالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. پەقەت شۇ زامانلاردا موڭغۇللارنىڭ ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كېتىشى ئۇزاققا سوزۇلغانلىقى ئۈچۈن، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە كىشىلەرنى جەلپ قىلىدىغان داغدۇغا ۋە كەيپىيات پەيدا قىلالمىغان ئىدى.

چاغاتاي ئەۋلاتلىرى ۋەكىللىگىدىكى زور تۈركۈم موڭغۇللارنىڭ ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كېتىشىنىڭ مۇقەددىمىسى ئۇمۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تۇغلۇق تۆمۈر دەۋرىدىن باشلانغان. شۇ ۋاقىتتا، زور تۈركۈمدىكى موڭغۇللار تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ مەجبۇر قىلىشى بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار بىلەن مۇشۇ تۈركۈمدىكى موڭغۇللار ئوتتۇرىسىدىكى بىر كەسكىن ئايرىمچىلىق تۈگىگەن.

چاغاتاي ئەۋلاتلىرىنىڭ سىياسى جەھەتتە زەئىپلىشىشى موڭغۇللارنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا قوشۇلۇپ كېتىش جەريانىنى تېخىمۇ تېزلەتكەن. بېشبالىق ۋە ئېل بالىق ھاكىمىيەتلىرىدىن كېيىن چاغاتاي ئەۋلاتلىرى باشچىلىغىدىكى موڭغۇللارنىڭ ئۆز ئەجداتلىرىغا بولغان سېغىنىش ۋە ئىززەتلەش پسىخولوگىيىسىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، ئۇلار تىل، ئۆرپ-ئادەت، دىنىي ئېتىقات جەھەتتە ئۇيغۇرلاردىن پەرقسىز ئىدى. بىز چاغاتاي ئەۋلاتلىرىنىڭ ئىسىملىرىدىنمۇ بۇ جەھەتتىكى پاكىتلارنى كۆرۈۋالالايمىز. تۇغلۇق تۆمۈردىن باشلاپ تاكى ئېل بالىق ھاكىمىيىتى گۇمران بولغانغا قەدەر چاغاتاي ئەۋلاتلىرىدىن ئۆۋەيسنىڭ چوڭ ئوغلى موڭغۇللارنىڭ ئىسمى ئىسەن بۇقا بىلەن ئاتالغاندىن باشقا، قالغانلارنىڭ ھەممىسى شۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلار ئومۇمى يۈزلۈك قوللىنىۋاتقان ئىسىملارنى ئۆزلىرىگە قوللانغان.

مەسلەن، مۇھەممەت، شەمشى جاھان، ئەخمەت، يۇنۇس، سەئىد، خىلىل، مەنسۇر ۋەباشقىلار.

14 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا، قۇمۇل ئاھالىلىرى ئارىسىدا مىللى پەرقلەر خېلى روشەن ئىدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى ۋە شۇ زاماندىكى ساياھەتچىلەر شۇ ۋاقىتتىكى قۇمۇل ئاھالىلىرىنىڭ خۇيخۇي (مۇسۇلمانلار)، قارىغۇي (موڭغۇللارنىڭ بىر تارمىغى) ۋە ئۇيغۇرلاردىن تەركىب تاپقانلىقىنى بىردەك بايان قىلغان㉜. مىڭ سۇلالىسى قۇمۇلدا ئەمەلدارلارنى تۇرغۇزغان ۋە ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلغان دەسلەپكى يىللاردا ھەتتا يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ مىللى تەركىۋىگە ئېتىۋار بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنىمۇ ئويلىغان. ئەمما بىر ئەسىردىن كېيىن يېزىلغان تارىخىي ھۆججەتلەردە يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ مۇنداق روشەن پەرقلىرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. قۇمۇل ئەلچىلىرىنىڭ تەرجىمان ئىشلىتىش ئەھۋالىغا قارىغاندا، ئۇيغۇر تىلى يەرلىك ئاھالىلەر ئومۇمىي يۈزلۈك قوللىنىدىغان تىلغا ئايلىنىپ قالغان.

بۇ مەزگىلدە، موڭغۇللاردىن باشقا، ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن تاجىك ۋە تۈركمەنلەرمۇ ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن.

شۇ ۋاقىتلاردا ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن خەنزۇلارنىڭ سانىمۇ خېلى كۆپ ئىدى. ئۇلار ئاساسەن تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن ياكى سېتىلغان خەنزۇ ئەمگەكچىلىرى ئىدى. 1455 ـ يىلىلا قۇمۇل رايونىغا كەلگەن خەنزۇ ئەمگەكچىلىرى 3000 دىن ئارتۇق ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، شۇ ۋاقىتلاردا گەنسۇنىڭ غەربىي قىسمىدىن قۇمۇل ۋە تۇرپانغا ئۆزلۈكىدىن كەلگەن خەنزۇ ئەمگەكچىلىرىمۇ يەرلىك ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن㉝. تاكى بىز

ياشاۋاتقان مۇشۇ دەۋردىمۇ قۇمۇل، تۇرپان ئاھالىلىرى تەن فور-مىسى جەھەتتە مۇشۇ تارىخىي جەرياننىڭ ئىزلىرىنى ساقلاپ قالغان.

15-، 16-ئەسىردىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىي جەريانىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، شۇنداق تونۇشقا كېلىمىزكى، بۇ ئۇيغۇر تارىخىدا بۇرۇنقىغا ۋارىسلىق قىلىش، كېيىن ئۇچۇن يول ئېچىش دەۋرى ئىدى.

بۇ مەزگىلدە يۈز بەرگەن ھەم ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىي ئىلگىرىلىشىگە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن ۋەقە مىڭ سۇلالىسى-نىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدىكى تىرىشچانلىقىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىدىن ئىبارەت. مىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ تىرىشچانلىقى يوققا چىققانلىقى تۈپەيلىدىن، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى قالايمىقان سىياسىي ھالەت يەنە داۋاملاشتى. لېكىن ھۆكۈمرانلار سىنىپى پەيدا قىلغان ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىگە ۋە مەدەنىيىتىگە ئېغىر ۋەيرانچىلىق كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇيغۇر خەلقى ئۆز تارىخىنىڭ ھەقىقىي يارات-قۇچىسى سۈپىتىدە ۋەتىنىمىزنىڭ مۇشۇ زېمىنىنى داۋاملىق گۈللەن-دۈردى، ئۆز مەدەنىيىتى ۋە تارىخىنى داۋاملىق ياراتتى.

### پايدىلىنىلغان كىتابلار


① «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»، 330-جىلد.

② «مىڭ سۇلالىسى تارىخىدىن مەجمۇئە»، 79-جىلد.

③ «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»، 332-جىلد.

④ «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»، 328-جىلد.

⑤ «جالالىدىن كېتكى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەققىدە قىسسە».

⑥ «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»، 328 ـ جىلد.
⑦ «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»، 332 ـ جىلد.
⑧ ئۇۋەيسنىڭ نەسەبنامىسى مۇنداق: "ئۇۋەيس ــ شىرئەلى ــ مۇھەممەت خان ــ خىزىر خوجا ــ تۇغلۇق تۆمۈر." شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن «ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللاردىن ئۈزۈندە»گە قاراڭ.
⑨ «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»، 332 ـ جىلد.
⑩ «تارىخى ئەمىنىيە».
⑪ «تارىخى ئەمىنىيە»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: "خۇدايدات ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نەۋرىسى ئەلى مىرزا ئەمىرلەر ئەمىرى بولۇپ بۇ يەتتە شەھەرنى ئىدارە قىلىپ تۇرغان."
⑫ «تارىخى ئەمىنىيە».
⑬ «تارىخى ھەمىدى».
⑭ مەخمۇت جوراسنىڭ «تارىخى رەشىدى» (زەيلى) ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: "مىرزا ئابابەكرى 48 يىل يەركەن، خوتەن، قەشقەرلەرگە ھۆكۈمران بولدى."
«تارىخى ئەمىنىيە»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: "ھېچ تارىخلاردا مىرزا ئابابەكرىدەك زالىم پادىشا ئۆتمىگەن ئىدى. ئەمما ھىجرىيە 918 ـ يىلى بۇ يەتتە شەھەر سۇلتان سەئىدخانغا تەۋە بولدى."
⑮ « ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى».
⑯ ⑰ «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»، 329 ـ جىلد.
⑱ «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»، 328 ـ جىلد.
⑲ «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»، 331 ـ ، 332 ـ جىلدلار؛
چېن چېڭ: «غەربىي دىيارغا قىلغان ساياھىتىم»؛
«غەربىي دىيار ئەللىرى تەزكىرىسى».
⑳ «تارىخى ھەمىدى»؛
«ئافغانىستان تارىخى»، 449 ـ بەت.

㉑ «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»، 329 ـ جىلد.

㉒ «تارىخى ئەمىـنىيە»؛
«تارىخى ھەمىدى»؛
«ئافغانىستان تارىخى».

㉓ «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»، 329 ـ جىلد.

㉔ «مىڭ سۇلالىسى پادىشاسى شىزۇڭنىڭ پائالىيەتـلىرىـدىن خاتىرە»، 100 ـ جىلد.

㉕ «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»، 329 ـ جىلد.

㉖ «مىڭ سۇلالىسى پادىشاسى ۋۇزۇڭنىڭ پائالىيەتلىرىـدىن خاتىـرە»، 43 ـ جىلد؛
«مىڭ سۇلالىسى پادىشاسى رېنزۇڭنىڭ پائالىيەتـلىرىـدىن خاتىرە»، 5 ـ جىلد(1)؛
«مىڭ سۇلالىسى پادىشاسى شىزۇڭـنىڭ پائالىيەتـلىرىدىن خاتىرە»، 3 ـ، 100 ـ جىلد؛
«مىڭ سۇلالىسى پادىشاسى يىڭزۇڭنىڭ پائالىيەتلىرىـدىن خاتىـرە»، 340 ـ جىـلد.

㉗ «تارىخى رەشىدى» (زەيلى)، 52 ـ، 53 ـ بەتلەر.

㉘ «تارىخى رەشىدى» (زەيلى)، 57 ـ، 58 ـ بەتلەر.

㉙ «تارىخى ئەمىنىيە»، 36 ـ، 37 ـ بەتلەر.

㉚ «جالالىدىن كېتكى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەققىـدە قىسـسە»، 23 ـ، 24 ـ بەتلەر؛
«تارىخى ئەمىنىيە»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: "مىـرزا ئابابەكـرى ئاقسـۇ خەلقىنى ئەخمەتخانغا يار بولدى دەپ تالان ـ تاراج قىلىپ، ئادەمـلىرىنى ئالتە شەھەرگە تارقىتىۋەتـتى. ئۇشبۇ ۋەجىـدىن، ئاقسـۇ 16 يىل ۋەيران، بىچۇغا ئەشيان ۋە دىۋە ـ پەرىگە ماكان بولدى."

㉛ مۇھەمـمەت ئەلى مۇھەمـمەت ئىـمىن ئوغـلى ياركەنـدى. «زىيا ـ ئۇلقۇلۇپ».

㉜ «مىڭ سۇلالىسى پادىشاسى شياۋزۇڭنىڭ پائالىيەتلىرىدىن خاتىرە»،
93 ـ جىلد.
㉝ «مىڭ سۇلالىسى پادىشاسى تەيزۇڭنىڭ پائالىيەتلىرىدىن خاتىرە»،
49 ـ جىلد؛
«مىڭ سۇلالىسى پادىشاسى يىڭزۇڭنىڭ پائالىيەتلىرىدىن خاتىرە»،
253 ـ جىلد.

# ئون بىرىنچى باپ
# يەركەن خاندانلىغى

## بىرىنچى بۆلۈم يەركەن خاندانلىغىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى

### 1. خاندانلىقنىڭ قۇرۇلۇشى

16 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، مىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرى مەسىلىسى ئۈستىدە سىياسەت خاراكتېرلىق ھەل قىلغۇچ مۇنازىرە ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرىنىڭ ۋەزىيىتىدە يەنە بىر مەرتەم زور ئۆزگىرىش بولدى. 1513 ـ يىلى سەئىد قەشقەر سۇلتانىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىككىنچى يىلى يەركەندە يېڭى ھاكىمىيەت قۇردى. بۇ ھاكىمىيەت يەركەن خاندانلىغى دەپ ئاتالدى، شۇنداقلا بۇ خاندانلىق سەئىدنىڭ نامى بىلەن سەئىدىيە خاندانلىغى دەپمۇ ئاتالدى.

يەركەن خاندانلىغى 164 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ئۇ ئەڭ قۇدرەت تاپقان ۋاقىتلاردا پۈتكۈل تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ئىلگىگە ئالغاندىن تاشقىرى، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى، ئىسسىق كۆل رايونى، فەرغانە ئويمانلىغى، بەدەخشان ۋە ۋاقان تاغلىق رايونى قاتارلىق جايلارنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرى-

سىگە كىرگۈزۈپ، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئەمىلىي زېمىنىنى باشقۇردى. بۇ مەزگىلدە يەركەن خاندانلىقىنىڭ ھەربىي قوشۇنلىرى شىزاڭنىڭ غەربىي قىسمىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەندىن تاشقىرى، كەشمىر رايونىنىمۇ بىر مەھەل ئىشغال قىلىپ تۇردى. يەركەن خاندانلىقىنى قۇرغان كىشى سەئىد ئىدى.

بىز يۇقۇرقى باپتا سەئىدنىڭ پائالىيەتلىرى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ ئۆتكەن بولساقمۇ، لېكىن بۇ يەردە ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى بەزى ئىشلىرىنى يەنە بىر قۇر ئەسلەپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتۇق.

سەئىد تۇرپان سۇلتانى مەنسۇرنىڭ ئىنىسى ئىدى. ھوقۇق تالىشىش يولىدىكى توقۇنۇش بۇ قېرىنداشلارنى ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشقا ئېلىپ بارغان ئىدى. بۇ توقۇنۇشتا، سەئىد ئۆزىنىڭ يەنە بىر ئاكىسى خېلىل بىلەن شېرىكلىشىپ، ئىلى ۋادىسى ۋە يەتتەسۇ رايونىدا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئاكىسى مەنسۇرغا قارشى چىققان ھەم چوڭ دادىسى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئېل بالىق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان. ئەمما ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، مەنسۇر سەئىد بىلەن خېلىلنى مەغلۇپ قىلدى. خېلىل ئوتتۇرا ئاسىياغا قېچىپ كېتىۋېتىپ تالاسنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئۆلتۈرۈلدى. سەئىد بولسا سەرگەردان بولۇپ پامىر ئېگىزلىكىگە قېچىپ بېرىپ، شۇ زامانلاردا ھوقۇقتىن ئايرىلغان بەگزادىلەرگە ئوخشاشلا شۇملۇقلارنى قىلىپ، يېرىم-ياتا قاراقچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

سەئىدنىڭ بۇ قاقاس تاغلاردا ياشىيالىشىدىكى بىردىن-بىر دەسمايىسى ئۇنىڭ چاغاتاي ئەۋلادى بولغانلىقى ئىدى. ئۇ بىر قاتار

ئوڭۇشسىزلىقلاردىن كېيىن، ئاخىرى فەرغانە ھۆكۈمرانىنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇردى. سەئىد پۇت تىرەپ تۇرغۇدەك ئورۇنغا ئىگە بولۇۋالغاندىن كېيىن، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ پامىر ئېگىزلىكىدىن بىرنەچچە مەرتەم ئۆتۈپ، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، مارالبېشى قاتارلىق جايلارغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئابابەكرىنى ئاغدۇرۇپ، تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدا ئۆزى ئۈچۈن بىرەر ماكان ھازىرلىماقچى بولدى.

بۇ دەل قەشقەر سۇلتانى ئابابەكرىنىڭ كۈچى ئۇلغىيىۋاتقان مەزگىل ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا سەئىدنىڭ تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدا ئۆزى ئۈچۈن ماكان تېپىشقا ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى مۇقەررەر ئىدى. ئۇنىڭ قوشۇنى ھەر قېتىمقى ئۇرۇشتا ھالاكەتكە ئۇچراپ تۇردى. ئاخىرقى قېتىمدا سەئىد ئۆزى يالغۇز ئارانلا فەرغانىغا قېچىپ كېتەلىدى.

كېيىنكى كۈنلەردە، سەئىد تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا ئۆزى ئۈچۈن ئۇلغىيىش ماكانى تېپىش نىيىتىدىن بىر مەھەل ۋازكېچىپ، ماۋۇرائۇننەھر رايونىدىن بىر پارچە زېمىن تاپماقچىمۇ بولدى. لېكىن بەختكە قارشى سەئىد ماۋۇرائۇننەھر رايونىدا شەرققە قاراپ كېڭىيىۋاتقان ئۆزبېكلەرنىڭ تەسىر كۈچىگە دۇچ كېلىپ قالدى. سەئىد يېڭىدىن روناق تېپىۋاتقان بۇ كۈچ بىلەن تىركەشكەندىن كېيىن، بىر غېرىچ يەرگە ئىگە بولۇش تۈگۈل، ئاران دېگەندە قولغا كىرگۈزۈۋالغان فەرغانە ئويمانلىقىنىمۇ ئۆزبېك خانى شايبانىخانغا تارتقۇزۇپ قويدى.

سەئىد ئافغانىستاننىڭ كابۇل شەھرىگە قېچىپ بېرىپ، بابۇرنىڭ يېنىدىن پانا تاپتى. بۇ چاغ دەل باش قىش مەۋسۇمى بولۇپ، كابۇل

ئەتراپىدىكى تاغ يوللىرىنى تامامەن قار قاپلاپ كەتكەنلىكتىن، شايبانىخان سەئىدنىڭ ئىزىدىن قوغلاپ، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ كابۇلغا قوشۇن تارتالمىدى.

سەئىد بىلەن بابۇر بىر نەۋرە تۇققان ئىدى①.

بابۇر — تۆمۈرلەڭنىڭ ئەۋلادى — شۇ ۋاقىتلاردا شايبانىخانىنىڭ ماۋۇرائۈننەھر رايونىدىكى ئىلگىرىلەشلىرىگە جىددى دىققەت قىلىپ تۇرغان ئىدى. چۈنكى، بابۇرنىڭ نەزىرىدە، ماۋۇرائۈننەھر رايونى ئۆزىگە ئوخشاش تۆمۈرلەڭ ئەۋلاتلىرىغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇ سەۋەپتىن، بابۇر بىلەن سەئىد ئوتتۇرىسىدىكى تۇققانچىلىقتىن باشقا، سىياسى مۇناسىۋەتمۇ ئورنىتىلغان ئىدى. ئۇلار بىردەك شايبانىخانىنى ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق رەقىبى دەپ ھېساپلىدى.

1510 ـ يىلى، سەئىد ئۆزىگە پايدىلىق بىر پۇرسەتكە ئىگە بولدى. شۇ يىلى ئۆزىنى جاھاندا بىر چاغلاپ يۈرگەن شايبانىخان سافاۋى خاندانلىقى بىلەن خوراسان رايونىنى تالىشىۋاتقاندا، ئىران قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۆزبېك قوشۇنلىرى ماۋۇرائۈننەھر رايونىغا چېكىندۈرۈۋېتىلدى.

غەلىبىدىن ئىلھاملانغان سافاۋى خاندانلىقى بۇنىڭ بىلەن قانائەت ھاسىل قىلماي، بابۇر — بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل بۇرۇن بابۇرنى شايبانىخان ماۋۇرائۈننەھر رايونىدىن ئافغانىستاننىڭ كابۇل شەھىرىگە ھەيدىۋەتكەن ئىدى — بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ماۋۇرائۈننەھر رايونىغا كىردى. ئىران قوشۇنلىرى بۇ يەردە ئالدى بىلەن بۇخارا، خارەزىم قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى، بابۇرنىڭ قوشۇنى سابىق تۆمۈرلەڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى سەمەرقەنتنى ئىشغال قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە فەرغانە ئويمانلىقىنىمۇ قولغا

كىرگۈزدى. ئۆزبېك قوشۇنلىرى سىر دەرياسىنىڭ شىمالىي ياقسىغا قوغلىۋېتىلدى.

سەئىد بابۇرنىڭ قوشۇنى بىلەن بىللە فەرغانە ئويمانلىقىغا قايتىپ باردى.

سەمەرقەنت ئاھالىلىرى بابۇرنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئەمما بابۇرنىڭ سافاۋى خاندانلىقىنىڭ رايىغا تولىمۇ بېقىپ كەتكەنلىكى، بولۇپمۇ بابۇرنىڭ سەمەرقەنت قاتارلىق جايلاردا شىئە مەزھىپىنى ھە دەپ ئىززەتلەپ، ئىران سافاۋى خاندانلىقىغا خوشامەت قىلغانلىقى سۈننى مەزھىپىدىكى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئارقىدىنلا، سۈننى مەزھىپىدىكى يەرلىك ئاھالىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش پاجىئەلىرى يۈز بەردى. بابۇرنىڭ دىنىي خاھىشى سەمەرقەنتتىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاھالىلەرنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى.

1512 - يىلى، ئۆزبېك قوشۇنى سىر دەرياسىنىڭ شىمالىي ياقىسىدىن قايتا ئېتىلىپ كەلگەندە، سەمەرقەنت ئاھالىلىرى بىردىنلا بۆرۈلۈپ ئۆزبېك قوشۇنى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. بابۇرنىڭ قوشۇنى ئۇرۇشقا ئاتلىنىش بىلەنلا تارمار بولدى. بابۇر يەنە بىر مەرتەم ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، كابۇلغا قېچىپ كەتتى②.

1512 - يىلى ماۋۇرائۇننەھر رايونىدا يۈز بەرگەن بۇ غايەت زور ئۆزگىرىش ئۇزاق ئۆتمەيلا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا باشقا ئىككى ۋەقەنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇنىڭ بىرى، بابۇرنىڭ ماۋۇرائۇننەھردىكى مەغلۇبىيىتى ئۆزىنىڭ بۇ رايوندا ھەربىي كۈچ جەھەتتە ئاجىز ئورۇندا تۇرغانلىقىنى ئاشكارىلاپلا قالماستىن، بەلكى بابۇرنىڭ يەرلىك ئاھالىلەر ئارىسىدا سىياسىي ئابرويىدىن مەھرۇم قالغانلىقى-

نىمۇ ئىسپاتلىدى. بابۇر سەمەرقەنت قاتارلىق جايلاردا ئىككى يىل-
دەك ھۆكۈمرانلىق قىلىش جەريانىدا، بۇ مەسىلىدە ئەمىلىي تونۇشقا
ئىگە بولدى. ئۇ قايتا ماۋۇرائۇننەھر رايونىغا كىرىش ئىمكانىيىتىدىن
ئايرىلىپ قالدى.

بابۇرنىڭ ماۋۇرائۇننەھر رايونىغا قايتىش ئۈمىدى يوققا چىققان-
دىن كېيىن، ئۇ شەرققە يۈزلىنىپ، ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇق-
لۇغىغا كىرىش بىلەن، 16-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بۈگۈنكى
پاكىستان، شىمالىي ھىندىستان ۋە ئافغانىستاننىڭ شەرقىي قىسمىنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان مەشھۇر بابۇر خاندانلىقىنى قۇردى. بابۇر خان-
دانلىقى موغۇل خاندانلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ③.

ئىككىنچىسى، بابۇر مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، سەئىد ماۋۇرا-
ئۇننەھر رايونىدا تايانچىسىز قالدى. بۇنىڭدىن باشقا ئۆزبېك
قوشۇنلىرى فەرغانە ئويمانلىقىنى بېسىۋالغانلىقتىن، سەئىد ئۆزىنىڭ
ئاخىرقى ياشاش بازىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. شۇ سەۋەپتىن، ئۇ
شەرققە يۈزلىنىپ، پامىر ئىگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، تارىم ۋادىسىنىڭ
جەنۇبىي ياقىسىدا يەركەن خاندانلىقىنى قۇرۇش بىلەن مەشغۇل
بولدى.

بۇ سەئىدنىڭ تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىغا ئىككىنچى
قېتىم چاڭگال سېلىشى ئىدى.

سەئىد بىرىنچى قېتىم تارىم بويىغا كىرگەن چاغدىن تارتىپ
بۇ قېتىم كىرگەنگە قەدەر بولغان ئارىلىقتا تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە
شىمالىي رايونلىرىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە تۈپ خاراكتېرلىق ئۆز-
گىرىشلەر بولدى. ھەممىدىن ئاۋال مىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ
جەنۇبىي ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش تىرىشچانلىقى مەغلۇ-

بىيەتكە ئۇچرىغانلىقتىن، مىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ رايونلارغا تەسىر كۆرستىش رولى زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە، يەرلىك ھاكىمىيەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئايرىۋالدى. تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرى ئايرىم ھالدا ئۈچ يەرلىك ھاكىمىيەتنىڭ يەنى جۇڭغار خاندانلىقى، تۇرپان سۇلتانلىقى ۋە قەشقەر سۇلتانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى.

جۇڭغار خاندانلىقىنى ئۆتكەن ئەسىردە تىيانشاننىڭ شىمالىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئويراتلار قەبىلىسى قۇرغان. جۇڭغار دىگەن ئاتالغۇ موڭغۇلچىدا ئېنىق مەنىگە ئىگە بولۇپ، سول بىلەكنى بىلدۇرىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئويراتلار جۇڭغار ئويمانلىقىنى موڭغۇل دالاسىنىڭ سول تەرىپىدە دەپ چۈشەنگەن بولسا كېرەك. تىيانشاننىڭ شىمالىغا جايلاشقان بۇ پايانسىز زىمىن شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن جۇڭغار ئويمانلىقى دىگەن ئىسىم بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى.

جۇڭغار خاندانلىقى جەنۇپتا تىيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن تارتىپ، شىمالدا سىبىرىيىدىكى يېنىسېي دەرياسى ۋادىسىغىچە، شەرقتە بارىكۆل ئوتلىغىدىن تارتىپ، غەرپتە بالقاش كۆلىگىچە بولغان بۇ كەڭ ئارىلىقنى ئىلكىگە ئالدى، جۇڭغار خاندانلىقىنىڭ پۇقرالىرى ئىچىدە ئويراتلار — ئۇلار بۇ چاغدا قالماق موڭغۇللار دەپ ئاتالغان — دىن باشقا، قىرغىزلار ھەم بالقاش كۆلى ۋە ئىلى ۋادىسىغا سۈرۈلۈۋاتقان قازاقلارمۇ بار ئىدى. بۇلاردىن باشقا، ئويراتلارغا تۇققان بولغان تاتارلارمۇ جۇڭغار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. بۇ تاتارلار چىڭگىزخان زامانىدا ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال رايونىدىن يەتتەسۇ رايونىغا سۈرۈلگەن تاتار قەبىلىسىنىڭ ئەۋلاتلىرى ئىدى.

جۇڭغار خاندانلىقىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جوجىنىڭ ئەۋلاتلىرى قۇرغان سابىق ئالتۇن ئوردا خاندانلىقى بار ئىدى.

تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا تۇرپان سۇلتانلىقى ۋە قەشقەر سۇلتانلىقىدىن ئىبارەت بىر بىرىدىن قىلىشمايدىغان ئىككى ھاكىمىيەت بار ئىدى. بىرقانچە يىللىق توقۇنۇش ۋە ئۇرۇشلار ئارقىسىدا، بۇ ئىككى ھاكىمىيەت ئاخىرى بۈگۈنكى كۈندىكى كۇچار بىلەن ئاقسۇ ئوتتۇرىسىدىكى توقسۇ ناھىيىسىنى ئۆزلىرىنىڭ چېگرىسى قىلغان. 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن كېيىنكى شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى بىلەن قاراخانىلار خاندانلىقى ئوتتۇرىسىدىمۇ مۇشۇ جاي پاسىل بولغان ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى، بولۇپمۇ دىنىي ئېتىقات جەھەتتىكى ئايرىمچىلىق بۇ ئىككى ھاكىمىيەتنى بىر بىرىدىن روشەن پەرقلەندۈرگەن ئىدى. بىز ھازىر بايان قىلىۋاتقان دەۋرگە كەلگەندە، تۇرپان سۇلتانلىقى بىلەن قەشقەر سۇلتانلىقىنى بىر بىرىدىن پەرقلەندۈرىدىغان بىرەرمۇ روشەن ئالامەت ــ جۈملىدىن دىنىي ئېتىقات ــ قالمىغان ئىدى. بۇ ئىككى ھاكىمىيەت باشقۇرۇۋاتقان پۇقرالار ئوخشاشلا ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدىغان، بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلىتىدىغان مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ئىدى.

بىراق بۇ ئىككى ھاكىمىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى ئۆزلىرىنى قارشى تەرەپتىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئىككى تەرەپنىڭ پەرقىنى كۈچەپ پەيدا قىلىشقا ۋە ئۇنى كۆپتۈرۈپ تەرغىپ قىلىشقا كىرىشكەن ئىدى، تۇرپان سۇلتانى ئۆزىنى مەن چاغاتاي ئەۋلادى، تىيانشاننىڭ پۈتكۈل جەنۇبىي رايونى ئەجداتلىرىمغا سۇيۇرغال قىلىنغان دىگەننى كۆتىرىپ چىقتى. قەشقەر سۇلتانى بولسا ماڭلەي سۆيە

رايونى (بۈگۈنكى كورلىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار) تۇغلۇق تۆمۈر دەۋرىدىن باشلاپلا بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىزغا، يەنى بۇلاجى جەمەتىگە بېرىلگەن، ئاتابەكرى ئاتا-بوۋىسىدىن قالغان بۇ قائىدە-نىزامنىلا ئىشقا ئاشۇرۇۋاتىدۇ، دېگەننى كۆتىرىپ چىقتى.

سەئىد ئۆزبېكلەر تەرىپىدىن پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىغە قوغلانغان ۋاقىتلاردا، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىككى رەقىبى بولغان قەشقەر سۇلتانى بىلەن تۇرپان سۇلتانى كۈندىن-كۈنگە خاراپلىشىپ، ھالاكەتكە يۈزلەنمەكتە ئىدى.

تۇرپان سۇلتانلىقى تۇرپان ئويمانلىقىدا سىياسى كۈچ سۈپىتىدە ۋۇجۇتقا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشلىرىدىن بىرى شەرق بىلەن غەرپنىڭ سودىسىنى تىزگىنلىگەنلىكىدىن ئىبارەت بولدى. تۇرپان سۇلتانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى شەرق بىلەن غەرپنىڭ سودىسىنى تىزگىنلەش داۋامىدا غايەت زور پايدا كۆرگەن. بۇ ھاكىمىيەتنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاساسلىق كىشىلىرى سودا ئىشلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان، مەسىلەن، مەنسۇرنىڭ كۈيوغلى تاجىدىن — قۇمۇلنى بېسىۋېلىش ۋە خېشى رايونىغا باستۇرۇپ كىرىشنى ئەڭ بۇرۇن پىلانلىغان ۋە بۇ ئىشلارغا قوماندانلىق قىلغان ئاساسلىق كىشى — نىڭ سودا تورلىرى قۇمۇلدىن بەدەخشانغىچە سوزۇلغان. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، تاجىدىن قۇمۇلدىن بەدەخشانغا بارغۇچە ھېچقانداق چىقىم قىلمايمۇ ئىززەتلەپ كۈتۈۋېلىنىدىكەن④. ئەلۋەتتە، شەرق بىلەن غەرپ ئوتتۇرىسىدىكى سودىنى تىزگىنلەش داۋامىدا مەنپەئەت كۆرگەنلەر يالغۇزلا تاجىدىن بىر ئادەم ئەمەس.

سودىدا مەنپەئەت كۆرگەنلەرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، تۇرپان

سۇلتانلىقى سودا ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدى. ئاقىۋەتتە، سودا ساھەسىدە تىزگىنلەش دائىرىسىنى ئۆزلۈكسىز كېڭەيتىپ، تېخىمۇ زور سودا مەنپەئەتىگە ئېرىشىش يولىدىكى ئىنتىلىش تۇرپان سۇلتانلىقىنىڭ سىياسى خاھىشىغا ھەمىشە تەسىر كۆرسىتىپ تۇردى. تۇرپاننىڭ قۇمۇل ۋە مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان توقۇنۇشلىرىنىڭ تېگى-تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەندە، بۇ توقۇنۇشلار، كۆپىنچە، ئەنە شۇ سودا مەنپەئەتىنىڭ سەۋەپچى بولۇشى ئارقىسىدا يۈز بەردى. لېكىن، تۇرپان سۇلتانلىقىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى يەنىلا ئىنتايىن ئاجىز ۋە زەئىپ ئىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ بۇ ئاجىزلىقى بارغانسېرى ئاشكارىلاندى. تۇرپاننىڭ مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلەشكەن ۋە يامانلاشقاندىن كېيىن، تۇرپاننىڭ سودا پائالىيىتى ئېغىر توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرىدى. بولۇپمۇ مىڭ سۇلالىسى بىرىنچى قېتىم ئۇلپاننى توختاتقاندا، تۇرپان سودىدىن مەنپەئەت ئېلىش ئىمكانىيىتىدىن تامامەن مەھرۇم بولۇپ قالدى. بۇلا ئەمەس، مىڭ سۇلالىسى بىلەن داۋاملىق سودا ئالاقىسى ئورنىتىشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان جايلار مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇلپاننى توختاتقانلىقىنى تۇرپان سۇلتانلىقىدىن كۆردى. بۇنىڭ بىلەن تۇرپان سۇلتانلىقىغا قارىتا ئومۇمى يۈزلۈك نارازىلىق قوزغالدى ⑤. نەتىجىدە، تۇرپان سۇلتانلىقى ئەينى ۋاقىتتا ئابابەكرى دۇچكەلگەن پاتقاققا پېتىپ قېلىپ، ئۇنىڭ سىرت بىلەن ئالاقىلىشىش يوللىرى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە توسۇلۇپ قالدى. ئۇ ھەم مىڭ سۇلالىسى بىلەن، ھەم قەشقەر سۇلتانلىقى تىزگىنلەپ تۇرغان ئاقسۇ رايونى ئارقىلىق چەت جايلار بىلەن ئالاقىلىشالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى، ھەتتا

بىرقانچە يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئالاقىلىشىشتا ئاساسلىق يولى بولۇپ قالغان تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى ئىلى ۋادىسىمۇ ئويرات ھاكىمىيىتىنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن، بۇ تەرەپتىكى قاتناش يولىدىنمۇ مەھرۇم بولۇپ قالدى.

بۇ ئۆزگىرىشلەر تۇرپان سۇلتانلىقىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتى بىلەن سىياسى ئابرويىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. بۇ ھاكىمىيەتنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئىجتىمائى تۇرمۇشتا تۇتقان ئورنى كۈندىن-كۈنگە تۆۋەنلەپ كەتتى، ھالبۇكى، بۇلار كېيىنكى كۈنلەردە مەنسۇرنىڭ ئۆز ئىنىسى سەئىدكە باش ئېگىشىنىڭ ئىچكى سەۋىبىگە ئايلاندى. ئېنىقكى، زور دەرىجىدە زەئىپلىشىپ كەتكەن تۇرپان سۇلتانى مەنسۇر ئەمدىلىكتە ئەينى ۋاقىتتا يەتتىسۇ رايونىدا ئۆزىنىڭ بۇ ئىنىسىنى مەغلۇپ قىلغان ئۇلۇغۋار ئىشنى تەكرارلاشقا ئامالسىز قالدى.

شۇ مەزگىلنىڭ ئۆزىدە قەشقەر سۇلتانلىقىمۇ جىددى داۋالغۇش ھالىتىدە ئىدى. كېيىنكى يىللاردا ئابابەكرى ئىنتايىن ۋەھشىلىشىپ كەتتى. مەخمۇت جوراس ئۆزىنىڭ «تارىخى رەشىدى» (زەيلى) ناملىق ئەسىرىدە ئابابەكرىنى سۆكۈپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: "ئابابەكرى مىرزا 48 يىلدىن بۇيان ياركەنت، قەشقەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ھازىر ئۇ قېرىپ 70 ياشقا يېقىنلاشتى. ئۇ ئارتۇقچە زالىم، زۇلمى ھەددىدىن ئاشتى. ياركەنتنىڭ كونا شەھىرىنى بۇزۇپ قېزىپ، كۆمۈلگەن نۇرغۇن مالنى تېپىۋالدى، قەشقەر شەھىرىنى بۇزۇپ قېزىپ، نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈش تېپىۋالدى. خوتەن شەھىرىنى بۇزۇپ قېزىپ، 27 خۇم تاپتى. بۇ خۇملار شۇنچىلىك چوڭ ئىدىكى، ساغداقلىق كىشى كىرىپ يۈرسە، ساغدىقى تەگمەيتتى.

خۇملارنىڭ ئىچىدە بىردىن ئاپتاۋا بولۇپ، ئاپتاۋىنىڭ ئىچىدە رىگە
ئالتۇن بار ئىدى. ئاپتاۋىنى بىر كىشى كۆتىرەلمەيتتى،...ئابابەكرى بۇ
خۇملارنى غەزنىسىگە قويۇپ قويدى. ئابابەكرى مىرزا ئاخىرقى دەۋرىدە
زۇلۇمغا شۇنداق مەدىل قىلدىكى، ئۇنىڭ زۇلمىنى قەلەم يېزىپ
تۈگىتەلمەيدۇ. ئابابەكرى مىرزا ئالىملاردىن: بۇ يۇرتتىن بىر تۈركۈم
ئادەملەر يەنە بىر يۇرتقا بارسا، پىتنە-پاساتقا سەۋەپ بولىدىغان بولسا،
بېرىش-كېلىشنى مەنئى قىلىش توغرا بولامدۇ؟ دەپ سورىدى،
ئالىملار: پىتنە-پاسات بولىدىغان بولسا، مەنئى قىلىش توغرا بولىدۇ،
دىدى. ئۇ بۇ سۆز بىلەن كىشىلەرنىڭ شەھەردىن شەھەرگە بېرىشىنى
مەنئى قىلدى. جۇملىدىن مادۇ ۋە چىگىرەك ئايىمىغىنى تۇتۇپ،
مەن سىلەرنى مەنئى قىلمەن دەپ، ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ
پۇتىنى تىزىدىن كېسىپ تاشلىدى. ئادەملەرنى ئۆلتۈرمىدىم دىدى.
ئەمما بۇ خەقلەر ئۆلۈپ كەتتى. بۇ خىل زۇلۇمنى كۆپ قىلدى،
ئەمما ئۆزى شەرىئەت بويىچە ئىش قىلدىم دىدى.“

ئابابەكرى يەنە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىككى ئوغلىنى
ئۆلتۈرگۈزگەن. ئۇ يەنە خىرىستىيان دىنىدا رىۋايەت بولۇپ يۈرگەن
ئەيسانى ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلىنى دوراپ، ئۆزىنىڭ بىر تۇققان ئىنىسىنى
ياغاچ كىرىستكە مىخلاپ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن. لېكىن، قەشقەر سۇل-
تانلىغىنىڭ گۇمران بولۇشىنى ھەقىقى تېزلەتكەن ئامىل يېزىلاردا
كۆرۈلۈۋاتقان ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىۋاتقان-
لىقى ئىدى.

شەھەر-بازارلار خاراپلىشىپ، سودا ئىشلىرى پالەچ ھالەتكە
چۈشۈپ قالغانلىقتىن، زور تۈركۈمدىكى سودىگەرلەر ۋە شەھەرلەر-
دىكى باشقا تەبىقىدىكىلەر مەبلەغىنى پەيدىن-پەي يېزىلارغا

قاراتتى. بۇنىڭ بىلەن قەشقەر سۇلتانى ھۆكۈمرانلىقىدىكى تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي رايونلىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبى بويىچە ئېتىز-ئېرىقلارنى تالىشىش ئەڭ كەسكىن بولغان رايونغا ئايلاندى. ۋاھالەنكى، يېزىلاردىكى پومىششكلار سىنىپى ئېتىز-ئېرىقلارنى تالىشىش دولقۇنىدىكى ئاساسلىق كۈچ ئىدى. مۇشۇنداق قىيىن مۇھىتقا مۇپتىلا بولغان دىخانلار خانىۋەيران بولۇپ كېتىپ، كۆپىنچە، يۇرتىنى تاشلاپ مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كەتكەن، تاغ، جىلغىلاردا ۋە چۆل-جەزىرىلەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن، ھەتتا كۆچۈپ يۈرۈش مەنئى قىلىنغان ئەمىر-پەرمانلارمۇ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ سىرتلاردا ئېقىپ يۈرۈشنى توسۇۋالالمىغان ئىدى⑥.

ئەنىسىزلىك ۋە داۋالغۇش پۈتكۈل تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى رايونلارنى قاپلاپ كەتكەن ئىدى. تۇرپان سۇلتانلىقى بىلەن قەشقەر سۇلتانلىقى سەئىدنىڭ تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىدە يەركەن خاندانلىقىنى قۇرۇشىغا ئاساسلىق شارائىت يارىتىپ بەردى.

1512-يىلى كۈز پەسلى، سەئىد ئۆزىنىڭ فەرغانە ۋە پامىر ئىگىزلىكىدە توپلىۋالغان بىر تۈركۈم شېرىكلىرىنى باشلاپ، پامىر ئىگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، قەشقەرگە 50 چاقىرىملا كېلىدىغان ئاتۇشنى توساتتىن ئىشغال قىلىۋالدى. سەئىدنىڭ بۇ ھەركىتى ئاقسۇ بىلەن قەشقەرنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. ئابابەكرى قەشقەر قەلئەسى يېنىدا سەئىدنىڭ قوشۇنى بىلەن بىر مەھەل ئۇرۇش قىلغاندىن كېيىن، قەشقەر قەلئەسىگە مەھكەم قاپسىلىپ قالدى. قەشقەرنى قورشاش جېڭى ئۈچ ئاي داۋام قىلدى. ئاخىر كەلگەندە، ئابابەكرى ئۆز يېقىنلىرىنى باشلاپ، نۇرغۇن مال-مۈلۈك بىلەن يەركەنگە

قېچىشقا مەجبۇر بولدى. سەئىد ئۆزىنىڭ ئاساسىي كۆچىنى يېڭىسارغا يۆتكەپ، ئاۋال يېڭىسارنى ئىشغال قىلدى. شۇنداق قىلىپ، سەئىد ئابابەكرىنىڭ قوشۇنلىرىنى ئۈچ بۆلەككە بۆلۈۋەتتى ۋە ئاقسۇ، قەشقەر، يەركەننى قورشىۋالدى. يەرلىك ئاھالىلەر ئابابەكرىدىن بىزار بولغانلىقتىن، سەئىد ئۆزىنىڭ چەكلىك كۆچىنى دۈشمەنىنىڭ ھەرقايسى تايانچ نۇقتىلىرىغا دادىللىق بىلەن ئاتلاندۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالىدى. كېيىنكى كۈنلەردە قەشقەردە قاتتىق ئاچارچىلىق بولدى ۋە يۇقۇملۇق كېسەل تارالدى. 1513 ـ يىلى ئەتىياز بىلەن ياز ئارىلىغىدا قەشقەر قەلئەسىدىكى ئابابەكرى قوشۇنى سەئىدكە تەسلىم بولدى. ئاقسۇدىكى قوشۇن قەلئەنى تاشلاپ تەكلىماكان ئارقىلىق يەركەنگە چېكىندى. ئاقسۇمۇ سەئىدنىڭ قولىغا ئۆتتى. شۇنداق قىلىپ، ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنىڭ بىر بۆرجىكى غۇلاپ چۈشتى. ئابابەكرى خوتەندە ئۇيۇشتۇرغان قوشۇننى يېڭىسار بىلەن يەركەن ئارىلىغىغا ئۈزلۈكسىز ئاتلاندۇرۇپ تۇرغانلىقى ۋە ئاقسۇدىن چىققان قوشۇنلار يەركەن ئەتراپىغا توپلانغانلىقى ئۈچۈن، سەئىد بىر مەزگىل يېڭىساردا توسۇلۇپ قالدى، ئابابەكرى ئۆزىنىڭ مۇشۇ كۈچلىرىگە تايىنىپ، شۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزىنى ساقلاپ تۇرالىدى. شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا، سەئىد قوشۇنى ئابابەكرىنىڭ قالدۇق ھەربى كۈچلىرىنى تارمار قىلىپ، يەركەن قەلئەسىنى قورشىۋالدى. يەركەن قەلئەسى مۇنقەرز بولۇش ئالدىدا، ئابابەكرى ئۆز ئورنىنى كىچىك ئوغلىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، نۇرغۇن بايلىق بىلەن كەشمىر تەرەپكە قاراپ قاچتى. ئابابەكرى قوغلاپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلەرنى بەنت قىلىش ئۈچۈن زور بىر تۈركۈم بايلىقنى كوئىنلۇن تېغىدىكى قاراقاش دەرياسىغا تۆكتۈرۈۋەتتى. ئەمما ئابابەكرى ھالاك بولۇش

تەقدىرىدىن قۇتۇلالمىدى. ئۇ كوئىنلۇن تېغىدا ئەسىرگە ئېلىنىپ، يەركەنگە ئېلىپ كېلىش سەپىرىدە مەخپىي ئۆلتۈرۈلدى⑦.

1514 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، سەئىد يەركەن قەلئەسىگە كىرىپ، ئاق كىگىز سېلىنغان سۇپىغا چىقىپ، ئۆزىنى "سۇلتان" دەپ جاكالىدى. شۇنداق قىلىپ، يەركەن خاندانلىقى دۇنياغا كەلدى.

دەسلەپتە يەركەن خاندانلىقىنىڭ زېمىنى قەشقەر سۇلتانلىقىنىڭ ئەسلى زېمىنى دائىرىسى بىلەن چەكلەنگەن ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە يەركەن خاندانلىقى ئىلى ۋادىسىدا ۋە بالقاش كۆلى بويىدىكى قازاقلار ئارىسىدا سىمۋول خاراكتېرلىق ھۆكۈمرانلىق تىكلىدى.

بۇ ئىشتا سەئىدنىڭ چاغاتاي ئەۋلادلىق سالاھىيىتى ئاساسلىق رول ئوينىدى.

يەركەن خاندانلىقى پامىر ئېگىزلىكىدىكى قىرغىزلار ئارىسىدا ئىسمى جىسمىغا لايىق ھۆكۈمرانلىق تىكلىدى. يەركەن خاندانلىقى قىرغىز قەبىلىلىرى جايلاشقان رايونلارغا قوشۇن ۋە مەمۇرى ئەمەلدارلارنى ئەۋەتتى، ئىسسىق كۆل بويىدا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورگانلىرىنى قۇردى، قىرغىزلاردىن باج ۋە ئۆشرە ـ زاكات ئالدى.

چاغاتاي ئەۋلادلىرى ئىچىدە، سەئىدنىڭ سەرگۈزەشتىسى باشقىلاردىن زور دەرىجىدە پەرق قىلاتتى. ئۇ ئاكىسى مەنسۇر تەرىپىدىن يەتتەسۇ رايونىدا مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلغان سەرگەردانلىق تۇرمۇش ئۇنى جەمىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ئاباپەكرىنىڭ يامان قىلمىشلىرىدىن كېلىپ چىققان ئېغىر ئاقىۋەت-

لەرنى سەئىد ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. دەل ئابابەكرى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېغىر ئەھۋال سەئىدنىڭ تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدا غەلىبە قىلىشىغا شەرت-شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن ئىدى. شۇڭا، سەئىد ھوقۇق يۈرگۈزگەن دەسلەپكى يىللاردا، ئەمگەكچىلەر ئۈستىدىكى ئېغىر چىلىقنى مەلۇم دەرىجىدە يەڭگىللىتىشكە ئەھمىيەت بەردى ۋە سىياسى، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە بىرقەدەر يۇمشاق سىياسەت قوللاندى، بولۇپمۇ باج، سېلىق جەھەتتە ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە پايدىلىق بىرمۇنچە تەدبىرلەرنى قوللاندى. مانا بۇلار سەئىدنىڭ ئاساسلىق سىياسى نەتىجىسىنى ھاسىل قىلدى. مۇشۇ باپنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمىدە بۇ ھەقتە تەپسىلى توختىلىمىز.

## 2. يەركەن خاندانلىقىدىكى ئۆزگىرىشلەر

يەركەن خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى پائالىيەتلىرى ئاساسەن ھەربى پائالىيەتلەر بولدى، بۇ جەھەتتە يەركەن خاندانلىقىنىڭ ئېرىشكەن ئەڭ دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيىتى تۇرپان سۇلتانى مەنسۇرنى بويسۇندۇرغانلىقتىن ئىبارەت بولدى⑧.

تۇرپان سۇلتانى بويسۇنۇشتىن ئىلگىرى، سەئىدنىڭ تەسىرى كۇچى ئىلى ۋادىسى ۋە بالقاش كۆلى ئەتراپىدىكى قازاقلار رايونىغىچە كېڭەيدى، يەركەن خاندانلىقىغا بېقىنغان قازاق قەبىلىلىرى سەئىدنىڭ پوزىتسىيىسىنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ، تۇرپان سۇلتانلىقى بىلەن بولغان ھەممە ماھىيەتلىك ئالاقىسىنى توختاتتى. بۇنىڭ بىلەن، تۇرپان سۇلتانلىقى مىڭ سۇلالىسى بىلەن يەركەن خاندانلىقىنىڭ ئارىسىدا قاپسىلىپ قالدى. ئاقىۋەتتە، مەنسۇر 1516-

يىلى سەئىدكە باش ئېگىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ئاكا-ئۇكىلار بۈگۈنكى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ بىر چۆلدە ئۇچراشقاندا، مەنسۇر ئۆز ئىنىسىغا باش ئېگىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مۇراسىم ئاياقلاشقاندىن كېيىنلا، ھەر ئىككىسى ئۆز بارگاھلىرىغا قايتتى. بۇ ئۇلارنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان تۇنجى قېتىملىق ئۇچرىشىشى شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق كۆرۈشۈشى ئىدى.

ئەلۋەتتە، بۇنداق باش ئېگىش مەنسۇرنىڭ ئورنىنى شۇ ھامانلا ئۆزگەرتۋەتمىدى، مەنسۇر ئۆزىنىڭ سۇلتانلىق نامىنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى. كېيىنكى كۈنلەردە تۇرپان قوشۇنىنىڭ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسمىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى مەنسۇرنىڭ سەئىدكە باش ئەگكەندىن كېيىنمۇ مۇستەقىل ھەربى كۈچىنى يەنىلا ساقلاپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

1529-يىلى مىڭ سۇلالىسى ئولپاننى مەنئى قىلغاندىن كېيىن، تۇرپان سۇلتانلىقى يەركەن خاندانلىقىغا تامامەن باش ئەگدى. مىڭ سۇلالىسى ئولپان يولىنى ئېتىپ تاشلاپ، تۇرپان سۇلتانلىقىنىڭ يۆلەنچۈكى بولغان ئىقتىسادىي شارائىتىنى يەنى سودا ئىشلىرىنى ئېغىر زەربىگە ئۇچراتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تامامەن تۈيۈق يولغا كىرىپ قالدى. تۇرپاننىڭ سودا ئىشلىرى پۈتۈنلەي ئاقسۇ ۋە ئىلى يوللىرى ئارقىلىق سىرت بىلەن ئالاقىلىشىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغاندا تۇرپان سولتانلىقى بىر ھاكىمىيەت گەۋدىسى بولۇپ تۇرۇش ئەھمىيىتىنى تامامەن يوقاتتى.

سەئىد مەنسۇر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر ياقلىق قىلغاندىن كېيىن، يەركەن خاندانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى ئارقا-ئارقىدىن بەدەخشان ۋە پامىر ئىگىزلىكىنىڭ جەنۇبىدىكى ۋاقان رايونىنى

ئىشغال قىلدى. يەركەن خاندانلىقىنىڭ قوشۇنى ھەتتا بۆگۈنكى پاكىستاننىڭ بىرۇز رايونىغىمۇ باستۇرۇپ كىرىپ، بۇ جاينى بىر مەھەل تالان-تاراج قىلدى. بۇ مەزگىلدە يەركەن خاندانلىقى پەقەت پامىر ئېگىزلىكىنىڭ غەربىدىكى فەرغانە ئويمانلىقىدىلا تۇنجى قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى.

خىزىر خوجىدىن باشلاپ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ چېگرا پاسىلىنى ھامان فەرغانە ئويمانلىقىغىچە سۈرۈشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئىدى. سەئىدمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. ئەمما سەئىد ئۆزبېكلەر بىلەن فەرغانىنى تالىشىپ مەغلۇپ بولدى.

سەئىد ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا خاندانلىقنىڭ ھەربىي پائالىيەتلىرىنى كەشمىرگە قاراتتى. كەشمىر — ئاسىيادىكى قەدىمىي دۆلەت. كەشمىرنىڭ ئېلىمىزدىكى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونى بىلەن بولغان ئالاقىسى مىلادىدىن بۇرۇن بۇددا دىنى تارقىلىشقا باشلىغان مەزگىللەردىلا باشلانغان. شۇ ۋاقىتلاردا كەشمىر بۇددا دىنىنىڭ خوتەنگە كىرىشىدىكى ئاساسلىق يوللارنىڭ بىرى بولغان ئىدى. ئېلىمىز ساياھەتچىلىرىنىڭ خاتىرىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان جىبىڭ رايونى ئەنە شۇ كەشمىرنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلام دىنى كەشمىرگە 14-ئەسىردە كىرگەن. 16-ئەسىردە كەشمىر شەمسىدىن ئىسىملىك كىشىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن. بۇ شەخس ئىسلام دىنىنىڭ شىئە مەزھىپىگە مەنسۇپ بولغانلىقتىن، ئىسلام دىنىدىكى شىئە بىلەن سۈننىي مەزھەپلىرىنىڭ جېدەل-غوۋغالىرى كەشمىر رايونىغىمۇ كىرگەن. بۇ ئىككى مەزھەپنىڭ تالاش-تارتىشلىرى ئارقىسىدا، كەشمىر كۈندىن-كۈنگە زەئىپلىشىپ كەتكەن⑨.

سەئىد كەشمىر ئۆزىنىڭ تارىخىدا چۈشكۈن باسقۇچتا تۇرغان
مەزگىلنى تاللىۋالغان ئىدى. يەركەن خاندانلىقىنىڭ مىرزا ھەيـ
دەركوراگانى بىلەن ئىسكەندەر قوماندانلىقىدىكى قوشۇنى ھەدىگەنـ
دىلا كەشمىرگە ئىچكىرىلەپ كىردى ھەمدە كەشمىرنىڭ پايتەختىگە
قىستاپ باردى.

كەشمىر ھۆكۈمرانىنىڭ سەئىدنىڭ نامىدا تىللا قۇيۇش
مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغانلىقى كەشمىر ئۈستىدىن قىلىنغان
غەلبىسىنىڭ بەلگىسى بولدى. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، يەركەن
خاندانلىقىنىڭ قوشۇنى كەشمىر ھەربى ۋە خەلقلىرىنىڭ كەسكىن
قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئاقىۋەتتە، 1533 ـ يىل قىشتا، يەركەن خانـ
دانلىقىنىڭ قوشۇنى كەشمىر رايونىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى.
شۇنىڭ بىلەن كەشمىرگە قارىتىلغان ھەربى ھەركەت جىمىقىپ قالدى.

يەركەن خاندانلىقىنىڭ قوشۇنى كەشمىردە ئۇرۇش قىلىۋاتقان
مەزگىلدە، سەئىد باشتىن ـ ئاخىر لاداختا تۇرغان ئىدى. 1533 ـ يىلـ
نىڭ ئاخىرلىرىدا، سەئىد لاداختىن يەركەنگە قايتىش سەپىرىدە
كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.

سەئىدنىڭ قانۇنىي ئىز باسارى ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇرـ
شىت ئىدى.

ئابدۇرىشىت يەركەن خاندانلىقىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي
قىسمىدىن باشقا جايلاردا بولغان ھەممە ھەربى ۋە سىياسى پائالىـ
يەتلىرىگە قاتناشقان. بالقاش كۆلى ۋە ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا
ئابدۇرىشىت جۇڭغار خاندانلىقى شۇنىڭدەك قازاقلار بىلەن بولغان
سۇلھى تۈزۈش ئىشلىرىغا قاتناشقان. قازاقلارنى يەركەن خاندانـ
لىقىغا ئىتات قىلدۇرۇشتا ئابدۇرىشىت مەلۇم رول ئوينىغان. ئۇ

يەنە قىرغىزلار رايونىدا تۇرۇشلۇق مەمۇرى ئەمەلدار بولۇپ تەيىنلىنىپ، ئىسسىق كۆل ئەتىراپىغا بېرىپ پامىر ئېگىزلىكىدىكى قىرغىز قەبىلىلىرىنى باشقۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن، كېيىن، ئابدۇرېشىت ئاقسۇنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىنىپ، تۇرپان سۇلتانلىقىغا تاقابىل تۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ۋە تۇرپاننى بويسۇندۇرۇش جەھەتتە غايەت زور تۆھپە ياراتقان. مەنسۇر سەئىدكە باش ئەگكەندىن كېيىن، ئابدۇرېشىت داۋاملىق ھالدا ئاقسۇنىڭ ھاكىمى بولۇپ، تۇرپان رايونى ۋە پامىر ئېگىزلىكىدىكى قىرغىزلار رايونىغا نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى بېجىرگەن. سەئىد ۋاپات بولغان چاغدا، ئابدۇرېشىت ئاقسۇدىكى ئەنە شۇ خىزمىتىدە ئىدى.

سەئىدنىڭ ۋاپات بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر تارقىلىش بىلەنلا، يەركەن خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدە ھوقۇق تالىشىش كۆرەشلىرى ئەۋج ئالدى. قەشقەردە تۇرۇشلۇق بىر تۈركۈم ئەمەلدارلار خاندانلىقنىڭ باش ۋەزىرى، قوشۇن باشلىقى، قوشۇمچە قەشقەر ھاكىمى سەئىد مۇھەممەتنى يېڭى سۇلتان قىلماقچى بولدى، بۇ سۇيىقەستكە ئىشتىراك قىلغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مۇسىبەت بانىسى بىلەن ناھايىتى چاپسانلا يەركەن قەلئەسىگە يىغىلدى.

شۇ كۈنلەردە، ئابدۇرېشىتمۇ كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ ئاقسۇدىن يەركەنگە قاراپ سەپەرگە ئاتلىنىپ، سەئىد مۇھەممەتلەر ئۆز سۇيىقەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن بۇرۇن يەركەن قەلئەسىگە يېتىپ كەلدى. سەئىد مۇھەممەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەربى، مەمۇرى ئەمەلدارلار يەركەن قەلئەسىنىڭ سىرتىدا ئابدۇرېشىتنى

قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، ئابدۇرېشىت شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا توساتتىن سەئىد مۇھەممەت ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىق شېرىك-لىرىنى قەتلى قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.⑩ ئابدۇرېشىت دادىسىدىن قالغان زېمىننى ناھايىتى پەخەس قىلىپ تۇرۇپ قوغدىدى. دادىسىغا سېلىشتۇرغاندا، ئابدۇرېشىت ھەربى ئىشلاردا ھېچقانداق تۆھپە يارىتالمىدى. ئابدۇرېشىت باشقىچە تىپتىكى ھۆكۈمران ئىدى.

مولla مۇسا سايرامى ئابدۇرېشىتكە باھا بېرىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: "ئۇ بىلىملىك، دىگىننى قىلىدىغان خان ئىدى. ئۇ شائىر، مۇزىكىدا ئۇستاز، پارسچە، تۈركچە شېئىرلارغا ماھىر، يونان مۇزى-كىسىدىن خەۋىرى بار ئىدى. ئۇ ئىشرەت ئەنگىز مۇقامىنى ئى-جات قىلدى"*.

ئابدۇرېشىتكە بۇنداق باھا بەرگەن كىشى يالغۇز موللا مۇسا سايراملا ئەمەس. نۇرغۇن تارىخىي ماتىرىياللار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئابدۇرېشىتنىڭ زېھنىنىڭ كۆپ قىسمى مەدىنىيەت پائالىيەتلىرىگە مەركەزلەشكەن. ئۇ بولۇپمۇ ئىلمىي مۇنازىرىلەرگە ئىشتىياق باغلى-غان، ئۆزىنىڭ بوش ۋاقىتلىرىنى ھەر خىل ئېقىمدىكى شائىرلار، ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ شېئىر، ماقالا ۋە دىنىي تەلىماتلىرى توغرى-سىدىكى مۇنازىرىلەرگە سەرپ قىلغان.

ئابدۇرېشىتنىڭ ئىشتىياقى تەبىئى ھالدا جايلاردىكى ئەدىپلەر ۋە ئىسلام ئۆلىمالىرىنى جەلپ قىلدى. نەتىجىدە، يەركەن شۇ ۋاقىتتا

* ئىشرەت ئەنگىز مۇقامىنى ئەمەلىيەتتە ئابدۇرېشىتنىڭ ئايالى ئامانىسا-خان ئىجات قىلغان.

تىيانىشاننىڭ جەنۇبىدا ئاساسلىق ھۆكۈمرانلىق مەركىزى بولۇپلا قالماي، بەلكى بۇ رايون بويىچە ئەڭ زور مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندى.

ئابدۇرىشتىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم پائالىيىتى مۇقامنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە رەتلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ يەركەن خاندانلىقىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتى تارىخىدا قالدۇرغان ئەڭ مۇھىم نەتىجىلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شانلىق مەدەنىيىتىگە قوشقان كونكرېت تۆھپىلىرىدىن بىرى.

ئابدۇرىشتىنىڭ نامى بىلەن باغلانغان يەنە بىر يادىكارلىق مىرزا ھەيدەر كوراگان تەرىپىدىن يېزىلغان، ئابدۇرىشتىنىڭ نامىغا بېغىشلانغان «تارىخى رەشىدى» دىگەن ئەسەردىن ئىبارەت. ئۇ بىزنىڭ 15 ـ ئەسىردىن كېيىنكى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي، شىمالىي رايونلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى مۇھاكىمە قىلىشىمىزدىكى ئەڭ قىممەتلىك ماتېرىياللاردىن بىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

ئابدۇرىشت ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە يۈز بەرگەن مۇھىم سىياسى ۋەقە تۇرپاننىڭ ئاخىرقى ھىساپتا يەركەن خاندانلىقىغا ئىتائەت قىلغانلىقىدىن ئىبارەت. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تۇرپان كۈچى تاكى سەئىد ۋاپات بولغانغا قەدەر ناھايىتى كۆپ كىچىكلىتىلگەن دائىرىدىكى بىر خىل سىياسى كۈچ بولۇش سۈپىتىدە خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. بۇ ئەھۋال بىزگە «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»دىكى ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولىدى. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»دا يېزىلىشىچە: " (پادىشا مىڭ شىزۇڭنىڭ) جىياجىڭ 24 ـ يىلى (1545 ـ يىلى) مەنسۇر ئۆلۈپ، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى شاھ مىرزا سۇلتان بولغان، كىچىك ئوغلى مەخمۇتمۇ ئۆزىنى

سۇلتان جاكالاپ، قوۋمۇلنى بېسىۋالغان، كېيىنكى كۈنلەردە بۇ ئىككى ئاكا-ئۇكا ئۆزئارا قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان. مەخمۇت ئويراتلار بىلەن قۇدا-باجا بولۇپ، ئاكىسىغا تاقابىل تۇرغان، شاجۇ (دۇنخۇاڭ)دا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، سۇلالىمىزنىڭ چېگرىسىغا دەخلى قىلماقچى بولغان. كېيىن مەخمۇتنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى كېلىپ، ئولپان تاپشۇرۇشقا رۇخسەت قىلىشنى ۋە جىيايۇگۇەننىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى ئۆتۈنگەن. چېگرا مۇداپىئە ئەمەلدارلىرى تەسەللى بېرىپ ئۇنى توسقان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ، ئاكىسى بىلەن بىللە ئۆتكەن. باش نازارەتچى جاڭ خېڭ بۇ ئەھۋالنى پادىشاغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، پادىشا ئولپان تاپشۇرۇشقا رۇخسەت قىلىپ پەرمان چىقارغان. 26-يىلى، ھەر بەش يىلدا بىر مەرتەم ئولپان كىرگۈزۈش بەلگىلەنگەن. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئۆز ۋاقتىدا ئولپان تاپشۇرۇپ تۇرىدىغان بولدى. لېكىن ئەلچىلەرنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىپ بارغان. مىڭ شىزۇڭنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە، ئۇلاردىن بارغان خەت-ئالاقىلەر 248 پارچىگە يەتكەن. ھۆكۈمەت ئۇلارنى لايىغىدا مۇكاپاتلاپ تۇرغان."

"(پادىشا مىڭ مۇزۇڭنىڭ) لۇڭچىڭ 4-يىلى (1570-يىلى) مەخمۇت ئاكىسىنىڭ ئورنىغا چىققان ۋە ئەلچى ئەۋەتىپ، پادىشانىڭ ئېلتىپاتىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن. ئۇنىڭ سوپى قاتارلىق ئۈچ ئىنىسمۇ ئۆزلىرىنى سۇلتان دەپ جاكالاپ، ئەلچى ئەۋەتىپ ئولپان كىرگۈزگەن. مېھمان كۈتۈش ئەمەلدارلىرى ئۇلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپاتنى ئازايىتىشنى، ئۇلارنىڭ مەخمۇتنىڭ ئەلچىلىرى قاتارىدا كېلىشىنى تەكلىپ قىلغاندا، پادىشا نەستىقلىغان. تاكى شېنزۇڭنىڭ ۋەنلى يىللىرىغىچە (1573-يىلىغىچە) ئولپان ئۈزۈلمەي كېلىپ

تۇرغان."

ئابدۇرىشىتنىڭ تۇرپانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنىڭ نامايەندىسى شۇ بولدىكى، شاھ سۇلتان ئۆلۈش بىلەنلا، ئابدۇرىشىت تۇرپانغا بىۋاسىتە ئەمەلدار تەيىنلەپ ئەۋەتتى. يەركەن خاندانلىقىنىڭ تۇرپانغا ئەۋەتكەن بۇ تۇنجى ئەمەلدارى سەئىدنىڭ توققۇزىنچى ئوغلى ئابدۇرېھىمخان ئىدى، بىراق تۇرپان تەرەپ توسقۇنلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئابدۇرېھىمخان تۇرپانغا ۋاقتىدا بارالمىدى، تاكى ئابدۇرىشىت ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئاندىن خىزمەت ئورنىغا بارالىدى. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»دا مۇنداق دەپ يېزىلغان: "(پادىشا مۇزۇڭنىڭ) لۇڭچىڭ 4-يىلى (1570-يىلى) مەخمۇت ئاكىسىنىڭ ئورنىغا چىققان." بۇنىڭغا قارىغاندا، ئابدۇرېھىمخان بۇ چاغدا تېخىچە ئۆز ئورنىغا بارالمىغان.

ئابدۇرىشىت 37 يىل تەختتە ئولتۇرۇپ، 1570-يىلى كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى. ئابدۇرىشىتتىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇكېرىمخان تەختكە چىقتى. ئابدۇكېرىمنىڭ تىلغا ئالغۇدەك تۆھپىسى يوق دېيەرلىك. ئۇنىڭ قىلغان بىردىن-بىر ئىشى شۇكى، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتىدا، سەمەرقەنت قاتارلىق جايلاردا سەرسان بولۇپ يۈرگەن ئىشانلارنىڭ باشلىقى ئىسھاق ۋەلىنى قەشقەرگە تەكلىپ قىلىپ كەلگەن⑪. يېرىم ئەسىردىن كېيىن، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىنى يەنە بىر مەرتەم قالايمىقانچىلىققا پاتۇرۇۋەتكەن ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل-ماجىرالار، ئەمەلىيەتتە، مۇشۇ مەزگىلدىن تارتىپ باشلانغان. ئىسھاق ۋەلى كېيىنكى كۈنلەردە قارا تاغلىقلارنىڭ پىرى بولۇپ قالغان.

يەركەن خاندانلىقىنىڭ تارىخىدا، ئابدۇكېرىم ھۆكۈمرانلىق

قىلغان مەزگىلىنى دەۋر بۆلگۈچ مەزگىل دەپ ھېساپلاشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى يەركەن خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى، مەيلى شەكىل جەھەتتە بولسۇن، مەيلى ماھىيەت جەھەتتە بولسۇن، ناھايىتى ئېنىق ئىدى. يەركەن خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونى تېچ ئىدى. گەرچە ئۇنىڭدا تۈرلۈك زىددىيەتلەر يوشۇرۇنغان بولسىمۇ، بىراق بۇ زىددىيەتلەر كەسكىنلىشىپ ئاشكارا توقۇنۇش دەرىجىسىگە يەتمىگەن ئىدى.

ئەمما يەركەن خاندانلىقى تارىخىنىڭ چاقى ئابدۇكېرىم ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، تەخت ئالمىشىش ناھايىتى كۆپەيگەن ۋە بۇ زىددىيەتلەر ئاشكارىلىنىپ، توقۇنۇشۇش باسقۇچىغا يەتكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى يەركەن خاندانلىقى تارىخىنىڭ كېيىنكى باسقۇچلۇق ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ھاسىل قىلغان.

ئابدۇكېرىمدىن كېيىن مۇھەممەت سۇلتان بولدى. ئۇ ئابدۇرىشىتخاننىڭ بەشىنچى ئوغلى ئىدى. بىز مۇھەممەتنىڭ كونكرېت ئىش-پائالىيەتلىرى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. لېكىن تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىردىن-بىر ئىش شۇكى، پورتۇگالىيىلىك بېنىت دې گوييس 1603-يىلى خىرىستىيان مۇخلىسلىرى جەمئىيىتىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ئارقىلىق مىڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بېيجىڭغا كېتىۋېتىش سەپىرىدە، شۇ يىلى 11-ئايدا يەركەنگە يېتىپ كېلىپ، شۇ ۋاقىتتىكى يەركەن خاندانلىقىنىڭ خانى مۇھەممەتنى زىيارەت قىلغان. ماتتېئورىكى (لىمادۇ)نىڭ «بېنىت دېنىڭ قېتاننى زىيارەت قىلىشى» ناملىق

كىتاۋىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: ”يەنە بەش كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، بېنىت دې كارۋاندىن ئايرىلىپ، ئاۋال يولغا چىقىپ يەركەننىڭ پايتەختىگە يېتىپ كەلدى،... بۇ ۋاقىتتا ئەيسانىڭ تۇغۇلغىنىغا 1603 يىل 11 ئاي بولغان ئىدى... پادىشانىڭ ئىسمى مۇھەممەتخان ئىدى. بېنىت دې ئۇنى زىيارەت قىلدى ۋە سائەت، دۇربۇن ھەم ياۋروپادىن ئېلىپ كەلگەن خىسلەتلىك نەرسىلەرنى سوغا قىلدى. پادىشا بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇرسەن بولۇپ، بېنىت دېنى ئوبدان كۈتۈۋالدى. بېنىت دې دەسلەپتە ئۆزىنىڭ قېتانغا بارماقچى بولغانلىقىنى ئاشكارىلىمىدى. پەقەتلا قەشقەرنىڭ شەرقىدىكى چالىش (قاراشەھەر)گە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، پادىشادىن رۇخسەت خېتى تەلەپ قىلدى. پادىشا قىزغىنلىق بىلەن ياردەم قىلدى.“

مۇھەممەتتىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئەخمەتخان ئازغىنا ۋاقىت ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى، كېيىن يەركەن خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى يەنە ئابدۇرىشتخاننىڭ ئوغۇللىرى تەرەپكە ئۆتتى. بۇ يېڭى خان ئابدۇللەتىپ ئىدى. ئابدۇللەتىپ ئابدۇرىشتخاننىڭ تۆتىنچى ئوغلى بولۇپ، جۇڭغارلار ئۇنى ”ئاپپاق خان“ دەپ ئاتايتتى. يەركەن خاندانلىقىنىڭ ئوتتۇرا يولدا زەئىپلىشىشى دەل ئابدۇللەتىپ زامانىدىن باشلانغان ئىدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، تۇرپاننىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل ئابدۇرېھىم يەركەن خاندانلىقىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتتى.

يەركەن خاندانلىقىدىن بۆلۈنۈپ چىقىشنىڭ سەۋەبىنى يىگانە ھالدا تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمى دائىرىسىدىنلا ئىزدەشكە بولمايدۇ. بۇ مەزگىلدە پۈتكۈل تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئومۇمى يۈزلۈك ھالدا مەركەزدىن چەتنەش خاھىشى كۆرۈلمەكتە ئىدى.

جۇڭغار ئويمانلىغىنىڭ شەرقىدىكى يەتتە ئۇلۇس جۇڭغار خانداندانلىغىنىڭ ھۆكۈمرانلىغىدىن ئايرىلىپ چىقتى. ئىلى ۋادىسى ۋە يەتتەسۇ رايونىدىكى قازاقلار ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت گەۋدىسى بولۇپ شەكىللەندى. پامىر ئېگىزلىگىدىكى قىرغىزلار — شۇ ۋاقىتلاردا ئۇلار بۇيرۇت دەپ ئاتىلاتتى — مۇ يەركەن خاندانلىغى ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتەشنى توختىتىپ قويىدى، ۋاھالەنكى، يەركەن خاندانلىغىنىڭ ئىسسىق كۆل بويىدا قۇرغان مەمۇرى ئورگانلىرىنىڭ بىكار قىلىنغانلىغىمۇ بىرنەچچە يىل بولۇپ قالغان ئىدى.

تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى قاپلاپ كەتكەن بۇنداق بۆلۈنۈش خاھىشى، ئەمەلىيەتتە، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىنىڭ سىياسى ۋەزىيىتىدە بولۇۋاتقان داۋالغۇشلارنىڭ بىۋاستە تەسىرىدىن بولغان ئىدى.

16 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ مىڭ سۇلالىسىگە خاس تۇرلۇك زىددىيەتلەر تەدرىجى كەسكىنلىشىپ كەتتى. 1542 ـ يىلى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىدا پادىشا مىڭ شىزۇڭنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش ۋەقەسى يۈز بەردى، 1554 ـ يىلى خېنەن دىخانلىرى قوزغىلاڭ كۆتەردى. 1560 ـ يىلى فۇجيەن، جياڭشى ئۆلكىلىرىدىكى دىخانلار قوزغىلاڭ كۆتەردى. 1561 ـ يىلى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىككىنچى پايتەختى نەنجىڭدىكى ئەسكەرلەر توپىلاڭ كۆتەردى. ئارقىدىنلا دىخانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ دولقۇنى گۇاڭدۇڭ، جېجياڭ، سىچۇەن، يۈننەن، گۇيجۇ، شەندۇڭ قاتارلىق جايلارنى قاپلاپ كەتتى. بۇ قوزغىلاڭلار بىر بىرىگە ئۇلىنىپ بىرقانچە ئون يىل داۋام قىلدى.

ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىن باشقا، لياۋدۇڭ

يېرىم ئارىلىدا جورجىن — كېيىنكى كۈنلەردە چىڭ سۇلالىسىنى
قۇرغان — قەبىلىلىرى گۈللەنمەكتە ئىدى.

سىنسېيى زىددىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن بۇ شەكىللەر — دېخانلار قوزغىلىڭى، ئەسكەرلەر ئىسيانى، پادىشانى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش، مىللىي زۇلۇمغا قارشى كۈرەشلەر — دىن شۇنداق تەسىراتقا كېلىمىزكى، بۇ چاغدا مەركەزدىن ئايرىلىش ھادىسىسى دەۋر ئېقىمىغا ئايلانماقتا ئىدى. ھەممەيلەن ئۆزى بېقىنىۋاتقان مەركەزدىن ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئايرىلىپ چىقماقتا ئىدى.

ئېلىمىزنىڭ ئۇزاق تارىخىي ئېقىمىدا بۇنداق بۆلۈنۈش دەۋرى خاراكتېرلىق تارىخىي ھادىسە بولۇپ، مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ زەئىپلەشكەنلىكىنىڭ بېشارىتى ئىدى. تۇرپان ھاكىمى ئابدۇرېھىمنىڭ يەركەن خاندانلىقىدىن بۆلۈنۈپ چىققانلىقى پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغان بۆلۈنۈش ھادىسىلىرىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ئىدى.

ئابدۇرېھىم ئابدۇرېشىتخاننىڭ توققۇزىنچى ئوغلى ئىدى. ئۇ تۇرپاندا بىرقانچە ئون يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ خېلى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتقان ئىدى. «تارىخى رەشىدى (زەيلى)»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”ئابدۇرېھىم ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان قۇمۇلدىن باشلاپ بۈگۈر، قىياغىچە بولغان يۇرتلار مەنسۇرخان دەۋرىدىكىدىنمۇ ئاۋات بولدى. ئابدۇرېھىمخانغا قالماقلار بويسۇناتتى. ئىشمىخان ۋە جوجىخان ئەۋلادىدىن يەتتە تۆرە ئەل-ئۇلۇسى بىلەن بويسۇنغان ئىدى. ئۇ كۈچلۈك ئەسكىرىي كۈچكە ئىگە بولدى.“

خاندانلىقنىڭ ھاكىمىيىتى مۇھەممەتنىڭ قولىدىن ئەخمەتنىڭ قولىغا ئۆتكەندە، ئابدۇرېھىم يەركەن خانلىقىنىڭ خانلىق تەختىگە چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. ئارىدىن ئىككى يىلمۇ ئۆتمەي

ئەخمەت ۋاپات بولدى. بۇ چاغدا ئابدۇرېھىم ئۆزىنىڭ خان بولۇش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يەركەنگە قوشۇن تارتتى. بىراق ئابدۇرېھىملار ئاقسۇ قەلئەسىنىڭ يېنىدا توسۇلۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ رايونى يەنە بىر قېتىم جەڭ مەيدانىغا ئايلاندى. تۇرپان قوشۇنى ئاقسۇ قەلئەسىگە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئۈچ نۆۋەت قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. يەركەن خاندانلىقى خوتەن، يەركەن قاتارلىق جايلاردىن قوشۇن يۆتكەپ كېلىپ ئاقسۇنى قوغداشقا مەجبۇر بولدى. نەتىجىدە تۇرپان قوشۇنى ئاقسۇ قەلئەسىنى ئالالمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئاقسۇ رايونى يەنە بىر مەرتەم تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى بىر بىرىگە رەقىب ئىككى ھاكىمىيەتنىڭ پاسىلى بولۇپ قالدى⑫.

ئابدۇرېھىم ھاكىمىيىتى ئاساسەن بۇرۇن مەنسۇر ھۆكۈمرانلىق قىلغان دائىرىنى ئىلكىدە تۇتۇپ تۇردى. ئۇنىڭ شەرقى قۇمۇلدىن باشلىنىپ، غەربى سايرام (ھازىرقى باي ناھىيىسىدىكى سايرام)غا كېلىپ توختايتتى. بۇنىڭدىن باشقا، تۇرپان قوشۇنى يەنە تىيانشاندىن ئۆتۈپ جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدىكى يەتتە ئۇلۇسنى بىر مەزگىل بويسۇندۇرۇپ تۇردى. تۇرپان قوشۇنى ئاقسۇ قەلئەسىنى ئۈچ قېتىم قورشىۋالغاندا، يەتتە ئۇلۇس قوشۇنى تۇرپان قوشۇنىغا ياردەملىشىپ ئاقسۇ رايونىدا يەركەن خاندانلىقىغا قارشى ئۇرۇش قىلغان ئىدى.

ئابدۇللېتىپ بىلەن ئابدۇرېھىمدىن باشلانغان بۇ بۆلۈنۈش ھالىتى ئاز كەم يېرىم ئەسىر داۋام قىلدى. تۇرپان ھاكىمىيىتىنىڭ سۇلتانى ئابدۇرېھىم 1638-يىلى ۋاپات بولدى. شۇنىڭغىچە ئۇ تۇرپاندا 44 يىل خان بولدى. يەركەن خاندانلىقىنىڭ خانى ئابدۇللېتىپ ئابدۇرېھىمدىن بۇرۇن ۋاپات بولغان ئىدى. روشەنكى، ئابدۇللېتىپ

بىلەن ئابدۇرېھىم شۇ مەزگىلدە تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا يۈز بەرگەن ئومۇمىي يۈزلۈك بۆلۈنۈش خاھىشلىرىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبچىسى. ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىنىڭ مەدھىيىلەشكە ئەرزىگۇدەك بىرەر ئىشى بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ بۇ داغلىرى ئۇلارنىڭ تارىخىي پائالىيىتى ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ خاتىرە بولۇپ قالدى.

ئابدۇللەتىپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا كۆيئوغلى مۇھەممەت بىر مەھەل خان بولدى. بۇ كىشى ئۆلگەندىن كېيىن، خانلىق تەختىگە ئابدۇللا ئىسىملىك كىشى ئولتۇردى. «يەركەن خاندانلىغى خانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى»دە كۆرسىتىلگەندەك، ئابدۇللا تۇرپان ھۆكۈمرانى ئابدۇرېھىمنىڭ ئوغلى ئىدى. تارىخىي ھۆججەتلەردە بۇ كىشى توغرىسىدا مەلۇماتلار خېلى بار. ئۇ 32 يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ھىجرىيە 1080 ـ يىلى (مىلادى 1669 ـ يىلى) ھىندىستان ئارقىلىق ھەرەمگە (مەككىگە) كەتكەن. پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، سەئىددىن قالسا، ئابدۇللا ئەڭ نۇسرەتلىك خان ئىدى. ئابدۇللا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل پۈتۈن مەملىكەت قايتا بىرلىككە كېلىۋاتقان مەزگىل ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىي ئېقىمىدا كۈندىن ـ كۈنگە روشەنلەشمەكتە ئىدى.

ھالبۇكى، ئابدۇللانىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ھەركىتى دەل دەۋرنىڭ بۇ رىتىمىغا ماس كەلدى.

ئابدۇللانىڭ پۈتكۈل سىياسىي مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭ يەركەن خاندانلىغىنى قايتا بىرلىككە كەلتۈرگەنلىگى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ئابدۇللا خان بولغان ۋاقىتتا، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىنىڭ ئىككى ھاكىمىيەتكە بۆلۈنۈپ كەتكىنىگە ئاز كەم يېرىم ئەسىر بولۇپ

قالغان ئىدى. پامىر ئېگىزلىگىدىكى قىرغىزلار ۋە ئىلى ۋادىسىدىكى قازاقلارنىڭ يەركەن خاندانلىغىدىن ئايرىلىپ چىققىنىغىمۇ بىر قانچە ئون يىل بولۇپ قالغان ئىدى. شۇڭا يەركەن خاندانلىغىنى قايتا بىرلىككە كەلتۈرۈشتىكى مۈشكۈللۈك ئەينى يىللاردا سەئىد دۇچكەلگەن مۈشكۈللۈكتىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى. ئابدۇللانىڭ كۆپرەك ۋاقتى ئۇرۇش بىلەن ئۆتتى. ئابدۇللا ھەممىدىن بۇرۇن تۇرپانغا قوشۇن تارتتى، ئۇ ئەپلىك پۇرسەتنى تاللاپ تۇرپانغا ھۇجۇم قىلغان ئىدى. ئۇ چاغدا ئابدۇرېھىم ئۆلۈپ، ئۇنىڭ بالىلىرى دادىسىدىن قالغان ئورۇننى جىددى تالىشىۋاتاتتى، يەركەن خاندانلىغىنىڭ قوشۇنى تۇرپان قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، تۇرپان ئويمانلىغىدىكى ھەرقايسى قەلئەلەرنى قولغا ئالدى. قۇمۇل رايونى يەركەن خاندانلىغى قوشۇنىنىڭ غەلىبىسىدىن ئەندىكىپ، ئابدۇللاغا تەسلىم بولدى.

ئابدۇللا ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى سۇلتانخاننى تۇرپاننىڭ ھاكىملىغىغا تەيىنلەپ، بۇ ئويمانلىقنى ئۆزىنىڭ بىۋاستە مەمۇرى باشقۇرۇشىغا قويدى.

كېيىنكى كۈنلەردە يەركەن خاندانلىغىنىڭ قوشۇنى ئاقسۇدىن ئاتلىنىپ، تىيانشاندىن ھالقىپ ئىلى ۋادىسىغا يۈرۈش قىلدى. يەركەن خاندانلىغىنىڭ قوشۇنى كۆنەس ئوتلىغىدا جۇڭغار قوشۇنىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا مەغلۇپ قىلىپ، ئىلى ۋادىسى ۋە بالقاش كۆلى بويىدىكى قازاقلارنى يېڭىۋاشتىن بويسۇندۇردى.

ئەلۋەتتە، يەركەن خاندانلىغىنىڭ شۇ مەزگىلدىكى ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى سەئىد دەۋرىدىكى دائىرىدىن ئېشىپ كېتەلمىگەن. ھالبۇكى، ئابدۇللانىڭ ئىلى ۋادىسى ۋە بالقاش كۆلى بويلىرىدا قايتا تىكلىگەن ھۆكۈمرانلىغىمۇ سىمۋول خاراكتىرىدىكى

ھۆكۈمرانلىق بولدى.

ئابدۇللا تۇرپاننى يېڭىۋاشتىن بويسۇندۇرغان ھەمدە ئىلى ۋادىسى ۋە بالقاش كۆلى بويىدا يەركەن خاندانلىقىنىڭ شەكلەن ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، يەركەن خاندانلىقىنىڭ ھەربى كۈچ-قۇۋۋىتى بىردىنلا ئۆلغىيىپ كەتتى. شۇ شارائىتتا پامىر ئېگىزلىكىدىكى قىرغىزلارمۇ يەركەن خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا قايتىپ كەلدى.

تۇرپان ئويمانلىقى، ئىلى ۋادىسى، بالقاش كۆلى بويى ۋە پامىر ئېگىزلىكىدە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قايتا تىكلىۋالغاندىن كېيىن، ئابدۇللانىڭ ئىشەنچى شۇ كۈنلەردە تېخىمۇ ئاشتى. ئۇ ئىلى ۋادىسى ۋە ئۈچتۇرپاندا قوشۇن تۇرغۇزۇپ، تاشكەنت ۋە فەرغانىغا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا داۋراڭ سالدى. يەركەن خاندانلىقىنىڭ تارماق قوشۇنلىرى دەرۋەقە ئىسسىق كۆل رايونىنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، غەرپكە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ، بىر مەھەل پاراكەندىچىلىك سالالىدى ۋە تالان-تاراج قىلالىدى. بۇ نوقۇل پوپۇزا ۋە تەھدىت بولسىمۇ، ئۈنۈم بەردى. تاشكەنت ۋە فەرغانە ھۆكۈمرانلىرى يېڭىۋاشتىن بىرلىككە كەلگەن يەركەن خاندانلىقىغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى⑬. بۇ ئابدۇللا ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلى ئىدى. شۇنىڭغا قەدەر يەركەن خاندانلىقىنىڭ سەئىد دەۋرىدىكى زېمىن دائىرىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئەسلىگە كەلدى.

دەل مۇشۇ مەزگىللەردە چىڭ سۇلالىسى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ زور كۆپچىلىك رايونلىرىدا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەپ بولغان ئىدى. دەۋر ئېقىمى ئەمدى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ قايتا بىرلىككە كېلىش نىشانىغا قاراپ ئاقماقتا ئىدى.

1655 ـ يىلى، ئابدۇللا چىڭ سۇلالىسى بىلەن ئالاقە ئورناتتى. ئىككىنچى يىلى ئابدۇللا چىڭ سۇلالىسىگە يەرلىك مەھسۇلاتلار، جۈملىدىن 324 ئات، 1000 جىڭ قاشتېشى سوغا قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ئابدۇللاغا 338 توپ دۇردۇن، 720 توپ يىپەك مال ئىنئام قىلدى. ئابدۇللا چىڭ سۇلالىسىگە سوغا ـ سالام ئەۋەتىشتىن بۇرۇن، يەنى 1646 ـ يىلى ئۇنىڭ ئىنىسى سۇلتانخان چىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ سوغا تەقدىم قىلغان ئىدى⑭.

ئابدۇللا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا قەشقەر سۇلتانى ئابابەكرىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، بەكمۇ زالىملىشىپ، ئۆز تارىخىدا داغلىق سەھىپە قالدۇردى.

موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ھەمىدى» ناملىق ئەسىرىدە ئابدۇللاغا باھا بېرىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: "ئۇ... زالىم، جاھىل، گۇمانخور، يامانلىقنى ئويلايدىغان كىشى ئىدى. قەدىم خانلاردىن قالغان ئىشەنچلىك بەگزادىلەر، خەيرىخاھچىلارغا بەكمۇ گۇماندا قاراپ، ئۇلارنى يۇرتتىن چىقىرىۋەتتى. تولىسىنى ئۆلتۈردى، بەلكى ئۆز ئىنىلىرى ئىبراھىم سۇلتان، ئىسمائىل سۇلتانلارنى يۇرتتىن چىقىرىۋەتتى. بەزى ئىنىلىرىنى ئۆلتۈردى، كىشىگە ئەسلا ئىشەنمىدى. ئۆز بالىلىرىغا ھەم ئىشەنمەي گۇمانلاندى، بالىلىرى دادىسىدىن خاتىرجەم بولمىدى. ھاسىل كالام، يۇرتلارغا قىرغىزلارنى ھاكىم قىلدى. قويسارى بىنى قەشقەرگە ھاكىم قىلدى، ئولجاتاي بىنى ئاقسۇغا ھاكىم قىلدى. خوجايار بىنى كۇچارغا، ئالتە قورۇتقە بىنى ئۇچتۇرپانغا، چىرىكچى بىنى بۇگۇرگە، ساتىم بى ئوغلى ئاللايار بىنى خوتەنگە ھاكىم قىلدى. مەنسەپنىڭ تولىسىنى ۋە يۇرتلارنى قىرغىزلارغا بەردى. ئاقىۋەت قىرغىزدىن ھەم يۇرتتىن گۇمانلىنىپ، تولا

ناھەق قانلارنى تۆككەچ، ئارام ئالالماي، ھەرەمگە بارسەن، دەپ
يۇرتنى ئوغلى يولۋاسخانغا تاپشۇرۇپ، خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدى.“
ئابدۇللا 1627 ـ يىلى خان بولدى. 1665 ـ يىلىغا كەلگەندە،
يەركەندىن ئايرىلىپ ھىندىستان ئارقىلىق مەككىگە كەتتى. ھەجدىن
قايتقاندىن كېيىن، دېھلىدە تۇرۇپ قالدى ۋە شۇ يەردە ئۆلدى.
ئابدۇللانىڭ يولۋاس، نۇردىن، ئىسمائىل ئىسىملىك ئۈچ ئوغلى
بار ئىدى. چوڭ ئوغلى يولۋاس قەشقەرگە ھاكىم ئىدى. ئابدۇللا
يەركەندىن ئايرىلىش ۋاقتىدا خانلىقنى چوڭ ئوغلى يولۋاسقا ئۆت-
كۈزۈپ بەردى. يولۋاس خان بولۇپ ئىككى يىلدىن كېيىن كىشىلەر
تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى ئىسمائىل
خان بولدى. بۇ يەركەن خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى ئىدى.
ئىسمائىل خان بولغاندا، يەركەن خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق
دائىرىسى شىددەت بىلەن كىچىكلەپ كەتتى. ھەممىدىن بۇرۇن پامىر
ئېگىزلىكىنىڭ غەربىدىكى تاشكەنت ۋە فەرغانە رايونلىرى يەركەن
خاندانلىقىدىن ئايرىلىپ چىقتى. كۈندىن ـ كۈنگە قۇدرەت تېپىۋاتقان
جۇڭغار خاندانلىقى ئىلى ۋادىسى ۋە بالقاش كۆلى ئەتراپىدا يەر-
كەن خاندانلىقىنىڭ ئورنىنى بېسىپ، بۇ رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق
قىلىشقا باشلىدى.
ئەڭ روشەن پاكىت شۇكى، مەيلى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ غەربى-
دىكى رايونلار بولسۇن، ياكى تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى جۇڭغار خان-
دانلىقى بولسۇن، شۇ ۋاقىتلاردا يەركەن خاندانلىقىدىن خېلىلا قۇد-
رەتلىك ئىدى. شۇڭا ئىسمائىلنىڭ ئۆز ئەجدادلىرى بەرپا قىلغان
زېمىننى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈشى تامامەن مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
ئىسمائىل تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ يۈرۈپ 2ﻬ

يىل ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. 1678 ـ يىلى ئىشانلار مەزھىپىدىن ئاق تاغلىقلارنىڭ كاتتىۋېشى ئاپپاق خوجا جۇڭغار خانى غالدانىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىسمائىلنىڭ ھۆكۈمرانلىغىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ئىسمائىل ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلەر ئىلىغا يالاپ كېتىلدى. سەئىد جەمەتى باشچىلىغىدا 164 يىل داۋام قىلغان يەركەن خاندانلىغى شۇنىڭ بىلەن گۇم بولدى.

## 3. قىسقا يەكۈن

16 ـ ئەسىر باشلانغاندا، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرى مەسىلىسى بويىچە مىڭ سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي دۆلەت ئاپپاراتىدا قانات يايغان ئۇلىپان تاپشۇرۇشقا يول قويۇش ياكى ئۇنى مەنئى قىلىش ئۈستىدىكى بەس ـ مۇنازىرىدىن 1529 ـ يىلىغا كەلگەندە خۇلاسە خاراكتېرلىق يەكۈن چىقىرىلدى. شۇ يىلى مىڭ سۇلالىسى تاڭ زى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەكلىۋىنى تەستىقلاپ، جىيايۈگۇەننى ئېتىپ تاشلاش بىلەن، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئىشلاردىن ئۆزىنى ئاجرىتىپ چىقتى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ جىيايۈگۇەننى ئېتىپ تاشلىشىغا ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكى سىياسى ۋەزىيەتنىڭ تەسىر قىلغانلىغى سەۋەپ بولغاندىن باشقا، تۇرپان ۋە قۇمۇل قاتارلىقلارنىڭ بېسىمىمۇ سەۋەپ بولغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ جىيايۈگۇەننى ئېتىپ تاشلاشتىن مەقسىدى غەرپتىن كېلىۋاتقان بېسىمنى ئازايتىش ئىدى. لېكىن ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىياتى خو تاۋنىڭ "قۇمۇلنى قوغداش گەنسۇنى قوغدىغانلىق بولىدۇ، گەنسۇنى قوغداش بولسا شەنشىنى قوغدىغانلىق بولىدۇ" دىگەن ھۆكمىنىڭ توغرىلىغىنى تامامەن ئىسپاتلىدى.

مىڭ سۇلالىسى ئۆزىنىڭ غەرپ توسغىنى ئۆزى بۇزۇپ تاشلىغانلىقتىن، ئاخىر بېرىپ ئۇنىڭ ئىلكىدىكى خېشى رايونى رەقىبىنىڭ ئالدىدا تامامەن ئاشكارىلاندى.

ئەمەلىيەتتە، بۇ تارىخىي ساۋاق شەرقىي خەن سۇلالىسى ۋاقتىدىلا بولغان ئىدى. شۇ چاغدا، شەرقىي خەن سولالىسى غەربىي دىيار دۇخۇ مەھكىمىسىنى قايتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، هون قۇلدارلىرىنىڭ تەسىر كۈچى خېشى رايونىغا بىمالال باستۇرۇپ كىرگەن، بۇنىڭ بىلەن شەرقىي خەن سۇلالىسى بۇرۇنقىدىنمۇ قاتتىق بېسىمغا ئۇچرىغان ئىدى. كېيىنكى يىللاردا بەن يۇڭ تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا يۈرۈش قىلغاندىن كېيىنلا، ئاندىن شەرقىي خەن سۇلالىسى بۇ يوچۇقنى ئېتىپ تاشلىيالىغان ئىدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، ئۆزىنىڭ غەرپتىكى توسغىنى قايتا ئوڭشىۋالالماسلىغىغا ئۇنىڭ بۇ ئىشنى ئورۇنلاشتا يېتەرلىك كۈچكە ئىگە بولمىغانلىغى سەۋەپ بولدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەقسىدىدە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىغى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنكى 16 ـ ۋە 17 ـ ئەسىرلەر ئېلىمىز تارىخىدا مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئورنىنى چىڭ سۇلالىسى ئېلىۋاتقان مەزگىللەر ئىدى، شۇنداقلا ئېلىمىزنىڭ مەركىزىي هاكىمىيىتى كۈچلۈكلۈكتىن ئاجىزلىققا قاراپ بىر مەزگىل ماڭغاندىن كېيىن، ئاجىزلىقتىن قايتا قۇدرەت تېپىشقا باشلىغان مەزگىل ئىدى. مەركىزىي هاكىمىيەتلەرنىڭ مۇشۇنداق ئالمىشىش جەريانىغا يارىشا، مەملىكىتىمىزمۇ بىرلىككە كەلگەن هالەتتىن بۆلۈنۈپ كېتىش، بۆلۈنۈپ كېتىشتىن قايتا بىرلىككە كېلىش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈردى.

مەركىزىي ھاكىمىيەتلەر ئاجىزلاشقاندا، ئۇيغۇر خەلقى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي قىسىم رايونىدا داۋاملىق ئەمگەك قىلىپ، ئاۋۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بۇ زېمىنىنى ئۆزلەشتۈردى ۋە گۈللەندۈردى. ئۇيغۇرلار ئاساس قىلىنغان يەركەن خاندانلىقى بولسا ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئەمىلىي زېمىنىنى ئۇنۇملۇك باشقۇردى. شۈبھىسىزكى، بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي قىسىم زېمىنىنى ئۆزلەشتۈرۈش، گۈللەندۈرۈش ۋە قوغداش يولىدا قوشقان تارىخىي تۆھپىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئاجايىپ مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىمۇ مۇشۇ مەزگىلدە ۋۇجۇتقا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، يەركەن خاندانلىقى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

## يەركەن خاندانلىقى خانلىرىنىڭ نەسەپنامىسى

| تەختتىكى ۋاقتى | | ئابدۇرىشتنىڭ توققۇز ئوغلى |
|---|---|---|
| 1514 — 1533 | سەئىد | ① تۆمۈر سۇلتان |
| 1533 — 1570 | ئابدۇرىشت | ② ئابدۇكېرىم |
| 1570 — 1593 | ئابدۇكېرىم | ③ سوپى سۇلتان |
| 1614 — 1624 | ئابدۇللىتىپ | ④ ئابدۇللىتىپ |
| 1593 — 1611 | مۇھەممەت | ⑤ مۇھەممەت |
| 1611 — 1614 | ئەخمەت | ⑥ كۆرە سۇلتان |
| 1627 — 1665 | ئابدۇللا | ⑦ يۇنۇسخان |
| 1665 — 1667 | يولۋاس | ⑧ ئەبۇ سەئىد |
| 1667 — 1678 | ئىسمائىل | ⑨ ئابدۇرېھىم |

جۇڭغار خاندانلىقى تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

# ئىككىنچى بۆلۈم  يەركەن خاندانلىغىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى

تۆمۈرلەك ئالىملىق قەلئەسىدە خىزىر خوجىنى مەغلۇپ قىلغاندىن تارتىپ سەئىد يەركەن خاندانلىغىنى قۇرغانغا قەدەر 100 يىلدەك ۋاقىت ئۆتتى. بۇ 100 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى ئىزچىل ھالدا بۆلۈنۈش ھالىتىدە تۇردى. بۇنداق بۆلۈنۈش ھالىتىنىڭ بۇ رايوننىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىگە كەلتۈرگەن زىيىنى ئېغىر بولدى. يەركەن خاندانلىغىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادي ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ پۈتكۈل ئەھمىيىتى دەل مۇشۇنداق تارىخىي ئەھۋالدا ئىپادىلەنگەن.

## 1. يەركەن خاندانلىغىنىڭ سىياسىي

خان يەركەن خاندانلىغىنىڭ ئالى ھۆكۈمرانى ئىدى. يەركەن خاندانلىغىنى بەرپا قىلغۇچى سەئىددىن تارتىپ ئۇنىڭ ۋارىسى ئابدۇرىشىتقىچە ھەممىسى ئوخشاش بولمىغان كەسكىن كۈرەشلەر ئارقىلىق ھوقۇققا ئىگە بولغان. مۇشۇ ۋەجىدىن، خاندانلىق بەرپا بولغان دەسلەپكى بىرقانچە ئون يىل ئىچىدە خاننىڭ ھوقۇقى ناھايىتى چوڭ بولدى.

خاننىڭ قول ئاستىدا ھەربى ئىشلارغا مەسئۇل ئەمىر كەبىر ۋە مەمۇرى ئىشلارغا مەسئۇل ۋەزىر تەسىس قىلىندى. سەئىد، ئابدۇرىشىت، ئابدۇكېرىم مەزگىللىرىدە بۇ ئەمىر كەبىر ۋە ۋەزىرلەرنىڭ

هوقۇقى ئىنتايىن چەكلىك بولۇپ، ئۇلار پەقەت خاننىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى تۆۋەنگە يەتكۈزۈش، خاندانلىقتا بولۇۋاتقان ئىشلارنى خانغا مەلۇم قىلىش ۋەزىپىسىنىلا ئۆتەيدى. ھەممە ھوقۇق خاننىڭ قولىغا مەركەزلەشكەن ئىدى. خاندانلىقنىڭ ھەربىي، مەمۇرى ئاپپا-راتلىرى ئەمىر كەبىر ھەم ۋەزىرلەر ئارقىلىق تۆۋەنگە سوزۇلىدى. خاندانلىق قەشقەر، ئاقسۇ، يەركەن، خوتەن، كۇچار ۋە تۇرپاندا قوشۇن تۇرغۇزدى. قوشۇنلارنىڭ باشلىقى بەگ دەپ ئاتالدى. بەگ-لەر ئەمىر كەبىرنىڭ رەھبەرلىكىدە بولۇپ، ئۇلار بىرلىكتە خاندان-لىقنىڭ ھەربىي سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى.

خاندانلىق ئۆزىنىڭ مەمۇرى قۇرۇلمىسىغىمۇ يېتەرلىك ئەھمىيەت بەردى. ئومۇملىشىش دائىرىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەمۇرى ئاپپارات ھەربىي ئاپپاراتلاردىن ئېشىپ كەتتى.

ھاكىم جايلاردىكى مەمۇرى باشلىق ئىدى.

ئومۇمەن مەخسۇس قوشۇن تۇرغۇزۇلغان جايلاردا ھاكىم قويۇلغان-دىن تاشقىرى، ئۇچتۇرپان، ئاتۇش، قاراشەھەر، يېڭىسار، بەشكې-رەم، پەيزىئاۋات، مارالۋېشى، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردىمۇ ھاكىم قويۇلدى.

يەركەن خاندانلىقى پامىر ئېگىزلىكىدىكى قىرغىزلار رايونى بىلەن ئىسسىق كۆل رايونىدىمۇ ھاكىم تۇرغۇزدى.

مەنسۇر ئۆلگەندىن كېيىن، ھاكىم دېگەن مەنسەپ تۇزۇمى كۇچارنىڭ شىمالى، قۇمۇلنىڭ غەربىي ئارىلىغىدىكى رايونلارغىچە ئومۇملاشتى.

ھاكىملارنىڭ قول ئاستىدا بولسا يۇرت چوڭلىرى ۋە مىراپ دېگەن مەنسەپلەر تەسىس قىلىندى. ئالدىنقىسى ئاساسىي قاتلام

مەمۇرى ئەمەلدارى، كېيىنكىسى ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار ئىدى.

يەركەن خاندانلىقىنىڭ ھەربى مەمۇرى ئاپپاراتلىرى بۇ خاندانلىقنىڭ زىمىن دائىرىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەتتى.

بەگ، ھاكىملار قويۇلغان رايونلار بۇ خاندانلىقنىڭ ئاساسلىق زىمىنى بولۇپ، بۇ زىمىن تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ھالدا، شەرقتە گەنسۇ ئۆلكىسىگە تاقىشىدىغان، غەرپتە ئىسسىق كۆل ئەتراپى ۋە فەرغانە ئويمانلىقىغا ئۇلىنىدىغان دائىرىنى ھەمدە پايانسىز كەتكەن پامىر ئېگىزلىكىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. يەركەن خاندانلىقىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن باشقا جايلاردا، مەسىلەن، ئىلى ۋادىسى، بالقاش كۆلى ئەتراپى رايونى، كەشمىر، فەرغانە، تاشكەنت قاتارلىق جايلاردا ئورناتقان ھۆكۈمرانلىقى شەكلەن ھۆكۈمرانلىق ئىدى، ئۇلارنىڭ شەكلەن ھۆكۈمرانلىق دەرىجىسىدىمۇ ئوخشىماسلىقلار بار ئىدى.

سەئىد جەمەتىنىڭ بالقاش كۆلى رايونى بىلەن ئىلى ۋادىسىنى ئېسىدىن چىقىرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇلار بۇ جايلارنى ئاتا مىراسى — چاغاتاي خاندانلىقى باش كۆتىرىپ چىققان مۇقەددەس جاي — دەپ ھىساپلايتتى. گەرچە سەئىد جەمەتى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن ئاللىقاچان ۋازكەچكەن، تىل-يېزىق ۋە دىن ھەتتا مىللى تەركىپ جەھەتتە ئۇيغۇرلار بىلەن ئارىلىشىپ بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار قاتناشنىڭ قولايسىزلىقىغا — ئاقسۇ رايونىدىن تىيانشان ئارقىلىق ئۆتىدىغان يول شۇ زاماندا ئىلى ۋادىسى ۋە بالقاش كۆلى بويى رايونلىرىغا بارىدىغان بىردىن-بىر يول ئىدى — شۇنىڭدەك زور ھەربى چىقىملارغا قارى-

ماي، جۇڭغار خاندانلىغى بىلەن بۇ رايونلارنى قايتا ـ قايتا تالاشتى.
يەركەن خاندانلىغىنىڭ بۇ رايونلاردىكى قازاقلاردىن تەلەپ قىلىدىغىنى جۇڭغار خاندانلىغى بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلماسلىق، يەركەن خاندانلىغا ئولپان تاپشۇرۇش، يەركەن خاندانلىغىنى قوشۇن بىلەن تەمىنلەپ بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىش، قازاق قەبىلە باشلىقلىرى يەركەن خاندانلىغىنىڭ تەيىنلەش رەسمىيىتىنى قوبۇل قىلىش، يەركەن خاندانلىغىنىڭ كۆزىتىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئەمەلدارلىرىنى كۈتۈۋېلىش ۋاھاكازالار ئىدى.
بۇ شەرتلەر قازاق قەبىلىلىرىنىڭ مەۋجۇت ھەممە قائىدە ـ تۈزۈمىلىرىگە پۈتۈنلەي ماس بولالمىغانلىقتىن، بولۇپمۇ قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلمىغانلىقتىن، يەركەن خاندانلىغى ھەربىي ئىشلار جەھەتتە جۇڭغار خاندانلىغى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ تۇرغان چاغلاردا، قازاق قەبىلىلىرى ھامان مۇشۇ شەرتلەرنى ئۆز ئۆل ـ كېسىل بىجا كەلتۈرۈپ تۇراتتى. ئوخشاشلا، يەركەن خاندانلىغى ئاجىزلىشىپ، جۇڭغار خاندانلىغى قۇدرەت تاپقان چاغلاردا، بۇ شەرتلەر بويىچە ئىش كۆرۈشتىن باش تارتىشقىمۇ ئانچە كۈچ كەتمەيتتى.
كەشمىر، تاشكەنت، فەرغانىلارغا قارىتىلغان ھۆكۈمرانلىق تېخىمۇ بوش ئىدى. كەشمىر پەقەت سەئىدىنىڭ نامىدا تىللا قۇيۇش مەجبۇرىيىتىنىلا ئۈستىگە ئالغان ئىدى. تاشكەنت، فەرغانىلەر بولسا يەركەن خاندانلىغا ئۆز ۋاقتىدا ئولپان تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتىنىلا ئۆتەيتتى. يەركەن خاندانلىغى ئۇلارنىڭ كىملەر بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىدىغانلىغىنى سۈرۈشتە قىلمايتتى. ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىنىمۇ قايتا تەيىنلىمەيتتى. بۇ ھال يەركەن خاندانلىغىنىڭ ئۆزىنىڭ

ئاساسي زىمىنىنىڭ سىرتىدىكى جايلاردا تۇرلۇك دەرىجىدە هۆكۈم-رانلىق تىكلىگەنلىگىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
يەركەن خاندانلىغىنىڭ پۇقرالىرى خاندانلىقنىڭ زىمىن دائىرى-سىنىڭ ئايرىلىشى بىلەن ئاساسەن مۇناسىپ ئىدى.
تىيانشانىنىڭ جەنۇبىدا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار مۇشۇ خاندان-لىقنىڭ ئاساسىي پۇقرالىرى ئىدى. پامىر ئىگىزلىگىدىكى قىرغىزلار ئۇيغۇرلاردىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى. قازاقلارغا كەل-سەك، قازاقلار كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان رايون-لاردا يەركەن خاندانلىغى بىلەن جۇڭغار خاندانلىغى گىرەلىشىپ هۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ تۇرغانلىغى ئۈچۈن، يەركەن خاندانلى-غىنىڭ پۇقرالىرى ئىچىدە قازاقلار ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرۇۋاتقان تەركىپ بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇش دەرىجىسى تامامەن يەركەن خاندانلىغىنىڭ بۇ رايوندا هوقۇق يۈرگۈزۈش دەرىجىسىگە باغلىق ئىدى.
تاشكەنت ۋە فەرغانە رايونلىرىدىكى ئاهالىلەرمۇ يەركەن خاندان-لىغىغا بىر مەھەل پۇقرا بولغان ئىدى. لېكىن، يەركەن خاندانلىغى ئۇلاردىن هېچقاچان باج-سېلىق تۆلەش ۋە ئەسكەر بىلەن تەمىن-لەش مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتەشنى تەلەپ قىلمىغانلىقتىن، ئەمىلىيەتتە، بۇ جايلاردىكى ئاهالىلەرگە قارىتىلغان هۆكۈمرانلىق بىرقەدەر سۇس ۋە بوش ئىدى.
يەركەن خاندانلىغىنىڭ زىمىن دائىرىسى ۋە پۇقرالىرىنىڭ تەر-كىۋى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئايرىم مەزگىللەرنى هېساپقا ئالمىغاندا، بۇ خاندانلىق يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان دائىرىدە ئۆز هۆكۈمرانلى-غىنى تىكلەپ، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئەملىي زىمىنى

باشقۇرۇپ تۇردى.

يەركەن خاندانلىغىنىڭ سياسى ئەھۋالى بىلەن بىر قۇر تونۇشۇپ چىققاندىن كېيىن، شۇنداق تەسىراتقا كېلىمىزكى، بۇ خاندانلىقنىڭ، بىرىنچىدىن، زېمىنى كەڭ، ئاھالىسى كۆپ ۋە پۇقرالىرىنىڭ تەركى-ۋى مۇرەككەپ ئىدى. ئىككىنچىدىن، بۇ جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىغان ۋاقتى ئۇزۇن ئىدى. بىرىنچى نۇقتا يەركەن خاندانلىغىنىڭ مۇكەممەل مەمۇرى باشقۇرۇش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشىغا بىۋاستە سەۋەپ بولدى. ئۇ يەنە يەركەن خاندانلىغىنىڭ مەمۇرى باشقۇرۇش قۇرۇلمىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان رايونلارنىڭ ئەمىلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. ئىككىنچى نۇقتا يەركەن خاندانلى-غىنىڭ جايلارنىڭ ئەمىلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن كېلىدىغان مەمۇرى باشقۇرۇش قۇرۇلمىسىنى قۇرۇپ چىقىشىنى يېتەرلىك ۋاقىت ۋە پۇر-سەت بىلەن تەمىنلەپ، يەركەن خاندانلىغىنىڭ سىياسى، مەمۇرى، ئىقتىسادىي ۋە مەدىنىيەت جەھەتلەردە بىر قاتار ئىجابى نەتىجە-لەرنى ھاسىل قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

يەركەن خاندانلىغىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىگى شۇكى، ئۇ ھاكى-مىيەت بىلەن دىننى بىرلەشتۈردى. دىنلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش دەرىجىسىدىن ئېيتقاندا، شۇ زاماندا يەركەن خاندانلىغى شىزاڭدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ۋاھالەنكى، ئاسيانىڭ غەربىي رايوندىكى مۇسۇلمان ھاكىمىيەتلىرى ئىچىدە يەركەن خاندانلىغى ئەڭ گەۋدىلىكى ئىدى.

## 2. يەركەن خانلىغىنىڭ ئىقتىسادى

يەركەن خاندانلىغى جەمىيىتى مۇستەسنا سىز ھالدا ئېكىسپىلاتات-

سىيە قىلغۇچىلار سىنىپى بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلار سىنىپىدىن تەركىپ تاپقان.

بۇ خاندانلىقتىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار سىنىپى ئاساسەن فېئودال پومىششىكلار، ئىسلام دىنى ئورگانلىرى ھەم ئەمەلدارلار گۇرۇھىدىن ئىبارەت ئىدى. ئالدىنقى ئىككىسى ھەرقانداق زاماندا تېپىلىدىغان تىپلار بولغاچقا، بىز مەقسەتلىك ھالدا بۇ ئىككىسى توغرىسىدا سۆزلىمەستىن، ئاساسەن، ئەمەلدارلار گۇرۇھىنىڭ يەركەن خاندانلىقىنىڭ ئىقتىسادىي ساھەسىدىكى رولى ئۈستىدە توختىلىمىز، يەركەن خاندانلىقىنىڭ ئەمەلدارلار گۇرۇھى — جۈملىدىن ھەربى، مەمۇرى ئەمەلدارلىرى — ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە چەكسىز سىياسى ھوقۇققا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنىڭ بارلىق ۋاستىلىرىگە ئىگە ئىدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، يەركەن خاندانلىقى ئۆزىنىڭ ھەربى ۋە مەمۇرى ئەمەلدارلىرىنى سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى ئارقىلىق ئېكسپىلا-تاتسىيە قىلىش ۋاستىلىرى بىلەن تەمىنلىگەن ئىدى.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدا، پەقەت قاراخانىلار زامانىدىلا مۇشۇنداق تۈزۈم يولغا قويۇلغان ئىدى. لېكىن بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، قاراخانىلار خاندانلىقى يولغا قويغان سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى ماۋرائۇننەھر رايونى بىلەنلا چەكلەنگەن ئىدى. ۋاھالەنكى، قاراخانىلارنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى زېمىندا يولغا قويغان فېئوداللىق ئىگىلىك فورمىسى ئىنچىل تۇردە فېئودال پومىششىكلار مۇلۇكچىلىكىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان.

يەركەن خاندانلىقى يولغا قويغان سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى بىرقانچە ئەسىردىن بۇيان تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا تۇنجى قېتىم پەيدا بولغان

شەيئى ئىدى. يەركەن خاندانلىغىنىڭ سۈيۈرغالىلق تۈزۈمىنى يولغا قويغانلىغى توغرىسىدىكى دەلىللەر مىرزا شاھ مەخمۇت چوراسىنىڭ «تارىخى رەشىدى» (زەيلى) دىگەن ئەسىرىدە تەمىن ئېتىلگەن.

بىرىنچى دەلىل، مەزكۇر كىتاپتا سۇلتان سەئىد ئۈستىدە توختال-غاندا: "ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئاتىسى سۇلتان سەئىد خان خوجا مۇھەم-مەت شاھقا توقفۇز مەنسەپ، توققۇز ئېرىق سۇ بېرىپ ۋەزىر قىلدى" دەپ يېزىلغان.

ئىككىنچى دەلىل، مەزكۇر كىتاپتا سۇلتان ئابدۇرىشىتخان ئۈستىدە توختالغاندا: "سۇلتان ئابدۇرىشىتخان دەۋرىدە دۆلەت ئەرباپلىرى ئىچىدە شائىرلار كۆپ ئىدى. بۇلاردىن ئاياز بەگ قۇشچى خۇش تەبىئەتلىك كىشى بولۇپ، ئابدۇرىشىتخاننىڭ شەنىگە ئىككى شېئىر ئىجات قىلغان. ئۇنىڭ بىرىنى سۇلتان تەختكە ئولتۇرغاندا، يەنە بىرىنى ئابدۇرىشىتخان ھىيت مۇناسىۋىتى بىلەن خەلققە توي قىلىپ بەرگەندە يازدى. ئابدۇرىشىتخان بۇ شېئىرلارغا مۇكاپات تەرىقىسىدە ئاياز بەگكە 60 ساغداق كىشىنى يەر-سۈيى بىلەن، بىر ئېرىق يەر-سۇ ۋە مال-پۇل مەرھەممەت قىلىپ بەردى. بۇ بېرىلگەن كىشىلەرنىڭ يېرىمى خوتەندە، يېرىمى ياردا ئىدى" دەپ يېزىلغان.

ئۈچىنچى دەلىل، مەزكۇر كىتاپتا سۇلتان ئابدۇكېرىمخان ئۈستىدە توختالغاندا: "ئابدۇكېرىمخان... ئاتىسىدىن قالغان بارلىق نەرسىلەرنى شەرىئەت بويىچە مىراس قىلىپ تەقسىم قىلىۋەتتى... ئابدۇرېھىمخانغا سېرىق قولنىڭ مەنسۇپىنى بېرىپ، شور ئېرىقىنى مىراس-مۈلۈك قىلىپ بەردى. ئەبۇ سەئىدخانغا لاي سۇنى، مۇھەم-مەتخانغا پەيزئاۋاتنى مىراس قىلىپ بەردى..." دەپ يېزىلغان.

يۇقۇرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئۈچ مەلۇمات يەركەن خاندانلىغى-

نىڭ ئالدىنقى ئۈچ مەزگىلىدىكى يەنى سەئىد مەزگىلى، ئابدۇرىشىت مەزگىلى ۋە ئابدۇكېرىم مەزگىلىدىكى ئەھۋاللىرىنى ئەكس ئەتتۈ-رۈپ بېرىدۇ. بۇ ئۈچ مەزگىلنى بىر بىرىگە ئۇلىغاندا، بىرقانچە ئون يىل داۋام قىلغان بىر تارىخىي جەريان ھاسىل بولىدۇ.

تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان سۈيۈرغاللىق تۈزۈمىنىڭ 16 ـ ئەسىرگە كەلگەندە بۇ رايوندا ۋۇجۇتقا كېلىشىگە زادى نىمە سەۋەپ بولغان؟ يەركەن خاندانلىقى ۋۇجۇتقا كېلىشتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئەھۋاللارنى بىر قۇركۈز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەركەن خاندانلىقىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدا سۈيۈرغاللىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇشىدا سىياسى ئېھتىياج ۋۇجۇتقا كېلىش بىلەنلا قالماي، زۆرۈر ئوبيېكتىپ شارائىتمۇ ھازىرلانغان ئىدى.

سىياسى ئېھتىياج دىگىنىمىز نىمە؟ مەلۇمكى، يەركەن خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى ئاساسەن سەئىدنىڭ قەدىناس دوست ـ بۇرادەرلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ خاندانلىقنى تىكلەش ھەم مۇستەھكەملەشكە ھەسسە قوشقان بىر تۈركۈم كىشىلەردىن تەركىپ تاپقان ئىدى. سەئىدكە ئەگىشىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئىران ئىگىزلىگىدە غۇربەتچىلىكتە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ئالدىنقى ئون نەچچە يىل داۋامىدا، ئۇلارنىڭ تۇراقلىق مۈلۈكتىن ئېغىز ئېچىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، يەركەن خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ مۈلۈك تاماسىنى قاندۇرۇش سەئىدنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشتىكى ئاساسلىق ۋاستىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان ئىدى. شۇ ۋاقىتتىكى سىياسى ئېھتىياج دىگىنىمىز ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت.

روشەنكى، سەئىددىن بايلىق-مۇلۇك تاما قىلغانلار بىرنەچچە كىشى ئەمەس، بەلكى زور بىر تۈركۈم كىشلەر ئىدى.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، سەئىدنىڭ ئورنى دەسلەپتە ئۇنچىۋالا مۇستەھكەم ئەمەس ئىدى. سەئىد ئۆزىنى يەركەن خاندانلىغىنىڭ خانى دەپ جاكالاپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھەر تەرەپنىڭ بېسىمىغا ئۇچراپ، خاندانلىقنىڭ ئاساسىي ھوقۇقىنى ئۆز ۋاقتىدا ئابابەكرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان ۋە ئابابەكرىنىڭ كىچىك دادىسى ھەم ئۆگەي دادىسى بولغان مۇھەممەت ھەيدەر مىرزىغا ئۆتۈنۈپ بەرمەكچىمۇ بولغان.

ئېنىق پاكىت شۇكى، ئەگەر سەئىد تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايوندىكى ئەسلىدە بار بولغان يەر مۇلۇكچىلىگىنى كەڭ تۈردە ئۆزگەرتىش يولى بىلەن ئۆز ئەتراپىدىكى ھىلىقى بىر تۈركۈم كىشلەرنىڭ مۇلۇك تاماسىنى قاندۇرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئېغىر چىقىم تارتىشى چوقۇم ئىدى. چۈنكى، بۇ ئاخىرقى ھىساپتا يەرلىك كۈچلەرنىڭ ئەملىي مەنپەئەتىگە بېرىپ تاقىشاتتى.

سەئىد بۇ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئابابەكرىدىن قېلىپ قالغان ھەددى-ھىساپسىز بايلىقلاردىن پايدىلىنىپ، سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

ئابابەكرىنىڭ نۇرغۇن بايلىقلارنى قاراقغۇ دەرياسىغا تۆكتۈرۈۋەتكەنلىگى توغرىسىدا «تارىخى رەشىدى» (زەيلى)دە تەپسىلى خاتىرە بار. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ: "ئابابەكرى مىرزا ئېلىپ ماڭغان ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى قاراقغۇ دەرياسىدىن ئۆتكۈزەلمىگەندىن كېيىن، ھەممىسىنى دەرياغا تۆكۈۋەتتى، ئالتۇن-كۈمۈشلىرى يۈكلەنگەن 900 خېچىرنى ئۆلتۈرۈۋەتتي، يەنە بىر تۈركۈم قىممەتلىك نەرسىلىرىنى

ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋەتتى. ئەمما بۇ نەرسىلەر ئىچىدىكى ياقۇتلار
كۆيمەي ئۆز پېتىچە قالغان. ئابابەكرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ
بارغان مىرزا ئېلى تاغاي، سۇلتان ئېلى مىرزا، قاراقۇلاق مىرزا...
قاتارلىق يەتتە نەپەر بەگ قاراڭغۇ دەرياسىغا بېرىپ، قەللاپ تەييار-
لاپ، ئابابەكرى مىرزا دەرياغا تۆكۈۋەتكەن خۇرجۇنلارنى ئىمكانى-
يەتنىڭ بېرىچە سۈزۈۋالغان. بۇنىڭدىن باشقا، نۇرغۇن قىممەتلىك
نەرسىلەرنى سۇدىن چىقىرىۋالغان. بۇلاردىن باشقا، يەنە بىر يېرىم
پاتمان ئالتۇننى سۇلتان سەئىد خانغا ھەدىيە قىلىپ ھۇزۇرىغا ئېلىپ
كەلدى. ئابابەكرىنىڭ چارۋا ماللىرىنى ھەم تەقسىم قىلدى. يالغۇز
مىرزا ھەيدەر كوراگانغىلا 18 مىڭ قوي تەگدى. قالغىنىنى شۇنىڭ-
دىن قىياس قىلىش كېرەك. سۇلتان سەئىدخان ئۆزىگە تەقسىم قىلىن-
غان ئالتۇن ۋە مال-مۈلۈكنى خەلققە تەقسىم قىلىپ بەردى. ھەممە
ئەسكەر ۋە ئاھالە باي بولدى.» ئابابەكرىدىن بۇ زور تۈركۈمدىكى
بايلىقلاردىن بۆلەك، يەنە نۇرغۇن ئېتىز-ئېرىق قالغان. پەقەت
قەشقەرنىڭ ئۆزىدىلا ئابابەكرى 100 دىن ئارتۇق باغنى ئىگەللىۋال-
غان ئىدى.

سۈيۈرغاللىققا ئىشلىتىلگەن بايلىقلارنىڭ يەنە بىر قىسمى ئابابەك-
رىنىڭ يېقىنلىرىدىن مۇسادىرە قىلىۋېلىنغان. بۇ كىشىلەر ئابابەك-
رىگە ئەگىشىپ، سەئىد بىلەن دۈشمەنلەشكۈچىلەر بولغانلىقتىن،
ئۇلارنىڭ بايلىقلىرىنىڭ تارتىۋېلىنغانلىقى ناھايىتى ئېنىق.

يەركەن خاندانلىقى يەرلىك پومىششىكلار سىنىپىنىڭ مۈلۈكچىلى-
گىگە نۇقسان يەتكۈزمەسلىك ئاساسىدا، ئاشۇنداق بايلىقلار ئارقىلىق
يېڭى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ تاماسىنى قاندۇردى.

يەركەن خاندانلىقى يولغا قويغان سۈيۈرغاللىق تۈزۈمى قاراخا-

نلار خاندانلىغى يولغا قويغان سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىدىن پەرقلىق ئىدى. بۇ پەرق شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، سۇيۇرغالدىن بەھرىمەن بولغانلار يەر ئىجارىسى ھەققىدىنلا بەھرىمەن بولالايتتى. بۇ ئىجارە ھەققى ئەمگەك سېلىقى شەكلىدە ئېلىنىشمۇ، ماددى نەرسە شەكلىدە ئېلىنىشمۇ مۇمكىن ئىدى، بۇنىڭدىن باشقا ئىمتىيازلاردىن، مەسىلەن، قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇش، ئۆز ئالدىغا سوراق قىلىش قاتارلىق ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولالمايتتى. يەنە بىر پەرق شۇ يەردىكى، خاندانلىق سۇيۇرغاللىقتىكى دىخانلار بىلەن بىۋاستە ئالاقە قىلىشاتتى. بۇ ئالاقە، كۆپىنچە، باج-سېلىق، ئەسكەرلىك ۋە ئەدلىيە ئىشلىرى ئارقىلىق بولاتتى.

يەركەن خاندانلىقى مەزگىلىدە، مەسچىتلەرنىڭ يەر ئىگەللەش ئەھۋالى ئۆتكەن ۋاقىتلارنىڭكىدىن پەرقلىق بولغان. بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار توغرىسىدا كېيىنكى باپتا مەخسۇس توختىلىمىز.

يەركەن خاندانلىقى مەزگىلىدە ئۇيغۇر يېزىلىرىدىكى سىنىپي مۇناسىۋەت ئاساسەن "ئۈلۈشلۈك تەقسىمات" شەكلىدە گەۋدىلەنگەن. ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدا بۇنداق مۇناسىۋەت "ئورتاقچىلىق" دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئىپادىلەنگەن. ئۈلۈشلۈك تەقسىماتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: يەر ئىگىلىرى — پومىششىكلار، مەسچىتلەر دىخانلارنى يەر، ئۇرۇقلۇق، تېرىلغۇ ئۇلاقلىرى ۋە ئەتىيازدا ئىستېمال قىلىنىدىغان بىر قىسىم ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ. پۈتكۈل ئېتىز ئىشلىرىنى — يىغىم-تېرىم، پەرۋىش، خامان ئېلىش ۋاھاكازالارنىڭ ھەممىسىنى دىخانلار قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، دىخانلار يەنە مەلۇم ۋاقىتتا يەر ئىگىلىرىگە ئالۋاڭ ھساۋىدا ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىدۇ. ھوسۇلنى بولسا يەر ئىگىلىرى بىلەن دىخانلار يەتتىدە ئۈچ ياكى ئالتىدە تۆت

ئۇلۇش بويىچە بۆلۈشۈۋالدۇ.

ھوسۇلنى بۆلۈشۈۋېلىش جەريانى، شۇنى چۈشەندۈردىكى، ئورتاق-چىلىق دىگەن ئاتالغۇدا ئىپادىلەنگەن ئىجارە مۇناسىۋىتى ھەرگىزمۇ باراۋەرلىك ئاساسىدىكى مۇناسىۋەت بولماستىن، بەلكى ئېنىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىش مۇناسىۋىتى. بۇنىڭدا ھەم ماددى نەرسىلەر بىلەن تۆلىنىدىغان ئىجارە ھەقىقى ئاملى، ھەم ئەمگەك بىلەن تۆلىنىدىغان ئىجارە ھەقىقى ئاملى مەۋجۇت.

ئىقتىساتتىن تاشقىرى ئېكسپىلاتاتسىيە — ھاشار ۋە ھەربى مەجبۇ-رىيەت ئۇيغۇر خەلقى شۇ مەزگىلدە ئۇچرىغان يەنە بىر قەۋەت ئېكسپىلاتاتسىيە ئىدى. بۇ ھاشارلار ئوردا، مازارلارنى ياساشتىن تارتىپ تاكى خان جەمەتى ۋە خوجىلارنىڭ جەسەتلىرىنى يۆتكەشتەك ئىشلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قەرەلسىز ھاشارلار ۋەجىدىن، دىخان-چىلىق مەۋسۇملىرى ئۆتۈپ كېتەتتى، بۇنىڭدىن كېلىدىغان زىيان ئەمگەكچى خەلقلەر ئۈچۈن ئەڭ زور زىيان ئىدى.

يەركەن خاندانلىقىنىڭ ئىقتىسادىي ساھەدە ئېلىپ بارغان پائالى-يەتلىرى ئۇنىڭ سىياسى جەھەتتە ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمىگەن. ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ساھەدىكى پائالىيەت-لىرى، ئاساسەن، تيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدا ئىجتىمائى ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدا قوللانغان نۇرغۇن مۇھىم ئىقتىسادىي تەدبىرلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. يەركەن خاندانلىقىنىڭ بەرپا بولۇشى سەئىد خانلىق تەختكە چىققان 1514 - يىلىدىن باشلانسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھەقىقى ئۇنۇملۇك پائالىيەتلىرىنى تيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدا ئىجتىمائى ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كىرىشكەن ۋاقىت-

تىن تارتىپ ھىساپلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئابابەكرىنى سەئىد ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندا، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدا قاتناش توختاپ، سودا ئىشلىرى كاساتلىشىپ، شەھەر-بازارلار خارابىلىققا ئايلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەن ئىدى. تېخىمۇ ئېغىرى شۇكى، يېزا ئاھالىلىرى كۆپلەپ ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتكەنلىكتىن، يەرلەر قاغجىراپ كەتكەن، يېزا ئىگىلىكى بالايى-ئاپەت خاراكتېرلىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان ئىدى.

ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان ئىجتىمائىي ئىگىلىكنى ۋە تۈرلۈك قالايمىقانچىلىقلار پەيدا قىلغان ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى سەئىد ئۆز ۋاقتىدا بىۋاستە كۆرگەن ۋە سەزگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ چەكلىك كۈچى بىلەن فەرغانە ئويمانلىقىدىن تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىغا ئېقىپ كىرگەندە، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ خەيرىخاھلىقى ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەن ئىدى. سەئىدنىڭ ئابابەكرىنى ئاسانلا ئاغدۇرۇپ تاشلىيالىغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ ئىدى. يەرلىك ئاھالىلەرنى سەئىدكە مايىل قىلىپ قويغان ئامىل، ئەلۋەتتە، ئابابەكرىنىڭ زوراۋان ھۆكۈمرانلىقى ئىدى. سەئىد ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنىڭ ئاسانلا غۇلاپ چۈشۈشى بىر ساۋاق ئىدى.

يەركەن خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردە قوللانغان تۈرلۈك ئىقتىسادىي تەدبىرلىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، سەئىد ئېغىر دەرىجىدە ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرگەن.

ھەممىدىن ئاۋال، سەئىد ئالۋاڭ-ياساق، باج-سېلىقنى ئون يىلغىچە كەچۈرۈم قىلىشنى جاكالىدى. بۇ تەدبىر يەركەن خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى زىمىنى دائىرىسىدە ئومۇمى يۈزلۈك يولغا قويۇلدى.

مىرزا شاھ مەخمۇت جوراسىنىڭ «تارىخى رەشىدى» (زەيلى) دىگەن ئەسىرىدە، سەئىدنىڭ باج-سېلىقنى ئون يىل كەچۈرۈم قىلغانلىقى توغرىسىدا تەپسىلى مەلۇمات بېرىپ مۇنداق دەپ يېزىلغان: "ئابابەكرى مىرزا مەملىكەتنى ناھايىتى خاراپ قىلىۋەتكەن ئىدى. سۇلتان سەئىد تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئادالەت ئىنئام قىلىپ، پۇقرالاردىن ئېلىنىدىغان سېلىقنى ئون يىل كەچۈرۈم قىلدى. بۇ ئون يىلنىڭ بەش يىلىدا ئەسكەرلەرگە خانلىق غەزنىدىن مائاش بېرىلدى. 6-يىلى غەزنە قۇرۇپ قېلىپ، ئەسكەرلەرگە قاتتىقچىلىق ئېلىپ كەلدى، 6-يىلى خەلقتىن قەرز ئېلىندى... ئەرباپلار مەسلىھەت بويىچە ئالتە يىلنى ئون يىل توشتى دەپ مەلۇم قىلدى. ئەل-يۇرتتىن يەنە سېلىق ئېلىشقا باشلىدى"⑯.

مولla مۇسا سايرامى ئۆزىنىڭ «تارىخى ئەمنىيە» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ھەقتە تولۇقلاپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: "ئالتە يىلنى ئون يىل دەپ مەلۇم قىلغانلىقتىن، بۇ يەتتە شەھەرنىڭ يىل ھىساۋى باشقا شەھەرلەردىن تۆت يىل ئىلگىرى بولۇپ قالدى"⑰.

سەئىد قوللانغان ئىككىنچى ئىقتىسادىي تەدبىر قاغجىراپ قالغان دېخانچىلىق رايونلىرىغا ئاھالە كۆچۈرۈش ئىدى. ئاھالە كۆچۈرۈشتە ئاقسۇ رايونى بىلەن يەركەن دەرياسىنىڭ يۇقۇرىقى ئېقىمى ئاساسلىق نۇقتا بولدى. كۇچار، قەشقەر ئاھالىلىرى ئاقسۇغا، خوتەنگە ۋە يەركەن ئاھالىلىرى يەركەن دەرياسىنىڭ يۇقۇرىقى ئېقىمىغا كۆچۈرۈلدى. خوتەن بىلەن يەركەن ئارىلىقىغا جايلاشقان بۈگۈنكى قاغىلىق بازىرى شۇ مەزگىلدە ۋۇجۇتقا كەلگەن ئىدى⑱.

ئۈچىنچى ئىقتىسادىي تەدبىر سۇ ئىنشائاتلىرى ياساشتىن ئىبارەت بولدى. سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياساش ئاساسەن ئېغىر ۋەيرانچىلىققا

ئۇچرىغان ئاقسۇ رايونى بىلەن ئاھالە كۆچۈرۈلگەن يەركەن دەرياسى-
نىڭ يۇقۇرىقى ئېقىمىغا مەركەزلەشتى. بۇنىڭدىن باشقا، خوتەن
بوستانلىقىدىكى كىرىيە، نىيە، چەرچەن دەريالىرى بويلىرىدىمۇ
ئېلىپ بېرىلدى.

16- ئەسىردىن كېيىن، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدا ئىجتىمائى
ئىگىلىكنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىگى ۋە گۈللەنگەنلىگى يەركەن خاندانى-
لىغىنىڭ يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئىقتىسادىي تەدبىرلىرىنىڭ ياخشى
ئۈنۈم بەرگەنلىگىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنداق دېگەنلىك
سىياسى ئامىلنىڭ رولىغا سەل قارىغانلىق ئەمەس. مۇقىم سىياسى
مۇھىت تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدا ئىجتىمائى ئىگىلىكنىڭ ئەس-
لىگە كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشىدا ئالدىنقى شەرت بولدى. يۇقۇرىدا
بايان قىلىنغان ئىقتىسادىي تەدبىرلەر مۇشۇ ئالدىنقى شەرت ئاستىدىلا
ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالدى.

دېخانچىلىق:

بۇ مەزگىلدە تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدا ئىجتىمائى ئىگىلىكنىڭ
ئەسلىگە كەلگەنلىگى ۋە راۋاجلانغانلىغى، ئاساسەن، بىر قاتار
دېخانچىلىق رايونلىرىنىڭ يېڭىۋاشتىن گۈللىنىپ ئاۋاتلاشقانلىغىدا
ئىپادىلىنىدۇ، بولۇپمۇ ئاقسۇ رايونى بىلەن تۇرپان ئويمانلىغىنىڭ
يېزا ئىگىلىگى جەھەتتە ئەسلىگە كېلىپ، ئاۋاتلاشقانلىغى ئىنتايىن
مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

يىل بويى توختىماي ئاقىدىغان ئاقسۇ دەرياسى بۇ رايوننىڭ
سۇغىرىش ئىشلىرىغا ئوبدان شەرت-شارائىت يارىتىپ بەرگەن.
شۇڭا بۇ يەر ئىزچىل تۇردە تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونى بويىچە
دېخانچىلىق مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن ئىدى. بىراق،

يەركەن خاندانلىغى بەرپا بولۇشتىن ئىلگىرى، ئاقسۇ رايونى تىيانشان-
نىڭ جەنۇبىي بويىچە دىخانچىلىق مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇشتىن
قېپقالغان ئىدى.

«تارىخى ئەمىنىيە»دە شۇ ۋاقىتتىكى ئاقسۇ ھەققىدە مۇنداق دەپ
يېزىلغان: "مىرزا ئابابەكرى ئاقسۇ خەلقىنى ئەخمەتخان (ئىزاھ: تۇغلۇق
تۆمۈر ئەۋلادى) غا* يار بولدى دەپ تالان-تاراج قىلىپ، ئادەملىرىنى
ئالتە شەھەرگە تارقىتىۋەتتى. ئۇشبۇ سەۋەپ-بائىس بىرلە، ئاقسۇ 16
يىل ۋەيران، بىچۇغا ئەشيان ۋە دىۋە-پەرىگە ماكان بولۇپ قالدى."

ئاقسۇ رايونىدا يېزا ئىگىلىگىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكى ۋە راۋاج-
لانغانلىغى يەركەن خاندانلىغى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئىسپاتلانغان.
جۇڭغار خاندانلىغى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىنى بويسۇندۇر-
غاندا، ئاقسۇ رايونى تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى جۇڭغار خاندانلىغىنى
ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگۈچى ئاساسلىق بازا بولۇپ قالغان. ئاقسۇ
رايونى جۇڭغار خاندانلىغىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەپ تۇرغاندىن
باشقا، تۆرلۈك قول سانائەت بۇيۇملىرى بىلەنمۇ تەمىنلەپ تۇرغان.

شۇنىڭدىن تەخمىنەن بىر ئەسىر كېيىن، چىڭ سۇلالىسى زامانىدا
ئۆتكەن چۈن يۈەن دىگەن كىشى تۈزگەن «غەربىي دىياردا
ئاڭلىغان-كۆرگەنلىرىم» دىگەن ئەسەردە چىڭ سۇلالىسى تىيانشان-
نىڭ جەنۇبىي رايونىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىنكى دەسلەپكى

* ئەخمەتخان — ئابابەكرىنىڭ ئاساسلىق دۈشمىنى، شۇنىڭدەك كىچىك
دادىسى ھەم ئۆگەي دادىسى مۇھەممەت مىرزا ھەيدەرنىڭ ئۆزى
ئىدى. «تارىخى ئەمىنىيە»دە ئۇ تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئەۋلادى، دەپ
خاتا ئىزاھلانغان. ئەسلىدە مۇھەممەت بۇلاجى جەمەتىنىڭ ئەۋلادى
ئىدى.

يىللاردىكى ئاقسۇ رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى تەسۋىرلىنىپ مۇنداق دەپ يېزىلغان: "ئاقسۇ يېرى مۇنبەت، گۈنجۇت، بۇغداي، ئارپا، چۈجگۈن قوناق، پۇرچاق، تېرىق، كېۋەز، سېرىق كەندىر قاتارلىق زىرائەتلەر ھەممە يەرلەرنى قاپلاپ كەتكەن، شاپتۇل، ئۈرۈك، ئۈژمە، نەشپۈت، ئانار، ئۈزۈم، ئەنجۈر، قوغۇن قاتارلىق مېۋىلەر ناھايىتى كۆپ، ھەممە يېرى باغ-ۋارانلار بىلەن تولغان، مەمۇرچىلىق بولىدىغان، كالا-قويلار پادا-پادا بولۇپ يۈرىدىغان جاي ئىكەن."

ئاقسۇ رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە كۆچمەنلەر مۇھىم رول ئوينىدى. تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە ئاقسۇ رايونىدىكى نۇرغۇن مەھەللىلەرنىڭ ناملىرى ئەنە شۇ ۋاقىتلاردىكى كۆچمەنلەرنىڭ ئەسلى يۇرتىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.

بۇ مەزگىلدە تۇرپان رايونىنىڭ ئىجتىمائى ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشمۇ ناھايىتى روشەن بولدى. ھەممىدىن بۇرۇن، تۇرپاندا ئاساسلىق سۇغىرىش تورى بولغان كارىزلار 16-ئەسىردىن كېيىن يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. يەركەن خاندانلىقىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە ئابدۇرېھىمنىڭ يەركەن خاندانلىقىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبىنىڭ يېرىمىنى ئىلكىگە ئېلىشىدا تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئەسلىگە كەلگەن يېزا ئىگىلىكى مۇھىم تۈرتكە بولغان. شۇ ۋاقىتتا جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدىكى ھەرقايسى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ۋە قۇمۇل رايونى ئاشلىق جەھەتتە تۇرپان ئويمانلىقىغا تايانغان. تۇرپاننىڭ قورال كۈچى ئىشلەتمەيلا يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان رايونلارنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇرغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ.

قۇمۇل رايوننىڭ يېزا ئىگىلىگى يەركەن خاندانلىغىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. شۇ ۋاقىتتا قۇمۇل رايوننىڭ جۇڭغار ئويىمانلىغىنىڭ ھەربى تەمىنات كەلتۈرىدىغان ئاساسلىق مەنبەلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغانلىغى بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ.

قول سانائەت:

ئىجتىمائى ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدا قوللىنىلغان تۈرلۈك ئىقتىسادىي تەدبىرلەر ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا تارماقلىرىغىمۇ غايەت زور نەپ بەردى. قول سانائەت يېزا ئىگىلىگىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇردى.

قول سانائەتتە ھەممىدىن بۇرۇن كانچىلىق بىلەن مېتالچىلىق كەسپىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى كانچىلىق بىلەن مېتالچىلىق تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدا ئۇزاق تارىخقا ئىگە تارماق ئىدى. ئەمما شۇ مەزگىلدىن بىر ئەسىر ئىلگىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى مۇتلەق كۆپچىلىك رايونلار ياغاچتىن ياسالغان دېخان-چىلىق سايمانلىرىنى ئىشلىتىشتەك چېكىنىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان ئىدى. شۇڭا يەركەن خاندانلىغى ۋاقتىدا بۇ ئىشنىڭ گۈللىنىشى يەرلىك ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتا ھەقىقەتەنمۇ ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان.

كۇچار، ئاقسۇ، قەشقەر، يەركەن، بۆگۈر قاتارلىق جايلار شۇ مەزگىلدە كانچىلىق ۋە مېتالچىلىق كەسىپلىرىنىڭ مەركەزلىرى ئىدى. بۇ رايونلاردا ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، قەلەي، تۆمۈر، تۇز، سىماپ، نۆشۈدۈر، گۈڭگۈرت قاتارلىق كان مەھسۇلاتلىرى قېزىلاتتى ۋە پىششىقلاپ ئىشلىنەتتى. قاشتېشى قازمىچىلىغى خوتەن

رايوننىڭ تارىخى ئۇزاق ۋە ئۆزىگە خاس كەسپى ئىدى.

مىتاللىچىلىق ۋە كانچىلىق ئىشلىرى راۋاجلانغانلىقتىن، مىتال سايمانلار ئىشلەپچىقىرىشتا كۆپلەپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى بولغان كەتمەن، گۈرجەك، ئوغاق، ساپان چىشى قاتارلىقلارنىڭ تۈرى كۆپەيمىگەن بولسىمۇ، سانى ئومۇمى يۈزلۈك كۆپەيدى.

مىتاللار دىخانچىلىق سايمانلىرىنى ياساشقا ئىشلىتىلگەندىن تاشقىرى، باشقا ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى، ئېيتايلۇق، ھەرە، ئۈشكە، رەندە، پالتا، تۆگمەن تېشىنىڭ ئوقى، تۈرلۈك ئۆلچەمدىكى مىخ، قازان، تاقا، شۇنىڭدەك ھەربى قوراللاردىن قىلىچ، نەيزە، خەنجەر، ئايپالتا، ئوقيا ئوقىنىڭ بېشى قاتارلىق قورال-ياراقلارنى ياساشتىمۇ ئىشلىتىلگەن، بۇنىڭدىن باشقا مىلتىق، توپ قاتارلىق ئوت ئالدۇرغۇچى قوراللارنى ياساشقىمۇ ئىشلىتىلگەن.

مۇشۇ مەزگىلدىكى مىتاللىچىلىقتىكى پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسىنىڭ سەۋىيىسىنى بىلمەكچى بولساق، ئالتۇن پۇل (تىللا) نىڭ ياسىلىشى بۇنىڭغا قىسمەن ئىسپات بولالايدۇ. يەركەن خاندانلىقى مەزگىلىدە سەئىدنىڭ نامى بىلەن ياسالغان تىللا ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغانىستان، كەشمىر رايونلىرىدىنمۇ تېپىلماقتا.

توقۇمىچىلىق ئاشۇ يىللاردا تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونى بويىچە ئەڭ تەرەققى تاپقان قول ھۈنەر كەسپى ئىدى. قول بىلەن توقۇلغان رەختلەر ئومۇملاشتۇرۇپ بۆز-خاملار دەپ ئاتىلاتتى. يەركەن خاندانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە سىياسى ۋەزىيەت داۋالغۇپ، پۇلنىڭ كۇرسى چۈشۈپ كەتكەندە، كەڭ مىقياستىكى سودا ئىشلىرىدا بۆز-خام ھەتتا ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ قالغان ئىدى. باشقىچە قىلىپ

ئېيتقاندا، بۆز ـ خاملار بۇ رايوننىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا پۇلغا باراۋەر نوپۇزغا ئىگە بولۇپ، سودا ئىشلىرىدا ۋاستە بولۇپ قالدى.

جۇڭغار خانلىقى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، بۇ يەردىن ئېلىنىدىغان سېلىقنى ئەنە شۇ بۆز ـ خام بويىچە ھېساپلاپ ئالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۆز ـ خام تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىنىڭ باشقا جايلار بىلەن بولغان سودىسىدا ئەڭ مۇھىم مال تۈرى بولۇپ قالغان.

شۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدا توقۇلما رەختلەر توغرىسىدا بىر قاتار مەخسۇس ئاتالغۇلار بارلىققا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بىز شۇنى ئۇقتۇقكى، توقۇلما يىپلارنىڭ زىچلىقىغا ۋە ھۈنەر سەنئىتىنىڭ نەپىسلىكىگە قاراپ، شۇ زاماندا توقۇلما رەختلەر تۆت دەرىجىگە ئايرىلغان ئىكەن. بىرىنچى دەرىجىلىكى چەكمەن، ئىككىنچى دەرىجىلىكى تولىما، ئۈچىنچى دەرىجىلىكى ماتا، تۆتىنچى دەرىجىلىكى بۆز ـ خام دەپ ئاتىلىدىكەن. لېكىن ئۇلار ئومۇملاشتۇرۇلغاندا يەنىلا بۆز ـ خام دەپ ئاتىلاتتى. خوتەن، يەركەن، قەشقەر، پەيزىۋات، ئاقسۇ، كۇچار قاتارلىق جايلار شۇ مەزگىللەردە بۆز ـ خام توقۇلىدىغان ئاساسلىق جايلار ئىدى. تارىم ۋادىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا تۇرپان بۆز ـ خام توقۇلىدىغان ئاساسلىق جاي ئىدى.

ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ مۇكەممەللىشىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنىڭ ياخشىلىنىشى توقۇمىچىلىقنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن تۈپ شەرت ئىدى. بىر كىشى باشقۇرىدىغان "دۇكان" دەپ ئاتالغان توقۇش سايمىنى ئومۇمىي يۈزلۈك ئىشلىتىلدى. بۇ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، ھۈنەر سەنئىتىنى مۇكەممەللەش-

تۇرۇشتە سەل قاراشقا بولمايدىغان دەرىجىدە رول ئوينىدى.

خوتەن رايونى گىلەم توقۇشتا يەنىلا يۇكسەك شۆھرەتكە ئىگە بولدى. لېكىن گىلەمچىلىك خوتەن بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى، يەركەن، قەشقەر، ئاقسۇ، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردىمۇ گىلەمچىلىك ئەۋج ئالدى.

قول سانائەتنىڭ كۆلىمىدىمۇ بىرمۇنچە زور ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى. كارخانىلارنىڭ تۈرەلمىسى كۈندىن-كۈنگە شەكىللەنمەكتە ئىدى. ئۇيغۇر تىلىدا بۇلار "ئىشخانا" دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ئىشخانىلار ئەڭ ئاۋال قول سانائەت بىرقەدەر مەركەزلەشكەن جايلارغا توپلىنىپ، كانچىلىق، مېتالچىلىق، قورال-ياراق ياساش، توقۇمچىلىق، تېرە ئەيلەش، گىلەمچىلىك ۋە باشقا كەسىپلەردە قۇللىنىلدى. ئىشخانىلاردا بىردىن بىرنەچچىگىچە ياردەمچى ئىشلەيتتى. ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ئەڭ دەسلەپكى ياللاش-ياللىنىش مۇناسىۋىتى مانا مۇشۇ سورۇنلاردا بارلىققا كەلگەن ئىدى.

سودا ئىشلىرى:

دەۋر كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۆزگىرىشلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ھالقىسىمان ئىجابىي تەسىر قوزغىدى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، قول سانائەت بۇيۇملىرى ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا كۆپلەپ سەرپ قىلىنىۋاتقان چاغلاردا، سودا ئىشلىرىمۇ مۇقەررەر ھالدا جانلىنىپ كەتتى. سودا ئىشلىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدا ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش سۈرئىتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى ۋە ئۈزلۈكسىز تېزلەتتى.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، يەركەن خاندانلىقى

مەزگىلىدە تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ئاساسەن مۇقىم ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار بولسا تۇرلۇك كۈچلەر تەرىپىدىن تىزگىنلىۋېتىلگەن ئىدى، شۇڭا تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى سودا پائالىيەتلىرى روشەن هالدا ئىچكى قىسمىغا يۈزلىنىش خاراكتېرىنى ئالدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، يەركەن خاندانلىقى مەزگىلىدىكى سودا پائالىيىتى تاشقى سودىنىڭ كۆلىمى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىچكى بازارلارنىڭ كېڭىيىشى ۋە كۈچەيتىلىشى بىلەن گەۋدىلەنگەن.

ئالدى بىلەن شەهەرلەر ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا بارغانسېرى مۇهىم ئورۇن تۇتىدىغان بولدى. قەشقەر، يەركەن، خوتەن، ئاقسۇ، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلار شۇ ۋاقىتلاردا ئاساسلىق سودا نۇقتىلىرى ئىدى، بۇ ئورۇنلارغا تۇرلۇك سودا ماللىرى توپلاندى، زور هەجىمدىكى سودا پائالىيەتلىرى بولۇپ تۇردى.

«بېيىت دېيىش قېتاننى زىيارەت قىلىش» دېگەن كىتاپتا يەركەن قەلئەسىنىڭ سودا ئىشلىرى توغرىسىدا بېرىلگەن مەلۇمات شۇ زامانلاردا تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى هەرقايسى شەهەرلەرنىڭ ئومۇمىي ئەهۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ: "يەركەن قەلئەسى قەشقەر دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئىدى. سودىگەرلەر بېلىقتەك توپلىنىشىپ كەتكەن ئىكەن، تۇرلۇكماللار ئالمىشىپ تۇرىدىكەن. شەرقتىكى مەشهۇر سودا سورۇنى ئىكەن"⑲.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا شەهەرلەرنىڭ مۇهىم رول كۆرسىتەلىشىدىكى يەنە بىر ئالدىنقى شەرت شۇكى، قول سانائەت يېزا ئىگىلىگىدىن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا بۆلۈنۈپ چىققان.

نەتىجىدە قول سانائەت كەسپىدىكى زور بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش ۋە خام ئەشيا سېتىۋېلىشتا پۈتۈنلەي شەھەر - بازارلارغا تايىنىدىغان بولدى. پاختا توقۇمىچىلىقىنى ئېلىپ ئېيتساق، باپكا بىلەن دىخان، توقۇمىچىلىق بىلەن پاختا يېتىشتۈرۈلىدىغان رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلەر تامامەن شەھەر - بازارلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى.

بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتى سودا بازارلىرىغا بارغانسېرى يۇقۇرى تەلەپ قويۇشقا باشلىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى بازار سودىسى مانا مۇشۇنداق ئېھتىياجغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن كۆپلەپ بارلىققا كېلىشكە باشلىدى.

ئۇنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بازار دەپ ئاتالغان سودا سورۇنلىرى كۈندىن - كۈنگە كۆپەيدى. بازارلارنىڭ ئارىلىقى قىسقاردى. بازارلار كۆپىنچە كەڭ يېزىلاردا ئىدى. تارىم ۋادىسى ئەتراپىدا بارلىققا كەلگەن مىڭلىغان بازار ئىسمىلىرى كۆز ئالدىمىزدا بازار سودىسىنىڭ كۆلىمىنى جىلۋىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. دۈشەنبە بازار، سەيشەنبە بازار، پەيشەنبە بازار،... دەپ ئاتالغان بازارلار مەلۇم بىر دائىرىدىكى قاتناش تۈگۈنلىرىگە گويا ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك تارقىلىپ، ئۆزلۈكسىز بولىدىغان سودا پائالىيەتلىرىنى ھاسىل قىلدى. يېزىلاردىكى بازار سودىسىدىن باشقا، شەھەرلەردىمۇ بازار سودىسى بولۇشقا باشلىدى.

شەھەرلەردىكى بازارلار ئاساسەن شەھەر ئەتراپىدىكى دىخانلار، بولۇپمۇ سودا خاراكتېرىنى ئالغان يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغۇچى دىخانلار، شەھەر قول ھۈنەرۋەنلىرى ۋە باشقا تەبىقىدىكىلەرنىڭ سودا - سېتىق قىلىشىدىغان ئورنى ئىدى.

سودا پائالىيەتلىرىنىڭ جانلىنىشىغا ئەگىشىپ، زور بىر تۈركۈم كىشىلەر سودا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشتى. ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدا سودا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى ئايرىيدىغان تۈرلۈك ئاتالغۇلارنىڭ بارلىققا كېلىشى بۇ تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى خېلى دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار "سودىگەر" دەپ ئاتىلىدۇ. ئىنچىكىلىگەندە، ئۇلار يايمىچى، ئېلىپساتار، دۇكانچى، كارۋان دېگەنگە ئوخشاش بىرنەچچە خىلغا ئايرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى شەھەر ۋە يېزا بازارلىرىدا "دەللال" دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئادەملەر پەيدا بولدى. ئۇلار-دا ھېچقانداق دەسمايە بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچىنى كېلىشتۈرۈشتىنلا ئىبارەت. ئۇلار بەزىدە زور كۆلەمدىكى سودا ئىشلىرىغا، بەزىدە بىر ھارۋا ئوت-چۆپ، بىرەر قوي، بىرەر كىيىم ئۈستىدىكى سودا-سېتىق ئىشلىرىغىمۇ ئارىلىشىدۇ. ئۇلار ئىككى تەرەپنى كېلىشتۈرگەندىن كېيىن شېرىنكانە ئالىدۇ. روشەنكى، ئۇلار تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى ئاۋاتلاشقان سودا ئىشلىرىنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىمۇ بۇ گۈللەنگەن سودا ئىشلىرىدا بىر خىل زىننەت ئىدى.

سودا پائالىيەتلىرىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن نۇرغۇن مۇھىم سودا ماللىرى، مەسىلەن، خوتەن گىلىمى، ئاقسۇنىڭ يۇڭ توقۇلما ماللىرى، يېڭىسارنىڭ تۆمۈر ئەسۋاپلىرى قاتارلىقلار ئۆز جايىدىن باشقا جايلارغا توشۇپ ئاپىرىپ سېتىلىدىغان بولدى. ھەتتا يەركەن خاندانلىقى بۆلۈنۈپ كەتكەن ۋاقىتلاردىمۇ سودا كارۋانلىرى تۈرلۈك توساقلاردىن ئۆتۈپ، جايلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى راۋانلاش-

تۇردى.

«بىنت دىنىڭ قىتانى زىيارەت قىلىشى»دا بېرىلگەن مەلۇمات-لاردىن شۇنى بىلىۋالالايمىزكى، يەركەن خاندانلىقى مەزگىلىدە تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىنىڭ سىرت بىلەن بولغان سودىسىنى ھۆكۈمەت ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغان ئىكەن. بۇ كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: "كارۋان باشلىقى ۋاڭ (خان) تەرىپىدىن تەيىنلىنىدۇ، بىرمۇنچە ئالتۇن تاپشۇرسىلا بۇ مەنسەپكە ئېرىشكىلى بولىدۇ، ۋاڭ ئۇنىڭغا سەپەر ئۈستىدە سودىگەرلەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بېرىدۇ."

## 3. يەركەن خاندانلىقى مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدا قوشۇش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشلىرى، ئىپتىدائىيلىق، يېزىق، تىل، دىن، سەنئەت ۋاھاكازالارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يەركەن خاندانلىقىدىن بۇرۇنلا ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلىنىپ بولغان ئىدى. شۇڭا، يەركەن خاندانلىقى مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيىتى تولۇق-لىنىش ۋە مۇقىملىشىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

مۇشۇ سەۋەپتىن، بىز بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، تىل، يېزىق ۋە دىن ساھەلىرىدىن ھالقىپ، ئاساسەن مۇشۇ مەزگىلدە ۋۇجۇتقا كەلگەن مەدەنىيەت مۆۋەپپەقىيەت-لىرى بولغان «مۇقام»، «تارىخى رەشىدى» ، «تارىخى رەشىدى» (زەيلى) قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرىمىز. ئاندىن قالسا، مەدەنىيەتنىڭ باشقا بەزى جەھەتلىرى ئۈستىدىمۇ توختىلىپ ئۆتىمىز.

(1) يەركەن خاندانلىقى مەزگىلىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك

مۇقامنىڭ ئۇزاق تارىخى بىزگە تونۇش. يەركەن خانىدانلىغى مەزگىلىدە يات ئەلنىڭ ئاتالغۇسى بىلەن ئاتالغان بۇ چوڭ تىپتىكى نەغمە تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا قايتىپ كېلىپ، خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى كۈندىن-كۈنگە مۇقىملىشىپ، مۇكەممەل ۋە تولۇق چوڭ تىپتىكى مۇزىكا بولۇپ چىقىشىدىكى شەرت هازىرلىنىپ بولغان، ئۇنى رەتلەش مۇقەررەر يۈزلىنىش بولۇپ قالغان ئىدى.

«مۇقام»نى رەتلەش خىزمىتى يەركەن خانىدانلىغىنىڭ ئىككىنچى سۇلتانى ئابدۇرىشىت هۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ئورۇنلانغان.

ئۇيغۇر تارىخ ئالىمى موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا مۆجىزى 1854-يىلى يازغان «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» ناملىق كىتاپتىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئابدۇرىشىت زامانىدا جەمئى 16 مۇقام رەتلەنگەن.

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»دا مۇزىكانتلارنىڭ هاياتى ئاساسلىق يىپ ئۇچى قىلىنغان. ئۇلار رەتلەپ چىققان مۇقام ئەسەرلىرى ئۇلارنىڭ تارىخي پائالىيەتلىرىنى ئىسپاتلاش مەقسىدىدە كۆرستىلگەن. تۆۋەندە بىز بۇ كىتاپنىڭ ئەسلى تىزىمى بويىچە مۇزىكا ئەسەرلىرىنى رەتلەپ چىققۇچىلار ۋە ئۇلار رەتلەپ چىققان مۇزىكا ئەسەرلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى تىزىپ چىقتۇق.

ئەبۇ ناسىر فارابى ئۇز هال مۇقامىنىڭ داستان قىسمىدىكى 1-، 2-، 3-مەرغۇللارنى، راك مۇقامىنىڭ داستان قىسمىدىكى 1-، 2-، 3-، 4-مەرغۇللارنى، ئۇشاق مۇقامىنىڭ داستان قىسمىدىكى 1-،

2 ـ، 3 ـ مەرغۇللارنى؛ مەۋلانە ئەلى چۆل ئىراق مۇقامىنى؛ ئابدۇ-راخمان جامى ئەجەم مۇقامىدىكى ئىككى مەرغۇلنى؛ ئەلىشىر ناۋايى ناۋا مۇقامىنى؛ يۈسۈپ قىدىرخان ۋىسال مۇقامىنى؛ پالۋان مۇھەممەت كۆچتۆگگۈر چاھارزەرب، مۇشاۋىرەك، بىيادەك، دۇگاھ، سىگاھ، چاھارگاھ، پەنجىگاھ مۇقاملىرىنى؛ يۈسۈپ سەككاكى چەببىيات مۇقامىنى؛ ئامانىساخان ئىشرەت ئەنگىز مۇقامىنى رەتلەپ چىققان. بۇ تىزىملىكنى جەدۋەللەشتۈرسەك 781 ـ بەتتىكىدەك بولىدۇ:

مۇقام كېيىنكى كۈنلەردىمۇ تارقىلىپ، داۋاملىق ساقلىنىپ كەلگەن. بىراق، ئەپسۇسلىنىدىغان يېرى شۇكى، بۇ توغرىدىكى يازما ماتېرىياللار يوقىلىپ كەتكەن.

بەختكە يارىشا، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار 1951 ـ ۋە 1954 ـ يىللىرى شۇ ۋاقىتلاردا ھايات قالغان بىردىن-بىر مۇقام نەغمىچىسى، خەلق سەنئەتكارى تۇردى ئاخۇن ئورۇنلىغان مۇقاملارنى نوتىغا ۋە سىمغا ئالدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ تارىخىي خاراكتېرلىق تۆھپە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

تۇردى ئاخۇن ئورۇنلىغان مۇقاملار ئىچىدە ۋىسال، چاھار-زەرب، بىيادەك ۋە ئىشرەت ئەنگىز مۇقامى قاتاردىن چىقىرىۋېتىلگەن. قالغان 12 مۇزىكا ئەسەرلىرى ئۆزئارا جىپسىلىشىپ، تۈزۈلۈشى پۇختا، سىستېمىلىق 12 چوڭ نەغمە بولۇپ شەكىللەنگەن ئىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ «ئون ئىككى مۇقام» دەپ ئاتىلىپ قالدى.

ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن «ئون ئىككى مۇقام» 170دىن ئارتۇق ئاھاڭ، 72 تۈرلۈك نەغمە، 2702 كۇپلېت تېكىستىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنى بىر قېتىم ئورۇنلاش ئۈچۈن 20 نەچچە سائەت ۋاقىت كېتىدۇ.

| ئەسەر ئىسمى | رەتلىگۈچى |
|---|---|
| ئۇز ھال مۇقامىنىڭ داستان قىسمىدىكى 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ مەرغۇللار | ئەبۇ ناسىر فارابى |
| راك مۇقامىنىڭ داستان قىسمىدىكى 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ مەرغۇللار | ئەبۇ ناسىر فارابى |
| ئۇشاق مۇقامىنىڭ داستان قىسمىدىكى 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ مەرغۇللار | ئەبۇ ناسىر فارابى |
| چۆل ئىراق مۇقامى | مەۋلانە ئىبلى |
| ئەجەم مۇقامىدىكى ئىككى مەرغۇل | ئابدۇراخمان جامى |
| ناۋا مۇقامى | ئەلىشىر ناۋايى |
| ۋسال مۇقامى | يۈسۈپ قىدىرخان |
| چاھارزەرپ مۇقامى | پالۋان مۇھەممەت كۈچتۆڭگۈر |
| مۇشاۋىرەك مۇقامى | // // // |
| بىيادەك مۇقامى | // // // |
| دۇگاھ مۇقامى | // // // |
| سىگاھ مۇقامى | // // // |
| چاھارگاھ مۇقامى | پالۋان مۇھەممەت كۈچتۆڭگۈر |
| پەنجىگاھ مۇقامى | // // // |
| چەببىيات مۇقامى | يۈسۈپ سەككاكى |
| ئىشرەت ئەنگىز مۇقامى | ئامانىنساخان |

موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزى كۆرسىتىپ ئۆتكەن مۇقاملارنىڭ ماۋزۇلىرىنى ھازىر ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ماۋزۇلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، تۇردى ئاخۇن ئورۇنلىغان «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ يەركەن خاندانلىقى مەزگىلىدە رەتلەنگەن دائىرىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەنلىكىنى بىلىمىز.

شۈبھىسىزكى، مۇقام مۇزىكىلىرىنىڭ شەكلى خىلمۇ-خىل بولۇش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ نەغمە ئاھاڭلىرىمۇ ئىنتايىن مول، ئۇنىڭ جانلىق مۇزىكا ئوبرازى، مۇزىكا سۆزلىرى، تەمكىن، رىتىملىق غەزەللىرى، شوخ خەلق ئۇسۇل نەغمىلىرىگە شەك كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

مۇقامنىڭ رەتلىنىپ چىقىشىغا ئامانىساخان بىلەن يۈسۈپ قىدىرخانلار زور تۆھپە قوشتى. ئامانىساخان ئابدۇرىشىتخاننىڭ خانىشى بولۇپ، 34 يېشىدا ۋاپات بولدى. ئامانىساخان تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى دولان دەرياسى بويىدا چوڭ بولغان. بۇ يەر شۇ ۋاقىتلاردا ناخشا-ئۇسۇل ماكانى دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىدى.

ئامانىساخان ئوتتۇنچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، كىچىكىدىن تارتىپلا شۇ ۋاقىتتا جەمىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ئومۇملىشىۋاتقان مەشرەپ بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان. مەشرەپ ئۆتكۈزۈلگەن سورۇنلار ئامانىساخاننىڭ مۇزىكىغا بولغان ئىشتىياقىنى قوزغاش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ مۇزىكا ئىقتىدارىنىمۇ يېتىشتۈرگەن. ئاخىرى ئۇ ياش تۇرۇپلا ئۇستا غەزەلچى ۋە ماھىر سازەندە بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ بىرمۇنچە شېئىر ۋە غەزەللىرى تارقالغاندىن كېيىن، تەبىئى ھالدا ئۆز يۇرتىغا ۋە

ئەتراپقا داڭقى كەتكەن ئىدى.

ئامانىساخان ئۆزىنىڭ مۇزىكا ئىشتىياقىنى ۋە مۇزىكا قابىلىيىتىنى ئابدۇرىشتىنىڭ ئوردىسىغىمۇ ئېلىپ باردى. ئامانىساخانىنىڭ تەشەببۇسى ۋە تۈرتكىسى بىلەن، ئابدۇرىشت جايلاردا ئۆز ئالدىغا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر سازەندىلىرى، غەزەلچىلىرى ۋە شائىرلىرىنى ئوردىغا تەكلىپ قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئوردىدا نۇرغۇن داڭلىق شەخسلەر توپلاندى، خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن مۇقام مۇزىكىلىرى مۇشۇ كىشىلەر بىلەن بىللە ئوردىدا جەم بولدى، بۇنىڭ بىلەن مۇقاملارنى دەسلەپكى قەدەمدە رەتلەپ چىقىش ئۈچۈن ئاساسىي شارائىت ھازىرلاندى.

ئىككىنچى، مۇقاملارنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە رەتلىنىپ چىقىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئامانىساخان زور رول ئوينىغان. ئامانىساخان مۇقامنى رەتلەپ چىقىشقىمۇ بىۋاستە قاتناشتى. «ئىشرەت ئەنگىز» ناملىق مۇقامنى ئەنە شۇ ئامانىساخان دولان خەلق ناخشىلىرى ئاساسىدا ئىجات قىلدى. ئامانىساخان يەنە «ئەخلاقى جەمىلە»، «شۇرۇھولقۇلۇپ» دىگەنگە ئوخشاش ئېستېتىك ئەسەرلەرنىمۇ يېزىپ چىققان.

ئامانىساخان 1567 ـ يىلى تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتكەن. «تەۋارىخى مۇسقىييۇن» ناملىق كىتاپنىڭ مۇئەللىپى موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزى «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىش جەريانىنى بىرىنچى بولۇپ بايان قىلىپ بەرگەن ھەمدە ئامانىساخانغا ئائىت مەلۇماتلارنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى نۇرغۇن تارىخىي ھۆججەتلەردە «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامى ئابدۇرىشتنىڭ ئىجادىيىتى دەپ مەلۇمات بېرىلگەن.

مۇقاملارنى رەتلەشتىكى كونكرېت ئىشلارنى يۈسۈپ قىدىرخان قىلغان. يۈسۈپ قىدىرخان شۇ زاماندا مەشھۇر غەزەلچى، سازەندە، شائىر ئىدى. ئۇ ئابدۇرىشتنىڭ ئوردىسىغا توپلانغان بىر تۈركۈم مەشھۇر شەخسلەر ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن شەخس بولۇپ، ئوردىدا باش سازەندىلىك (باش مۇغەننى) مەسئۇلىيىتىنى ئۆتىگەن.

يۈسۈپ قىدىرخان مۇقاملارنى رەتلەپ چىقىش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىشتىن بۇرۇنلا، ئۇنىڭ «دىۋان قىدىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ھەممىگە تونۇلغان ئىدى. ئۇنىڭ مۇزىكا جەھەتتىكى ئىقتىدارى ئارىم ۋادىسى ئەتراپى، ئوتتۇرا ئاسىيا، ماۋەرائۇننەھر رايونى ھەتتا ئىران، ئافغانىستان، ئىراق قاتارلىق جايلاردىكى مۇزىكا ھەۋەسكارلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان. ئۇلار ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي يەركەنگە كېلىپ، يۈسۈپ قىدىرخاندىن بىلىم ئالغان.

ھازىرقى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ئىچىدە ئەينى يىللاردا يۈسۈپ قىدىرخان رەتلەپ چىققان مۇقاملارنىڭ زور كۆپچىلىك تېكىستلىرى ساقلىنىپ قالغانلىقتىن، بىز يۈسۈپ قىدىرخاننىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئىقتىدارىدىن ئانچە-مۇنچە خەۋەردار بولدۇق.

يۈسۈپ قىدىرخان شەخسەن ئۆزى «ۋىسال» مۇقامىنى رەتلەپ چىقىپ، شۇ ۋاقىتتا رەتلەنگەن مۇقاملارغا كىرگۈزگەن.

شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، يۈسۈپ قىدىرخان ناۋايىنى ناھايىتى ئىززەتلىگەن ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلغان. ناۋايى شېئىرلىرىنىڭ «ئون ئىككى مۇقام» تېكىستلىرىگە كۆپلەپ كىرگۈزۈلگەنلىكى يۈسۈپ قىدىرخاننىڭ مۇقاملارنى رەتلەشتە قالدۇرغان روشەن ئىزلىرى ئىدى.

(2) يەركەن خاندانلىقى مەزگىلىدىكى ئىككىنچى نادىر مەدىنىيەت

..............................................................

### مۇۋەپپەقىيىتى — ئۇيغۇر ئۇسۇللىرى

ئۇيغۇر ئۇسۇللىرىنىڭ يەنىمۇ تولۇقلىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىدا سىيا-
سى ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقى ئالدىنقى شەرت ئىدى. سىياسى ۋەزى-
يەتنىڭ مۇقىملىقى ئۇيغۇر خەلقىغە ئاز ئۇچرايدىغان ئارام ئېلىش
پۇرستىنى هازىرلاپ بەردى. ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى ۋە داۋال-
غۇشلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشىدىن ۋاقتىلىق بولسىمۇ
چىقىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەردىكى ئاسايىشلىق، شادىمانلىق
ئاشۇ دەۋردىكى ئۇسۇللارنىڭ ئاساسى كەيپىياتىغا ئايلاندى.

ئۇيغۇر ئۇسۇللىرىنىڭ شۇ مەزگىلدە تولۇقلىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى-
دىكى يەنە بىر ئالدىنقى شەرت مۇزىكا تۈرلىرىنىڭ ئىنتايىن مول
بولغانلىقىدىن ئىبارەت. بولۇپمۇ مۇقاملارنىڭ رەتلىنىپ چىقىشى
ئۇسۇللار ئۈچۈن يېڭى زېمىن هازىرلاپ بەردى. مۇقاملار بىر
بىرىگە باغلىنىشلىق بولغان بىر يۈرۈش مۇزىكا بولۇپ، ئۇنىڭدا
يالغۇز كىشىلىك ناخشا ۋە خورلار ئېيتىلغاندىن تاشقىرى، بىر قاتار-
گۈزەل ئۇسۇل مۇزىكىلىرىمۇ بار. ئۇلار هەر خىل ئۇسۇللارنىڭ
بىرىكىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. هەر بىر مۇقامنىڭ خاتىمە قىسمى بولغان
مەشرەپلەر بولسا يۇقۇرى دولقۇنغا كۆتىرىلگەن دولقۇنلۇق بىرلەشمە
ئۇسۇل بىلەن تۈگەيدۇ. بۇ شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، مۇقاملار
كۆپ خىللىق، چوڭقۇر مەزمۇنلۇق، نەپىس ئۇيغۇر ئۇسۇللىرىنىڭ
بىرلىگى بولۇپ هېساپلىنىدۇ.

بۇ مەزگىلدە شەكىللەنگەن زور كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر ئۇسۇل-
لىرىنىڭ ئاساسلىق كەيپىياتى شات-خوراملىق ۋە ئاسايىشلىقتىن
ئىبارەت ئىدى. شادىيانە، نازىركوم قاتارلىقلار مۇشۇ مەزگىلدىكى
ئۇيغۇر ئۇسۇللىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى. شادىيانە ئۇسۇلىنىڭ

ئامىدىنلا شاتلىق دىگەن مەنە چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇ بايىرام، مەرىكە ئورۇندا زىياپەتلەردە ئورۇنلىنىدىغان ئاساسلىق ئۇسۇل بولۇپ، پەيدىن-پەي سەھنىلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن. نەپىسلىكى جەھەتتىن ئېيتقاندا، شادىيانە ئۇسۇلنى شۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر ئۇسۇللىرىنىڭ جەۋھىرى دىيىشكە بولىدۇ.

نازىركوم ماھارەتتە بەسلىشىش خاراكتېرىنى ئالغان بىر خىل ئۇسۇل بولۇپ، تولۇپ تاشقان خوشاللىق كەيپىياتى بىلەن تولغان. ئۇنىڭدا ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەرت مىجەز-خۇلقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. نازىركوم مول ھوسۇلنى تەبرىكلەش، توي مۇراسىملىرىدا كىشلەرنىڭ شادىمان كەيپىياتىنى ئىزھار قىلىشتا ئەڭ باپ شەكىل بولۇپ قالغان. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىي ياقىسىدىكى رايوندا يەرلىك ئۇسۇلغا ئايلىنىپ، تا ھازىرغىچە ئوينىلىپ كەلمەكتە.

شۇ مەزگىلدىكى ئۇسۇللاردىن يەنە دولان ئۇسۇلىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز. دولان ئۇسۇلى دولان دەرياسى ۋادىسىدا تارقالغان. بۇ يەردىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ ئېگى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنانتتى، دولان دەرياسى ۋادىسىنىڭ نېرىسىدا دۇنياغا مەشھۇر تەكلىماكان قۇملۇغى بار. جۇغراپىيىلىك مۇھىت ۋە ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنىڭ تەسىرى بىلەن، بۇ بىر قىسىم ئۇيغۇر ئاھالىلىرى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى دەۋرىدىن قېپقالغان خۇسۇسىيەتلەرنى كۆپرەك ساقلاپ قالغان. ئۇلار ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ئۆز ئەجداتلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان زامانلاردا، ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىن كېلىپ بۇ يەرگە توپلانغانلىغى سۆزلەنگەن.

ئۆزىگە خاس ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شەكلى ئۇلاردا ئۆز-
گىچە ئۇسۇلىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. دولان ئۇسۇلى كوللىكتىپ
ئۇسۇل بولۇپ، تەگداش ئۇسۇل ھەركەتلىرى ئاساسلىق ئورۇندا
تۇرىدۇ. دولان ئۇسۇلىنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇنىڭدا
نۇرغۇن جەھەتلەردە ئوخشىتىش-تەقلىت قىلىش شەكىللىرى ساق-
لىنىپ قالغان. ۋاھالەنكى، بۇنداق ئوخشىتىش-تەقلىت قىلىش
شەكىللىرىنىڭ كۆپىنچىسى چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى ئەكس
ئەتتۈرگەن.

دولان ئۇسۇلى ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق يەرلىك ئالاھىدىلىكى
بىلەن يەركەن خاندانلىقى مەزگىلىدە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر
خىل ئۇسۇل بولۇپ شەكىللەندى. مۇقاملارنى رەتلەپ چىقىشقا ئالا-
ھىدە تۆھپە قوشقان ئامانىساخان ئەنە شۇ دولان دەرياسى ۋادىسىدا
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە ئەنە شۇنداق شارائىتتا ئۆزىنىڭ مۇزىكا
تالانتىنى يېتىشتۈرگەن ئىدى.

يەركەن خاندانلىقى مەزگىلى ئىشانلار مەزھىپىنىڭ تەسىر كۈچى
كۈندىن-كۈنگە ئېشىۋاتقان مەزگىل ئىدى. تەركى دۇنياچىلىقنى
تەشەببۇس قىلىدىغان ئىشانلار ناخشا-ئۇسۇل ماكانىغا ئۆزلەشكەندىن
كېيىن، ئەتراپتىكى مۇھىتقا ماسلىشىپ تۈرلۈك ئۇسۇللارنى دىنىي
تەرغىپ قىلىشتا ۋاستە قىلغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلىدى.
شۇڭا، ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ پىرىخونلۇق ھەركىتىدىن ئىشانلار
مەزھىپىگە خىزمەت قىلىدىغان بىر خىل خانىقا ئۇسۇلىنى ۋۇجۇتقا
كەلتۈرۈشكە كىرىشتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ پىرىخونلۇق ھەركىتى شامان دىنىدىكى روھانىلار-
نىڭ پىرىخونلۇق (تەگرىگە ئىلتىجا قىلىش) ھەركىتىنى ئۆزىگە

مەنبە قىلغان. بۇ تارىم ۋادىسىدىكى ئاھالىلەر ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كېتىش جەريانىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتلاقتىن يەرلىك ئاھالىلەرگە ئېلىپ كەلگەن بىر كاتتا سوغىسى ئىدى. پىرىخون روھانىلار بەزىدە "داخان"، بەزىدە "باقشى" ۋە بەزىدە "شامان" دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

ئاپپاق خوجا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، ئىشانلار ئاخىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇسۇلىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ئىشىنى ئورۇنلاپ بولدى. نەتىجىدە، داخانلارنىڭ پىرىخونلۇق ھەركىتى ئاساسىدا ئىشانلار مەزھىپىگىلا خاس دىنىي ئۇسۇل بارلىققا كەلدى. ئىشانلار "شامان" دىگەن ئاتالغۇنىڭ ئەرەبچە "ساما" دىگەن سۆز بىلەن تەلەپپۇزدا ئوخشاپراق كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، "ش"نى "س"غا ئۆزگەرتىپ، ئاخىرقى "ن"نى چىقىرىپ تاشلاپ، "شامان" دىگەن ئاتالغۇنى "ساما"غا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق، بۇ ئۇسۇلنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا پەيدا بولغان دىيىشتى.

### (3) يەركەن خاندانلىقى مەزگىلىدىكى ئۈچىنچى نادىر مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيىتى — «تارىخى رەشىدى»

يەركەن خاندانلىقى مەزگىلىدە، 14 ـ ئەسىردىن 16 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۈستىدە مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن بىر مۇھىم تارىخىي ئەسەر بارلىققا كەلدى. ئەسەر پۈتكەندىن كېيىن، مۇئەللىپ ئۇنى يەركەن خاندانلىقىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى خانى ئابدۇرىشىتقا بېغىشلاپ، ئۇنىڭغا «تارىخى رەشىدى» دەپ نام بەردى. ئەسەر نامىنىڭ ئۆزىدىنلا بۇ ئەسەرنىڭ ئابدۇرىشىتقا مەدھىيە ئوقۇلغان ئەسەر ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ.

دەرۋەقە، مۇشۇ تارىخ ئەسىرىنىڭ ۋەجىدىن، ئابدۇرىشىتنىڭ

ئوبرازى زور دەرىجىدە يۈكسەلگەن. شۇنداقتىمۇ، «تارىخى رەشىدى» يەنىلا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدە بىر قىممەتلىك ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«تارىخى رەشىدى»دە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تۇغلۇق تۆمۈردىن تارتىپ ئابدۇرەشىتقىچە بولغان ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت داۋامىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشلىرى خاتىرىلەنگەن. بولۇپمۇ يەركەن خاندانلىقى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار مۇئەللىپىنىڭ بىۋاستە سەرگۈزەشتىلىرىدىن ئېلىنغان، ئۇ ئېلىمىزنىڭ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دىن كېيىنكى تارىخىي ھۆججەتلىرىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. بۇ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرىنىڭ 14-ئەسىردىن 16-ئەسىرگىچە بولغان تارىخىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كىتاب مۇئەللىپى ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ياشىغانلىقى ئۈچۈن، «تارىخى رەشىدى»دە شۇ زامانلاردا بۇ رايوننىڭ تارىخ سەھنىسىدە بولۇپ ئۆتكەن مەشھۇر شەخس بابۇر ھەققىدىمۇ بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى يېزىپ قالدۇردى. 19-ئەسىردە ئەنگلىيىلىك دانىسون روز بۇ ئەسەرنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغاندىن كېيىن، دەرھال ئومۇمى يۈزلۈك دىققەت قوزغىدى. بۇ ئەسەر 16-ئەسىردىكى ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ تارىخىنى بولۇپمۇ ھىندىستاندىكى موغۇل خاندانلىقىنىڭ تارىخىنى مۇھاكىمە قىلىشتا ئاساسلىق ماتېرىيال مەنبەلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئېلىمىز ئەتراپىدىكى بىرمۇنچە دۆلەتلەر، مەسىلەن، ئافغانىستان، پاكىستان ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ئۆز دۆلەتلىرى

ۋە مىللەتلىرىنىڭ تارىخى توغرىسىدا تۈزگەن كىتاپلاردا «تارىخى رەشىدى» «بابۇرنامە» بىلەن باراۋەر ئورۇننى قويۇلۇپ، تەڭ تىلغا ئېلىنغان. «تارىخى رەشىدى»نىڭ مۇئەللىپى — مىرزا ھەيدەر كوراگان. مۇئەللىپنىڭ ئۆز سالاھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بۇ ئىسىم پەملىسى ئۇنىڭ ئومۇمى نەسەپنامىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. "ھەيدەر" مۇئەللىپنىڭ ئۆز ئىسمى، "مىرزا" چىڭگىزخان ئەۋلاتلىرى بىلەن يېقىن تۇققانچىلىقى بولغان غەيرى موڭغۇللارغا بېرىلىدىغان ئەڭ يۇقۇرى ئاقسۆڭەكلىك ئۇنۋانى، "كوراگان" بولسا خاننىڭ كۈيئوغلى دىگەنلىك بولۇپ، چاغاتاي ئەۋلاتلىرى بىلەن قۇدا-باجا بولغانلارغا بېرىلىدىغان خاس پەخرىي نام ئىدى.

مۇئەللىپنىڭ نەسەپنامىسى توغرىسىدا چۈشەنچە ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، بىرلا كىشىنىڭ نامىنى تىلغا ئالساق كۇپايە. مۇئەللىپنىڭ دادىسى قەشقەر سۇلتانى ئابابەكرىنىڭ ئاتا بۆلەك ئىنىسى مۇھەممەت ھۇسەيىن مىرزا ئىدى. مۇھەممەت ھۇسەيىن مىرزىنىڭ دادىسى بولسا ئابابەكرىنىڭ كىچىك دادىسى، شۇنداقلا ئۆگەي دادىسى ھەيدەر مۇھەممەت مىرزا ئىدى.

مۇھەممەت ھۇسەيىن مىرزا بالاغەتكە يەتكەندە ئاكا-ئۇكا ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك ئاداۋەت پەيدا بولغان. بۇ ئاداۋەتكە مۇنۇ ئىشلار سەۋەپ بولغان: بىرىنچى، ئابابەكرى مۇھەممەت ھۇسەيىن مىرزىنىڭ دادىسىنى قەشقەردىن قوغلىۋەتكەن. ئىككىنچى، ئابابەكرى تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىنى يىگانە ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغان، مۇھەممەت ھۇسەيىن ئۆز ئاكىسىدىن بىرەر نەپكە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، ئۆز جەمەتىنىڭ رەقىبى بولغان ئېلى بالىق تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن. شۇ چاغدا يۇنۇس ئېلى بالىقنىڭ خانى ئىدى. يۇنۇس ئۆزد-

نىڭ قىزىنى مۇھەممەت ھۈسەيىنگە ياتلىق قىلدى. ھەيدەر ئەنە شۇ ئايالدىن تۇغۇلغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مۇھەممەت ھۈسەيىن جەمەتى "مىرزا" دىگەن ئۇنۋاندىن باشقا، "كوراگان"لىق سالاھىيە- تىگىمۇ ئىگە بولدى. ھەيدەرنىڭ ئاپىسى يەركەن خاندانلىقىنىڭ خانى سەئىدنىڭ دادىسى ۋە ھىندىستاندا موغۇل خاندانلىقىنى قۇرغان بابۇرنىڭ ئاپىسى بىلەن بىر تۇققان ئىدى.

ھەيدەر سەككىز يېشىدا دادىسى بىلەن بىللە ھازىرقى ئافغانىس- تاننىڭ ھېرات قەلئەسىگە، تۆمۈرلەڭ ئەۋلادى بولغان سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ يېنىغا بېرىپ تۇرۇپ قالدۇ.

ھەيدەر ئاتا- بالىنىڭ ھېرات قەلئەسىدىكى ئەھۋالى توغرىسىدا «تارىخى ھەمىدى»دە مۇنداق مەلۇمات بېرىلىدۇ: "ھەيدەرنىڭ دادىسى: سۇلتاننىڭ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالدى، يېقىن ئارىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلتان ئاتا- بالا ئۇرۇش قىلىۋا- تىدۇ، دەپ مەيۇسلىنىپ، سەككىز ياشلىق ئوغلى مىرزا ھەيدەرنى شۇ يەردىكى مەشھۇر ئالىم مەۋلانە غازىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى ھەرەم- گە كەتتى."

ھەيدەرنىڭ دادىسى مەككىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزبېكلەرگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان ۋە ئۇرۇش مەيدانىدا شېھىت بولغان. مۇشۇ سەۋەپتىن، ھەيدەر كېيىنكى يىللاردا باشتىن- ئاخىر ئۆزبېكلەر بىلەن قارشىلىشىش تەرىپىدە تۇردى ھەمدە 12 — 13 يېشىدىن تارتىپلا بابۇرنىڭ ئۆزبېكلەرگە قارشى ھەممە ئۇرۇشلىرىغا قاتناشتى. 1510- يىلى بابۇر ئىران سافاۋى خاندانلىقى بىلەن بىرلىشىپ ماۋۇرائۇننەھر رايونىغا ھۇجۇم قىلغاندا، ھەيدەر بىر تارماق قوشۇننىڭ سەركەردىسى ئىدى. بابۇر ماۋۇرائۇننەھر رايونىدا مەغ-

لۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەيدەر ئۆزىنىڭ بىر نەۋرە تۇققىنى سەئىد بىلەن بىللە پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ چوڭ دادىسى ئابابەكرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۇرۇشىغا ئاتلاندى.

ھەيدەر يەركەن خاندانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. بۇ ھەقتە «تارىخى ئەمىنىيە»دە مۇنداق دەپ يېزىلغان: "سۇلتان سەئىدخان ۋاقتىلىرىدا، مىرزا ھەيدەر ياركەنتتە 20 يىل ئەمىرلەر ئەمىرى بولدى. تىبەت ۋە بولۇرغا لەشكەر تارتىپ بېرىپ، تولا شەھەرلەرنى پەتھى قىلىپ، (يەرلىك خەلقلەرنى) مۇسۇلمان مۆمىن قىلدى.... ئاقىۋەت كابۇلغا ــ بابۇر پادىشا خىزمىتىگە باردى. بابۇر پادىشانىڭ ئانىسى مىرزا ھەيدەر كوراگاننىڭ ئانىسى بىلەن بىر تۇققان بولۇپ، يۇنۇسخاننىڭ قىزى ئىدى. بابۇر پادىشانىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، مىرزا ھەيدەر كوراگان كەشمىرنى تۆت يىل سوردى. ئاخىرىدا سەلتەنەتنى تەرك قىلىپ، ئۆمرىنى ئىبادەتكە سەرپ ئەتتى. «تارىخى رەشىدى»نى كەشمىردە جەمئى قىلدىم دەپ زىكرى قىلىپدۇر."

ھەيدەرنىڭ نىمە ئۈچۈن تۇساتتىن يەركەن خاندانلىقىدىن ئايرىلىپ كەتكەنلىكىنى ھېچكىم ئىزاھلاپ ئۆتمىگەن. ئۇنىڭ يەركەن خاندانلىقىدىن ئايرىلغان ۋاقتى دەل ئابدۇرىشتنىڭ تەختكە چىققىنىغا ئانچە ئۇزاق بولمىغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. ئېھتىمال، ئابدۇرىشت خانلىق تەختكە چىققان چاغدا بولۇپ ئۆتكەن قانلىق ۋەقەدىن ھەيدەر بىزار بولغان بولسا كېرەك. «تارىخى رەشىدى» كەشمىردە يېزىلغان. شۇ چاغدا مۇئەللىپنىڭ كەشمىردە تۇرۇپ قالغىنىغا ئون يىلدىن ئاشقان ئىدى.

مىرزا ھەيدەر كوراگان كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارلىق كىشى ئىدى.

ئۇ ھەربى، مەمۇرى ئەمەلدار، شۇنداقلا شائىر ئىدى، ئەرەبچە ۋە پارسچىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇنىڭ پارسچە سەۋىيىسى «تارىخى رەشىدى»دەك بۈيۈك تارىخىي ئەسەرنى پارسچە يېزىپ چىقىش دەرىجىسىگە يەتكەن.

ئەھمىيىتى جەھەتتىن «تارىخى رەشىدى» بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان يەنە بىر ئەسەر 1687 ـ يىللىرى يېزىلغان «تارىخى رەشىدى» (زەيلى) بولۇپ ھىساپلىنىدۇ*.

بۇ ئەسەر ئۈستىدە توختىلىشتىن ئىلگىرى، مۇشۇ تېمىغا مۇناسىۋەتسىز بىر ئابزاس سۆزنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. ئېلىمىزنىڭ 24 سۇلالىسىنىڭ تارىخى بىلەن تونۇشلۇق كىشىلەر شۇنىڭغا دىققەت قىلغان بولسا كېرەك، «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»دا تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرى توغرىسىدا مەلۇماتلار ناھايىتى ئاز. بار بولغاندىمۇ پەقەت قۇمۇل، تۇرپان، بېشبالىق قاتارلىق جايلار توغرىسىدىكى مەلۇماتلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان. تۇرپاننىڭ غەربىدىكى پايانسىز كەتكەن تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي قىرغاق رايونلىرى توغرىسىدا بولسا، بەزى ساياھەتچىلەرنىڭ ساياھەت خاتىرىلىرىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، ھۆكۈمەت تەرەپ مەلۇماتلىرىنى ناھايىتى ئاز ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ ھال تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرىنىڭ 15 ـ ئەسىردىن 17 ـ ئەسىرگىچە

---

* «تارىخى رەشىدى» (زەيلى) تېپىلغاندا، باش ـ ئايىغى تولۇق ئەمەس ئىدى. ئەسەرنىڭ ئەسلى نامى نامەلۇم، ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان ۋەقەلەرگە ئاساسەن ئۇنىڭغا «تارىخى رەشىدى» (زەيلى) دەپ نام بېرىلگەن.

بولغان تارىخنى تەتقىق قىلىشقا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ، بۇ ئىشقا ئىشتىياق باغلىغانلارنى ئامالسىز قالدۇرۇپ قويغان ئىدى. بۇ ئەھۋالنى چۈشەنگەندىلا، ئاندىن «تارىخى رەشىدى» (زەيلى) ناملىق ئەسەرنىڭ ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ تولۇق ھېس قىلالايمىز.

«تارىخى رەشىدى» (زەيلى)نىڭ مۇئەللىپى — مىرزا شاھ مەخمۇت جوراس. بۇ ئەسەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ھەققىدە مۇئەللىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: "مېنىڭ كۆڭلۈمگە شۇنداق پىكىر كەلدىكى، مىرزا ھەيدەر كوراگان ئابدۇرىشىتخاننىڭ نامىغا بېغىشلاپ «تارىخى رەشىدى» دىگەن تارىخنى يېزىپتۇ ۋە ئۇنىڭدا تۇغلۇق تۆمۈرخان دەۋرىدىن باشلاپ ئابدۇرىشىتخان زامانىسىغىچە بولغان دەۋرلەر، پادىشا ــ سۇلتانلار ھەمدە ئۇلارنىڭ ۋەقەلىرى بايان قىلىنىپتۇ. ئابدۇرىشىتخاندىن كېيىن، ھەزرىتى مۇھەممەت ئىمىن باھادۇرخان دەۋرىگىچە ھېچ كىشى تارىخ يازماپتۇ. گەرچە مېنىڭ تارىخ يېزىش قابىلىيىتىم بولمىسىمۇ، ئىلمىي ۋە ئەقلىي كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە تارىخ يازدىم." مۇئەللىپ بىزگە بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى جەھەتتە ئابدۇرىشىتتىن باھادۇرغىچە بولغان مەزگىلدىكى ۋەقەلەرنىڭ بايان قىلىنغانلىقىنى ئېنىق ئىزاھلاپ كۆرسىتىپ بەردى.

باھادۇر ئاپپاق خوجا يەركەن خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن خانلىققا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇلغان قورچاق خان ئىدى.

«تارىخى رەشىدى» (زەيلى) توغرۇلۇق بىز شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتىمىزكى، مۇئەللىپ بۇ ئەسەرنىڭ مۇقەددىمىسىنى «تارىخى رەشىدى»نىڭ خاتىمىسىدىن باشلاپ داۋاملاشتۇرغانلىقتىن، تۇغلۇق تۆمۈردىن تارتىپ ئاپپاق خوجا يەركەن خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ

تاشلىغانغا قەدەر بولغان مەزگىل توغرىسىدا ئەھمىيەتلىك مەلۇمات-
لارنى بەردى.

تېخىمۇ قىممەتلىك يېرى شۇكى، «تارىخى رەشىدى» (زەيلى)گە مىرزا ھەيدەر كوراگان پارس تىلىدا يازغان «تارىخى رەشىدى»دىكى نۇرغۇن ۋەقەلەر كۆچۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، «تارىخى رەشىدى» بىلەن تونۇشۇپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولمىغان كىشىلەر «زەيلى»دە تەمىن ئېتىلگەن ماتېرىياللار بىلەن بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

«تارىخى رەشىدى» (زەيلى)نىڭ يەنە بىر مۇھىم ئەھمىيىتى ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغانلىقىدۇر.

## پايدىلىنىلغان كىتابلار

① «تارىخى رەشىدى» (زەيلى)، «تارىخى ئەمنىيە»، «تارىخى ھەمىدى»، «بابۇرنامە» قاتارلىق ئەسەرلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، سەئىدنىڭ نەسەبنامىسى مۇنداق:




② «دۇنيانىڭ ئومۇمى تارىخى»، 4-توم، 25-باپ؛
«ئافغانىستان تارىخى»، 19-باپ؛
ئا. خ. دانى ۋە ئى. خ. قۇرەيش رىياسەتچىلىكىدە تۈزۈلگەن «قىسقىچە پاكىستان تارىخى»، 3-توم، 1- ۋە 2-باپلار.

③ رىنى گروس: «ھىندىستان مەدەنىيىتى»، 3 ـ باپ.
④ «تارىخى رەشىدى» (زەيلى)، 66 ـ بەت.
⑤ «ملك سۇلالىسى تارىخى»، 329 ـ جىلد.
⑥ «چىڭگىزا قەبىلىلىرى ھەققىدە مەلۇمات. يوتىكان».
⑦ «جالالىدىن كېتكى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەققىدە قىسسە».
⑧ «تارىخى رەشىدى» (زەيلى).
⑨ «قىسقىچە پاكىستان تارىخى»، 10 ـ باپ؛
«تارىخى ئەمنىيە»، 18 ـ ، 19 ـ بەتلەر.
⑩ موللا مۇھەممەت ئىۋەز: «مەخدۇم ئەزەم ۋە خوجا ئىسھاق ۋەلى تەزكىرىسى».
⑪ مۇھەممەت سادىق قەشقىرى: «تەزكىرەئى خوجىگان».
«تارىخى ئەمنىيە».
⑫ ⑬ «تارىخى رەشىدى» (زەيلى). «قىسقىچە شىنجاڭ تارىخى»؛
⑭ چى يۈنشى: «بېقىندى قەبىلىلەر ھەققىدە يىغىندى مەلۇماتلار»، 5 ـ جىلد.
⑮ «تارىخى ھەمىدى»؛
⑯ «تارىخى رەشىدى» (زەيلى)، 63 ـ بەت.
⑰ «تارىخى ئەمنىيە»، 36 ـ ، 37 ـ بەتلەر.
⑱ «خوجا مۇھەممەت شېرىپ ۋە ئابدۇرىشىتخان».
⑲ جاڭ شىڭلاڭ: «جۇڭگو ـ غەرپ قاتناش ئىشلىرىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى»، 1 ـ كىتاپ، 421 ـ بەت.
⑳ «تارىخى ھەمىدى»؛
«تارىخى ئەمنىيە».

# ئون ئىككىنچى باپ
# ئۇيغۇرلار رايونىدىكى بۆلۈنۈش

## بىرىنچى بۆلۈم ئاق تاغلىقلار ۋە قارا تاغلىقلار

يەركەن خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان ئاپپاق خوجا چاغاتاي ئەۋلادىدىنمۇ ئەمەس، ئۇيغۇر ۋاڭ-بەگزادىلىرىدىنمۇ ئەمەس، بەلكى دىنني كەسىپ قىلىۋالغان روھانى ئىدى. ئاپپاق خوجىنىڭ رەسمىي سالاھىيىتى تيانشاننىڭ جەنۇبىدا تارقالغان ئىشانلار مەزھىپىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى ئىدى.

ئاپپاق خوجىدىن باشلاپ دىنىي ھوقۇق تيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدا سىياسى ھاكىمىيەتنىڭ ئورنىنى باستى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇر مىللىتى تارىخىدا يەنە بىر يېڭى باسقۇچ باشلاندى، بىز بۇ ۋەقەنىڭ چوڭقۇر تەسىرىنى تولۇق مۆلچەرلىشىمىز لازىم. كېيىنكى بىر ئەسىر ئىچىدە تيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىنىڭ سىياسى ۋەزىيىتىنى ئەنە شۇ ئىشانلار مەزھىپى تىزگىنلەپ تۇردى. ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى توقۇنۇش ۋە كۈرەشلەرمۇ دەل شۇ ئىشانلار مەزھەپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ۋە كۈرەشلەرنىڭ پەردىسى ئاستىدا داۋاملىشىپ تۇردى.

ئىشانلارنىڭ بۇ قارىمۇ-قارشى مەزھەپلىرى "ئىشقىيە" ۋە "ئىس-

ھاقىيە” دەپ ئاتالغان. 18-ئەسىردىن كېيىن بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ ئىسىملىرىدا بىرلا ۋاقىتتا ئۆزگىرىش بولۇپ، “ئىشقىيە مەزھىپى” ئاق تاغلىقلار دەپ، “ئىسھاقىيە مەزھىپى” قارا تاغلىقلار دەپ ئاتىلىدىغان بولدى*.

19-ئەسىردىن كېيىن، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدا يۈز بەرگەن بىر قاتار ۋەقەلەر ئاساسىي جەھەتتىن يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى گۇرۇھ بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

بۇ بۆلۈمدە ئىككى مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمىز، بىرىنچى مەسىلە، يەركەن خاندانلىقى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ ئىشانلار مەزھەپلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىغا داۋاملىق تەكلىپ قىلىپ كېلىشىنىڭ سەۋەپ ۋە جەريانلىرى؛ ئىككىنچى مەسىلە، ئىشانلار مەزھىپىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدا يېڭى گۇرۇھ بولۇپ شەكىللىنىش ۋە ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش جەريانلىرى.

* چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدىكى خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە بۇ ئىككى مەزھەپ ئاق تۇماقلىقلار ۋە قارا تۇماقلىقلار دېگەن مەنىدە تەرجىمە قىلىنغان. يېقىنقى يىللاردا مەن جەنۇبىي شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغىنىمدا: “شۇ چاغدا ئاپپاق خوجىنىڭ مۇرىتلىرى باشلىرىغا ئاق تەقى، ئىسھاق ۋەلىنىڭ مۇرىتلىرى قارا تەقى كىيىۋالغان” دېگەن گەپنى كۆپ ئاڭلىدىم. مۇشۇنىڭغا قارىغاندا، چىڭ سۇلالىسى زامانىدىكى تارىخىي ھۆججەتلەردىكى بۇ ئاتالغۇلارنىڭ “ئاق تۇماقلىقلار”، “قارا تۇماقلىقلار” دەپ تەرجىمە قىلىنىشى خېلى توغرا بولغان.

## 1. يەركەن خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تىياتشانىنىڭ جەنۇبىغا ئىشانلارنىڭ كاتتىۋېشىنى كەلتۈرۈشىدىكى سەۋەپ

ئىشانلار مەزھىپى كىتاپخانىلارغا پۈتۈنلەي ناتونۇش ئەمەس. كىتاۋىمىزنىڭ توققۇزىنچى بابىدا ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغان ئىشانلار مەزھىپى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئىشانلار مەزھىپى ئىسلام دىنىدىكى شىئە مەزھىپىدىن تۆرەلگەن، ئىراندا سافاۋى خاندانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئىراندىكى ئىشانلار مەزھىپىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىلى ئىدى. ئىشانلار مەزھىپىنى بىرىنچى بولۇپ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئېلىپ كەلگەن كىشى جالالىددىن كېتكى ئىدى. بۇ تۇغلۇق تۆمۈر ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدۇ.

تەخمىنەن 17 ـ ئەسىردە يېزىلغان «جالالىددىن كېتكى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەققىدە قىسسە» ناملىق كىتاپتا ئىشانلار مەزھىپىنى بىرىنچى بولۇپ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقاتقان جالالىددىن توغرىسىدا مۇنداق مەلۇماتلار بېرىلىدۇ: "جالالىددىن مەشھۇر ئالىم ئەبۇھابىس كىبىرنىڭ ئوغلى ئىدى." ئاندىن بۇ كىتاپنىڭ مۇئەللىپى جالالىددىننى ئىسلام دىنىنى ياراتقۇچى مۇھەممەتكە باغلاپ: "ئەبۇھابىس كىبىر بۇخارى مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ نەۋرىسى ئىمام ئەلى مۇسا رىزا-نىڭ ئۈچىنچى نەۋرىسى ئىدى" دەپ يازىدۇ.

كېيىنكى يىللاردا جالالىددىن ئاقسۇنىڭ ئايكۆل دىگەن جايىدا تۇرۇپ ئىشانلىقنى تارقىتىشقا كىرىشكەن. جالالىددىننىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئاقسۇنىڭ ئايكۆل رايونىدا ئىشانلىقنى تارقىتىش ئەھۋالى توغرىسىدا شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇ ئۇنچىۋالا كۆرۈنەر-لىك نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن. پەقەت تۇغلۇق تۆمۈرخان سىياسى

ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغاندىن كېيىنلا، ئاندىن جالالىدىن پۇرسەتكە ئېرىشكەن. ئۇ تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا شاھىت بولغان. كېيىن تۇغلۇق تۆمۈر ئىلى رايونىدا زور تۈركۈمدىكى موڭغۇللارنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلدۇرغاندا، جالالىدىن ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئەرشىدىن تۇغلۇق تۆمۈرگە ياردەملىشىپ، ئىسلام دىنىنى موڭغۇللار ئارىسىدا ئومۇملاشتۇرۇش ئىشىنى ئورۇنلىغان. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن كۇچار، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى قازىلىق ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەرگە نەسەپ بولۇپ قالغان. كۇچاردا ئەرشىدىن نامىغا خانىقا سېلىنغان. بۇنىڭ بىلەن ئىشانلار مەزھىپى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدا رەسمىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان سورۇنغا ئىگە بولغان.

بېشبالىق ۋە ئېل بالىق ھاكىمىيەتلىرى مەزگىلىدە، ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەرنىڭ يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان رايونلاردىكى دىنىي رەھبەرلىك ئورنىغا ھېچقانداق شەك چۈشمىگەن.

15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئەرشىدىن جەمەتى ئۆزدىنىڭ بولاجى جەمەتى بىلەن بولغان چىڭ قەدىناسلىق مۇناسىۋىتىگە سۆيۈنۈپ، ھەتتا قەشقەر سۇلتانى ئابابەكرى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي ياقىسىدىكى رايونىدا ئۆز تەسىر كۈچىنى كېڭەيتكەن.

ئەرشىدىن بېشبالىق ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئوبۇل پەتتاھ دادىسىنىڭ دىنىي مەنسىۋىگە ۋارىسلىق قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن پەخرىدىن ئۆز دادىسى ئوبۇل پەتتاھنىڭ دىنىي مەنسىۋىگە ۋارىسلىق قىلدى. بۇ دەل ئابابەكرى قەشقەردە ئۆزىنى سۇلتان دەپ جاكالىغان مەزگىل ئىدى.

«جالالىدىن كېتكى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەققىدە قىسسە» ناملىق كىتاپتا بايان قىلىنغان مۇنۇ ۋەقە ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەرنىڭ شۇ ۋاقىتتا ئابابەكرىگە قارشى چىققانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، بۇ كىتاپتا مۇنداق دېيىلىدۇ: "پەخرىددىن خوجا ئەخمەت خانىنى... يەركەندەك شەھەرنى بىر قارانچۇق ئاددى چاكىرىڭىزغا تاشلاپ بېرىپ قېچىپ كەپسىز، دەپ قاتتىق ئەيىپلىدى."

بۇ مەزگىلدە، ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەرنىڭ تىسيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى ئىجتىمائى تۇرمۇشتا تۇتقان ئورنىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، بۇ كىتاپتىن يەنە تۆۋەندىكىلەرنى نەقىل كەلتۈرىمىز: "... مىرزا ئابابەكرى ئۆزىنىڭ ئەبەيدۇللا ئەھرارىنىڭ ئەمرى بىلەن كەلگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا مۇرىت بولغانلىقىنى ئېيتتى. يەركەن خەلقى... بۇ ئەھرارىنىڭ زىمىنى ئەمەس، خوجا مۇھەممەت پەخرىددىننىڭ زىمىنى... پەخرىددىن خوجامىنىڭ بۇيرۇغى بىلەن نەزەر مىرزىنىڭ يەركەننى شەھەر قىلىپ، ئاۋات قىلغانلىقىنى بىلىمىز، دىدى. ئابابەكرى مىرزا مېنىڭ ئەخمەتخان بىلەن دۈشمەنلىكىم يوق ئىدى. نەزەر مىرزىغا قارشى كېلىپ ئىدىم. تالاشقان ئورنۇمۇ نەزەر مىرزىنىڭ ئورنى ئىدى، ھازىر ئەخمەتخانغا كىشى ئەۋەتىسەك، دىدى." ئېھتىمال، بۇ بىر ئابزاس مەلۇماتتا بۇ دىنىي جەمەتنىڭ كۈچى ھەددىدىن زىيادە مۇبالىغە قىلىپ تەسۋىرلەنگەن بولىشى كېرەك. ئەمما، ئابابەكرىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەمىلىي ئەھۋالىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەكلا، ئابابەكرىنىڭ دىنىي كۈچلەرنى كۆرۈنۈش ئۈچۈن بولسىمۇ ئۆزىگە تارتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

كېيىنكى ۋەقەلەر شۇنى دەلىللىدىكى، ئەرشىدىن جەمەتى باشچىلىقىدىكى ئىشانلار مەزھىپى تامامەن ئابابەكرىگە ياردەمدە بولدى.

ئابابەكرى 3000 كىشىنىڭ پۈتىنى تىزىدىن كېسىپ تاشلاشتەك شۇملۇقنى ئەنە شۇ ئىشانلارنىڭ مەدەت بېرىشى ۋە كۈشكۈرتۈشى بىلەن قىلدى. سەئىد يەركەن خاندانلىقىنى قۇرغان ۋاقىتلاردا، ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەرنىڭ تەسىرى ئەسلى دائىرىسىدىن ھالقىپ، تارىم ۋادىسىنىڭ پۈتكۈل جەنۇبىي ياقىسىغا تارقالغان ئىدى.

بۇ يەردە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، يەركەن خاندانلىقى بەرپا بولۇش ھارپىسىغىچە تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىشانلار مەزھىپى ئۆز بىرلىكىنى ساقلاپ قالالىغان، ئەرشىدىن جەمەتى بۇ مەزھەپنىڭ بىردىن-بىر نەسەپ رەھبىرى ئىدى.

## 2. ئىشانلارنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈشىنىڭ سەۋەبى ۋە جەريانى

سەئىد يەركەن خاندانلىقىنى قۇرۇش ۋاقتىدا، ئابابەكرىدەك بىۋاستە رەقىپلەرگە دۇچكېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەرنىڭمۇ قارشىلىقىغا دۇچكەلگەن. مۇشۇ سەۋەپتىن، سەئىد خان بولغاندىن كېيىن، نائىلاج ئۆزى بىۋاستە ئاقسۇغا بېرىپ، ئەخمەتكە خانلىقنى ئۆتۈنۈپ بېرىشنى ئىزھار قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ياشىنىپ سەكراتقا چۈشۈپ قالغان ئەخمەت بۇ تەكلىپكە قوشۇلمىغانلىقتىن، بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشمىغان.

سەئىدنىڭ تېز ئارىدا ئېرىشكەن غايەت زور ھەربىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇنىڭ ئورنىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتكەن ئىدى. بۇ ئۆزگىرىشنىڭ يەنە بىر تەرىپى شۇ بولدىكى، يەركەن خاندانلىقى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى بىلەن ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى

مۇناسىۋەت ئىناقسىزلىقتىن قارشىلىشىش باسقۇچىغا يۈزلەندى. بىراق، شۇ چاغلاردا بۇ توقۇنۇشلارنى بىرمۇنچە يۈزەكى ھادىسىلەر يوشۇرۇۋالغان ئىدى.

يەركەن خاندانلىقى بىلەن ئەرشىدىن جەمەتى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەپلەر قويۇق سىياسى تۈس ئالغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم نۇقتا شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، يەركەن خاندانلىقى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايوننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن بۇرۇن، ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەر بىر قاتار مەسىلىلەردە تۇرپان تەرەپتىكىلەرگە خەيرىخاھلىق قىلغان ۋە ئۇلارنى قوللىغان. چۈنكى ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەرنىڭ تۇرپان تەرەپتىكىلەر بىلەن قويۇق ۋە چوڭقۇر مۇناسىۋىتى بار ئىدى.

سىياسى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان بۇ يىرىكلىك تاكى ئابدۇرىشت زامانىغىچە داۋام قىلدى. تۇراقلىق سىياسى مۇھىت ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ۋە راۋاج-لىنىشىغا زۆرۈر ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىش بىلەن بىللە، چاتاقچى ھوقۇق مەستانىلىرىنىڭ ۋەقە تۇغدۇرۇشىغىمۇ شارائىت ھازىرلىغان، شۇڭا، ئابدۇرىشتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاتىسىدىن قالغان ھاكىمىيەتنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، ئىچكى-تاشقى رەقىپلىرىگە قارشى قوراللىق كۈرەش قىلىشتىن تاشقىرى، ئىككى ئەسىردىن بۇيان تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدا دىنىي ساھەنى تىزگىنلەپ تۇرغان ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەرنىڭ بېسىمىدىن قۇتۇلۇشىنىڭ چارىسىنى قىلىشىغىمۇ توغرا كېلەتتى.

ئابدۇرىشتنىڭ بۇ جەھەتتە قوللانغان ئۇسۇلى زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرۇش ئۇسۇلىغا ئوخشاپراق كېتىدۇ. ئابدۇرىشت كانجۇت

سەھرالىرىدا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ئىشان خوجا مۇھەممەت شېرىپنى يەركەنگە تەكلىپ قىلىپ كەلدى ھەمدە ئۆزى باشلامچى بولۇپ ئۇنىڭغا مۇرىت بولدى. ئابدۇرىشىت يەنە بۈگۈنكى قاغىلىق بازىرىنى شېرىپقا ئاجرىتىپ بېرىپ، بۇ يەردە تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي ياقىسى بويىچە تۇنجى خانىقا سالدۇردى.

ئابدۇرىشىت شېرىپنىڭ يەركەنگە كەلگەنلىكىنى قەستەن ئالاھىدە تەرغىپ قىلدى. «تەزكىرە زىبىدىتۇل ئارىپىن ۋەقىد ۋە تۇسالكىن» (ئەۋلىيالارنىڭ كاتتىلىرى ۋە رەھبەرلەر) ناملىق قول يازما تارىخىي ئەسەردە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”ئابدۇرىشىت خان مۇھەممەت شېرىپ خوجىغا ئون كۈن زىيارەت بېرىپ ھۆرمەتلىدى. خوجىنىڭ ئابرويى ھەممە كىشىگە ئايان بولدى. مۇھەممەت شېرىپ خوجا ئابدۇرىشىت خانغا مەلۇم قىلىپ ساتۇق بۇغراخان مازىرىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ قەشقەرگە كىرگەندە، قەشقەرنىڭ ئەرباپلىرى ۋە ھەممە كىشى بۇ خوجىغا ئابدۇرىشىت خاننىڭ مۇرىت بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، بەيئەت قىلىپ مۇرىت بولدى، خوجا مۇھەممەت شېرىپ پىر يەتتە يىل ئاتۇشتىكى مەشئەتتە (ساتۇق بۇغراخان مازىرىدا) ئىبادەت قىلىپ شەيخ بولدى. ئابدۇرىشىت خان كېلىپ زىيارەت قىلىپ تۇردى“①. بۇ مەلۇماتنىڭ كېيىنكى قىسمىدىن قارىغاندا، شېرىپ بۇنىڭدىن ئارتۇق كۆرۈنەرلىك ئىش قىلالمىغان. لېكىن تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىشانلار مەزھىپىنىڭ پارچىلىنىشقا باشلىغانلىقى ئېنىق ئىدى. قەشقەر، يەركەن قاتارلىق جايلاردا ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەر باشچىلىقىدىكى ئىشانلار مەزھىپىدىن باشقا، شېرىپ باشچىلىقىدىكى يەنە بىر تۈركۈم ئىشانلار مەيدانغا چىقتى، بۇلارنىڭ قاتارىدا ھەتتا

يەركەن خاندانلىغىنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان ئابدۇرىشتمۇ بار ئىدى. ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەرنىڭ تىيانشانىنىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى نەسەپلىك ئورنى شۇنىڭ بىلەن تۈنجى قېتىم ئۇچۇقدالدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئابدۇرىشت خان شېرىپىنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق يەركەن خاندانلىغى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ دىنىي مەزھەپلەر مەسىلىسىدە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلىدى. بىراق، ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەرنىڭ يىلتىزى ئىنتايىن چوڭقۇر بولغانلىقتىن، ئاقسۇنىڭ شەرقىدىكى كەڭ رايونلار يەنىلا بۇ جەمەتنىڭ چاڭگىلىدا ئىدى.

شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ئۆزۈل-كېسىل بىرلىككە كەلمىگىچە، يەركەن خاندانلىغى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى بىلەن ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىشىش مۇقەررەر ھالدا كىمنىڭ يېڭىشى، كىمنىڭ يېڭىلىشى ئېنىق ئايرىلغانغا قەدەر داۋاملىشاتتى. ئابدۇرىشت خان زامانىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇكېرەم زامانىغا كەلگەندە، بۇنداق قارشىلىشىشتا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلدى. يەركەن خاندانلىغى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى ئاخىرى ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەرنىڭ تەسىر كۈچىنى يەكلىيەلەيدىغان كۈچنى تاپتى. بۇ كۈچ مەزكۇر باپتا مۇھىم ئورۇن تۇتقان ئىسھاق ۋەلى باشچىلىغىدىكى كۈچ ئىدى.

ئىسھاق ۋەلى ياش ۋاقتىدىلا ئىشانلار قاتارىغا قوشۇلغان، قورامىغا يەتكەندىن كېيىن ئافغانىستان، ئىران قاتارلىق جايلاردا سەرسان بولۇپ يۈرۈپ ئىشانلىقنى تارقىتىش بىلەن مەشغۇل بولغان.

ئىسھاق ۋەلى ئۆزىنى ئىسلام دىنىنى بەرپا قىلغۇچى مۇھەممەتنىڭ 23 ـ ئەۋلات نەۋرىسى دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭ نەسەپنامىسى توغرىسىدىكى گەپلىرىنىڭ پاكىتسىز قانچىلىك ئۇيغۇن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىنى مۇھەممەتكە باغلاپ قويغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ نۇقتىنىڭ ئۆزى ئىسھاق ۋەلىنى مۇقەددەس نۇر چەمبىرىكى بىلەن بېزەپ، ئۇنى ئىشانلار ئارىسىدا يۇكسەك ئابرويغا ئىگە قىلدى. مانا بۇ يەركەن خاندانلىقى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ ئىسھاق ۋەلىنى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىغا تەكلىپ قىلىپ كېلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەپ ئىدى.

بۇ ۋاقىت سەمەرقەنتتە يەرلىك ھۆكۈمدار ئابدۇللا ئىسھاق ۋەلىنى كەمسىتىۋاتقان ۋە ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىۋاتقان مەزگىل ئىدى. شۇڭا ئىسھاق ۋەلى بۇ تەكلىپنى دەرھال ماقۇل كۆرۈپ، يەركەنگە كەلدى. ئەمما تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ ۋاقىت غەيرى ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەرنىڭ بىرەر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرالايدىغان ۋاقتى ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئىسھاق ۋەلى قەشقەر، يەركەن، ئاقسۇ، خوتەن قاتارلىق جايلاردا 12 يىل تۇرۇپ ھېچقانداق ئىش تەۋرىتەلمەي، ئاخىر سەمەرقەنتكە قايتىپ كەتتى.

12 يىلدىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ماۋەرائۇننەھر رايونىنىڭ سىياسى ۋەزىيىتىدە مۇھىم ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، سەمەرقەنتنىڭ سابىق ھۆكۈمدارى ئابدۇللا ماۋەرائۇننەھر رايونىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ بولغان ئىدى. دەل مۇشۇ چاغدا، ئىسھاق ۋەلىنىڭ شەخسى تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ۋەقە يۈز بەردى. ماۋەرائۇننەھر رايونىنىڭ ھۆكۈمرانى ئابدۇللا قەشقەرغە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ

تۇرغان ئىدى.

بۇ ئىسھاق ۋەلىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدا ئامەتكە ئېرىششىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى. ئىسھاق ۋەلىنىڭ پائالىيەتلىرى يېزىلغان مەلۇماتلاردا بۇ ۋەقەنىڭ كونكرېت جەريانىغا بىردەكلا بىر قەۋەت خۇراپىي تۈس بېرىلىپ، قانداقتۇر ئىسھاق ۋەلى يەركەن خاندانلىقى ھۆكۈمرانىنىڭ چۈشىدە ئۇنىڭغا پات ئارىدا بولىدىغان ئۇرۇشتىن بىشارەت بەرگەن دەپ ئېيتىلغان. بۇلاردىكى خۇراپىيلىق پەردىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئەسلى ۋەقەگە كەلسەك، ئىسھاق ۋەلى يەركەن خاندانلىقىغا قارىتا پىلانلىنىۋاتقان بۇ ھەربى ھەركەتنى يەركەن تەرەپكە مەخپىي ئۇقتۇرۇپ قويىدى. نەتىجىدە، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغان سەمەرقەنت قوشۇنلىرى ھازىرلىنىپ تۇرغان يەركەن خاندانلىقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، مەغلۇبىيەت بىلەن ماۋەرائۇننەھر رايونىغا چېكىندى②.

ئىسھاق ۋەلىنىڭ بۇ ھەربى ئاخباراتنى يەتكۈزگەن تۆھپىسىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن، قەشقەر ئۇنىڭ ئىشانلىقنى تارقىتىشىغا ئاجرىتىپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىسھاق ۋەلىگە يېڭىسار، يەركەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى ئىشانلارنىڭ سەركەردىلىرىنى تەيىنلەش ھوقۇقى بېرىلدى.

كېيىنكى كۈنلەردە ئىسھاق ۋەلى ئاقسۇ رايونىدا ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەرنىڭ ۋەكىلى ئابدۇرېھمىنى زىيارەت قىلدى. «جالالىدىن كېتكى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەققىدە قىسسە» ناملىق كىتاپتا ئىسھاق ۋەلىنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېيىلىدۇ:"ئىسھاق ۋەلى ئاقسۇغا كېلىپ، ئايكۆلدە مەۋلانە جالالىدىننىڭ مازىرىنى زىيارەت قىلىپ، چۈشىدە جالالىدىندىن بىشارەت

تاپتى. جالالىدىن: ئەي خوجا ئىسھاق، ئاقسۇ، كۇچار، چالىش، تۇرپاننىڭ خوجىلىغىنى سىزگە بەردىم. بىزنىڭ ئەۋلاتلىرىمىز ئىشان-لىقنى تاشلاپ، ئەمەل تۇتۇشنى، بەگلىكنى ئارزۇ قىلىدى. بەگلىك ئۇلارغا بولسۇن، دېدى. بۇنىڭ بىلەن خوجا ئىسھاق ئاقسۇدىكى مازارلارنى زىيارەت قىلىپ، جالالىدىننىڭ نەۋرىسى قازى ئابدۇرې-ھىمنى يوقلىدى... قازى ئابدۇرېھىم ئىسھاققا بەيئەت قىلىپ، خەلقنى ھەم مۇرىت بولۇشقا ئۈندىدى. خەلق قوبۇل قىلمىغاندا، قازى ئابدۇرېھىم ئىشانلىق يولىنى قازىلىق — بەگلىك بىلەن ئالماشتۇرۇپ، بۇ ئىشنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالماس بولدۇق، بوۋام جالالىدىننىڭ تەلۋى شۇنداق، ئەمدى خوجىلىق تەرىقىتىگە پىرلىق بىزدىن بۇ ئەزىزگە قالدى، دەپ ئۆزى باشلاپ خەلقنى بۇ خوجا ئىسھاققا بەيئەت قىلدۇردى.“

بۇ نەقىلنىڭ ھەقىقى مەزمۇنىنى ئەستايىدىل ئويلاپ باقساق، شۇ نەرسە ئايان بولىدۇكى، بۇ، ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەرنىڭ تىيانشان-نىڭ جەنۇبىي رايوننىڭ دىنىي ساھەسىدىن چېكىنىپ چىقىشىدىكى ئاخىرقى بەلگە ئىدى. ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەر ئورۇنلىغان ئاخىرقى تارىخىي بۇرۇچ شۇنىڭدىن ئىبارەت بولدىكى، ئۇنىڭ بېسىمى بىلەن يەركەن خاندانلىقى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئىسھاق ۋەلىنى باشلاپ كېلىپ، 17-ئەسىردىن كېيىن تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدا يۈز بېرىدىغان بىر قاتار تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىۋەتتى.

موللا ئېۋەز ئىسملىك كىشىنىڭ ھىجرىيە 1012-يىلى (مىلادى 1603-يىلى) يازغان «تەزكىرەئى مەخدۇم ئەزەم ۋە خوجا ئىسھاق ۋەلى» ناملىق كىتاۋىدا ئىسھاق ۋەلىنىڭ نەسەپلىرى توغرىسىدا

مۇنداق مەلۇمات بېرىلىدۇ: "مەخدۇم ئەزەمنىڭ تۆت خوتۇنى بولۇپ، چوڭ خوتۇنى كاسان ۋىلايىتى خوجىلىرىنىڭ ئەۋلاتلىرىدىن مىر يۇسۇپ سەئىدنىڭ قىزى ئىدى، بۇ خوتۇندىن تۆت ئوغول، ئىككى قىز تۇغۇلدى. تۇنجى ئوغلى مۇھەممەت ئىمىن بولۇپ، بۇ كىشى ئىشان كالان دىگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئىككىنچى ئوغلى خوجا دوست، ئۈچىنچى ئوغلى خوجا باھاۋىدىن، تۆتىنچى ئوغلى خوجا ئابدۇخالىق ئىدى...

ئىككىنچى خوتۇنى بى بى مەلىكە كاسانى بولۇپ، ئۇ كاسان پادىشاسىنىڭ قىزى ئىدى. ئۇنىڭدىن ئىككى ئوغۇل، ئىككى قىزى بار ئىدى. تۇنجى ئوغلى خوجا مۇھەممەت، ئىككىنچى ئوغلى خوجا سۇلتان ئىبراھىم ئىدى.

ئۈچىنچى خوتۇنى بى بىچە قەشقىرى بولۇپ، سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئەۋلاتلىرىدىن ئىدى. ئۇلۇغلۇق ئاسماننىڭ قۇتۇپ يۇلتۇزى، ئەۋلىيالىق مەملىكىتىنىڭ سىرلىرىدىن ۋاقىپ بولغۇچى، پەرىشتىلەر دۇنياسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى يەنى ھەزرىتى ئىلىنىڭ سىرلىرىنى ئاشكارا قىلغۇچى بۈيۈك ئىشان خوجا ئىسھاق ۋەلى سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئەۋلادىدىن بولغان بى بىچە قەشقە-رىدىن تۇغۇلغان ئىدى..."

بىز كىتاپخانلارغا بۇ نەقىلدىكى مۇنۇ ئىككى نۇقتىغا دىققەت قىلىشنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمىز.

بىرىنچى، ئىسھاق ۋەلىنىڭ ئاپىسى قاراخانىلارنىڭ خان جەمە-تىدىن بۇغراخاننىڭ ئەۋلادى، «جالالىدىن كېتكى ۋە تۇغلۇق تۆمۈر-خان ھەققىدە قىسسە» ناملىق كىتاپتا بى بىچەنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى مەۋلانە سەئىد قەشقىرى، دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن. مەۋلانە

سەئىد قەشقەرنىڭ چوڭ قىزى ئەرشىدىن جەمەتىدىن بولغان پەخىرىدىنگە ياتلىق قىلىنغان.

ئىككىنچى، ئىسھاق ۋەلىنىڭ ئاتا بىر ئانا بىۆلەك چوڭ ئاكىسى ئىشان كالان ئالاھىدە دىققىتىمىزنى تارتىشى كېرەك. چۈنكى كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئاق تاغلىقلار مەزھىپىگە ئۇنىڭ بالىلىرى باشچىلىق قىلغان.

ئىسھاق ۋەلى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىغا ئىككىنچى قېتىم كەلگەندىن تارتىپ تاكى يەركەن خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچە ئىسھاق جەمەتىدىكىلەر ئاخىرقى ھىساپتا ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئورنىنى بېسىپ، بۇ رايوندا نەسەپلىك دىنىي رەھبەر بولۇپ قالدى.

تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئىشانلار مەزھەپلىرىنىڭ كۈرەشلىرى كۆپىنچە بۇ رايوندىكى ھەرقايسى سىياسى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەرنىڭ بىر نامايەندىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەقدىرى ئەنە شۇ سىياسى كۈچلەرنىڭ تەقدىرىگە باغلىق بولغان، بۇنى كېيىنكى بايانىمىزدا سۆزلەيمىز.

ئابدۇللا ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يەركەن خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بەزىدە يوشۇرۇن، بەزىدە ئاشكارا سۈركىلىش ۋە توقۇنۇشلار بولۇپ تۇردى. ئىككى تەرەپكە ئابدۇللا ۋە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى يولۋاس باشچىلىق قىلدى.

1662-يىلى، ئابدۇللا ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى يولۋاسنى قەشقەرنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەپ، ئۇنى خاندانلىقنىڭ ھوقۇق مەركىزىدىن يىراقلاشتۇرۇۋەتتى.

قارا تاغلىقلارنى مەدھىيىلەيدىغان يازما مەلۇماتلارنىڭ ھەممىسىدە "يولۋاس ئاتىسىنىڭ سۆزىگە كىرمەي ئەدەپسىزلىك قىلدى" دەپ ئەيىپلەنگەن. ئەمەلىيەتتە يولۋاس ئاق تاغلىقلارنى قوللايتتى، يولۋاس يېڭى مەزھەپلەرنى يۆلەش ئارقىلىق ئىسھاق جەمەتىدىكىلەرگە زەربە بېرىپ، دادىسى ئابدۇللانىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرماقچى ئىدى.

بۇ ئىشنىڭ جەريانى ھەققىدە مۇھەممەت سادىق قەشقىرىنىڭ «تەزكىرەئى خوجىگان» ناملىق كىتاۋىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: "خوجا ئىسھاقنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، بىرى خوجا قۇتبىدىن، يەنە بىرى خوجا شادى ئىدى...خوجا شادى كۆپ كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا خوجا كالان (ئىشان كالان)نىڭ ھەم ئىككى ئوغلى بولۇپ، بىرى خوجا يۈسۈپ، يەنە بىرى خوجا ئاپپاق ئىدى. ئاپپاق خوجا ئەۋلىيالىقتا مەشھۇر بولۇپ، تولا كىشىلەر خىزمىتىدە بولغىنى ئۈچۈن ئاپپاق (ئالەم) خوجا دەپ ئاتالدى. بۇ ئىككى ئوغۇل دەھبىدىن قەشقەرگە كەلدى. قەشقەر خەلقى بۇلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلدى. بۇ ۋاقىتتا مۇھەممەتخان ئۆلگەن بولۇپ، پادىشالىق ئابدۇللا خانغا قالغان ئىدى.

ئابدۇللا خاننىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، چوڭ ئوغلى يولۋاسخان قەشقەردە، ئىككىنچى ئوغلى نۇردىنخان ئاقسۇدا، ئۈچىنچى ئوغلى ئىسمائىلخان ئۆزى بىلەن بىرگە ئىدى. ئەمما يولۋاسخان ئاتىسىنىڭ سۆزىگە كىرمەي، ئەدەپسىزلىك قىلاتتى. خوجا يۈسۈپ بىلەن خوجا ئاپپاقنى بولسا بەك ئىززەت-ھۆرمەت قىلاتتى...."③

يولۋاسنىڭ ياردىمى بىلەن، بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە يۈسۈپ ۋە ئاپپاق خوجا قەشقەردە يۈكسەك ئىناۋەت ھەم تولۇق

ھوقۇقتا ئىگە بولدى. بۇنىڭ بىلەن تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى ئىشانىلار مەزھىپىدە "ئىشقىيە" ۋە "ئىسھاقىيە" دەپ ئاتالغان گۇرۇھلار بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. كېيىن بۇ ناملاردا تەڭلا ئۆز-گىرىش بولۇپ، ئاق تاغلىقلار ۋە قارا تاغلىقلار دىگەن ناملار بىلەن ئاتالدى.

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچە ياشىغان قۇرمان ئەلى خالىدى ئۆزىنىڭ «تەۋارىخى خەمسە» ناملىق كىتاۋىدا بۇ ئىككى ئاتالغۇ ئۈستىدە توختىلىپ مۇنىداق دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان: "رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئاق تاغلىقلار ۋە قارا تاغلىقلار دىگەنلەر ئەسلىدە ئاق تۇغلۇقلار ۋە قارا تۇغلۇقلار دەپ ئاتالغان، ئالدىنقىلار ئۆزلىرىگە ئاق تۇغنى بەلگە قىلغان، كېيىنكىلەر ئۆزلىرىگە قارا تۇغنى بەلگە قىلغان. شۇڭا ئۇلار دەسلەپتە ئاق تۇغلۇقلار ۋە قارا تۇغلۇقلار دەپ ئاتالغان. تاۋۇشنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن "تۇغ" دىگەن سۆزدىكى "ئۇ" ھەرىپى "ئا" ھەرىپىگە ئالمىشىپ "تاغلىق" بولۇپ قېلىپ، "ئاق تاغلىقلار" ۋە "قارا تاغلىقلار" دىگەن سۆزلەر پەيدا بولغان."

بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ پەرقلىرىنى دىنىي كۆز قاراش ۋە دىنىي قائىدە-يوسۇن جەھەتتىن ئىزدەش ناھايىتى قىيىن، ئۇلار ئوتتۇرى-سىدىكى ئىختىلاپلار تامامەن بەزى شەخسلەرگە باغلىق ئىدى، ئاق تاغلىقلار يۈسۈپ بىلەن ئاپپاق خوجىنى ئۆزلىرىنىڭ رەھبىرى دەپ بىلەتتى. قارا تاغلىقلار بولسا ئىسھاق ۋەلى جەمەتىدىكىلەرنى ئۆزلى-رىنىڭ رەھبىرى دەپ بىلەتتى. شۇڭا قارا تاغلىقلار بىلەن ئاق تاغ-لىقلاردىكى سىياسى تۈس ئۇلاردىكى دىنىي تۈستىن روشەن ھەم كۈچلۈك ئىدى، دەيمىز.

بۇ يېڭى گۇرۇھلارنىڭ مەيدانىغا كېلىشى يەركەن خاندانلىغى هۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى توقۇنۇشلارنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەن.

«تەزكىرەئى خوجىگان» ناملىق كىتاپتا بۇ ھەقتە مۇنداق مەلۇ- ماتلار بار: ”...خوجا شادى ئۆلۈپ، ئابدۇللا خان باشلىق ھەممە كىشى ئۇنىڭغا ماتەم تۇتۇپ، ئالتۇن مازارغا دەپنە قىلدى. ئۇنىڭ- دىن ئىككى ئوغۇل قالدى. بىرى خوجا ئابدۇللا، يەنە بىرى ئەبەي- دۇللا ئىدى. بۇ ئىككى كىچىك مەخدۇم زادىنى تەربىيە قىلىشقا ئابدۇللاخان مەسئۇل بولۇپ، ئۆز پىرىدەك كۆردى. خوجا يۇسۇپ قەشقەردىن...يەركەنگە كەلدى. خان باشلىق ھەممە خەلق ئالدىغا چىقتى. ئابدۇللاخان خوجا يۇسۇپكە مۇرىت بولماقچى بولدى. خان باشلىق ھەممە خەلقنىڭ خوجا مۇھەممەت يۇسۇپكە مۇرىت بولىدىغان- لىغىنى ئەرتىسى خوجا شادى خوجامنىڭ خەلپىلىرى ئاڭلاپ، ئىككى مەخدۇم زادىنى بويۇنلىرىغا مىندۇرۇپ، پۈتۈن خەلق ئالدىدا خانغا ئەرز قىلدى...‘ئى ئادالەتلىك پادىشا، بىر كىشىنىڭ مالىغا يەنە بىر كىشى ئىگە بولۇۋېلىش شەرىئەتتە توغرىمۇ؟’ دەپ سورىدى، خان: ‘نىمە ۋەقە بولدى؟’ دەپ سورىدى. خەلپىلەر: خان باشلىق ھەممى- مىز بىزنىڭ پىرىمىزغا مۇرىت ئىدىلەر، پىرىمىزنىڭ جەسەدى بول- مىغان بىلەن روھى ھازىردۇر. بۇ ئىككى مەخدۇم زادىمىز بار، ئۆزلىرى كىچىك بولسىمۇ، ئىشى يېتەرلىك، نەچچە خەلپىلىرى بار، گەرچە ھەقىر-پەس كۆرۈنسىمۇ، ئىمانى كامىلدۇر. بىز باشقى- لارنىڭ ئورۇنلىرىنى خالىمايمىز، بىز خان خوجا يۇسۇپكە مۇرىت بولارمىش دەپ ئاڭلىدۇق، ئۆز پىرىدىن يېنىپ، يەنە بىر پىرگە مۇرىت بولۇشنىڭ سەۋەپ نىمە؟’ دەپ سورىدى.“

ئەمىلىيەتتە، بۇ ئابدۇللاخاننىڭ مەقسەتلىك ئۇيۇشتۇرغان ناما-يىشى ئىدى. ئابدۇللاخان بۇ نامايىش ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن "ئەدەپسىزلىك قىلىپ، ئاتىسىنىڭ سۆزىگە كىرمىگەن" يولۋاسنىڭ ئەدىۋىنى بېرىشنى كۆزلىگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەقسەتلىك ھالدا ئاق تاغلىقلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش ۋە قارا تاغلىقلارنىڭ مەرتىۋىسىنى تېخىمۇ يۇقۇرى كۆتىرىشنى كۆزلىگەن ئىدى.

بۇ كىتاپتا ئېيتىلىشىچە، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان جېدەل-غوۋغا بولغاندىن كېيىن، خوجا يۈسۈپ يەركەن قەلئەسىگە كىرىشكە پېتى-نالماي، "ئەتىسى خان بىلەنمۇ كۆرۈشمەي قەشقەرگە قايتقان. بىر كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن كېسەل تېگىپ، يېڭىسارنىڭ توپلۇق دىگەن يېرىدە ئۆلگەن. ئۇنىڭ ئۆلۈگى قەشقەرگە ئېلىپ كېلىنىپ ياغدۇ دىگەن جايدا دەپنە قىلىندى، يەركەندە مەخدۇم زادىلىرىنىڭ ھۆرمىتى ئېشىپ، مۇرىتلىرى تېخىمۇ كۆپەيگەن.

## 3. دىنىي مەزھەپلەر كۈرىشىنىڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پۈت تېپىشىشنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ قېلىشى

يەركەن قەلئەسىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان نامايىش كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمىدى، ئەكسىچە يولۋاس قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئۆز دادىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا كىرىشتى. ئاخىر ئابدۇللا ئۆز ئورنىنى ئىلاجى-سىزلىقتىن يولۋاسقا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ھەرەمگە كەتتى.

يولۋاس ئاران ئىككى يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. بۇ جەرياندا ئاق تاغلىقلار يولۋاسنى تايانچى قىلىپ ئىنتايىن زور سىياسى ئۈس-تۈنلۈككە ئېرىشتى، قەشقەر ئاق تاغلىقلارنىڭ باش لاگىرىغا ئاي-

لاندى. يۈسۈپ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى ئاپپاق خوجا ئاق تاغلىقلارنىڭ سەركەردىسي ھەمدە يولۋاستىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ھوقۇقلۇق شەخس بولۇپ قالىدى. يەركەنىدىكى نۇرغۇن پۇرسەتپەرەس شەخسلەر ۋەزىيەتكە قاراپ ئاپپاق خوجىنىڭ مۇرىتلىرى بولدى.

ئاق تاغلىقلارنىڭ گۈللىنىپ روناق تېپىشى يولۋاسىنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى، ئىككى يىلىدىن كېيىن يولۋاس كېسەل بولۇپ ئۆلدى، يولۋاسنىڭ ئىنىسى ئىسمائىل تەختكە چىقتى. ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار مەسلىسىدە ئىسمائىل تامامەن ئۆز ئاكىسى يولۋاستىن باشقىچە پوزىتسىيىدە بولدى. ئىسمائىل ئالدى بىلەن يەركەندە قارا تاغلىقلارنىڭ ئابرويىنى قايتا تىكلىدى، شۇ ۋاقىتتا ئىسھاق جەمەتىدىن ئەبەيدۇللا ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى قالغان ئىدى. ئۇلاردىن چوڭىنىڭ ئىسمى خوجا شۇئەيىپ، كىچىكى-نىڭ ئىسمى خوجا دانىيال ئىدى.

مۇشۇ مەزگىلدە ئىسمائىل ھەرقايسى جايلاردىكى ئاق تاغلىق ئىشانلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى قاتتىق چەكلىدى. ھەتتا ئاپپاق خوجىنى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدىن قوغلاپ چىقاردى. ئاپپاق خوجا قەشقەردىن قوغلانغاندىن كېيىن، كەشمىر ئارقىلىق شىزاڭغا بېرىپ، دالاي V دىن ياردەم سورىدى④.

15-ئەسىردىن كېيىن، شىزاڭ رايونى دائىم دىگۈدەك تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدىكى ھاكىمىيەتلەرنىڭ تالان-تاراج قىلىش نىشانى بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئابابەكرىدىن تارتىپ سەئىد-گىچە ھەممىسى شىزاڭ رايونىغا قوشۇن تارتقان. سەئىد مەزگىلدە يەركەن خاندانلىقىنىڭ قوشۇنى ھەتتا لاساغا ئۈچ كۈنلۈك مۇساپە

قالغان جايلارغىچە يېقىنلىشىپ بارغان. يەركەن خاندانلىغىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە ئابدۇللامۇ قوشۇن چىقىرىپ، شىزاڭنىڭ غەربىي رايوننى تالان-تاراج قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن شىزاڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايوننىڭ سىياسى ۋەزىيىتىدە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرگە ھەمىشە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلمەكتە ئىدى.

ئۆتمۈشتىكى ۋە نۆۋەتتىكى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، دالاي ۷ ئاپپاق خوجىنى جۇڭغار خاندانلىغىنىڭ خاقانى غالدانغا ئەۋەتتى.

دالاي ۷ نىڭ ئاپپاق خوجىنى غالدانغا ئەۋەتكەنلىكى توغرىسىدا ئازراق ئىزاھات بەرمىسەك، بۇ ۋەقەنىڭ تېگى-تەكتىگە يەتمەك تەس.

غالدان ئەسلىدە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىدىن ئىدى. ئۇ ياش ۋاقتىدا شىزاڭدا لاما بولۇپ، دالاي ۷ دىن تەلىم ئالغان ئىدى. باتۇر قۇنتەيجى ئۆلگەندىن كېيىن، غالدان ئۇنىڭ ئورنىغا جۇڭغار خاندانلىغىنىڭ خانى بولدى. دالاي ۷ سېرىق تونلۇقلار مەزھىپىنىڭ باشلىغى بولۇش سۈپىتى بىلەن غالدانغا "بوشۇقتۇخان" دەپ نام بەرگەن ئىدى. ئاپپاق خوجا دالاي ۷ نىڭ يارلىغىنى ئېلىپ ئىلىدىكى غالداننىڭ ئالدىغا كەلگەن يىلى جۇڭغار خاندانلىغى تىيانشاننىڭ شىمالىي رايونىدا مۇستەھكەم ئاساس ئورناتقان مەزگىل ئىدى. ئۇنىڭ كۆچى شەرقتە چىڭخەي ۋە شىزاڭغا چېگرىداش جايلاردىن تارتىپ، نىڭشيانىڭ خۇاڭخې دەرياسى بويىدىكى جايلىرىغىچە يەتكەن ئىدى. ئۇ غەرپتە ئۆزبېكلەر بىلەن سىر دەرياسى ۋادىسىدىكى رايونلارنى تالاشماقتا ئىدى، مۇشۇنداق ئەھۋالدا تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونى، تەبىئى ھالدا، غالداننىڭ يەنىمۇ كېڭەيمىچىلىك قىلىش نىشانى بولۇپ قالغان ئىدى.

ھەم سىياسى ئېھتىياج، ھەم دالاينىڭ ئىززەت ـ ئابرويى سەۋەبىدىن، ئاپپاق خوجىنىڭ يەركەن خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئارزۇسى غالدان تەرىپىدىن قاندۇرۇلدى.

1678 ـ يىلى ئاپپاق خوجا يول باشلاپ ماڭغان جۇڭغار خاندانلىقىنىڭ قوشۇنى ئىلى دەرياسىنى بويلاپ، تيانشان يوللىرى ئارقىلىق تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي ياقىسىدىكى رايونلارغا يۈرۈش قىلدى.

جۇڭغار خاندانلىقىنىڭ يەركەن خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش جەريانى توغرىسىدا «تەزكىرەئى خوجىگان»دا مۇنداق مەلۇمات بېرىلىدۇ: "بوشۇقتۇخان ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن نامەنىڭ مەزمۇنىغا ئەمەل قىلىپ، كۆپ ئەسكەر جۇغلاپ قەشقەرگە ئەۋەتتى. قەشقەر خەلقى ئاپپاق خوجا قالماق ئەسكىرى بىلەن كېلەرمىش دەپ ئاڭلىدى. ئىسمائىلخانىڭ ئوغلى باباق سۇلتان ئەسكەر تارتىپ چىقىپ جەڭ قىلىپ شېھىت بولدى. قالماقلار غالىپ كېلىپ، قەشقەرنى ئېلىپ، ياركەندگە كەلدى. ئىسمائىلخان كۆپ ئەسكەر بىلەن چىقىپ جەڭ قىلدى. ياركەند ھاكىمى ئېۋەز بەگكە ئوق تېگىپ شېھىت بولدى. خان بىلدىكى، مەغلۇبىيەت ئۆز تەرىپىدە ئىكەن، جەڭ قىلسا خەلق كۆپ ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن. مۇشۇ سەۋەپتىن خان ئۆز ئادەملىرى بىلەن شەھەردىن چىقىپ بەردى. شەھەر خەلقىگە: "بۇ ئىككى مەخدۇم زادىنى باش قىلىپ، شەھەرنى مەھكەم تۇتۇڭلار، بىزنى ئۆز دىنىمىز بىلەن قويۇپ، ئۆز خوجىمىزنى باش قىلساڭلار دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىمىز، دەپ شەرت قويۇڭلار دەپ ۋەسىيەت قىلدى."

ئەمما، ئىسمائىلنىڭ ئاخىرقى شەرتلىرى ئەمەلگە ئاشمايلا، ئاپ-

پاق خوجا ۋە جۇڭغار قوشۇنلىرى يەركەن قەلئەسىنى بۇزۇپ شەھەرگە كىردى. قېچىپ كېتىۋاتقان ئىسمائىل ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ئەسىرگە چۈشۈپ ئىلىغا يالاپ كېتىلدى.

غالدان ئاپپاق خوجىغا ياردەملىشىپ يەركەن خاندانلىقىنى ئاغ- دۇرۇپ تاشلاشتا خېلى چىقىم تارتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئېرىش- كەن پايدىسىمۇ ئاز بولمىدى، ئىسمائىلنىڭ ئەسىرگە چۈشۈشى بىلەن ئاقسۇنىڭ غەربىدىكى رايونلار تامامەن جۇڭغار خاندانلىقىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىغا ئۆتتى. كېيىنكى كۈنلەردە تۇرپان ئويمانلىقىمۇ جۇڭغار خاندانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. شۇنىڭدىن كېيىن تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونى ھەر يىلى جۇڭغار خاندانلىقىغا مەلۇم مىقداردا غەللە-پاراق ۋە باج-سېلىق تۆلەيدىغان بولدى.

«تەزكىرەئى خوجىگان»دا بۇ غەللە-پاراق ۋە باج-سېلىق تۆلەشنىڭ باشلىنىشى توغرىسىدا مۇنداق دەپ يېزىلغان: "...بىر- نەچچە كۈندىن كېيىن، قالماقلار قايتىپ كېتىدىغان بولغاندا، ئاپپاق خوجا ھۆكۈمرانلار بىلەن مەسلىھەت قىلىشىپ، قالماقلار قۇرۇق يانمىسۇن، دەپ 4000 تون سەرپايە بېرىدىغان بولۇپ، 4000 تەڭگە ئىنئام ئەۋەتتى. كېيىن بارغانسېرى كۆپەيتىپ، ھەر ئايدا خەلقلەر بېشىغا 4000 تەڭگە ئالۋاڭ سېلىندى..."

غەللە-ئالۋاڭلارغا ھەيدەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، جۇڭغار خان- دانلىقى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى ھەرقايسى ئاساسلىق شەھەر ۋە بازارلارغا ئاڭجى دەپ ئاتالغان موڭغۇل ئەمەلدارلىرىنى ئەۋەتتى. بۇ ئەمەلدارلار ئۆز دائىرىسىدىكى جەمئىيەت ئامانلىقى ئىش- لىرىغىمۇ قوشۇمچە مەسئۇل بولدى.

غالدان ئاپپاق خوجىنى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇر ۋۇقرا-

لىردىنى باشقۇرغۇچى باش نازارەتچى قىلىپ تەيىنلىدى ھەمدە
ئۇنىڭغا مۇئەييەن ھوقۇق بەردى، بۇ ھوقۇقلارنىڭ بىرى جايلارنىڭ
ھاكىملىرىنى تەيىنلەشتىن ئىبارەت ئىدى. ئاپپاق خوجا تەيىنلىگەن
بىرىنچى تۇركۇمدىكى ھاكىملار ئىچىدە ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى يەھ-
يامۇ بار ئىدى. ئۇ قەشقەر ھاكىملىقىغا تەيىنلەندى.

كېيىن ئاپپاق خوجا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى بىرمەزگىل توخ-
تىتىپ، ئورنىنى يەركەن خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى ئىسمائىلنىڭ
تۇرپاندىكى ئىنىسى مەمتىمىن خان باھادۇرغا تاپشۇرۇپ بەردى،
«تەزكىرەئى خوجىگان»دا بۇ ۋەقە مۇنداق دەپ چۈشەندۈرۈلدۇ:
"ئاپپاق خوجا بىرنەچچە ۋاقىت پادىشالىق قىلدى، ئىشان-خوجى-
لىق بىلەن پادىشالىقى راۋاج تاپماي، تۇرپاندىن ئىسمائىلخاننىڭ
ئىنىسى مەمتىمىن خاننى پادىشالىق تەختكە ئولتۇرغۇردى."

روشەنكى، ئاپپاق خوجىنىڭ ئەسلى مۇددىئاسى مەمتىمىننى قور-
چاق قىلىش ئىدى. لېكىن بۇ شەخس تەختكە چىقىش بىلەنلا جۇڭ-
غار خاندانلىقى بىلەن بولغان ھەممە بېقىندىلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ
تاشلاپ، جۇڭغار ئەمەلدارلىرىنى بۇ رايوندىن قوغلىۋەتتى. شۇنىڭ
بىلەن بىللە، تىيانشاننىڭ شىمالىي رايونىغا قوشۇن ئەۋەتىپ،
جۇڭغار خاندانلىقىدىن ئىلى ۋە ئۈرۈمچى رايونلىرىنى تالاشتى.

مەمتىمىننىڭ بۇ پائالىيەتلىرى ئاپپاق خوجىنىڭ مەنپەئەتىگە زىت
ئىدى. ئاقىۋەتتە ئاپپاق خوجىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن، ئىشانلار
مەمتىمىننى قەستلەپ ئۆلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاپپاق خوجا
ئۆزىنى پادىشا دەپ ئاتىدى.

ئاپپاق خوجىنىڭ ئۆزىنى پادىشا دەپ ئاتىۋالغانلىقى جۇڭغار
خاندانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ھېچقانداق ئۆزگىرىش

ھاسىل قىلمىدى. ئەكسىچە، جۇڭغار خاندانلىقى بىلەن بولغان ھەممە بېقىندىلىق مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، جۇڭغار ئەمەلدارلىرىنى يېڭىۋاشتىن تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىغا كەلتۈرۈپ، ھەربىي، مەمۇرى ھوقۇقنى ئۇلارغا تۇتقۇزدى.

## 4. دىنىي مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش دائىرىسىنىڭ جەمىيەتتىكى ھەرقايسى تەبىقىلەرگە كېڭىيىشى

تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى سىياسى كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىدا ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلگەنلىكتىن، ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى دائىرىسىدىن جەمىيەتتىكى ھەرقايسى سىنىپ، تەبىقىلەرگىچە كېڭەيدى. ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى تىركىشىشتىن بىر بىرىگە زىيانكەشلىك قىلىشقەك زوراۋانلىقلارغا ئايلاندى. يەركەن خاندانلىقى گۈمران بولغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، قەشقەر، يەركەن، خوتەن ۋە ئاقسۇ رايونلىرىدا ئاق تاغلىق ئىشانلارنىڭ قارا تاغلىقلارنى ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىرى كەينى-كەينىدىن يۈز بەردى. بېزىلاردا ۋە يىراق-چەت جايلاردا بولسا دىنىي زىيانكەشلىكلەر ھەتتا ناھايىتى ئۇزاققىچە داۋام قىلدى. دىنىي زىيانكەشلىكلەر ئومۇمى يۈزلۈك ۋە كەسكىن ئىجتىمائى خاراكتېر ئالغاندىن كېيىن، ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى دەرھال ئۇنىڭدىن سىنىپىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي زۇلۇمنى ياپقۇچى ۋاستە سۈپىتىدە پايدىلىنىپ، خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئارىسىدا ئاداۋەت ۋە توقۇنۇش پەيدا قىلىپ تۇردى، بىرقانچە ئەسىردىن كېيىن، ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئۆزئارا مۇناسىۋەتتىكى يىرىكلىكنى "ئاق تاغلىقلار"، "قارا تاغلىقلار" دىگەن سۆز بىلەن تەسۋىرلەشكە

ئادەتلىنىپ، ماجىرالىشىپ قالغان ئىككى تەرەپنى "سىلەر ئاق تاغ-لىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار بولمىساڭلار، نىمە ئۈچۈن ئۈنچىۋالا چىقىشالماي كەتتىڭلار" دەپ ياراشتۇرىدىغان بولۇپ قالغان.

ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلارنىڭ شەكىللىنىش جەريانى، ئەمەلىيەتتە، ئىشانلار مەزھىپىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا دىنىي كۈچ-تىن ھاكىمىيەت كۈچىگە ئۆزگىرىش جەريانى ئىدى. بۇ جەريان-نىڭ مۇھىم بۇرۇلۇشىنى ئاپپاق خوجا جۇڭغار خاندانلىقى قوشۇنىنى باشلاپ كېلىپ، يەركەن خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئارقىلىق ئورۇنلىدى، بۇنىڭ بىلەن، ئىككى ئەسىر بۇرۇن ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغان ئىشانلار مەزھىپى ئاخىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا ھاكىمى-يەتكە ئېرىشتى. ئۆزلىرىنى "تەركى دۇنياچىلار" دەپ ئاتاپ كەلگەن ئىشانلارنىڭ باشلىقلىرى بولغان خوجىلار ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق تاما-سىنى ئاشكارىلىدى.

1678-يىلدىن باشلاپ ھېساپلىغاندا، ئاپپاق خوجىنىڭ ھاكىمى-يەت يۈرگۈزگەن ۋاقتى تۆت يىلچە بولدى. 1695-يىلى ئاپپاق خوجا ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەسىدى قەش-قەرنىڭ ياغدۇ دىگەن جايىغا دەپنە قىلىندى. شۇنىڭدىن باشلاپ كىشىلەر بۇ جاينىڭ ياغدۇ دىگەن ئەسلى ئىسمىنى تاشلاپ، ئاپپاق خوجا مازىرى دەپ ئاتايدىغان بولدى.

## ئىككىنچى بۆلۈم ئۇيغۇرلار رايونىدا بۆلۈنۈش بولغاندىن كېيىنكى سىياسى ۋەزىيەت

17-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن باشلاپ 18-ئەسىرنىڭ 70-يىل-

لىرىغىچە بولغان بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، مەمۇرى ھوقۇق- لاردىن كېلىدىغان غايەت زور مەنپەئەتلەر ئاق تاغلىق خوجىلار بىلەن قارا تاغلىق خوجىلارنى ئۆزىگە گويا ماگىنىتتەك تارتىپ تۇرماقتا ئىدى. ئۇلار ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن ئۆزىنىڭ قارشى تەرىپىنى غۇلىتىۋېتىشكە ئورۇنۇپ كەلدى، ئاخىرى بۇ ئىشلار ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ سىياسى ۋەزىيىتىدە قاتتىق داۋالغۇشلارنى پەيدا قىلىپ، بۇ رايوننىڭ ئىگىلىگىنى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى.

## 1. ئۇزاققا سوزۇلغان داۋالغۇشنىڭ مۇقەددىمىسى

ئۇزاققا سوزۇلغان بۇ داۋالغۇشنىڭ مۇقەددىمىسى ئاپپاق خوجىنىڭ ئۆلۈمىدىن باشلاندى. تىركەشكۈچى ئىككى تەرەپ ئاپپاق خوجىنىڭ كېيىنكى خوتۇنى خانىم پادىشا بىلەن ئاپپاق خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى يەھيا ئىدى.

«تەزكىرەئى خوجىگان»دا بۇ ۋەقە توغرىسىدا تەپسىلى مەلۇمات بېرىلىپ مۇنداق دېيىلىدۇ: "ئاپپاق خوجىنىڭ جەسىدى قەشقەرنىڭ ياغدۇ دىگەن جايىدا دەپنە قىلىندى. بۇ چاغدا خانىم پادىشا يەركەندە تۇراتتى. ئاپپاق خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى خوجا يەھيا قەشقەردە ھۆكۈمران بولۇپ تۇردى...بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، خانىم پادىشا يەركەن ئالىمى مىرزا بارات ئاخۇننى ئېلىپ قەشقەرگە ئاپپاق خوجا مازىرىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلدى. خوجا يەھيا ئۇنى ھۆرمەت بىلەن مازار بېشىغا چۈشۈردى. خوجا يەھيا ھەر كۈنى شەھەردە قونۇپ، ئەتىسى خانىم پادىشانىڭ ئالدىغا كېلەتتى. بىر كۈنى مىرزا بارات ئاخۇن خوجا يەھيانى مەخپىي بىر جايغا چاقىرىپ: ئى خوجام، ئايال كىشى بىلەن يۇرت ئىشىنى قىلماق تەس،

بىر تەرەپتىن قىرغىزلار پۇرسەت كۈتۈپ رىقابەت سېلىۋاتىدۇ.
ئۆزلىرى يەركەندە پايتەختتە ئولتۇرسىلا، خانىم پادىشا قەشقەردە
تۇرسۇن، دۈشمەنلەر پۇرسەت تاپالماس، دەپ مەسلىھەت بەردى،
يەھيا خوجا: ئاتىسى ئاپپاق خوجا ئۆلۈش بىلەنلا ئۆگەي ئانىسى
بىلەن شەھەر تالاشتى دېگەن گەپ بولارمىكىن، دېدى. بارات
ئاخۇن: مەملىكەت ئىشىدا ھايا-ئەدەپ كېرەك ئەمەس، ھايا بىلەن
مەملىكەت ۋەيران بولىدۇ، سىياسەت قولىدىن كەتكەندىن كېيىن
پۇشايمان پايدا بەرمەس، دېدى. بۇ ئەھۋالدىن موللا سىقى دېگەن
ئادەم خەۋەر تېپىپ مەسلىھەتكە كىردى ۋە ئۆزىنىڭ خوتۇنىغا
ئېيتتى. ئاندىن بۇ گەپ خانىم پادىشاغا يېتىپ، خانىم پادىشا گۇمان-
لىنىپ خوجا يەھيانى ئۆلتۈرۈشنىڭ كويىغا چۈشتى. بىرنەچچە
كىشىنىڭ قولىغا قىلىچ تۇتقۇزۇپ راسلاپ قويدى. ئەتىسى يەھيا
كەلگەندە، خانىم پادىشا زەردە قىلىپ يامان سۆز بىلەن: ئى خوجا
يەھيا، مەن بۇ مازاردا قونسام، سىز شەھەردە راھەت بىلەن قونام-
سىز؟ مەن مېھمان ۋە ئانىڭىز تۇرسام، مەن يانغىچە كېچە-كۈندۈز
مېنىڭ قېشىمدا تۇرۇشىڭىز لازىم ئىدى، قايسى ئاتا-بوۋىڭىز خان
بولۇپ كەلگەن؟ خانلىققا ۋارىسلىق قىلىشىڭىز مەنىسىزلىك ئەمەسمۇ؟
مېنىڭ ئاتا-بوۋام خان بولۇپ كەلگەن*، دەپ قاتتىق-قاتتىق
سۆزلەرنى قىلدى. يەھيا خوجا: سىزگە خىزمەت بولۇرمىكىن دەپ
قەشقەردە تۇردۇم. بولمىسا بىر بۆلۈكىدا دۇئاگويلۇق بىلەن كۈن

---

* خانىم پادىشا ئىسمائىلخاننىڭ سىڭلىسى بولۇپ، مەمتىمىن قورچاق
سۈپىتىدە تەختكە چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئاپپاق خوجا بىلەن توي
قىلغان.

كەچۈرمەن، دىدى. بۇ ھالەتتە لىتىپ باقاۋۇل دىگەن بىر ھۇشيار ئادەم ئىشارەت قىلدى، يەھيا خوجا ئۆزىنى قاچۇردى. خانىم پادىشا يەركەنگە قايتتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مىرزا بارات ئاخۇنۇمنى دىۋانىلار كەكە بىلەن مىڭىسىگە ئۇرۇپ ئۆلتۈردى، ئالتە ئايدىن كېيىن خانىم پادىشانىڭ بۇيرۇغى بىلەن خوجا يەھيا ھەم ئۆلتۈرۈلدى. خوجا يەھيانىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. ئىككىسىنى دىۋانىلار ئۆلتۈردى. بىر ئوغلىنى خوجا ئەخمەت دەيتتى، ئۇنى مۇرىتلىرى تۆشۈك تاقىقا ئېلىپ چىقىپ قۇتقۇزدى.“

يېرىم يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە قەشقەر ھاكىمى مۇھەمەت ئىمىن، يەركەن ھاكىمى شاھ سەئىد ۋە ئۇلار بىلەن ئالاقىسى بولغان بىرقانچە يۈز كىشى خانىم پادىشانىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلدى. خانىم پادىشا دۈشمەنلەرنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئوغلى مەھدى خوجىنى خانلىققا ئولتۇرغۇزدى.

«تەزكىرەئى خوجىگان» ناملىق ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى خانىم پادىشانىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: ”بۇ ۋاقىتتا خۇنخورلۇق شۇنداق دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئىككى كىشى ئۇرۇشۇپ كىرسىمۇ ئۆلتۈرەتتى، ئايال كىشى چېچىنى تارىسىمۇ ئۆلتۈرەتتى. ئۆزىنىڭ بىر سىڭلىسى بار ئىدى، بەكمۇ گۈزەل ئىدى، ئىسمى پاخلاندۇر خانىم ئىدى، ئۇنى يەھيا خوجامغا ياتلىق قىلغان ئىدى، تېخى تۇغمىغان ئىدى. ئۇنى يامان كۆرۈپ ياقىقا تاشلاپ ئۆلتۈردى. خەلق ئۇنىڭ مۇنداق ۋەھشىلىگىنى كۆرۈپ جاللات خېنىم دەپ ئاتىدى. ئاخىرى دىۋانە-سوپىلار ئۇنىڭغا پىچاق سالدى. ساۋۇت كىيىپ ئالغان ئىكەن، پىچاق ئۆتمىدى. ساۋۇتنىڭ تېگىنى كۆتىرىپ پىچاق-

لاپ ئۆلتۈردى. جېنى چىققىچە: بۇ ئىشنى ماڭا خوجا مەھدى قىلدى، دەپ ئۆلدى."

گەرچە خانىم پادىشانىڭ كىشىنى يىرگىندۈرىدىغان يامان ئاتىغى بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ بەربىر شۇ دەۋرنىڭ ھوقۇق سىمۋولى ئىدى. ئۇنىڭ قولىدىكى ھوقۇق جايلاردىكى فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنى يۈگەنلەپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ يولدىن چىققان قىلمىشلىرىنى چەكلەپ تۇراتتى، خانىم پادىشانىڭ ئۆلۈشى ئارقىسىدا، بۇ ھال مەۋجۇت بولالماي قالدى. جايلاردىكى فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغانلىقىنى تېزلا جاكالىدى.

## 2. جايلاردىكى فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى

ئاقباش خان ئىسمىلىك قارا تاغلىق ئىشان ئۆزىنى يەركەندە خان دەپ ئېلان قىلىپ، يەركەن خاندانلىقىنى قايتا قۇرىدىغانلىقىنى جاكالىدى.

قەشقەردىكى ئاق تاغلىق ئىشانلار تۆشۈك تاقتا يوشۇرۇپ قويغان خوجا ئەخمەتنى قايتۇرۇپ كېلىپ خانلىققا ئولتۇرغۇزۇپ، قەشقەر خاندانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكالىدى.

بۇ يېڭى ھاكىمىيەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى دەرھاللا باشقا جايلارغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. ئاقسۇ ھاكىمى ئابدۇساتتار، ئۇچتۇرپان ھاكىمى خوجىسلارمۇ ئاقسۇ ۋە ئۇچتۇرپاندا ئۆزلىرى ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغانلىقىنى، يەركەنگىمۇ، قەشقەرغىمۇ بويسۇنمايدىغانلىقىنى جاكالىدى. قۇمۇل چىلىك سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتتى، تۇرپان ئويمانلىقى بولسا چىڭ سۇلالىسى بىلەن جۇڭغار خاندانلىقىنىڭ ئارىسىدا قالدى.

تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردىكى ھاكىمىيەتلەر جۇڭغار خاندانلىقىغا بېقىندىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈرگەنلىكتىن، بۇ چاغدا تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىشكە جۇڭغار خاندانلىقىلا ھوقۇقلۇق ئىدى. ۋاھالەنكى، بۇ مەزگىلدە جۇڭغار خاندانلىقىنىڭ كۈچى غەربكە قاراپ كۈنسايىن ئىلگىرىلەۋاتقان چىڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تىيانشاننىڭ شەرقىدىكى رايونلارغا توپلانغانلىقتىن، جۇڭغار خاندانلىقى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ئارقا-ئارقىدىن بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرگە سۈكۈت قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ رايوندا تىكلىگەن ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرىنىڭ بىتچىت قىلىنىشىنى مەيلىگە قويۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدى.

يەركەندىكى ئاقباش تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى كۈچلەر ئىچىدە ئەڭ ئاجىز كۈچ ئىدى. ئاقباش سەئىدىيە جەمەتىدىنمۇ ئەمەس، خوجىلار جەمەتىدىنمۇ ئەمەس ئىدى، ھەممىدىن مۇھىمى، ئۇ جۇڭغار خاندانلىقىنىڭ قوللىشىغا ئىگە ئەمەس ئىدى. ئاقباش ئۆزىنىڭ بۇ ئاجىزلىقىنى دىنىي ئەسەبىلىك بىلەن تولدۇرۇپ، شۇ يول بىلەن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىمەكچى بولدى. ئاقباشنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، يەركەندىكى قارا تاغلىق ئىشان-سوپىلار ئاق تاغلىقلارنى ۋەھشىيانە قىرغىن قىلدى. بۇ ھەقتە «تەزكىرەئى خوجىگان»دا: "...ئاقباشخان... يەركەندە مىڭ نەپەر دىۋانە-سوپىنى تۇتۇپ قويىدەك بوغۇزلاپ، قېنىدا تۈگمەن چۆگىلىتىپ، ئۇن تارتىپ يىدى" دەپ يېزىلغان.

بۇ نەقىلدىكى مۇبالىغە ئۇنىڭدا خەۋەر بېرىلگەن ۋەقەگە ئوخشاشلا، كىشىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدۇ. بۇ نەقىلدىكى ھەددىدىن

زىيادە كۆپتۈرۈلگەن تەسۋىرنى چىقىرىۋەتسەك، ئاقباش دەرۋەقە قاتتىق زوراۋانلىق قىلغان، دىگەن خۇلاسىگە كېلەلەيمىز. بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن خانىم پادىشانىڭ مۇدھىش زوراۋانلىقلىرىغا باغلىغاندا، قىساس ئېلىش ھىساۋىدا ئاقباش ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە كىشىنى يىرگىنىدۈرىدىغان بەزى زوراۋانلىقلارنىڭ سادىر بولۇشى تەبئى ئەھۋال ئىدى.

ئاقباشنىڭ زوراۋانلىقى ئەتراپتىكى رايونلارنى ساراسىمە ۋە ئەنسىزلىككە سالدى، شۇنداقلا ئاق تاغلىقلار مۇرىتلىرىنىڭ ئىنتىقام ئېلىش ھىسسىياتىنى كۈچەيتىۋەتتى. شۇڭا، شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە ئاقباش قەشقەر بىلەن خوتەننىڭ قاتتىق ھۇجۇملىرىغا ئۇچرىدى. يەركەن قەلئەسىدە ئىجتىمائى تەرتىپ بۇزۇلۇپ، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىرى ئارقا-ئارقىدىن بولۇپ تۇردى.

مۇشۇنداق شارائىتتا، ئاقباش ئىسھاق ۋەلى جەمەتىدىكىلەرنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ خوجا جەمەتىدىكىلەرنىڭ تەسىر كۈچىگە سۆيۈنۈپ كۇنسايىن يامانلىشىۋاتقان ۋەزىيەتنى ئوڭشىماقچى بولدى. بۇ ۋاقىتتا، ئىسھاق ۋەلى جەمەتىدىكىلەردىن دانىيال ماۋەرائۇننەھردىكى خوجەند قەلئەسىدە ئىدى.

بۇ يەردە، ئىسھاق ۋەلى جەمەتىدىكىلەر توغرىسىدا ئازراق توختىلىپ ئۆتەيلى. گەپنى ئاپپاق خوجا يەركەن قەلئەسىدە تۇنجى قېتىم ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدىن باشلايمىز.

يەركەن خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئىسھاق ۋەلى جەمەتىدىن شۇئەيىپ بىلەن دانىيال قارا تاغلىقلار تەرىپىدىن ئومۇمى يۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنغان دىنىي رەھبەر ئىدى. ئىسمائىل سىياسى ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ ئاق تاغلىقلارغا دۈشمەنلىك بىلەن

قاردىغانلىغى ئارقىسىدا، دانىيال ئاكا-ئۇكا ئۆز دىنىي خاھىشىنى خاندانلىقنىڭ سىياسى ساھاسىگە سىڭدۈرۈش پۈرسىتىگە ئىگە بولغان ئىدى. شۇ زاماندا ئاپپاق خوجىنى قوغلاپ چىقىرىش ۋەقەسى ۋە ئاق تاغلىقلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ۋەقەسىگە دانىيال ئاكا-ئۇكا ئارىلاشقان ئىدى.

يەركەن خاندانلىغى يىمىرىلىدىغان چاغدا، ئىسمائىل يەركەن پۇقرالىرىغا ھەتتا "ئىسھاق ۋەلى جەمەتىدىكىلەرنى دىنىي رەھبەر قىلىش" دىگەن شەرت بىلەن تەسلىم بولساڭلار بولىدۇ دەپ تاپىلىغان. لېكىن، جۇڭغار قوشۇنلىرى بۇ شەرتكە پەرۋا قىلمىدى. يەركەن قەلئەسى ئىستىلا قىلىنغاندىن كېيىن، دانىيال ئاكا-ئۇكىلار كەشمىرگە قېچىپ كەتتى. سۆزسىزكى، بۇ ئاكا-ئۇكا ئاپپاق خوجىنىڭ تەبئى دۈشمىنى ئىدى.

ئاپپاق خوجا دانىيال ئاكا-ئۇكىغا كۆپ قېتىم خەت يوللاپ، ئۇلارنى قايتىپ كېلىشكە ئېزىقتۇرغان ئىدى. ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكى كېپىللىككە ئېرىشكەندىن كېيىن، دانىيال ئاكىسى شۇئەيىپ بىلەن تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا قايتىپ كەلدى. تىزناپ دەرياسىدىن ئۆتۈۋاتقان چېغىدا، ئاپپاق خوجا ئالدىن تەييارلاپ قويغان ئاق تاغلىق ئىشانلار شۇئەيىپنى ئۆلتۈرۈپ، جەسىدىنى تىزناپ دەرياسىغا تاشلىۋەتتى. دانىيال بولسا بۇ پاجىئەدىن قېچىپ قۇتۇلۇپ، ماۋۇرائۇننەھر رايونىدىكى دەھبۇدگە قېچىپ بېرىپ، بۇ جايدا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، خوجەندگە كۆچۈپ بېرىپ، شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالدى. ئۇنىڭ خوجا ياقۇپ ئىسىملىك بالىسى مۇشۇ يەردە تۇغۇلغان ئىدى⑤. كېيىنچە خوجا ياقۇپ خوجا جاھان دەپ ئاتالدى، بۇ "جاھان خوجىسى" دىگەنلىك بولىدۇ.

ئەمدى ئەسلى تېمىغا قايتىمىز.

ئاقباشخاننىڭ تەكلىۋى بويىچە، دانىيال يەركەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاقباشخان قالايمىقانچىلىقتا پېتىپ قالغان بۇ قەلئەنى ئۇنىڭغا تاشلاپ بېرىپ، ئۆزى ھىندىستانغا كەتتى⑥. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىسھاق جەمەتىدىكىلەر دىنىي رەھبەرلىك ئورنىدىن مەمۇرىي ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئۆتتى.

مەيلى قەشقەردىكى خوجا ئەخمەت بولسۇن، ياكى دانىيال بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى قارشى تەرەپنىڭ زېمىنلىرىنى ئۆز ئەجداتلىرىمىزدىن قالغان مىراس دەپ دەۋا قىلدى. ئاقىۋەتتە ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار بىۋاستە قوراللىق توقۇنۇشتى.

دانىيالنىڭ ئەھۋالى ناچارراق ئىدى. بىر تەرەپتىن، قەشقەر قوشۇنلىرى ھەمىشە دىگۇدەك يەركەن كارۋانلىرىنى تالان-تاراج قىلىپ تۇراتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاق تاغلىق ئىشانلار يەركەن رايونىنىڭ ئۆزىدە پات-پات ئادەم ئۆلتۈرۈپ جېدەل-غوۋغا تۇغدۇرۇپ تۇراتتى. ئۇلار ئىلگىرى قارا تاغلىقلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئاق تاغلىق سەپداشلىرى ئۈچۈن قىساس ئالىمىز دەپ ھەممىلا يەردە چۇقان كۆتىرىپ، تەشۋىق پەيدا قىلدى. يەركەن قەلئەسىنىڭ دەرۋازىلىرى كۆپىنچە تاقاقلىق تۇراتتى. قەشقەر قوشۇنى بىلەن خوتەن قوشۇنى ھەتتا بىرنەچچە مەرتەم يەركەن قەلئەسىگە يېقىن جايلارغىچە قىستاپ كېلىپ، ئاشلىق ۋە ئۇلاقلارنى بۇلىدى.

بۇنداق مۇشكۇل شارائىتتا دانىيال ھاشىم سۇلتان ئىسمىلىك بىر قازاق قەبىلە باشلىقىنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، خانلىقتا ئولتۇرغۇزدى. شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشىمىز كېرەككى، شۇ مەزگىلدىن باشلاپ قىرغىزلار بىلەن قازاقلارمۇ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي

رايونىدىكى سىياسى بورانغا ئارىلىشىپ قالدى. بۇنىڭ سەۋەۋى شۇكى، گەرچە ئىككى گۇرۇھتىكى خوجىلارغا بىر تۈركۈم جېنىدىن كەچكەن ئىشانلار قولچوماق بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشانلار مۇنتىزىم ئۇرۇشلارغا يارىمايتتى. قازاق ئاتلىق قوشۇنلىرى بىلەن قىرغىز ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ جەڭ قىلىش ئىقتىدارى، ھەركەتچانلىغى ھەم ئۇۋچىلىق تۇرمۇشتا چېنىققان قوماندانلىق سەنئىتى بۇ ئىشانلاردا ئەسلا يوق ئىدى.

دانىيال قازاق قەبىلە باشلىغى ھاشىمنى تەكلىپ قىلىشتىن بۇرۇن، قەشقەردىكى خوجا ئەخمەت بىر تۈركۈم قىرغىزلاردىن پايدىلىنىش مەقسىدىدە، ئۇلارنىڭ ئاق ساقاللىرى ئازۇمەت بىنى قاراخان، قازار زەنگىنى ھاكىمبەگ، چارۇپبەگنى ئىشكاغا بەگ قىلىپ تەيىنلىگەن ئىدى.

ھاشىم سۇلتان يەركەندە بىر يېرىم يىلدەك خان بولدى، دەسلەپتە، ئۇ دانىيالنىڭ ھالىنى ھەقىقەتەنمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئوڭشىدى. ئۇ ئىچكى جەھەتتە جەمىيەت تەرتىۋىنى ئىزىغا سالدى، تاشقى جەھەتتە، خوتەن بىلەن قەشقەرنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى مەغلۇپ قىلدى. لېكىن كېيىنكى كۈنلەردە ھاشىم سۇلتان ۋەزىيەتنى تىزگىنلەپ تۇرالماي قالدى.

«تەزكىرەئى خوجىگان»دا: ”بۇزۇق ئادەملەرنىڭ سەۋەۋى بىلەن ھاشىم سۇلتان ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق بۇزۇلۇپ كەتتى“ دېيىلىدۇ. بۇ گەپنىڭ مەلۇم ئىشىنەرلىك يېرى بار، ئەلۋەتتە. بىراق، تۈپ مەسىلە شۇ يەردىكى، ھاشىم سۇلتان يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن نەتىجىلەرگە بەكمۇ بالدۇر ئېرىشىۋالغانلىقتىن، دانىيالنىڭ ھاشىم سۇلتانغا داۋاملىق سۆيۈنۈش ئېھتىياجى قالمىغان

ئىدى. ئاخىر، ھاشىم سۇلتان ئۆز تاۋابىئاتلىرىنى ئېلىپ يەركەندىن تىيانشاننىڭ شىمالىغا قايتىپ كېتتى.

ئاپپاق خوجا ئۆلگەندىن كېيىن تا كىتاۋىمىزنىڭ مۇشۇ بۆلۈمىدە بايان قىلىنىۋاتقان مەزگىلگىچە، بىز جوڭغار خاندانلىقىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا ئېلىپ بارغان بىرەر ئەمىلىي پائالىيىتىنى بولۇقتۇرمىدۇق. چۈنكى بۇ مەزگىلدىكى جوڭغار خاندانلىقى كۈچلۈك-لۈكتىن ئاجىزلىققا يۈزلەنمەكتە ئىدى.

1695-يىلى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى شەرقتە لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىدىن باشلاپ غەربتە نىڭشىيا رايونىغىچە بولغان ئارىلىقتا موڭغۇل دالاسىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەن جوڭغار قوشۇنلىرىغا مىسلى كۆرۈلمىگەن كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىغان ئىدى. بۇ ئۇرۇشتا جوڭغار قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولۇپ، غالدان ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. غالداندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى سىۋاڭ ئاراپتان جوڭغار خانى بولدى.

سىۋاڭ ئاراپتان ھۆكۈمرانلىقىدىكى جوڭغار خاندانلىقى بىر نەچچە يىلدىن كېيىن يېڭىۋاشتىن كۈچىيىپ ئۆز ئەتراپىغا قوشۇن ئەۋەتىشكە باشلىدى. بۇ دەل دانىيال بىلەن خوجا ئەخمەت تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي ۋە غەربىي رايونىدا ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ۋاقىت ئىدى.

### 3. جوڭغار قوشۇنىنىڭ تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىغا كىرىشى

1715-يىلى سىۋاڭ ئاراپتان قۇمۇل بىلەن ئاقسۇغا بىرلا ۋاقىتتا كەڭ كۆلەمدە ھەربىي ھەركەت قوللاندى. جوڭغار قوشۇنلىرى قۇمۇل

رايوندا چىڭ سۇلالىسىنىڭ قايتۇرما زەربىسىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاقسۇنىڭ غەربىي قىسمىدا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئۇلار ئاقسۇنى بېسىۋالغاندىن كېيىن قەشقەردىن داجىپ ئۆتۈپ، تەكلىما-كان ئارقىلىق ئۇدۇللا يەركەنگە قىستاپ بارغاندا، دانىيال قارشى-لىقسىز تەسلىم بولدى.

جۇڭغار قوشۇنلىرى دانىيالنىڭ باشلامچىلىقىدا غەرپكە قاراپ ئاتلىنىپ، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ ئەخمەتنى ئەسىر ئالدى. ئۇرۇش ئاياقلاشقاندىن كېيىن دانىيال بىلەن ئەخمەت ھەم ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنىپ، ئىلىدىكى ئىسرەن قابورغا دىگەن جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى ھەم بۇ يەردە بىرنەچچە يىل نەزەر-بەنت ئاستىدا تۇرمۇش كەچۈردى⑦.

تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي رايونىغا كىرگەن جۇڭغار قوشۇنلىرى چوڭ سىرىنداۇنبۇنىڭ قوماندانلىقىدا 1716-يىلى خوتەن ئارقىلىق شىزاڭ رايونىغا كىرىپ لاسانى ئىشغال قىلدى، جۇڭغار قوشۇنلىرى لاسادا تۆت يىل تۇردى، 1719-يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىغا چېكىنىپ چىقتى.

سىۋاڭ ئاراپتان 1715-يىلى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىغا ئەسكەر چىقىرىشتا ئېنىق ھەربىي نىشانىنى كۆزلىگەن ئىدى، بولۇپمۇ جۇڭغار قوشۇنلىرى شىزاڭ رايونىغا كىرىپ، چىڭخەي، سىچۇەنلەرگە قارىتا بىر خىل يوشۇرۇن تەھدىت شەكىللەندۇرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ مۇددىئاسى تېخىمۇ ئاشكارا بولدى. بىراق بۇ ھەربىي مۇددىئا-نىڭ كەينىگە ئىقتىسادىي مەقسەتمۇ يوشۇرۇنغان ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، جۇڭغار خاندانلىقىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى غەللە-

ئالۋاڭلارغا قايتا ئېرىشمەكچى بولغانلىقى ئىدى. خانىم پادىشا ئىچكى جېدەل ـ ماجىرا قوزغىغاندىن كېيىن، داۋالغۇش ۋەزىيىتىدە تۇرۇۋاتقان قەشقەر، يەركەن، خوتەن قاتارلىق جايلار جوڭغار خاندانلىقىغا تاپشۇرۇۋاتقان غەللە ـ پاراق ئاساسىي جەھەتتىن توختاپ قالغان.

دانىيال بىلەن ئەخمەتنى ئىلىدا تۇتۇپ تۇرۇش جوڭغار خاندانلىقىنىڭ ئۆز ئىقتىسادىي مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھېچقانداق پايدا كەلتۈرمەيتتى، تۇراقلىق غەللە ـ پاراق مەنبەسى بىر قاتار ئۈنۈملۈك مەمۇرى ئورگانلار تەرىپىدىن كاپالەتلەندۇرۇلۇشى لازىم ئىدى. ۋاھالەنكى، جوڭغار خاندانلىقى شۇ چاغدا دەل مۇشۇ نۇقتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايۋاتاتتى. شۇ ۋەجىدىن، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، سىۋاڭ ئاراپتان دانىيالنى ئاقسۇ، قەشقەر، يەركەن، خوتەن قاتارلىق تۆت شەھەرنىڭ ھاكىمى قىلىپ تەيىنلىدى. دانىيالنىڭ ئوغلى خوجا جاھان (خوجا ياقۇپ) بارىمتا سۈپىتىدە داۋاملىق ئىلىدا تۇتۇپ تۇرۇلدى. دانىيال يەتتە يىلغىچە ئىزچىل ھالدا مۇشۇ ۋەزىپىدە تۇردى.

دانىيالنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى خاتىرىلەنگەن تۈرلۈك تارىخىي ماتېرىياللار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ يەتتە يىل جەريانىدا دانىيال ئاساسەن مۇنۇ ئىككى ئىشنى قىلدى. ئۇنىڭ بىرى، ۋاقتى ـ قەرەلىدە ئىلىغا بېرىپ سىۋاڭ ئاراپتانغا ئۆز خىزمەتلىرىدىن دوكلات قىلىپ تۇردى. يەنە بىرى، ۋاقتى ـ قەرەلىدە جوڭغار خاندانلىقىغا غەللە ـ پاراق يەتكۈزۈپ بەردى. دانىيال مەزگىلىدە پەقەت قەشقەر، يەركەن، خوتەن قاتارلىق جايلارلا يىلىغا جوڭغار خاندانلىقىغا يۈزمىڭ تەڭگە باج ـ سېلىق تاپشۇرۇپ تۇردى⑧.

1727 ـ يىلى سىۋاڭ ئاراپتان ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى غالدان

سىرىن خان بولدى. جۇڭغار خاندانلىغىدا بولۇپ ئۆتكەن بۇ قېتىمقى خان ئالمىشىش تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىغا ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىش شۇ بولدىكى، غالدان سىرىن دانىيالنى يەركەن پادىشالىغىغا ئۆستۈرۈش بىلەن بىللە، ئۇنىڭغا يەنە قارا تاغلىقلارنىڭ ۋەخپە يەرلەردىن ئېلىنىدىغان ھەممە ئۆشرە-زاكاتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىنى بەرگەن ئىدى.

دانىيال ئۆلگەندىن كېيىن، غالدان سىرىن دانىيالنىڭ چوڭ ئوغلى خوجا جاھاننى يەركەن ھاكىمى، ئۈچىنچى ئوغلى خوجا يۇسۇپنى قەشقەر ھاكىمى، تۆتىنچى ئوغلى خوجا خامۇشنى ئاقسۇ ھاكىمى، كىچىك ئوغلى خوجا ئابدۇللانى خوتەن ھاكىمى قىلىپ تەيىنلىدى، دانىيالنىڭ ئوغۇللىرى ھاكىملىققا تەيىنلىنىۋاتقان چاغدا، كىشىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى تارتىمىغان بىر ئىش سادىر بولدى، يەنى شۇ قېتىملىق تەيىنلەشتە پادىشا دىگەن نام قايتا تىلغا ئېلىنمىدى. كېيىنكى پاكىتلار بۇ ئىشنىڭ غالدان سىرىننىڭ قارا تاغلىقلارنىڭ مەمۇرى ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش مەقسىدىدە قوللانغان ئۆتكۈنچى تەدبىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. دەرۋەقە، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، غالدان سىرىن ئابدۇۋاھىتنى ئاقسۇ ھاكىمى، غازىبەگنى يەركەن ھاكىمى، ئۆمەرنى خوتەن ھاكىمى، كىپەكبەگنى قەشقەر ھاكىمى قىلىپ تەيىنلەپ، دانىيال ئوغۇللىرىنىڭ مەنسەپلىرىنى تارتىۋالغان.

دانىيالنىڭ ئوغۇللىرى ئىچىدە خوجا جاھان مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا ئائىت يازما ماتىرىياللاردا ئۇنىڭ بىلىملىك شەخس ئىكەنلىكى كۆپ تەرىپلەنگەن. مەسىلەن، ئۇ ھەر دۈشەنبە، چارشەنبە كۈنلىرى مەدرىسكە بېرىپ دەرس ئاڭلايتتى، ئالىم،

ئاخۇن، شائىرلارنى يىغىپ مەجلىس ئاچاتتى. قانۇن-يوسۇنلارنى قاتتىق يولغا قويياتتى دەپ تەرغىپ قىلىنغان. تارىخىي شەخس سۈپىتىدە بۇ زاتنىڭ ئىش پائالىيىتى مۇشۇ مەزگىلدە ئىپادىلەنمەيدۇ. كىتاۋىمىزنىڭ ئون ئۈچىنچى بابىدا بۇ كىشىنىڭ پائالىيىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدۇ.

بىز توختىلىۋاتقان مۇشۇ مەزگىلدە دانىيالنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى خوجا يۈسۈپنىڭ پائالىيىتى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ.

يۈسۈپ ئىلىدا نەزەربەنتتە تۇرغان ۋاقىتلىرىدىلا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن يۈكسەك مۇددىئا ۋە تامادا ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. شۇ چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقۇرى تەبىقە كىشىلىرىدىن بىرى جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرىغا خوشامەت قىلىش ئۈچۈن تيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدىن ئېلىنىدىغان باج-سېلىقنى كۆپەيتىشنى تەكلىپ قىلغاندا، يۈسۈپنىڭ ئارىلىششى بىلەن جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرى بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى. خوجا يۈسۈپنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان بۇ مىجەزى غالدان سېرىننىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. بىر قېتىم خوجا يۈسۈپ ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى خوجا ئابدۇللا بىلەن ئىلىغا بېرىپ غالدان سېرىنغا كۆرۈنگەن چاغدا، ئۇ ئىلىدا تۇتۇپ قېلىندى.

1745-يىلى غالدان سېرىن ئۆلۈپ ئىككى يىلغىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە جۇڭغار خانى ئۈچ قېتىم ئالماشتى. ئاۋال غالدان سېرىننىڭ كىچىك ئوغلى سۋاڭ دورجى نامزار خان بولدى. كېيىن ئۇنىڭ ئاچىسىنىڭ ئېرى سايىن بۆلاق ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، غالداننىڭ چوڭ ئوغلى لامادارزانى خان قىلىپ كۆتەردى. بۇ يېڭى خان ئۆزىنى خانلىققا چىقارغان سايىن بۆلاق ھەمدە جۇڭغار خاندانلىقىنىڭ بەرپا بولۇشىغا تۆھپە قوشقان چوڭ-كىچىك سېرىنلارنى ئۆلتۈ-

رۋۆەتتى. كەينىدىنلا دوربوت قەبىلىسىنىڭ باشلىغى ئامۇر سانا لامادارزانى ئۆلتۈرۈپ، داباجىنى خان قىلىپ كۆتەردى.

خوجا يۈسۈپ ئىلىدا تۇرۇپ جۇڭغار خاندانلىغىنىڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدە يۈز بەرگەن بۇ كەسكىن توقۇنۇشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، بۇنى جۇڭغار خاندانلىغىدىن ئايرىلىپ چىقىشىنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ ھېساپلىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن قەشقەر ھاكىمى قۇش بەگكە ھەربى قوزال راسلاپ، قەلئەنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇش توغرىسىدا مەخپىي كۆرسەتمە بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن قىرغىزلار-نىڭ باشلىغى ئۆمەر مىرزا بىلەن يوشۇرۇن ئالاقە قىلىپ، بىللە قوز-غىلاڭ كۆتىرىشكە كېلىشتى. ھەممە تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن، خوجا يۈسۈپنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قەشقەر ھاكىمى داباجىغا قىرغىزلار قەشقەر ۋە يەركەنگە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ دەپ يالغان مەلۇمات بېرىپ، ئۇنىڭدىن ۋەزىيەتنى ئوڭشۇۋېلىش ئۈچۈن خوجا يۈسۈپنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ چاغدا قىرغىزلار-نىڭ باشلىغى ئۆمەر مىرزا ئالدىن بەلگىلەنگەن پىلان بويىچە قەشقەرگە يېقىن تاغلىق رايونىدا قوشۇن توپلاپ، شاۋقۇن-سۈرەن كۆتىرىپ راستىنلا قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىدىغاندەك كۆرۈندى. ئىچكى ماجرالارغا قاتتىق پېتىپ قالغان جۇڭغار خاندانلىغى شۇ تاپتا تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغۇچىلىكى قالمىغانلىقتىن، قەشقەر ھاكىمىنىڭ تەلىۋىگە قوشۇلۇپ، يۈسۈپنى قويۇپ بېرىشكە ماقۇل بولدى.

ھەر خىل ئېھتىماللىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، خوجا يۈسۈپ ئالدى بىلەن ئوغلى خوجا ئابدۇللانى يولغا سېلىپ، ئۆزى بارىمىتا سۈپىتىدە داۋاملىق ئىلىدا تۇرۇپ قالدى. خوجا ئابدۇللا ئاقسۇغا

كېلىش بىلەنلا 3000 دەك ئەسكەر، 500 دەك ئات توپلىدى. بۇ ھال ئۇچتۇرپان ھاكىمى خوجىسنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

خوجا ئابدۇللا قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن، پىلان بويىچە داباجىغا دەرھال مەكتۇپ ئەۋەتىپ، قەشقەر ۋەزىيىتىنىڭ ئىنتايىن تۇراقسىز بولۇپ، ئۇزىنىڭ كۈچى ئاجىزلىق قىلىۋاتقانلىقىنى يالغان خەۋەر قىلدى. دامىغا چۈشكەن داباجىنىڭ داۋاملىق ئالدانماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يۇسۇپ قويۇپ بېرىلدى. ئارقىدىنلا بىر قاتار دراماتىك ۋەقەلەر يۈز بەردى⑨.

باي ناھىيىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان مۇزات دەرياسى بويىدا خوجا يۇسۇپ ئۇچتۇرپان ھاكىمى خوجىس بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. بۇ كىشى ئەسلىدە يۇسۇپ ئاتا ـ بالا ئىككىسىنىڭ پىلانىدىن خەۋەردار بولۇپ، داباجىنى بۇنىڭدىن خەۋەرلەندۇرۇش ئۇچۇن ئىلىغا كېتىۋاتـ قان ئىدى. بۇ تاسادىپىي ئۇچرىشىش خوجا يۇسۇپىنىڭ ئۆز پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قەدىمىنى تېزلەتتى. خوجا يۇسۇپ ئاقسۇدا ئۇزۇن تۇرۇپ قېلىشقا پېتىنالماي، قەشقەرگە قاراپ ئاتلاندى. خوجىس بولسا كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ يول يۈرۈپ ئىلىغا بېرىش بىلەن، قەشقەردە بولۇۋاتقان ۋەقەلەرنى مەلۇم قىلدى. داباجى ئۈچ يۈز ئاتلىق ئەسكەر ئاجرىتىپ، ئۇلارغا خوجا يۇسۇپنى چوقۇم قايتۇرۇپ كېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. قوغلاپ كەلگەن بۇ ئەسكەرلەر- نىڭ قەدىمى ئاقسۇغا يەتكەندە، خوجا يۇسۇپ بۇ يەردىن ئاللىقاچان چىقىپ كەتكەن ئىدى. پەيزىئاۋاتقا قوغلاپ كەلگەندە، خوجا يۇسۇپ مەسچىت دېگەن بىر كېچىكتە قەشقەر دەرياسىدىن ئەمدىلا ئۆتۈپ بولغان ئىدى. دەريانىڭ ئۇ قېتىدا بولسا قەشقەر قوشۇنلىرى سەپ تارتىپ تەييارلىنىپ تۇرغان ئىدى.

كېيىن داباجى بىرنەچچە نۆۋەت يارلىق ئەۋەتىپ، خوجا يۈسۈپنى چاقىرتقان بولسىمۇ، خوجا يۈسۈپ ماپاسىل (رېماتىزىم) كېسىلى بولۇپ قالدىم دېگەن بانا بىلەن ئىلىغا بېرىشنى رەت قىلدى.

لېكىن، خوجا يۈسۈپنىڭ ئىشى تامامەن ئوڭۇشلۇق بولمىدى. ئۈچتۇرپان ھاكىمى خوجىس باشلىق بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۇنىڭغا قارشى چىقتى. خوجا يۈسۈپ بىلەن دۈشمەنلەشكۈچىلەر ئىچىدە يەنە ئاقسۇ ھاكىمى ئابدۇللا ۋاھىت، ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق قوشۇن بېگى ئابدۇساتتار، ئاتۇش ھاكىمى نىياز قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار خوجا يۈسۈپنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن، قەشقەر قوشۇن بېگى خۇدايارنى ياردەمگە چاقىردى.

«تەزكىرەئى خوجىگان»دا خوجىس قاتارلىقلارنىڭ خۇدايارغا ئەۋەتكەن خېتىنىڭ مەزمۇنى نەقىل كەلتۈرۈلگەن. خەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: "خاقان چىن ئامۇر سانا بىلەن كۆپ لەشكەر ئېلىپ كەلگەندەك، ئىلىنىڭ ئىچى پاراكەندىچىلىككە پاتقان، داباجى ئۇنىڭغا قارشى تۇرالمايدۇ. خاقان چىن ۋە ئامۇر ساناغا خىزمەت كۆرسىتىش ئۈچۈن، ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ خوجا يۈسۈپنى تۇتۇپ ئۆلتۈرسىڭىز، ئەگەر موڭغۇللار دەۋرى يەنە باشلانسا، ھەرگىز بۇ خىزمەتنى ئۇنتۇپ قالماس، ئانداق بولمىسا، يۇرتنى ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن سوراپ تۇرغايسىلەر".

خوجا يۈسۈپنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش مەسئۇلىيىتىنى خۇدايار ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ، ئادەم تەييارلاپ مەلۇم بىر جۈمە كۈنى خوجا يۈسۈپ مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلدى. بىراق خۇدايار تاللىۋالغان قاتىللار خوجا يۈسۈپنى بۇ ئىشتىن مەخپىي خەۋەرلەندۈرۈپ قويىدى. جۈمە كۈنى ھارپىسى

كېچىدە خۇدايارنىڭ ئۆزى ئۆلتۈرۈلدى. خوجا يۈسۈپنى ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستى شۇنىڭ بىلەن بەربات بولدى.

ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، ئاتۇشلاردا ھەتتا قەشقەرنىڭ ئۆزىدە خوجا يۈسۈپكە قارشى كۈچلەر مەۋجۇت بولغانلىقى داباجىنىڭ غەيرىتىگە زور مەدەت بولدى. داباجى ئۆزىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكچى بولدى. جۇڭغار ئەلچىلىرى داباجىنىڭ جايلاردىكى ھاكىملارغا يازغان يارلىقلىرىنى ئېلىپ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىغا كەلگەندە، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى ھاكىملارنىڭ شەرتسىز قوللاشلىرىغا ئېرىشتى. لېكىن قەشقەر قەلئەسىگە كىرگەندە، بۇ يەرنىڭ ھاكىمى قۇش بەگ ئۆز تەقدىرىنىڭ خۇدايارنىڭكىدەك بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، داباجىنىڭ بۇيرۇقىغا كۆرۈنۈشتە ئەمەل قىلغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بىجا كەلتۈرۈشتىن باش تارتتى. بەشكېرەم ھاكىمى بىلەن پەيزىۋات ھاكىمى بولسا داباجى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئىختىيار قىلىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى. لېكىن خوجا يۈسۈپ قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرغانلىقتىن، ئۇنى ھېچنىمە قىلالمىدى. جۇڭغار ئەلچىلىرى قەشقەردە ھېچ ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرالمىغاندىن كېيىن يەركەنگە قاراپ يولغا چىقتى.

جۇڭغار ئەلچىلىرى بۇ يەردە يەركەن ھاكىمى غازىبەگنىڭ ياردىمى بىلەن خوجا جاھاننى قولغا ئالدى. بىراق ئۇ ناھايىتى تېزلا قويۇپ بېرىلدى. چۈنكى غازىبەگنىڭ خوتەندىكى ئائىلە تەۋەلىرى خوجا جاھاننىڭ ئوغلى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان ئىدى.

شۇ يىلى داباجىنىڭ تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىدە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قايتا تىكلەش يولىدىكى ھەرىكەتلىرى مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭ

بىلەن بىللە خوجا يۈسۈپنىڭ تەسىر كۈچىمۇ قاتتىق ئاجىزلىشىپ كەتتى. ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان ھەتتا قەشقەرگە يېقىن پەيزىۋات، بەشكېرەم قاتارلىق جايلار خوجا يۈسۈپنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىلىپ، بەزىلىرى جۇڭغار خاندانلىقى تەرەپكە ئۆتتى، بەزىلىرى ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. كۇچار، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلار بولسا چىڭ سۇلالىسى بىلەن ئالاقە ئورناتتى، ياكى ئالاقە ئورنىتىش كويىغا چۈشتى. يەركەن، خوتەنلەر ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت بولۇپ تۇردى. تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى كۈچلەر مىسلىسىز دەرىجىدە بۆلۈنۈپ كەتتى.

ئىشانلار مەزھىپىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشى شۇنى كۆرسەتتىكى، ئۇ بىر خىل سىياسى كۈچ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. ئىشانلار مەزھىپىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ سىياسى تەشەببۇسلىرىنى ئاقتۇرغان ھۆكۈمرانلار تەبىقىلىرى مۇستەسناسىز ھالدا ئىشانلارغا تۈرلۈك سىياسى ۋە ئىقتىسادىي ئىمتىيازلارنى بەرگەن. ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەر، مۇھەممەت شېرىپ جەمەتىدىكىلەر ۋە ئىسھاق جەمەتىدىكىلەر ئىشانلار مەزھەپلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەزگىللەردە تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا بەھرىمەن بولغان سىياسى ئىمتىيازلىرىنىلا گەۋدىلەندۈرۈپ قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېرىشكەن ئىمتىيازلىرىنىمۇ گەۋدىلەندۈرگەن.

## 4. ئىشانلار مەزھىپىنىڭ ئىقتىسادىي ئىمتىيازى ۋە قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيىسى

سىياسى ۋەزىيەت داۋالغۇپ، ھاكىمىيەتلەر توختىماي ئالمىشىپ تۇرغان چاغلاردا، ئىشانلار مەزھەپلىرىنىڭ سىياسى ئىمتىيازى

ھەمىشە توساتتىن كۆتىرىلگەن سىياسى بورانىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، زادى مۇقىم بولمىدى.

تۇراقسىز سىياسى ئىمتىيازغا قارىغاندا ئىشانلار مەزھىپىنىڭ ئىقتىسادىي ئىمتىيازلىرى نىسپىي مۇقىم بولدى.

شۇ مەزگىلدە تارىم ۋادىسىنىڭ ئەتراپىغا تەكشى تارقالغان ۋەخپە يەرلەرگە بولغان ئىگىدارچىلىق ئىشانلار مەزھەپلىرى بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئىقتىسادىي ئىمتىيازلارنىڭ ئاساسلىق بەلگىسى ئىدى.

ئىشانلار مەزھەپلىرىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا يەرگە بولغان ئىگىدارچىلىغىنىڭ مۇقەددىمىسى، شۇبھىسىزكى، تۇغلۇق تۆمۈر مەزگىلىدىن باشلىنىدۇ. شۇ دەۋردىن باشلاپ ئىشانلار مەزھەپلىرىنىڭ ئاساسىي پائالىيەت ئورۇنلىرى بولغان مازار، خانىقالارغا ۋەخپە يەرلەر بېرىلىپلا قالماي، شەخسكىمۇ بېرىلىدىغان بولدى. ۋەخپە يەرلەرنى شەخسى نامىغا ئاتاپ بېرىش ئەھۋالى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدىن باشقا رايونلاردا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان ئىش ئىدى.

تۇغلۇق تۆمۈر ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، كۇچاردا ۋەخپە نامىدىكى نۇرغۇن يەرگە ئىگە بولغۇچىلارنىڭ ئىچىدە ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەردىن باشقا، شەيخ نىزامىدىن جەمەتىدىكىلەرمۇ بار ئىدى⑩. يېرىم ئەسىردىن كېيىن ئىشانلار مەزھەپلىرىنىڭ ۋەخپە يەرلىرى بۈگۈر، ئاقسۇ، يەركەن، تۇرپان قاتارلىق جايلارغىچە ئومۇملاشتى.

ئاقسۇ رايونىدىكى ۋەخپە يەرلەر ئاساسەن جالالىدىن مازىرى ۋە ئەرشىدىننىڭ چوڭ ئوغلى ئوبۇلپەتتاھنىڭ ئىلكىدە ئىدى. «جالالىدىن كېتكى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەققىدە قىسسە» ناملىق كىتاپتا ئاقسۇ رايونىدىكى ۋەخپە يەرلەر توغرىسىدا مۇنداق مەلۇمات بېرىلىدۇ:

”ئوبۇلپەتتاھ خوجا كۇچارلىقلار بىلەن خوشلىشىپ، 500 ئادەمنى هاشارغا ئېلىپ ئەردىۋىل (ئاقسۇ) گە كەلدى. قاراپ كۆرگەندە، يارنىڭ تۈۋى جاڭگال ئىدى. بۇ ئەھۋال يامان بولدى دەپ، ئاقسۇ دەرياسىنىڭ بىر بوغمىزىنى توسىدى. ئىككى تاغنىڭ ئارىسى سۇغا تولدى. توغاننى ئېچىپ قويۇپ بەردى، سۇ بۇلۇقلاپ ئاقتى. شۇ سەۋەپلىك بۇ يەر شۇنىڭدىن باشلاپ ”ئاقسۇ“ دەپ ئاتالدى. شەھەرگە ھىسار قىلماقچى بولۇپ ئۈچ قورغان بىنا قىلدى. بۇ قورغانلار ئالتە سەييارە ھىسارى، موغۇللار ھىسارى، خوجا ھىسارى دەپ ئاتالدى. هاشارچىلار ياغاچ ئېلىپ كېلىپ، ئۆي سېلىپ ئولتۇردى. ئەتراپقا بىر ئەۋلىيا كېلىپ مىڭ ئۆيلۈك بولۇپتۇ دىگەن خەۋەر تارقالدى. خوجا ئىلىدىكى خانغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئىلىدىكى ئەردىۋىللىكلەرنى چاقىرتىپ تۆت يۈز ئۆيلۈك كىشى ئېلىپ كەلدى. بۇلار يارنىڭ ئاستىغا ئۆي سېلىپ ئولتۇردى. ئۇلاردىن ئەللىك ئۆيلۈك كىشىنى ئالۋاڭ-سېلىقتىن ئازات قىلىپ، جالالىدىن كېتىكى مازىرىدىن خەۋەر ئېلىشقا ئايكۆلگە كۆچۈردى.“

يەركەندىكى ۋەخپە يەرلەر ئاساسەن چىلتەن مازىرىنىڭ ئىگىدار-چىلىغىدا ئىدى. «زىيائۇلقۇلۇپ» ناملىق كىتاپتا مۇنداق دىيىلدۇ: ”ئابابەكرى شاھ تالىپنى تەرىقەت ئۇستازى قىلىپ ئولتۇرغۇزدى... ھەپتە مۇھەممىدان (چىلتەن مازىرى) ئۈچۈن ئالتە پاتمان چامىسىدا زىمىن ۋەخپە قىلدى...“

يەركەن خاندانلىغى مەزگىلىدە سىياسى كۈرەشلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئېھتىياجلار ئىشانلار مەزھەپلىرىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرگەنىدى، ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ بۇنىڭ ئۈچۈن تارتقان چىقىمىمۇ كۆپىيىپ ماڭدى، ۋەخپە يەرلەرنىڭ كۆلىمى تېز سۈرئەت

بىلەن كېڭىيىپ باردى. ئابدۇرىشىت ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل-لەردە قاغىلىق (ھازىرقى قاغىلىق ئەينى يىللاردا كىچىككىنە بىر كەنت ئىدى) كەنجۇتتىن كەلگەن مۇھەممەت شېرىپقا ۋەخپە قىلىپ ئاجرى-تىپ بېرىلدى. يەركەن خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە ھەربىي ئىشلار ئۈستىدە مەخپىي ئاخبارات بەرگەنلىكى ئۈچۈن، قەشقەر رايونى بىر مەھەل ئىسھاق ۋەلىگە ۋەخپە قىلىپ بېرىلدى⑪.

پوتكۇل قەشقەرنى ئىسھاق ۋەلىگە ۋەخپە قىلىپ بېرىش، ئەمەلى-يەتتە، خۇشى تۇتۇپ قالغاندا بولۇنغان ئىش ئىدى. لېكىن، يەركەن خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، ئىسھاق جەمەتىدى-كىلەر ئىگەللىگەن ۋەخپە يەرلەر قەشقەردىكى پەيزىۋات، يەركەن-دىكى توققۇز كەنت، خوتەندىكى ئاق ساراي، ئاقسۇدىكى ئاقيارغىچە كېڭەيدى.

ئىسھاق جەمەتىدىكىلەرگە خاس قىلىنغان بۇ ۋەخپە يەرلەر ھەتتا ئاپپاق خوجىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغىمۇ سازاۋار بولغان ئىدى. «تەزكىرەئى خوجىگان»دا مۇنداق دېيىلىدۇ: ”خوجا شۇئەيىپ خوجام بىلەن دانىيال خوجام ئاپپاق خوجىنىڭ تەختتە ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، سوپىلارنىڭ ئىشى باشقىچە بولغىنىنى بىلىپ، ئۆز تەۋەلىرىدىن بەزىلەرنى ئېلىپ كەشمىرگە بېرىپ تۇردى. يەركەندە قالغان دىۋانە سوپىلار خەلپىلىرىنى ئالتۇن مازاردىن تۇتۇپ ھاقارەت بىلەن سۆرەپ ئاپپاق خوجا قاشلىرىغا ئېلىپ باردى. ئاپپاق خوجا: ’سىلەر نىمە ئادەم‘ دەپ سورىدى. ’بىز خوجا ئىسھاق ئەۋلادىدىن مەخدۇم زادىلەرنىڭ كىشىلىرىدۇرمىز‘ دېدى. ئاپپاق خوجا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۆز سوپىلىرىغا غەزەپ كېلىپ: ’بىز بىر ئەۋلات تۇرساق، ئاتا-بوۋىمىز مۇنداق ئۇرۇش-تالاش قىلمىغان ئىدى‘ دەپ، يەنە

سورىدى: ”مەخدۇم زادىلەرنىڭ يەر-زېمىنلىرى بارمۇ؟‘ خەلىپىلەر: ‘قەشقەردىكى پەيزىۋات، يەركەندىكى توقىقۇز كەنت، خوتەنىدىكى ئاق ساراي، ئاقسۇدىكى ئاقيارنى خان نەزىر قىلىپ بەرگەن ئىدى‘ دىدى، ‘هازىر بۇ زېمىنلارنىڭ مەهسۇلاتىنى سىزلەر ئېلىڭىزلار، ئالتۇن مازارغا خىراجەت قىلىپ ئاشقىنىنى مەخدۇم زادىلەرگە ئەۋەتىڭىزلەر‘...“

خوجا مۇهەممەت يۈسۈپ بىلەن ئاپپاق خوجا ئاكا-ئۇكىلار دەسلەپتە قەشقەردىكى ئىسهاق ۋەلىگە خاس قىسمەن ۋەخپە يەرلەرگە ئىگە بولغان ئىدى. ئاپپاق خوجا هاكىمىيەت تارتىۋېلىشتىن ئىلگىرى، بۇ بىرقەدەر ئاز مال-مۈلۈك ئىدى. ئاپپاق خوجا هاكىمىيەت تارتىۋالغاندىن كېيىن، ياغدۇ دېگەن جاي مەركەز قىلىنغان هالدا قەشقەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى نۇرغۇن ئېتىز-ئېرىقلار ئاپپاق خوجا جەمەتىدىكىلەرنىڭ ۋەخپە يېرىگە ئايلاندى. ئاپپاق خوجا ئۆلگەندىن كېيىن، بۇ ۋەخپە يەرلەر ئاپپاق خوجا مازىرى ۋەخپە يېرى دەپ ئاتالدى.

ۋەخپە يەرلەرنىڭ كۆپىيىشى ئىشانلار مەزهەپلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيىگە قاتناشقانلىغىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. لېكىن بۇ مەسىلىنىڭ ماهىيىتى ئەمەس. مەسىلىنىڭ ماهىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، 15-ئەسىردىن 17-ئەسىرگىچە ئىشانلار مەزهەپلىرى ئىگەللىگەن ۋەخپە يەرلەر شۇ ۋاقىتتىكى يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي شەكىللىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇرلار رايونىدىكى يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ مۇهىم تۆۋرۈكى بولغان.

هەممە ۋەخپە يەرلەردە يانچىلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. چۈنكى تەييارتاپلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ئىشانلار ئۆزلىرى ئېتىز-

قاندا، مۇنداق ئېكسپىلاتاتسىيە شەكلى بەكمۇ مۇۋاپىق ئىدى. تاكى ئازات بولۇش هارپىسغىچە، هەرقايسى بوستانلىقلارغا جايلاشقان فېئودالىق قورۇقلارنى ئىشانلار مەزهىپى يۆلەپ تۇرغان.

ئىشانلار مەزهەپلىرى ئىگەللىگەن ۋەخپە يەرلەر توغرىسىدا بىز يەنە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىزكى، سىياسى ۋەزىيەتتە داۋالغۇشلار بولغان ئاشۇ مەزگىللەردىمۇ ۋەخپە يەرلەر نىسپىي مۇقىم ئىدى. بۇنىڭ سەۋىۋى شۇ يەردىكى، يېڭى هۆكۈمرانلار سىياسى ئېهتىياج تۈپەيلىدىن ۋەخپە يەرلەرگە چېقىلىشتىن ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ساقلانغان. ئاپپاق خوجا هۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىمۇ، جۇڭغار خاندانلىقى هۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىمۇ، ئوخشاشلا شۇنداق بولدى. خوجا ئەخمەت ئىلىدا تۇتۇپ قېلىنغان چاغلاردىمۇ ئاپپاق خوجا مازىرىنىڭ ۋەخپە يەرلىرىدە هېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى.

نىسپىي مۇقىملىقتىن ئىبارەت بۇ ئالاهىدىلىك ئىشانلار مەزهىپىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدىكى رولىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە كۈچەيتتى.

يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش شەكلى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئىشانلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى ۋەخپە يەرلەر مۇشۇ رايوندا مەۋجۇت بولغان هەممە دىنىي يەرلەر (ئېيتايلۇق، بۇتخانىلار ئىگەللىگەن يەرلەر)گە ماهىيەت جەهەتتە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇلار خان جەمەتىدىكىلەر (جۇملىدىن ئەمەلدارلار گۇرۇهى) فېئودال پومېششىكلار بىلەن بىللە شۇ دائىرىدە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار سىنىپىنى هاسىل قىلغان.

لېكىن ئۇنىڭ ئەمەلىي رولى بويىچە ئېيتقاندا، ئادەتتىكى دىنىي يەرلەرنى ئىشانلار مەزهىپىنىڭ ۋەخپە يەرلىرى بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى

بولمايدۇ. پەرق شۇ يەردىكى، ئىشانلار ئۆزىنىڭ رولىنى سىياسىي كۆچكە سۆيۈنۈپ كېڭەيتكەن.

ئاپپاق خوجا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، پۈتكۈل تىيانشاننىڭ جەنۇبىي تامامەن دىگۇدەك ئىشانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىغى ئاستىغا ئۆتتى. ئىشانلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى بولۇپ قالدى. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ نۇرغۇن مىزان-تەرتىپلىرى — دىخانچىلىق، سودا، باج-سېلىق، ئەدلىيە، ئامانلىق قانۇنلىرىنىڭ ھەممىسى ئىشانلار تەرىپىدىن تۈزۈلىدىغان بولدى.

مەيلى ئاق تاغلىقلار بولسۇن، قارا تاغلىقلار بولسۇن، دىنىي بايراق ئاستىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. ھالبۇكى، ئىككىلا تەرەپ ئۆز رەقىبىگە ئىسلام ئەقىدىسىدىن چەتلەپ كەتكەنلەر دەپ تۆھمەت چاپلىدى. ئۆزلىرىنى بولسا ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە ئىش كۆرگۈچىلەر دەپ ئۇچۇردى. قىسقىسى، ئىشانلار مەزھىپىنىڭ قېلىپى بويىچە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۇيۇشتۇرۇش ئاق تاغلىقلار-نىڭمۇ، قارا تاغلىقلارنىڭمۇ داۋراڭ سېلىپ ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان نىشانى بولۇپ قالغان ئىدى.

ئايانكى، ئىشانلار شىئە مەزھىپىنىڭ ھەركەت ئارقىلىق ئېتىقاتىنى ئىپادىلەش دىگەن ئەقىدىسىگە ئەمەل قىلاتتى. مۇشۇ ئەقىدە بويىچە ئىش كۆرگەن ئىشانلار پەيدىن-پەي دەرۋىشلەر گۇرۇھىدىن رىيازەتچىلەر گۇرۇھىغا ئايلاندى. دەۋر ئېقىمى، بولۇپمۇ سىياسىي ساھەدىكى كەسكىن كۈرەشلەر مۇشۇ رىيازەتچىلەر گۇرۇھىغا نۇرغۇن يېڭى تەركىپلەرنى قوشتى. مۇشۇ بۆلۈمدە بايان قىلىنىۋاتقان مەز-گىلگە كەلگەندە، ئىشانلار مەزھىپى جەمىيەتتىكى داشقاللارنىڭ قوغدىغۇچىسى بولۇپ قالغان ئىدى. مۇشۇ قوغدىغۇچىنىڭ ئاستىغا

ئۆزلىرىنى سوپى-ئىشان دەپ ئاتىۋالغان زور بىر تۈركۈم كىشىلەر يىغىلىۋالدى. ئۇلار چاچ-ساقاللىرىنى قويۇۋېتىپ، مازارلارغا جەم بولۇشتى.

كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلىشىۋاتقان ئاق تاغلىقلار بىلەن قاراتاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتا سىياسى جەھەتتىكى دۈشمەنلىك، دىنىي جەھەتتىكى ئۆچمەنلىك ئارقىسىدا، ئىشانلارنىڭ كۆپچىلىكى زالىملاشتى. ئۇلار توپ-توپ بولۇشۇپ، شەھەر ۋە يېزا-قىشلاقلاردا پۇقرالارنى بوزەك قىلىپ، ئەنسىزلىك پەيدا قىلدى. ئىشانلار مەزھىپىنىڭ رەھبەرلىرى مەمۇرى ھوقۇقنى قىزىقسىمۇ، لېكىن ھەرقانداق ھۆكۈمرانلار ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆتەشكە ئامالسىز قالدى ياكى پېتىنالمىدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى، تەبىئىكى، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلدى.

ھەممىدىن ئاۋال، باج-سېلىق تۈزۈمى تۇراقسىز ھالغا چۈشۈپ قالدى، نىمىگە ئېھتىياج چۈشسە، شۇنى ئېلىش، قاچان ئېھتىياج چۈشسە، شۇ ۋاقىتتا ئېلىش ئەۋج ئالدى. بۇ ئوچۇق-ئاشكارا تالان-تاراج قىلىشتىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيتتى. نورمال ئىجتىمائى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر — سودا، قول سانائەت بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىكى ئەقەللىي كاپالەتتىنمۇ مەھرۇم قالدى.

شەرىئەت شۇ مەزگىللەردە بىردىن-بىر قانۇن ئىدى. ھەقناھەقنى ئايرىش ۋە ئۇلار ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلىشتا پۈتۈنلەي شەرىئەت ئاساس قىلىناتتى. ۋاھالەنكى، ئۇيغۇر خەلقى شەرىئەتكە "مىلى پۈتىغى بار" دەپ كىنايە قىلىدۇ.

ئىشانلار مەزھەپلىرى تىكلىگەن ھاكىمىيەتلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋەتلەرنى موللا مۇسا سايرامىي ئۆزىنىڭ «تارىخىي ئەمىنىيە»،

«تارىخى ھەمىدى» ناملىق ئەسەرلىرىدە تولۇق پاش قىلغان ۋە تەسۋىرلىگەن. تۆۋەندە بىز «تارىخى ھەمىدى»دىن بىر ئابزاسىنى نەقىل كەلتۈرىمىز.

"...خوجىلار ئاندا-ساندا ناماز ئوقۇيتتى، كۆپ ۋاقىتنى كەيپ-ساپا قىلاتتى. ئوقەت قىلماي بىكار يۈرەتتى. خوجىلار پۇقرالارنىڭ دەردى-ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز بولۇپ، يامان كىشىلەر خوجىلارنى خۇددى تۈلكىدەك قورشاپ تۇراتتى، پۇقرالارنى بۆرىدەك يالمايتتى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرەتتى، بۇ زالىم ساختىپەزلەر ئىشانلار-نىڭ ئالدىدا ئاشلىقتەك ئەتىۋارلىناتتى، ئاتا-بوۋىسىدىن تارتىپ ئىشانلىقنى كەسىپ قىلغان خوجىلار پۇقرالارنىڭ يىغا-زارىنى ئاڭلى-يالمايتتى. ئالۋاڭ-ياساق بەك ئېغىر چۈشۈپ، پۇقرالارنىڭ كۈنى غۇربەت ئىدى، ئۇلار ھەتتا كۈندۈزى ئۆز ئۆيلىرىدە تۇرالماي، چۆل-جەزىرىلەرگە قېچىپ بېرىپ مۆكۈنۈۋالاتتى. كەچتە ئۆيلىرىگە قايتىپ كېلىپ ئانچە-مۇنچە غىزالىنىپ، ئاندىن قازان-قومۇچلارنى كۆمۈپ قويۇپ، تاڭ ئاتماستىنلا يەنە چۆلگە قېچىپ باراتتى."

## 5. ئىشانلار مەزھىپىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت ساھەسىگە كۆرسەتكەن تەسىرى

ئىشانلار مەزھەپلىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىغا تارقالغاندىن كېيىنكى بىرقانچە يۈز يىل ئىچىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسا-دىي تۇرمۇشىدا ئۆزىنىڭ كۈچىنى كېڭەيتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت تۇرمۇشىدىمۇ ئۆزىنىڭ تەسىرىنى ئۇلغايتقان.

ئىشانلار مەزھىپىنىڭ رىيازەتچىلىك ئەقىدىسى خېلى بىر

مەزگىلگىچە ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ تەبىئى خەيرىخاھلىقىغا نائىل بولغان ۋە مۇرىتلارنىڭ يامان قىلىقلىرىنى چەكلىگەن ئىدى. ئەمگەك- چىلەرنىڭ تەبىئى خەيرىخاھلىقى پايدىلىق ئىجتىمائى كەيپىيات ھاسىل قىلىپ، ئىشانلارنىڭ تارقىلىشى ئۈچۈن سورۇن ھازىرلىدى. ئۆز مۇرىتلىرىنىڭ يامانلىقلىرىنى چەكلەش ئارقىلىق مۇشۇ مەزھەپنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىرادە بىرلىكىنى ھاسىل قىلىپ، ئىشانلار مەزھىپە- نىڭ ئۆز رەقىپلىرىنى يەكلىۋېتىشى ئۈچۈن ماددى ۋە مەنىۋى كۈچ جۇغلىدى.

ئىشانلار مەزھىپىنىڭ ئۇزاق ۋاقىتقىچە تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى پائالىيەتلىرىگە كەڭ تۈردە داخىل بولغانلىقى دەل ئىشانلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيە، مەدىنىيەت ساھەسىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگەنلىكىنىڭ ئىنكاسى.

ئاپپاق خوجا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە سىياسىنىڭ ئەكس تەسىرى تۈپەيلىدىن، ئىشانلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيە، مەدىنىيەت ساھەلىرىدىكى تەسىرى زور دەرىجىدە ئاشتى. ئۇنىڭ ئاساسىي ئالامىتى شۇكى، خاسلىق ئازاتلىقىنى ۋە ئىدىيە ئەركىنلىكىنى ئىپا- دىلەيدىغان، دىنغا يات كېلىدىغان ئەدىبىي ئەسەرلەر تامامەن يوقىلىپ كەتتى. ھەممە ئەسەرگە دىنىي تۈس بېرىلىپ، ئىشانلىق تەرغىپ قىلىندى، بولۇپمۇ بۇ مەزگىلدە ۋۇجۇتقا كەلگەن بەدىئى ئەسەرلەر ئىشانلارنىڭ ھەر خىل كارامەتلىرىنى يازىدىغان خۇراپىي مەزمۇنغا تولدى. بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر ئاشۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندا، ئۇلارنىڭ بەزى كۆپتۈرمە بايانلىرىدىن قاتتىق ھەيران بولىدۇ.

ئۆزلىرىنى ئىمانى كامىللار دەپ ئاتاپ كەلگەن ئىشانلار مەزھەپ-

لىرى سەنئەت پائالىيەتلىرىگە، بولۇپمۇ، ناخشا ـ ئۇسۇلغا ئىنتايىن قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلدى. بىراق ئۇلارمۇ مۇشۇنداق شەكىللەرگە مۇھتاج بولغاندا، ئۆزلىرىگە خىزمەت قىلالايدىغان قىسىملىرىنى تاللىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتىنمۇ باش تارتمىغان. مەسىلەن، ئاپپاق خوجا مەزگىلىدە، ئۇيغۇر داخانلىرىنىڭ پېرىخۇنلۇق ئۇسۇل ھەركىتى ئىشانلار مەزھەپلىرىگە خاس دوئاگۇيلۇق شەكلىگە ئايلاندۇرۇلدى. داخانلارنىڭ پېرىخۇنلۇق ھەركىتى شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشانلار تەرىپىدىن تاللىۋېلىندىكى، ئۇ قويۇق دىنىي تۈس ئالغان ئىدى. ئۇنىڭدىن قالسا، ئىشانلار ئۇنىڭ ئەسلى نامى بولغان شامان دېگەن سۆزگە قىزىققان ئىدى.

ھەممە ئىشنى ئىسلام دىنى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە ئىرادە باغلىغان ئىشانلار شامان دېگەن ئاتالغۇنى ئەرەبچە ساما يولى دېگەن سۆزدىكى سامادىن كېلىپ چىققان دەپ، ئۇنىڭ مەنبەسىنى ئىسلام دىنى پەيدا بولغان ئەرەب يېرىم ئارىلى دەپ داۋا قىلدى. بۇنداق بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈش شۇ زاماندىكى مۇتلەق كۆپ كىشىنى ئىشەندۈردى. چۈنكى، 17 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، مۇتلەق كۆپ ئۇيغۇر پۇقرالىرى 9 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل دالاسىدا شامان دىنىغا مىڭ يىلدىن ئارتۇق ئېتىقات قىلغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى. مۇتلەق كۆپ مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار "بىز تۇغما مۇسۇلمان" دېگەن قاراشتا ئىدى.

شامان ئۇسۇلى ئىشانلار مەزھىپىدە نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى، ئۇسۇلغا نەغمە قىلىپ بېرىدىغان ۋە ناخشا ئېيتىدىغان مەخسۇس خوجىلار ــ ھاپىزلار ۋۇجۇتقا كەلدى.

ئىشانلار مەزھىپى شامان ئۇسۇلغا كىرگۈزگەن ئۆزگەرتىشلەرگە

سەل قارىغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ مۇزىكا ئاھاڭى مۇڭلۇق، رىتمى سالماقلىق، ھەركىتى سىلىق بولۇپ، قۇيۇق دىنىي كەيپىيات پەيدا قىلاتتى.

ئىشانلارنىڭ ئىدىيىسى ئاشۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيە، مەدىنىيەت ساھەسىنى بوغۇپ تاشلىدى. نۇرغۇن قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى نابۇت قىلىۋەتتى، شائىر مۇھەممەت زەلىلىنىڭ سەرگۈزەشتى بۇنىڭغا پاكىت بولىدۇ.

مۇھەممەت زەلىلى يەركەندە بىر نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ياش ۋاقتىدىلا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ تالانتى ۋە ئىقتىدارىنى نامايان قىلغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى «دىۋان زەلىلى» دىگەن ماۋزۇدا توپلام قىلىنغان. كېيىنكى كۈنلەردە زەلىلىنىڭ پاراسەت دەرىزىسى ئىشانلار مەزھىپىگە ئېچىپ بېرىلدى. ئىشانلار مەزھىپىنىڭ ئىدىيىسى ناھايىتى تېزلا ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىغا كىردى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەت زەلىلى ئۆزىنىڭ پاراستىنى ئىشانلىققا بېغىشلاشقا قەتئىي نىيەت باغلىدى. ئۇ يەركەندىن ئايرىلىپ ئاتۇشتىكى سۇلتان ساتۇق مازىرىغا كېلىپ، ئىشانلارنىڭ ئۆلچىمى بويىچە يەتتە يىل رىيازەتلىك تۇرمۇش كەچۈردى. بۇ يەتتە يىللىق ئىشانلىق ھاياتى ئۇنىڭغا ئىشانلارنىڭ ماھىيىتىنى تونۇتتى. شائىر ئۆزىنىڭ يەتتە يىللىق ئىشانلىق تۇرمۇشىنى يەكۈنلەپ مۇنداق دەيدۇ:

تەركى جاھان قىلمىغىم سەيرى جاھاندۇر غەرەز،
ئەيلەگەلى ئىمتىھان ياخشى ـ ياماندۇر غەرەز.

. . . . . . . . . . . .

چەشمە بولۇپ كۆزلىرىم ئاقسا نىچۈك ئەيىپتۇر،
ئەلگە تاھارەت ئۈچۈن ئابى زاۋاندۇر غەرەز.

............

تەلبە زەللى كېلۇر خەلق تاماشا قىلىك،
چېھرەسىنىڭ رەڭگىدىن بەرگى غازاندۇر غەرەز.

مۇشۇ مىسرالارنى يېزىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا، شائىر تەركى دۇنيا بولۇپ يەتتە يىل هايات كەچۈرگەن ساتۇق مازىرىدىن ئايرىلىپ خوتەنگە باردى.

ئۆزنى ئىشانلىقتا ئېغىشلىغان ۋە بىۋاستە شۇ تۇرمۇشنى كەچۈرگەن كىشى باشقىلار ئادەتتە چۈشىنىپ كېتەلمەيدىغان ھەقىقى ئەھۋالنى ئەينەن ئىزھار قىلىپ بېرەلەيدۇ. زەللىنىڭ ئىشانلار مەزھەپلىرىنى پاش قىلىپ يازغان شېئىرلىرى هوقۇقدارلارنى، بولۇپمۇ خوتەندىكى ئىشان، سوپى، زاهىتلارنى ساراسىمىگە سالدى، ئۇلار زەللىگە زەهەرخەندىلىك بىلەن بۆھتان چاپلىدى ۋە زىيانكەشلىك قىلدى.

بىز شائىرنىڭ مۇنۇ شېئىرىدىن ئۇنىڭ بۇ زۇلۇملارغا تىز پۈكمىگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز:

سەرەسەر مەزھەپى قارون ئېرۇر دۇنيانى يىغماقلىق،
كى شېرىن جانغا ئول زەھرى ئەجدىھانى يىغماقلىق.
كۆكۆل ھەرپىنى سەن تىغى زىبانىدىن ساقلىغىل زىنھار،
ۋەلىك ئاسان ئەمەس ئوق بىرلە ئاتقان يانى يىغماقلىق.
قەلەندەر سىرىنى ۋاقتى سەپەردە كىمگە مەنەيلەر،
ئېرۇر زەنجىر ئىلە باشتىن ئاياق دەريانى يىغماقلىق.
ماڭا مۇشكۇل كۆرۈندى ئاي پەرى رۇخسار تاماشا قىل،
چۇنۇن سەھراسىدىن ئاشقتەگى رەسۋانى يىغماقلىق.

ئاتارۇتقا زوھەل شەمشارىنى ھەيبەت بىلەن تەڭلەر،
مەھەل بارچەغە لازىمدۇر بۇگۈن چەۋزانى يىغماقلىق.
چۇۋۇق تاراچ سەۋدا زۇلپىڭ مېنى ئەيلەدى ئاجىز،
نە قۇدرەتتۇر سىپاھ لەشكەرلىرى دارانى يىغماقلىق.
زەللىلى تەلبەنى دىلبەر كويىدىن قوغلاغانىڭلار،
چۇ، بۇتخانا ئىچىدىن كاپىرۇ تەرسانى يىغماقـلىق.

شۈبھىسىزكى، ئىشانلار مەزھەپى بىلەن قارشىلاشقان زەلىلىنىڭ كۆنى ئىنتايىن تەس بولدى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا باشقىلارغا خەت يېزىپ بېرىش بەدىلىگە تاپقان تاپاۋەت بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

ئېنىقكى، زەلىلى بىر خىل يېڭى ئىدىيىۋى ئېقىمغا ۋەكىللىك قىلغان. كەڭ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ بىۋاستە سەرگۈزەشتىلىرىدىن ئىشانلار مەزھەپلىرىنىڭ كاتتىۋاشلىرى قۇرغان دىنىي ئەندىزىدىكى تۇرمۇشنىڭ ئېلىپ كەلگىنى بالايى ئاپەت خاراكتېرىدىكى جاھالەت ئىكەنلىگىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. رېئال تۇرمۇش بىلەن خوجىلار تەرغىپ قىلغان ئۆلگىلەر ئوتتۇرىسىدا ئاسمان-زېمىن پەرقلەر كۆرۈلدى. شۇڭا، ئىشانلار مەزھەپلىرىدىن قۇتۇلۇش خاھىشلىرى ئىدىيە، مەدەنىيەت ساھەسىدىلا ئەمەس، بەلكى سىياسى جەھەتتىمۇ كۈندىن-كۈنگە روشەنلەشتى.

17-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ ئۇيغۇر خەلقى بەزىدە ھاكىمىيەت سىرتىدا قالغان قارا تاغلىقلارنى قوللاپ، ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى ئاق تاغلىقلارغا قارشى چىقتى؛ بەزىدە ھاكىمىيەت سىرتىدا قالغان ئاق تاغلىقلارنى قوللاپ، ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرۇ-

ۋاتـقان قارا تاغـلىقـلارغا قارشى چىقـتى، ئۇلار مۇنـداق قىلىشـتا بىرقەدەر ئادىل ھاكىمىيەتنىڭ بولۇشىنىلا ئارزۇ قىلاتتى. ۋاھالەنكى، ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنى ئۈزلۈكـسىز ھالدا مۇشۇنـداق كۆرەشـلەرنى ئېلىپ بېرىشقا مەجـبۇر قىلغان نەرسە دەل ۋەھشـيانە ئېكسپىلاتاتـسىيە، دەھشەتلىك زۇلۇم، جەمىيەتتىكى داۋالـغۇش ۋە ئەنسىزلىكلەر ئىدى.

## پايدىلىنىلـغان كىتابلار


① شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىـنى تەكـشۈرۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن شۇ كىتابنىڭ 43 ـ ، 44 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن.
② «تەزكىرەئى خوجىگان».
③ شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىـنى تەكـشۈرۈش گۇرۇپپىـسى تۈزگەن شۇ كـىتاپـىنىڭ 12 ـ ، 13 ـ ، 15 ـ بەتـلىرىـگە قارالسۇن.
④ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، سەككىزىنچى باپ، ئىككىنچى بۆلۈم؛ «تەزكىرەئى خوجىگان».
⑤ ⑥ «تەزكىرەئى خوجىگان».
⑦ «تەزكىرەئى خوجىگان»، 28 ـ بەت.
⑧ «تەزكىرەئى خوجىگان»، 30 ـ ، 31 ـ بەتلەر.
⑨ «تەزكىرەئى خوجىگان»، 35 ـ ، 36 ـ ، 37 ـ بەتلەر.
⑩ «جالالىددىن كېتكى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەقـقىدە قىسسە».
⑪ «تەزكىرەئى خوجىگان».

# ئون ئۈچىنچى باپ
# چىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى

## بىرىنچى بۆلۈم چىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى توغرىسىدا ئۇمۇمى بايان

### 1. جورجىنلارنىڭ قۇدرەت تېپىشى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

1638-يىلى، ئابدۇللا يەركەن خاندانلىغىنىڭ خانى بولۇپ، بۆلۈنۈپ كەتكىنىگە ئۇزۇن يىللار بولغان تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈۋاتقان ۋاقىتتا، لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىدا يېڭى بىر كۈچ باش كۆتىرىپ چىقماقتا ئىدى. بۇ كۈچ بىز تۆۋەندە قايتا-قايتا تىلغا ئېلىپ ئۆتىدىغان جورجىن قەبىلىسى ئىدى. جورجىن قەبىلىسىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان چىڭ سۇلالىسى 1644-يىلدىن 1911-يىلغىچە مەركىزىي ھاكىمىيەتنى تۇتۇپ تۇرۇپ، پۈتۈن جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. چىڭ سۇلالىسى مەملىكىتىمىزدە مەركىزىي ھاكىمىيەتنى ئەڭ ئۇزۇن تۇتۇپ تۇرغان فېئودال سۇلالىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

چىك سۇلالىسى ئېلىمىز تارىخىدا ئەڭ كەڭ زېمىننى باشقۇرغان فېئودال سۇلالىلەرنىڭ بىرى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئۇنىڭ پەرمانلىرى شەرقتە چاۋشيەن يېرىم ئارىلى، غەربتە بالقاش كۆلى بويى، شىمالدا بايقال كۆلى، جەنۇبتا ھىندىچىنى يېرىم ئارىلىغىچە ھېچبىر دەخلىسىز ھالدا ئىجرا قىلىنىپ تۇردى.

مەملىكىتىمىزنىڭ قايتا بىرلىككە كېلىشىگە ئەگىشىپ، 18 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىي ئىلگىرىلىشىمۇ باشقىدىن تۈس ئېلىپ، چىڭ سۇلالىسى ئاچقان يېڭى تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويدى.

چىك سۇلالىسى ھەققىدە توختالغاندا، گەپنى ئۇنىڭ ياراتقۇچىسى جورجىن قەبىلىسى (17 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن كېيىن، ئۇلار مانجۇلار دەپ ئاتالغان)دىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

جورجىن قەبىلىسى لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىدا ياشىغان قەدىمىي قەبىلىلەرنىڭ بىرى، ئۇلارنىڭ دەسلەپكى پائالىيەتلىرى شىمالىي ئوتلاقلاردا باش كۆتىرىپ چىققان باشقا قەبىلىلەر بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. 12 ـ ئەسىردە خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدا جىن سۇلالىسى (ئالتان خانلىقى)نى قۇرغان جورجىنلار ئۇلارنىڭ بىۋاستە ئەجدادى دەپ ھېساپلىنىدۇ. 13 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جىن سۇلالىسى موڭغۇل ئىمپېرىيىسى تەرىپىدىن يوقىتىلغاندىن كېيىن، شۇ زامانغىچە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا كۆچۈپ بارغان جورجىنلار ئاستا ـ ئاستا خەنزۇلارغا سىڭىشىپ كەتتى. لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىدا داۋاملىق ئولتۇراقلىشىپ قالغان جورجىنلار بولسا ئۆزىگە خاس تۇرلۇك خۇسۇسىيەت ۋە ئالامەتلەرنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىن كېيىن، لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىدىكى جورجىنلار پەيدىن-پەي چاڭچۇن، خاربىن، شىنياڭ، لياۋياڭلارغا ۋە خۇاڭخەي دېڭىزى بويىغا تۇپلاندى. چاڭچۇن، خاربىندىكى جورجىنلار "خەيشى جورجىنلىرى"، شىنياڭ، لياۋياڭدىكى جورجىنلار "جەنجۇ جورجىنلىرى"، دېڭىز بويىدىكى جورجىنلار بولسا "ياۋا جورجىنلار" دەپ ئاتالدى.

شۇ ۋاقىتلاردا بۇلارنىڭ ھەممىسى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىدى.

1583-يىلى، جەنجۇ جورجىنلىرىنىڭ باشلىقى نۇرخاچ جورجىنلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە كىرىشتى. شۇ چاغدا مىڭ سۇلالىسى نۇرخاچقا، "جەنجۇ سول قورۇقىنىڭ نەۋكەرى" دېگەن مەنسەپنى ۋە "ئەجدىھا-يولۋاس جاڭجۈن" دېگەن ئۇنۋاننى بەردى①.

چىڭ سۇلالىسى نۇرخاچنى "تەيزۇ" دەپ ئاتاپ، ئۇنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچى دەپ قارىغان. گەرچە چىڭ سۇلالىسى قۇرۇلۇشتىن يېرىم ئەسىر بۇرۇن ياشىغان نۇرخاچقا پۈتۈن مەملىكەتنى ئىلكىگە ئالغان قۇدرەتلىك چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئومۇمى كۆرۈنۈشى تامامەن نامەلۇم بولسىمۇ، لېكىن چىڭ سۇلالىسى باشتىن-ئاياق ئىزچىل يۈرگۈزۈپ كەلگەن ھەربى تۈزۈم — "نيۇلۇ" ۋە "سۇمۇن" تۈزۈمىنى ھەقىقەتەن نۇرخاچ بەرپا قىلغان ئىدى. نيۇلۇ ۋە سۇمۇن تۈزۈمىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشتە كۆرسەتكەن غايەت زور رولىنى ھىساپقا ئالغاندا، نۇرخاچنى چىڭ سۇلالىسىنى قۇرغۇچى دەپ ئاتاش ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

نۇرخاچ جەنجۇ جورجىنلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭ

قوماندانلىغىدا پەقەت شۇ قەبىلىلەر بىۋاستە تىزگىنلەپ تۇرغان ئازغىنا تارقاق قوراللىق كۈچلەرلا بار ئىدى. نۇرخاچىنىڭ كۈچلۈك سىياسى خاھىشىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ قولىدىكى ئەمەلىي كۈچ ھەقىقەتەنمۇ مۇناسىپ ئەمەس ئىدى. ئاخىر بىر خىل تەبىئىي سىياسى زۆرۈرىيەت نۇرخاچىنى ئۈنۈملۈك قوراللىق كۈچنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشكە مەجبۇرلىدى. ئۇ ھەر 300 كىشىنى بىر ئۇرۇش بىرلىكى قىلىپ، ئۇنى "نيۇلۇ" دەپ ئاتىدى. ئاندىن بىرقانچە نيۇلۇدىن سېرىق، ئاق، قىزىل، كۆك ئەلەملەر بەلگە قىلىنغان بىرقەدەر زور ئۇرۇش بىرلىكىنى ھاسىل قىلدى، بۇنى "سۇمۇن" دەپ ئاتىدى②. نيۇلۇ ۋە سۇمۇن تۈزۈمىنى ئورناتقانلىقى نۇرخاچىنىڭ ئاساسلىق سىياسى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئۇنىڭ كەلگۈسى ئىشلىرى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس بولدى.

مۇشۇ تەدبىرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى جەنجۇ جورجىنلىرىنىڭ شۆھرىتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. نۇرخاچىمۇ لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىدىكى قەبىلە خەلقلىرى ئالاھىدە نەزەر بىلەن قارايدىغان شەخس بولۇپ قالدى.

بۇ ھالنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا قەبىلىلەرنى ساراسىمىگە سېلىشى تەبىئىي ئىدى. 1593-يىلى بىرنەچچە قەبىلە بىرلىشىپ قوشۇن تارتىپ، جەنجۇ جورجىنلىرىنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەكچى بولدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا نۇرخاچ باشچىلىقىدىكى جەنجۇ جورجىنلىرى تولۇق غەلىبە قىلدى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، نۇرخاچ يەنە ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى سۇڭخۇاجياڭ، مۇدەنجياڭ دەريالىرى ۋادىسىدىن تارتىپ بوخەي دېڭىزى بويىدىكى رايونلارغىچە كېڭەيتىپ، خەيشى جورجىنلىرى بىلەن ياۋا جورجىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەممە جورجىن

قەبىلىلىرىنى قوشۇۋېلىپ، لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلى بويىچە ئاساسلىق كۈچكە ئايلاندى.

جەنجۇ جۇرجىنلىرى كۈنسايىن زورىيىۋاتقان چاغدا، مىڭ سۇلالىسى چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدا ياپون قوشۇنلىرىغا قارشى ئۇرۇش بىلەن بەنت بولۇپ، نۇرخاچ باشچىلىقىدىكى جۇرجىنلارنىڭ زورىيىۋاتقانلىقىغا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىگەن، ياكى بۇنىڭغا چولىسى تەگمىگەن ئىدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ بىردىن-بىر ئىپادىسى پەقەت يېخې، خادا قاتارلىق قەبىلىلەرگە جەنجۇ جۇرجىنلىرىنى توساش، بەنت قىلىپ تۇرۇشقا كۆرسەتمە بېرىش ۋە بۇ قەبىلىلەرگە ئاز-تولا ياردەمدە بولۇشتىنلا ئىبارەت بولدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇنداق بىخەستىلىكى نۇرخاچنىڭ ئۆز كۈچىنى ئۇلغايتىۋېلىشىغا ئوبدان پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

1616-يىلى مىڭ سۇلالىسى چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدىكى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى. نۇرخاچ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شۇ يىلى شىڭجىڭ (بۈگۈنكى شىنبياڭ)دا ئۆزىنى خان دەپ جاكالاپ، كېيىنكى جىن خاندانلىقىنى قۇردى. ئىككى يىلدىن كېيىن نۇرخاچ ئارقا-ئارقىدىن قوشۇن تارتىپ، فۇشۇن، چىڭخې قاتارلىق جايلارنى بېسىۋېلىپ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ شەنخەيگۇەننىڭ سىرتىدىكى قوشۇنلىرىنى پاتىپاراق قىلىۋەتتى ھەمدە مىڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەخت رايونىنىڭ دەرۋازىسىنى چېقىشقا باشلىدى.

1619-يىلى، مىڭ سۇلالىسى 200 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى (400 مىڭ دەپ جاكالىغان) شەنخەيگۇەننىڭ سىرتىغا ئەۋەتىپ جازا يۈرۈشى قىلدى. نۇرخاچ مىڭ سۇلالىسى قوشۇنى سەركەردىلىرىنىڭ قارامىلىقى ۋە ئۇرۇش سېپىنى ئۇزارتىۋەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ،

هازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ يىبىن دىگەن جايىسىنىڭ غەربىدىكى جىلىن غارى ۋە هازىرقى كۆەندىيەن ناهىيىسىنىڭ ئابىلىدا دۆڭلۈگىگە قوشۇن يوشۇرۇپ قويۇپ، سۇزىخې دەرياسىغا يۈرۈش قىلىۋاتقان مىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنىغا جىلىن غارىدا تۇيۇقسىز هۇجۇم قوزغىدى. مانا بۇ تارىختىكى مەشھۇر "سارخۇ ئۇرۇشى" ئىدى. مىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ بىر تارمىغى گۇمران بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن سەپ تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى③. سارخۇ ئۇرۇشىدا ئون مىڭ كىشىلىك چاۋشيەن قوشۇنى مىڭ سۇلالىسى تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىدى. بۇ ۋەقە جورجىنلارنىڭ كېيىنكى يىللاردا چاۋشيەنگە باستۇرۇپ كىرىشىگە سەۋەپچى بولدى.

سارخۇ ئۇرۇشىدىن كېيىن، مىڭ سۇلالىسى قايتا 180 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئۇرۇشقا ئەۋەتتى، شيۇڭ تىڭبى قوشۇن باشلىقى بولۇپ تەيىنلەندى. شيۇڭ تىڭبى مىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىدىن ساۋاق ئېلىپ، ئالدى بىلەن قوشۇن ۋە چېگرىنى بويلاپ بىر قاتار قورغان ياساپ، ئۇلارنى شىمالغا يۈرۈش قىلىشنىڭ تاياچ بازىلىرى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەنە ئاشلىق جۇغلاپ، سەرسان-سەرگەردان بولۇپ كەتكەن پۇقرالارنى يىغىپ، شەنخەيگۇەننىڭ سىرتىدا جورجىنلارغا تاقابىل تۇرالايدىغان هالەتنى شەكىللەندۈردى.

لېكىن ۋەقەنىڭ تەرەققىياتىدا تېزلا ئۆزگىرىش بولدى. يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ تۆھمىتى بىلەن، مىڭ سۇلالىسى شيۇڭ تىڭبىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى. نۇرخاچ مىڭ سۇلالىسى ئالدىنقى سەپ قوماندانى ئالماشقان ئەھۋالدا، 1621-يىلى ئۆزى قوشۇن تارتىپ چىقىپ، لياۋخې دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى 70 قەلئەنى

بىر يولىلا ھۇجۇم بىلەن ئالدى.

1626 ـ يىلى، نۇرخاچ نىڭدا قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىدا يارىدار بولۇپ، قازا تاپتى. ئۇنىڭ ئوغلى خۇاڭتەيجى (ئاباقا) خانلىق تەختىگە چىقتى④. ئىككىنچى يىلى يەنى 1627 ـ يىلى، خۇاڭتەيجى ئەينى يىللاردا چاۋشيەن قوشۇنىنىڭ مىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ياردەملىشىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنى بانا قىلىپ تۇرۇپ، چاۋشيەنگە يۈرۈش قىلىپ، تاكى خەنچېڭنىڭ يېنىغىچە قىستاپ باردى. بۇ ھەركەتتە خۇاڭتەيجىنىڭ كۆزلىگىنى ھەرگىز قىساس ئېلىش بولماستىن، بەلكى چاۋشيەننىڭ مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، شۇ يول بىلەن ئۆزىگە يان تەرەپتىن كېلىدىغان تەھدىتنى تۈگىتىش ئىدى. خۇاڭتەيجى مۇرادىغا يەتتى. چاۋشيەن نائىلاج مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزدى.

جورجېن قوشۇنى چاۋشيەندىكى ھەربى پائالىيىتىنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن، 1630 ـ يىلى شەنخەيگۇەننىڭ شەرقىدىكى مىڭ سۇلالىسى قوشۇنىدىن داجىپ، شىفېڭكۇ قاتارلىق جايلاردا سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتۈپ، خېبېي رايونىغا بېسىپ كىردى. بۇنىڭ بىلەن مىڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بولغان بېيجىڭ ئەتراپى ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلاندى. نەتىجىدە مىڭ سۇلالىسىنىڭ شەنخەيگۇەن سىرتىدىكى قوشۇنلىرى بېيجىڭغا ياردەمگە ياندۇرۇپ كېلىندى.

بېيجىڭ ئەتراپىدىكى ئۇرۇش شۇنىڭدىن دېرەك بەردىكى، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە جورجېنلاردا مىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنى دەرھال ئاغدۇرۇپ تاشلىغۇدەك مادار تېخى يوق ئىدى. چۈنكى

شۇ ۋاقىتتا مىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكى مول ئادەم ۋە ماددى كۈچىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغاندىن باشقا، موڭغۇل دالاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ زېمىنىنىمۇ كونترول قىلىپ تۇرماقتا ئىدى. بۇ ھال جۇرجىنلارنى ئۇدۇلدىكى ئۇرۇش مەيدانىدا مىڭ سۇلالىسىنىڭ قارشىلىقىغا دۇچكەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ يان تەرەپلىرىنىمۇ موڭغۇل دالاسىدىن كېلىۋاتقان تەھدىتلەرگە دۇچار قىلدى.

1632 ـ يىلىدىن كېيىن، جۇرجىنلار ئۆزىنىڭ ئىستىراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرمىسى ئۈستىدە باشقىدىن ئويلىشىپ، مىڭ سۇلالىسىگە قاراتقان ھەربى پائالىيەتلىرىنى ۋاقتىنچە توختاتتى ۋە دىققىتىنى شەرقىي موڭغۇل دالالىرىغا قاراتتى. شۇ يىلى، خۇاڭتەيجى بىۋاستە قوشۇن باشلاپ، ئاروكورچىن قەبىلىسىگە ياردەملىشىپ، چاخار قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلدى. 1635 ـ يىلى خۇاڭتەيجىنىڭ يارلىقىغا ئاساسەن، ئۇنىڭ ئىنىسى دورغۇن قوشۇن باشلاپ غەرپكە يۈرۈش قىلىپ، بۈگۈنكى نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ چېگرىسىغىچە بېرىپ، موڭغۇل دالاسىنى تامامەن دېگۈدەك تىزگىنلەش بىلەن، يان تەرەپتىن كېلىدىغان رەقىپ كۈچلەرنى تارمار قىلدى.

1636 ـ يىلى، جەنۇبىي موڭغۇل دالاسىدىكى 26 قەبىلىنىڭ 49 نەپەر ۋاڭ ـ گۇڭى شېڭجىڭ (بۈگۈنكى شېنياڭ)غا جەم بولۇپ، خۇاڭتەيجىنى پۈتكۈل موڭغۇللارنىڭ بۈيۈك خانى دەپ ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭغا "بوغدا چەرچىن خان" دەپ نام بېرىپ، يىلنامىسىنى چۇڭدې، دۆلەت نامىنى "بۈيۈك چىڭ" دەپ بېكىتىپ، مىڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت سىياسى نىشانىنى بەلگىلىدى.

شۇ ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىن دائىرىسى لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىنى ئاساس قىلغان ھالدا غەرپتە بۈگۈنكى پۈتكۈل ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى، شەرقتە چاۋشيەن يېرىم ئارىلىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن چەكلەنگەن ئىدى .

روشەنكى، بۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ كەلگۈسىگە قاراپ تاشلىغان بىرىنچى قەدىمى ئىدى. بۇ مەزگىلدە چىڭ سۇلالىسى گەرچە نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، بىراق بۇ ئوڭۇشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتلەر زاۋالغا يۈزلىنىشنىڭ بىشارىتى ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇلى لىڭشىپ، قالايمىقانچىلىق پاتقىقىغا كۈندىن-كۈنگە پاتماقتا ئىدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ دۆلەت مەمۇرىيىتى بوشاپ قالدى، ئاچارچىلىق بولۇپ تۇردى، جۇڭگو زېمىنىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى قاپلاپ كەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە لى زىچېڭ باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرى ھەممىدىن مەشھۇر ئىدى. بۇ قوشۇن 1628-يىلدىن باشلاپ، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ شەنشى، سىچۈەن، خۇبېي، خۇنەن قاتارلىق جايلاردا جەڭ قىلىپ، 1644-يىلى شىئەننى قولغا ئالغاندىن كېيىن، لى زىچېڭنى پادىشا قىلىپ تىكلەپ، دۆلەت نامىنى "بۈيۈك شۇن"، يىلنامىسىنى "يۇڭچاڭ" دەپ ئاتىدى.

1644-يىل 3-ئاينىڭ 19-كۈنى لى زىچېڭ باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنى بېيجىڭنى ئالغاندا، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاسى مېيشەن (بۈگۈنكى بېيجىڭ شەھىرىدىكى جىڭشەن باغچىسى)دە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى، شۇنىڭ بىلەن 277 يىل ھۆكۈم سۈرگەن مىڭ سۇلالىسى رەسمىي ھالاك بولدى.

شۇ يىلى خۇاڭتەيجى ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ يەتتە ياشلىق بالىسى

فۇلىن تەختكە چىقتى، ئۇ تارىخنامىلاردا شىزۇ دەپ ئاتىلىدۇ. دورغۇن ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن ئىش باشقۇردى.

مىڭ سۇلالىسى گۇمران بولۇۋاتقان چاغدا، مىڭ سۇلالىسىنىڭ نىڭيۈەندە تۇرۇشلۇق قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى ۋۇ سەنگۈي چىڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى شەنخەيگۈەندە تۇنجى ئۇرۇشتا يېڭىپ چىقتى. لى زىچېڭ 200 مىڭ كىشىلىك خىل قوشۇندىن مەھرۇم بولدى. شۇ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، لى زىچېڭ قوشۇنىنى باشلاپ بېيجىڭدىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بېيجىڭغا كىردى. ئۇزۇن ئۆتمەي فۇلىن شېنياڭدىن بېيجىڭغا كۆچۈپ كېلىپ، بېيجىڭنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى قىلىپ بېكىتتى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو تارىخىدا يېڭى بىر فېئودال سۇلالىنىڭ ھۆكۈمرانلىغى باشلاندى.

چىڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئېلىمىزنىڭ سىياسى سەھنىسىدىكى رەقىپ كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا مۇھىم بۇرۇلۇش كۆرۈلدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇمران بولۇشى ئارقىسىدا لى زىچېڭنىڭ دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنى بىلەن چىڭ سۇلالىسى بىر بىرىگە قارشى ئىككى دۈشمەن لاگېر بولۇپ شەكىللەندى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ۋە مىڭ سۇلالىسىنىڭ جاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى قالدۇق كۈچلىرىنىڭ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا، قوزغىلاڭچى قوشۇن 1645 ـ يىلى تامامەن مەغلۇپ بولدى. لى زىچېڭ خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ تۇڭچېڭ ناھىيىسىدىكى جۇگۇڭشەن دېگەن يەردە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. بۇ ۋاقىتتا، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى زېمىنلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىغىغا ئۆتۈپ

بولغان ئىدى. مەملىكىتىمىزنىڭ قايتا بىرلىككە كېلىشى ئەمدىلىكتە ۋاقىت مەسىلىسىلا بولۇپ قالغان ئىدى⑤.

دىخانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنى يوقىتىلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاساسىي كۈچى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى يەرلىك كۈچلەرگە قارشى كۈرەشكە ئاتلاندۇرۇلدى. 1645 - يىلى نەنجىڭدىكى يۈسۈڭ ھاكىمىيىتى، 1646 - يىلى فۇجيەندىكى يۈجەن ھاكىمىيىتى، 1661 - يىلى گۇاڭدۇڭدىكى يۇلاڭ ھاكىمىيىتى يوقىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدىكى بىرىنچى باسقۇچلۇق ئىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلاپ بولدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەملىكىتىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدىكى ئىككىنچى باسقۇچلۇق ئىشى قالقا (بۈگۈنكى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى)، شىزاڭ ۋە تيانشاننىڭ جەنۇبى ھەم شىمالىنى ئىلكىگە ئېلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

## 2. چىڭ سۇلالىسىنىڭ جۇڭغارنى تىنجىتىشى

1644 - يىلى چىڭ سۇلالىسى بېيجىڭنى پايتەخت قىلغاندىن تارتىپ، ئېلىمىزنىڭ تارىخى يېڭى بىر مۇساپىگە قاراپ يۈزلەندى. چىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا پۈتكۈل جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدىكى بىرىنچى باسقۇچلۇق ئىشنى زور كۈچ بىلەن ئورۇنلاۋاتقاندا، تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىككى يەرلىك ھاكىمىيەتنىڭ ئىلكىدە تۇرماقتا ئىدى، تيانشاننىڭ جەنۇبىدا يېكەنۋاشتىن بىرلىككە كەلگەن يەركەن خاندانلىقى، تيانشاننىڭ شىمالىدا جۇڭغار خاندانلىقى بار ئىدى.

جۇڭغار خاندانلىغى جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. جۇڭغار قەبىلىسى ئويرات قەبىلىسىدىن پەيدا بولغان.

1449-يىلى مىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى جۇ چىجېننىڭ بۆگۈنكى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ خۇەيلەي ناھىيىسىدىكى تۇمۇباۋ قورغىنىدا ئەسىرگە چۈشكەنلىگى تىيانشاننىڭ شىمالىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئويرات قەبىلىسىنى كىشىلەرگە ئوبدان تونۇتقان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىر بىرىگە ئۇلىشىپ كەتكەن ئىچكى ماجرا ۋە تاشقى زەربىلەر ئارقىسىدا، بۇ كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە ئېغىر دەرىجىدە زەئىپلىشىپ، 15-ئەسىردىن كېيىنكى بىرقانچە ئون يىل داۋامىدا ئاساسەن ئۈن-تىنسىز ئۆتتى.

ئويرات قەبىلىسىنىڭ قايتا گۈللىنىشى ئىلى بالىق ھاكىمىيىتى گۇمران بولغاندىن كېيىن باشلاندى. ئويرات قەبىلىسى تىيانشاننىڭ شىمالىدا كۆرۈلگەن ھوقۇق بوشلۇغىدىن پايدىلىنىپ، تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى مۇتلەق زور قىسىم رايونلارنى ئىلكىگە ئالغاندىن باشقا، تېخىچە ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن چاغاتاينىڭ بىر قىسىم ئەۋلاتلىرىنىمۇ ئۆزىگە قوشۇۋالدى. تىل ۋە پسىخولوگىيە ئامىللىرى جەھەتتە بىر بىرىدىن پەرقلەنمەيدىغان بۇ ئىككى تارماق موڭغۇللارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆزئارا قوشۇلۇش ئىسلام دىنىغا كىرگەن چاغاتاي ئەۋلاتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلىشىپ كېتىشىگە قارىغاندا كۆپ ئاسانغا چۈشتى. شۇڭا، 16-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئويرات قەبىلىسىنىڭ كۈچى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. ئويرات قەبىلىسى يەركەن خاندانلىغىنىڭ بالقاش كۆلى ۋە ئىلى ۋادىسىدىكى كۈچلىرى بىلەن ئۇزۇندىن ئۇرۇش قىلىپ، ئاخىر يەركەن خاندانلىغىنىڭ بۇ جايلاردىكى تەسىر كۈچىنى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىغا سۈرۈۋەتتى.

دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى بۇ كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىنىڭ تارىخىدا تۈرلۈك ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى. بۇنىڭ ئەڭ گەۋدىلىكى ئۇنىڭ نامىدا كۆرۈلگەن ئۆزگىرىشتىن ئىبارەت. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە تارىخي ھۆججەتلەردە ئۇلار ۋالا (瓦剌) دەپ ئاتالغان بولسا، ئەمدىلىكتە ئۇلار ئېلۇتې (厄鲁特) ياكى ۋېيە-لاتې (卫拉特) دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

ۋالا، ئېلۇتې، ۋېيلاتې دىگەن سۆزلەر "ئويرات" دىگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى. ئۇنىڭ نامىنىڭ خەنزۇچىدا تۈرلۈك ئېيتىلىشى دەل ئويرات قەبىلىسىنىڭ تۈرلۈك تارىخي دەۋر-دىكى پائالىيەتلىرىنىڭ دەلىللىرى ئىدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئويرات قەبىلىسى خوشۇت، جۇڭغار، دوربوت، تۇرغۇتتىن ئىبارەت تۆت قەبىلىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن ئىدى⑥. خەنزۇچە تارىخي ماتېرىياللارغا قارى-غاندا، بوبو مىرزا ئويراتنىڭ تۇنجى خانى دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى خان نويۇن قۇڭۇر خان بولغان. 16-ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 17-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خانلىق ھوقۇقى بايباغاسنىڭ قولىغا ئۆتكەن.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ زەئىپلىشىشى ۋە جورجىنلارنىڭ ئۇلغىيىشى تۇپەيلىدىن پەيدا بولغان مەملىكەت مىقياسىدىكى سىياسى بۇرۇلۇش تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى ئويرات قەبىلىسىگىمۇ تەسىر كۆرسەتتى.

جورجىنلار ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا كىرىشتىن بۇرۇن، بايباغاس لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىدا ھاكىمىيەت قۇرغان جورجىنلار بىلەن ئالاقە ئورناتقان ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئويراتلار مىڭ سۇلالىسى زەئىپ-لىشۋاتقان شارائىتتا ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى ھەتتا چىڭخەي-شىزاڭ

ئىگىزلىگىچە كېڭەيتىپ، ئاخىر ھەتتا بۇگۈنكى ئىچكى موڭغۇلىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئالاشان رايونىغا كىردى. شۇ زامانىنىڭ ئۆزىدە ئويراتلار لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىدا ئولتۇراقلاشقان جورجىنلار بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىي سەھنىسىگە چىقىۋاتقان ئىككى ئاساسلىق كۈچنىڭ بىرىگە ئايلانغان ئىدى. ئەمما، تۈرلۈك شەرت - شارائىتلارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ئويرات قەبىلىلىرى بۇ تارىخىي سەھنىدە يېتەكچى ئورۇنغا ئىگە بولالمىدى. جورجىنلار قۇرغان چىڭ سۇلالىسى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئورنىنى بېسىپ، مەركىزىي ھاكىمىيەتنى يۇرگۈزۈشكە مۇيەسسەر بولدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيەت يۇرگۈزگەنلىكى ناھايىتى تېزلا ئويرات قەبىلىسىدە دەلىللەندى. چىڭ سۇلالىسى بېيجىڭنى پايتەخت قىلىپ ئىككى يىلدىن كېيىن، يەنى 1646 - يىلى ئويرات قەبىلىسىنىڭ باشلىقى تۆرە بايغۇر (باييباغاسنىڭ ئىنىسى، باييباغاس ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا خان بولغان) چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن بېرىلگەن ”ئەدەپلىك ۋە دىيانەتلىك كۈچ خان“ دېگەن ئۇنۋانغا ئىگە بولدى⑦.

كېيىنكى يىللاردا ئويراتلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ باشلىقى باتۇر قۇنتەيجى كۈچ خانىنىڭ ئورنىغا خان بولدى، ئويرات قەبىلىلىرى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىندى. بۇ ئۆزگىرىش مۇقەررەر ھالدا ئويرات قەبىلىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزۇپ تاشلىدى. جۇڭغار قەبىلىسى دۇربوت قەبىلىسىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. تۇرغۇت قەبىلىسى نائىلاج ۋولگا دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ كەتتى. خوشۇت قەبىلىسى بولسا چىڭخەي - شىزاڭ ئىگىزلىگىدە

ئۆلتۈراقلىشىپ قالدى.

باتۇر قۇنتەيجىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى سېڭگې خان بولدى. سېڭگېنى ئۇنىڭ ئۆگەي ئانىدىن تۇغۇلغان بىر ئىنىسى ئۆلتۈرۈۋەتتى، سېڭگېنىڭ بىر تۇققان ئىنىسى غالدان 1673 ـ يىلى شىزاڭدىن (شۇ ۋاقىتتا ئۇ شىزاڭدا لاما بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىدى) تيانشاننىڭ شىمالىغا قايتىپ كېلىپ خانلىقتا ئولتۇردى.

غالداننىڭ ئاپپاق خوجىغا ياردەملىشىپ يەركەن خاندانلىقىنى غۇلىتىپ تاشلىغانلىقى ھەققىدە كىتاۋىمىزنىڭ ئالدىنقى باپلىرىدا توختالغان ئىدۇق. غالداننىڭ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇ ئىش ـ پائالىيەتلىرى ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتىدا ناھايىتى ئاز سالماقنى ئىگەللەيدۇ.

گەرچە غالدان ئويراتلار ئاجىزلاشقان بىر چاغدا ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان بولسىمۇ، لېكىن بىر تۈركۈم ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يۆلىشى بىلەن، ئاخىر ئىچكى توپىلاڭلارنى تىنجىتىپ، ئورنىنى مۇستەھكەملىدى. مۇنۇ كىچىككىنە مىسال غالداننىڭ قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ: شۇنىڭدىن باشلاپ، جۇڭغار دىگەن نام ئويرات دىگەن نامنىڭ ئورنىنى بېسىپ، تيانشاننىڭ شىمالىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان موڭغۇللارنىڭ ئورتاق نامىغا ئايلاندى.

غالدانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، چىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر ياقلىق قىلىش زور سىياسى تېما ئىدى. دەسلەپتە غالدان ئويرات قەبىلىلىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسى بىلەن ئورناتقان مۇناسىۋىتىگە تامامەن ۋارىسلىق قىلدى. ۋېىن داشەن تۈزگەن «پادىشا ئاللىرىنىڭ شىمالىي قۇملۇقنى تىنجىتىش تەدبىرلىرى»

ناملىق كىتاپتا بۇ جەھەتتە تەپسىلى مەلۇمات بېرىلگەن. 17 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا غالدانىنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى ھەمىشە مىڭ كىشىدىن ئاشقان، ھەتتا بەزىدە نەچچە مىڭ كىشىگە يەتكەن.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا قازانغان ھەربى مۇۋەپپەقىيىتى غالدانىنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە ئىتائەت قىلىشىدىكى ئالدىنقى شەرت ئىدى. شۇڭلاشقا چىڭ سۇلالىسى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان ھامان، غالدانىنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە بېقىنىش مۇناسىۋىتىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى.

1673 ـ يىلى، چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدا "ئۈچ ۋاڭ" توپىلىڭى يۈز بەردى. ئۈچ ۋاڭ توپىلىڭى مىڭ سۇلالىسى قوشۇنىدىن تەسلىم بولغان ۋۇ سەنگۈي، شاڭ كېشى، گېڭ جىڭماۋ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ توپىلىڭىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار مىڭ سۇلالىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش شوئارى ئاستىدا، چىڭ سۇلالىسىگە قارشى توپىلاڭ قىلدى. بىر قانچە يىل ئىلگىرى دەل مۇشۇ كىشىلەر مىڭ سۇلالىسىگە ئاسىلىق قىلغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ مىڭ سۇلالىسىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن تۇغ قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقى تارىخنىڭ ئۇلار ئۈستىدىن قىلغان رەھىمسىز بىر مەسخىرىسى بولدى. شۇنداقتىمۇ بۇ شوئارنىڭ چىڭ سۇلالىسى بىلەن تېخى ئانچە تونۇشلۇقى بولمىغان كىشىلەر ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىشى مۇقەررەر ئىدى. ھەتتا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسىدىمۇ بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۇلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي شەنشىنىڭ ۋالىسى ۋاڭ فۇچېن، چاخار جەنۇبىي ۋاڭنىڭ شاھزادىسى بۇرنىلارمۇ بار ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۈچ ۋاڭ توپىلىڭىغا قارشى

ئۇرۇش قىلىۋاتقان چاغدا، غالدان ئۆز ئالدىغا بىر قاتار غەلىبىلەرگە ئېرىشتى.

1677 ـ يىلى غالدان چىڭخەيدىكى خوشۇت قەبىلىسىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. 1678 ـ يىلى تىيانشاننىڭ جەنۇبىنى قايتا ئىلكىگە ئالدى. دېمەك، بەش يىل ۋاقىت ئىچىدىلا غالدان ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى بىر باراۋەر كېڭەيتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدا قازانغان غەلىبىسى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى، چۈنكى تارىخ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى راۋاجلانغان يېزا ئىگىلىگىنىڭ كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ كۈچىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان ئىدى.

ئۈچ ۋاڭ توپىلىڭى چىڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى يىللاردا بولغان ئەڭ چوڭ ئىچكى توپىلاڭ ئىدى. بۇ توپىلاڭنى تىنجىتىش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئۈچ يىل ۋاقىت ۋە نۇرغۇن ئادەم كۈچى، ماددى كۈچ سەرپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە شىمالدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچى بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇل رايونىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. قالقا (ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى)نى تۈشۈت، جاساقتۇ، چېچېن قەبىلىلىرى بۆلۈشۈۋالدى. شۇ ۋاقىتتا تۈشۈت قەبىلىسى تۇغلا دەرياسى ۋادىسىدا، جاساقتۇ قەبىلىسى قاڭغاي تېغىنىڭ غەربىي ئېتىكىدە، چېچېن قەبىلىسى كېرولۇن دەرياسى ۋادىسىدا ياشايتتى.

1684 ـ يىلى، قالقادىكى ئۈچ قەبىلە ئۆزئارا ماجىرالىشىپ قالغاندا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى، دالاي V ۋە غالدانلار بۇ يەرگە تەڭلا قول سالدى. شۇ چاغدىكى ئەھۋال مۇنداق ئىدى: چىڭ سۇلالىسى تېخى ئۆزىنى تامامەن ئوڭشىۋالالمىغان، دالاي V يىراقتا

بولغانلىقتىن ماغدۇرى يەتمىگەن ئىدى. ئاخىر غالدان تۇشۇت قەبىلىسى ئەلچىلىرىمنى ئۆلتۈردى دېگەن بانا بىلەن، 1688 ـ يىلى 30 مىڭ ئاتلىق ئەسكىرى بىلەن قاڭغاي تېغىدىن ئۆتۈپ موڭغۇل دالاسىغا يۈرۈش قىلىپ، تەرەپ ـ تەرەپكە بۆلۈنۈپ كەتكەن قالقادىكى قەبىلىلەرنى قوراللىق كۈچ ئارقىلىق بويسۇندۇرۇۋالدى⑧.

غالدان قالقادىكى قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرۇۋاتقان چاغدا، قالقا قەبىلىلىرىنىڭ بىرقانچە ئون مىڭ پۇقراسى چىڭ سۇلالىسىدىن پانا تىلەپ سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئەتراپىغا قېچىپ باردى. چىڭ سۇلالىسى ئۇلارنى ئېھتىياجلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلىگەندىن تاشقىرى، كورچىن رايونىنى ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ماكانى قىلىپ ئاجرىتىپ بەردى. شۇ ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۇنچىلىك ياردەم قىلىشقىلا چامىسى يېتەتتى.

قالقا پۇقرالىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسىدىن پانا تىلىگەنلىكى غالداننىڭ جەنۇپقا قوشۇن تارتىشى ئۈچۈن بانا ـ سەۋەپ بولۇپ قالدى. دەرۋەقە، 1690 ـ يىلى غالدان قالقا پۇقرالىرىغا قوغلاپ زەربە بېرىش بانىسى بىلەن 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، بۈگۈنكى خىبېي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا كىرىپ، ئۇرۇش ئوتىنى سەددىچىن سېپىلىنىڭ يېنىغىچە تۇتاشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى بىرمۇنچە ھەربى تايانچ بازىلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى.

بىر مەزگىل تەييارلىق كۆرگەندىن كېيىن، ئىككىنچى يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى گۇبېيكۇ ۋە شىفېڭكۇدىن چىقىپ جۇڭغار قوشۇنىغا قارشى ئۇرۇش قىلدى. ھازىرقى چىفېڭ دائىرىسىدە بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى بەلگى-

لەندى. جۇڭغار قوشۇنىنىڭ ئارقا سەپ تەمىناتى ۋە ئەسكىرى كۆچىنىڭ يېتىشمەسلىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا شەرت ھازىرلاپ بەردى. نەتىجىدە جۇڭغار قوشۇنى بىر يولىلا ئالتاي تاغ تىزمىلىرىغىچە چېكىنىپ كەتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆز كۆچىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان ھەربى ھەركىتىمۇ سەددىچىن سېپىلى ئەتراپىغا بۆسۈپ كىرگەن جۇڭغار قوشۇنىنى چېكىندۈرۈش بىلەنلا توختاپ قالدى. ۋاھالەنكى، موڭغۇل دالاسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يەنىلا جۇڭغارلارنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىدى.

1688-يىلدىن كېيىن موڭغۇل دالاسىدا سادىر بولغان بۇ ۋەقەلەر چىڭ سۇلالىسىگە غالدان رەھبەرلىكىدىكى جۇڭغار خانىدانلىقى پەيدا قىلالايدىغان تەھدىتنى خېلىلا تونۇتۇپ قويدى. شىمالدىن كېلىۋاتقان بۇ تەھدىتنى تۈگىتىش — چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دۇچكەلگەن يېڭى سىياسى ۋە ھەربى مەسىلە بولۇپ قالدى.

يەنە بىر قېتىملىق ھەربى ھەركەت ئۈچۈن چىڭ سۇلالىسى بەش يىل تەييارلىق كۆردى. 1695-يىلغا كەلگەندە، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى كورچىن رايونى، دۇشكۇ رايونى ھەمدە خېتاۋ رايونىدىن ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ كىرولۇن دەرياسىنىڭ يۇقۇرقى ئېقىمىغا يۈرۈش قىلدى. چىڭ سۇلالىسى پادىشاسى شۈەنيې (كاڭشى) بۇ قېتىمقى ھەربى ھەركەتكە ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلدى.

ئۇرۇش ئىككى يىلغا سوزۇلۇپ، ئۇنىڭ دائىرىسى بىرقانچە مىڭ چاقىرىمچە كېڭەيدى. 1697-يىلى غالدان تېمىر دەرياسى (ئورخون دەرياسىنىڭ بىر تارمىغى) بويىدا زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالدى. موڭغۇل دالاسىدىكى جۇڭغار قوشۇنى ئاساسىي جەھەتتىن تارمار بولدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ موڭغۇل دالاسىدىكى جۇڭغار قوشۇنىغا قاراتقان

هەربى هەركىتى شۇنىڭ بىلەن ئاياقلاشتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ موڭغۇل دالاسىغا قوزغىغان بۇ قېتىمقى هەربى هەركىتىنىڭ زەربە نۇقتىسى يالغۇز غالداننىڭ كۈچىگىلا ئەمەس، بەلكى چار روسىيىنىڭ كۈچىگىمۇ قارىتىلغان ئىدى.

17 ـ ئەسىردە، چار روسىيە غەربىي سىبىرىيىنى بېسىۋالغاندىن كېيىنلا، ئوتتۇرا ئاسىيا هەم تىيانشاننىڭ شىمالىي رايونىغا كۆز سېلىشقا باشلىغان. شۇ سەۋەپتىن غالدان چار روسىيىنىڭ قولغا كەلتۈرۈش ئوبيېكتى بولۇپ قالغان ئىدى. غالداننىڭ موڭغۇل دالاسىدىكى ئىشلارغا پائال قول سېلىشىنى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، چار روسىيە قۇتراتقان ۋە قوللىغان. چار روسىيىنىڭ غەرىزى غالداننىڭ تەسىر كۈچى ئارقىلىق بۇ رايوننى تىزگىنلەش، ئاندىن شەرت ـ شارائىت هازىرلانغاندا بۇ رايوننى ئۆزىگە قوشۇۋېلىش ئىدى. شۇڭا، چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتىنىڭ موڭغۇل دالاسىغا قوزغىغان بۇ قېتىمقى هەربى هەركىتى ۋەتەن بىرلىكىنى ساقلاش، ۋەتەن زېمىنىنى قوغداشتا مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە.

غالداننىڭ هالاك بولۇشىغا سەۋەپچى بولغان ئاساسلىق ئامىل، شۈبهىسىزكى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوراللىق كۈچى ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، شۇ ۋاقىتتا جۇڭغار خاندانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا سادىر بولغان بىر قاتار ۋەقەلەرمۇ مۇئەييەن رول كۆرسەتتى. چۈنكى بۇ چاغدا سېۋاڭ ئاراپتان ئىلى رايونىدا غالداننىڭ هوقۇقىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن كۈرەش باشلىغان ئىدى. غالدان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى دەرهال خان دەپ جاكالىدى.

ئورتاق مەنپەئەت سېۋاڭ ئاراپتاننى چىڭ سۇلالىسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ئېلىپ كەلدى. ئاراپتان "بۇنىڭدىن كېيىن

بوغدا خاننىڭ (چىڭ سۇلالىسى پادىشاسىنىڭ) ھەممە يارلىغىنى سۆزسىز بىجا كەلتۈرىمەن" دەپ ئىپادە بىلدۈردى. 1697-يىلى غالدان قوشۇنلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى مۇئەييەنلىشىپ قالغاندا، سۋاڭ ئاراپتان چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇيرۇغىغا بىنائەن، ئالتاي تېغىنىڭ شەرقىي قىسمىغا قوشۇن ئەۋەتىپ، غالدان قوشۇنلىرىنىڭ چېكىنىش يولىنى بوغۇپ تاشلىدى.

غالداننىڭ ھالاكىتى جۇڭغار خاندانلىقىنىڭ قايتا پارچىلىنىشىنىڭ يېڭى مۇقەددىمىسى بولدى. ھەممىدىن بۇرۇن چىڭخەيدىكى خوشۇت قەبىلىسى چىڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى. ئارقىدىنلا ئاپپاق خوجا ئۆلدى، بۇنىڭ بىلەن تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونى پاتىپاراقچىلىق ئىچىگە پېتىپ، جايلاردىكى فېئوداللار ۋە ئىشانلار ئۆز ئالدىغا خان، پادىشا بولۇۋېلىپ، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ جۇڭغار خاندانلىقىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ جۇڭغار خاندانلىقى ناھايىتى قىسقا بىر مەزگىل ئىچىدىلا چىڭخەي ۋە تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدىن ئايرىلىپ قالدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ 1695-يىلى غالدانغا قاراتقان ئۇرۇشىدا ھۇجۇم مەركىزى موڭغۇل دالاسى بىلەن چەكلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنىڭ دائىرىسى تىيانشاننىڭ شەرقىي رايونىغىچە يېيىلغان ئىدى. چىڭ سۇلالىسى ئۆزىنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى كۆزدە تۇتۇپ، قۇمۇل ۋە خېشى رايونىدا قوشۇن تۇرغۇزۇپ، موڭغۇل دالاسىدىكى ئۇرۇشقا ماسلاشتۇرغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ موڭغۇل دالاسىغا قاراتقان سوقۇشتا قازانغان ھەربىي ئۈستۈنلۈكى ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆزىنىڭ خېشى رايونىدىكى ھەربىي تەرەددۇتى بىلەن ئۆز-ئارا ماسلىشىپ، غايەت زور تەسىر

كۈچ ھاسىل قىلدى. غالدانغا قارشى سوقۇش بولۇپ ئىككىنچى يىلى يەنى 1696 ـ يىلى قۇمۇل ھاكىمبېگى ئەبەيدۇللا چىڭ سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتتى⑨.

قۇمۇل رايونىنىڭ ئۇزاق تارىخىي مەزگىلدە كۆرسەتكەن رولىغا باغلاپ قارىغاندا، ئەبەيدۇللانىڭ چىڭ سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتكەنلىكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ غالدانىنى يوقاتقانلىقى بىلەن تەڭ ئەھمىيەتلىك ئىش. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىمۇ، ئۇنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە كەلتۈرگەن پايدىسى ناھايىتى روشەن بولدى.

1696 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى گەنسۇنىڭ يۈمېن دىگەن يېرىدىن تاكى شىنجاڭدىكى گۇچۇڭغىچە بولغان ئارىلىقتا قوشۇن ۋە قاراۋۇللارنى تۇرغۇزۇپ، جۇڭغارلارغا قارشى مۇداپىئە لىنىيىسى تۈزدى. يۈمېندىن باشلانغان بۇ مۇداپىئە لىنىيىسى ئەنشى، قۇمۇلنىڭ شەرقىي قىسمى ۋە تىيانشاننىڭ شىمالى ئارقىلىق باركۆل ئوتلىقىنى كېسىپ ئۆتۈپ، گۇچۇڭغا سوزۇلۇش بىلەن، غەرىپتە موڭغۇل دالاسىغا يۈزلىنىشتە چىڭ سۇلالىسى ئۈچۈن پايدىلىق ھەربى ھالەت ھاسىل قىلدى.

1697 ـ يىلى، جۇڭغارغا قارشى ئۇرۇش چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياقلاشقاندا، چىڭ سۇلالىسى ئەبەيدۇللانىڭ خىزمىتىنى مۇكاپاتلاپ، ئۇنىڭغا بىرىنچى دەرىجىلىك جاساق مەرتىۋىسى، جاساق تامغىسى ۋە قىزىل تۇغ ئىنئام قىلدى. ئۇنىڭ ئوغلى گوپ بەككە ئىككىنچى دەرىجىلىك بەگ دىگەن ئۇنۋان بەردى⑩.

1698 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ھەربى تۈزۈمى بويىچە قۇمۇلدا سۇمۇن تەشكىللەپ، زەنگى، مەسلىھەتچى چېرىكچى، ياردەمچى چېرىكچى، چەۋەنداز چېرىكچى قاتارلىقلارنى قويدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە سۇجۇ قەلئەسىدە بىر ياردەمچى چېرىكچى

قويدى ۋە ئۇنى قوُمۇلنىڭ غەربىدىكى رايونىنىڭ ھەربى ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلدى. چىڭ سۇلالىسى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قوُمۇلغا قارىتىلغان مەنئى قىلىش بۇيرۇقلىرىنى بىكار قىلىپ، قوُمۇل سودىگەرلىرىنىڭ گەنسۇ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت قىلدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، چىڭ سۇلالىسى موڭغۇل دالاسىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەن جۇڭغارلارنىڭ ھەربى كۈچىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تارمار قىلىش بىلەن بىللە، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا كىرىشنىڭ ئاساسلىق دەرۋازىسىغىمۇ ئىگە بولدى. چىڭ سۇلالىسى مۇشۇ قوُمۇلنى بازا قىلىپ، جۇڭغار خاندانلىقىنىڭ موڭغۇل دالاسىغا قوزغاش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق ھەربى ھەركىتىنى ئۈنۈملۈك ھالدا چەكلەپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەخت رايونىغا كېلىدىغان بېسىمنى ئازايتىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ رايوننى جۇڭغار خاندانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم تايانچىغا ئايلاندۇردى.

چىڭ سۇلالىسى غالداننى تارمار قىلغاندىن كېيىن، جۇڭغار خاندانلىقى دۇچكەلگەن مۇشكۈل مۇھىتتىن پايدىلىنىپ، تىيانشاننىڭ شىمالىغا يۈرۈش قىلمىدى. بىرقانچە يىلدىن كېيىن، شۇەنيې (كاڭشى) ئۆز ۋارىسى يىنجېن (يۇڭجېڭ)غا يازغان بىر مەخپىي مەكتۇبىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شۇ ۋاقىتتا تىيانشاننىڭ شىمالىغا ئەسكەر ئەۋەتمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: "دۈشمەنلەرنىڭ ئۇۋىسى يىراق، قوشۇنىمىز ئۇنىڭغا تارتىلسا، قوشۇنىمىز ھالسىزلىنىپ قالىدۇ. دۈشمەنلەر كەلسە، دۈشمەن چارچايدۇ، شۇڭا، مۇستەھكەم ئىستىھكام قۇرۇپ، دۈشمەنلەرنى

ئازدۇرۇپ، ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ يوقىتىش ئەڭ تاكامۇل سىياسەت بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.»

مۇشۇ پىرىنسىپ بويىچە، چىڭ سۇلالىسى غالدانىنى يوقاتقاندىن كېيىن سىۋاڭ ئاراپتاننىڭ ئۆزىگە بولغان بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنى داۋاملىق ساقلاپ، ئالتاينىڭ غەربىي قىسمىنى جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن مەشغۇل بولىدىغان رايونى قىلىپ بېكىتىپ بەردى.

سىۋاڭ ئاراپتاننىڭ چىڭ سۇلالىسىگە بولغان بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى ئۇن يىلچە داۋاملاشتى. جۇڭغار خاندانلىقى بىر مەزگىل ئۆزىنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن يېڭىۋاشتىن قۇدرەت تېپىشقا باشلىدى. نەتىجىدە 1715-يىلى سىۋاڭ ئاراپتان ئۇيغۇرلار رايونىدا ئاق تاغلىقلار بىلەن قاراتاغلىقلار ئۆزئارا پۈت تېپىشىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا قۇمۇل رايونى ۋە ئاقسۇنىڭ غەربىي رايونلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ دەل خوجا ئەخمەت باشچىلىقىدىكى ئاق تاغلىقلار قەشقەرنى، دانىيال باشچىلىقىدىكى قارا تاغلىقلار يەركەننى بېسىپ ياتقان ۋاقىت ئىدى.

سىۋاڭ ئاراپتان، ئەمەلىيەتتە، بىرلا ۋاقىتتا ھەم چىڭ سۇلالىسى بىلەن، ھەم ئىشانلار بىلەن سوقۇش قىلدى.

قۇمۇل تەرەپتە جۇڭغار قوشۇنى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. بۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى فۇنىڭ باشچىلىقىدىكى دالا ئۇرۇشى ئارمىيىسىنى بارىكۆل ۋە قۇمۇل ئەتراپىدا تۇرغۇزدى.

لېكىن جۇڭغار خاندانلىقى تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي رايونىدا تولۇق غەلىبىگە ئېرىشتى. كېيىنكى يىللاردا جۇڭغار قوشۇنى يەنە تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي رايونى ئارقىلىق شىزاڭغا ئىچكىرىلەپ

كىرىپ، لاسانى ئىگەللىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلىي مەنپەئەتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، جۇڭغار قوشۇنىنىڭ تارىم ۋادىسىنىڭ ئەتراپىدا قازانغان غەلىبىلىرى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيتتى. ئەمما چىڭ سۇلالىسى جۇڭغار قوشۇنىنىڭ تارىمنىڭ جەنۇبىنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، شىزاڭغا كىرگەنلىكىگە تاقەت قىلىپ تۇرالمايتتى.

جۇڭغار خاندانلىقىنىڭ شىزاڭ ئارقىلىق چىڭخەي، گەنسۇلارنى قورشۇۋېلىش كۈچىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جۇڭغار قوشۇنىنىڭ شىزاڭدا پەيدا بولۇشىنىڭ ۋەزىيىتى ئانچە مۇقىم بولمىغان چىڭخەي-شىزاڭ ئېگىزلىكىگە ۋە پۈتكۈل غەربىي جەنۇپ رايونىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

بۇ مەزگىلدە، چىڭخەي ۋە پۈتۈن موڭغۇل رايونلىرى لاما دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، جۇڭغار خاندانلىقىنىڭ شىزاڭدا پەيدا بولۇشى بىلەن كېلىپ چىقىدىغان پسىخولوگىيىلىك تەسىرنىڭ غايەت زور بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس، ئەلۋەتتە. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، جۇڭغار خاندانلىقى ھەربىي ۋە پسىخولوگىيە يوللىرى ئارقىلىق چىڭ سۇلالىسىگە قارشى يەنە بىر يېڭى سەپ تۈزگەن ۋە بۇ سەپ چىڭخەي، گەنسۇ، موڭغۇل رايونلىرىنى بويلاپ بىرقانچە مىڭ چاقىرىم سوزۇلغان ئىدى.

مانا مۇشۇ سەۋەپتىن، چىڭ سۇلالىسى 6000 كىشىلىك جۇڭغار قوشۇنىنىڭ شىزاڭدا پەيدا بولغانلىقىغا سەل قاراپ تۇرالمىدى.

1718-يىلى، چىڭ سۇلالىسى پادىشاسىنىڭ شاھزادىسى يۈنتى بۇيرۇققا بىنائەن قوشۇن باشلاپ شىزاڭغا يۈرۈش قىلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى دەسلەپتە مەغلۇپ بولدى. ئىككىنچى يىلىغا

كەلگەندە ئاندىن جۇڭغار قوشۇننى مەغلۇپ قىلىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا چېكىندۇردى[11].

چىڭ سۇلالىسى شىزاڭغا يۈرۈش قىلىش بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ بارىكۆلدىكى قوشۇنلىرىنىمۇ ئىشقا سېلىپ، تىيانشاننىڭ شىمالىي قىسمىغا قارىتا بىر قاتار ھۇجۇملارنى قوزغىدى. شۇ مەزگىلدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئايىرىم ھەربىي ئەترەتلىرى ھەتتا ئۈرۈمچى ئەتراپىغىچە يېتىپ باردى.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ ۋاقىتتا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ شىمالىغا قوللانغان ھەربىي ھەركىتى نوقۇل بەنت قىلىش خاراكتېرىدا بولۇپ، داغدۇغا پەيدا قىلىشلا كۆزدە تۇتۇلغان ئىدى. شۇڭا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدا شاۋقۇن-سۈرەن سېلىپ يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن، مۇشۇ رايوندا زورۇر مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى قۇرۇپ، ئەمەلىي ھەربىي ئۈستۈنلۈكنى شەكىللەندۈرەلمىگەن ئىدى.

1720-يىلى، چىڭ سۇلالىسى شىزاڭدا جۇڭغار قوشۇننى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قوشۇنى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ تۇرپان ئويمانلىقىغا يۈرۈش قىلدى. لۈكچۈن ھاكىمبېگى ئەمىن خوجا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تەرەپكە ئۆتتى. تۇرپان ھاكىمبېگى ئەزىز خوجا پانا تىلەپ قاراشەھەرگە قېچىپ كەتتى[12].

مەملىكەت مىقياسىدىكى ھەربىي ھەركەتلەر بارا-بارا ئازىيىۋاتقان بىر ۋاقىتتىمۇ، تۇرپاننى تالىشىش سوقۇشى يەنە بىرقانچە يىل ئۈزۈلمەي داۋاملاشتى.

1723-يىلى، كاڭشى ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يىنجېن

(يۈگجېك) تەختكە چىقتى. قالغاننىڭ چوڭ لاماسى جابزۇندانبا خۇتۇختۇنىڭ ياراشتۇرۇشى ئارقىسىدا چىڭ سۇلالىسى بىلەن جۇڭغار خاندانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى سەككىز يىل داۋام قىلغان ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىلدى.

قاتناش ۋە ھەربى لاۋازىمات جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلار تۈپەيلىدىن، چىڭ سۇلالىسى ئۆزىنىڭ تۇرپاندىكى ھەربى قوشۇنىنى چېكىندۈرۈپ كەتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىغا كىرىش يولىدىكى تۇنجى ھەركىتى شۇنىڭ بىلەن توختاپ قالدى. شۇ يىلى چىڭ سۇلالىسى بارىكۆلدە تۇرۇشلۇق قوشۇنىنىمۇ قۇمۇلغا چېكىندۈرۈپ كەتتى. لېكىن جىيايۇگۇەندىن قۇمۇلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتكۈل ھەربى سېپىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىدى.

كاڭشى يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا مەملىكەت بويىچە پەقەت جۇڭغار خاندانلىقىلا چىڭ سۇلالىسىگە تاقابىل تۇرۇپ كەلگەن ئاساسىي كۈچ بولۇپ قالغان ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ كۆنتەرتىۋدە جۇڭغار مەسىلىسىنىڭ تۇتقان ئورنى كاڭشىنىڭ يۈگجېكغا يېزىپ قالدۇرغان مەخپىي مەكتۇبىدا ئېنىق دەلىللەندى. بۇ مەخپىي مەكتۇپتا جۇڭغارلارغا قارىتىلغان ئاساسلىق ئىستراتېگىيىلىك تەسەۋۋۇر بېكىتىلگەن. كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ جۇڭغار مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى يېتەكچى ئىدىيىسى بولۇپ قالدى.

جۇڭغارلار بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئىككى تەرەپ ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشى ھەمىشە دىڭگۇدەك يېڭى ۋەقەلەرنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ تۇردى. بۇ مۇقەددىمە بەزىدە بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىدىن قارشىلىشىش مۇناسىۋىتىگە ھەتتا ئۇرۇش مۇناسىۋىتىگە ئايلاندى، بەزىدە بولسا ئۇرۇش مۇناسىۋىتىدىن ئىناق مۇناسىۋەتكە

ھەتتا بىقىندىلىق مۇناسىۋىتىگە ئالماشتى. جۇڭغارلار بىلەن چىڭ سۇلالىسى مۇناسىۋىتىدە يۈز بىرىپ تۇرغان بۇنداق ئۆزگىرىش، ئەمەلىيەتتە، ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىن ھاسىل بولغان.

1727 ـ يىلى سىۋاڭ ئاراپتان ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئوغلى غالدان سېرىن خاندانلىققا ئولتۇردى. شۇ يىلى چىڭ سۇلالىسى بوردان باشچىلىغىدىكى بىر قىسىم مۇنتىزىم قوشۇنىنى موڭغۇل دالاسى ئارقىلىق ئالتاي رايونىغا ئەۋەتتى. بۇ قوشۇن قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قوشۇن بىلەن ماسلىشىپ، جۇڭغارلارنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشىنى چەكلەپ تۇرىدىغان مۇداپىئە لىنىيىسىنى ھاسىل قىلدى.

غالدان سېرىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان دائىرە ئۆز ئەجدادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن كىچىك ئىدى. ئاقسۇنىڭ غەربىدىكى تارىم بويى رايونلىرى جۇڭغار خاندانلىغى شىزاڭدا مەغلۇپ بولغان ئەھۋالدا يەنە بىر مەرتەم ئۆز ئالدىغا تەسىر دائىرە بولۇۋالدى. بۇ رايونلار كۆرۈنۈشتە غالدان سېرىنغا ئىتائەت قىلغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، جۇڭغار خاندانلىغىنىڭ ھۆكۈمرانلىغىدىن چەتلەشكە ئىنتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاق، ئۆزبېك ۋە بۇيرۇتلار (قىرغىزلار)مۇ سىر دەرياسى بىلەن بالقاش كۆلى ئارىلىغىدىكى جايلاردا ھەمدە ئىسسىق كۆل بويىدىكى رايونلاردا ئۆز ھۆكۈمرانلىغىنى تىكلىدى. نەتىجىدە جۇڭغارنىڭ تەسىر دائىرىسى 16 ـ ئەسىردە ئۆزلىرى يېڭىلا قەدەم باسقان ھالەتكە قايتتى.

ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇرۇشلاردا ھىساپسىز بايلىق جۇغلىغان كونا ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ئەمەلدارلىق باش كۆتىرىپ چىقىۋاتقان، لېكىن

ھېچقانداق نەپ ئالالمىغان يېڭى ئاقسۆڭەكلەر بۇنداق ھالەتكە رازى بولمايتتى، ئەلۋەتتە، ئوخشاش بولمىغان تەبىقە كىشىلىرىنىڭ تەلەپ ۋە ئارزۇلىرى ئاخىر بېرىپ غالدان سېرېننى يېڭى تەۋەككۈلچىلىك قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. غالدان سېرېن موڭغۇل دالاسىنى يەنە ئۆزىنىڭ تەۋەككۈلچىلىك قىلىش سورۇنى قىلىپ تاللىدى. جۇغراپە-يىلىك نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا. موڭغۇل دالاسىنى چىڭ سۇلالىسى بىلەن سوقۇشۇش سورۇنى قىلىپ تاللاش مۇۋاپىق ئىدى. بۇ يەرنىڭ مول ئوت-چۆپ ۋە سۇ مەنبەلىرى ئاتلىق ئەسكەرلەرنى ئاساس قىلغان جۇڭغار قوشۇنىغا ئىنتايىن قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرەلەيتتى. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ يەرنىڭ ئاھالىلىرىمۇ تىل ۋە ئۆرپ-ئادەت، دىن جەھەتلەردە جۇڭغارلار بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن بىردەك ئىدى. تېخىمۇ مۇھىمى پەقەت مۇشۇ رايون ئارقىلىقلا چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئەمەلىي تەھدىت ھاسىل قىلىش مۇمكىن ئىدى. ئىسەندىن تارتىپ غالدان سېرېنگىچە بولغان 400 يىل داۋامىدا تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ بۇ رايوندا قايتا-قايتا پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەبىمۇ ئەنە شۇنىڭدا ئىدى.

1729-يىلى، غالدان سېرېن ئالدى بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇل رايونىدىكى قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلدى، ئاندىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالتاي تەرەپتىكى قوشۇنىنى تۇڭبو جىلغىسىغا ئېزىقتۇرۇپ كىرگۈزۈپ، تامامەن يوقاتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالتاي-قۇمۇل مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى. شۇ يىلى كۈزدە جۇڭغار قوشۇنى يەنە بىر قېتىم موڭغۇل دالاسىدا پەيدا بولدى[13].

ئۇرۇش، ئەمەلىيەتتە، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي جەھەتلەردە كۈچ سىنىشىش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. غالدان سېرېن تاللىغان

ئۇرۇش سورۇنى مۇۋاپىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى، بولۇپمۇ سىياسى كۈچى ئاجىز ئىدى. غالدان سېرىن موڭغۇل دالا-سىغا كىرگەندىن كېيىن، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەل-مىدى، ھەتتا توشۇت قەبىلىسىنىڭ باشلىقى غاپسېرىن باشچىلىقى-دىكى قالقا قەبىلىلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. بۇنىڭدىن، غالدان سېرىنىنىڭ تارىختا بولۇپ ئۆتكەن شەۋكەتلىك ئىشلارنى تەك-رارلىشىنىڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىكى، ئاخىر مەغلۇپ بولىدىغانلىقى روشەن ئىدى.

غالدان سېرىنىنىڭ موڭغۇل دالاسىدا مەغلۇپ بولۇشى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئومۇمى يۈزلۈك غەلىبىسى ئۈچۈن پۇرسەت ياراتتى. لېكىن، چىڭ سۇلالىسى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تىيانشاننىڭ شەرقىي قىسمىغا چېكىنىۋاتقان جۇڭغار قوشۇنلىرىغا توسۇپ زەربە بەرمىدى. شۇنداقلا بىۋاستە ئىلى رايونىغا باستۇرۇپ كىرىپ جۇڭغار خاندانلىقىنى غولىتىۋەتمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىرىنچى، كاڭشى بەلگىلەپ بەرگەن "مۇستەھكەم ئىستىھكام قۇرۇپ، دۈشمەنلەرنى ئازدۇرۇپ ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ يوقىتىش" دىگەن پىرىنسىپنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى قەتئىي ئېغىشماي ئىجرا قىلغان، ئىككىنچى، چىڭ سۇلالىسى تېخى زۆرۈر كۈچكە ئىگە بولالمىغان ئىدى.

موڭغۇل دالاسىدىكى مەغلۇبىيەتنى غالدان سېرىن زادىلا تەسە-ۋۋۇر قىلىپ باقمىغان ئىدى. بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، ئۇ چىڭ سۇلالىسى بىلەن يەنە دۈشمەنلىشىشنىڭ — مەيلى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك بولسۇن — يامان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى تولۇق ھىس قىلدى. شۇڭلاشقا ئۇ ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، چىڭ سۇلالىسىدىن ئۆزى بىلەن قالقا موڭغۇل قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى

ماجرانى بىر ياقلىق قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى ۋە شۇ ئارقىلىق
ئۆزى يېقىندا موڭغۇل دالاسىغا قاراتقان ئۇرۇشنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە
قارىتىلمىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولدى. بۇ ۋەقەدىن شۇ ئەھۋال
ئەكس ئەتتۈرۈلدىكى، چىڭ سۇلالىسى بىلەن جۇڭغارلار ئوتتۇر-
سىدا ئۇرۇشلار بولغان بولسىمۇ، لېكىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمى-
تىنىڭ ئالى مەمۇرى ئورگانلىق ئورنى جۇڭغار خاندانلىقى تەرىپى-
دىن ئېتىراپ قىلىندى.

ئەتراپلىق ياراشتۇرۇش ئارقىلىق، ئالتاي قالقا موڭغۇل قەبىلى-
لىرى بىلەن جۇڭغارلارنىڭ پاسىلى قىلىپ بېكىتىلدى.

18 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، چىڭ سۇلالىسى بىلەن
جۇڭغار خاندانلىقىدا ئوخشاشلا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى.
1735 ـ يىلى پادىشا يۇڭجېڭ ۋاپات بولۇپ، ئىككىنچى يىلى يەنى
1736 ـ يىلى چيەنلۇڭ (خۇڭلى) تەختكە چىقتى، تىيانشاننىڭ
شىمالى ۋە جەنۇبىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشىنى ئەنە شۇ چيەنلۇڭ
ئورۇنلىدى. پاكىتلار چيەنلۇڭنىڭ ئىنتىلىشچان ھۆكۈمدار ئىكەنلىكىنى
ئىسپاتلىدى. چيەنلۇڭ رەھبەرلىكىدىكى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى
مەيلى دىپلوماتىيە جەھەتتە بولسۇن، مەيلى ئىچكى ئىشلار جەھەتتە
بولسۇن، مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. چيەنلۇڭ
ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر چىڭ سۇلالىسىنىڭ تولۇق گۈللەنگەن
دەۋرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئەمدى جۇڭغار خاندانلىقىغا كەلسەك، 1745 ـ يىلى غالدان
سېرىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرى تەخت
تالىشىپ پۈتۈن ئەلنى يەنە بىر قېتىم قالايمىقانچىلىق ئىچىگە
پاتۇرۇپ قويدى. قىسقىغىنا ئىككى يىل ئىچىدە جۇڭغار خاندانلىقىدا

ئۈچ قېتىم خان ئالماشتى. ئاۋال غالدان سېرىننىڭ ئىككىنچى ئوغلى سىۋاڭ دورجى نامزار خانلىققا چىقتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ ئاچىسىنىڭ ئېرى سايىن بۇلاق ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئۇنىڭ ئورنىغا غالدان سېرىننىڭ چوڭ ئوغلى لامادارزا خان بولدى، كېيىن بۇ يېڭى خان ئۆزىنى تەختكە چىقارغان سايىن بۇلاقنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە خاندانلىقنىڭ ۋەزىرى چوڭ سېرىن بىلەن كىچىك سېرىننىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۆز رەقىپلىرىنى كەڭ كۆلەملىك تازىلاش ۋەزىيىتىنى قاتتىق كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى، ئاقىۋەتتە دوربوت قەبىلىسىدىن بولغان ئامۇرسانا لامادارزانى ئۆلتۈرۈپ، داباجىنى خان قىلىپ تىكلىدى.

داباجى ئىقتىدار جەھەتتىمۇ، ئەسكىلىك قىلىش جەھەتتىمۇ ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئىككى خاندىن ئېشىپ چۈشىدۇ[14]. داباجى بۇ خانلارنىڭ ھوقۇقنى باشقىلارغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ يامان ئاقىۋەتتە قالغانلىقىدىن ئىبرەت ئېلىپ، ئۆزىگە يات كۈچلەرنىڭ تىزگىنلىشىدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشتى، نەتىجىدە ئۇ يات كۈچلەرنى ھەر تەرەپتىن چەكلەپ تۇردى. ئۆزىگە باش پانا بولۇپ، ئۆزىنى تەختكە يۆلەپ چىقارغان ئامۇرسانانىڭ بەزى تەلەپلىرىنىمۇ رەت قىلىۋەتتى.

مۇشۇنداق شارائىتتا، ئامۇر سانا 1754-يىلى چىڭ سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتتى. شۇ يىلى، چيەنلۇڭ رېخېدىكى يازلىق ئوردىسىدا (ھازىرقى چېڭدې شەھىرىدە) ئامۇر سانانى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ۋاڭلىق ئۇنۋان بەردى.

تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە ئامۇرسانا نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك شەخس. ئۇنىڭ چىڭ سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتكەنلىكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ

تيانشاننڭ شمالغا يۈرۈش قلش قارارنى چقرشتا مەلۇم تەسر كۆرسەتتى. چۈنكى ئامۇرسانا چڭ سۇلالسى تەرەپكە ئۆتكەندن كېين، چڭ سۇلالسنى جۇڭغارلار توغرسدا ئومۇمى يۈزلۈك ئاخبارات بلەن تەمنلسدى، شۇنڭ بلەن جۇڭغارلارنڭ هۆكۈمرانلار تەبقسننڭ ماجرا ۋە زددييەتكە پاتقانلغنمۇ چڭ سۇلالسگە ئاشكارلاپ بەردى.

ئامۇرسانادن بۇرۇن دوربوتننڭ تەيجلردن ئۈچ چېلڭ چڭ سۇلالسى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن ئدى. ئامۇرسانادن كېين بولسا داباچننڭ لەشكەر باشلغى مەخمۇت چڭ سۇلالسگە تەسلم بولدى.

چڭ سۇلالسى بۇنى جۇڭغار خاندانلغنى گۇمران قلشنڭ ئوبدان پۇرستى دەپ هساپلاپ، ئايردم-ئايردم هالدا ئۇلياسۇتاي (بۈگۈنكى موڭغۇلىيە خەلق جۇمهۇرىيىتدكى جاۋخېلانت دگەن جاي) ۋە باركۆلدە 50 مڭ كشلك قوشۇن ۋە 70 مڭ ئات-ئۇلاق هەمدە مۇناسپ هەربى لاۋازىمات توپلدى.

1755-يلى چڭ سۇلالسى بەن دنى چېگرنى تېچلاندۇرۇش جياڭجۈنى، ئامۇرسانانى مۇئاۋن جياڭجۈن قلپ تەينلەپ، ئۇلارنى قوشۇن باشلاپ ئۇلياسۇتايدن يولغا چقشقا، يۈڭچياڭنى غەرپنى تېچلاندۇرۇش جياڭجۈنى، سالارنى مۇئاۋن جياڭجۈن قلپ تەينلەپ، ئۇلارنى باركۆلدن ئاتلنشقا بۇيرۇدى هەمدە بۆرتالا دەرياسى بويى (بۈگۈنكى شنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننڭ بۆرتالا ناهيەسدە)نى ئككى يول قوشۇننڭ ئۇچرشدغان جايى قلپ بەلگلدى. شۇ ۋاقتتا داباچننڭ باش لاگرى بۆرتالا دەرياسى بويدا ئدى.

1755 ـ يىلى 2 ـ ئايدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىككى يول قوشۇنى بىرلا ۋاقىتتا جەڭگە ئاتلاندى. بۇ قوشۇنلار يول بويى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ خەيرىخاھلىقى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. شۇ يىلى 5 ـ ئايدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بۆرتالا دەرياسى بويىدا ئۇچراشقاندا، داۋاچى ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچى قوشۇنىدىن ئون مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى باشلاپ، غۇلجىغا غەربىي شىمالدىن 80 چاقىرىم كېلىدىغان گېدىن تېغىغا قېچىپ باردى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئۇنىڭ ئىزىدىن قوغلاپ ئىلى رايونىغا باردى ھەمدە داۋاچىنىڭ بۇ جايدىكى باش لاگېرىنى قورشىۋالدى.

5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىدىن لەشكەر سەركەردىسى ئايۇشى بۇيرۇقىغا بىنائەن 20 نەپەر ئاتلىق چارلىغۇچىنى باشلاپ گېدىن تېغىغا يېقىنلاشقاندا، قاراڭغۇ چۈشكەن ئىدى. بۇلار تۇساتتىن دۈشمەن لاگېرىغا بېۋاستە ئاتلاندى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ كىچىككىنە چارلىغۇچى قوشۇنى شۇنداق غايەت زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈردىكى، بۇ يەردە لاگېر قۇرغان جۇڭغار قوشۇنى پاتىپاراقچىلىق ئىچىگە چۈشۈپ تىرىپىرەن بولدى. 8000 كىشىلىك قالدۇق قوشۇن بىر كېچىدىلا گۇمران بولۇپ، 6000 دىن ئارتۇق ئەسكەر ئەسىرگە چۈشتى. داۋاچى 2000 كىشىلىك قوشۇنىنى باشلاپ تىيانشاندىن ھالقىپ، ئۇچتۇرپانغا قېچىپ بارغاندا، ئۇچتۇرپان ھاكىمبېگى خوجىس ئۇنى تۇتۇپ ئىلىدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا تاپشۇرۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭغار خاندانلىقى تامامەن يوقالدى⑮.

بۇگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ گېدىن تېغىدىكى مەڭگۈ تاش ــ جۇڭغارلارنىڭ تىنچىتىلغان

لىغىنى خاتىرىلەش گېپىدىن تېخى مەڭگۈ تېشى ـــ مۇشۇ ئۇرۇشنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن تۇرغۇزۇلغان. بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ سۆزىنى چىيەنلۇڭ شەخسەن ئۆزى يازغان.

خەن، تاڭ، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرىنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيەتلىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا يۈرۈش قىلغاندا، ئالدى بىلەن تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىنى ئىلىكىگە ئېلىپ، ئاندىن بۇ يەرنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، تىيانشاننىڭ شىمالىي رايونىغا يۈرۈش قىلغان ئىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىستىراتېگىيىلىك تەسەۋۋۇرىمۇ دەسلەپتە مۇشۇ دائىرىدىن چىقىپ كېتەلمىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ 1720 ـ يىلدىن تارتىپ 1725 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا تۇرپان ئۇيمانلىقىدا قوزغىغان ھەركەتلىرىدە مۇشۇ مۇددىئا ئەكس ئەتتى. ئەمما شۇ ۋاقىتلاردا چىڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچى تېخى كامالەتكە يەتمىگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ بۇ ھەربى ھەركەتلىرى ئاخىرى بېسىقىپ قالغان ئىدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئوبيېكتىپ شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن، چىڭ سۇلالىسى بۇ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدىن ۋازكېچىپ، ئۆزىنىڭ كۈچىنى تىيانشاننىڭ شىمالى رايونىغا قاراتتى.

داباچى تۇتۇلغانغا قەدەر پەقەتلا تىيانشاننىڭ شىمالىي قىسمىنىڭ مەسىلىسى ھەل بولغان ئىدى. ئەمدى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدىدا تىيانشاننىڭ جەنۇبىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسىلىسى تۇراتتى.

### 3. چىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى

ئەمدى بىز تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى

ئەھۋالىغا نەزەر سېلىپ ئۆتەيلى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى داباجىنى يوقىتىشقا يۈرۈش قىلغان ۋاقىتتا، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى قاراشەھەر، كۇچار، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان قاتارلىق رايونلار داباجىنىڭ ئىلكىدە ئىدى. قەشقەر، يەركەن، خوتەن قاتارلىق جايلار بولسا قارا تاغلىقلارنىڭ تىزگىنىدە ئىدى، قومۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلار بولسا، چىڭ سۇلالىسىگە بېقىنغان ئىدى.

داباجىغا قارشى ئۇرۇش تېزلا ئاياقلاشقانلىقتىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھەتتا كېيىنكى باسقۇچلۇق ئىستىراتېگىيىلىك تەسەۋۋۇر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەن ئىدى. شۇڭلاشقا داباجى قولغا چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ باش ھەربى ئاپپاراتى ۋە ئالدىنقى سەپ قوماندانلىرى نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى.

مەسىلە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بىرىنچى، بەن دى قاتارلىقلارغا پەقەت جۇڭغار خاندانلىقى بىلەن ئۇرۇش قىلىش ھوقۇقىلا بېرىلگەن ئىدى. داباجىنىڭ قولغا چۈشۈشى بىلەن تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى جۇڭغار قوشۇنلىرى تېزلا تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. نەتىجىدە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى داۋاملىق ئۇرۇش قىلىش نىشانىدىن مەھرۇم قالدى. ئىككىنچى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تىيانشاننىڭ شىمالىدا ئۇرۇش قىلىشقىلا يېتىدىغان ئوزۇق-تۈلۈك جۇغلىغان ئىدى. روشەنكى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى سەپ قوشۇنىدا يەنە بىر مەرتەم ئۇرۇش قىلغۇدەك ئارقا سەپ تەمىنات بۇيۇملىرى يوق ئىدى. ئۈچىنچى، تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىنى بېسىپ ياتقان قارا تاغلىقلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسى مۇددى-

ئاسىنى تېخى ئاشكارىلىمىغان ئىدى. ئىككىلا تەرەپ ئۆز كويىدا ئىدى. چىڭ سۇلالىسى قارا تاغلىقلارنىڭ ئۆزلۈگىدىن تەسلىم بولۇشىنى ئىستەيتتى. قارا تاغلىقلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى بولسا جۇڭغارلاردىن بوشاپ قالغان ئاقسۇنىڭ شىمالىدىكى جايلارنى بېسىۋېلىش كويىدا ئىدى.

دەل مۇشۇنداق بىر ۋاقىتتا تاسادىپى بىر ئىش سادىر بولدى: داباجىنى چىڭ سۇلالىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن ئۇچتۇرپان ھاكىمبېگى خوجىس ۋە ئاقسۇ ھاكىمبېگى ئابدۇۋاھاپ چىڭ سۇلالىسى ۋە ئامۇرساناغا ئاق تاغلىقلارنىڭ كاتتىۋېشى بۇرھانىدىننى قويۇپ بېرىش تەكلىۋىنى بەردى. «تەزكىرەئى خوجىگان» ناملىق كىتاپتا خوجىلارنىڭ تەكلىۋى توغرىسىدا مۇنداق مەلۇمات قالدۇرۇلغان: "ئاقسۇ ھاكىمبېگى ئابدۇۋاھاپ، ئۇچتۇرپان ھاكىمبېگى خوجىس مۇنداق دىدى: 'ئىلىدا ئاپپاق خوجا ئۇرۇغىدىن بولغان ئەخمەت خوجىنىڭ ئىككى ئوغلى بار، بىرى خوجا بۇرھانىدىن، يەنە بىرى خان خوجا. بۇ ئىككى خوجا قەشقەر خەلقىنىڭ خوجىسى، چىڭ (مانجۇ) سەردارى بىر قىسىم ئەسكەرنى، موڭغۇل سەردارى بىر قىسىم ئەسكەرنى باشلاپ بارسا ھەمدە بۇ خوجىلارنى تۆرە دەپ ئېلان قىلسا، تامام ئاق داستارلارنى جەڭسىز، تالاشسىز ئىتائەتكە كىرگۈزگىلى بولىدۇ.'"

مەزكۇر بۆلۈمدە بايان قىلىنىۋاتقان مەزمۇنغا چېتىشلىق قىسىملاردىن باشقا، بۇ نەقىلدىن: بىرىنچى، بۇرھانىدىننىڭ نەسەپ جەمەتى مەلۇم بولىدى، بۇ نەقىلدىن بۇرھانىدىننىڭ جەمەتىنى بىلدۇق: بۇرھانىدىن — ئەخمەت — يەھيا — ئاپپاق خوجا. ئىككىنچى، نەقىلدە خان خوجا بۇرھانىدىننىڭ ئۆز ئىنىسى دىيىلگەن.

بۇنىڭدىن خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا كەڭ خاتىرىلەنگەن 霍集占 نىڭ خان خوجا دىگەن ئىسمى بارلىقىمۇ مەلۇم بولىدى.

يەرلىك ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ئارىسىدا بۇرھانىدىن چوڭ خوجا دەپ، خان خوجا كىچىك خوجا دەپ ئاتالغان. مۇشۇ باپنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمدە كىچىك خوجىنىڭ پائالىيىتى خېلى سەھىپىنى ئىگەللەيدۇ، ئۇ چوڭ-كىچىك خوجىلار توپىلىڭىدا ئاساسلىق شەخس ئىدى.

ئەمدى بىز بۇرۇنقى ۋاقىت تەرتىۋىگە كېلەيلى.

چىڭ سۇلالىسى خوجىس قاتارلىقلارنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىپ بۇرھانىدىنىنى قويۇپ بەردى. بۇنىڭ بەدىلىگە بۇرھانىدىنىنىڭ ئۆتەيدىغان مەجبۇرىيىتى "مۇسۇلمانلار (ئۇيغۇرلار) تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ئالۋاڭ-ياساقلارنى ئېنىقلاپ، تاپشۇرغۇزۇش"تىن ئىبارەت بولىدى⑯. روشەنكى، چىڭ سۇلالىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى پۈتكۈل مەمۇرى ئىشلارنى بۇرھانىدىنغا ھاۋالە قىلدى.

چىڭ سۇلالىسى بۇرھانىدىنىنى ئىشقا قويغاندىن كېيىن، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا بىر قاتار سىياسى ۋەقەلەر سادىر بولىدى، ئۆزىگە لايىق ئىچكى-تاشقى سەۋەپلەرنى ھىساپقا ئالمىغاندا، مۇشۇ بۆلۈمدە بايان قىلىنىۋاتقان ۋەقەمۇ سەۋەپلەرنىڭ بىرى ئىدى.

شۈبھىسىزكى، جۇڭغار خانلىقى گۇمران بولىدىغان چاغدا، قارا تاغلىق خوجىلار ئۇرۇش جۇڭغارنىمۇ، چىڭ سۇلالىسىنىمۇ ھالسىزلاندۇرىدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ، پۈتكۈل تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايوننىنى سوراش ھوقۇقىنى خېلى تاما قىلغان ئىدى. لېكىن، پاكىت تامامەن باشقىچە بولۇپ چىقتى. داباجى ئۈستىدىن قىلىنغان غەلىبە چىڭ سۇلالىسىنىڭ سىياسى ئابروينى زور دەرىجىدە

ئاشۇردى. ئىلى رايونىنى ئۆز ئىلكىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئىنتايىن پايدىلىق ھالەتتە تۇراتتى. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، غەلىبىدىن ئىلھاملانغان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ قوماندانلىق ئورگانلىرى ۋە ئالدىنقى سەپتىكى قوشۇنلىرى يۈكسەك جەڭگىۋار كەيپىياتتا تۇرماقتا ئىدى.

سىياسى ۋە ھەربى جەھەتتىكى بېسىمغا سۆيۈنۈپ، قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ جۇڭغار ھۆكۈمرانلىق تەبىقىسى بىلەن بولغان كونا ئاداۋىتىدىن پايدىلىنىپ، چىڭ سۇلالىسى قارا تاغلىقلارنى ئىسكەنجىگە ئېلىش ياكى ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىشنىڭ ئىمكانىيىتىنى تېپىشى مۇمكىن ئىدى. بىراق ئاق تاغلىقلارنىڭ كاتتىۋېشىغا بەكمۇ بالدۇر ئىشىنىپ، ئۇنى ئىشقا قويغانلىقى چىڭ سۇلالىسىنى بۇ ئىمكانىيەتتىن مەھرۇم قىلىپ قويدى. كېيىنكى يىللاردا چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ ئىش بەدىلىگە چىقىم تارتقانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇرھانىدىننى قويۇپ بېرىپ، ئۇنىڭغا سۆيۈنۈپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش سىياسىتى ئۇنىڭ سىياسى جەھەتتىكى بىر سەۋەنلىكى ئىدى.

1755 ـ يىلى، بۇرھانىدىن 400 كىشىلىك چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى، مىڭ كىشىلىك موڭغۇل قوشۇنىغا يول باشلاپ ئۈچتۇرپانغا باردى[17]. بۇ ھال قارا تاغلىقلار كاتتىۋاشلىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئۇلار يەنە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋەرمەستىن، ئاق ئاغلىقلار بىلەن دۈشمەنلىشىدىغانلىقىنى ئوچۇق ئىپادىلىدى.

چىڭ سۇلالىسى بۇرھانىدىن تەرەپدارى بولغانلىقى ئۈچۈن، قارا تاغلىقلارنىڭ چىڭ سۇلالىسىنى دۈشمەن ھېساپلىشى تەبىئى

ئىدى.

خوجا يۈسۈپ باشچىلىغىدىكى قارا تاغلىقلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى يەركەنگە توپلىنىپ، بۇرھانىدىنغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ چارىسىنى قىلدى. بەزىلەر ئۈچتۇرپانغا بېرىپ ئۇرۇش قىلىشنى تەشەببۇس قىلغاندا، خوجا يۈسۈپ ئۈچتۇرپاننىڭ يەركەنگە يىراقلىغىنى، ئارىلىقنىڭ قۇملۇقلار بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغانلىغىنى تەكىتلەپ، غەلبە قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى قوغداپ قېلىشنىڭ تەسلىگىنى چۈشەندۈردى ھەم باشقىلارنى بۇ ئىشتىن چەكلىدى، ئەمما يۈسۈپ شۇ ۋاقىتتا ئاغرىپ سەكراتقا چۈشۈپ قالغانلىقتىن، قول ئاستىدىكىلەر ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى. نەتىجىدە بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن، ئۇنىڭ ئاكىسى خوجا جاھان (خوجا ياقۇپ دەپمۇ ئاتىلىدۇ) يېڭىسار، يەركەن، قاغىلىق ۋە قىرغىزلاردىن لەشكەر توپلاپ ئاتۇش ئارقىلىق ئۈچتۇرپانغا بېرىشنى بەلگىلىدى.

قوشۇن يۈرۈش قىلىپ ئىككىنچى كۈنى خوجا يۈسۈپ ۋاپات بولدى. شۇنىڭ بىلەن خوجا جاھان (خوجا ياقۇپ) قارا تاغلىقلار ھاكىمىيىتىنىڭ بارلىق ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يەنە بىر ئىنىسى ئابدۇللا (پادىشا خوجا)نى قەشقەرگە پادىشا قىلىپ تەيىنلىدى. پادىشا خوجا بۇيرۇقىغا بىنائەن، قەشقەر، بەشكېرەم، پەيزىۋات قاتارلىق جايلاردا يېڭىدىن لەشكەر توپلىدى. ئالدىراپ-تېنەپ توپلانغان بۇ يېڭى لەشكەرلەر ئۈچتۇرپانغا يۈرۈش قىلىۋاتقان ئاساسىي قوشۇن بىلەن بىللە يولغا چىقتى. يېڭى لەشكەرلەرنىڭ يۈك-تاقلىرى ئېغىر ئىدى، يۈك-تاقلارنى يىغىشتۇرۇش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈلگەن بولسىمۇ، بۇ يېڭى لەشكەرلەر

بۇنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمەيتتى.

«تەزكىرەئى خوجىگان» ناملىق كىتاپنىڭ ئاپتورى مۇھەممەت سادىق قەشقەرى "بۇ قوشۇن ئاخىر يۈرۈش قىلىپ ئاقساق، قاخشال ھالەتتە ئۇچتۇرپانغا باردى" دەپ يازىدۇ. سۆزسىزكى، بۇ جەزمەن مەغلۇپ بولىدىغان قوشۇن ئىدى.

يەركەن قوشۇنىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەپ شۇكى، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم لەشكەر باشلىقلىرى بۇرھانىدىنغا سېتىلدى. سوقۇش باشلانغاندىن كېيىن، بۇ سېتىلغان لەشكەر باشلىقلىرىنىڭ بەزىلىرى جەڭ مەيدانىدىن توساتتىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتتى. بەزىلىرى ھەتتا جەڭ مەيدانىنىڭ ئۆزىدىلا ئۆز ئادەملىرىگە ھۇجۇم قىلدى. تېخىمۇ ئېغىرى شۇكى، يەركەن قوشۇنىنىڭ تەركىۋىدىكى قىرغىز ئاتلىق قوشۇنى سوقۇش گىرلىشىپ كەتكەن بىر ۋاقىتتا، يەركەن قوشۇنىنىڭ سېپىگە بۆسۈپ كىرىپ، ئات-ئۇلاغ ۋە ئۇدۇل كەلگەن نەرسىلەرنى بۇلاپ-تالاشقا كىرىشىپ كەتتى.

ئۇچتۇرپان يېنىدىكى سوقۇش تېزلا ئاياقلاشتى، بۇرھانىدىن غەلىبە قىلدى. يەركەن قوشۇنلىرى تارمار بولۇپ قەشقەرگە چېكىندى. يۈسۈپ خوجىنىڭ مۆلچىرى توغرا بولۇپ چىقتى.

كېيىنكى ئۇرۇشلار قەشقەر قەلئەسىنىڭ يېنىدا بولدى. ئۇچتۇرپان ئۇرۇشىدىن كېيىن خوجا جاھان قەشقەرنى دالدا قىلىپ، بۇ يەرگە تۆكەل قارا تاغلىقلاردىن تەركىپ تاپقان قوشۇنىنى ئەۋەتتى، شۇنىڭدەك پادىشا خوجىغا قەشقەر قەلئەسىنى مۇستەھكەملەش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. لېكىن ئۇ بۇ يەردە ئۇنۇملۈك مۇداپىئە تورى ھاسىل قىلىپ، بۇرھانىدىنغا تاقابىل تۇرۇش

گويىدا بولدى.

لېكىن، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە سادىر بولغان ئىككى ۋەقە خوجا جاھاننىڭ بۇ تەدبىرلىرىنىڭ ئەھمىيىتىنى سۇسلاشتۇرۇۋەتتى.

بىرىنچى ۋەقە، ئۇچتۇرپاندا مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىپ كەلگەن ئەسكەرلەر ئاھالىنىڭ ئىچىدە قاتتىق ئۈمىتسىزلىك پەيدا قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئاقلاش ئۈچۈن دۈشمەن كۈچىنى قەستەن مۇبالىغە قىلىپ كۆرسەتتى. ھەتتا بۇرھانىددىننىڭ كارامىتى توغرىسىدا نۇرغۇن گەپ تارقىتىپ، ئۆزلىرىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئالدىدى، خەلق ۋە ھەربىلەر قاتتىق تەشۋىش ۋە ساراسىمىگە چۈشتى.

ئىككىنچى ۋەقە، بۇرھانىددىننىڭ سالاھىيىتى قەشقەردە يوشۇرۇن چاقىرىق كۈچى پەيدا قىلدى. چۈنكى ئاق تاغلىقلار بۇرۇندىنلا قەشقەرنى ئۆز بازىسى قىلىپ، بۇ يەردە چوڭقۇر تەسىر كۈچ تىكلىۋالغان ئىدى. بۇرھانىددىننىڭ نۇرغۇن جاسۇسلىرى قەشقەر قەلئەسىگە يوشۇرۇن كىرىۋېلىپ، ئاق تاغلىقلارنىڭ كونا ئاداۋەتلىرىدىن پايدىلىنىپ ۋەقە تۇغدۇرۇشقا ۋە قەساس ئېلىشقا قۇتراتقاندا، ۋەھىمە ۋە خاتىرجەمسىزلىك پۈتكۈل قەشقەرنى قاپلاپ كەتتى.

ئاق تاغلىقلارنىڭ تەسىر كۈچىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، پادىشا خوجا يېھسار، يەركەندىن مىجىت ئاخۇن باشچىلىقىدا بىر تۈركۈم قارا تاغلىق ئىشانلارنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇرۇشقا قاتناشتۇردى. بۇ قارام ئىشانلارنىڭ شۇملۇقلىرى ئاق تاغلىق ئىشانلاردىنمۇ ئېشىپ كەتتى. دىنىي جېدەل ـ ماجىرالار ھەممە چاتاقلارنىڭ تۈگۈنىگە ئايلاندى. ئاق تاغلىقلار قەشقەردە ئاپ ـ ئاشكارا زىيان-

كەشلىكلەرگە ئۇچراپ تۇردى. ئاقىۋەتتە بۇرھانىدىن ئاتۇشقا كەلگەندە، نۇرغۇنلىغان ئاق تاغلىقلار ئۆي-ماكانلىرىنى تاشلاپ بۇرھانىدىن تەرەپكە ئۆتتى. ئۇزاق ئۆتمەي پادىشا خوجىنىڭ ئۆزىمۇ ئىسيان كۆتەرگەن قوشۇنى تەرىپىدىن ئوردىسىدا مۇھاسىرىگە ئېلىندى. بۇ ئىسيانچى قوشۇنلار تۈمەن دەرياسى لېۋىدە تۇرۇپ ئوردىغا قاراپ: "يۇرتىنىڭ ئىگىسى كەلدى، خوجىلار چىقىپ كەتكەي!" دەپ توۋلاشتى. قەشقەر قەلئەسى تامامەن مۇداپىئەسىز قالدى. پادىشا خوجا نائىلاج قارا تاغلىقلاردىن تەركىپ تاپقان قوشۇنىنى باشلاپ قەشقەر قەلئەسىنىڭ سىرتىغا چىقىپ بارگاھ تىكتى. خۇراپاتلىق ئەقىدىسى كۈچلۈك بۇ قوشۇنمۇ بۇرھانىدىننىڭ قوشۇنى بىلەن بىرەر قېتىممۇ تۈزۈكرەك سوقۇش قىلالمىدى. ئاخىر پادىشا خوجا يەركەنگە قېچىپ كەتتى. قەشقەر ھاكىمبېگى قۇشبەگ ئەنجانغا قاچقاندا، يولدا يەرلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قالدى. بۇرھانىدىن قەشقەرنى قولىغا ئالدى[18].

قەشقەر قوشۇنى يېڭىساردىن يۈرۈش قىلغانىدىن باشلاپ قەشقەر قولدىن كەتكەنگە قەدەر ئارانلا 40 كۈن ۋاقىت ئۆتتى.

كېيىنكى كۈنلەردە ئۇرۇش مەيدانى يەركەن قەلئەسىگە يۆتكەلدى. بۇ ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى بىلەن موڭغۇل ئەسكەرلىرىدىن باشقا، بۇرھانىدىن يەنە بىۋاسىتە ئۆزىگە قاراشلىق قوشۇننى تەشكىل قىلدى. بۇ قوشۇنلار قەشقەر ئەسكەرلىرى، ئاقسۇ ئەسكەرلىرى ۋە قىرغىز ئەسكەرلىرى دەپ ئاتالدى. قىرغىزلاردىن قوبات مىرزا ئىسىملىك كىشى بۇ قوشۇنلارنىڭ سەركەردىسى بولۇپ تەيىنلەندى[19].

خوتەن رايونى ئۆزلىرىنى بۇرھانىدىن تەرەپدارى دەپ جاكالى-

غانلىغى ئۈچۈن، يەركەن خوجا جاھاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى تايانچ نۇقتىسى بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇ بۇ يەردىمۇ غەلىبە قىلىشقا ئىشەنچ قىلالماي مەككىگە بېرىشنى قارار قىلدى. خوجا جاھان بىر قېتىملىق يىغىلىشتا ئۆزى ۋە پۈتكۈل ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ يەركەندىن مەككىگە بارىدىغانلىقىنى جاكالىغاندا، يەركەن ھاكىمبېگى غازىبەگ ۋە نىيازبەگ باشلىق بىر تۈركۈم ھەربى، مەمۇرى ئەمەلدارلار ئۇنى قەتئى توسىدى. ئۇلارنىڭ توسۇشى رول ئوينىغانمۇ، ياكى خوجا جاھاننىڭ يەركەندىن كەتكۈسى كەلمىگەنمۇ، ئاخىرى خوجا جاھان يەركەندە تۇرۇپ قالدى.

غازى بەككە يەركەن قوشۇنىغا قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقى بېرىلدى. نىياز بەككە يەركەننىڭ مەمۇرى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تاپشۇرۇلدى. خوجا جاھاننىڭ يارلىغىغا بىنائەن، شەھەر ئاھالىلىرى ۋە يەركەن ئەتراپىدىكى دىخانلارنىڭ ھەممىسى يەركەن سېپىلىنى مۇستەھكەملەشكە كىرىشتى.

يەركەن تىيانشاننىڭ جەنۇبى بويىچە ئاھالە ئەڭ زىچ ئولتۇراقلاشقان جاي ئىدى. يەركەن قەلئەسىنىڭ ئايلانمىسى ئون نەچچە چاقىرىم بولۇپ، سېپىلنىڭ 12 دەرۋازىسى بار ئىدى. ئۇ تىيانشاننىڭ جەنۇبى بويىچە ئەڭ چوڭ ئىستىھكاملىق قەلئە ئىدى. ئۇ ئابابەكرىنىڭ پايتەختى بولغان ئىدى، كېيىن يەركەن خاندانلىقىنىڭمۇ پايتەختى بولغان ئىدى. 15-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىنكى 300 يىل داۋامىدا بۇ قەلئە يەنە بىر قاتار فېئودال ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى بولغان. ئۇيغۇر مىللىتى تارىخىدىكى بۈيۈك مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيىتى «مۇقام»نى تۇنجى قېتىم رەتلەش ئىشىمۇ يەركەندە ئورۇنلانغان.

تىيانشانىنىڭ جەنۇبىدىكى ئىشانلار مەزھىپى ئاق تاغلىقلار ۋە قاراتاغلىقلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەندىن كېيىن يەركەن قارا تاغلىقلار-نىڭ ئاساسلىق بازىسىغا ئايلاندى. قارا تاغلىقلار ئۆزىنىڭ پىرى ھە-ساپلىغان ئىسھاق ۋەلىدىن كېيىنكى خوجىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىگى بۇ شەھەردىكى ئالتۇن مازارغا كۆمۈلدى. ئالتۇن مازار ۋە چىلتەن مازىرىغا نۇرغۇن قارا تاغلىق ئىشانلار توپلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىنىي ئەسەبىلىگى ھەممىشە كىشى ھەيران قالارلىق دەرىجىگە يەتكەن. يەركەن قەلئەسىنىڭ يېنىدا بۇرھانىدىن قوشۇنلىرى بىلەن ھە دەپ تۇتۇشقانلار مۇشۇ قارا تاغلىق ئىشان-سوپىلاردىن تەركىب تاپقان قوشۇنلار ئىدى. ئۇلار "يائاللا، يا رەسۇلۇللا" دەپ شوئار توۋلاپ، ئۆلە-تىرىلىشىگە قارىماي دۈشمەن سېپىگە بۆسۈپ كىرەتتى.

بۇرھانىدىن قوشۇنى نۇرغۇن چىقىم تارتقاندىن كېيىن، ئۇن چاقىرىم كەينىگە چېكىندى. بۇرھانىدىنىنىڭ ئۆزىمۇ ئوق تېگىپ ئۆلۈشكە تاس قالدى. يەركەن تەرەپتە كۈتۈلمىگەن غەلىبە قولغا كەلدى.

ئۇرۇشتا دەسلەپتە قازىنىلغان بۇ نەتىجىلەر يەركەن قەلئەسىدە ئوخشاش بولمىغان ئىنكاسلارنى پەيدا قىلدى. كۆپ ساندىكى قارا تاغلىقلاردا ئاق تاغلىق بۇرھانىدىننى مەغلۇپ قىلالايمىز دېگەن ئىشەنچ پەيدا بولدى. ئۇلار بۇرھانىدىنىنىڭ قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولۇپ تۈگىدى دېگەن چۈشەنچىگە كەلدى. ئۇلار يەنە قارا تاغلىق ئىشانلارنىڭ ئۆسەك سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، ئىسھاق ۋەلىنىڭ روھى بىزنى قوغدايدۇ دېگەن ئەقىدىدە چىڭ تۇردى.

ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدىكىلەر بولسا، بۇنىڭ ئەكسىچە "ھەم-مىدىن تۈگەشتۇق" دېگەن ھېسسىياتقا كەلدى. ئۇلار چىڭ سۇلالىسى-

نىڭ قولىدىكى ئىرىشكەن بۇرھانىدىنغا يىگانە يەركەندە تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسىتىش تامامەن مۇمكىن ئەمەس دەپ ھېساپلىدى.

شۇ ئارىلىقتا بۇرھانىدىننىڭ ھۆدەيچىسى يەركەن قەلئەسىگە كېلىپ، بۇرھانىدىننىڭ خوجا جاھان باشلىق ئەمەلدارلارغا يازغان مەكتۇبىنى يەتكۈزدى. «تەزكىرەئى خوجىگان»دا بايان قىلىنىشىچە، بۇ مەكتۇپتا مۇنداق دېيىلگەن: "ئى خوجا جاھان، ئى يەركەن ئادەملىرى، ئاگاھ بولۇڭلار، سىزلەرگە، ئاۋال خاقان چىن (چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى)نىڭ يارلىغى، ئىككىنچى ئامۇرسانانىڭ يارلىغى ئۈشبۇدۇركى، نەچچە ۋاقىتتىن تارتىپ بۇ يۇرتلارغا قالماق تۆرىلىرى ھۆكۈمران بولۇپ كەلگەن، سىزلەرنى بۇ يۇرتلارنىڭ باج خىراجىتى ھەر يىلى، ھەر ئايدا چىقىرىپ بېرىپ تۇرماق ۋەدىسى بىلەن چوڭ قىلىپ بەلگىلىگەن. ئەمدى سىزلەر بىۋاپالىق قىلىپ، ئاقىۋەتىنى ئويلىماي قارشىلىق قىلدىڭىزلار، سىزلەرنىڭ ئالدىڭىزلاردا داباجى تۆرىلىكتىن چۈشۈپ، خاقان چىننىڭ يارلىغى بىلەن ئامۇر-سانا تۆرىلىككە ئولتۇردى. تامام قالماق چېگرىسى تىنجىدى. ئۇلارغا تەۋە يۇرتلار خاقانغا تەۋە بولدى، بىزلەرنى بىرنەچچە كىشى بىلەن موڭغۇلىستان يۇرتىنى ئىگەللەڭلار ۋە خاقان چىننىڭ يارلىقىنى يەتكۈزۈڭلار، ھەركىم قوبۇل تۇتسا ياخشى، قوبۇل تۇتمىسا جەڭ قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر غالىپ بولسىڭىزلار، بىز بۇندىن كېيىن گۇرۇھ-گۇرۇھ لەشكەر ئەۋەتىپ جەڭ قىلىپ، خەلقىنى ئەسىر ئەيلەپ، شەھەرنى ۋەيران قىلىپ قىرىپ تاشلايمىز، دەپ ئۆز دىنى بىلەن قەسەم قىلىپ ئەۋەتتى. ھازىر سىزلەرگە پايدىلىق سۆز شۇكى، سىزلەر ئاداۋەت قىلىچىنى تاشلاپ، يۇرت ئەھلىنى باشلاپ ئالدى-مىزغا چىقىڭىزلار، بىز خان ۋە تۆرىدىن سىزلەرنىڭ گۇنايىڭىزلارنى

تىلەيمىز، ئۈمىتكى، گۈنايىڭىزلاردىن ئۆتۈپ، بىر شەھەرنىڭ پادىشا-
لىغىنى بەرسە كېرەك، بىزلەردىن تۈققانچىلىق مانا شۇ. ئەگەر بۇ سۆز-
لەرنى قوبۇل تۇتمىسىڭىزلار، ئۆز ئۈۋالىڭىزلار ئۆزىڭىزلەرگە بولغاي.»

ئۈمىتسىزلىك كەيپىياتى يامراپ كېتىۋاتقان يەركەن هۆكۈمرانلار
تەبىقىسىدە بۇ مەكتۇپ مەلۇم ئۈنۈم هاسىل قىلدى. ئۆزىنىڭ
راھەت-پاراغىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ تۇرغان يۇقۇرى
تەبىقىدىكى كىشىلەرگە بۇ خەت قاتتىق بېسىم بولدى. شۇ
سەۋەپتىن يەركەن قەلئەسىدە كەينى-كەينىدىن ئاسىلىق ۋەقەلىرى
سادىر بولدى.

بىرىنچى بولۇپ ئاسىلىق قىلغان كىشى ئۆز ۋاقتىدا قەشقەرگە
ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن دىۋان خوجا ئىدى. ئۇ بۇرھانىدىنىنىڭ
غازىبەككە ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان مەكتۇبىنى ئېلىپ قايتقان.
غازىبەگ شۇ تاپتا يەركەننىڭ ھەربى ھوقۇقىنى ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغان
ئىدى. مەكتۇپتا غازىبەگنى كەلگۈسىدە يەركەننىڭ ھاكىمبېگى
قىلىشقا ۋەدە بېرىلگەن. ئۇنىڭ بەدىلى، سۆزسىزكى، ھەرقانداق
بىر ئاسىنىڭ ئورۇنلىشى شەرت بولغان ئاسىلىق شۇملۇغى ئىدى.
ئۆزاق ئۆتمەي، نىيازبەگ (شۇ ۋاقىتتا ئۇ يەركەننىڭ مەمۇرى
ھوقۇقىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغان ئىدى) كۇچار ھاكىمبېگى
ئالاقۇلى ئارقىلىق بۇرھانىدىن بىلەن ئالاقە ئورناتتى، بۇرھانىدىن
بۇنىڭغىمۇ كەلگۈسىدىكى يەركەن ھاكىمبەگلىگىنى ۋەدە قىلدى.

گەرچە نىيازبەگ بۇرھانىدىن بىلەن غازىبەگدىن كېيىن ئالاقە
ئورناتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئاسىلىق شۇملۇغىغا
غازىبەگدىن بۇرۇن كىرىشىپ ھەركەتكە كەلدى. نىيازبەگ سېپىلغا
يېقىن بىر باغچىنى سېتىۋېلىپ، بىر تۇركۇم ئادەمنى ئىشقا سېلىپ،

باغچىدىن سېپىلىنىڭ سىرتىغا قاراپ لەخمە كولاتقۇزدى. نىيازبەگنىڭ
خىيالىچە، مىڭ كىشى مۇشۇ لەخمىدىن كىرگۈزۈلسە، بىر كېچىدىلا
يەركەنىنىڭ خوجايىنىنى ئالماشتۇرۇۋېتىش تامامەن مۇمكىن ئىدى.
لەخمە كولىنىپ يەتتە-سەككىز جاڭغا يەتكەندە، نىيازبەگنىڭ بىر
مالىيى بۇ سۇيىقەستنى خوجا جاھانغا يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن
نىيازبەگ ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى قولغا ئېلىنىپ زىندانغا تاشلاندى.
نىيازبەگ خوجا جاھاننىڭ قېيىن ئاتىلىرىدىن بىرى بولغانلىقتىن،
ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى. ئۇنىڭ باشقا شېرىكلىرى بولسا
ئۆلتۈرۈۋېتىلدى.

ئارقىدىنلا ئوشۇر قوزىبەگنىڭ ئاسىلىق ۋەقەسى سادىر بولدى.
ئوشۇر قوزىبەگ شۇ ۋاقىتتا ئوردا قورال-ياراق غەزىنىچىسى ئىدى.
بۇ ئەرزىمەس بىر مەنسەپ بولسىمۇ، لېكىن خوجا جاھاننىڭ ئەڭ
ئىشەنچلىك كىشىلىرى ئىچىدە گەۋدىلىك ئەنە شۇ ئوشۇر قوزىبەگ
ئىدى. شۇ سەۋەپتىن ئوشۇر قوزىبەگنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى ئۆزىنىڭ
مەنسەپ دائىرىسىدىن كۆپ دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن. ۋاھالەنكى
ئۇنىڭ ئەسكىلىكلىرى تېخىمۇ ھەددىدىن زىيادە ئىدى. ئوشۇر قوزى-
بەگنىڭ بۇرھانىدىن بىلەن ئالاقە ئورنىتىش جەريانى تولىمۇ غەلىتە
بولدى. ئۇنىڭغا ۋاستە بولۇپ بەرگۈچىلەر ئۇنىڭ تۈرمىسىدە ياتقان
ئۈچ مەھبۇس ئىدى. ئۇلار موللا سىدىق، خوجا مەسۇم ۋە بايپولات
دېگەنلەر بولۇپ، بۇ ئۈچ كىشى يەركەندە سوقۇش باشلىنىپلا خائىنلىق
جىنايىتى بىلەن زىندانغا تاشلانغان ئىدى.

موللا سىدىق قاتارلىقلار تەمىنلىگەن يول ئارقىلىق ئوشۇر قوزى-
بەگ بۇرھانىدىنغا مەكتۇپ يېزىپ مۇنداق دېگەن: مەن ئۆز خوجى-
لىرىمدىن ياندىم. خوجا بۇرھانىدىن خوجامنى دىدىم. پالانى كۈنى

ئىككى مىڭ كىشى راۋاق تەرىپىگە ئات سالسۇن، بىز تەرەپتىن 50 ـ 60 كىشى كەتمەن بىلەن سېپىلنى يېقىتىپ بېرىدۇ. ئۇلار شۇ تۆشۈكتىن شەھەرگە كىرىپ ئوردىغا چاپسۇن. ئاڭغىچە ناغرا چالدۇرۇپ، خاقان، ئامۇرسانا دەۋرى دەپ شادىيانە قىلدۇرايلى. ئاشۇنداق قىلساق، يەركەننى ئاسان ئالغىلى بولىدۇ، بۇ خوجىلاردىن بىرىمۇ قۇتۇلالماس“.

ئۆزلۈكىدىن كېلىپ تەسلىم بولغان بۇ كىشىنى بۇرھانىدىن قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئىشىك ئاغىلىق ۋەزىپىسىگە قويۇشقا ۋەدە قىلدى. بۇ سۇيىقەستنى ئوشۇر قوزبەگنىڭ ئۆز ئوغلى خوجا جاھانغا مەلۇم قىلدى. ئوشۇر قوزبەگ ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار كىشىلەر خوجا جاھاننىڭ يارلىغى بويىچە زىندانغا تاشلىنىپ، ئىككىنچى كۈنى موللا سىدىق، خوجا مەسۇم، بايپولاتلار ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى. قوزبەگ زىنداندا قالدۇرۇلدى.

بۇرھانىدىن يەركەنگە توختىماي جاسۇس ماڭدۇرۇش بىلەن بىللە، يەركەن قەلئەسىگە قاراتقان ھۇجۇمىنىمۇ كۈچەيتتى. قەشقەر قوشۇنى يەركەن سېپىلىنىڭ ئەتراپىغا زەمبىرەكلىرىنى ئورنىتىپ، شەھەرنى كېچە ـ كۈندۈز توپقا تۇتتى. بۇنىڭ بىلەن يەركەن قەلئەسىنىڭ چەت بىلەن بولغان ئالاقىسى تامامەن ئۈزۈلدى. ھەتتا شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلار بىلەن بولغان ئالاقىسىمۇ توختاپ قالدى، ئاچارچىلىقنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. شۇنداق بولسىمۇ يەركەن قەلئەسى يەنىلا مەزمۇت ئىدى. يەركەن قوشۇنلىرى ھەر كېچىسى ئوخشاش بولمىغان جايلاردىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغاپ تۇردى ھەمدە پات ـ پات پۇقرالارنى چىقىرىپ، قەشقەر قوشۇنى سالغان توساق ۋە پوتەيلەرنى چۇۋۇۋېتىپ تۇردى.

بۇ ئارىلىقتا قىش كىلىپ قالدى. يەركەن قەلئەسىنى ئېلىشتىن قىلچە ئۈمىت يوق ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، بۇرھانىددىن ئۆزىنىڭ يەركەن قەلئەسىدىكى ئاخىرقى جاسۇسىنى ئىشقا سېلىش قارارىغا كەلدى.

غازىبەگ بۇرھانىددىننىڭ يەركەن قوشۇنلىرىنى ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلىش ھەققىدىكى يارلىقىنى تاپشۇرۇۋالدى. غازىبەگ ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ھېچكىم ئورۇنلىيالمىغان ئىشنى ئورۇنلىدى. ئۇ خوجا جاھانغا تەكلىپ بېرىپ: "ئى ئادالەتلىك خوجام، بىز قاچانغىچە شەھەرگە سولىنىپ ياتىمىز. شەھەر ئىچىدىكى مۇسۇلمانلاردا تەڭلىك پەيدا بولۇپ، بەزىلىرى ئاچلىقتىن ئۆلاقلىرىنى ئۆلتۈرۈپ يىدى. ئەڭ ياخشىسى 70 ياشتىن 12 ياشقىچە بولغانلارنى لەشكەرلىككە ئېلىپ، ھەممەيلەن جەڭ قىلساق، بۇرھانىددىن خوجىنىڭ لەشكەرلىرى مەغلۇپ بولىدۇ" دىدى[20].

گەرچە كۆپ سانلىق ئەمەلدارلار بۇ تەكلىپنى ئۆزنى ھالاك قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس دەپ ھىساپلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئامالسىز قالغان خوجا جاھان غازىبەگنىڭ گىپىگە ئىشەندى، شۇنىڭ بىلەن "مۇسۇلمانلار جەڭگە ھازىرلانسۇن، ئۆلگەنلەر شېھىت، قالغانلار غازى، قاچقانلار مۇناپىق-مۇرتەت بولۇرلەر" دىگەن يارلىق جاكا قىلىندى. شۇ ھامان شەھەرنى يىغا-زارە، دات-پەرياد قاپلىدى. 70 ياشتىن تۆۋەن، 12 ياشتىن يۇقۇرىلارنىڭ ھەممىسى ئەسكەرلىككە ئېلىندى.

«تەزكىرەئى خوجىگان»نىڭ مۇئەللىپى مۇھەممەت سادىق قەشقىرى بۇ قېتىمقى جەڭ ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بىرىدۇ:

"ئەتىسى كۈن چىقىش بىلەن ھەممە لەشكەر قورال ـ ياراقلىرىنى تەييارلاپ، مۇكەممەل بولۇپ دەرۋازىدىن چىقىشقا باشلىدى. بەزى كىشىلەر ياركەند لەشكەرلىرىنى ھىساپلاپ 40 مىڭ دىيىشەتتى، تاكى لەشكەرلەر مەغلۇپ بولۇپ ئارقىغا يانغىچە دەرۋازىدىن لەشكەرلەر چىقىپ توختىمىدى. بۇرھانىدىن خوجىنىڭ لەشكەرلىرى ھەم سەپ تارتىپ تۇردى. ھەر ئىككى تەرەپ جەڭگە كىرىشتى، غازىبەگ يەركەن لەشكەرلىرىنى ئوق ئېتىشتىن مەنئى قىلاتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ يەركەن لەشكەرلىرى خوجا بۇرھانىدىن لەشكەرلىرىنى نەچچە پەرسەڭ يەرگە چېكىندۈردى. ئۇلار يەركەن لەشكەرلىرىنىڭ كۆپلۈگىنى كۆرۈپ جانلىرىدىن ئۈمىت ئۈزگەن ئىدى. مەككار قىرغىزلار ياقىغا چىقىپ قاراپ تۇرغان ئىدى. بۇرھانىدىن خوجا لەشكەرلىرىدىن 500 كىشى غازىبەگ تەرەپكە ھۇجۇم قىلدى. غازىبەگ ۋەقەنى غەنىمەت بىلىپ، بايراقنى يۆگەپ قېچىشقا باشلىدى. ئارقىدىن قىرغىزلار ئات سالدى. ياركەند لەشكەرلىرى پاتىپاراق بولۇپ چېكىنىشكە باشلىدى. ياركەند لەشكەرلىرىنى كۆپلەپ ئۆلتۈردى. ئۆلۈك سايىنىڭ تېشىدەك ياتاتتى، قان دەريا بولۇپ ئاقاتتى، ئىلگىرى قاچقانلار دەرۋازىدىن پاتماي ئادەمنى ئادەم بېسىپ ئۆلتۈردى. كېيىن قالغانلار قورال ئاستىدا ئۆلدى. بەزىلەرنى سېپىلدىن ئارغامچا بىلەن تارتىپ ئالدى. خوجا ئابدۇللا (پادىشا خوجا) سېپىل تۆپىسىدە تۇرۇپ، لەشكەرلەرنىڭ بۇزۇلغان قوراللىرىنى تۈزەپ بېرىپ تۇراتتى. بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ لەشكەرلەرنى ياندۇرۇشقا كۆپ ھەركەت قىلدى. ئۇ دەرۋازىدىن چىقالماي، سېپىلدىن ئاغامچا بىلەن چۈشۈپ، تۇقال ئۇرۇس خوجا بىلەن ئاتقا مىنىپ نەچچە نۆۋەت لەشكەرلەرنى توختىتىپ قايتۇردى.

يانا ياندۇرسا، يانا قېچىپ تۇردى، دەرۋازىدىن كىرىۋالغانلار سالامەت قالدى. سىرتتا قالغانلار ئۆلدى، ئاڭغىچە كۈن كەچ بولدى. بۇرھانىدىننىڭ لەشكەرلىرى ئۆلۈكلەرنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋالدى، قورال-ياراقلىرىنى يىغىۋالدى، شەھەر ئىچى بولسا ماتەم-قايغۇغا تولدى. بىرى ئاتام دىسە، بىرى بالام، بىرى ئاغام، بىرى ئىنىم دەپ دات-پەريات قىلىشتى، ھېچكىم ماتەمدىن خالى ئەمەس ئىدى."

غازىبەگ شۇ قاچقانچە ئۆز ھويلىسىغا كىرىۋالدى ھەمدە خوجا جاھاننىڭ ئالدىغا بېرىشقا ئۇنىمىدى.

شۇ كۈنى سادىر بولغان ۋەقە ئىسپاتلىدىكى، خوجا جاھان بۇ قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشۇۋېلىش ئىمكانىيىتىدىن تامامەن ئايرىلغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خوجا جاھان پامىرغا قېچىش قارارىغا كەلدى. «تەزكىرەئى خوجىگان»دا بۇ جەريان مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: "خوجىلار كەتمەكچى بولدى. بۇ ئەھۋالدىن بەزىلەرنىڭ ئاتىسى ۋاقىپ بولسا، ئوغلى ۋاقىپ بولمىدى. بەزىسى ئاتقا مىنىپ، بەزىسى تۆگىگە مىنىپ، بەزىسى پىيادە يول جابدۇغى ئالماي، خۇددى شەھەردىن سەھراغا چىقىدىغاندەكلا مەسخىرە دەرۋازىسى بىلەن قاغىلىق يولىغا كىردى. يولدا قىرغىزلار توسۇپ ياتقان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن يولدىن تاشقىرى چىقىپ قاراڭغۇ كېچىدە شۇنداق يول يۈردىكى، ئاتىنىڭ ئوغۇل بىلەن كارى يوق، ئوغۇلنىڭ ئاتا بىلەن كارى يوق، ئەر ئەرلىگىنى، ئايال ئاياللىغىنى بىلمەي يول يۈردى. بۇ جاڭگالنىڭ ئىچى چىغان، ئازغان، قوڭۇر تىكەن ئىدى. بىرىدىن ئۆتسە، يەنە بىرى، بىر بىرىگە كىرىشىپ قېلىشىپ، بۆسۈپ ئۆتكىلى بولمىغانلىغى ئۈچۈن، مىڭبىر مۇشەققەتلەردە دەريايى زەرەپشانغا چىقتى.

ئەمما بۇ دەريادا ئۆيدەك-ئۆيدەك مۇز ۋە قار پارچىلىرى ئېقىپ كېلەتتى، ئادەم ۋە ئۇلاقلا تەگسە پارە-پارە قىلاتتى، بەزىلەرنىڭ ئېتى دەرياغا سەكرەپ چۈشسە، ھەش-پەش دېگىچە ئېقىپ كېتەتتى... مۇشۇنداق مۇشەققەت بىلەن قارا يانتاقنىڭ توغرىسىدىن دەريادىن ئۆتۈشكە باشلىدى. ھۇشنى يوقاتقان بۇ كىشىلەر ھەرگىزمۇ ئۆز مەنزىلىگە يېتەلمەيتتى. تاڭ ئېتىش بىلەن خوجا جاھان باش-چىلىغىدىكى قاچاقلارنىڭ ھەممىسى ئەسىرگە چۈشتى."

مولla مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ھەممىدى» ناملىق ئەسىرىدە ئېيتىلىشىچە، بۇرھانىددىننىڭ يارلىغىغا بىنائەن خوجا جاھان قاتارلىق قاراتاغلىق كاتتىۋاشلارغا كېيىن ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن.

چىڭ سۇلالىسى ۋە ئامۇرسانانىڭ قولىلىشى بىلەن، بۇرھانىدىن ۋەكىللىگىدىكى ئاق تاغلىقلار ئاخىرى ئاقسۇنىڭ غەربى ۋە جەنۇبى-دىكى رايونلارنى ئىزگىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي ياقىسىدىكى بوستانلىقلارنىڭ ھاۋا بوشلۇغىدا "زامانى چىن خاقانىنىڭ، زامانى ئامۇرسانانىڭ" دېگەن سۈرەن-چۇقانلار ياڭرىدى.

16-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلانغان ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئەمدى ئاق تاغلىقلارنىڭ قايتا باش كۆتىرىپ چىقىشى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئاياقلاشتى.

كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەق ئىكەنلىكى ئۈستىدە ھازىرچە توختالمايمىز. لېكىن، شۇنى كۆرسىتىشىمىز لازىمكى، كېيىنكى ئىككى ئەسىر ئىچىدە ئاق تاغلىقلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى ئىزچىل يوسۇندا ئىچكى-تاشقى ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنىڭ ھەمدەم-چىلىرى بولدى.

# ئىككىنچى بۆلۈم بۇرھانىددىن - خان خوجا توپىلىڭى

چىڭ سۇلالىسى بىلەن جۇڭغار خاندانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە كۆرۈلگەن ئەگرى-توقايلىقلارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈر-گىنىمىزدە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ داباچىنى تىنجىتقانلىق غەلىبىسىنى چيەنلۇڭنىڭ "ئون بۈيۈك ھەربى مۇۋەپپەقىيىتى"نىڭ بىرى قىلغان-لىقىدىن ئانچە ئەجەپلىنىپ كەتمەيمىز.

داباچىنى تىنجىتقاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى تىيانشاننىڭ شىمالىدا كۆپ مۇھاكىمىلەر نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان بىر تەدبىرنى يولغا قويدى. ئۇ بولسىمۇ "خان" دېگەن نامنى بىكار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئامۇر سانانىڭ جۇڭغار قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقى بولۇش تەلىۋىنىمۇ رەت قىلىپ، بۇ رايوننى ئۆزىنىڭ بىۋاستە مەمۇرى باشقۇرۇشى ئاستىغا ئالدى.

ئامۇر سانانىڭ چىڭ سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتۈش جەريانى شۇنى بىلدۈردىكى، ئۇ ھوقۇق، مەنپەئەتكە بېرىلگەن شەخس ئىدى. دەسلەپتە چىڭ سۇلالىسى ئۇنىڭ بەزى تەلەپلىرىنى قاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا ۋاكىلىق ئۇنۋانىنى بېرىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن بىللە تىيانشاننىڭ شىمالىغا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتكەن ئىدى. بۇ ئىشلار ئامۇرسانادا داباچىنىڭ ئورنىنى بېسىپ، جۇڭغارنىڭ يېڭى خانى بولسام دەيدىغان خام خىياللارنى پەيدا قىلدى. شۇ سەۋەپ-تىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ جۇڭغار خانىنىڭ ئورنىنى بىكار قىلىپ، بۇ رايوننى ئۆزىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشى ئاستىغا ئېلىشى، مۇقەررەر

يوسۇنـدا ئامۇرسانا بىلەن چىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىدى.

بىر يىلدىن كېيىن، ئامۇرسانا ئىلىدا توپىلاڭ كۆتىرىپ، بەن دىنى ئۆلتۈردى، بۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى تايانچ نۇقتىلىرى بىر-بىرلەپ قولدىن كېتىپ، چىڭ سۇلالىسى پەقەت بارىكۆل بىلەن قۇمۇلنىلا ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرالىدى.

تارىخىي شارائىتتا تۈپ خاراكتىرلىق ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلگەن ئىدى. سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە ھەربى كۈچلەر سېلىشتۇرمىسى چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ رايوننى ئاخىرقى ھىساپتا بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئوبيېكتىپ شەرتلەرنى ھازىرلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن چىڭ سۇلالىسى ئامۇرسانانىڭ توپىلىڭىدىن ئانچە تەمتىرەپ كەتمىدى.

چىڭ سۇلالىسى بىرىنچى قەدەمدە "خان" دىگەن نامنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، چىڭ سۇلالىسى سابىق ئويراتلارنىڭ تۆت قەبىلىسىنى ئاساس قىلىپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا تۆت خان قويدى، ئامۇرسانانى بولسا چەتكە قاقتى. "خان" دىگەن نامغا ئېرىشكەنلەر دەرھال چىڭ سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتتى. چىڭ سۇلالىسى ئۆز قوشۇنىنى جەڭگە ئاتلاندۇرماي تۇرۇپلا، ئەمىلىيەتتە تەسىر كۈچىنى تىيانشاننىڭ شىمالىغا كىرگۈزدى. چىڭ سۇلالىسى "خان" دىگەن نامنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق، ئامۇرسانانىڭ لاگىرىنى چۇۋۇپ تاشلىدى.

1757-يىلى چىڭ سۇلالىسى جاۋخۇي، چېڭ گۇن قاتارلىق كىشىلەرنى قوشۇن باشلاپ، ئامۇرسانا توپىلىڭىنى تىنجىتىشقا ئەۋەتتى، كېيىنچە ئامۇرسانا ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، چار روسىيىگە قېچىپ باردى ۋە ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلدى[21].

ئامۇرسانانى تىنجىتىش ۋەتەن زېمىنىنى قوغداش، ۋەتەن بىرلىكىنى ساقلاش جەھەتتە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. لېكىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ قېتىمقى ھەربى ھەرىكىتىدە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ، بىگۇنا جۇڭغار پۇقرالىرىنى قالايمىقان قىرغانلىقى ئەيىپلىنىشكە تېگىشلىك.

## 1. بۇرھانىدىن ـ خان خوجا توپىلىڭىنىڭ تىنجىتىلىش جەريانى

ئامۇرسانانىڭ توپىلىڭى دەل بۇرھانىدىن قەشقەر، يەركەن، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارنى ئىلكىگە ئالغان مەزگىلگە توغرا كەلدى. بۇرھانىدىن بۇ رايوننىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش جەريانىدا ئامۇرسانانىڭ قوللىشىنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوللىشى بىلەن بىر قاتارغا قويۇپ مۇئامىلە قىلغان ئىدى. يەركەن قەلئەسى ئېلىنغاندىن كېيىن، "ئەمدى زامانى چىن خاقانىنىڭ، زامانى ئامۇرسانانىڭ" دېگەن سادانىڭ ياڭرىشى دەل مۇشۇنداق ئەھۋالنىڭ ئىنكاسى ئىدى. شۇڭلاشقا، ئامۇرسانانىڭ توپىلاڭ كۆتىرىشى بۇرھانىدىننى ئىنتايىن ئوڭايسىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدى.

بۇرھانىدىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى. چۈنكى، ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىناۋىتى ۋە قوللىشىغا تايىنىپ، بارىمتالىق ھالەتتىن بىراقلا بىر دائىرىنىڭ خوجايىنى بولۇپ قالغان ئىدى. شۇنداقلا ئۇ يەنە ئامۇرسانا بىلەن قارشىلىشىشنىمۇ خالىمايتتى. چۈنكى، يېقىنقى 100 يىلدىن بۇيان جۇڭغار قەبىلىلىرى تارىم ئەتراپىنى بىرنەچچە مەرتەم بويسۇندۇرغان ئىدى. مۇشۇ سەۋەپلەردىن تىيانشاننىڭ شىمالىدا يۈز بەرگەن ۋەقەگە بۇرھانىدىن سۈكۈت قىلىپ تۇرۇش پوزىتسىيە-

سىنى تۇتتى.

ئەمما بۇرھانىدىننىڭ ئىنىسى خان خوجا (خەنزۇچە تارىخىي مەلۇماتلاردا 霍集占 دەپ يېزىلغان) ئامۇر سانانىڭ ئىسيانىغا قاتناشتى. خان خوجىنىڭ مۇنداق قارارغا كېلىشىدىمۇ سەۋەپ بار ئىدى. خان خوجىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ داباجى ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسى ئۇنىڭغا ھېچقانداق كونكرېت مەنپەئەت ئېلىپ كەلگەن ئەمەس. بۇرھانىدىن تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا قويۇپ بېرىلگەندە، خان خوجا يەنىلا بارىمتا سۈپىتىدە ئىلىدا تۇتۇپ تۇرۇلدى. ئوخشىمايدىغان يېرى خوجايىننىڭ يەڭگۈشلەنگەنلىكى ئىدى. بۇرۇن ئۇ داباجىنىڭ بارىمتاسى بولغان بولسا، ئەمدى چىڭ سۇلالىسىنىڭ بارىمتاسى بولدى.

بۇ مەزگىلدە سادىر بولغان ۋەقەلەر بىزگە ئايان ئىدى. ھوقۇق، شۆھرەت ۋە بايلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇرھانىدىنغا مەنسۇپ بولدى. خان خوجا ئۆزىنىڭ ئاشۇ مەنپەئەتلەردىن قۇرۇق قالغانلىقىنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن كۆردى. بۇنداق شارائىتتا، خان خوجا ئامۇرساناغا زور ئۈمىت باغلاپ ۋە ئۇنىڭ كۈچىگە سۈيۈنۈپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىنىڭ ھەقىقىي خوجايىنى بولۇشنى تاما قىلدى.

ئامۇرسانا مەغلۇپ بولۇش بىلەن، خان خوجىنىڭ پىلانىمۇ بەربات بولدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى ئاخىرقى ھېساپتا ئامۇر سانانىڭ ئىسيانىنى تىنجىتقاندا، خان خوجا ھېچنىمىگە ئىگە بولالماي تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا قېچىپ كەلدى. ئەمدى خان خوجا ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆزى تاما قىلغان نەرسىلەرگە ئېرىشىشتە بىرلا يول قالغان ئىدى، ئۇ بولسىمۇ، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ، پاراكەندىچىلىك

ئىچىدە ھوقۇق تارتىشىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

خان خوجا ئۆزىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە تۇتقان دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىنى بۇ رايونغا ئېلىپ كېلىپ "غەيرى دىندىكىلەرگە قارشى تۇرۇش" دېگەن دىنىي شوئارنى سۈيىئىستىمال قىلىپ، چىڭ سۇلالىسىگە قارشى بىر خىل كەيپىياتنى قوزغىراتتى.

بۇرھانىددىن بىلەن خان خوجا ئۆزلىرىنىڭ جانجان مەنپەئەت-لىرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، چىڭ سۇلالىسىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە تالاش-تارتىشتا قالدى. بۇرھانىددىن چىڭ سۇلالىسى بىلەن ئورناتقان مۇناسىۋەتنى بۇزۇۋېتىشنى خالىمايتتى. چۈنكى بۇ مۇناسىۋەت ئۇنىڭ يۇت تىرەپ تۇرۇشىدا تۈۋرۈك ئىدى، ئۇ: "ئۆتمۈشتە ئويىراتلارنىڭ خورلىشىغا ئۇچرىدۇق، چىن خاقانىنىڭ كۈچى بولمىغان بولسا، ھەرگىز ئۆز ماكانىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمىگەن بولاتتۇق، ۋاپادارلىققا خىيانەت قىلىشقا بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ھەربى كۈچىمىزمۇ ھەرگىز ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدۇ" دەيتتى. خان خوجا بولسا چىڭ سۇلالىسى بىلەن يىرىكلىشىشنى قاتتىق تەشەببۇس قىلدى، چۈنكى بۇ ئۇنىڭ ئۆز ئارزۇسىغا يېتىشىدە ئاساس-لىق توسالغۇ ئىدى. ئۇ: "ئىككىمىزنى جوڭغارلار تۇتۇۋېلىپ بىرقانچە يىل نەزەربەنت ئاستىغا قويدى، ئەمدى ئۆز ماكانىمىزغا قايتىپ كەلدۇق. ئەگەرچەندە چىن خاقانىنىڭ يارلىغىغا ماقۇل دەپ تۇرىدىغان بولساق، ئىككىمىزدىن بىرىمىزنى چوقۇم بېيجىڭغا چاقىرىپ، بارىمىزنى قىلىپ تۇتۇپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ زىندانغا تاشلى-نىشتىن نىمە پەرقى بولسۇن. ئۇنىڭدىن كۆرە چىن بىلەن قارشىلاش-قىنىمىز تۈزۈك، ئارىلىغىمىز يىراق، يول بويى خېيىم-خەتەركۆپ، ئىچكىرىدىن چىققان قوشۇنلار بۇ يەرگە يېتىپ كەلگىچە ھېرىپ-

چارچاپ ھالدىن كېتىدۇ، ئوزۇق-تۈلۈك يەتكۈزۈشمۇ تەس. شۇڭا، ئۇلار بىزنى بىرنېمە قىلالماس. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭغارلار يوقىتىلدى. يېقىن ئەتراپتا كۈچلۈك خوشنىمىز قالمىدى. ھەرقايسى قەلئە-شەھەرلەرنى بىرىكتۈرسەك، چوقۇم ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز خوجايىن بولالايمىز دەيتتى"㉒.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى سىياسى ۋەزىيەتكە دىققەت-ئېتىۋار بىلەن قارىماقتا ئىدى. پەقەت 1757-يىلى بىر يىل ئىچىدىلا چىڭ سۇلالىسى پادىشاسى چيەنلۇڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى توغرىسىدا ھەربى ئىشلار ۋەزىرىگە ئۈچ قېتىم پەرمان چۈشۈردى.

1. شۇ يىلى 1-ئايدا چيەنلۇڭ ھەربى ئىشلار ۋەزىرىگە مۇنداق دەپ يوليورۇق بەردى: "بۇرھانىدىنغا يارلىق چۈشۈرۈلسۇن، ئۇ باج-سېلىقنىڭ نىزام قائىدىلىرىنى تۈزۈپ كېلىپ مەلۇم قىلسۇن. ئۇ يارلىققا بويسۇنۇپ كەلسە ياخشى، ئەگەر بىرئازلا قارشىلىق كۆرسەتسە، ئويراتلار تىنجىتىلغاندىن كېيىن دەرھال ئۇ يەرگە قوشۇن تارتىلسۇن"㉓.

2. شۇ يىلى 4-ئايدا چيەنلۇڭ ھەربى ئىشلار ۋەزىرىگە مۇنداق دەپ يوليورۇق بەردى: "بۇرھانىدىنمۇ، خوجىكانمۇ ھىلىگەر، ئۇلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئالدىمىزغا كېلىپ باش ئەگمەسلىكىنىڭ ئۆزى ئۇلاردا باشقىچە نىيەتنىڭ بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، دەرھال قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇلارنى تۇتۇپ ئېپكېلىش لازىم ئىدى. بىراق، ئويراتلار تېخى تىنچىتىلمىدى. ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ ئويراتلارغا قوشۇلغانلىقىنىڭ دەلىللىرىمۇ يوق، مۇنداق ئەھۋالدا، مەكتۇپ ئەۋەتىپ قاتتىق ئەيىپلەيدىغان بولساق، ئۇلار چۆچۈپ كېتىپ، ئويرات-

لارغا قوشۇلۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭدىن كۆرە ھازىرچە بۇلارنى قىلمساق، ئويراتلارنىڭ ئىشى پۈتكەندىن كېيىن، شاھ نىياز ئەۋەتىلسۇن، ئۇ ئۇلارنى كۆندۈرسۇن، بۇرھاندىن قاتارلىقلار ئەگەر توۋا قىلىپ كەلسىمۇ، دەرھال تۇتۇپ بېيجىڭغا ئەۋەتىلسۇن، ئەگەر كەلمىسە، قوشۇن تارتىپ ئۇلار يوقىتىلسۇن"[24].

3. شۇ ئاينىڭ ئۆزىدە چيەنلۇڭ ھەربى ئىشلار ۋەزىرىگە مۇنداق دەپ يولىيورۇق بەردى: "جاۋخۇينىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، خوجىكان زاناگاربۇنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئەۋەتكەن كىشىلىرى بىلەن كۆرۈشمىگەن، ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇرھانىدىن، خوجىكان بۇرۇن ئويراتلارغا ئەگەشمەي، ئارىسالدى بولۇپ چەتتە قاراپ تۇرغان ھەمدە بىزگە ئىتائەت قىلىش نىيىتىدىمۇ بولمىغان. بۇرھانىدىن قاتارلىقلار ھىلىگەر كىشىلەر، ئەل بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنى داۋاملىق يەركەن، قەشقەرلەردە تۇرغۇزۇشقا بولمايدۇ. تۇرپان ۋە بارىكۆلدىن جاي كۆرسىتىپ كۆچۈرۈپ كېلىنسۇن، ئازلا قارشىلىق كۆرسەتسە، دەرھال تۇتۇپ بېيجىڭغا كەلتۈرۈلسۇن"[25].

چيەنلۇڭنىڭ ئۈچ قېتىملىق يولىيورۇغىدىن شۇ مەزگىلدە تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا كۆرۈلگەن سىياسى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى توغرىسىدا ئومۇمى چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز.

خان خوجا ئۆز ئاكىسى بۇرھانىدىنغا قارىغاندا تېخىمۇ زور پائالىيەت ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى. ئۇ سەلتەنەتلىك دىنىي شوئار، قۇتراتقۇلۇق قىلىدىغان سىياسى تەشۋىقات ۋە ئۆزىگە يات كۈچلەرگە رەھىمسىز ئۇجۇقتۇرۇش چارىسىنى قوللىنىش ئارقىلىق، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدىلا ئۆز ئەتراپىغا بىر تۈركۈم ھەربى-مەمۇرى مۆتىۋەرلەرنى ھەمدە ئاق تاغلىق پۇقرالارنى توپلاپ، ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى

ھاسىل قىلىۋالدى. ئاقىۋەتتە بۇرھانىدىن خان خوجىنىڭ قوماندان-لىقىغا ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

1758-يىلى خان خوجا بىلەن بۇرھانىدىن جايلاردىكى بەگ، ئاخۇن، ئىشانلارغا "ئات-ئۇلاق تەييارلانسۇن، سىپىل-قەلئەلەر مۇستەھكەملەنسۇن" دەپ يارلىق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر، يەركەن، خوتەن، ئاقسۇ، باي، سايرام، كۇچار قاتارلىق جايلار بۇ توپىلاڭغا سۆرەپ كىرگۈزۈلدى. جايلاردىن ئېلىنغان ئەسكەرلەر يۈز مىڭدىن ئاشتى㉖.

خان خوجا ئۆز مۇددىئاسىغا يەتتى. ئۇ تامامەن بۇرھانىدىننىڭ ئورنىنى ئېلىپ، مۇشۇ رايوننىڭ ئەمەلىي داھىسى بولۇپ قالدى.

لېكىن، ھەممە كىشى بۇ توپىلاڭغا ئارىلىشىپ كەتكىنى يوق. توپىلاڭ يامراپ كۇچارغا كەلگەندە، كۇچار ھاكىمبېگى مىرزا ھۇدى ئىلىغا قېچىپ بېرىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ئەل بولدى، خان خوجىنىڭ يارلىقىغا بىنائەن مىرزا ھۇدىنىڭ پۈتكۈل ئائىلە تەۋەلىرى ئۆلتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن باشقا قاراشەھەردىن تارتىپ تارىم ۋادىسى-نىڭ شىمالىدىكى رايونلارمۇ توپىلاڭغا ئەگەشمىدى.

چىڭ سۇلالىسى يەنە بىر قېتىم تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، سىياسى ئۇسۇل بىلەن تىنجىتىش كويىدا بولدى. ئامىنداۋ ئىسىملىك لەشكەر سەركەردىسىنى ئۇيغۇرلار رايونىنى تىنجىتىش ئەلچىسى قىلىپ تەيىنلەپ، مىرزا ھۇدى بىلەن بىللە تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا ئەۋەتتى. ئەلچىلەر ئۈرۈمگى كۇچارغا يېتىپ بارغاندا، خان خوجا تەرەپدارلىرى ئامىنداۋنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈردى. مىرزا ھۇدى قېچىپ قۇتۇلۇپ ئىلىغا قايتىپ كەتتى㉗.

ئامىنداۋنى ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى خان خوجا بىلەن بۇرھانىدىنلار-

ننڭ توپىلاڭ قىلىشقا قەتئى نىيەت باغلىغانلىقىنىڭ ئەڭ روشەن بەل-
گىسى ئىدى. بۇ ھال ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق
بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ، بۇ ئەھۋالنى
چۈشەندۈرىدىغان يەنە بىر پاكىت شۇكى، ئۇزاق ئۆتمەي خان
خوجا ئۆزىنى "باتۇرخان" دەپ جاكالاپ، ئاپپاق خوجا جەمەتىنىڭ
خاندانلىقىنى قايتا تىكلىدى.

تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىغا يۈرۈش قىلىش چىڭ سۇلالىسى
ھۆكۈمىتىنىڭ پىلانىدىكى ئىش ئىدى. ئەلچىنى ئۆلتۈرۈش، خاندان-
لىق قۇرۇش ۋەقەلىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆز پىلانىنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇشىغا تېخىمۇ بانا-سەۋەب بولدى.

شۇ ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسى ھەربى جەھەتتە پايدىلىق ئورۇندا
تۇراتتى. قۇمۇلدا يېتەرلىك زاپاس قوشۇن ۋە ئوزۇق-تۈلۈك بار
ئىدى. ئىلىدا ئامۇرسانانى تىنجىتقان قوشۇنى تۇراتتى. تىيانشاننىڭ
جەنۇبىي رايونىغا كىرىدىغان ئاساسلىق قاتناش يوللىرى قۇمۇل-
تۇرپان-كۇچار يولى، ئىلى-ئۇچتۇرپان يولى تامامەن چىڭ سۇلال-
سىنىڭ قولىدا ئىدى.

1758-يىلى، چىڭ سۇلالىسى يارخاشەننى "ئاسلارنى تىنجىتىش
جاڭجۈنى" قىلىپ تەيىنلەپ، ئون مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەرنى ئىشقا
سېلىپ قۇمۇلدىن تۇرپان ئارقىلىق كۇچارغا يۈرۈش قىلدى. ئىلىدا
تۇرۇشلۇق قوشۇن بۇ قېتىمقى ھەربى ھەركەتنىڭ يان قانىتى
بولۇپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئۇرۇشقا ماسلىششقا ھەر ۋاقىت
تەييار تۇردى. شۇ يىلى 6-ئايدا يارخەشەن قوماندانلىقىدىكى چىڭ
سۇلالىسى قوشۇنى كۇچار قەلئەسىگە كەلگەندە، خان خوجا بىلەن
بۇرھانىدىن ئوۋ ملىتىغي بىلەن قوراللانغان ئون مىڭ كىشىلىك

قوشۇننى باشلاپ ئاقسۇ چۆلنى كېزىپ كۇچارغا ياردەمگە كەلدى.
چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى كۇچار قەلئەسىنىڭ سىرتىدا ئۇلارغا توسۇپ زەربە بەردى. دەسلەپكى قېتىملىق جەڭدە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئۈستۈنلۈكتە تۇردى. قارشى قوشۇننىڭ كۆپ قىسمى تارقىلىپ كېتىشتى، خان خوجا، بۇرھانىددىنلار يۇزچە كىشىنى ئېلىپ كۇچار قەلئەسىگە كىرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۇچار قەلئەسىدە قامىلىپ قالدى. چىڭ سۇلالىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئىنتايىن ئوبدان جەڭ پۇرسىتى بولۇپ، خان خوجا قاتارلىقلارنى كۇچارنىڭ ئۆزىدە مۇھاسىرىگە ئېلىپ يوقىتىش تامامەن مۇمكىن ئىدى. لېكىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنالمىدى. ئۇلار يا ئۈنۈملۈك ھۇجۇم ئۇيۇشتۇرالمىدى، يا پۇختا مۇداپىئە قىلالمىدى. ئاخىر 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى چوڭ ـ كىچىك خوجىلار 400 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن مۇھاسىرىنى بۇزۇپ چىقىپ كەتتى. ھالبۇكى، يارخاشەن باشلىق ئالدىنقى سەپ قوماندانلىرى بۇ ئىشتىن ئاگاھ بولالمىغان ئىدى. كۇچارغا ھۇجۇم قىلىشتا يەنىلا ئۈنۈم بولمىدى. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا توپىلاڭچى قوشۇننىڭ سەركەردىسى ئابدۇللا مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا، ئاندىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى كۇچار قەلئەسىگە كىردى. يارخاشەنلەر ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت جەڭ قىلىپ قۇرۇق قەلئەنىلا ئالالىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانى يارخاشەن، مۇئاۋىن دۇتۇڭ شۇندېنا، تىدۇ مادېشېڭلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش ئارقىلىق كۇچار جېڭىگە ئۆز باھاسىنى بەردى[28].

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ يارخاشەنگە ئۆلۈم جازاسى بېرىشى تامامەن ھەقلىق ئىدى. چۈنكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇننىڭ كۇچاردا

جەڭ پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىدىكى ئاساسلىق مەسئۇلىيەت يارخاشەندە ئىدى. خان خوجا كۇچار قەلئەسىگە كىرگەندىلا، مىرزا ھۆدى يارخاشەنگە كۇچار قەلئەسىنىڭ غەربىدىكى ئېقىن دەريا بويىغا ۋە شىمالىدىكى تاغ ئېغىزلىرىغا مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر مۆكتۈرۈپ، خان خوجىنىڭ قاچار يولىنى بوغۇپ تاشلاش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەندە، يارخاشەن بۇ تەكلىپكە ئىرەن قىلمىدى. كېيىنكى پاكىت مىرزا ھۆدىنىڭ تەكلىۋىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

خان خوجا مۇھاسىرىنى بۇزۇپ قېچىپ كېتىش ئالدىدا، قوشۇنلارنىڭ ھەركىتى جىددىيلىشىپ، ئاتلارنىڭ كىشنىگەن، ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلغان ئاۋازلىرى ئاڭلانغان ئىدى. بەزىلەر يارخاشەنگە دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىنى بۇزۇپ قېچىپ كېتىش ئېھتىمالى بار، دەپ مەلۇمات بەرگەندە، يارخاشەن بۇنىڭغىمۇ سەل قارىدى.

ئىككى قوشۇن رەسمىي تۇتۇشۇۋاتقان جىددىي ۋاقىتلاردا، ئالدىنقى سەپ قوماندانى بولغان يارخاشەن كۈن بويى ھاراق ئىچىپ، شاھمات ئويناپ، ھېچ ئىش بىلەن كارى بولمىدى. بۇنىڭدىن باشقا، مۇئاۋىن دۇتۇڭ شۇندېنا، تىدۇ مادېشىڭلارمۇ ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالمىغان ئىدى.

شۇندېنا كۇچار قەلئەسىنىڭ غەربىي دەرۋازىسىغا مەسئۇل ئىدى. ئۇ ئادەتتە جەڭگە قاتتىق نازارەت قىلمىدى. مۇستەھكەم ئىستىھكامىمۇ قۇرمىدى. 6-ئاينىڭ 29-كۈنى خان خوجا باشلىق كىشىلەر شۇندېنا مەسئۇل بولغان غەربىي سېپىل دەرۋازىسىدىن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا، شۇندېنا ئۆز قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ، ئەستايىدىل جەڭ قىلمىدى. خان خوجىلار قاچقاندا، كېچىدە دۈشمەن مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇپ، قوشۇن تارتىپ ئارقىدىن

قوغلاپ زەربە بەرمىدى. نەتىجىدە خان خوجا باشلىق كىشىلەرنىڭ قېچىپ كېتىشىگە بىۋاستە سەۋەبچى بولدى.

ما دېشىڭ ئەسكەرلەرگە سېپىل ئىچىگە قارىتىپ لەخمە كولاشنى بۇيرۇپ، كېچە ـ كۈندۈز ئىشقا قاتتىق نازارەت قىلىشىنىلا بىلىپ، يەر ئۈستىدىكى مۇداپىئەگە كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكتىن، لەخمە سېپىل تېمىغا ئىككى جاڭ قالغاندا، سېپىل ئىچىدىكىلەر ئاغامچا بىلەن سېپىلدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، لەخمە ئاغزىنى تارتىۋېلىپ ۋە ئوتۇن كۆيدۈرۈپ لەخمە ئېغىزىنى ئېتىۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن لەخمە ئىچىدە ئىشلەۋاتقان 600 ئەسكەرنىڭ ھەممىسى لەخمىدە ئۆلدى.

كۇچار جېڭى مۇۋەپپەقىيەتسىز جەڭ بولدى. بولۇپمۇ خان خوجا، بۇرھانىدىنلارنىڭ قېچىپ كېتىشى بىلەن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانـ شاننىڭ جەنۇبىدىكى ھەربى ھەركىتى توپ ـ توغرا ئىككى يىل كەيـ نىگە سۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ نۇرغۇن ئادەم كۈچى ۋە ماددى كۈچىدىن ئايرىلدى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى كۇچار جېڭىدە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا تۇتقان تەۋرەنمەس سىياسى پوزىتسىيىسىنى ھەم چىڭ سۇلالىسىنىڭ مول ھەربى كۈچكە ۋە ئىقتىسادىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. بۇ ھال توپىلاڭچىلار لاگېرىدىكى ئارىسالدى بولۇپ تېڭىرقاپ يۈرگەنلەرنى ئاخىرقى قارارغا كېلىشكە مەجبۇر قىلىپ، ئۇلارنىڭ پارچىلىنىشىنى تېزلەتتى. خان خوجا بىلەن بۇرھانىدىن كۇچاردىن قېچىپ ئاقسۇغا كەلگەندە، خوجىس ئاقسۇدا سېپىل دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەرمىدى. ئۇچتۇرپانغا بارغاندا، ئۇچتۇرپانمۇ قوبۇل قىلمىدى. ئاخىر بۇرھانىدىن قەشقەرگە، خان خوجا يەركەنگە قېچىپ

كېتىشتى.

قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە خان خوجا تارىمنىڭ شىمالىدىكى جايلار- دىن مەھرۇم قالدى. ئۇلارنىڭ قولىدا پەقەت تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي قىرغىقىدىكى قەشقەر، يەركەن، خوتەن قاتارلىق رايونلارلا قالدى.

يارخاشەن قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ئامۇرسانا توپىلىڭىنى تىنجىتىشقا قاتناشقان جاۋ خۇيىنى تيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ئۇرۇش قىلىۋاتقان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ قوماندانى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئاقسۇدىكى خوجىس چىڭ سۇلا- لىسىغا ئەل بولدى. جاۋ خۇيىنىڭ باش لاگىرى ئاقسۇغا يۆتكەلدى.

كېيىنكى كۈنلەردە ھەر ئىككى تەرەپ جىددى جەڭ تەييارلىقى بىلەن بولدى. خان خوجا، بۇرھانىدىنلار ئايرىم ھالدا يەركەن ۋە قەشقەرلەردە پۇقرالارغا ئېتىزلاردىكى پىشمىغان زىرائەتلەرنى قويماي ئورغۇزۇۋەتتى، ئۆيلەرنى چاقتۇردى. پۇقرالارنى زورمۇ-زور سېپىل ئىچىگە كۆچۈرۈپ كەلدى. شەھەر ئەتراپىدا ئاھالە قالمىدى. مۇشۇ يول بىلەن ئۇزاققىچە قارشىلىق كۆرسىتىشكە تەمشەلدى.

جاۋ خۇي ئاقسۇدا، بىر تەرەپتىن، ئوزۇق-تۈلۈك، ئات-تۆگە سېتىۋېلىش ۋە خوجىسنىڭ قوشۇنىنى قايتا تەشكىللەش بىلەن مەش- غۇل بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مىرزا ھۇدىنى خوتەنگە ئەۋەتىپ، خوتەننى ئەل قىلىشقا كىرىشتى. خوتەن خان خوجىدىن ئايرىلىپ، چىڭ سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتتى. جاۋ خۇي خوتەننىڭ ئەل بولغانلى- قىنىڭ ئەھمىيىتىنى ھەددىدىن زىيادە يۇقۇرى مۆلچەرلەپ، يىگانە قېپقالغان يەركەننى بىرلا ھۇجۇم بىلەن ئېلىش مۇمكىن دەپ ھېساپلىدى.

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئارتۇقچە تەقەززا بولغان جاۋ خۇي يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ھازىرلىقلارنى پۇتتۇرگەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئاقسۇغا توپلىنىپ بولۇشىنى كۇتمەستىن، خوجىسىنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 4000 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، يەكگىلىك قىلىپ يەركەنگە يۇرۇش قىلدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۇنى يەركەن قەلئەسىگە يېتىپ باردى.

بۇ يەردە جاۋ خۇي باشچىلىغىدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئادەتتىن تاشقىرى قارشىلىققا ئۇچرىدى، مۇستەھكەم سېپىل ئىستىھكامىغا ئىگە يەركەننى جاۋ خۇينىڭ چەكلىك ئەسكىرىي كۇچى ھەرگىزمۇ ئىستىلا قىلالمايتتى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ھۇجۇم قىلىش غەيرىتى تېزلا يوقىلىپ، مۇداپىئە ھالىتىگە ئۆتۇپ، يەركەن دەرياسىنىڭ ئۇڭ قانىتىدا لەشكەرگاھ قۇرۇپ، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. دەريانىڭ بۇ قىسمى قارىسۇ دەپ ئاتىلاتتى. شۇڭا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ بۇ لەشكەرگاھى "قارىسۇ لاگىرى" دەپ ئاتالدى.

بۇ 4000 كىشىلىك قوشۇن يەركەن قەلئەسىنى ئىشغال قىلىشقا ئازلىق قىلغان بىلەن، ئارقا سەپ تەمىناتى ئۇچۇن ناھايىتى كۆپ بىلىنەتتى. بۇ چاغدا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئارقا سەپ بازىسى يەركەنگە 1000 چاقىرىم كېلىدىغان ئاقسۇدا ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇزۇق-تۇلۇكنى ئۆز ۋاقتىدا يەتكۇزمەك تەسكە چۇشتى. يەركەندىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى ئېغىرلاشتى.

يەتتە كۇندىن كېيىن، خان خوجىنىڭ چارۋا ماللىرى يەركەننىڭ جەنۇبىدىكى يىڭى چىپان تېغىدا ئىكەن دىگەن خەۋەر كەلدى.

ئاشلىقتىن قىينىلىۋاتقان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئۇلارنى بۇلاپ ئوزۇق قىلماقچى بولدى. يېڭى چىپان تېغىغا بېرىش ئۈچۈن يەركەن دەرياسىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. چىڭ سۇلالىسى تىزگىنلەپ تۇرغان دائىرىدە بىر ياغاچ كۆۋرۈك بار ئىدى. شۇ كۈنى جاۋ خۈي مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ يېڭى چىپان تېغىغا ئاتلاندى. 400 دەك ئاتلىق ئەسكەر كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ بولغاندا كۆۋرۈك تۇساتتىن بۇزۇلۇپ كېتىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى دەريانىڭ ئىككى ياقىسىغا بۆلۈنۈپ كەتتى، يەركەندىكىلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىدىن بىرنەچچە ھەسسە كۆپ ئاتلىق ئەسكەر ۋە ئون مىڭدىن ئارتۇق پىيادە ئەسكەرنى ئاتلاندۇرۇپ، دەريادىن ئۆتۈپ بولغان چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى ۋە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى تەرەپ-تەرەپكە بۆلۈپ تاشلاپ، دەريا ياقىسىدىكى ساسلىققا قامىۋېلىپ، پۈتۈن سەپ بويىچە تىرىپىرەن قىلىپ تاشلىدى. ناھايىتى ئاز ساندىكى چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى دەريانىڭ ئۇ قانتىغا ئۈزۈپ ئۆتۈۋالالىدى.

شۇ قېتىمقى جەڭدە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىرىدىن گاۋ تيەنشى ئۆلدى. مىڭرۇي يارىدار بولدى. جاۋ خۈينىڭ ئېتىغا بىرنەچچە قېتىم ئوق تەككەنلىكتىن، ئات يەڭگۈشلەپ يۈرۈپ، ئاران دىگەندە ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى.

خان خوجا بۇ جەڭ پۇرسىتىدىن تولۇق پايدىلاندى. ئۇنىڭ بۇيرۇغىغا بىنائەن، يەركەن ئەسكەرلىرى دەريادىن ئۆتۈپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ باش لەشكەرگاھىغا بىۋاستە ھۇجۇم قىلدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئىككى تەرەپ بەش كۈن قاتتىق جەڭ قىلدى. شۇ كۈنلەردە ئىككى تەرەپ ئىمكانىيىتىنىڭ بېرىچە ئۆزلىرىنىڭ ئىسـ

تېھكاملىرىنى تېز چىڭىتىۋالىدى، چىلىك سۇلالىسى قوشۇنى ئۆزىنىڭ قورغانلىرىنى تىنىماي مۇستەھكەملەۋاتقاندا، خان خوجا قوشۇنلىرى ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا بىر قەۋەت تام قوپۇرۇپ، ئۇلارنى مەھكەم قورشىۋالدى[29].

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، بىر تاسادىپىي ۋەقە چىلىك سۇلالىسى قوشۇنىنى بۇ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى.

ئىشنىڭ جەرياني مۇنداق: خان خوجا قوشۇنلىرى قارىسۇ لەشكەرگاھىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا، قىرغىزلار قەشقەرگە بىرنەچچە نۆۋەت پاراكەندىچىلىك سالغان ئىدى.

قەشقەردە تۇرۇۋاتقان بۇرھانىدىن بۇ تاسادىپىي ھادىسىدىن چىلىك سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن قىرغىزلار سۇلھ تۈزگەن بولسا كېرەك دەپ ھېساپلىغانمۇ، ياكى بۇرھانىدىن ئۆز ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا نارازى بولۇپ قېيدىغانمۇ، ياكى بولسا چىلىك سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ شۇ تاپتا قىيىن ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ كۆپرەك مەنپەئەتكە ئېرىشىش كويىدا بولغانمۇ، ھەر ھالدا قەشقەردىكى بۇرھانىدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن چىلىك سۇلالىسى قوشۇنىغا سۇلھ تۈزۈپ ئۇرۇشنى توختىتىش تەكلىپىنى بەردى. جاۋ خۇي بۇرھانىدىننىڭ تەكلىپ بېرىشتىكى مۇددىئاسىغا سەل قاراپ، خان خوجىنى تۇتۇپ بېرىشنى شەرت قىلدى. بۇ شەرتنى ئورۇنلاش بۇرھانىدىننىڭ قولىدىن ئەسلا كەلمەيتتى، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇنىڭ بۇ ئىشنى ئورۇنلىغۇدەك كۈچى يوق ئىدى. شۇڭا، سۇلھ تۈزۈش ئىشى يوققا چىقتى[30].

قىش پەسلى باشلاندى، پەسلنىڭ ئۆزگىرىشى چىلىك سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ قىيىنچىلىقىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. ئۇلار ئوردلارنى كولاۋېتىپ تاسادىپىلا ئاشلىق تاپتى. قۇدۇق كولاپ سۇ

چىقاردى. ئۇلار يەنە لەشكەرگاھدا دەل-دەرەخلەرنى كېسىپ ئۇنىڭغا قادالغان قوغۇشۇن ئوقلارنى چىقىرىۋېلىپ قايتىدىن ئوق-دورا ياسىدى. دۈشمەن قوشۇنلىرى يەركەن دەرياسىنىڭ قېشىنى بۇزۇپ لەشكەرگاھقا سۇ قويۇپ بەرگەندە، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئېرىق چېپىپ سۇنى باشقا ياققا ئاققۇزدى.

ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان بۇ قوشۇن ئەمدىلىكتە نوقۇل مۇداپىئە ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇلار توپ-توغرا ئۈچ ئاي مۇھاسىرە ئىچىدە تۇردى. ئارقا سەپ تەمىناتىدىن ئايرىلىپ قالغان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئەھۋالى كۈندىن-كۈنگە قىيىنلاشتى. بۇ ھال چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەربىي ھەرىكىتىگە زور تەسىر كۆرسىتىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئومۇمىي يۈزلۈك مۇداپىئە ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى.

بۇنىڭ ئەكسىچە، مۇئەييەن كونكرېت رايوندا خان خوجىنىڭ قوشۇنى ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولدى. شۇنىڭدەك قارىسۇ لەشكەرگاھىنى يەمچۈك قىلىپ، ئۆز رەقىپلىرىنى ئېزىقتۇرۇپ يېقىن كەلتۈرۈپ تۇرۇپ زەربىگە ئۇچرىتىشتەك پايدىلىق شارائىتقا ئىگە بولدى.

1758-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا چىڭ سۇلالىسى ئاسىلارنى تىنجىتىش جاڭجۈنى نامجار، مەسلىھەتچى چېرىكچى سانگى قاتارلىقلارنى قوشۇن باشلاپ جاۋ خۇيغا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى. بۇ يىگانە ھەم ئاجىز قوشۇن ئىدى، خان خوجا قوشۇنى ئۇلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، نامجار بىلەن سانگىنى ئۆلتۈرۈپ، ياردەمگە كەلگەن بۇ قوشۇننى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. 1759-يىل 1-ئايدا چىڭ سۇلالىسى

ھۆكۈمىتى ئىككىنچى قېتىملىق ياردەمنى ئۇيۇشتۇردى. فۇ دې باشـ
لاپ ماڭغان تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر يېڭىـ
دىن شەرقىي شىمالدىن كەلگەن 2000 سولۇن، چاخار ئەسكەرلىرى
بىلەن قوشۇلۇپ يەركەنگە يۈرۈش قىلدى. شۇ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ
كۈنى بۇ قوشۇن يەركەنگە شەرقىي شىمالدىن 370 چاقىرىم كېلىدىـ
غان قۇرمان دېگەن يەرگە كەلگەندە، خان خوجا قوشۇنىنىڭ توسۇپ
زەربە بېرىشىگە ئۇچرىدى، ئىككى تەرەپ تۆت كېچە ـ كۈندۈز جەڭ
قىلدى. ياردەمگە كەلگەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى كەسكىن جەڭـ
لەردىن كېيىن، قەدەممۇ ـ قەدەم قارىسۇ لەشكەرگاھىغا قاراپ
سىلجىدى. ئۇلار تۆت كېچە ـ كۈندۈزدە ئاران 70 چاقىرىم يول
بېسىپ، ئاخىر مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قامىلىپ قالدى.
بۇ قېتىمقى جەڭ توغرىسىدا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمەت ھۆجـ
جەتلىرىدە جەڭ نەتىجىلىرىگە قارىغاندا تەبىئەت كەلتۈرۈپ چىقارغان
قىيىنچىلىقلار كۆپ تەسۋىرلەندى. شارائىت ھەقىقەتەنمۇ مۇشكۇل
ئىدى.
فۇ دې قۇملۇقتا مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ تۆتىنچى كۈنى ئارگۇن،
ئولۇنئا قوماندانلىقىدا يەنە بىر ياردەمچى قوشۇن يېتىپ كەلدى.
ئۇلار بارىكۆلدىن يولغا چىققان بولۇپ، تامامەن ئاتلىق ئەسكەرلەر
ئىدى. ئۇلار يەنە ئۆزلىرى بىلەن بىللە 2000 ئات، 1000 تۆگە
ئېلىپ كەلدى.
ئون چاقىرىم يىراقلىقتا سوزۇلغان گۈلخانلار بۇ يەرنىڭ ئىككى
تەرەپ قوشۇنى تىركىشىۋاتقان جاي ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.
چارلاش نەتىجىسىدە بۇ يەردە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ مۇھاسىرە
ئىچىدە قالغانلىقى مەلۇم بولدى. ئارگۇن ئۆز قوشۇنىغا ھۇجۇمغا

ئۆتتۇش بۇيرۇغى بەردى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى نەرە تارتىپ دۈشمەن سېپىگە ئات سېلىپ باستۇرۇپ كىرىشكە باشلىدى. جەڭ شاۋقۇنى كېچىلىك ھاۋا بوشلۇغىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. فۇ دې باشقا بىر قوشۇننىڭ ياردەمگە كەلگەنلىگىنى مۆلچەرلەپ، پۈتۈن قوشۇننى باشلاپ مۇھاسىرىنى بۇزۇپ چىقىپ، ئارگۇن قوشۇنى بىلەن قوشۇلۇپ، قارىسۇ لەشكەرگاھىغا قاراپ سىلجىدى. خان خوجا قوشۇنلىرى تۈيۈقسىز زەربىگە ئۇچراپ، پۈتۈن سەپ بويىچە تەۋرىنىپ، پاتىپاراقچىلىققا چۈشتى، نەتىجىدە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا يوچۇق ئېچىلدى.

تاڭ ئېتىش بىلەن گۈمبۈرلىگەن زەمبىرەك ئاۋازى قارىسۇ لەشكەرگاھىغا ئاڭلىنىشقا باشلىدى. جاۋ خۈي ياردەمچى قوشۇنلارنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرماستىنلا، تەقەززالىق ئىچىدە پۈتۈن قوشۇنىغا مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، ياردەمچى قوشۇنلار بىلەن قوشۇلۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. بۇ ئۈچ قوشۇن جەم بولغاندىن كېيىن دەرھال ئاقسۇغا قاراپ چېكىندى. شۇ كەمگىچە جاۋ خۈي باشچىلىغىدىكى قوشۇننىڭ قارىسۇ لەشكەرگاھىدا قامىلىپ قالغىنىغا ئۈچ ئايدىن ئاشقان ئىدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ يەركەننى ھۇجۇم بىلەن ئېلىش يولىدىكى تۇنجى قېتىملىق ھەركىتى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياقلاشتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەركەن رايونىغا سالغان ئەسكىرىي كۈچى ئون مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ سان جاۋ خۈينىڭ ئەسلى مۆلچەرىدىن ئىككى باراۋەر كۆپ ئىدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى شۇنچە كۆپ چىقىم تارتىسمۇ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى.

1759 ـ يىلىنىڭ ياز پەسلىگە كەلگەندە، ئاقسۇغا توپلانغان چىڭ

سۇلالىسى قوشۇنى ئەسكىرىنىڭ سانى 30 مىڭغا يەتتى. بۇ قوشۇننىڭ 30 مىڭ ئېتى، ئون مىڭ تۆگىسى بار ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانلىرى يەركەندىكى ساۋاقتىن ئىبرەت ئېلىپ، يىگانە قوشۇن بىلەن ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلىشتەك قارامىلىقتىن ۋازكېچىپ، دۈشمەننى كەڭ دائىرىدە مۇھاسىرىگە ئېلىش قارارىغا كەلدى. 1759-يىلى فۇدې 15 مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ ئاقسۇدىن يولغا چىقىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنى بېسىپ ئۆتۈپ، خوتەن رايونىغا بېرىپ، ئۇ يەردىن شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، يەركەن رايونىغا كىردى. جاۋ خۈي قوماندانلىقىدىكى 15 مىڭ ئەسكەر ئاقسۇدىن قەشقەرگە يۈرۈش قىلىپ، چوڭ-كىچىك خوجىلارنى بىرلا ۋاقىتتا يەركەن ۋە قەشقەرگە قامىۋالدى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن داۋاملىق تىركىشىش مۇمكىن بولماي قالدى، بۇرھانىدىن، خان خوجىلار پامىرغا قاراپ قاچتى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى قەشقەر بىلەن يەركەننى ئۇرۇشسىز قولغا چۈشۈرۈپ، بۇرھانىدىن، خان خوجىنى تىنجىتىشنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى.

كېيىنكى باسقۇچلۇق ئۇرۇش پامىر ئېگىزلىكىدە بولدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قىرغىز قەبىلىلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكتىن، پامىر ئېگىزلىكىدىكى تەبىئىي توسالغۇلاردىن ئاسانلا ئۆتۈپ كەتتى ۋە خوجىلار قوشۇنىنىڭ ئىزىدىن قوغلاپ ماڭدى. پامىر ئېگىزلىكىدىكى تۇنجى جەڭ قوشقۇلاق تېغىدا بولدى. مىگرۇي باشلاپ ماڭغان ئالدىنقى سەپ قوشۇنى 500 دۈشمەننى يوقاتتى.

7-ئاينىڭ 10-كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىدىن 4000 ئاتلىق ئەسكەر دۈشمەننى قوغلاپ ئالچۇر تېغىغا كەلدى، يول ئۇزۇنچاق بىر

غاردىن ئۆتەتتى. خوجىلار قوشۇندىن 5000 ئەسكەر تاغ قاپتاللىرىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى ئېزىقتۇرۇپ بۇ يەرگە كىرگۈزۈپ يوقاتماقچى بولدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئىككى يولغا بۆلۈندى. بىر بۆلۈگى مىلتىق قىسمىنى ئاساس قىلىپ سەپ تۈزۈپ، چوڭ يولنى بويلاپ ئۇدۇل ماڭدى. يەنە بىر بۆلۈگى ئىككى تەرەپتىكى تاغ چوققىلىرىغا چىقىۋېلىپ، يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە قاراپ ھۇجۇم قىلدى.

ئۇرۇش ئەملىيىتى خوجىلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن تامامەن باشقىچە بولدى. خوجىلار قوشۇنى مۇھاسىرە ئىچىگە چۈشۈپ قالدى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ تەرەپ-تەرەپتىن قىلغان ھۇجۇمى ئارقىسىدا، خوجىلار قوشۇنى 1000 دىن جىق ئەسكىرىدىن ئايرىلدى.

7-ئاينىڭ 13-كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى يېشىل كۆل بويىغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەر بەدەخشان چېگرىسىغا يېقىن بولۇپ، كۆلنىڭ ئىككى قىرغىقى چوققىلىرى بۇلۇتقا تاقاشقان ئېگىز تاغ بىلەن تۇتاشقان ئىدى. يوللىرى كۆلنى بويلاپ كەتكەن بولۇپ، يەر شارائىتى ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. خوجىلار قوشۇنلىرى تاغ باغرىنى بويلاپ سەپ تۈزۈپ ئاخىرقى قېتىم جەڭ قىلىشقا تەمشەلدى.

بۇنداق ئۇرۇش شارائىتى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ھەركەتچانلىقىنى ۋە ئوت كۈچى ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئامالسىز سۇلار كېچىپ، تاغلار ئېشىپ يۈرۈپ جەڭ پۇرسىتىنى ئىزدىدى. جەڭ مەيدانىدىكى تەشەببۇسكارلىق چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ قولىغا ئۆتكەن ھامان، پايدىسىز جوغراپىيىلىك شارائىت خوجىلار قوشۇنىغا پۈتلىكاشاڭ بولۇپ قالدى.

بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا ۋېيى يۈەن ئۆزىنىڭ «مۇقەددەس ھەربىي ئىشلار مۇۋەپپەقىيەتلىرى» دىگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: "مىرزا ھۇدى ۋە خوجىسقا مۇسۇلمان تۇغىنى تىكلەپ ئەل بولۇشقا ئۈندەگىلەر دەپ بۇيرۇق بېرىلدى. ئەل بولغۇچىلار تاغ بويلاپ ئېتىلىپ چۈشكەندە، شاۋقۇن-سۈرەنلەر كۆلدۈرمامىدەك ئاڭلاندى. كىچىك خوجا بىرقانچىسىنى چېپىپ ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ، توسۇپ قالالمىدى. 12 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئەل بولدى، ئون مىڭدىن ئارتۇق چارۋا ئولجىغا چۈشتى. ئىككى خوجا ئۆز بالا-چاقىلىرى ۋە ۋە يېقىن خىزمەتچىلىرىدىن 300، 400 كىشىنى ئېلىپ بەدەخشانغا قاچتى."

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ بۇيرۇغىغا بىنائەن، بەدەخشان پادىشاسى بۇرھانىدىن، خان خوجىلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ باشلىرىنى چىڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتتى. چىڭ سۇلالىسى چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى ئۇزۇل-كېسىل تىنجىتىپ، تيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىنى ئۆزىنىڭ بىر تۇتاش مەمۇرى باشقۇرۇشى ئاستىغا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى قايتا بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدىكى بۈيۈك ۋەزىپىنى ئورۇنلىدى.

## 2. قىسقىچە يەكۈن

بۇرھانىدىن، خان خوجىلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشى تەبىئىي ئىدى. بۇنىڭ سەۋەپلىرى:

بىرىنچىدىن، بۇرھانىدىن بىلەن خان خوجا ئوتتۇرىسىدىكى پۈت تىپىشىشلەرنى ھىساپقا ئالمىغاندا، شۇ ۋاقىتلاردا قومۇلدىكى يۈسۈپ، لۈكچۈندىكى ئىمىن ئاتا-بالا، كۇچاردىكى مىرزا ھۇدى، ئۇچتۇرپاندىكى

خوجىسلارمۇ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىند
كۆز تىكىۋاتاتتى. بۇرھانىدىن، خان ؛
شەخسلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىگە مەلۇم دەر
ئىدى. بۇرھانىدىن، خان خوجىلارنىڭ غە
نىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ىر
بولىدۇكى، ئۇلار بۇرھانىدىن، خان خوجىلارنىڭ دەسلەپتىكى ھارشى تۇرىدىغان رەقىپلىرى ئىدى. خۇلاسە شۇكى، بۇرھانىدىن بىلەن خان خوجا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار تەبىقىسى ئىچىدىمۇ يىگانە كۈچ ئىدى.

بۇ شەخسلەرنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى سىياسى تۇرمۇشتا تۇتقان ئورنىنى ۋە ئۇلارنىڭ سىياسى ئىنتىلىشلىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈش بىزنىڭ بۇرھانىدىن، خان خوجىلارنىڭ بىر قىسىم ئىجتىمائى ئاساستىن مەھرۇم قالغانلىقىدىكى سەۋەپنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

قۇمۇل ھاكىمبېگى ئەبەيدۇللا ھەممىدىن بۇرۇن چىڭ سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتكەن ئىدى. بۇنىڭغا، بىر تەرەپتىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ كۈنسايىن غەرپكە سىلجىۋاتقان ھەربى كۈچىنىڭ بېسىمى سەۋەپ بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەبەيدۇللانىڭ جۇڭغار ئاقسۆڭەك-لىرى بىلەن بولغان ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆچمەنلىكى — ئەبەيدۇللانىڭ ئاتىسى مۇھەممەت شاھ غازىبەگنى جۇڭغار قوشۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىدى — سەۋەپ بولدى. ئارقىدىنلا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربى كۈچى بۇ رايونغا ئىچكىرىلەپ كىردى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربى تۈزۈمى بويىچە، بۇ يەردە تۇنجى يەرلىك قوشۇن — ئۇيغۇر سۇمۇنلىرى (تۇغلۇق قوشۇن) تەشكىل قىلدى ھەم

بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ ئىمۇرى ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلىپ، تىيان-
«مۇقەددەس ھەربى ئىشلاركېرىش دەرۋازىسىنى ئۆز ئىلكىدە مەھكەم
مۇنداق دەپ يازغان: "مىر
تىكلەپ ئەل بولۇشقا ئۈندەۋە شىمالىغا قارىتىلغان ھەربى ھەرىكەتتە، تاغ بويلاپ ئېتىلىپ ژىرنى جۇڭغارغا قارشى تۇرۇشتا تولۇق نامايان بولدى. مۇشۇ سەۋەپتىن ئەبەيدۇللا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى گوپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ پەخرىي ئۇنۋانىغا نائىل بولغان تۇنجى ئۇيغۇر ئاقسۆ-ڭەكلىرى ئىدى. يۇسۇپ چىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئەنە شۇنداق چوڭقۇر ۋە قويۇق مۇناسىۋەتكە تايىنىپ، باشقىلارغا قارىغاندا بىر-قەدەر يۇكسەك ئىجتىمائى ئورۇنغا ئىگە بولغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى بۇ رايوننىڭ تەبىئى داھىسى دەپ ھىساپلاپ يۈردى. بۇنىڭ بىلەن يۇسۇپ چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ زادى چىقىشالمايدىغان رىقابەتچىسى بولۇپ قالدى. دەل مۇشۇ سەۋەپتىن، يۇسۇپ باشچىلى-غىدىكى ئۇيغۇر تۇغلۇق قوشۇنى ھەممىدىن بۇرۇن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا قوشۇلۇپ، چوڭ-كىچىك خوجىلارغا قارشى جەڭ قىلدى.

لۈكچۈن ھاكىمبېگى ئىمىن خوجا ئەبەيدۇللادىن كېيىن ئىككىنچى بولۇپ چىڭ سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتكەن يەرلىك ھۆكۈمدار. 1732-يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تۇرپان رايونىدىن چېكىنگەندە، ئىمىن خوجا ئۇيغۇر پۇقرالىرىدىن ئون نەچچە مىڭ كىشىنى باشلاپ خېشى رايونىغا كۆچۈپ كەتكەن. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ خېشى رايونىدىكى ئۇيغۇر قوشۇنلىرى ئاساسەن تۇرپاندىن كۆچۈپ بارغان مۇشۇ ئۇيغۇرلاردىن تەشكىل قىلىنغان. ئۇنۋانىنىڭ دەرىجىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئىمىن خوجا "گۇڭ" لىققا ئېرىشكەن تۇنجى ئۇيغۇر ئاقسۆ-ڭەك ئىدى. شۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا "جاساق فۇگوگۇڭ"

دىگەن نامنى بەرگەن ئىدى. دەرىجىسى ناھايىتى ئۈستۈن بولغان بۇ نام ئىمىن خوجىنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە قوشقان تۆھپىسى ۋە ئۇنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ كەلگۈسى ئىشىدا كۆرسىتىدىغان رولىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. خېشى رايونىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇرلار قوشۇنى ئەنە شۇ ئىمىن خوجىنىڭ باشلامچىلىغىدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن بىللە داباجى ۋە ئامۇرسانانى تىنجىتىش سوقۇشلىرىغا قاتناشتى.

بۇرھانىدىن، خان خوجىلار ۋەقە قوزغاشتىن بۇرۇن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىمىن خوجىنى "بەيسى" قىلىپ ئۆستۈردى. ئۇنىڭ ئوغلى سۇلايماننى بولسا "گۇڭ"لىققا كۆتەردى. بۇ شەخس تۇرپاندا مەشھۇر سۇلايمان گۇڭ مۇنارىسىنى سالدۇردى. بۇ مۇنار تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا قەد كۆتىرىپ، تۇرپاننىڭ مۇھىم زىننىتى بولۇپ تۇرماقتا.

روشەنكى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مەقسەتلىك ھالدا ئىمىن خوجا ئاتا-بالىنىڭ ئورنىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلار ئارقىلىق يۇسۇپنى بەنت قىلىپ تۇرماقچى بولغان ئىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ئىمىن خوجا ئاتا-بالىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ داھىسى بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. شۇڭا، بۇرھانىدىن بىلەن خان خوجىلارنىڭ ئىمىن خوجا ئاتا-بالىدىن ياردەم ۋە مەدەت كۈتۈشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

كۇچار ھاكىمبېگى مىرزا ھۇدى چىڭ سۇلالىسى بىلەن گەرچە ئۇنچىۋالا يېقىن مۇناسىۋەتتە بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇرھانىدىن، خان خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى ئاشكارا رەت قىلغان تۇنجى يەرلىك ئاقسۆڭەك ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ باشقىلارغا قارىغاندا چوڭ-كىچىك

خوجىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە كۆپرەك ئۇچرىغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ بارلىق ئائىلە تەۋەلىرى خان خوجىسىنىڭ بۇيرۇغى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. ئامىنداۋ كۇچاردا ئۆلتۈرۈلگەندە، مىرزا ھۇدى ئەلچىلەر ئۆمىگىنىڭ مۇھاپىزەتلىرىنى باشلاپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، ئىلىغا بارغان. بۇ ئىشلار مىرزا ھۇدىنىڭ بۇرھانىدىن، خان خوجا بىلەن ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. ۋەقە كۈندىن-كۈنگە ئەۋج ئېلىۋاتقان بىر ۋاقىتتا، مىرزا ھۇدىنىڭ روشەن سىياسى پوزىتسىيىسى چىڭ سۇلالىسىگە بەكمۇ مۇھىم ئىدى، چىڭ سۇلالىسى مىرزا ھۇدىنىڭ رولى ۋە ئۇنىڭ بۇ رايونغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى تولۇق مۆلچەرلىدى. بۇرھانىدىن بىلەن خان خوجىنى تىنجىتىش ئۇرۇشى باشلانغاندىن كېيىن، مىرزا ھۇدى ئىزچىل ھالدا مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇ ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ كۇچار، ئاقسۇ ۋە باشقا جايلاردىكى ئۇرۇشقا قاتناشتى. كۇچار ئۇرۇشىدىن كېيىن يارخاشەن ئۆلتۈرۈلۈپ، جاۋ خۇي ئۇنىڭ ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، مىرزا ھۇدى خوتەننى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتىلدى. ئۇنىڭ خوتەندىكى خىزمىتىمۇ ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. جاۋ خۇي قارىسۇ لەشكەرگاھىغا قاپسىلىپ قالغان كۈنلەردە، مىرزا ھۇدى خوتەننىڭ ھەممە يەرلىرىنى ئۆزىگە قارىتىش بىلەن، ئۇ رايوننىڭ چوڭ-كىچىك خوجىلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى تامامەن ئۈزۈپ تاشلىدى. بۇ ئۇنىڭ زور تۆھپىسى ئىدى. يېشىل كۆل بويىدىكى جەڭدە مىرزا ھۇدىنىڭ قەيسەرلىكى تۈپەيلىدىن، چوڭ-كىچىك خوجا قوشۇنلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنىڭغا تەسلىم بولدى.

مىرزا ھۇدى ئارتۇقچە سىياسى تامادا بولمىغان. شۇنداق بولسىمۇ، پاكىت ئۇنىڭ باشقا ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئورنىنى بېسىپ،

كۆپچىلىك ئېتىراپ قىلغان بىر رەھبەرگە ئايلىنىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى قوللىغان يەرلىك كۈچلەر يۇقۇرىدا بايان قىلىنغانلار بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. كۇچار ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۇچتۇرپان ھاكىمبېگى خوجىسمۇ چىڭ سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتتى. لېكىن ئۇ دەسلەپتە ئۆزىنىڭ سىياسى تەقدىرىنى جۇڭغار خاندانلىقىغا باغلىغان ئىدى. ئۇ خوجا يۈسۈپنى داباچىغا پاش قىلىپ، ئۇنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىغان. داباچى ئەلچىلىرىنىڭ قەشقەر ۋە يەركەندە قارا تاغلىق خوجىلار ھاكىمىيەتلىرىنى يىقىتىش ھەركىتىگە مەدەت بەرگەن. لېكىن خوجىسنى جۇڭغار خاندانلىقى بىلەن ھايات-ماماتتا بىللە بولىدۇ دەپ قاراش خاتا ئىدى، چۈنكى 1755-يىلى داباچىنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا تۇتۇپ بەرگەنمۇ ئەنە شۇ خوجىس ئىدى. داباچى تىنجىتىلغاندىن كېيىن، خوجىس تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى سىياسى تۇرمۇشتا يەنىلا بۇرۇنقىدەك رول ئوينىغان. بۇرھانىدىن تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا قويۇپ بېرىلگەندە، خوجىس ئۇنى تايانچ بازا بىلەن تەمىنلىگەن. بۇرھانىدىن، خان خوجىلار ۋەقە قوزغىغاندىن كېيىن، خوجىسنىڭ ئىلكىدىكى ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان رايونلىرى ھەممىدىن بۇرۇن ۋەقە قاينىمىغا كىرگەن رايونلارنىڭ قاتارىدا ئىدى، ئاقسۇ قەلئەسى ھەتتا بىرمەھەل بۇرھانىدىن، خان خوجىلارنىڭ باش لاگىرى بولۇپ قالغان. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى كۇچارغا يېتىپ كەلگەندە، بۇرھانىدىن، خان خوجىلار ئاقسۇدىن ئاتلىنىپ كۇچارغا ياردەمگە كەلگەن. بىراق، بۇرھانىدىن بىلەن خان خوجا كۇچاردىن قېچىپ ئاقسۇغا بارغاندا، خوجىس سېپىل دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەرمىگەن.

خوجىسنىڭ ئۆزگىرىشچان سىياسى پوزىتسىيىسى مۇشۇ ئون نەچچە يىل ئىچىدە تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنىڭ سىياسى ۋەزىيىتىدە كۆرۈلگەن ئۆزگىرىشلەرنىڭ شاھىدى ئىدى. دېمەك، ئۇنىڭ ئۆز-گىرىشچان ئىپادىسى سىياسى مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ھىلىدىن-ھىلى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان شەخسلەرنىڭ تىپىك تەسۋىرى بولۇپ قالدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خوجىسنىڭ مىجەز-خۇلقىغا خېلى بۇرۇندىنلا دىققەت قىلىپ كەلگەن ئىدى. 1758-يىلى، چيەنلۇڭ ھەربى ئىشلار ۋەزىرىگە: "يارخاشەنگە ئۇقتۇرۇلسۇن، يۈرۈش داۋامىدا ئىز-دېرىگىنى قىلىپ، ئەگەر بەگ خوجىس ئىش باشقۇرۇ-ۋاتقان بولسا، ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ تەسەللى بېرىلسۇن: بۈگۈنكى كۈندە ئويرات قەبىلىلىرى تىنجىتىلدى، بۇ يەرگە قوشۇن تارتىشتىكى مەقسەت ئىككى خوجىنىڭ ئەدىۋىنى بېرىش، بۇنىڭ سىلەر بىلەن ئالاقىسى يوق، سىلەر ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلساڭلار، مەڭگۈ پادىشا ئالىلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشەلەيسىلەر" دەپ يولىيورۇق بەرگەن.

ھەربى ئىشلار جەھەتتە ئىقتىدارسىز بولغان يارخاشەن سىياسى جەھەتتىمۇ ھاماقەت ئىدى. ئۇ چيەنلۇڭنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنمە-گەنلىكتىن، خوجىسقا ھېچقانداق خىزمەت ئىشلىمىگەن. شۇڭا تاكى كۇچار ئۇرۇشى باشلانغانغا قەدەر خوجىس چىڭ سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتمىگەن، كېيىنكى كۈنلەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى بىزگە ئايان. خوجىس كۇچار ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئاندىن ئۆزلۈگە-دىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ئەل بولدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى كوچاردا غايەت زور چىقىمغا ئۇچرىغان بىر ۋاقىتتا ئاقسۇ قەلئەسى-

نىڭ ئۇرۇشسىز ئەل بولغانلىقى، ئەلۋەتتە، كۆرۈنەرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

ئاقسۇ تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىدىكى رايونلارغا كىرىدىغان ئاساسىي دەرۋازا دەپ قارىلىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇزۇندىن بۇيان ئۇنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئۇنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇپ كەلدى. ئاقسۇ رايونىنى ئىلكىگە ئالغۇچىلارنىڭ تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي ۋە غەربىي قىرغىقىدىكى رايونلارغا ئۆز خاھىشى بويىچە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشى، ياكى بۇ رايونلارنى چوڭ مىقياستا مۇھاسىرە قىلىشى مۇمكىن ئىدى.

خوجىسىنىڭ ئەل بولۇشى بىلەن، كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلدى. بۇرھانىددىن بىلەن خان خوجا ئاز كەم يېرىم زىمىندىن ئايرىلغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ بازىسى بولغان يەركەن، قەشقەرلەر دالدىسىز قالدى.

خوجىسىنىڭ بۇرھانىددىن ۋە خان خوجىلار بىلەن ئاخىرغىچە تۇتۇشۇش نىيىتى پەقەت يەركەندىكى جەڭدىلا ئىسپاتلاندى. خوجىس قارىسۇ لەشكەرگاھىدا چىڭ سۇلالىسى بىلەن بىللە 90 كېچە-كۈندۈز مۇھاسىرە ئىچىدە تۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن خوجىس يەنە يەركەنگە ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش قىلىشقا ۋە پامىر ئېگىز-لىكىدە بۇرھانىددىن، خان خوجىلارغا قوغلاپ زەربە بېرىش جەڭ-لىرىگە قاتناشتى. يېشىل كۆل بويىدا بولغان ئاخىرقى باسقۇچلۇق جەڭدە خوجىسىنىڭ تۇغى مىرزا ھۇدىنىڭ تۇغى بىلەن بىللە تىكلىنىپ، تىرىپىرەن بولۇپ كەتكەن چوڭ-كىچىك خوجا قوشۇنلىرىنى ئەل قىلدى. پاكىت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، خوجىس ئۆزىنىڭ رولىنى مىرزا ھۇددىن ئانچە قېلىشمايدىغان دەرىجىدە جارى قىلدۇردى.

خوجىسنىڭ ئۇيغۇرلارغا داھى بولۇش تاماسى باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى. 1759 - يىلى، چيەنلۇڭ ھەربىي ئىشلار ۋەزىرىگە يوليورۇق بېرىپ مۇنداق دېگەن: "مەن خوجىسنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى تولۇق كۆزىتىپ چىقاندىن كېيىن شۇنداق تونۇشقا كەلدىمكى، خان خوجا تۇتۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر سەركەردىلىرىدىن ھېچكىممۇ ئۇنىڭدىن (خوجىس) ئېشىپ كېتەلمەي-گۈدەك. ئۇنىڭ مەقسىدى پۈتكۈل ئۇيغۇرلارغا باشلىق بولۇش. مەن جاۋ خۇيغا ئۇنىڭدىن پەخەس بولۇش توغرىسىدا يارلىق بەردىم."

دېمەك، قۇمۇلدىكى يۇسۇپ، لۈكچۈندىكى ئىمىن خوجا ئاتا-بالا، كۇچاردىكى مىرزا ھۇدى ۋە كېيىن قوشۇلغان خوجىس ئوخشاش بولمىغان مۇددىئالار بىلەن بۇرھانىدىن-خان خوجا ۋەقەسىگە بىردەك قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسىنى تۇتتى. ئورتاق ئاساس شۇكى، ئۇلارنىڭ جانىجان مەنپەئەتى چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ رايوندا يېڭىش-يېڭىلىشى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان ئىدى. بۇرھانىدىن، خان خوجىلار غەلىبە قىلغان ھامان بۇ ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۆزلىرى نائىل بولغان ۋە نائىل بولۇش تاماسىدا بولۇۋاتقان ھەممە نەرسىدىن قۇرۇق قېلىشى تەبىئىي ئىدى. ۋاھالەنكى، چىڭ سۇلالىسى يېڭىپ چىقالى-دىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ جانىجان مەنپەئەتلىرى ئىشەنچلىك كاپا-لەتكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، يۇسۇپ، ئىمىن خوجا ئاتا-بالا، مىرزا ھۇدى ۋە خوجىسلار ھەرگىزمۇ ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي رولىنى ئەمەس، بەلكى ئۇلار تىزگىنلەپ تۇرغان قۇمۇلدىن تارتىپ ئاقسۇغىچە بولغان تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ مۇتلەق كۆپچى-لىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جايلارنىڭ رولىنى ئىپادىلىگەن ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى بۇ رايونلاردا ياشايتتى. بۇ ئۇيغۇر پۇقرالىرى باشتىن-ئاخىر چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرەپتە تۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئاساسلىق ئادەم كۈچى ۋە ماددى كۈچ مەنبەسى بولۇپ كەلدى. بۇ ھال بۇرھانىدىن بىلەن خان خوجىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى تۈپ سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىدى.

ئىككىنچىدىن، يەركەن خاندانلىقى گۇمران بولغاندىن كېيىن، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا ئاساسەن جۇڭغار خاندانلىقى ۋە ئىشانلار مەزھىپىنىڭ خوجىلىرى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ كەلگەن ئىدى. مەيلى ئالدىنقىسى بولسۇن، ياكى كېيىنكىسى بولسۇن، ئوخشاشلا ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىشلاردىن ساۋاتسىز ئىدى، ئۇلار ئۆلچەم ياكى ۋاقىت بىلەن ھېساپلىشىپ ئولتۇرماستىن ئالۋاڭ-ياساقلارنى ھەددىدىن زىيادە ئاشۇرۇۋەتتى. تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا باج-سېلىق بىر خىل تالان-تاراجقا ئايلىنىپ قالدى. كەڭ ئۇيغۇر پۇقرالىرىغا ئالۋاڭ-ياساق ھەقىقەتەنمۇ يىرتقۇچ ھايۋاندىنمۇ ياۋۇز تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ 100 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ئېغىر باج-سېلىق ۋە ئالۋاڭ-ياساقتىن قۇتۇلۇش ئارزۇسىدا ھەرقايسى كۈچلەر ۋە ھاكىمىيەتلەرنى قوللاپ كەلدى. قارا تاغلىقلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئۆرۈلۈپ چۈشكەندىن كېيىن، ۋەزىيەت پەيدىن-پەي تىنجىپ بارغانلىقتىن، باج-سېلىقمۇ بىرئاز يەڭگىللىشىپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەردە ئاپپاق خوجىنىڭ ئەۋلادلىرى بىزنى كۈلپەتتىن قۇتقۇزىدۇ دەيدىغان ئۈمىد پەيدا بولۇشقا باشلىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۈمىدى تېزلا يوققا چىقتى.

500 بۇرھانىدىن، خان خوجا ۋەقە تۇغدۇرغاندىن كېيىن، نوپۇسى

مىڭغىمۇ يەتمەيدىغان تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبى ۋە غەربىدە بىرقانچە ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇلدى. بۇ زور قوشۇننى ئوزۇق-تۈلۈك ۋە كىيىم-كېچەك بىلەن تەمىنلەش ناھايىتى قىيىن ئىدى. ۋاھالەنكى، بۇنداق ئېغىر مەجبۇرىيەت تەبىئىي ھالدا ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. يەركەن ۋە قەشقەرلەردە باج-سېلىقنىڭ تۈرى ساناپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىگە يەتتى. پۇقرالار ئۇنى سەللا كېچىكتۈرسە خانىۋەيران قىلىناتتى[31]. ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى سانسىز ئالۋاڭ-ياساقلارنى تۆلەشتىن تاشقىرى، يەنە ئەسكەر بولۇش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئېلىشى شەرت ئىدى.

تېخىمۇ ئېغىرى شۇكى، كۇچار ئۇرۇشىدىن كېيىن، بۇرھانىدىن، خان خوجىلار قەشقەر، يەركەن قاتارلىق جايلاردا تېخى پىشمىغان زىرائەتلەرنى ئورغۇزۇپ، ئۆي-ئىمارەتلەرنى چاقتۇرۇپ، مال-ۋارانلارنى بۇلاپ، دېخانلارنى قەلئە ئىچىگە مەجبۇرى كۆچۈرگەندىن كېيىن، نۇرغۇن دېخان ئائىلىلىرى خانىۋەيران بولۇپ، قەشقەر، يەركەن بازارلىرىدا سەرسانلىقتا قالدى. نەتىجىدە شەھەر ئاھالىسى جىددىي كۆپىيىپ كېتىپ، ماددىي ئەشيالار يېتىشمەسلىك ئەھۋالى جىددىي كەسكىنلەشتى. خەلقلەر تىرىكچىلىكتىن مەھرۇم قىلىنغانلىقتىن، ھەممىلا يەرنى ئاچارچىلىق قاپلاپ كەتتى.

خەلقلەر رېئال تۇرمۇشتىن ئاپپاق خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ ئېلىپ كېلىدىغىنى تېخىمۇ ئېغىر كۈلپەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. خان خوجا بىرىنچى قېتىملىق يەركەن ئۇرۇشىدا ئون مىڭلاپ ئەسكەرنى ئىشقا سالالىدى. لېكىن ئىككىنچى قېتىملىق[40] يەركەن ئۇرۇشىدا ئۇرۇشمايلا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ جەريان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇلاردىن بىزار بولۇپ، چەتلىگەنلىكىنى مەلۇم

دەرىجىدە ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. مانا بۇ بۇرھانىدىن، خان خوجىلارنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنىڭ ئىككىنچى سەۋەبى ئىدى.

ئۈچىنچىدىن، دەسلەپتە كىشىلەر ئاپپاق خوجا جەمەتىدىن يالغۇز باج-سېلىقنى ئازايتىشنىلا ئەمەس، بەلكى خاتىرجەم تۇرمۇش مۇھىتى يارىتىپ بېرىشنى، بولۇپمۇ ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار ئوتتۇ-رىسىدىكى قىساسچىلىقتىن ئۆزلىرىنى خالى قىلىشنى ئۈمىد قىلغان ئىدى. ۋاھالەنكى، بۇ جەھەتتە كىشىلەر تېزلا ئۈمىدسىزلەندى. بۇر-ھانىدىننىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن، دەسلەپتە قەشقەر رايونىدا قارا تاغلىق ئىشانلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ئەھۋاللىرى سادىر بولدى. كېيىن بۇ زىيانكەشلىكنىڭ دائىرىسى ئادەتتىكى قارا تاغلىق پۇقرالار-غىچە كېڭەيدى. بۇرھانىدىن يەركەن قەلئەسىدە خوجا جاھان بىلەن سوقۇشقاندا، قارا تاغلىقلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ئەسەبىلىكى يېگىسار، پەيزىۋاتلارغىچە يېيىلدى.

بۇ جەرياندا بۇرھانىدىننىڭ يەركەن قەلئەسىدە ئۇچرىغان ھەر قېتىملىق مەغلۇبىيىتى زىيانكەشلىك قىلىش يېڭى دولقۇنىنىڭ مۇقەد-دىمىسى بولۇپ تۇردى. ئاق تاغلىق ئىشانلار يەركەن قەلئەسىدىكى مەغلۇبىيەتلىرىنى قارا تاغلىق پۇقرالاردىن كۆرۈپ، ھەرقايسى جايلاردا ئۇلارنى قىرىش بىلەن پۇخادىن چىقماقچى بولدى. بۇر-ھانىدىن يەركەننى ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن بۇ قارا دولقۇن پەسەيدى[32].

بۇرھانىدىن، خان خوجا تۇپىلاڭ كۆتەرگەندىن كېيىن، بۇ دىنىي زىيانكەشلىك ئەسەبىلىكى يەنە قايتا ئەۋج ئېلىپ، قارا تاغ-لىقلار چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن باغلىنىشى بار دەپ قارىلىپ، دۈشمەن ھېساپلاندى. قارا تاغلىقلارنىڭ مۇقەددەس جايى بولغان

يەركەندىكى ئالتۇن مازار پىچەتلەپ تاشلاندى. قارا تاغلىقلارنىڭ دىنىي يىغىلىشى مەنئى قىلىندى. ئۇلارنىڭ خانىقالىرى ۋەيران قىلىپ تاشلاندى. كېيىنكى كۈنلەردە دىنىي زىيانكەشلىك ئەسەبىلىكى چوڭ-كىچىك خوجىلار قوشۇنىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولدى. يەنى مەغلۇبىيەت قانچىكى ئېغىر بولسا، زىيانكەشلىك شۇنچە ۋەھشىلەشتى. ئۇنىڭ دائىرىسىمۇ قارا تاغلىقلار بىلەن چەكلەنمەيدىغان بولۇپ، ھەرقانداق ئادەم سەللا نارازىلىق بىلدۈرسە، خائىن دەپ قارىلىپ، بالاغا قالدى، ھەممە كىشى ئۆز غېمى بىلەن، ھەممە يەر ساراسىمە ۋە خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە قالدى.

بۇرھانىدىن، خان خوجىلار خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالدى. ھەتتا دىنىي ساھەدىمۇ ئۇلارغا لەنەت ئوقۇيدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىپ باردى. مانا بۇلار بۇرھانىدىن بىلەن خان خوجىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئۈچىنچى سەۋەپ.

تۆتىنچىدىن، دىنىي ۋە سىياسىي جەھەتتە ئۆزىگە يات بولغان كۈچلەرنى ۋەھشىلىك بىلەن چەتكە قېقىش بۇرھانىدىن بىلەن خان خوجىنىڭ ئەندىكىپ يۈرگەن روھىي ھالىتىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردى، ۋاھالەنكى، زىيانكەشلىك جىددىيلەشكەنسېرى، دۈشمەن شۇنچە كۆپىيىپ باردى، دۈشمەن كۆپەيگەنسېرى، ئۇلارنىڭ ئەندىشىلىرى شۇنچە ئېشىپ باردى. مۇشۇنداق ھالقىسمان ئايلىنىش ئارقىسىدا، ھەر قېتىملىق ئايلىنىش ئالدىنقىسىدىن تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە جىددىي بولدى.

دەسلەپتە بۇرھانىدىن، خان خوجىلار قارا تاغلىقلارنىلا ئۆزلىرىگە يات كۈچ دەپ قارىغان ئىدى. خوجىس چىڭ سۇلالىسىگە ئەل

بولغاندىن كېيىن، قەشقەر، يەركەندىن باشقا جايلاردىكى ئۇيغۇر-
لارنىڭ ھەممىسى دىنىي مەزھەپ ئايرىماي، تۇگەل يات
كۆچلەر قاتارىغا كىرگۈزۈپ قويۇلدى، ھەتتا قەشقەر ۋە يەركەندىمۇ
بۇرھانىدىن، خان خوجىلارنىڭ ئىشەنچى ئاق تاغلىقلار دائىرد-
سىدىن ھالقىپ كېتەلمىدى. بولۇپمۇ كېيىنكى مەزگىللەردىكى دىنىي
زىيانكەشلىكلەردە بۇرھانىدىن، خان خوجىنىڭ ئۆزلىرى كۆندىن-
كۈنگە ئېغىر تەشۋىشتە قالدى. ئۇلار ھەمىشە باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىگە
قەست قىلىشىدىن ئەنسىرەپ يۈردى.

كۇچار ئۇرۇشىدىن كېيىن، بۇرھانىدىن بىلەن خان خوجا نوقۇل
ئاق تاغلىق ئىشان، سوپىلاردىن تەركىپ تاپقان قوشۇن ئۇيۇشتۇ-
رۇپ، ئۇنى ئۆز قوشۇنلىرىنىڭ تايانچ كۈچى قىلدى. بۇ، ئاق
تاغلىق ئىشان-سوپىلار قارا تاغلىقلارغا زىيانكەشلىك قىلغاندا، ئېغىر
ۋەھشىلىكلەرنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كوللېكتىپ قىرغىنچىلىق
قىلىدىغان ئۇرۇشقا كەلگەندە كارغا يارىمىدى. ئۇلاردا نە ئىنتىزام،
نە تەرتىپ بولمىغانلىقتىن، ئۇرۇشقاندا ئومىلاخمان بولۇپ ئېتىلاتتى.
مەغلۇپ بولغاندا، دات-پەريات چېكىپ، ئەس-ھۇشىنى يوقاتقان
ھالدا پەرىشان بولۇپ قاچاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئاق تاغلىق ئىشان-
لارنىڭ دىنىي ئەسەبىلىكلىرىدىن ھەمىشە باشقىلار پايدىلىنىپ
كېتەتتى. پالانى كاپىرلىق قىلدى دەپ ئۇلارغا ئىشەندۈرۈلسىلا،
ئۇلار ئۇ كىشىنىڭ جېنىنى ئېلىپ ياندا قويۇشتىن يانمىدى، ھەتتا
ئۇلار بۇرھانىدىن، خان خوجىلارغىمۇ مۇشۇنداق قىلىشتىن يانمىدى.
ئىشقا ئاشمىغان بىرنەچچە قېتىملىق قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ۋەقەسىدىن
كېيىن، خان خوجا ئاق تاغلىق ئىشانلاردىن پۈتۈنلەي ۋازكېچىپ،
ئۆزى بىلەن بىللە ئىلىدىن كەلگەنلەرگىلا ئىشىنىدىغان بولۇپ

قالدى. گۇمران بولۇش هارپىسىدا بۇرهانىدىن، خان خوجىلارنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكىلىرى بىلەن بولغان بىرىش-كېلىشى تامامەن توختاپ قېلىش هالىتىدە ئىدى. ئۇلار هېچقانداق كىشى بىلەن كۆرۈشۈشكە پېتىنالمىدى. گۇمانخور بولۇپ كەلسە-كەلمەس ئادەم ئۆلتۈرۈپ تۇردى[33].

بۇرهانىدىن بىلەن خان خوجا بېسىپ ئۆتكەن جەريان ئۇلارنىڭ خەلقنىڭ نەزىرىدىن پەيدىن-پەي چۈشۈپ كېتىش جەريانى بولدى. بۇ جەريان، ئەمەلىيەتتە، بۇ ئاكا-ئۇكىنىڭ هالاكەتكە قاراپ مېڭىش جەريانى ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەلىبە قىلىشى مۇقەررەر ئىدى:

بىرىنچى، چيەنلۇڭ هۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر چىڭ سۇلالىسىنىڭ راسا كۈچەيگەن بىر مەزگىلى ئىدى. ۋاهالەنكى، بۇرهانىدىن-خان خوجا توپىلىڭى چىڭ سۇلالىسى دۆلەت قۇدرىتىنىڭ خاتىمە باسقۇچى ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە، بۇ دەل چىڭ سۇلالىسى داۋاملىق روناق تېپىۋاتقان مەزگىل ئىدى. شۇڭا چىڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭىپ چىقىشى تارىخىي مۇقەررەرلىك ئىدى.

ئىككىنچى، چىڭ سۇلالىسى بۇرهانىدىن-خان خوجا توپىلىڭىنى تىنجىتىشتا مول ماددى كۈچكە ئىگە ئىدى. 18-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتى تيانشاننىڭ شەرقىي قىسمىدا كەڭ كۆلەمدە بوز يەر ئۆزلەشتۈردى، ئات-ئۇلاق باقتى. 1725-يىلىغا كەلگەندە، قۇمۇل، بارىكۆل قاتارلىق جايلاردا بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى هەر يىلى 4000 دادەن مەهسۇلات ئالاتتى.

چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن

ئۈزۈلدىن بۇيان تىيانشاننىڭ شەرقىي قىسمىدا مۇناسىپ ساندا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ كەلگەن ۋە ھەربىي لاۋازىماتلارنى جۇغلىغان ئىدى. لېكىن جۇڭغارلارغا قارشى ئۇرۇش مۆلچەردىكىدىن ئاسان ئاياغلاشتى. شۇڭا، ئېشىپ قالغان ھەربىي لاۋازىمات، بولۇپمۇ مول ئوزۇق-تۈلۈك چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ بۇرھانىدىن-خان خوجا توپىلىڭىغا قارشى سوقۇشۇشىنىڭ ماددىي ئاساسىي بولۇپ قالدى. ئەلۋەتتە، مۇشۇ ماددىي ئەشيالار بىلەن نۇرغۇن ۋاقىت كەتكەن بۇ قېتىمقى ھەربىي ھەركەتنىڭ ھەممە ئېھتىياجىدىن چىقىش تەس ئىدى. ئەمما، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئانچە تەس ئىش ئەمەس ئىدى. چۈنكى، بۇرھانىدىن-خان خوجا توپىلىڭىنى تىنجىتىش ئۇرۇشى شۇ ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئېلىپ بېرىۋاتقان بىردىن-بىر ئۇرۇش بولغانلىقتىن، بۇ ھەربىي چىقىمنى ھېچبىر قىيىنالمايلا ئاجرىتالايتتى. جاۋخۇينىڭ قارىسۇ لەشكەرگاھىدىن ئاقسۇغا چېكىنگەندىن كېيىن، رەختنى ئاشلىققا ئايرىۋاشلاپ ھەربىي لازىمەتلىكلەر راسلىغانلىقى بۇنىڭ بىر دەلىلى.

ئۈچىنچى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇرھانىدىن-خان خوجا توپىلىڭىنى تىنجىتىشتا تولۇق مەنىۋى تەييارلىق كۆرۈپ قويغان ئىدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىغا كىرىشكە بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر بۇرۇنلا ئىنتىلگەن ئىدى. بۇ مەقسەت ئۈچۈن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قۇمۇل ۋە تىيانشاننىڭ شەرقىي قىسمىدا بىر قاتار ھەربىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەدبىرلەرنى يولغا قويغان. مەسىلەن، قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇش، مەمۇرىي ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلىش، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ۋەباشقىلار.

تىيانشاننىڭ شىمالى تىنجىتىلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى
ھۆكۈمىتى ئۆز پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەدبىرلىرى ئۈستىدە
دەرھال مۇھاكىمە باشلىۋەتكەن ئىدى. تۆۋەندىكى ئىككى نەقىل
مۇشۇ مەسىلىنى دەلىللەش ئۈچۈن كەلتۈرۈلدى. بۇلاردىن چىڭ
سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى مەسىلىسى ئۈستىدە
باش قاتۇرۇش جەريانىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

بىرىنچى نەقىل. 1757-يىل 6-ئايدا چيەنلۇڭ تىنجىلاندۇ-
رۇش جاڭجۈنى بەن دى چيەنلۇڭغا مەكتۇپ يوللاپ: "مەن خوجام-
لار...بۇرھانىدىن، خوجىكان (خان خوجا)لارنىڭ تېگى-تەكتىنى
سۈرۈشتە قىلسام، ئۇلار قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۆتىۋەرلىرى
ئىكەن. يەركەن، قەشقەردىكى كىشىلەر ئۇلارغا بەيئەت قىلىدىكەن.
ئۇلار ئاقسۇ قەلئەسىگە بېرىپ، يەركەن، قەشقەردىكى كىشىلەرنى
ئەل قىلدۇرۇپ بەرسەك دەپ ئىلتىماس قىلماقتا. مەن سەپداش-
لىرىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىلتىما-
سىغا قوشۇلۇپ، ئۇيغۇرلارنى ئەل قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاقسۇغا
ئەۋەتتىم، ئىش پۈتكەندىن كېيىن ئۇلار بېيجىڭغا بېرىپ، ئالىيلىرىنى
تاۋاپ قىلىدۇ" دېگەن[34].

ئىككىنچى نەقىل. ئىككىنچى يىلى 10-ئايدا چيەنلۇڭ ھەربى
ئىشلار ۋەزىرىگە يوليورۇق بېرىپ: "مەن تۇنۇگۇن جاۋ خۇيغا
مۇنۇلارنى ئۇقتۇردۇم: خوجىكان بېيجىڭغا ئەلچى ئەۋەتتى. ناھايىتى
مۇلايىملىق بىلەن ئىتائەت قىلدى، ئەگەر ئۇ پەرمانىمىزغا ئەمەل
قىلىپ غەللە-پاراق يەتكۈزۈپ بېرىشكە ماقۇل بولسا، ئۇلارغا قوشۇن
تارتىلمىسۇن... مۇشۇ تاپتا ئەگەرچەندە خوجىكان ئۆزى جاڭجۈن
بىلەن كۆرۈشكىلى كەلسە ياكى جاڭجۈن مەھكىمىسىگە كىشى ئەۋەتىپ

غەللە-پاراق نىزام-قائىدىسىنى بېكىتسە، جاۋ خۇي ئىلگىرىكى پىلانىم بويىچە ئىش بېجىرسۇن...» دېگەن㉟.

كېيىنكى ئىشلار ھەممىگە ئايان، بۇرھانىدىن، خان خوجىلار ۋەقە پەيدا قىلدى. چىڭ سۇلالىسى بۇنىڭغا تولۇق مەنئۇي تەييار-لىق قىلىپ قويغانلىقتىن، ۋەقە باشلىنىش بىلەنلا قوشۇن ئەۋەتىپ جەڭگە ئاتلىنالىدى.

تۆتىنچى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان قوشۇن غەلىبىلەردىن ئىلھاملىنىۋات-قان قوشۇن ئىدى. تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى غەلىبىلەر بۇ قوشۇننىڭ ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان ئىدى. ئەلۋەتتە، مۇنداق روھىي ھالەت بەزى لەشكەر سەركەردىلىرىنىڭ بىپەرۋالىق قىلىپ (خۇددى يارخاشەنگە ئوخشاش) ھالاك بولۇشىدىكى سەۋەپلەرنىڭمۇ بىرى بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇلار ھەددىدىن زىيادە تەكەببۇرلىشىپ كېتىپ، ئاخىر ئۆز خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تىپىك مىسال شۇكى، قارىسۇ لەشكەرگاھىدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئاز ساندىكى ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ئۆزىدىن بىرقانچە باراۋەر كۆپ بولغان خوجىلار قوشۇنىغا تاقابىل تۇرۇپ، تاكى ياردەمچى قوشۇن يېتىپ كەلگىچە ئۆز ئىستىھكامىنى ساقلاپ تۇرالىدى. پامىر ئېگىزلى-گىدە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تاغ-دەريالاردىن ئېشىپ، خېيىم-خەتەرگە پىسەنت قىلماي، بېرىلىپ سوقۇش قىلدى، بۇ ئىشلاردا ئەكس ئەتكىنى دەل چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ تولۇپ تاشقان جەڭگىۋارلىقى ۋە مۇكەممەل تەشكىلىي سىستېمىسى ئىدى. مانا بۇلار خوجىلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتىكى مۇھىم ئامىل ئىدى.

دىمەك، چىڭ سۇلالىسى ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك سىياسى، ھەربى ۋە ئىقتىسادىي كۈچىگە سۆيىنىپ، بۇرھانىددىن، خان خوجىلارغا پايدىسىز بولغان ئامىللارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە پايدىلىق ئامىللارغا ئايلاندۇردى.

ئۇ سودا ـ سېتىق ئۇسۇلى ئارقىلىق ھەربى لاۋازىمات ھازىرلاپ، بۇرھانىددىن، خان خوجىلارنىڭ ئېغىر ئالۋاڭ ـ سېلىقلىرى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلدى.

ئۇ قەتئىي تەدبىرلەر ئارقىلىق دىنىي قىساسچىلىقنى چەكلەپ، جەمىيەت تەرتىپىنى قىسمەن ھالدا ياخشىلاپ، كىشىلەردە ئاز بولسىمۇ خاتىرجەملىك پەيدا قىلدى. بۇمۇ خوجىلار قوشۇنىنىڭ قىلىقلىرىدىن روشەن پەرقلەندى.

قىسقىسى، چىڭ سۇلالىسى جەمىيەتنىڭ ھەرقايسى تەبىقىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ شەكىلسىز جەڭ مەيدانىدا كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇرھانىددىن ـ خان خوجا توپىلىڭىنىڭ تىنجىتىلغانلىقىنى چىيەنلۇڭنىڭ ئون ھەربى مۇۋەپپەقىيىتى قاتارىغا قوشۇپ، ئۇنى چىڭ سۇلالىسى قازانغان مۇھىم ھەربى غەلىبىلەرنىڭ بىرى دەپ ھىسابلىدى.

## پايدىلىنىلغان كىتابلار


① «جىن سۇلالىسى تارىخى»، 1 ـ جىلد؛

شۇ مىڭسۇي: «ئۈچ سۇلالىنىڭ شىمالدىكىلەر بىلەن تۈزگەن توختاملىرى»، 3 ـ جىلد؛

«يۈەن سۇلالىسى مەخپىي تارىخى».

مىڭ سىن: «چىڭ سۇلالىسىنىڭ تېگى ـ تەكتى»، يەتتىنچى بۆلۈم.

② «پادىشا چىڭ تەيزۇنىڭ پائالىيەتلىرىدىن خاتىرە»؛
«سەككىز سۇمۇن ھەققىدە ئومۇمى تەزكىرە»؛
«مانجۇ مىللىتىنىڭ قىسقىچە تارىخى».

③ «پادىشا چىڭ تەيزۇنىڭ پائالىيەتلىرىدىن خاتىرە»؛
«چىڭ سۇلالىسى تارىخي (دەسلەپكى نۇسخا)»، 1 ـ جىلد؛
«تەيزۇنىڭ نەسەپنامىسى»؛
«مىڭ سۇلالىسى تارىخى»، 23 ـ ، 24 ـ جىلدلار؛ «پادشا جۇاڭلىيې» بىرىنچى، ئىككىنچى قىسىم.

④ مىڭ سېن: «مىڭ، يۈەن، چىڭ سۇلالىلىرى ھەققىدە ئومۇمى مەلۇمات».

⑤ «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»، 309 ـ جىلد، «لى زىچېڭ».

⑥ چى يۇنشى: «سۇلالىمىزگە تەۋە قەبىلىلەر ھەققىدە يىغىندى مەلۇمات».
جاڭ مۇ: «موڭغۇللار ئارىسىدا ساياھەت».

⑦ ۋېي يۈەن: «مۇقەددەس ھەربى ئىشلار مۇۋەپپەقىيەتلىرى».

⑧ «موڭغۇللار ئارىسىدا ساياھەت»؛
كۇن گاڭ: «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇن ـ مىزانلىرى».

⑨ «سۇلالىمىزگە تەۋە قەبىلىلەر ھەققىدە يىغىندى مەلۇمات»، 15 ـ جىلد؛
«غەربىي دىيارنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 9 ـ جىلد.

⑩ شىنجاڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائى تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 1961 ـ يىلى قۇمۇلدا «قۇمۇل ۋاڭىنىڭ شەجەرىسى» ناملىق بىر ئۇيغۇرچە قول يازمىنى تاپقان. ئۇنىڭدا ئەبەيدۇللانىڭ نەسەپلىرى ئۈستىدە مەلۇمات بېرىلگەن. مەزكۇر ماتېرىيالدا ئەبەيدۇللانىڭ نەسەپنامىسى تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىلدۇ: بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتا ـ بالا مۇناسىۋىتى ئىدى. مۇھەممەت شاھ غازى — ئەبەيدۇللا — گوپ — ئىمىن يۈسۈپ — ئىسھاق — ئەردىشىر — مۇھەمـ

مەت بېشىر ــ مۇھەممەت. 20 ـ ئەسىردە قۇمۇلدا مەمۇرى تۈزۈم يولغا قويۇلغاندا، ئەبەيدۇللا نەسەبىدىن 11 كىشى ۋاڭلىقتا تۇردى.

⑪ «چىڭ سۇلالىسى تارىخى (دەسلەپكى نۇسخا)»، 8 ـ جىلد، «شىڭزۇنىڭ نەسەپنامىسى، 3 ـ».

⑫ فۇ خېڭ قاتارلىقلار تۈزگەن: «جۇڭغارنى تىنجىتىش پىلان ـ تەدبىرلىرى»، مۇقەددىمە، 7 ـ جىلد.

⑬ «مۇقەددەس ھەربىي ئىشلار مۇۋەپپەقىيەتلىرى».

⑭ «تەزكىرەئى خوجىگان».

⑮ «تەزكىرەئى خوجىگان»؛

«جۇڭغارنى تىنجىتىش پىلان ـ تەدبىرلىرى»، مۇقەددىمە، 5 ـ جىلد.

⑯ «جۇڭغارنى تىنجىتىش پىلان ـ تەدبىرلىرى»، مۇقەددىمە، 32 ـ جىلد.

⑰ «تەزكىرەئى خوجىگان».

⑱ يۇقۇرقى كىتاپنىڭ 64 ـ ، 65 ـ ، 66 ـ بەتلىرى.

⑲⑳ يۇقۇرقى كىتاپنىڭ 84 ـ ، 85 ـ بەتلىرى.

㉑ «مۇقەددەس ھەربىي ئىشلار مۇۋەپپەقىيەتلىرى»؛

㉒ چى يۈنشى: «غەربىي چېگرا رايونى ھەققىدە مۇھىم مەلۇمات»؛

«چىڭ سۇلالىسى تارىخى (دەسلەپكى نۇسخا)»، 12 ـ جىلد، «گاۋزۇڭنىڭ نەسەپنامىسى، 2 ـ»؛

«چىڭ سۇلالىسى تارىخى (دەسلەپكى نۇسخا)»، 312 ـ جىلد، «بەندى»؛

يۇقۇرقى كىتاپ، 313 ـ جىلد، «جاۋ خۇي».

㉓ «جۇڭغارنى تىنجىتىش پىلان ـ تەدبىرلىرى»، 58 ـ جىلد؛

خې نىڭ: «مۇسۇلمانلار ماكانى ھەققىدە ئومۇمى تەزكىرە»، 12 ـ جىلد.

㉔ «جۇڭغارنى تىنجىتىش پىلان ـ تەدبىرلىرى»، 36 ـ جىلد.

㉕ «چىڭ سۇلالىسى پادىشالىرىنىڭ پائالىيەتلىرىدىن خاتىرە»، 536 ـ جىلد.

㉖ يۇقۇرقى كىتاپ، 537 ـ جىلد.
㉗ «مۇسۇلمانلار ماكانى ھەققىدە ئومۇمى تەزكىرە»، 12 ـ جىلد.
㉘ «جۇڭغارنى تىنجىتىش پىلان ـ تەدبىرلىرى»، 39 ـ جىلد.
㉙ ㉚ «مۇقەددەس ھەربى ئىشلار مۇۋەپپەقىيەتلىرى».
㉛ سۇڭ جۇن قاتارلىقلار تۈزگەن: «شىنجاڭ ھەققىدە ئومۇمى مەلۇمات»، 12 ـ جىلد.
㉜ «جۇڭغارنى تىنجىتىش پىلان ـ تەدبىرلىرى»، 77 ـ جىلد؛
«مۇقەددەس ھەربى ئىشلار مۇۋەپپەقىيەتلىرى».
㉝ «تەزكىرەئى خوجىگان».
㉞ «مۇقەددەس ھەربى ئىشلار مۇۋەپپەقىيەتلىرى».
㉟ «جۇڭغارنى تىنجىتىش پىلان ـ تەدبىرلىرى».

# ئون تۆتىنچى باپ
# چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا يولغا قويغان تەدبىرلىرى

## بىرىنچى بۆلۈم چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا يولغا قويغان سىياسى، ھەربى تەدبىرلىرى

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى تىنجىتقانلىغىنى چيەنلۇڭنىڭ "ئون بۈيۈك ھەربى مۇۋەپپەقىيىتى" نىڭ بىرى قىلدى. تارىخ بۇ باھانىڭ ئاشۇرۇۋەتكەنلىك ئەمەس ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلىدى.

تىيانشاننىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنى يېڭىۋاشتىن بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىرقانچە ئون يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئالدىنقىلارنىڭ ئىشىغا كېيىنكىلەر ۋارىسلىق قىلىپ، ئۈزلۈكسىز ئېغىشماستىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئاخىردا يەرلىك بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەرنى تۈگىتىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنى قايتا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بۇ زېمىنىنى بۆلۈۋېتىشكە ئۇرۇنغان ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ سۇيىقەستىنى بىتچىت قىلدى. بۇ، ئەلۋەتتە، ئۇلۇغ تۆھپە، شۇنداقلا كەڭ تۈردە مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان تۆھپە.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى قايتا بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا بىر قاتار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى

يولغا قويۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چېگرا رايونىنى قوغداش ۋە داۋاملىق گۈللەندۈرۈش جەھەتتە غايەت زور نەتىجىلەر ياراتتى. شۇڭا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا يولغا قويغان تۈرلۈك تەدبىرلىرى مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مۇھىم تېما ھېساپلىنىدۇ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا يولغا قويغان تەدبىرلىرىنى ھەربىي تەدبىر، سىياسىي تەدبىر، ئىقتىسادىي تەدبىر ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرى تەدبىرى دەپ ئايرىش مۇمكىن.

## 1. ھەربىي تەدبىرلەر

ھەربىي تەدبىرلەر ئاساسەن مۇنۇ بەش جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: 1. ھەربىي ئاپپاراتلار ئورنىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى؛ 2. قوماندانلىق سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى؛ 3. ئەسكىرىي كۈچىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى؛ 4. مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك جايلارنىڭ كونترول قىلىنىشى؛ 5. قاتناش ئالاقىسىنىڭ راۋان بولۇشىنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك دەرىجىدە كاپالەتلەندۈرۈلۈشى.

(1) ھەربىي ئاپپاراتلار ئورنىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ كۆنتەرتىۋىگە كىرگۈزۈلگەن تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەڭ دەسلەپكى ئىشلار، شۇبھىسىزكى، ھەربىي ھەركەتلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ئىدى.

جۇڭغار خاندانلىقىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن، 17-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن باشلاپلا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تىيانشاند-

نىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا يېقىن بولغان گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېشى رايونىدا ھەربى كۈچلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا كىرىشكەن ئىدى. كېيىنكى يىللاردا تىيانشاننىڭ شەرقىي قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى جۇڭغارلارنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشىنى تىزگىنلەيدىغان ئاساسلىق كۈچ بولۇپ قالدى. مۇشۇ سەۋەپتىن، بۇ رايون چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىستىراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىدا كۈندىن-كۈنگە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بولۇپ قالدى، چىڭ سۇلالىسى ھەربى ئىشلار جەھەتتىكى زۆرۈرىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ رايونغا تېگىشلىك دەرىجىدە دىققەت قىلىپ، غەرپكە يۈزلىنىش ھەربى ھالىتىنى ئۈزۈلدۈرمەي ساقلاپ قالدى.

چيەنلۇڭ يىللىرىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ داباجى، ئامۇرسانا ۋە بۇرھانىدىن-خان خوجا ئاكا-ئۇكىلارنى تىنجىتىش ئۈچۈن تىيانشان-نىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا سالغان ئەسكىرى 100 مىڭدىن ئاشتى، دېمەك، پۈتۈن مەملىكەتنى قورال كۈچى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىدا، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى نۇقتىلىق ھەربى كۈچ ئىشلىتىلگەن رايونلارنىڭ بىرى ئىدى.

1759-يىلدىن بۇرۇن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا قاراتقان پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك ھەربى ئىشلار دائىرىسىگە كىرەتتى. ئەنە شۇنداق شارائىتتا، ھەربى ئاپپارات-لارنىڭ بۇ رايوندا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقى شەكسىز ئىدى.

لېكىن دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، چىڭ سۇلالىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالدا ئۆزىنىڭ مەمۇرى باشقۇرۇش سىس-تېمىسى پەيدىن-پەي مۇكەممەللەشكەندىن كېيىنمۇ، ھەربى ئاپپارات-لارنىڭ بۇ رايوندىكى ئورنىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتمىدى، ئەكسىچە

ھەربى ئاپپاراتنى باشتىن-ئاخىر ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويدى.

بۇ ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەپلەر نىمە؟ مانا بۇ بىز ھەربى تەدبىرلەر دائىرىسىدە مۇھاكىمە قىلماقچى بولغان بىرىنچى مەسىلە.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ھەربى ئاپپاراتلارنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشتا، تارىخىي سەۋەپلەردىن باشقا، ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىنى كۆزدە تۇتتى. بىرىنچى، ئامۇرسانانىڭ جۇڭغار قەبىلىلىرىدىكى يوشۇرۇن تەسىر كۈچى؛ ئىككىنچى، ئاپپاق خوجا جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى يوشۇرۇن تەسىر كۈچى؛ ئۈچىنچى، بالقاش كۆلى ئەتراپىغىچە كېڭىيىپ كېلىۋاتقان چار روسىيىنىڭ ھەربى كۈچى. خېلى بىر مەزگىلگىچە ئەنە شۇ ئۈچ خىل كۈچ بۇ رايوندا سىياسى ۋەزىيەتنىڭ مۇقىم بولماسلىقىدىكى ئامىللار بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنى ساراسىمىگە سالغان ئىدى.

ئەمدى بىرىنچى ئامىل يەنى ئامۇرسانانىڭ جۇڭغار قەبىلىلىرىدىكى يوشۇرۇن تەسىر كۈچى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

ئامۇرسانانى چىڭ سۇلالىسى ئۆزى تىكلىگەن ئىدى. داباجى يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئامۇرسانانىڭ ئەھۋالى مىسلىسىز دەرىجىدە ياخشىلاندى، ھوقۇق، بايلىق، شۆھرەت، ئىشقىلىپ ئۆزى تاما قىلغان ھەممە نىمىگە ئېرىشتى. ۋاھالەنكى، دەل مۇشۇ ھەددىدىن ئاشقان ئىنئاملار ئامۇرسانانىڭ قارا نىيىتىنى يوغىنىتىۋەتتى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ چەكلىمىسىز ھالدا ئامۇرساناغا مەدەت بەرگەنلىكى، ھەقىقەتەنمۇ بىر سەۋەنلىك ئىدى.

ئامۇرسانانىڭ توپىلىغى چىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى

بىلەن شىمالىنى قايتا بىرلىككە كەلتۈرۈش پىلانىنى يوققا چىقىرىۋەتـ كىلى تاس قالغان ئىدى. توپىلاڭ كۆتىرىلگەن دەسلەپكى مەزگىلـ لەردە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تيانشانىنىڭ شىمالىدىكى ھەربى كۈچلىرى بىر مەھەل قۇمۇل ۋە باركۆل ئەتراپىغا چېكىندۇرۇۋېتىلدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچى داباجىغا يۆرۈش قىلىشـ تىن بۇرۇنقى دائىرىگە قايتۇرۇۋېتىلدى، خۇددى بىزگە ئايان بولغىـ نىدەك، ئامۇرسانا توپىلىڭىنى تىنىجىتىش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى داباجىنى تىنجىتىشقا سەرپ قىلغان ئادەم كۈچى ۋە ماددى كۈچكە باراۋەر كۈچ سەرپ قىلدى.

ئامۇرسانا توپىلىڭى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قىساس ئېلىش ھىسسىياتىنى قوزغىۋەتتى. ئۆز قوشۇنلىرىنىڭ ئىلى رايونىدىكى زوراۋانلىقىغا يول قويغانلىقى دەل چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىدىكى بۇ خىل پىسخولوگىيىنىڭ ئىنكاسى ئىدى.

ئامۇرسانا توپىلىڭىنى تىنجىتىش ئۇرۇشى چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەلىبە قىلىشى بىلەن ئاياقلاشقان بولسىمۇ، لېكىن، بىر تۈركۈم كىشىلەر ئامۇرساناغا ئەگىشىپ چار روسىيە تەرەپكە ئۆتكەن ھەمدە چار روسىيە دائىرىلىرىنىڭ قانات ئاستىغا ئېلىشى ۋە كۈشكۈرتۈشى بىلەن جۇڭغار پۇقرالىرى ئارىسىدا ماجرا تۇغدۇرۇپ، چىڭ سۇلالىـ سىگە قارشى كەيپىيات پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنغان. شۇڭا، مۇشۇ كىشىـ لەردىن مۇداپىئەلىنىش چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ رايوندا ئۈنۈملۈك ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇپ قالدى.

ئەمدى بىز ئىككىنچى خەتەرلىك ئامىل يەنى ئاپپاق خوجا جەمەـ تىدىكىلەرنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى يوشۇرۇن تەسىر كۈچى توغرىـ سىدا توختىلىپ ئۆتەيلى.

ئاپپاق خوجىدىن باشلاپ، بىر قاتار جاپالىق تىرىشچانلىقلار ئارقىسىدا، ئاق تاغلىقلار ئۇيغۇرلار رايونىدا تەسىرى كۈچلۈك ئىجتىمائى كۈچ بولۇپ شەكىللەندى. يەركەن خاندانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدا يۈز بەرگەن نۇرغۇن ۋەقەلەر ئاق تاغلىقلارنىڭ پائالىيەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولدى، يەركەن خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغانلىقى ئاق تاغلىقلارنىڭ شۇ زاماندا قىلغان ئەڭ زور ئىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاق تاغلىقلار گۈللىنىش ۋە زەئىپلىشىش جەريانىنى قايتا-قايتا بېشىدىن كەچۈردى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى داباچىنى تىنجىتىۋاتقاندا، ئاق تاغلىقلار قارا تاغلىقلارنىڭ بېسىمى ئاستىدا تۇرۇۋاتاتتى. چىڭ سۇلالىسى ئاپپاق خوجا جەمەتىدىن بولغان بۇرھانىدىننى قوللىغاندىن كېيىن، ئاق تاغلىقلارنىڭ ئورنىدا تۈپ خاراكتېرلىق ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۇلار تيانشاننىڭ جەنۇبىدا ھاكىمىيەتنى تۇتۇپ تۇرغۇچى كۈچكە ئايلاندى.

بۇ ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە، ئاق تاغلىقلار چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى، چىڭ سۇلالىسمۇ نۇرغۇن جەھەتلەردە ئاق تاغلىقلارنى قوللىدى، ئاق تاغلىقلارنىڭ يولىدىن چەتنىگەن نۇرغۇن قىلمىشلىرىغا يان باستى، ھەتتا ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەردى. مەسىلەن، ئاق تاغلىق ئىشانلار قارا تاغلىقلارغا زىيانكەشلىك قىلغاندا، چىڭ سۇلالىسى ئۆزىنى پۈتۈنلەي چەتكە ئالدى، سۈرۈشتە قىلمىدى.

چىڭ سۇلالىسى بىلەن ئاق تاغلىقلارنىڭ ئىناق مۇناسىۋىتى بۇرھانىدىن -خان خوجا توپىلىڭىدىن كېيىن بۇزۇلدى. بۇ قېتىمقى ۋەقە دىننى بايراق قىلغانلىقتىن، مۇتلەق كۆپ شارائىتتا،

دۇشمەنلىشىش كەيپىياتى ئاق تاغلىقلار بىلەن چىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا ئىپادىلەندى. ئىككىلا تەرەپ قارشى تەرەپنى بىردەك ئۆز دۇشمىنى دەپ قارىدى.

بۇرھانىدىن ـ خان خوجا توپىلىڭى ئاق تاغلىق ئىشانلارغا سەل قارىغىلى بولمايدىغان زور مەنپەئەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قارا تاغلىقلارغا بولغان دىنىي ئۈچمەنلىكىنى ئىپادىلىگەندىن تاشقىرى، يەنە ئىمتىياز ۋە بايلىققا ئېرىشتى.

ئاق تاغلىق ئىشانلار ئېرىشكەن بۇ مەنپەئەتلەر چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ غەلىبىسى ئارقىسىدا تۇغدى. بۇ جەريان بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، ئاق تاغلىق ئىشانلار چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن دۈشمەنلىشىشتە دىنىي خۇسۇمەتنى ئاساس قىلغاندىن تاشقىرى، ئۆزلىرىنىڭ جانجان مەنپەئەتلىرىنىمۇ ئاساس قىلغان ئىدى. بۇ ئىككىسىنى سېلىشتۇرغاندا، ئۇلار ئىمتىياز ۋە بايلىقلارنىڭ قولدىن كېتىپ قالغانلىقىغا تېخىمۇ كۆپرەك ئېچىندى ۋە نارازى بولدى.

ئىككى يىلغا سوزۇلغان توپىلاڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىدىمۇ ئاق تاغلىقلارغا قارىتا يېتەرلىك دۇشمەنلىك پەيدا قىلدى. نەتىجىدە، بۇرھانىدىن ـ خان خوجا توپىلىڭى تىنجىتىلغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاق تاغلىقلارغا قارىتا قەستەن يىراقلىشىش، ھەتتا يەكلەش پوزىتسىيىسىنى تۇتتى.

سىياسى جەھەتتىكى ئوخشىماسلىق، ھۆكۈمرانلار دائىرىلىرىنىڭ يەكلىشى ۋە كەڭ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئۆزىنى چەتكە ئېلىشى ـــ بۇلار ئاق تاغلىقلارنى گۇمران بولۇش گىرۋىكىگە يېقىنلاشتۇرۇپ قويغان ئىدى. ئەمما ئاق تاغلىقلار ئىچىدىكى تايانچ ئۇنسۇرلار ھەم

ئەقىدىسى كۈچلۈك بولغان بىر بۆلۈك ئاق تاغلىق ئىشانلار بۇنىڭ بىلەن ئۆز قەدىمىنى توختىتىپ قويۇشنى خالىمايتتى. ئۇلار مازار-لارنى تايانچى قىلىپ تۇرۇپ بىر قىسىم رايونلاردا پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، "يات دىندىكىلەرگە قارشى تۇرۇش" شوئارى ئاستىدا، چىڭ سۇلالىسىگە قارشى كەيپىياتنى قوزغاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ ماۋەرائۇننەھر رايونىدىكى ئەۋلات-لىرى بىلەن داۋاملىق ئالاقە باغلاپ، ئاپپاق خوجا جەمەتىنىڭ يېڭىۋاشتىن باش كۆتىرىپ چىقىشى ئۈچۈن توختىماي ھەركەت قىلدى.

ئايانكى، ئاق تاغلىق ئىشانلارنىڭ پائالىيەتلىرى ئاللىقاچان دىنىي دائىرىدىن ھالقىپ كېتىپ، روشەن سىياسىي تۈس ئالغان ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنى بىئاراملىقتا سېلىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى ھەققىدىكى مەسىلىلەرنى ئويلاشقاندا كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ تۇرغان ئىشلاردىن بولۇپ قالدى.

ئاخىردا ئۈچىنچى خەتەرلىك ئامىل يەنى چار روسىيىنىڭ كېڭەيمىچىلىكى ئۈستىدە توختىلىمىز. چىڭ سۇلالىسى بۇنىداق جىددىي رىئاللىققا، ئەمەلىيەتتە، 17-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىلا دۇچ-كەلگەن. دەسلەپتە چار روسىيە ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا سىڭىپ كىرگەن ۋە كېڭەيمىچىلىك قىلغان.

خاباروۋ بۇ تارىخىي جەرياندا ئوتتۇرىغا چىققان تۇنجى شەخس ئىدى. 17-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، چار روسىيىنىڭ بۇ ھەربىي ئەمەلدارى قوشۇن باشلاپ ئېلىمىزنىڭ خېيلۇڭجياڭ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ياكسا رايونىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇ يەردە ئالبازىن

(ياكسا) قەلئەسىنى سالدۇردى. بۇ رايوندا ياشاۋاتقان تۇڭغۇس قەبىلىلىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پۇقرالىرىدىن ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ يەر چىڭ سۇلالىسى بىلەن چاۋشيەن يېرىم ئارىلى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش يولىنى شىمالدىن مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرىدىغان توسۇق ئىدى. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، چىڭ سۇلالىسى مۇشۇ رايوننى ئىزچىل تۈردە مانجۇلار ئاپىرىدە بولۇپ روناق تاپقان دائىرە قاتارىدا كۆرۈپ كەلگەن ئىدى. دېمەك، مەيلى ھەربى ئىشلار جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتايلۇق، ياكى پسىخولوگىيىلىك ھىسسىيات جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتايلۇق، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ بۇ رايونغا چار روسىيىنىڭ سىغدىلىپ كىرىشىگە مۇتلەق تاقەت قىلىپ تۇرالمايتتى. چىڭ سۇلالىسى چار روسىيىنىڭ بۇ رايوندىكى پائالىيەتلىرىدىن قاتتىق ھۇشيار بولدى ۋە ناھايىتى تېزلا ئۆز ئىنكاسىنى كۆرسەتتى. "ئۈچ ۋاڭ توپىلىڭى" تىنجىتىلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 1683 ـ يىلى خېيلۇڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا ئەيخۇي قەلئەسىنى سالدۇرۇپ، ئەيخۇي جاڭجۈن مەھكىمىسى تەسىس قىلدى. ئىككى يىلدىن كېيىن يەنى 1685 ـ يىلى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قوشۇن چىقىرىپ، ئالبازىن قەلئەسىدىكى چار روسىيە قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، چار روسىيىنىڭ كۈچىنى ياكسا رايونىدىن سۈپۈرۈپ چىقىرىش بىلەن، تولۇق غەلبە قازاندى.

چار روسىيە بىلەن بولغان ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇش نەتىجىسىدە، 1689 ـ يىلىدىكى «ئەيخۇي شەرتنامىسى» ۋۇجۇتقا كەلدى، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى چار روسىيىنىڭ باشقا رايونلىرىمىزغا داۋاملىق كېڭەيمىچىلىك قىلىشىنى توسۇپ قالالمىدى. ئارىدىن

ئۇزاق ئۆتمەي، چىڭ سۇلالىسىگە چار روسىيىنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى جۇڭغار رايونىغا كىرىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى.

18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، چىڭ سۇلالىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنى يېڭىۋاشتىن بىرلىككە كەلتۈرۈۋاتقاندا، چار روسىيىنىڭ تەسىر كۈچى بالقاش كۆلى ئەتراپىغا كېڭىيىشكە باشلىغان ئىدى. شۇڭا، چار روسىيە تەسىر كۈچىنىڭ جەنۇپقا قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلىشىنى توسۇش، تەبىئىيكى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۈچۈن سەل قاراشقا بولمايدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى.

مانا بۇ مەسىلىلەر چىڭ سۇلالىسىنى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئۈرۈشقا راسلىنىش ھالىتىدە تۇرۇشقا، شۇنداقلا ھەممىدىن ئاۋال ھەربى تەدبىرلەرگە ئەھمىيەت بېرىشكە ۋە بۇ تەدبىرلەرنى ئالاھىدە ئورۇنغا قويۇشقا مەجبۇر قىلدى.

مۇشۇ سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەربى ئورگانلار باشتىن - ئاياق مۇشۇ رايون بويىچە ئەڭ يۇقۇرى ھوقۇقلۇق ئورگان سۈپىتىدە تۇرۇپ كەلدى. مەيلى ئىلى جاڭجۇن مەھكىمىسى بولسۇن، ياكى جايلاردىكى مەسلىھەتچى ئامبان يامۇلى ياكى ئىش بېجىرگۈچى ئامبان ياموۇلى بولسۇن، ھەممىسىدە مەمۇرى دائىرىدىن ھالقىغان ھوقۇق بولۇپ، بۇلار روشەن ھەربى رېجىم خاراكتىرىنى ئالغان ئىدى①.

(2) قوماندانلىق سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

چىڭ سۇلالىسى ئۆزىنىڭ بۇ رايوندىكى قوماندانلىق سىستېمىسىنى ناھايىتى ئىنچىكە ۋە مۇكەممەل لايىھىلەپ چىقتى.

چىڭ سۇلالىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى شىمالي يول، جەنۇبىي يول ۋە شەرقىي يول دەپ ئۈچ قىسىمغا ئايرىدى ھەمدە

شىمالىي يولدا ئىككى دەرىجىلىك ئاپپارات، جەنۇبىي ۋە شەرقىي يولدا ئۈچ دەرىجىلىك ئاپپارات تەسىس قىلدى. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە «غەربىي دىيارنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» قاتارلىق كىتاپلاردا مەلۇمات بار②.

ئىلى قاتارلىق جايلارنى ئومۇمىي باشقۇرغۇچى جاڭجۈن مەھكىمىسى — قىسقارتىلمىسى ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى — تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگان بولۇپ، ئۇ 1762 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى خۇييۈەن (كۈرە) قەلئەسىدە تەسىس قىلىندى. بۇ قەلئە بۈگۈنكى كۈندىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قورغاس ناھىيىسى دائىرىسىدە، ھازىر ئۇنىڭ سېپىلى ۋە جاڭجۈن مەھكىمىسى بىنالىرى ئۆز پېتىچە ساقلىنىپ تۇرماقتا. ئىلى جاڭجۈننىڭ قارمىقىدا ئىلى مەسلىھەتچى ئامبان مەھكىمىسى ئىلىدا، تارباغاتاي مەسلىھەتچى ئامبان مەھكىمىسى چۆچەكتە، قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبان مەھكىمىسى قەشقەردە تەسىس قىلىندى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھەر دەرىجىلىك ھەربى ئاپپاراتلارنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى ئېنىق بەلگىلەپ چىققان. ئىلى جاڭجۈنگە مەمۇرى ھوقۇق بېرىلگەندىن تاشقىرى، مەسلىھەتچى ئامبانلىرىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك ھەربى ئاپپارات باشلىقلىرىغا مەمۇرى ھوقۇقلار بېرىلمىدى. بۇ ئورگانلارنىڭ ۋەزىپىسى شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنلارغا قوماندانلىق قىلىش، مۇداپىئە ۋە مۇھاپىزەت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇشتىنلا ئىبارەت بولدى.

خىزمەت ھوقۇقى مۇشۇنداق ئايرىلغانلىقتىن، ھەر دەرىجىلىك ھەربى ئاپپاراتلار نوقۇل قوماندانلىق سىستېمىسى بولۇپ شەكىللەندى.

ئۇيغۇرلار رايونىدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر دەردجىلىك ھەربى ئاپپاراتلارنى نوقۇل قوماندانلىق سىستېمىسى قىلىش خاھىشى تېخىمۇ روشەن بولدى. ئۇ بۇ رايوندىكى ھەربى-مەمۇرى ئىشلارنى بىر بىردىن قاتتىق پەرقلەندۈرۈپ، مەمۇرى ئىشلارنى ئۇيغۇرلاردىن تەيىنلەنگەن بەگلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ ھەربى ئىشلار ئورگانلىرىنى مەمۇرى ئىشلاردىن خالى قىلدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ قوماندانلىق سىستېمىسىنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى. ھەر دەرىجىلىك ھەربى ئاپپاراتلارنىڭ باشلىقلىرىنى تەيىنلەش ھوقۇقىنى، سۆزسىزكى، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇردى، بۇنىڭدىن باشقا، مۇشۇ ۋەزىپىلەرگە مانجۇلارنى تەيىنلەشنىمۇ پىرىنسىپ قىلدى، بولۇپمۇ ئىلى جاڭجۇنلىگىگە تەيىنلىنىدىغان كىشى جەزمەن مانجۇلاردىن بولۇشى كېرەك دەپ ئېنىق بەلگىلىدى. جاڭجۇندىن تۆۋەن دەرىجىدىكى ئەمەلدارلارنى تەيىنلەشتە بىرئاز كەڭچىلىك قىلىپ، سەككىز تۇغلۇق قوشۇنىغا مەنسۇپ بولغان موڭغۇللاردىنمۇ ئاندا-ساندا تەيىنلەپ قويغان ئىشلارمۇ بولدى. داباجى، ئامۇرسانا ۋە چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىشتا تۆھپە قوشقان تۇرپانلىق ئىمىن خوجا، قۇمۇللۇق يۈسۈپ قاتارلىقلارمۇ بىر مەزگىل قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبانى بولۇپ تەيىنلەنگەن، لېكىن شۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق ئىش بولۇپ باقمىدى.

ھەربى ئىشلار بىلەن مەمۇرى ئىشلارنىڭ ئېنىق ئايرىلغانلىغى ھەر دەرىجىلىك ھەربى باشلىقلارنىڭ ئۆزى تۇرۇشلۇق جايلارنىڭ مەمۇرى ئىشلىرى بىلەن قىلچە كارى بولمايدۇ دىگەنلىك ئەمەس

ئىدى، ئەلۋەتتە. جايلاردىكى مەسلىھەتچى ئامبان، ئىش بېجىرگۈچى ئامبان ھەم چېرىكچى ئامبانلار بەگلىكتە تەيىنلىنىدىغان نامزاتلارنى كۆرسىتىش، يەرلىك ئەمەلدارلار ئۈستىدىن بېرىلگەن ئەرزلەرنى قوبۇل قىلىش يوللىرى ئارقىلىق ئۆزى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى مەمۇرى ئىشلار ئۈستىدىن نازارەت قىلاتتى ياكى بۇ ئىشلارغا ۋاستىلىك ھالدا ئارىلىشاتتى.

شۇنداقتىمۇ ھەر دەرىجىلىك ھەربى ئورگانلارنىڭ قوماندانلىق رولىنى ھەقىقى كاپالەتلەندۈرۈش يەنىلا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق نىشانى ئىدى.

(3) ئەسكىرىي كۈچلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەسكىرىي كۈچلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا تامامەن يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ خاتىرجەمسىزلىك ئامىلىنى كۆزدە تۇتقان. بۇ جەھەتتە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قوشۇنلارنىڭ سانىغا ئەمەس، قوشۇنلارنىڭ سۈپىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى.

تيانشاننىڭ جەنۇپ ۋە شىمالىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان قوشۇنلار ئاساسەن سەككىز تۇغلۇق ئەسكەرلەر ۋە يېشىل تۇغلۇق ئەسكەرلەردىن ئىدى. سەككىز تۇغلۇق ئەسكەر (ئەلەمدار ئەسكەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تۈزۈمى 1614-يىلى چىڭ سۇلالىسىنى بەرپا قىلغۇچى نۇرخاچ تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغان ئىدى. دەسلەپتە ئۇلار سېرىق، قىزىل، ئاق ۋە كۆك تۇغ بەلگە قىلىنغان تۆت ئورۇش كوللىكتىۋى ئىدى. كېيىن ئۇنىڭغا سېرىق، ئاق، قىزىل ۋە كۆك جىيەكلىك تۇغلار بەلگە قىلىنغان تۆت ئورۇش كوللىكتىۋى قوشۇلۇپ سەككىز تۇغلۇق قوشۇن دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

سەككىز تۇغلۇق قوشۇن تەركىۋىدە مانجۇلار ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى، ئۇنىڭدىن قالسا، موڭغۇل، سولۇن (داغۇر)، شىبەگە ئوخشاش ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىۋى خەلقلەردىن قوبۇل قىلىناتتى. قورال-ياراق، ھەربى تەلىم-تەربىيە جەھەتلەردە بۇ قوشۇنغا ئالاھىدە ئېتىۋار بېرىلگەنلىكتىن، ئۇلار قۇدرەتلىك جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى ھەربى قىسىملىرى ئىچىدە تايانچ كۈچ بولۇپ ھېساپلىناتتى.

يېشىل تۇغلۇق قوشۇن يېشىل تۇغنى ئۆزىگە بەلگە قىلغان قوشۇن بولۇپ، ئۇنىڭ ئورۇش بىرلىكى يىڭ دەپ ئاتىلاتتى، بۇ قوشۇن ئاساسەن خەنزۇلاردىن تەركىپ تاپقان ئىدى. مەيلى قوراللىنىش جەھەتتە بولسۇن، ياكى ئورۇش قىلىش ئىقتىدارى جەھەتتە بولسۇن، يېشىل تۇغلۇق قوشۇن ئومۇمەن سەككىز تۇغلۇق قوشۇنغا يەتمەيتتى. چىڭ سۇلالىسى قوراللىق قىسىملىرى ئىچىدە يېشىل تۇغلۇق قوشۇن ئەمىلىيەتتە ياردەمچى ئورۇندا تۇراتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا تۇرۇشلۇق ئەسكىرىنىڭ ئومۇمى سانى 22 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە سەككىز تۇغلۇق ئەسكەرلەر 12 مىڭچە، يېشىل تۇغلۇق ئەسكەرلەر ئون مىڭچە ئىدى. بۇ قوشۇننىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى تىيانشاننىڭ شىمالىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار تەخمىنەن 16 مىڭ كىشى ئىدى. قالغان قىسمى تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار 6000 چە كىشى ئىدى.

جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك سەككىز تۇغلۇق قوشۇننىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تىيانشاننىڭ شىمالىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇنىڭدا 11 مىڭ كىشى بولۇپ، تىيانشاننىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى ئومۇمى

سەككىز تۇغلۇق قوشۇنىنىڭ 90 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدا تۇرۇشلۇق سەككىز تۇغلۇق ئەسكەرلەر ئارىلا 800 چە كىشى بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ ئون پىرسەنتىگىمۇ يەتمەيتتى. ھالبۇكى، يېشىل تۇغلۇق قوشۇنىنىڭ يېرىمى دىگۈدەك تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىپ ئۆتىمىز⑧:

سەككىز تۇغلۇق قوشۇنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

| قەشقەر | يېڭىسار | يەركەن | ئاقسۇ | ئۇچتۇرپان |
|---|---|---|---|---|
| 337 | 81 | 216 | 68 | 143 |

جەمئى 845 نەپەر

يېشىل تۇغلۇق قوشۇنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

| قەشقەر | يېڭىسار | يەركەن | خوتەن | ئاقسۇ | سايرام |
|---|---|---|---|---|---|
| 643 | 201 | 676 | 237 | 349 | 65 |
| مىس كېنى | كۇچار | ئۇچتۇرپان | قاراشەھەر | قۇمۇل | تۇرپان |
| 298 | 310 | 671 | 301 | 8 | 348 |

جەمئى 4107 نەپەر

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچىنى زاپاس ھالەتتە ساقلاپ، قالغان قوشۇننى نىسپىي مۇقىم ھالەتتە تۇرغۇزۇش

ئۈچۈن، ئۆز قوشۇنلىرىنى تۇراقلىق مۇداپىئە قوشۇنى ۋە ئالمەشىدىغان مۇداپىئە قوشۇنى دەپ ئىككىگە ئايرىدى.

ئۇلارنىڭ نامى بىلەن ماھىيىتى بىردەك بولۇپ، تۇراقلىق مۇداپىئە قوشۇنى دىگىنى مەلۇم بىر رايوندا ئۇزاق تۇرىدىغان قوشۇن ئىدى. بۇنداق قوشۇننىڭ سەركەردىسى ۋە ئەسكەرلىرىگە ئائىلە تەۋەلىرىنى ئېلىپ يۈرۈشكە ئىجازەت قىلىنىغان. ئالمىشىدىغان مۇداپىئە قوشۇنى دىگىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغان قوشۇن ئىدى. ئۇنىڭ سەركەردىسى ۋە ئەسكەرلىرىگە ئائىلە تەۋەلىرىنى ئېلىپ يۈرۈشكە ئىجازەت قىلىنمىغان.

تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان قوشۇنلارنىڭ ھەممىسى ئالمىشىدىغان مۇداپىئە قوشۇنى ئىدى. بۇ ئالمىشىدىغان مۇداپىئە قوشۇنى ئىچىدىكى سەككىز تۇغلۇق ئەسكەرلەر ئىلىدىن يۆتكەپ كېلىنەتتى. يېشىل تۇغلۇق ئەسكەرلەر بولسا شەنشى، گەنسۇ ۋە ئۈرۈمچىدىن كەلتۈرۈلەتتى. ئالمىشىدىغان مۇداپىئە قوشۇنلىرىنىڭ بىر جايدا تۇرۇش مۇددىتى ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە ئىدى.

ئەسكىرىي كۈچلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى چىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ شىمالىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىگىنى ئەكس ئەتتۈردى. تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى ھەربى كۈچلەر سان جەھەتتىنلا ئەمەس، سۈپەت جەھەتتىنمۇ روشەن ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى. بۇنىڭ روشەن دەلىلى شۇكى، ئۇنىڭ تايانچ قوشۇنى — سەككىز تۇغلۇق ئەسكەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىگى بۇ رايونغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆز ھەربى كۈچلىرىنى مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشى، بىر جەھەتتىن، ئاساسەن ئامۇرسانانىڭ تەسىر كۈچلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن،

پەيدىن-پەي جەنۇپقا سۈرۈلۈپ، تىيانشاننىڭ شىمالىنى يۇتۇۋېلىش كويىدا بولۇۋاتقان چار روسىيىنىڭ تەسىر كۈچىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىدى.

ئەمما بىز ئۇنىڭغا قاراپلا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى مۇداپىئە ئىشلىرىغا سەل قارىغان دەپ ھۆكۈم قىلالمايمىز. چۈنكى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ رايوننىڭ ئىستىراتېگىيىلىك ئورنى ھەققىدە تولۇق تونۇشقا ئىگە ئىدى، بۇ رايوننىڭ گەنسۇ، چىڭخەي، شىزاڭ قاتارلىق جايلار ئۈچۈن دالدا بولۇش رولى ھەم ئۇنىڭ پۈتكۈل تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرىدىكى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا تۇتقان ئورنى چىڭ سۇلالىسىگە نىسبەتەن غايەت زور جەلپ قىلارلىق ئىدى.

(4) مۇھىم ئىستىراتېگىيىلىك جايلارنى كونترول قىلىش

ئەسكىرىي كۈچلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى پەرقلەرنى، بىر تەرەپتىن، شىمالدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئويى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، چىڭ سۇلالىسى مەقسەتلىك ھالدا تارىم ۋادىسىنى بويلاپ كەتكەن بىر قاتار ئىستىھكاملىق قەلئەلەر ئارقىلىق بۇ ئەسكىرىي كۈچ جەھەتتىكى ئاجىزلىقلارنى تولدۇرماقچى ئىدى. مەسىلىنىڭ تۈگۈنى ئىستىراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە جايلارنى قانداق قىلىپ توغرا تاللاشتا ئىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ ئىشنى ناھايىتى ئەپلىك ئورۇنلاشتۇردى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاقسۇ، قەشقەر، يەركەن ۋە يېڭىسار قەلئەلىرىنى سەككىز تۇغلۇق قوشۇن تۇرغۇزۇلىدىغان جايلار قىلىپ بېكىتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ رايونلاردا يەنە مۇناسىپ ساندا يېشىل تۇغلۇق ئەسكەرلەرنى تۇرغۇزۇش يولى بىلەن، سەككىز

تۇغلۇق ئەسكەرلەر يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

ئاقسۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا مۇھىم جاي بولۇپ، بۇ يەردىن
جەنۇپقا قاراپ يۈرگەندە، قەشقەر ۋە يەركەنگە كىرمەيلا، تەكلىماكان
ئارقىلىق بىۋاستە خوتەنگە بارغىلى بولىدۇ. غەربىي جەنۇپقا ماڭغاندا،
قەشقەرگە بىۋاستە بارغىلى بولىدۇ، ياكى بارچۇق (ھازىرقى مارال-
ۋېشى) ئارقىلىق يەركەنگە بىۋاستە بارغىلى بولىدۇ. بۇرھانىددىن-
خان خوجا توپىلىڭىنى تىنجىتىش ۋە كېيىنكى چاغلاردا جاھانگىر
خوجا توپىلىڭىنى تىنجىتىشتا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مۇشۇ
لىنىيىنى بويلاپ قوشۇن تارتقان. ئاقسۇدىن غەرپكە ماڭغاندا، پامىر
ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ ئوتتۇرا ئاسىياغا بارغىلى بولىدۇ. شىمالغا
ماڭغاندا، تيانشاندىن ھالقىپ، ئىلىغا بارغىلى بولىدۇ. مۇشۇ ۋەجىدىن،
بۇ جاي ئەزەلدىن تارتىپ ئۇرۇشتا تالىشىدىغان جاي بولۇپ كەلگەن
ئىدى.

قەشقەر بىلەن يەركەننىڭ ئاھالىسى زىچ، تەبىئىي بايلىقى مول
بولۇپ، ئۇزاقتىن بۇيان تيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونى بويىچە سى-
ياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرى بولۇپ كەلدى. بۇ
يەرلەردە يەنە مۇستەھكەم مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى بار ئىدى.
چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەركەن ۋە قەشقەرگە دىققەت بىلەن قارىغان-
لىقىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى شۇكى، بۇ جايلار ئىشانلار مەزھىپىنىڭ
ماكانلىرى ئىدى، قەشقەر ئاق تاغلىقلارنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ
مەركىزى، يەركەن قارا تاغلىقلارنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ مەركىزى ئىدى.

يېڭىسار 9-ئەسىردىن كېيىن كىشىلەرگە ئايان بولغان. ئۇ
قەشقەر بىلەن يەركەن ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ دەس-
لەپكى تارىخى قاراخانىلار بىلەن باغلانغان. قاراخانىلار بىلەن

خوتەندىگى بۇددىستلار ھاكىمىيتى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇشتا ئىككىلا تەرەپ يېگىسارنى ئۆزلىرىنىڭ دەرۋازىسى دەپ قارىغان ئىدى. 15-ئەسىردىن كېيىن، تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدىكى رايونلارنى قولغا كىرگۈزۈشنى نىيەت قىلغان ئابابەكرى، سەئىد، ئاپپاق خوجا، بۇرھانىدىن قاتارلىق كىشلەرنىڭ ھەممىسى يېگىسارنى مۇھىم نۇقتا ھىساپلاپ، قاتتىق تالاشقان ئىدى.

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئاقسۇ، قەشقەر، يەركەن ۋە يېگىسار قاتارلىق تۆت قەلئە تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالى، غەربى ۋە جەنۇبىدىكى مۇھىم شەھەرلەر بولۇپ، قاتناش ترانسپورت ئىشلىرىنى نەزەردە تۇتقاندا، مۇشۇ رايونلارنى ئىستىراتېگىيلىك نۇقتا قىلىپ تالىلاش قارىماققا مۇۋاپىق ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن، شۇنى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىغىمىز لازىمكى، تىيانشاننى كېسىپ ئۆتىدىغان ئىلى — ئاقسۇ قاتناش يولى ئىلى جاڭجۇن مەھكىمىسى بىلەن تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ئالاقىسىنى بىر بىرىگە ئۇلاپ تۇرىدىغان ئەڭ يېقىن يول ئىدى، ۋاھالەنكى، بۇ قاتناش يولىنىڭ تۈنجى مەنزىلى بولغان ئاقسۇ سەككىز تۇغلۇق قوشۇنىنىڭ ئىلكىدە ئىدى.

ئاقسۇدىن يەركەنگە سوزۇلغان ۋە قەشقەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېرىم چەمبىرەكسىمان مۇداپىئە لىنىيىسىنىڭ يەنە بىر ئەھمىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بۇ لىنىيە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىغا ئۆتىدىغان ھەممە يول تۈگۈنلىرىنى كونترول قىلىپ تۇراتتى.

(5) قاتناش ئالاقىسىنىڭ راۋان بولۇشىنى ئەڭ ئۇنۇملۇك دەرىجىدە كاپالەتلەندۈرۈش

بۇ جەھەتتە چىلىڭ سۇلالىسى ھەم بۇ رايوننىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى بىلەن بولغان قاتناش ئالاقىسىنى راۋانلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى، ھەم تيانشاننىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالى ۋە تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى بوستانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ئالاقىسىنى راۋانلاش- تۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى④.

تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان قاتناش لىنىيىسى قۇمۇلنى ئاساسىي تۈگۈن قىلىپ، تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا سوزۇلغان. تيانشاننىڭ شىمالىدىكى قاتناش لىنىيىسى تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ غەرپكە سوزۇلۇپ، ئۈرۈمچى، ماناستىن ئۆتۈپ، قاراسۇ (بۇگۈن- كى شىخۇ)نى مەركەز قىلغان ھالدا ئىلى ۋە تارباغاتاي قاتارلىق جايلارغىچە بارغان.

تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى قاتناش لىنىيىسى قۇمۇلدىن باشلىنىپ، تيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ غەرپكە سوزۇلۇپ تۇرپان، قاراشەھەر ۋە كۇچاردىن ئۆتۈپ، ئاقسۇنى مەركەز قىلغان ھالدا تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلارغا تۇتاشقان ۋە ئاقسۇدىن ئىلىغا قاتنايدىغان يولغا تۇتاشقان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەر ئارقىلىق بۇ ئىككى قاتناش لىنىيىسىنى ئەڭ ئۈنۈملۈك دەرىجىدە ئاشۇردى.

چىڭ سۇلالىسى تيانشاننىڭ جەنۇبىدا قاتناش لىنىيىسى بەرپا قىلىشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ھاسىل قىلدى. چىڭ سۇلالىسى تارىم ۋادىسىنى بويلاپ بىر قاتار لەڭگەر ۋە ھەربى پونكىت قۇرۇپ، ئۇلارنى ھەربى قاتناش ئالاقىسىنى تۇتاشتۇرىدىغان ئورۇن قىلدى. مەيلى تەشكىلىي تۈزۈلۈش جەھەتتىن بولسۇن، ياكى كۆلەم جەھەتتىن

بولسۇن، لەنگەر تۆزۈمى بۇنىڭدىن بۇرۇن بەرپا قىلىنغان ئۆرتەڭ تۆزۈمىگە سېلىشتۇرغاندا خېلى ياخشىلانغان ۋە مۇكەممەللەشكەن ئىدى. لەنگەرلەردە مەخسۇس ئەمەلدار ۋە خىزمەتچىلەر قويۇلدى. ھۆكۈمەت ھۆددەيچىلىرى (خەت توشۇغۇچى)ۋە مەنسەپدارلارنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن ئات-ئۇلاق، ھارۋا-مەپە قاتارلىق قاتناش قوراللىرى تەييارلاندى. لەنگەرلەر ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقە مۇناسىۋەتلىرىنى راۋانلاشتۇرغاندىن تاشقىرى، ئادەتتىكى يولۇچى سودىگەرلەرنى ئوزۇق-تۈلۈك بىلەن تەمىنلەش، ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش مەجبۇرىيىتىنىمۇ ئۆتەيتتى.

تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى يەركەن، قەشقەر، ئاقسۇ، قايدۇ، يۇرۇڭقاش ۋە قاراقاش دەريالىرى ئىلگىرىدىن تارتىپ قاتناش ئالاقىسى ئۈچۈن توسالغۇ ئىدى. كەلكۈن مەزگىلىدە بۇ دەريالار قاتناشنى تامامەن ئۈزۈپ تاشلايتتى. دەريا سۈيى تارتىلغان مەزگىللەردىمۇ، يەركەن، ئاقسۇ، قەشقەر ۋە قايدۇ دەريالىرىغا ئوخشاش چوڭ دەريالار مۇشۇ رايوننىڭ قاتناش ئىشلىرىغا مەلۇم قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ تۇراتتى. يىل بويى سۈيى تارتىلمايدىغان بۇ دەريالاردا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمەت تەۋەلىكىدىكى كېمىلەرنى تۇرغۇزۇپ، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا خەلقنىڭ قاتناش ئېھتىياجىنى قاندۇرسا، ئۇرۇش مەزگىللىرىدە ھەربى ئىشلار ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇراتتى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى زور چىقىم بەدىلىگە ئاقسۇدىن ئىلىغا بارىدىغان مۇز داۋان تاغ يوللىرىنى مۇكەممەل قىلىپ ياساپ چىقتى. بۇ تاغ يوللىرى كېسىپ ئۆتىدىغان جايلار ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ، ھەمىشە قار-شۇۋىرغان بولۇپ تۇراتتى.

شۇنداق بولسىمۇ چىڭ سۇلالىسى ئادەم كۆچى ۋە ماددى كۈچىنى ئايىماي، بۇ قاتناش لىنىيىلىرىنىڭ بىرقانچە ئون يىللارغىچە ئىزچىل راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، بۇ تاغ يوللىرىنىڭ رولىنى ئۈنۈملۈك دەرىجىدە جارى قىلدۇردى.

## 2. سىياسى تەدبىرلەر

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا يۈرگۈزگەن سىياسى تەدبىرلىرى ئاساسەن مۇنۇ ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، مەمۇرى ئاپپاراتلارنى قۇرۇش؛ ئىككىنچى، يەرلىك فېئودال كۈچلەرنى تىزگىنلەش.

(1) مەمۇرى ئاراپپاتلارنى قۇرۇش

بۇرھانىددىن-خان خوجا توپىلىڭىنى تىنجىتىش — چىڭ سۇلالىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى ئىدى. بۇ ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھوقۇق مەركەزگە توپلانغان ھاكىمىيەتنى يۈرگۈزگىنىگە يۈز يىلدىن ئاشقان ئىدى. بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت چىڭ سۇلالىسىگە ھەر خىل مەمۇرى شەكىللەرنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ سىناپ كۆرۈشكە يېتەرلىك ئىمكانىيەت بەردى. چىڭ سۇلالىسى شىمالىي رايوندىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە خەلقلىرى ئارىسىدا جاساق دەپ ئاتالغان بىر خىل تۈزۈمنى ئورناتتى. ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا بول- سا مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەسلىدىكى مەمۇرى تۈزۈمگە ۋارىسلىق قىلىپ، ۋىلايەت-ناھىيە تۈزۈمنى يولغا قويدى. تىيانشاننىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالى يېڭىۋاشتىن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى تەبىئى ھالدا ئۆزىگە تونۇش بولغان جاساق تۈزۈمى

بىلەن ۋىلايەت ـ ناھىيە تۈزۈمىنى بۇ رايونغا ئېلىپ كەلدى.

جاساق تۈزۈمى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە خەلقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىگىگە ئاساسەن يولغا قويۇلغان. ئۇنىڭدا كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە خەلقلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي تەشكىللىي شەكلى ساقلاپ قېلىنغان ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جاساقلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى قەبىلە خەلقلىرى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىدە بولمىغان. جاساقلىق ئۇنىۋان پىرىنسىپ جەھەتتە نەسەپتىن نەسەپكە قالىدىغان ئۇنىۋان ئىدى. جاساقلار بىر قاتار ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرغانلىقتىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەنسەپ تۈزۈمىدە ئۇ بىر خىل مۇكاپات تۈسى ئارىلاشقان مەنسەپ بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تىيانشاننىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىدا جاساق تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا مۇنۇ ئىككى نۇقتىنى ئېتىۋارغا ئالدى، بىرى، تارىخ ۋە رېئاللىق، يەنە بىرى، چىڭ سۇلالىسىگە تۇتۇلغان پوزىتسىيە.

تارىخ ۋە رېئاللىق مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: تىيانشاننىڭ شىمالىدا ئاساسەن كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە خەلقلىرى ياشايتتى. بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭغارلار ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى، ئۇنىڭدىن قالسا قازاقلار بولۇپ، چارۋىچىلىق ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئىگىلىك تارمىقى ئىدى. گەرچە چىڭگىزخان موڭغۇل ئىمپېرىيىسى كەشىپ قىلغان مىڭبېشىلىق تۈزۈمىنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يولغا قويۇلغىنىغا خېلى ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەنئەنىۋى ئۇرۇقداشلىق كۆز قارىشى تېخى تامامەن يوقىلىپ كەتمىگەن ئىدى. قەبىلە تۈزۈمى يەنىلا ئۇلارنىڭ ئاساسلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈمى بولۇپ

ھىساپلىناتتى. بۇ ــ مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى.

مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپى شۇكى، جۇڭغار قەبىلىلىرى موڭغۇل دالاسى بىلەن كەڭ ۋە قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلمەكتە ئىدى. چىڭ سۇلالىسى موڭغۇل يايلىغىدا يولغا قويغان جاساق تۈزۈمى جۇڭغار قەبىلىلىرىگە ناھايىتى ياخشى تونۇش ۋە بۇ تۈزۈم جۇڭغار تەرىپىدىن شۆھرەتنىڭ بىر خىل سىمۋولى دەپ قارىلىپ كەلمەكتە ئىدى. شۇڭا جاساق تۈزۈمىنىڭ جۇڭغار قەبىلىلىرىدە يولغا قويۇلۇشى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۈچۈنمۇ، جۇڭغار قەبىلىلىرى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق ئىدى.

يۇقۇرىدا جاساق تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىدىكى بىرىنچى ئاساس ئۈستىدە توختالدۇق. ئەمدى بۇ تۈزۈمنىڭ يولغا قويۇلۇشىدىكى ئىككىنچى ئاساس ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

جاساق تۈزۈمى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى قۇمۇل ۋە تۇرپان قاتارلىق دىخانچىلىق رايونلىرىدىمۇ يولغا قويۇلدى، جاساق تۈزۈمىنىڭ بۇ رايونلاردا يولغا قويۇلۇشى تارىخ ۋە رېئاللىق زۆرۈرىيىتىدىن بولغان ئەمەس، بەلكى بۇنداق قىلىشتا مۇشۇ رايونلاردىكى يەرلىك فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە تۇتقان سىياسى پوزىتسىيىسى ئاساس قىلىندى، شۇڭا ئۇ كۆپرەك مۇكاپاتلاش خاراكتېرىنى ئالغان ئىدى. بۇنىڭدىن مەقسەت قۇمۇلدىكى ئەبەيدۇللا جەمەتىدىكىلەر بىلەن تۇرپاندىكى ئىمىن خوجا جەمەتىدىكىلەرنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى يېڭىۋاشتىن بىرلىككە كەلتۈرۈش، بولۇپمۇ بۇرھانىدىن ـ خان خوجا توپىلىڭىنى تىنجىتىش يولىدا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى مۇكاپاتلاش ئىدى[5].

يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان دىخانچىلىق رايونلىرىدا يولغا قويۇلغان

جاساق تۈزۈمدە مۇكاپاتلاش ئاساسي ئورنىدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن، مۇشۇ رايونىدىكى جاساقلارنىڭ بەھرىمەن بولىدىغان ئەملىي ھوقۇقىنى چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى جاساقلار بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئەمىلىي ھوقۇق بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ.

ۋىلايەت-ناھىيە تۈزۈمى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تىيانشانىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا يولغا قويغان ئىككىنچى خىلدىكى مەمۇرى باشقۇرۇش تۈزۈمى ئىدى.

جاساق تۈزۈمى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە خەلقلىرىگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ۋاستىلىك قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ھوقۇقنى ئۆز قولىغا مەركەزلەشتۈرۈشكە قەتئى نىيەت باغلىغان چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ تۈزۈم دىگەندەك مۇۋاپىق تۈزۈم ئەمەس ئىدى. ھوقۇقنى ئۆز قولىغا مەركەزلەشتۈرۈشكە ئەڭ مۇۋاپىق تۈزۈم ۋىلايەت-ناھىيە تۈزۈمى ئىدى. بۇ تۈزۈمنىڭ ئارتۇقچىلىقى شۇكى، ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆز پۇقرالىرىغا بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى كاپالەتلەندۈرەتتى. ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا بىر ئەسىردىن كۆپرەك ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئەمىلىيىتى چىڭ سۇلالىسىنى ۋىلايەت-ناھىيە تۈزۈمى توغرىسىدا چوڭقۇر تونۇش ۋە تەسىراتقا ئىگە قىلدى.

بىز تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى باشقا جايلاردا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋىلايەت-ناھىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا ھەۋەس قىلغانلىقىنى كۆرىمىز.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى، سانجى، گۇچۇڭ، پۇكاڭ، جىمسار، مورى، بارىكۆل قاتارلىق جايلاردا ۋىلايەت-ناھىيە تۈزۈمىنى يولغا قويدى. بۇ جايلار دەل جاساق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان جۇڭغار

قەبىلىلىرى بىلەن قومۇل، تۇرپانىنىڭ ئارىلىغىدا ئىدى. چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتى يەنە دىخۋا (ئۈرۈمچى) ۋىلايىتىنى تەسىس قىلىپ، يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ناهىيىلەرگە مەسئۇل قىلدى.

ئاردىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ۋىلايەت ـ ناهىيە تۈزۈمى تەدرىجى رەۋىشتە تۇرپان ئويمانلىقىدا ئومۇملاشتى، كېيىن بەگلىك تۈزۈمىمۇ تۇرپان ئويمانلىقىدا يولغا قويۇلدى. نەتىجىدە تۇرپان ئويمانلىقى جاساق تۈزۈمى ھەممىدىن بۇرۇن ئەمەلدىن قالغان جاي بولۇپ قالدى.

ئەمدى چىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا يولغا قويغان ئۈچىنچى خىل مەمۇرى تۈزۈمى ــ بەگلىك تۈزۈمى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

بەگلىك تۈزۈمى قومۇل ۋە تۇرپاندىن باشقا، تىيانشاننىڭ پۈتكۈل جەنۇبى رايونىدا يولغا قويۇلغان ئىدى. كۆلىمى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ چىڭ سۇلالىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا يولغا قويغان ئاساسلىق مەمۇرى تۈزۈم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، خاراكتېرى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ جاساق تۈزۈمىگىمۇ، ۋىلايەت ـ ناھىيە تۈزۈمىگىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر خىل تۈزۈم ئىدى. بەگلىك تۈزۈمى ھەم جاساق تۈزۈمىدىكى ھەددىدىن زىيادە فېئوداللىق خۇسۇسىيەتتىن خالى، ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەتلىرىگە ئۇيغۇن ئىدى، چۈنكى، مەيلى جاساق تۈزۈمى بولسۇن، ياكى ۋىلايەت ـ ناھىيە تۈزۈمى بولسۇن، ئۇيغۇرلارغا ناتونۇش ئىدى.

بەگ دىگەن ئاتالغۇ ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدا ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى قوللىنىلىپ كەلگەن ئاتالغۇ ئىدى. يەركەن خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بەگ بىر خىل ھەربى مەنسەپ

بولۇپ، جايلاردا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنىڭ باشلىقلىرى بەگ دەپ ئاتىلاتتى. مەمۇرى ئەمەلدارلار بولسا ھاكىم دەپ ئاتىلاتتى.

جۇڭغار خاندانلىقى تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، بەگ بىلەن ھاكىم دىگەن مەنسەپلەر بىرلەشتۇرۇلۇپ ھاكىمبەگ دەيدىغان مەنسەپ پەيدا بولدى. بەگلىك تۈزۈمىنىڭ داۋاملىق راۋاجلىنىشى نەتىجىسىدە، ھەر خىل تارماق-لارنى باشقۇردىغان تۈرلۈك بەگلەر ۋۇجۇتقا كەلدى. كەسىپ ۋە ئىش تۈرىگە بەگ دىگەن سۆز قوشۇلۇپ شۇنىڭغا لايىق مەنسەپ نامى ھاسىل بولدى. مەسىلەن، ھاكىمبەگ (باش ھۆكۈمران)، باجگىربەگ (باج ئىشلىرىغا مەسئۇل بەگ) قاتارلىقلار.

«غەربىي دىيارنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ناملىق كىتاپتا، ئۇيغۇرلار رايونىدىكى بەگلىك تۈزۈمى ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىلگەن:

ھاكىمبەگ شەھەر-يېزىلارنىڭ چوڭ-كىچىك ئىشلىرىنى ئومۇمى باشقۇرغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئېغىر، ھوقۇقى چوڭ، ئۇ ھەممە بەگلەرنىڭ باشلىقى.

ئىشىك ئاغابەگ ھاكىمبەگكە ياردەملىشىپ ئىش بېجىرگۈچى بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئېغىر ۋە مۇھىم، ئۇ ھاكىمبەگدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

غەزنىچىبەگ — يەر-زېمىن ۋە ئاشلىق ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى.

شاڭبەگ — غەللە پاراق ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى.

قازىبەگ — ھەممە ئەدلىيە ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى.

مىراپبەگ — سۇ ئىنشائاتلىرى ۋە دەريا ئېقىنلىرىنى

باشقۇرغۇچى.

ناقىپبەگ — ھۆنەر-كەسىپ، بىناكارلىق ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى.

پاشاپبەگ — ئامانلىق ساقلاش، ئوغرى قاراقچىلارنى تۇتۇش، زىندان-ھەپسە ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى.

مۇتىسىپبەگ — دىنىي ئىشلارنى باشقۇرغۇچى، ئۇ پۇقرالارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدۇ.

موتىۋەللىبەگ — ئېتىز-ئېرىق، باغ-ۋاران، ئۆي-ئىمارەت ۋە باشقا مۈلۈكلەرنى ئېلىپ-سېتىش ھەمدە بۇ جەھەتتىكى دەۋا ۋە ئۇنىڭدىن ئېلىنىدىغان باج ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى.

زەپتىھەي كىتابپبەگ — مەدرىس ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى.

سېلىق-پاراقبېگى — سودا ئىشلىرى ۋە ئۇنىڭدىن ئېلىنىدىغان باجنى باشقۇرغۇچى.

سىپاقازىبەگ — يۇرت چوڭلىرىنىڭ ئەرز-ئىلتىماسلىرىنى باشقۇرغۇچى.

رەئىس قازىبەگ — پۇقرالارنىڭ ئەرز-ئىلتىماس ۋە جېدەل-ماجرا ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى.

باجگىربەگ — ئالۋاڭ-ياساق، باج-سېلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل. ئىچكىرىدىكى يۇرت ئاقساقاللىرىغا ئوخشاش.

ئەرباپبەگ — ھاشار-سەيسەلەرنى باشقۇرغۇچى.

باغتاربەگ — مۈلۈك باغلارنى باشقۇرغۇچى.

دۇكانبەگ (دىۋانبەگ) — كاتىۋات ئىشلىرى، ھۆكۈمەت خەت ئالاقىلىرىنى باشقۇرغۇچى.

قارا دۇكانبەگ — ئۆرتەڭ (جام)، قورال-ياراق رېمونت قىلىش

ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى.

دوپبەگ — 2000 تۈتۈندىن غەللە- پاراق ئېلىشقا مەسئۇل.

مىڭبەگ — 1000 تۈتۈنلۈك ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى باشقۇرغۇچى.

يۈزبەگ — 100 تۈتۈندىن ئېلىنىدىغان غەللە- پاراقنى باشقۇرغۇچى.

ئارچىنبەگ — ئون تۈتۈندىن ئېلىنىدىغان غەللە- پاراقنى باشقۇرغۇچى.

جاپبەگ — قورال- ياراق ياساش ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى.

سىپتىلبەگ — مەھەللە- كوچا، باغ- ۋارانلارنى چارلىغۇچى.

شىغاۋۇلبەگ — ئۆرتەڭ- لەڭگەرلەرنىڭ ئوزۇق- تۈلۈك ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى.

دورغابەگ — ھاكىمبەگنىڭ باش مۇھاپىزەتچىسى.

بازاربەگ — بازار ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى.

قاشبەگ — قاش ياساش ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى.

كوتىۋالبەگ — قورۇلۇش ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى.

ئوقتاقچىبەگ — زىياپەت ئۈچۈن سويۇلىدىغان مال- ۋارانلار ۋە تەييارلىنىدىغان يەل- يېمىش ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، بۇرھانىدىن- خان خوجا توپىلىڭى تىنجىتىلغانغا قەدەر تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى مەمۇرى ئاپپاراتلار خېلى كۆلەمگە ئىگە بولۇپ قالغان ۋە بۇ رايوننىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشىنى تەشكىللەش، باشقۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىۋاتقان ئىدى.

كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە خەلقلىرىدىكى قەبىلە باشلىقلىق تۈزۈمىگە سېلىشتۇرغاندا، بەگلىك تۈزۈمىدە قانداشلىق ئالامەتلىرى

يوق دىيەرلىك. شۇڭا، بەگلىك تۈزۈمى ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش ئېھتىياجىغا چوڭ پۈتلىكاشاڭ بولمايتتى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا بەگلىك تۈزۈمنى يولغا قويۇش ھەم يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىدىن يىراقلاشمايتتى، ھەم ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش زۆرۈرىيىتىگە زىيادە ئېغىرچىلىق كەلتۈرمەيتتى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بەگلىك تۈزۈمىنى ئومۇمى يۈزلۈك قوللىنىپ، ھەر دەرىجىلىك بەگلەرگە رەسمىي دەرىجە بېكىتىپ، ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىنىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونى ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلىپ، ھاكىمبەگ تەيىنلەش ۋە ھەر دەرىجىلىك بەگلىكلەرنىڭ ئىشتاتلىرىنى بېكىتىشنىڭ ئاساسى قىلىندى.

بىرىنچى دەرىجىلىك رايونلار: قەشقەر، يەركەن، ئاقسۇ، خوتەن؛

ئىككىنچى دەرىجىلىك رايونلار: ئۇچتۇرپان، يېڭىسار، كۇچار، پىچان؛

ئۈچىنچى دەرىجىلىك رايونلار: شايار، سايرام (بۈگۈنكى باي ناھىيىسىنىڭ سايرام يېزىسى)، باي، كورلا، پەيزىۋات، بۈگۈر، تاشبالىق (بۈگۈنكى قەشقەر كونىشەھەردىكى تاشمىلىق يېزىسى)، قارىقاش، كېرىيە، يورۇڭقاش (بۈگۈنكى لوپ ناھىيىسىنىڭ يورۇڭقاش يېزىسى)، چىرىيە، ئاستىن ئاتۇش، ئالغۇي، ئۈستۈن ئاتۇش، يېڭى چىپان (بۈگۈنكى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ دائىرىسىدە)، بارداق (نامەلۇم)، سېرىقغۇل (بۈگۈنكى تاشقورغان)، لۈكچۈن (بۈگۈنكى پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن يېزىسى)، توقسۇن، قاراغوجا (بۈگۈنكى تۇرپان ناھىيىسىنىڭ يالقۇنتاغ يېزىسى)، ياڭىخى (بۈگۈنكى

تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ياڭخى يېزىسى)، كولپىن (بۈگۈنكى كەلپىن)⑥.

1761-يىلى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جايلارنىڭ ھاكىمبەگلىرىگە بىر تۇتاش تامغا تارقاتتى. بىرىنچى دەرىجىلىك رايونلار ھاكىمبەگلىرىنىڭ تامغىسىنىڭ ھەجمى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكى زولڭلارنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى؛ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى دەرىجىلىك رايونلار ھاكىمبەگلىرىنىڭ تامغىسىنىڭ ھەجمى بىر بىرىدىن پەرقلىق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن جايلارنىڭ ھاكىمبەگلىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىشتاتلىق رەسمىي ئەمەلدارلىرىدىن بولۇپ قالدى.

«بەگلەرنى تەيىنلەش مىزانى»دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى بەگلەر جەمئىي 289 نەپەر بولۇپ، قەشقەر، يەركەن، خوتەن، ئاقسۇ، سايرام، كۇچار، شايار، كورلا، بۈگۈر قاتارلىق توققۇز رايوننىڭ ھاكىمبەگلىرى ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار دەپ بېكىتىلدى؛ يېڭىسار، قارىقاش، كېرىيە، تاغنول، يۇرۇڭقاش، چىرىيە، باي قاتارلىق يەتتە رايوننىڭ ھاكىمبەگلىرى تۆتىنچى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار دەپ بېكىتىلدى.

(2) يەرلىك فېئودال كۈچلەرنى تىزگىنلەش.

بۇ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يولۇققان ئەڭ مۇرەككەپ مەسىلە ئىدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مۇكاپاتلاشنىمۇ، چەكلەشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر يۈرۈش ئۇسۇل-چارىلەرنى تېپىپ چىقتى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى يېڭىۋاشتىن بىرلىككە كەلتۈرۈشتە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئۈچ قېتىم ھەربى كۈچ ئىشلەتتى. نۇرغۇن ۋەقە ۋە جېدەل-ماجرالار بىلەن

تولغان بۇ جەرياندا، چىڭ سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتكەن زور بىر تۈركۈم فېئودال ئاقسۆڭەكلەر سىياسى، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆتكەن ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ كەڭ مەنپەئەتكە ئىگە بولدى. مەسىلەن:

1758 ـ يىلى، چىڭ سۇلالىسى قۇمۇلدىكى يۈسۈپنى بېلىقتا تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا جۇنۋاڭلىق ئۇنۋان ئاتا قىلدى.

1758 ـ يىلى، چىڭ سۇلالىسى كۇچاردىكى مىرزا ھۇدىنى پەخرىي ۋەزىرلىككە تەيىنلىدى، ئىككىنچى يىلى ئۇنىڭغا فۇگوگۇڭ دېگەن ئۇنۋانىنى ئاتا قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭغا يەنە بېلىي ئۇنۋانىنى بەردى.

1759 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ئاقسۇدىكى خوجىسنى بېلىقتا تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا جۇنۋاڭلىق ئۇنۋانىنى ئاتا قىلدى.

1759 ـ يىلى، بايدىكى گادايىمەتكە گۇڭ دەرىجىسىدە مۇئامىلە قىلىش بەلگىلەندى.

1760 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى خوتەندىكى قوشۇقتا فۇگوگۇڭ دېگەن ئۇنۋانىنى ئاتا قىلدى. •

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە قىسمەن ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىگە پەۋقۇلئاددە شۆھرەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرىنى پادىشا ئوردىسىنىڭ زىگۇاڭگې سارىيىغا ئاستى. چيەنلۇڭ ئۆز قەلىمى بىلەن ئۇلارغا ئاتاپ مەدھىيە يېزىپ، ئۇلارنىڭ چىڭ سۇلالىسى ئۈچۈن كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى ماختىدى. مۇنداق شان ـ شۆھرەتكە سازاۋەر بولغانلار يۈسۈپ، ئېمىن خوجا، مىرزا ھۇدى ۋە خوجىسلار ئىدى.

چيەنلۇڭنىڭ ئېمىن خوجىغا ئاتاپ يازغان مەدھىيىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: "جەمەتىڭنى تۇرپاندىن، بۇرۇنلا توغرا يول تاپقان،

ھەربى ئىشقا ھەمـدەم بوپ، كۆپـلـگەن ھەسـسە ـ كۈچ قوشـقان، ھال ـ ئەھۋالى ئۇيغۇرنىڭ بىر ئۇبدانـلا تونۇش ئاڭا، تۆكەر ئىـچە-دىكىنى، ساپ ۋىجدانلىق، قەتئى راسا.“

چيەنـلۇڭـنىڭ مىرزا ھۆددـغا ئاتاپ يازغان مەدھىيىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”توغرا يول تاپقان ئىدى ئۇ، ئىلى تىنچىغان ھامان، ھەم سۇلالىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلغان شۇندىن بۇيان، ئۇيغۇر ئىـچـدە كۆرۈنەرلىك، كۆڭلى تۈز ئەرباپ ئۆزى، ئەل قىلىش ئۈچۈن خوتەن-نى، يولغا ئۇ بولغان راۋان. قالدى قورشاۋ ئىچىدە ئۈچ ئاي شۇندا گابۇشۇ بىلەن، ئىستىھكام ياساشتا غەيرتى يۈكسەك بولغان.“

چيەنلۇڭنىڭ خوجىسقا ئاتاپ يازغان مەدھىيىسىدە مۇنـداق دېيە-لىدۇ: ”داباچىنى تۇتۇپ بېرىپ، بىجا قىلغاندى پەرمانىنى، تېگىرقاپ قېپ كېيىن بىزنىڭ قوشۇننى قارشى ئالـغانـدى. قوشۇنـىمىز بىلەن بىللە قاراسۇدا قامالـغان ھەم، ئۇنىڭ ئابرويى بار يۈكسەك، ھازىر پايتەختتە جاي ئالـدى⑦.

شۆھرەتكە ئېرىشكەنلەر ھەرگىزمۇ بىزگە تونۇش مۇشۇ كـشـىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بۇلاردىن باشقا ھەر دەرىجىلىك بەگ-لەرمۇ شۆھرەت تاپقان. ئۇلار سىياسى جەھەتتە چىڭ سۇلالـىسىنىڭ ھوقۇق يۈرگۈزگۈچى ئەمەلدارى، ئىقتىسادىي جەھەتـتە قانۇن كاپا-لەتلەندۈرۈۋاتقان مائاش تاپاۋىتىدىن بەھرىمەن بولغۇچى كـشـىلەر ئىـدى.

دەسلەپتە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۈچىنچى دەرىجىلىك بەگلەرگە 200 پاتمانلىق يەر، 100 نەپەر يانچى، تۆتىنچى دەرىجىلىك بەگلەرگە 150 پاتمانلىق يەر، 50 نەپەر يانچى، بەشىنچى دەرىجىلىك بەگلەرگە 100 پاتمانلىق يەر، 30 نەپەر يانچى، ئالتىنچى دەرىجىلىك بەگلەرگە 50

پاتمانلىق يەر، 15 نەپەر يانچى بېكىتىپ بەرگەن. سۇ ئىنشائاتلىرىنى باشقۇرىدىغان مىراپ بەگلەرگە بۇرۇندىن تارتىپلا يەر ئاجرىتىپ بېرىلگەنلىكتىن، يېڭىدىن يەر ئاجرىتىپ بېرىلمەي، پەقەت بەش نەپەردىن يانچى ئاجرىتىپ بېرىلگەن.

كېيىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھەر دەرىجىلىك بەگلەرگە قىلىنىدىغان مۇئامىلىنى قىسمەن تەڭشەپ، يەر كۆلىمى ۋە يانچىلارنىڭ سانىنى ئازايتتى. بەگلەرنىڭ بۇنىڭدىن تارتقان زىيانلىرىنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى "ئىش ھەققى" شەكلىدە پۇل ئارقىلىق تولدۇرۇپ بەردى.

«مۇسۇلمانلار ماكانى ھەققىدە ئومۇمى تەزكىرە» ناملىق ئەسەردە بېرىلگەن مەلۇماتقا ئاساسەن، بەگلەرگە قىلىنىدىغان ئىقتىسادىي مۇئامىلىنى 986 - بەتتىكى جەدۋەل ئارقىلىق كۆرسەتتۇق.

شۈبھىسىزكى، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان دەرىجە ۋە ئىش ھەققىنى بېكىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەدبىرلەر روشەن مۇكاپاتلاش خاراكتېرىنى ئالغان ئىدى. ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى مۇشۇنداق مۇكاپاتلاشلارغا سۈيۈنۈپ چىڭ سۇلالىسىدىن ئېرىشكەن ھوقۇق ۋە مەنپەئەت يەركەن خاندانلىقى بىلەن جۇڭغار خاندانلىقى ۋاقتىدىكىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى.

بۇ مەنپەئەت ۋە ھوقۇقلار مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: سىياسى جەھەتتە، ئۇلار ئۇنۋان ۋە شۆھرەتكە ئېرىشتى، مەمۇرى ھوقۇقىتىن بەھرىمەن بولدى، ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئۇلار چىڭ سۇلالىسى بەلگىلەپ بەرگەن ئىقتىسادىي ئىمتىيازلارغا ئىگە بولدى، ئۇلارنىڭ ئىلكىدە يەر ۋە يانچى بولدى.

لېكىن، بۇ ھالەتنىڭ شۇ پېتى داۋاملىشىۋېرىشىگە يول قويۇلىدىغان

| دەرىجە | مەنسەپ نامى | مائاش (مىڭ يارماق) | (پاتمان) يەر | يالچى |
|---|---|---|---|---|
| 3 – | هاكىمبەگ | 30 | 150 | 80 |
| 4 – | ئىشىك ئاغابەگ | 15 | 100 | 50 |
| 4 – | شاڭبەگ | 12.5 | 80 | 30 |
| 4 – | غەزنىچىبەگ | 12.5 | 80 | 30 |
| 4 – | هاكىمبەگ | 12.5 | 80 | 30 |
| 5 – | هاكىمبەگ | 7.5 | 40 | 15 |
| 5 – | مۇتەسسىپبەگ | 7.5 | 40 | 15 |
| 5 – | ناقىپبەگ | يوق | 60 | 15 |
| 5 – | قازىبەگ | يوق | 60 | 15 |
| 5 – | مىراپبەگ | يوق | 40 | 15 |
| 6 – | هاكىمبەگ | 5 | 30 | 4 |
| 6 – | شىغاۋۇلبەگ | 5 | 30 | 4 |
| 6 – | باغتاربەگ | 5 | 30 | 4 |
| 6 – | مىڭبەگ | 5 | 30 | 4 |
| 6 – | ئەرباپبەگ | 5 | 30 | 4 |
| 6 – | دورغابەگ | 5 | 30 | 4 |
| 6 – | باجگىربەگ | يوق | 30 | 4 |
| 6 – | قازىبەگ | يوق | 30 | 4 |
| 6 – | مىراپبەگ | يوق | 20 | 3 |
| 7 – | مىڭبەگ | يوق | 10 | 2 |
| 7 – | مىراپبەگ | يوق | 10 | 2 |

بولسا، جەزمەن يېڭى بۆلۈنۈش ۋەزىيىتى كېلىپ چىقىشى مۇقەررەر ئىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا ھەرگىز تاقەت قىلىپ تۇرالمايتتى. شۇڭلاشقا، بۇنىڭغا مۇناسىپ بىر قاتار چەكلەش خاراكتىرىدىكى تەدبىرلەر مەيدانغا كەلدى.

1. بەگلەرنى تەيىنلەش، خىزمەتتىن قالدۇرۇش، ئۆستۈرۈش ۋە يۆتكەشنى چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىۋاستە ئۆز ئىلكىدە تۇتتى.

1763 ـ يىلى، چيەنلۇڭ ھەربى ئىشلار ۋەزىرىگە يولىيورۇق بېرىپ مۇنداق دىگەن: "...مۇسۇلمان (ئۇيغۇرلار) رايونىدىكى ئالتىنچى دەرىجىدىن تۆۋەن كىچىك بەگلەرنى ئۆزەڭلار نامزات تاللاپ بېكىتسەڭلار بولىدۇ. ھەرقايسى جايلاردىكى ھاكىمبەگلەر ئومۇمى ئىشلارنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدارلار بولۇپ، ئىچكىرىدىكى ۋالىلارغا تەڭ، شۇڭا، ئۇلارنىڭ نامزاتلىرىنى ۋە ئۆزەڭلارنىڭ خاھىشىنى ماڭا مەلۇم قىلىپ، مېنىڭ ئالدىمدىن ئۆتكۈزۈڭلار..."⑧

ھەربى ئىشلار ۋازارىتى بۇ پەرماننى بىجا كەلتۈرۈپ، «بەگلەرنى تەيىنلەش مىزانى»نى ئالاھىدە تۈزۈپ چىقتى. بۇنىڭدا ئۇيغۇرلار رايونىدىكى بەگلەرنىڭ سانى، ۋۇجۇتقا كېلىش تەرتىۋى، تەستىقلاش ھوقۇقى ئېنىق بەلگىلەنگەن.

ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك بەگلەر جەمئى 289 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بەشىنچى دەرىجىدىن يۇقۇرى ھاكىمبەگلەر ۋە تۆتىنچى دەرىجىدىن يۇقۇرى ئىشىك ئاغا بەگلەردىن 22 سى بار ئىدى. بۇلارنى چىڭ سۇلالىسى پادىشاسى ئۆزى قاراپ چىقىپ تەستىقلاپ تەيىنلەيتتى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىش تەرتىۋى مۇنداق ئىدى: ئاۋال جايلاردىن نامزاتلار كۆرسىتىلەتتى، ئاندىن قەشقەر مەسلىھەتچى

ئامبانى ئەمەلىي ئېھتىياجدىن بىر باراۋەر كۆپ يەنى 44 نامزاتنى تاللاپ چىقىپ پادىشانىڭ تاللاپ تەستىقلىشىغا سۇناتتى. بۇنىڭدىن باشقا دەرىجىدىكى بەگلەرنىڭ نامزاتلىرىنى قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبانى بىلەن جايلاردىكى ئىش بېجىرگۈچى ئامبانلار كېڭىشىپ تاللاپ چىقاتتى. بۇ نامزاتلارنىڭ سانىمۇ ئەمەلىي ئېھتىياجدىن بىر باراۋەر كۆپ بولاتتى. بۇ بەگلەرنى چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي ئىشلار ۋازارىتى تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ تەيىنلەيتتى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە ھەر يىلى ئەتىياز بىلەن كۈز پەسىللىرىدە، جايلاردىكى بەگلەرنى ئۆستۈرۈش، قالدۇرۇش ۋە يۆتكەش ئەھۋالىنى تىزىملاپ، چېگرا رايون ئىشلىرى مەھكىمىسىگە يوللاپ ئەنگە ئالدۇراتتى.

2. بەگلىك مەنسۇپىگە ۋارىسلىق قىلىنمايدۇ دەپ بەلگىلەندى.

ئىش ھەققى (جۇملىدىن يەر ۋە يانچى) پەقەت خىزمەت ئۆتەۋاتقان بەگلەرگىلا بېرىلدى، خىزمەتتىن قالدۇرۇلغاندا، ئىش ھەققىمۇ توختىتىلدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا "ئۆز يۇرتىدىن يىراقلاشتۇرۇش" چارىسىنى قوللىنىپ، بۇ جايدىكى كىشىنى يەنە بىر جاينىڭ ھاكىمبەگلىكىگە قويۇش، يەنە بىر جايدىكى كىشىنى بۇ جاينىڭ ھاكىمبەگلىكىگە قويۇشنى بېكىتتى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دىنىي مەزھەپ بىلەن يۇرتۋازلىق كۆز قارىشىنىڭ ئۇيغۇرلار ئاڭ-پىكىرىدىكى ئورنىغا ۋە مۇشۇ ۋەجىدىن كېلىپ چىققان ئاداۋەتچىلىككە دىققەت قىلدى، "ئۆز يۇرتىدىن يىراقلاشتۇرۇش" چارىسى ئەنە شۇ ئىجتىمائىي ۋە پسىخىك شارائىتتىن پايدىلىنىپ، بەگلىككە تەيىنلەنگەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۆز تەسىر

دائىرىسىنى ھاسىل قىلىۋېلىش پۇرسىتىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇردى.

3. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بەگلەرنىڭ ھوقۇقىنى چەكلەش مۇددىئاسىنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك ھاكىمبەگلەرنى كونكرېت ۋە ئەمەلىي خىزمەتلەرگە بىۋاستە قول سالماسلىققا ئاگاھلاندۇردى، كونكرېت ۋە ئەمەلىي ئىشلارنى مۇشۇ ئىشلارغا كونكرېت مەسئۇل بەگلەرنىڭ ئىشلىشى بەلگىلەندى. بۇنىڭدىن مەقسەت ھوقۇقنى پارچىلاش يولى بىلەن، ھاكىمبەگلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلەشتىن ئىبارەت ئىدى.

بۇنى ئىسپاتلايدىغان يەنە بىر پاكىت شۇكى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىشىك ئاغا بەگلەرنىڭ رولىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈردى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھاكىمبەگلەردىن كەسپىي بەگلەرنىڭ خىزمەت نەتىجىسى ۋە تەكلىپلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى ئىنكار قىلىشتا چەزمەن ئىشىك ئاغا بەگلەرنىڭ ماقۇللۇغىنى ئېلىشنى ئالاھىدە تەلەپ قىلدى.

ئىشىك ئاغابەگ يەركەن خاندانلىقى مەزگىلىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن مەنسەپ ئىدى. شۇ ۋاقىتلاردا ئۇ مەسلىھەتچىگە ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر مەنسەپ ئىدى. بۇ مەنسەپنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي مەزگىللەردىكى ئوخشاش بولمىغان روللىرىنى سېلىشتۇرغاندا، شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىشىك ئاغابەگنى ھاكىمبەگدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ھاكىمبەگلەرنىڭ بىر قىسىم ھوقۇقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئاجىزلاشتۇردى ۋە پارچىلىۋەتتى.

مۇشۇ مەقسەتتە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە ئاسانلا نەپ

ئۇندۇرۇپ ئالالايدىغان مەنسەپلەر، مەسىلەن، دورغابەگ (كاتد-
ۋات، خەت-ئالاقە ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى) لەرنى ھاكىمبەگ
چەمەتىدىكىلەر ياكى ھاكىمبەگنىڭ خوتۇن تەرەپ تۇققانلىرىدىن
تەيىنلىمەسلىكنى بەلگىلىدى ھەمدە ھاكىمبەگنىڭ بۇ مەنسەپكە ئۆز
ئالدىغا نامزات كۆرسىتىشكە رۇخسەت قىلمىدى. ئەگەر ھاكىمبەگنىڭ
بۇ مەنسەپكە نامزات كۆرسىتىشى توغرا كەلسە، ئىشىك ئاغابەگ،
غەزنىچىبەگ ۋە شاڭبەگ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ
ماقۇللۇقىنى ئېلىشى شەرت قىلىندى.

4. ھاكىمبەگلەرنىڭ يولىدىن چەتلەش ھەركىتىگە نازارەت
قىلىش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى "ئەگەر ھاكىمبەگلەر
بۇرۇنقىغا ئوخشاش ھوقۇقنى ئۆز ئالدىغا تارتىۋېلىپ، ئۆز بېشىم-
چىلىق قىلسا، بەگلەرنىڭ بۇ قىلمىشلىرى توغرىسىدا شۇ يەردە
تۇرۇشلۇق ئامبانلارغا ئەرز قىلىشقا يول قويۇلىدۇ، ئېنىقلىنىپ،
راستلىقى ئىسپاتلانسا، ھاكىمبەگلەرگە جازا بېرىلىدۇ" دېگەن
بەلگىلىمىنى چىقاردى⑨.

بۇ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ يەرلىك فېئودال ئاقسۆڭەك-
لەرنىڭ ھەركىتىنى چەكلەش مەقسىتىدە تۈزگەن ئاخىرقى مۇداپىئە
لىنىيىسى ئىدى. چىڭ سۇلالىسى بۇ بەلگىلىمىلەردىن پايدىلىنىپ
ئۆزىگە باشقىچە تۇيۇلغان كۈچلەرنى تۈرلۈك بانا-سەۋەبلەر ھەتتا
تۆھمەتلەر ئارقىلىق خالىغان ۋاقىتتا تىزگىنلىيەلەيتتى ياكى يوقىتا-
لايتتى.

چىڭ سۇلالىسى قوللانغان سىياسى تەدبىرلەر ئىچىدە تىلغا ئېلىپ
ئۆتۈشكە تېگىشلىك ئاخىرقى مەزمۇن كىشلەر راينى ئۆزگەرتىش
مەقسىدىدە قوللانغان ئىككى سىياسەتتۇر.

بىرىنچىسى، ئايرىپ تاشلاش سىياسىتى.

بۇ ئايرىپ تاشلاش سىياسىتى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى ئۇيغۇر پۇقرالىرىدىن ئايرىپ تاشلاش، خەنزۇ پۇقرالىرىنى ئۇيغۇر پۇقرالىرىدىن ئايرىپ تاشلاشتەك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇ سىياسەت بويىچە قەشقەر، يەركەن، ئاقسۇ، تۇرپان، كۇچار قاتارلىق جايلاردا يېڭى سېپىل-قورغان ياسىلىپ، ئۇلارغا يېڭى شەھەر دەپ نام بېرىلدى، ئەسلىدە بار قەلئەلەر كونا شەھەر دەپ ئاتالدى. يېڭى شەھەرلەرگە مانجۇ، خەنزۇ پۇقرالىرى جايلاشتى. شۇڭا يېڭى شەھەرلەر خەنزۇلار شەھىرى دىگەن مەنىدە "خەنچېڭ" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كونا شەھەرلەرگە ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرى ۋە ئۇيغۇر پۇقرالىرى جايلاشقانلىقتىن، ئۇيغۇرلار شەھىرى دىگەن مەنىدە "خۇيچېڭ" دەپمۇ ئاتىلىدۇ، مانجۇ، خەنزۇ پۇقرالىرى ۋە تۇرۇشلۇق قوشۇن ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆز مەيلىچە ئۇيغۇرلار قەلئەسىگە كىرىشى مەنئى قىلىندى. خەنچېڭ بىلەن خۇيچېڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەلۇم بىر ئارىلىق سودا بازىرى بولاتتى ۋە بۇ "گەيشاڭ" دەپ ئاتىلاتتى. تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى بىرمۇنچە جايلاردا ئۇيغۇر خەلقى ھېلىمۇ شۇ دەۋردىن قالغان ئىسىملارنى قوللىنىپ كەلمەكتە، مەسىلەن، ئاقسۇنى ئاقسۇ يېڭى شەھەر، ۋېنسۇنى ئاقسۇ كونا شەھەر دەپ ئاتاشقا ئوخشاشلار. يەركەن، كۇچار، خوتەن، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىمۇ خەنچېڭ، خۇيچېڭ، گەيشاڭ دىگەن ناملار قوللىنىلىپ كەلمەكتە.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى خەلقلىرىنىڭ، بولۇپمۇ خەنزۇ سودىگەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىغا كىرىشىنى قاتتىق چەكلىدى. ئەگەر ئۇيغۇرلار رايونىغا كىرىش توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن چىڭ سۇلالىسى مەمۇرى دائىرىلىرىنىڭ ماقۇللۇغىنى ئېلىشى

شەرت ئىدى. ئۇلار ئۇيغۇرلار رايونىغا كىرگەن تەقدىردىمۇ داۋاملىق ھالدا تۇرلۇك چەكلىمىلەرگە ئۇچراپ تۇردى، مەسىلەن، ئۇلارنىڭ دىخانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت قىلىنماي، كۆكتاتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشىغىلا رۇخسەت قىلىندى. خۇسۇسىلاردىن يەر ئىجارىگە ئېلىشىغا رۇخسەت قىلىنماي، ھۆكۈمەت تەۋەلىگىدىكى يەرلەرنى ئىجارىگە ئېلىشىغىلا رۇخسەت قىلىندى. يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن ئېلىم-بېرىم قىلىش مەنئى قىلىندى.

بۇنىڭدىن باشقا، مانجۇلار ۋە خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى نىكا ئىشلىرىمۇ مەنئى قىلىندى[10].

ئىككىنچىسى، ھەددىدىن زىيادە كەسكىن بەزى تەدبىرلەر يۇمشىتىلدى.

ئەڭ گەۋدىلىك مىسال شۇكى، چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى مانجۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بويىچە چاچلىرىنى ئۆرۈشكە زورلىمىدى. ۋاھالەنكى، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونلىرىدا چاچ ئۆرۈش چىڭ سۇلالىسى پۇقرالىرىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە قاتتىق يولغا قويۇلغان ئىدى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىرمۇنچە ئېغىر پاجىئەلەر كېلىپ چىققان ئىدى. لېكىن، ئۇيغۇرلار رايونىدا پەقەت ئۇچىنچى دەرىجىلىكتىن يۇقۇرى ھاكىمبەگ، ۋاڭ، گۇڭلار قاتارلىق ئاقسۆڭەكلەرلا چاچلىرىنى ئۆرەتتى ۋە مانجۇچە كىيىم كىيەتتى، ئاقىۋەتتە، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا قاتتىق پاجىئە كەلتۈرۈپ چىقارغان چاچ ئۆرۈش ئىشى ئۇيغۇرلار رايونىدا شۆھرەت بەلگىسى بولۇپ قالدى.

چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلار رايونىدا مۇشۇنداق يۇمشىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشتا، ھەم سىياسى جەھەتتە ئېھتىياتچان بولۇش پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلىگەن، ھەم ئۆزىگە تولۇق ئىشەنچ باغلىغان-

لىغىنى ئىپادىلىگەن.

چىڭ سۇلالىسى چېگرا رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئەزەلدىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن ئىدى. بۇنىڭدا سىياسى جەھەتتىكى سەۋەپ، ئەلۋەتتە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئەمما بۇنىڭدا پسىخولوگىيە جەھەتتىكى سەۋەپمۇ بار ئىدى. نوپۇس جەھەتتىكى ئازچىلىق، مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرقلەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدە يېتىملىك تۇيغۇسىنى پەيدا قىلاتتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن يېقىنلىششى، بولۇپمۇ ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يۇقۇرى تەبىقىسى بىلەن يېقىنلىششىدىن مەقسەت ئېلىمىزدىكى ئاساسلىق مىللەت بولغان خەنزۇلارنىڭ تەسىرىنى يەكلەشتىن ئىبارەت ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا يولغا قويغان بىر قاتار يۇمشىتىش تۈسىنى ئالغان تەدبىرلىرىدە دەل چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ سىياسى جەھەتتىكى ئېھتىياتچانلىغى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

بۇ تەدبىرلەردە يەنە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ سىياسى جەھەتتىكى ئىشەنچى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىدى. بۇ مەزگىل چىڭ سۇلالىسى روناق تېپىۋاتقان مەزگىل ئىدى. پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى چوڭ ھەربى پائالىيەتلەر ئارقا-ئارقىدىن توختىغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇقىم، تۇراقلىق سىياسى شارائىتتا ئىقتىسادىي ئىشلاردا يېڭى يۈكسىلىش بولغان ئىدى. دېمەك، مۇشۇ مەزگىل چىڭ سۇلالىسىنىڭ سىياسى، ھەربى ۋە ئىقتىسادىي قۇدرىتى ئاشقان مەزگىل ئىدى. بۇ مەزگىلدە يالغۇز ئۇيغۇرلار رايونىدىلا ئەمەس، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ سىياسى تەدبىر-

لىردە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ ئىپادىلەنگەن، بۇرۇنقى ئىسكەنجىگە ئېلىش، يەكلەش خاھىشىدىن قۇتۇلۇپ، كەڭچىلىك قىلىش، سىپاگەر بولۇش روھىي ھالىتى ئىپادىلەنگەن ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا يولغا قويغان بىر قاتار سىياسى تەدبىرلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىققاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ مەقسىدى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدا مۇقىم سىياسى ۋەزىيەت يارىتىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، دەسلەپكى يېرىم ئەسىر ئىچىدە چىڭ سۇلالىسى ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنىڭ بۇ سىياسى مەقسىدىگە يەتكەن.

# ئىككىنچى بۆلۈم  چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلار رايونىدا يولغا قويغان ئىقتىسادىي تەدبىرلەر ۋە مەدەنىيەت تەدبىرلىرى

## 1. ئىقتىسادىي تەدبىرلەر

1755 ـ يىلىدىن 1759 ـ يىلغىچە بولغان قىسقىغىنە تۆت يىل ۋاقىت ئىچىدە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا قاراتقان ئۈچ قېتىملىق ھەربىي ھەركىتى ئۈچۈن نۇرغۇن ماددىي كۈچ ۋە ئادەم كۈچى سەرپ قىلدى. ئارقىدىنلا يەنە تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا نۇرغۇن قوشۇن تۇرغۇزدى. ئۇرۇشلار كەلتۈرۈپ چىقارغان مالىيە جەھەتتىكى زىياننى قانداق قىلىپ تولدۇرۇش مەسىلىسى بىر ياقتا تۇرسۇن، پەقەت تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا تۇرغۇزۇلغان قوشۇنلارنىڭ خىراجىتىنى تەمىنلەشنىڭ ئۆزىلا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە مالىيە جەھەتتە ئېغىر يۈك بولۇپ قالغان ئىدى. 1761 ـ يىلىغا يەتكەندە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھەر يىلى شەنشى، گەنسۇ ۋە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىنىڭ باشقا جايلىرىدىن تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا ئاجرىتىپ بەرگەن خىراجەت 275 مىڭ سەر كۈمۈشكە يەتتى⑪.

ھەربىي خىراجەتنى نوقۇللا چەت جايدىن كەلتۈرۈشتەك بۇنداق چارە مەسىلىنى ھەل قىلىشقا پايدىسىز ئىدى. بۇ ھالەت مۇشۇنداق

كېتىۋېرىدىغان بولسا، جەزمەن باشقا رايونلارنىڭ مالىيە ئېغىرچىلى-
غىنى كۆپەيتىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مالىيە تەڭپۇڭلۇقىغا نۇقسان
يەتكۈزۈشى مۇقەررەر ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي
ۋە شىمالىي رايونلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، پۇل بولغىنى بىلەن،
ئۇنىڭغا مۇناسىپ ماددىي ئەشيا بولمىسا، جەزمەن مال باھاسى ئۆرلەپ
كېتىپ، ئىقتىسادىي قالايمىقانچىلىق، ھەتتا ئىقتىسادىي ۋەيرانچىلىق
كېلىپ چىقاتتى، بۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ
رايوندىكى ھۆكۈمرانلىقى خەتەرلىك ئەھۋالغا دۇچ كېلەتتى. شۇ
سەۋەپتىن، بۇ چىڭ سۇلالىسى ھەل قىلمىسا بولمايدىغان مەسىلە
بولۇپ قالدى.

روشەنكى، يەرلىك ئىقتىساتنى تۇراقلاشتۇرۇش ۋە قايتا تىكلەش
غايەت زور ئىقتىسادىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى
غايەت زور سىياسىي ئەھمىيەتكىمۇ ئىگە. چىڭ سۇلالىسى بۇ مەسىلى-
نىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەن.

ئەمەلىيەتتە، چىڭ سۇلالىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا
سىياسىي ھەم ھەربىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بولغاندىن كېيىنلا،
ئىقتىسادىي مەسىلە يېڭى تېما سۈپىتىدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ
ئالدىغا قويۇلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ مەسىلە دەسلەپتىلا قاتتىق
تەخىرسىزلىك تۈسىنى ئالغان ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ
جەنۇبىي ۋە شىمالىغا قاراتقان ئىقتىسادىي تەدبىرلىرى ئەنە شۇنداق
يېڭى كەسكىن ئوبيېكتىپ زۆرۈرىيەتنىڭ تۈرتكىسىدە مەيدانغا چىقتى.
چىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا يولغا قويغان
ئىقتىسادىي تەدبىرلىرى، يىغىپ ئېيتقاندا، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش
سىياسىتى، باج سىياسىتى، پۇل مۇئامىلىسى سىياسىتى ۋە سودا

سىياسىتىدىن ئىبارەت تۆت جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىياسىتى:

چىڭ سۇلالىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا قاراتقان تەدبىرلەر ئىچىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىياسىتى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

بوز يەر ئېچىپ دېخانچىلىق قىلىش بۇ رايوندا ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىدى. خەن سۇلالىسىدىن بۇيانقى فېئودال سۇلالىلەر بۇ رايوندا مۇشۇ تەدبىرنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا بىردەك يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ئەمما ھاسىل قىلىنغان ئۈنۈمدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى چىڭ سۇلالىسىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن.

1725-يىلىلا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قۇمۇل ۋە باركۆلدە ئەسكەرلەرنى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ دېخانچىلىق قىلىشقا ئۇيۇشتۇرغان. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا ئۈچ قېتىم ھەربى يۈرۈش قىلغاندا، قۇمۇل بىلەن باركۆل چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئۇرۇشقا ئاتلىنىشىدا ئاساسلىق بازا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مۇھىم ئارقا سەپ تەمىنات بازىسى بولغان ئىدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئۆزىگە كېرەكلىك مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئوزۇق-تۈلۈك ۋە ئات-تۆگىنى مۇشۇ جايلاردىن ئالدى. بۇنىڭ بىلەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ دېخانچىلىق قىلىشنىڭ ئەۋزەللىكى ھەممە كىشى ئېتىراپ قىلغان پاكىت بولۇپ قالدى.

چىڭ سۇلالىسى بۇ رايوندا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئاخىرقى ھېساپتا تىكلىگەندىن كېيىن، ئۇرۇشتىن قېپقالغان ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش بىلەن بىللە، قوشۇنلارنىڭ كۆپىيىشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئاشلىق يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى جىددى ھەل قىلىش

چارىسىنى تېپىش زۆرۈر ئىش بولۇپ قالدى. ھەربىي ئوزۇق-تۈلۈك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىن-بىر ئوبدان چارىسى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە كېڭەيتىپ، بۇ رايوننىڭ ئۆزىدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئاشلىقلارنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تېزلىك بىلەن يېڭى ئىجتىمائىي ئېھتىياجنى قامداپ كېتەلەيدىغان سەۋىيىگە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇنداق قىلمىغاندا، بۇ رايوننىڭ ئىقتىسادىنى تۇراقلاشتۇرۇش ۋە يۈكسەلدۈرۈش نىشانى ھەرگىز ئىشقا ئاشمايتتى. شۇنداق قىلىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ دېھقانچىلىق قىلىش ئىشى داۋاملىق ھالدا ھەربىي ئىشلار ئېھتىياجى بىلەن باغلىنىپ قالدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ دېھقانچىلىق قىلىشنى بىر خىل ئاساسلىق ئىقتىسادىي سىياسەت قىلىپ بېكىتىپ، ئۇنى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا زور كۈچ بىلەن يولغا قويدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ تۈرى ۋە دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش بىلەن بىللە، بۇ پائالىيەتنى "ھەربىيلەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى"، "مەھبۇسلارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى"، "پۇقرالارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى"، "مۇسۇلمانلارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى" دىن ئىبارەت تۆت خىلغا ئايرىپ چىقتى.

بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ دېھقانچىلىق قىلىشتا، ئاساسەن تىيانشاننىڭ شىمالى نۇقتا قىلىندى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، تىيانشاننىڭ شىمالىدا يەر كۆپ، ئاھالە ئاز، شۇنداقلا تىيانشاننىڭ شىمالىدا تۇرغۇزۇلغان قوشۇنلارمۇ كۆپ بولۇپ، ئۇلار شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە ئوزۇق-تۈلۈك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا بەكرەك مۇھتاج ئىدى.

ھەربىيلەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى دېگەندە، جايلاردا تۇرۇش-

لۇق يېشىل تۇغلۇق ئەسكەرلەر ۋە قىسمەن سەككىز تۇغلۇق ئەسكەرلەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ھەربىر ئەسكەرگە 20 مو يەر ۋە ئۇرۇقلۇق، تېرىلغۇ ئۇلاقلىرى بېرىلەتتى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى ھۆكۈمەتكە يىلىغا 12 دادەندىن 18 دادەنگىچە ئاشلىق تاپشۇرۇشى لازىم ئىدى.

مەھبۇسلارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى دېگەندە، بۇ يەرگە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىن سۈرگۈن قىلىنغان مەھبۇسلارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ھەر بىر مەھبۇسقا 12 مو يەر ۋە ھەر بىر بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئەسكەرگە بېرىلىدىغان ئۇرۇقلۇق ۋە تېرىلغۇ ئۇلاقلىرىنىڭ يېرىمى بېرىلەتتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ھۆكۈمەتكە يىلىغا ئالتە دادەن ئاشلىق تاپشۇرۇشى لازىم ئىدى.

پۇقرالارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى دېگەندە، گەنسۇ، شەنشىلەردىن كۆچۈپ كەلگەن خەنزۇ، خۇيزۇ پۇقرالىرىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھەر بىر ئائىلىگە 30 مو يەر بېرىلەتتى، ئۇرۇقلۇق ۋە تېرىلغۇ ئۇلاقلىرى بېرىلمەيتتى. ھەر يىلى ئۇلاردىن بەش مىسقال كۈمۈش ياكى سەككىز شىڭ ئاق ئاشلىق ئېلىناتتى.

مۇسۇلمانلارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى دېگەندە، ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بىر كەشپىياتى ئىدى. بۇ پائالىيەت تىيانشاننىڭ شىمالىنى، بولۇپمۇ ئىلى رايونىنى گۈللەندۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىياسىتىدە تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك نەتىجىلەرنى ھاسىل قىلدى. شۇڭا بۇ مەزمۇنغا ئائىت بايانلار، تەبىئىكى، مۇشۇ بۆلۈمدە مۇھىم سالماقنى

ئىگەللەيدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى 1760 ـ يىلى باشلاندى. شۇ يىلى ئاقسۇدىكى ئىش بېجىرگۈچى ئامبان ئاگۇي 300 تۈتۈن ئۇيغۇرنى باشلاپ ئىلىغا كېلىپ، ئۇيغۇرلارنى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى چولۇقاي (ھازىرقى غۇلجا ناھىيىسى دائىرىسىدە)غا ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئۇلارغا ئۆستەڭ چاپقۇزۇپ، بوز يەر ئاچقۇزدى. بۇنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى "مۇسۇلمانلارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى" دەپ ئاتىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلى رايونىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشى جۇڭغار خاندانلىقى مەزگىلىدىلا باشلانغان، شۇ چاغدا، جۇڭغارلار بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا كۆچۈرۈپ كېلىپ دېھقانچىلىق قىلغۇزغان. جۇڭغارلار بۇ ئۇيغۇرلارنى تارا ئاچىن (تېرىقچىلىق قىلغۇچىلار) دەپ ئاتىغان. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ نام تارانچى بولۇپ ئۆزگىرىپ، ئىلى رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خاس ئىسمى بولۇپ قالدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا كەلگەندە تارانچىلار ھەتتا بىر مەزگىل مىللەت دەپ قارالدى.

ئۇيغۇر بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچىلەرنىڭ تېرىلغۇ يېرى سېلىنغان ئورۇق سانى بويىچە ھېساپلاندى. قىزىق يېرى شۇكى، يەر كۆلىمىنى بۇنداق ھېساپلاش ئۇسۇلى ئىلىدا تاكى ئازاتلىق ھارپىسىغىچە قوللىنىلدى.

ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئىلى رايونىغا كۆچۈرۈش ئىشى 1765 ـ يىلىدىكى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىدىن باشلىنىپ، ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى. ئوخشاش بولمىغان مەزگىلدىكى كۆچۈرۈش ئوخشاش بولمىغان مەقسەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بولدى. دەسلەپتە

قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئۇچتۇرپان ئۇيغۇر پۇقرالىرى كۆچۈرۈلگەن ئىدى، بۇ ۋاقىتتىكى كۆچۈرۈش سۈرگۈندىن ھېچ پەرقلەنمەيتتى، تا بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋام قىلىپ كەلگەن ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ بەزى خەلق ناخشىلىرى بۇ كۆچمەنلەرنىڭ تارتقان جەۋرى-جاپالىرىنى كۈچلۈك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىلى رايونىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئۇيغۇرلار چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە غايەت زور پايدا كەلتۈردى. ئۇلار، بىر تەرەپتىن، سانى ئازىيىپ كەتكەن يەرلىك ئاھالىلەر سانىنى كۆپەيتـ-كەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىلىدىكى مول سۇ مەنبەسى ۋە مۇنبەت يەرلەرنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. ئېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، ئۇلار چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرىگە ئىلى رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىكى جەھەتتىكى ئىنتايىن ئەۋزەل شارائىتىنى تونۇتتى.

ئىقتىسادىي مەنپەئەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇزاق ئۆتمەي يەركەن، خوتەن، قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن تېخىمۇ كۆپ ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى ئىلىغا كۆچۈرۈپ كەلدى. ئۇلار ھەر 100 تۈتۈن بىرلىك قىلىنىپ، ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن "يۈز" سۆزى قوشۇلۇپ ئاتىلىدىغان كەنت، مەھەللەر بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، تۇرپانىيۈزى، خۇدايارىيۈزى، جىلىلىيۈزى (جىلىيۈزى) قاتارلىق مەھەللە ناملىرى ھازىرغىچە ئىلى رايونىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

1768-يىلىغا كەلگەندە، ئىلى رايونىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ سانى 6383 تۈتۈنگە يەتتى. ھالبۇكى، ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئارىسىدىكى رىۋايەتلەردە ئۇلار 8000 تۈتۈن دېيىلگەن. بۇنىڭ بىلەن شۇ زامانلاردا "ئىلى 8000" دېگەن سۆزلەر تارقالدى.

ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىگى سۇ مەنبەلىرىنى قوغلىشىپ تاغ باغرىلىرىغا ماكانلاشتى. ئۇلار ئورۇنلاشقان جايلار ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى جاغىستايدىن باشلىنىپ، ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى توقاي، بولۇكەي، قولۇستاي، چولۇقاي ھەتتا بايانداينغىچە سوزۇلۇش بىلەن، ئىلى ۋادىسىغا يۇزلەنگەن يېرىم چەمبىرەكسىمان دائىرە شەكىللەندۇردى. تاغ باغرىنى بويلاپ بوزيەر ئۆزلەشتۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر پۇقرالىرى تاغدىن ئېقىپ چىققان دەريا ئېقىنلىرىنى بويلاپ، بىردەك ئىلى دەرياسىغا سىلجىپ، بۇگۇنكى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى رەت-رەت مەھەللىلەر ۋە ئېتىزلارنى بارلىققا كەلتۇردى.

بوز يەر ئۆزلەشتۇرگۇچى ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى ئۇنۇملۇك باشقۇرۇش ئۇچۇن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۇمىتى يەرلىك مەمۇرى ئاپپاراتلارنى كېڭەيتىپ، ھاكىمبەگ تەسىس قىلدى ھەمدە نىڭيۈەن (غۇلجا) قەلئەسىنى سالدۇرۇپ، ئۇنى بوز يەر ئۆزلەشتۇرگۇچى ئۇيغۇرلارنى باشقۇرۇش مەركىزى قىلىپ بەلگىلىدى. ئىلى رايونى يېڭى ئاشلىق بازىسىغا ئايلىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇرلارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۇرۇشى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۇمىتىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۇرۇش ئىشىدا مۇھىم سالماقنى تۇتىدىغان بولدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۇرۇشىنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالىشىدىكى يەنە بىر سەۋەپ شۇكى، چىڭ سۇلالىسى بوز يەر ئۆزلەشتۇرگۇچى دىخانلارنىڭ تەشەببۇسكارلىقىغا ئىلھام بېغىشلايدىغان مۇكەممەل سىياسەت يۇرگۇزگەن ئىدى. بۇ سىياسەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە غەللە-پاراق ۋە نوپۇس سانىنى تۇراقلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۇمىتىنىڭ بەلگىلىمىسى مۇنداق ئىدى: 6383

تۈتۈن بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئۇيغۇر دىخانلىرىنىڭ ھەر بىر تۈتۈنى يىلىغا 16 دادەن غەللە-پاراق تاپشۇرىدۇ، ئالۋاڭ-سەيسىگە ئىشلەش ۋەجىدىن غەللە-پاراق كەچۈرۈم قىلىنغانلارنى ھىساپقا ئالمىغاندا، جەمئى 96 مىڭ دادەن غەللە-پاراق تاپشۇرىدۇ؛ بۇ نوپۇس ۋە غەللە-پاراق كۆرسەتكۈچى 21 يىلغىچە ئۆزگەرمەيدۇ. بۇ 21 يىل ئىچىدە ئاتا-بالا، ئاكا-ئۇكا بۆلۈنۈپ ياشىغان ھالەتتىمۇ يەنىلا بىر تۈتۈن ھىساپلىنىدۇ. مۇشۇنداق بولغانلىقتىن، بىرنەچچە يىل ئۆتمەيلا بىر تۈتۈندىن ئېلىنىدىغان 16 دادەن غەللە-پاراق بىرقانچە تۈتۈنگە چۈشۈپ، دىخانلارنىڭ ئېغىرچىلىقى يېنىكلەشتى.

1789-يىلىغا كەلگەندە، ئىلى ئۇيغۇر دىخانلىرىدىن ئېلىنىدىغان غەللە-پاراق يۈز مىڭ دادەنگە يەتتى. دېمەك، 21 يىل ئىچىدە ئارانلا 4000 دادەن ئاشتى. نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى نەتىجىسىدە، 21 يىلدىن كېيىن ئاشۇرۇلغان بۇ 4000 دادەن غەللە-پاراق بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئانچە چوڭ مەجبۇرىيەت ئەمەس ئىدى⑫.

بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سياسىتىنىڭ ئۈنۈمى ئۈستىدە تەپسىلى توختىلىش ھاجەتسىز، پەقەت مۇنۇ بىر مىسالدىنلا ئۇنىڭ پايدىسىنى تولۇق كۆرۈۋالالايمىز. 18-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىغا كەلگەندە ئادەتتىكى چىقىملارنى تەمىن ئەتكەندىن باشقا، ئىلىدا 500 مىڭ دادەن ھەربى ئوزۇق-تۈلۈك ساقلانغان.

باج سىياستى:

بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ دىخانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تىيانشانىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا سەرپ قىلىدىغان بىر قىسىم مالىيە مەسىلىسىنىلا ھەل قىلدى. لېكىن يەنە بىر

قسىم چىقىمنى بولسا نورمال ۋە داۋاملىق ئېلىنىدىغان باج-سېلىق ئارقىلىق ھەل قىلىشى لازىم ئىدى.

باج سىياسىتى جەھەتتە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاساسەن قوش مەقسەتلىك مۇنۇ ئىككى ئىشنى قىلدى: بىرى، باج-سېلىقنىڭ تۈرىنى يىغىنچاقلاپ، ھەددىدىن زىيادە ئالۋاڭ-ياساقلارنى كەچۈرۈم قىلىش. يەنە بىرى، باج-سېلىق تۆلىگۈچىلەرنى كۆپەيتىپ، مالىيە مەنبەسىنى كېڭەيتىش.

ئاۋال بىرىنچى مەسىلە، يەنى باج-سېلىقنىڭ تۈرىنى يىغىنچاقلاپ، ھەددىدىن زىيادە ئالۋاڭ-ياساقلارنى كەچۈرۈم قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

ئىشانلار مەزھەپلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە جۇڭغار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن كېيىن، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا باج-سېلىق تۈزۈمى ئىنتايىن قالايمىقانلىشىپ كەتكەن. چىڭ سۇلالىسى بۇ رايوندا دۇچ كەلگەن رېئاللىق شۇ بولدىكى، خەلقنىڭ يۈكى ئېغىرلىشىپ كەتكەن، ھۆكۈمەتنىڭ كىرىمى بولسا ئىنتايىن ئازىيىپ كەتكەن، كۆپ ساندىكى مالىيە كىرىمى ئارا يولدا فېئودال‌لار ۋە دىنىي ئورگانلار تەرىپىدىن ئىگەللىۋېلىنغان ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى، بۇنىڭ تەتۈرىچە ئىش قىلماقچى بولدى، باج-سېلىقنى ئىخچاملاشتۇرۇش تەدبىرى مانا مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن يولغا قويۇلغان⑬.

قەشقەرنى مىسالغا ئالساق، بۇ رايوننىڭ يىللىق باج-سېلىقى 4000 پاتمان ئاشلىق، 1600 چارەك پاختا، 365 چارەك زاراڭزا، 6000 تەڭگە پۇل، يىللىق ھاشىرى: تەرجىمان 17 نەپەر، لەنگەر خادىمى 20 نەپەر، شورتۇز قازغۇچى 15 نەپەر، قاراۋۇل، كۆۋرۈك،

كېمە، كۆمۈركان قوغدىغۇچى، مال باققۇچى، كۆكتات تېرىغۇچىلار 212 نەپەر ئىدى. يۇقۇرىدا ئېيتىلغانلاردىن باشقىلىرى زىيادە ئالۋاڭ-ياساق دەپ قارىلىپ، كەچۈرۈم قىلىۋېتىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئاپپاراتلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى ئىشلىتىشى، دىنىي ئورگانلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۇيغۇر پۇقرالىرىدىن پۇل يىغىشى، ھەر دەرىجىلىك بەگلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا پۇقرالارنىڭ ئات-ئۇلاقلىرىنى ئىشلىتىشى قاتتىق مەنئى قىلىندى.

باج-سېلىق تۈرىنى يىغىنچاقلاپ، ھەددىدىن زىيادە ئالۋاڭ-ياساقلارنى كەچۈرۈم قىلىش تەدبىرى ھەم مالىيە مەنبەسىنى مۇستەھكەملىدى، ھەم پۇقرالارنى خاتىرجەم قىلدى، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئوبدان ئۈنۈم بەردى.

ئەمدى ئىككىنچى مەسىلە، يەنى باج-سېلىق تۆلىگۈچىلەرنى كۆپەيتىپ، مالىيە مەنبەسىنى كېڭەيتىش مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تيانشاننىڭ جەنۇبىدا نوپۇسقا قاراپ غەللە-پاراق ئېلىش ئادىتىگە ۋارىسلىق قىلدى. ئوتتۇرا جۇڭگو رايونلىرىدا بولسا چىڭ سۇلالىسى "ئېتىز كۆلىمىگە قاراپ غەللە-پاراق ئېلىش تۈزۈمى"نى يۈرگۈزگەن ئىدى.

تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى بىلەن ئوتتۇرا جۇڭگو رايونلىرى ئوتتۇرىسىدىكى باج تۈزۈمىدە كۆرۈلگەن پەرقلەرنى تارىخىي ئادەتلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان. كىتاۋىمىزنىڭ ئالاقىدار بابلىرىدا بۇ ھەقتە بىرقانچە ئورۇندا توختالغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە قايتا ئىزاھات بېرىپ ئولتۇرمايمىز.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ باج سىياسىتىنى يولغا قويۇشتىكى
ئاساسلىق نىشانى مالىيە كىرىمىنى كۆپەيتىش ئىدى. ھالبۇكى،
نوپۇسقا قاراپ غەللە-پاراق ئېلىش تۈزۈمى، شۈبھىسىزكى، چىڭ
سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز نىشانىغا يېتىشىگە پۇرسەت تۇغدۇرۇپ
بېرەتتى، بۇنىڭ ئۇسۇلى باج تۆلىگۈچىلەرنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت
ئىدى. باج تۆلىگۈچىلەرنى قانداق قىلغاندا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ چىڭ
سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ھەممىدىن ئاۋال چېلىقىشنى يانچىلىق
تۈزۈمى تەرىپىدىن قامال قىلىنغان زور تۈركۈمدىكى دېخان قۇللار
(يانچىلار) ئىدى، يانچىلىق تۈزۈمى ئاساسىدىكى تۈرلۈك ئىمتىيازلار-
نىڭ بۇ رايوندا مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقىنىغا ئۇزاق بولغانلىقىدىن
ئىبارەت رېئاللىقنى نەزەردە تۇتۇپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى
دەسلەپتە ئۆزىنىڭ مۇشۇ بىر قىسىم پۇقرالىرى بىلەن بىۋاستە ئالاقە
قىلىشالمىغان ئىدى. ئەمدىلىكتە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى كۆپرەك
يانچىلارنى پۇقرالارنىڭ نوپۇسىغا قوندۇرۇپ، ئۇلارنى چىڭ سۇلالىسى
دائىرىلىرىغا بىۋاستە باج تۆلىگۈچىگە ئايلاندۇرۇشقا كىرىشتى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قوللانغان كونكرېت چارە رەسمىي
مەنسەپكە تەيىنلەنگەن بەگلەر ئۈچۈن يانچىغا ئىگە بولۇش چەكلىمى-
سىنى بەلگىلەپ، بۇ چەكلىمىدىن ئېشىپ كەتكەن يانچىنى بىردەك
پۇقرا ھېساپلاشتىن ئىبارەت بولدى. ئارقىدىنلا ”ئۆز يۇرتىدىن
يىراقلاشتۇرۇش“، مەنسەپكە ۋارىسلىق قىلماسلىق قاتارلىق تەدبىرلەر
ئارقىلىق فېئوداللارنى يانچىلار بىلەن پەقەت ۋاقىتلىق ۋە چەكلىمە-
لىك بېقىندىلىق مۇناسىۋەتنى ساقلىيالايدىغان قىلدى. بەگلەر ئۆز
مەنسىۋىدىن ئايرىلغان ھامان، مائاشىنىڭ تەركىۋي قىسمى بولغان
يانچىلاردىنمۇ ئايرىلاتتى.

روشەنكى، بۇ مەسىلىدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قوللانغان تەدبىر يەرلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار سىنىپىنىڭ تۈپ مەنپە-ئەتىگە چېتىلاتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يەرلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار سىنىپى بىلەن يىرىك-لىشىش، ھەتتا مۇناسىۋەتتە دەز پەيدا بولۇش ئەھۋاللىرىنىڭ كۆرۈ-لۈشى پايدىسىز ئىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇتتۇپ چىققان يېرى شۇكى، ئۇ ھەم باج-سېلىق تۆلىگۈچىلەرنى كۆپەيتىش مەقسىدىگە يەتتى، ھەم يەرلىك فېئوداللار بىلەن بولغان سۈركى-لىشنى پەسەيتتى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر دەرىجىلىك بەگلەرگە نۇرغۇن ئىش ھەققى بېرىشنى بەلگىلىشى، ئەمەلىيەتتە، فېئودالارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى زىيىنىنى تولدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئىدى.

كۆپەيتىلگەن يەنە بىر قىسىم باج تۆلىگۈچىلەر ئىسلام دىنى ئورگانلىرىدىن تارتىۋېلىندى. بۇرھانىدىن-خان خوجا توپىلىڭى تىنجىتىلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ئاق تاغلىقلار دىنىي ئورگان-لىرىنىڭ ئۆشرە-زاكات ئېلىش ھوقۇقىنى بىر مەھەل ئەمەلدىن قالدۇرغان ئىدى. شۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مۇشۇ تەدبىرنى يولغا قويۇشتا، كۆپىنچە، سىياسىي جەھەتتە ئاق تاغلىقلارنى يەكلەشنى كۆزلىگەن، ۋاھالەنكى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مەقسەت شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تېخى ئايدىڭ ئەمەس ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى باج-سېلىق تۈرلىرىنى ئىخچاملاش-تۇرۇش تەدبىرىنىڭ چەكلەش دائىرىسىنى پۈتكۈل ئىسلام دىنى ئورگانلىرىغا قارىتىپ، دىنىي باج-سېلىقنىڭ ھەممىسىنى زىيادە باج-سېلىق قاتارىدا مەنئى قىلدى، ھەتتا قۇرئاننىڭ بەلگىلىمىسى

بويىچە مۇسۇلمانلاردىن ئېلىنىدىغان ئۆشرە ـ زاكاتنىمۇ قانۇنىي باج تۈرى ھېساپلىمىدى.

شۇ زامان شارائىتىدا، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا ئىسلام دىنىنىڭ مەنپەـ ئەتىگە بىۋاستە تېگىشىتە ئىرادە ۋە قەيسەرلىك بولغاندىن تاشقىرى، مۇناسىپ ئەترا پلىق تولدۇرغۇچى تەدبىرلەرنىڭمۇ بولۇشى زۆرۈر ئىدى. بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللار ھەققىدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قوللانغان دىنىي سىياسەت توغرۇلۇق توختالغاندا ئايرىم توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئومۇمەن، يولغا قويۇلغان باج ـ سېلىق سىياستى ئارقىلىق، چىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرا ھالقىلارنى تۈگىتىپ، باج ـ سېلىقتىن كېلىدىغان تاپاۋەتنى مۇمكىن قەدەر ھۆكۈمەت غەزنىسىگە يىغىش مەقسىدىگە يېتەلىدى.

ئۇيغۇرلار رايونىدىن ئېلىنىدىغان باج ـ سېلىق ئەھۋالىنى 1009 ـ بەتتىكى جەدۋەل بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتىمىز⑭.

پۇل مۇئامىلىسى سىياستى:

بۇ مەسىلىدە چىڭ سۇلالىسى ھەممىدىن ئاۋال بۇرۇنقى پۇل تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىشى، ئاندىن ئۆز لايىغىدا يېڭى پۇل تارقىتىشى لازىم ئىدى.

يەركەن خاندانلىقىدىن بۇيان تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا پۇل دەپ ئاتالغان ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى يولغا قويۇلغان ئىدى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر لېكسىكىسىدا پۇل دىگەن سۆز ئالماشتۇرۇش ۋاستىسىنى بىلدۈرىدىغان ئۇقۇم بولۇپ قالدى.

پۇل مىستىن قۇيۇلغان بولۇپ، قېلىن، لېكىن پۈتەي ئىدى، ئۇنىڭ بىر تەرىپىگە ئۇيغۇر يېزىقىدا "يەركەن" خېتى، يەنە بىر تەرىپىگە يەركەن خاندانلىقى ياكى جۇڭغار خاندانلىقىنىڭ ھەرقايسى

| رايون | باج (ملڭ داچەن) | غەللە (دادەن) | خام - بوز (توپ) |
|---|---|---|---|
| قەشقەر | 3.500 | 10.700 | 11.110 |
| يېڭىسار | 589 | 2.264 | 1.985 |
| يەركەن | 2.380 | 21.360 | 49.142 |
| خوتەن | 1.200 | 13.934 | 77.663 |
| ئۈچتۇرپان | | 2.010 | |
| ئاقسۇ | | 6.165 | 4.003 |
| سايرام | | 946 | |
| باي | | 523 | |
| كۇچار | | 2.885 | |
| قاراشەھەر | | 1.241 | |
| پىچان | | 4.565 | |
| جەمئى | 7.669 | 66.563 | 143.903 |

مەزگىللىرىدىكى خانلىرىنىڭ ئىسىملىرى قويۇلغان، شۇ ئارقىلىق پۇلنىڭ قويۇلغان ۋاقتى كۆرسىتىلگەن. بۇ پۇلنىڭ ھەجىمى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمەت پۇلىنىڭكىدىن كىچىكرەك ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ ئەللىگى بىر تەڭگە ھىساپلىناتتى.

ئىقتىسادىي ساھەدە ئەڭ سەزگۈر ھالقا بولغان پۇل مۇئامىلىسى مەسىلىسىدە چىڭ سۇلالىسى ئېھتىياتچان بولدى. چىڭ سۇلالىسى پۇلنىڭ نوپۇزىنى بىر مەزگىلگىچە ئېتىراپ قىلدى. شاھىد شۇكى، چىڭ سۇلالىسى ئىككىنچى قېتىم يەركەنگە يۈرۈش قىلىش ئالدىدا،

ئاقسۇدا ھەربى ئوزۇق-تۈلۈك تەييارلىغاندا ئۆزلىرى ئېچكىرىدىن ئېلىپ كەلگەن رەختلەرگە ئاشلىق تېگىشىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ پۇلىنى بىۋاستە ئىشلەتمىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا قاراتقان ھەربى، سىياسى تەدبىرلىرى بىر-بىرلەپ يولغا قويۇلۇشقا باشلىغاندا، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا پۇل چىقىرىش ھوقۇقىنىڭ كىمدە بولۇش مەسىلىسى، مۇقەررەر ھالدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ كۈندىلىك ئىشلار كۈنتەرتىۋىگە قويۇلدى، چۈنكى پۇل بىرلىگى بۇيرۇق-پەرمان بىرلىگىنىڭ ئاساسي تەرىپى ئىدى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، پۇل چىقىرىش ھوقۇقىنىڭ مۇھىملىقى مەمۇرى ھوقۇقتىن ئانچە قېلىشمايتتى.

1760-يىلى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھەربى قوشۇنلارنىڭ قولىدىكى ئارتۇقچە مىستا يەركەندە تۇنجى قېتىم يېڭى پۇل قۇيدى. ئۇنىڭ ئومۇمى سانى تەخمىنەن 500 مىڭ دانە ئىدى.

يېڭى پۇل قۇيۇشتا تامامەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمەت پۇلى نۇسخا قىلىندى. ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىگە خەنزۇچە "چيەنلۇڭ تۇڭباۋ" دىگەن سۆز قۇيۇلۇپ، پۇلنىڭ قۇيۇلغان ۋاقتى كۆرسىتىلگەن، ئارقا تەرىپىگە مانجۇچە ۋە ئۇيغۇرچە "يەركەن" دىگەن سۆز قۇيۇلۇپ، پۇلنىڭ قۇيۇلغان جايى كۆرسىتىلگەن. ئۇنىڭ ئېغىرلىقى دەسلەپتە ئىككى مىسقال بولۇپ، كېيىن بىر يېرىم مىسقال، ئاندىن بىر مىسقال 2 پۇڭغا چۈشۈرۈلگەن[15].

بۇ يېڭى پۇل ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدا يارماق دەپ ئاتالدى. يەركەندىن باشقا، ئاقسۇ (1761-يىلى)، ئۇچتۇرپان (1766-يىلى)، ئىلى (1775-يىلى) قاتارلىق جايلاردىمۇ بۇنداق يارماقلار قۇيۇلدى.

لېكىن يەركەندە پۇل قۇيۇش ئاساسلىق ئورۇندا تۇردى.

1761 - يىلى يارماق قانۇنىي پۇل دەپ جاكالىنىپ بازارغا چىقىرىلدى. بۇنىڭ بىلەن كونا پۇلنى يېڭى پۇلغا تېگىشىش باشلىنىپ كەتتى. ئىككى پۇلغا بىر يارماق تېگىشلىگەن ئىدى.

پۇل ئىسلاھاتى تەدبىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆز مالىيە چىقىمىنى تولدۇرۇشتا دەرھال ئۈنۈم بەردى. 1762 - يىلى يەركەندە 60 مىڭ تەڭگىگە باراۋەر يارماق غەزنىدە ساقلاندى. ئاقسۇدا قۇيۇلغان يارماقنىڭ ئوندىن تۆت قىسمى ھەربىي خىراجەتكە ئىشلىتىلدى.

بۇ ۋاقىتلار بۇرھانىدىن - خان خوجا توپىلىڭىنىڭ تىنجىتىلغىنىغا تېخى ئۈچ يىلمۇ بولمىغان، ئىقتىسادىي تەدبىرلەر دىگەندەك ئۈنۈم بەرمىگەن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ رايوندا ئېھتىۋاتقان پۇلغا مۇناسىپ ماددى ئەشيالارغا تولۇق ئىگە بولمىغان مەزگىللەر ئىدى، شۇڭا يېڭى پۇل مىقدارى تاۋار ئوبوروتىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كەتكەن ھامان، پۇل پاخاللىغى كېلىپ چىقتى. دەسلەپتە، ھۆكۈمەت بەلگىلىمىسىدە يارماق بىلەن كۈمۈشنىڭ ئالماشتۇرۇش نىسبىتى 50:1 ئىدى، يەنى 50 يارماقنا بىر سەر كۈمۈش تېگىشلەتتى. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەيلا بازارلاردا ئالماشتۇرۇش نىسبىتى ئۆزلۈگىدىن 100:1 بولۇپ ئۆرلىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھۆكۈمەت بەلگىلىمىسىنى 70:1 قىلىپ ئۆستۈرگەندە، بازارلاردا ئالماشتۇرۇش نىسبىتى 120:1 بولۇپ ئۆرلىدى. يارماق بازارلارغا سېلىنغان يىلنىڭ ئاخىرىدا، چيەنلۇڭنىڭ بىۋاستە سوراشتە قىلىشى ئارقىسىدا، ھۆكۈمەت بەلگىلىمىسى 100:1 قىلىپ ئۆزگەرتىلدى[16].

چىڭ سۇلالىسى ناھايىتى تېزلا پۇل مۇئامىلىسى بىلەن ماددى ئەشيالارنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىپ كېتەلمەسلىكىنىڭ زىيىنىنى تارتتى.

نەتىجىدە ھۆكۈمەت ئالماشتۇرۇش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. بۇنداق ئەھۋال داۋاملىشىۋەرسە، كۆنلەرنىڭ بىرىدە بۇ مەرەز جەزمەن باشقا ساھەلەرگە يۇقۇپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى بۇ رايوننى تىزگىنلەش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالدۇرۇشى مۇمكىن ئىدى.

ئىككىنچى، پۇل مەسىلىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋەقە ئىنتايىن مۇرەككەپ ھەم ئېغىر ئىدى. بۇ مەسىلىدە چىڭ سۇلالىسى پۇل ئۆلچىمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش جەھەتتىكى قەتئىي ئىرادىسىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى ناھايىتى چەبدەسلىك ۋە ھۇشيارلىق بىلەن ئۆزى ئۈچۈن چىقىش يولى تېپىش ئىقتىدارىنىمۇ نامايان قىلدى، بۇ چىقىش يولى ئۇنىڭ سودا سىياسىتىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولۇپ قالدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ سودا سىياسىتى:

يېڭى پۇل تۈزۈمىنىڭ زىيانلىرىنى راسا تارتقان چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى سودا ئىشلىرىنى ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنىڭ چارىسى قىلىپ بېكىتتى. بۇ جەھەتتە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆزى بىۋاستە باشقۇرغان ھۆكۈمەت سودىسىغىمۇ كۆڭۈل بۆلدى، خەلق ئوتتۇرىسىدىكى سودىنى رىغبەتلەندۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتىگىمۇ كۆڭۈل بۆلدى، بولۇپمۇ خەلق ئوتتۇرىسىدىكى سودىنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۇنىڭ سودا سىياسىتىنىڭ زور ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى.

ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى سودا: 1762-يىل 4-ئايدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاگۇي قاتارلىقلارنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىپ، يەركەن، قەشقەر قاتارلىق جايلارنىڭ غەزنىلىرىدە ساقلىنىۋاتقان يارماقلارغا خام-بۆز سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئىلىغا ئاپىرىپ سېتىش توغ-

سىدا بۇيرۇق بەردى.

«يەنە جۇڭغارنى تىنجىتىش پىلان — تەدبىرلىرى» ناملىق ئەسەردە بايان قىلىنىشىچە، 1762 ـ يىل 8 ـ ئايدا، يەركەن ئىش بېجىرگۈچى ئامبانى شىن جۇ غەزنىدىن 6300 تەڭگە باراۋەر يارماق ئاجرىتىپ (بۇ سان غەزنىدە ساقلانغان يارماقنىڭ ئۈندىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ)، ئۇنىڭغا يەركەن بازارلىرىدىن 7600 توپ خام ـ بۆز سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئىلىغا ئېلىپ بېرىپ ساتقان. شۇ ۋاقىتتا يەركەندە بىر توپ خام ـ بۆزنىڭ باھاسى 40 يارماق بولۇپ، ئىلىدا بىر سەر كۈمۈشكە ساتقان. شۇ مەزگىللەردە ھۆكۈمەت باھاسىدا بىر سەر كۈمۈش 100 يارماق، بازار باھاسىدا 120 يارماق ئىدى. چىڭ سۇلالىسى بۇ قېتىمقى سودىدا ھەسسىلەپ پايدا ئۇندۇرۇۋالدى.

پايدىنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن، شۇ يىلى كۈزدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەن قاتارلىق جايلاردىن ئېلىنىدىغان باج ـ سېلىق ۋە غەللە ـ پاراقنى تۈگەل نەق پۇلغا ئايلاندۇرۇپ، بۇ پۇلغا شۇ جايلاردىن خام ـ بۆز سېتىۋالدى.

شۇ يىلى قەشقەر رايونىدىن ئېلىنغان غەللە ـ پاراق پۇل ھېسابىدا 3000 تەڭگە بولدى. ئۇنىڭدىن 1940 تەڭگىگە شۇ يەردىن خام ـ بۆز ۋە رەڭلىك چەكمەن سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئىلىغا ئېلىپ بېرىپ ساتتى.

1763 ـ يىلى يەركەن، خوتەندىن ئېلىنغان غەللە ـ پاراق پۇل ھېسابىدا 8000 تەڭگە بولۇپ، بۇ پۇلغا ھۆكۈمەت چىقىمىغا سەرپ قىلىنغاندىن ئاشقىنى، شۇ جايلاردىن 30 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق پاختا سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئىلىغا ئاپىرىپ ساتتى.

كېيىنكى كۈنلەردە چىڭ سۇلالىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا ئۆزىنىڭ سودا پائالىيىتىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، يەركەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىن سېتىۋالغان خام-بۆزلەرنى قازاقلار ئارىسىغىمۇ ئېلىپ بېرىپ سېتىش بىلەن، ئۇنىڭدىن قىلىنغان تاپاۋەتكە قازاقلاردىن ئات سېتىۋالدى[17].

تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى دېخانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى تىيانشاننىڭ شىمالىغا، بولۇپمۇ قازاقلار ئارىسىغا ئېلىپ بېرىپ سېتىشتەك سودا پائالىيىتى پايدا ئۇندۇرۇشنىڭ مۇھىم چارىسى بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلدى. شۇ ۋەجىدىن، كېيىنكى يىللاردا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ سودا يولىنى تامامەن ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، خۇسۇسى سودىگەرلەرنىڭ (جۈملىدىن ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ) قازاقلار بىلەن سودا جەھەتتە بىۋاستە بېرىش-كېلىش قىلىشىنى مەنئى قىلىپ، بۇ سودىنى مونوپولىيە خاراكتېرىنى ئالغان ھۆكۈمەت سودىسىغا ئايلاندۇردى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى سودا ئىشلىرىدا يارماقنى كۆپلەپ بازارغا چىقىرىش بىلەن بىللە، يەنە 1762-يىلى شەنشى-گەنسۇ زۇڭدۇسى ياڭ يىڭجۇڭگە بارىكۆل ۋە قۇمۇلدا ساقلانغان 68 مىڭ شىرە چاينى بازارغا چىقىرىپ سېتىشنى بۇيرۇدى. شۇ ۋاقىتتا بىر شىرە چاينىڭ باھاسى ئىككى سەر كۈمۈش ئىدى. بۇنىڭ بىلەن تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدا يەنە بىر سودا تۈرى بولغان چاي سودىسى ۋۇجۇتقا كەلدى.

چاي ئۇيغۇر قاتارلىق يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئىستېمال بۇيۇمى ئىدى، چاي سودىسى

تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، بۇ يەردە ئەسىرلەردىن بۇيان ئەڭ كۆپ سېتىلىپ كەلگەن تاۋارلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يېڭى پۇل سىستېمىسىدىكى قالايمىقانچىلىق تۈگىتىلگەندىن كېيىنمۇ، چاي سودىسىنى ئۆز ئىلكىدە مەھكەم تۇتۇپ تۇردى. ھەربىي قوشۇن بۇ چاي سودىسىنى بېجىرگۈچى ئاساسىي كۈچ بولدى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا يۆتكىلىدىغان قوشۇنلار جەزمەن ئۆزلىرى بىلەن بىللە چاي ئالغاچ كېلىپ، بۇ يەردە سېتىپ، بىر قىسىم ھەربىي خىراجىتىنى قامدىشى لازىم ئىدى[18].

چاي سودىسىدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن سېتىلىدىغان چاينىڭ باھاسىنى قەستەن چۈشۈرۈپ، خۇسۇسىي سودىگەرلەرنىڭ رىقابىتىنى پەسەيتىپ، بۇ سودا تورىنى ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەتنىڭ قولىغا ئېلىۋالدى.

شەخسىي سودا پائالىيەتلىرى: تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونى بىلەن ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىنىڭ سودا جەھەتتىكى بېرىش-كېلىشلىرى ئۇزاق تارىخقا ئىگە، ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى ئاشۇ تارىخىي يىللارغىچە سۈرۈشتۈرۈش مۇمكىن. كىشىلەرگە ئەپسانىدەك تۇيۇلغان يىپەك يولىنى ئەڭ دەسلەپتە خەلق ئارىسىدىكى سودا پائالىيىتى ئاچقان دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلار ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا ئىشلەنگەن يىپەك ماللارنى بىر مەنزىلدىن يەنە بىر مەنزىلگە ھەتتا يىراقتىكى ئافرىقا ۋە ياۋروپاغىچە توشۇپ، ئاندىن ئافرىقا ۋە ياۋروپانىڭ مەھسۇلاتلىرىنى دۇنيانىڭ شەرقىي قىسمىغا ئېلىپ كەلگەن ئىدى.

لېكىن، ھەربىي ۋە سىياسىي ئېھتىياجىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن،
غەربىي خەن سۇلالىسىدىن تارتىپ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا ھاكىمى-
يەت تىكلىگەن سۇلالىلەر بۇ كارۋان يولىدىكى سودا ئىشلىرىنى،
بولۇپمۇ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا يۈزلەنگەن سودىنى ئىمكان
قەدەر ھۆكۈمەت ئىلكىدە تۇتۇشقا تىرىشىپ ھەمدە ئۇنىڭغا قويۇق
سىياسىي تۈس بېرىپ، ئۇنىڭدىن بېقىندىلىقنىڭ سىمۋولى ياكى مۇدا-
پىئە ۋاستىسى سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كەلگەن. ئىقتىسادىي جەھەتتە
ئانچە-مۇنچە مەقسەت كۆزلەنگەن دېگەندىمۇ، ئۇ سودا ئورنىنى
سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچىدىكى بىر بەلگىلىك دائىرىگە مۇقىملاش-
تۇرۇپ قويۇپ، سۈنئىي توسالغۇ پەيدا قىلىشتىنلا ئىبارەت ئىدى. بۇ
ھال ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى بىلەن تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى
ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي بېرىش-كېلىشلەرگە نۇقسان يەتكۈزمەي
قالمىدى.

بۇ مەسىلىدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇرۇنقىدىن تامامەن باشقىچە
سىياسەت قوللاندى. چىڭ سۇلالىسى ھەممىدىن ئاۋال بۇ رايون بىلەن
بولغان سودا ئالاقىسىنى بېقىندىلىقنىڭ سىمۋولى ۋە مۇداپىئە ۋاس-
تىسى قىلىشتىن قول ئۈزدى ۋە سودا بازارلىرىنى مەلۇم دائىرە
بىلەن چەكلەپ قويۇش ئۇسۇلىنى بىكار قىلدى. سۈنئىي توسالغۇ-
لارنى تۈگىتىپ، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى بىلەن تىيانشاننىڭ جەنۇبى-
شىمالى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي بېرىش-كېلىشنىڭ دەرۋازىسىنى
يوغان ئېچىۋەتتى.

تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالا-
قىنى كېڭەيتىشنىڭ مۇھىم بىر تەدبىرى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكى
سودىگەرلەرنى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا بېرىپ، سودا ئىش-

لىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى.
1762 - يىلى، چيەنلۇڭ ھەربى ئىشلار ۋەزىرىگە پەرمان چۈشۈرۈپ مۇنداق دىگەن ئىدى: "شىنجاڭنىڭ سودا ئىشلىرى ئەۋج ئالدۇرۇلسۇن، مۇشۇ غەربىزدىم پۇقرالارغا ئايان قىلىنسۇن، بىرىشنى خالىغۇچىلارغا دەرھال گۇۋانامە بىرىلىپ، زالىم ئەمەلدارلارنىڭ قاقتى - سوقتى قىلىشىدىن ساقلاپ قىلىنسۇن، بىرىشنى خالىغۇچىلار خوشال - خورام بارىدىغان بولسۇن"⑲.
چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكى سودىگەرلەرنى تىيانشانىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا بىرىپ، سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈش بىلەن بىللە، ئۇلارغا مەلۇم چەكلىمىلەرنى قويىمايمۇ قالمىدى، چۈنكى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ رايوندا ئايرىپ تاشلاش سىياستىنى يۈرگۈزۈۋاتقان ئىدى، لىكىن شۇنى كۆرستىپ ئۆتۈش كىرەككى، ئايرىپ تاشلاش سىياستىدە سىياسى ۋەقەلەرنىڭ ئالدىنى ئىلىش كۆزلەنگەن بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئىقتىسادىي ئالاقىنى بوغۇش كۆزلەنگەن ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە، بۇ سىياسەتتە سودىگەرلەر مەخسۇس سودا بىلەن شۇغۇللىنىشقا دەۋەت قىلىندى. مەسىلەن، ئۇلار ئۈچۈن بەلگىلەنگەن دىخانچىلىق قىلماسلىق، يەرلىك ئاھالىلەردىن يەر ئىجارىگە ئالماسلىق دىگەنگە ئوخشاش چەكلىمىلەر مۇشۇ مەقسەتتە ۋۇجۇتقا كەلگەن. ھالبۇكى، ئايرىپ تاشلاش سىياستىنىڭ ئۆزىدىمۇ سودا پائالىيەتلىرى ئۈچۈن يېتەرلىك پۇرسەت ۋە ئورۇن قالدۇرۇلغان. مەسىلەن، خەنچىڭ بىلەن خۇيچىڭ ئوتتۇرىسىدا سودا بازارلىرى بەلگىلەپ بىرىلگەنلىكى بۇنىڭ ئۇچۇق دەلىلى.
چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ سودا ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن

تەشەببۇس قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا پائال قاتناشقانلىقىنى كۆرسىتىش بىلەن بىللە، مۇشۇ سىياسەتتە ئەكس ئەتكەن تارىخى يۈزلىنىشنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

تارىخىي يىللارنى سەللا ئەسلەپ ئۆتسەك، شۇنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىزكى، خەن، تاڭ، يۈەن قاتارلىق ھوقۇق مەركەزگە مەركەز-لەشتۈرۈلگەن سۇلالىلەردىن باشقا، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكى سۇلالى-لارنىڭ ھەممىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىي رايونلىرى بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىدا ھەمىشە سىياسى مەقسەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئىقتىسادىي مەقسەتنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويغان. بۇ ھال شۇ زاماندىكى بۆلۈنۈش ھالىتىدە تۇرغان ياكى قىسمەن دائىرىدە ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرگەن ئوتتۇرا جۇڭگو سۇلالىرىنىڭ بۇ رايونغا يۈرگۈزەلەي-دىغان ھوقۇقىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

چىڭ سۇلالىسىدا كۆرۈلگەن پەرق شۇكى، ئىقتىسادىي جەھەت-تىكى مەنپەئەتنى كۆزدە تۇتۇش ئۇنىڭ بۇ رايون بىلەن بولغان سودا پائالىيىتىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مەقسىدى ئىدى. بولۇپمۇ ئۇ ئولپان يەتكۈزۈش شەكلى ئارقىلىق بۇ رايوننىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىنى پەدەزلەيدىغان قىلىقنى بىكار قىلدى ھەمدە سودا ئورنىنى ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ مەلۇم بىر يېرىگە چەكلەپ قويۇش ئادىتىدىنمۇ ۋازكەچتى.

سودا ئىشلىرى دائىرىسىدە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى تونۇشى مەلۇم بىر جەرياننى باشتىن كەچۈردى. دەس-لەپتە، ئېھتىمال، ئۇ بۇنى ئۆزىنىڭ يېڭى پۇل تۈزۈمىگە بىرەر چىقىش يولى ئىزدەش ئۈچۈنلا يولغا قويغان بولسا كېرەك، لېكىن ئەمەلىي مەنپەئەتنىڭ قەدرىگە يەتكەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى

سودا ئارقىلىق پايدا تېپىشنى ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە مەقسىدى قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بەزى سودا تۈرلىرىنى مونوپولىيە قىلىۋالدى، بەزى سودا تۈرلىرىنى بولسا تىزگىنلەپ تۇردى.

تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى سودا پائالىيىتىدە، سىياسى مەقسەتنىڭ ئورنىغا بىۋاستە ئىقتىسادىي مەقسەتنى دەسسىتىش چوڭ-قۇر ئەھمىيەتلىك ئۆزگىرىش. بۇ ئۆزگىرىش چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئېلىمىزنىڭ سىياسى جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ مىسلىسىز دەرىجىدە بىرلىككە كەلگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈردى.

## 2. مەدەنىيەت تەدبىرلىرى

مەدەنىيەت ساھەسىدە چىڭ سۇلالىسى ئالدى بىلەن ئىسلام دىنىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش، ئاندىن يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ تىل-يېزىقىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىگە، ئاخىردا مانجۇلارنىڭ ئەندىزىسى بويىچە يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆزگەرتىش زۆرۈرمۇ، يوق دېگەن مەسىلىگە دۇچكەلدى.

(1) دىنىي سىياسەت

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان تونۇشى داۋاجى توپىلىڭىنى تىنجىتىشتىن باشلاندى. بۇرھانىدىننى قويۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي، غەربىي ياقىسىدىكى رايونلارنى بېسىپ ياتقان قارا تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش پەيدا بولدى. روشەنكى، ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئىككى چوڭ دىنىي مەزھەپكە قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە، شۇ ۋاقىتتا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىر تەرەپكە مايىل بولۇش پوزىت-

سىيىسىدە بولدى، ئۇ ئاق تاغلىقلار باشلىقلىرىنى قوللاپ،
قارا تاغلىقلار باشلىقلىرىغا قارشى تۇردى. بىراق ئارىدىن بىر يىل
ئۆتمەيلا، ئاق تاغلىقلارنىڭ باشلىقلىرى بۇرھانىدىن ۋە ئۇنىڭ
ئىنىسى خان خوجا ئۇچۇقتىن-ئۇچۇق چىڭ سۇلالىسىگە قارشى
چىقتى. بۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى بىلەن ئاق تاغلىقلار باشلىق-
لىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىر بىرىنى قوللاش مۇناسىۋىتىدە تۈپ خاراك-
تېرلىق ئۆزگىرىشلەر بولدى.

شۇ ۋاقىتتا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قارا تاغلىقلار باشلىق-
لىرىنىڭ ئەينى يىللاردا ئۆزىگە قارشى چىققانلىقىنى تېخى تامامەن
ئەستىن چىقارمىغان ئىدى. مانا ئەمدى، ئاق تاغلىقلارنىڭ باشلىق-
لىرى بىلەنمۇ ئادا-جۇدا بولدى. بۇ چىڭ سۇلالىسىنى شۇ ۋاقىتنىڭ
ئۆزىدە يەرلىك دىنىي مەزھەپلەر ئىچىدىن ئۆزىگە لايىق شېرىك
تاللىۋېلىشتا ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. بۇ ئەھۋال-
نىڭ سىياسەتتىكى ئىنكاسى پۈتكۈل ئىسلام دىنىدىن ئۆزىنى
چەتنىتىشتىن ئىبارەت بولدى.

بۇرھانىدىن-خان خوجا توپىلىڭى تىنجىتىلغاندىن كېيىنكى
دەسلەپكى مەزگىللەردە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئىس-
لام دىنىغا سوغاق قارايدىغانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلىدى. ئۇ ئاق
تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار باشلىقلىرىنىڭ سىلىق ئىپادىلىرىگە
كۆز قىرىنىمۇ سالماستىن، ھەممە ئىشتا ھەربىي فېئوداللارغا تاياندى.
بىراق، ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھامان كەڭ ئىجتىمائىي
ئاساسقا ئىگە كۈچ ئىدى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈز-
مەكچى بولغان چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنداق دىنىي كۈچكە
ئېتىۋار بىلەن قارىماسلىقى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

1760-يىلى ئاق تاغلىقلارنىڭ مازارلىرى توغرىسىدا تۈزۈلگەن بىر بەلگىلىمىنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي سىياسىتىدە ئۆزگىرىش بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى دەپ قاراش ئەمەلىيەتتىن ئانچە يىراق بولمىسا كېرەك. بۇ بەلگىلىمىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: "قەشقەردىكى خوجىلارنىڭ مازارلىرىنى ساقلاشقا ئادەم ئاجرىتىپ بېرىلسۇن، بۇ جايلارنى ئوتۇن كېسىش ۋە بۇلغىنىشتىن خالى قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىلتىپاتى گەۋدىلەندۈرۈلسۇن."

قەشقەر ئاق تاغلىقلارنىڭ بازىسى ئىدى. خوجىلارنىڭ مازىرى دەپ ئاتالغىنى ئاق تاغلىقلارنىڭ پىرى بولغان ئاپپاق خوجىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ مازىرى ئىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىنىڭ جازا نىشانى بولغان ئاق تاغلىقلار باشلىقلىرىنىڭ مازىرىنى ئۆزىنىڭ دىنىي سىياسىتىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان سىرۇن قىلىپ تاللىۋالغانلىقى قالتىس ئىش ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇنىڭ ئارقىدىنلا يەنە ئىسلام دىنىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي جەھەتتە بەزىبىر ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولۇشىغا يول قويدى.

سىياسى جەھەتتىكى ئىمتىياز دېگەندە، ئاساسەن، ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا داۋاملىق ئارىلىشالايدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ روھانىلىرى (ئاساسەن جايلاردىكى مەسچىتلەرنىڭ ئىمام، مەزىنلىرى) ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ بەش ۋاقىت نامىزىغا رىياسەتچىلىك قىلغاندىن تاشقىرى، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يىتىم ئىشلىرىدىمۇ داۋاملىق قوشۇمچە رىياسەتچىلىك قىلاتتى. خانىقالار ۋە مەدرىسىلەر بولسا بۇ رايوندىكى ئاساسلىق ئوقۇتۇش ئورۇنلىرى

بولدى، يەركەن، قەشقەر، كۇچار قاتارلىق جايلاردىكى خانىقا، مەدرىسلەر ئىسلام دىنى ئۈچۈن داۋاملىق ھالدا ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن روھانىيلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرەتتى.

سىياسى ئىمتىياز جەھەتتە چىڭ سۇلالىسى يەنە دىنىي سوت (شەرىئەت مەھكىمىسى)نىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويدى، لېكىن ئۇنىڭغا ئۇيغۇر پۇقرالىرى ھاۋالە قىلغان ياكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىلتىماس قىلغان ئىشلارنىلا، ئېيتايلۇق، سودىدا گۇۋالىق قىلىش، مىراس ئايرىش، ماجىرا ياراشتۇرۇش، نىكاھ ئىشلىرى ۋاھاكازالارنى بىر تەرەپ قىلسا بولىدۇ دەپ چەكلىمە قويدى. شەرىئەت قازىلىرى يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئىشلار دائىرىسىدە سودىيە ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى.

شەرىئەت مەھكىمىسىنىڭ شەيخ ئىسلاملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىغا داۋاملىق ئارىلاشتى، بولۇپمۇ رامىزان مەزگىلىدە ئۇلار ھەمىشە قوللىرىغا دەررە ئېلىپ كوچىمۇ-كوچا يۈرۈپ، روزا تۇتمىغان ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى سازايە ھىساۋىدا دەررە بىلەن سالاتتى.

ئەمىلىي ئەھۋالدىن ئېيتقاندا، ئىسلام دىنىنىڭ بۇ مەزگىلدە بەھرىمەن بولغان ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىمتىيازى ناھايىتى چەكلىك ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ باج-سېلىقنى ئىخچاملاشتۇرۇش تەدبىرى ھەممىدىن ئاۋال ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت قائىدىسى بويىچە مۇسۇلمانلاردىن ئالىدىغان ئۆشرە-زاكاتلىرىنى قانۇنىنىڭ كاپالىتىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئۇنى ھۆكۈمەت قانۇنىنىڭ سىرتىدىكى زىيادە ئالۋاڭ قاتارىغا كىرگۈزۈش بىلەن كەچۈرۈم قىلىپ تاشلىدى. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىسلام دىنىنىڭ مالىيە كىرىمى ئۈچۈن يەنە بىر

يوشۇرۇن يول قالدۇرغان ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، ئىسلام دىنى ئورگانلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار بەرگەن سەدىقىلەرنى قوبۇل قىلىشىغا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى سۈكۈت قىلدى.

سەدىقە بېرىش مۇسۇلمانلارنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىدىن بىرى ئىدى. سەدىقىنى ھەر كىشى ئۆز ھالىغا بېقىپ ئىختىيارى بېرەتتى، ئاز-كۆپلۈكى چەكلەنمەيتتى. ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن بەرگەن سەدىقىلىرى ھەم چىڭ سۇلالىسىنىڭ باج-غەللە كىرىمىگە نۇقسان يەتكۈزەلمەيتتى، ھەم ئىسلام دىنى ئورگانلىرىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنىمۇ ئاشۇرۇۋېتەلمەيتتى. شۇڭا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى باج مەنبەسىنى كېڭەيتىشكە نىيەت باغلىغان بىر ۋاقىتتا، دىنىي ئورگانلارنىڭ سەدىقىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ، مالىيە كىرىمىگە ئىگە بولۇۋېلىشىغا سۈكۈت قىلىپ تۇردى.

بىز توختىلىۋاتقان بۇ ۋاقىت دەل چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئىشلارنى ئەمدىلا باشلىغان ۋاقىت ئىدى. شۇڭلاشقا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ مەزگىلدىكى دىنىي سىياسىتىگە روشەن دەۋر تامغىسى بېسىلغان، دىنىي سىياسەتتە يول قويۇش ئاساس قىلىنغان، يول قويۇش ئارقىلىق يارىشىش نىشان قىلىنغان.

ئەمما شۇنى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەككى، چىڭ سۇلالىسى ئېلىمىز تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە بىرلىككە كەلگەن ۋە ھوقۇق مەركەزگە جۇغلانغان سۇلالە، ئۇنىڭ تارىخىي پائالىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۇ ھەرقانداق بىر بۇلۇڭ-پۇشقاقنىڭمۇ ئۆز مەمۇرى باشقۇرۇشىنىڭ سىرتىدا تۇرۇشىغا يول قويمايتتى.

مۇشۇ پىرىنسىپنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا تۈرلۈك ئىشلارنى ئىزنغا سېلىش مەزگىلىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ دىنىي سىياسىتىنىمۇ ئۆزگەرتىشكە باشلىدى. سىياسەتنىڭ سالمىغى يول قويۇشتىن چەك-لەشكە ئۆتتى، چەكلەش ئارقىلىق قېلىپقا سېلىش نىشان قىلىندى. ئىسلام دىنىغا قارىتىلغان چەكلەش تەدرىجى يوسۇندا، لېكىن ماھىيەت جەھەتتىن بولدى.

چەكلەشنىڭ بىرىنچى مەزمۇنى ھاكىمىيەت بىلەن دىنىي ھوقۇقنى ئايرىپ تاشلاش ئىدى. ئاپپاق خوجا يەركەن خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن بۇيان، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا دىنىي ھوقۇق ھەمىشە ھاكىمىيەت بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن ئىدى.

دىنىي ھوقۇقنى ھاكىمىيەتتىن ئايرىپ تاشلاش خىزمەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى سىياسى تەدبىرلەر ئارقىلىق ئورۇنلاندى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دەرىجە، مائاش، خىزمەت مەسئۇلىيە-تىنى بەلگىلەش، بولۇپمۇ خىزمەتكە تەيىنلەش ۋە خىزمەتتىن قالدۇرۇشنى تەستىقلاش تەرتىۋى قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق بەگلەر ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلدارى، ئۇلار ھۆكۈمەت ئالدىدا جاۋاپكار بولىدۇ، مالىيە، ئامانلىق ساقلاش ۋە ئەدلىيە ھوقۇقلىرى بەگلەرگە بېرىلىدۇ دىگەننى ئېنىق بىلدۈردى. بۇنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئىلى جاڭجۈندىن تارتىپ تاكى جايلاردىكى مەسلىھەتچى ئامبانلار، ئىش بېجىرگۈچى ئامبانلار بەگلەر باشچىلىغىدىكى مەمۇرى ئورگانلار بىلەنلا ھۆكۈمەت ئىشلىرى بويىچە بېرىش-كېلىش قىلىدۇ، دەپ ئېنىق كۆرسەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش پۇرسىتى زور دەرىجىدە ئازايتىلدى.

بۇ چەك سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىسلام دىنىغا قارىتا چەكلەش تەدبىرلىرىنى يولغا قويغانلىقىنىڭ روشەن مۇقەددىمىسى.

دىنىي ھوقۇقىنى ھاكىمىيەتتىن ئايرىپ تاشلاش دىنىي سوتنىڭ ئەدلىيە ھوقۇقى ۋە ساقچىلىق ھوقۇقىنى بىكار قىلىشتا تېخىمۇ كۆپرەك كۆرۈلدى. يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، چەك سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شەرىئەت مەھكىمىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا دەسلەپتە يول قويغان ھەمدە ئۇنى ئۆز مۇخلىسلىرى ھاۋالە قىلغان ياكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىلتىماس قىلغان ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن قىلغان ئىدى. دىنىي سوتنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنى مىسال كەلتۈرگەندە، جىنايى ئىشلار ئەنزىسىنى بىر ياقلىق قىلىشتەك ئەدلىيە ھوقۇقى ۋە جەمىيەت ئامانلىقىنى ساقلاشتەك ساقچىلىق ھوقۇقىنىڭ دىنىي سوت قىلىدىغان ئىشلار قاتارىغا كىرگۈزۈلمىگەنلىكىگە دىققەت قىلغان بولساق كېرەك.

بۇنى بىر ئەسىردىن بۇيان دىنىي سوتنىڭ بەھرىمەن بولۇپ كەلگەن ئىمتىيازلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، چەك سۇلالىسىنىڭ ئەدلىيە ھوقۇقى بىلەن ساقچىلىق ھوقۇقى جەھەتتە دىنىي سوتنى چەكلىگەنـلىكى چوڭ بۇرۇلۇش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئىسلام دىنىغا قارىتىلغان ئىككىنچى چەكلىمە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى چەكلىمە ئىدى.

قۇرئاننىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ھەر بىر مۇسۇلمان دىنىي باج تۆلىشى ۋە دىنىي ئورگانلارغا سەدىقە بېرىشى لازىم ئىدى. 14 ـ ئەسىردىن كېيىن، ئۇيغۇرلار رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ئىدى. شۇڭلاشقا دىنىي

ھىسسىيات ئاساسىدا ئۆز ھالىغا قاراپ قىلىنىدىغان سەدىقە ھاكىمدارلارنىڭ قولىدا زور كۆلەملىك سوغا-سالامغا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن ئىدى.

رىقابەتلىشىش پسىخولوگىيىسى تۈپەيلىدىن، ھەر بىر زاماننىڭ ھاكىمدارى بۇرۇنقىلاردىنمۇ ھەشەمەتلىكرەك ئىش قىلىشقا ئىنتىلىپ، شۇ يول ئارقىلىق كىشىلەر رايىنى ئۆزىگە مايىل قىلىشقا ئۇرۇنغان، بۇنىڭ بىلەن خېلى بىر مەزگىلگىچە، سەدىقە ئىسلام دىنى ئورگانلىرىنىڭ ئۆز بايلىقىنى ئاشۇرۇشىدا مۇھىم يول بولۇپ قالدى، شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا بەھرىمەن بولىدىغان چوڭ بىر ئىقتىسادىي ئىمتىيازى بولۇپ قالدى.

ھاكىمدارلار تەرىپىدىن بېرىلگەن سەدىقىنىڭ دائىرىسىگە پۇل، چارۋا ماللار كىرگۈزۈلۈپلا قالماستىن، بەلكى زور مىقداردىكى ئېتىز-ئېرىق ۋە ئېتىزلارنى تېرىغۇچىلارمۇ كىرگۈزۈلەتتى. سەدىقە قىلىنغان يەرلەر ۋەخپە دەپ، تېرىغۇچىلار يانچى دەپ ئاتىلاتتى.

ئىقتىسادىي فورماتسىيىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، نۇرغۇن سەدىقىگە ئىگە بولغان ئورۇنلار، مەسىلەن، مەشھۇر مازار، مەسچىت، خانىقا، مەدرىسلەر، ئەمەلىيەتتە، بۇ رايوندىكى يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ تۈۋرۈكى ئىدى.

ۋەخپىلەر ۋە بۇ ۋەخپىلەرگە بېقىندى دىخانلار (يانچىلار) نامدا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولمايدىغان مۈلۈك ئىدى. ئەمما يۇقۇرى دەرىجىلىك دىنىي مەنسەپلەر نەسەپلىك بولغانلىقتىن، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ۋەخپىلەر ۋە بۇ ۋەخپىلەرگە بېقىندى يانچىلار نەسەپلىك مۈلۈككە ئايلىنىپ، ئۇلارغا بىرقانچە دىنىي جەمەت ئەۋلاتمۇ-ئەۋلات ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ باج تۈزۈملىرىنى ئىخچاملاشتۇرۇش، زىيادە ئالۋاڭ-ياساقلارنى كەچۈرۈم قىلىش سىياسىتىدە كۆزلىگەن نىشانلىرىدىن بىرى ئىسلام دىنى بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئۆشرە-زاكات ئېلىش ۋە سەدىقە ئېلىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىقتىسادىي ئىمتىيازنى يوقىتىش ئىدى. بۇ سىياسەت بۇ ئىككى ئىقتىسادىي ئىمتىيازغا ئىككى باسقۇچ بويىچە ھۇجۇم قوزغىدى.

بىرىنچى باسقۇچتا، دىنىي باج ۋە زور مىقداردىكى سەدىقىلەر قانۇنىي باج قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلدى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنى قانۇن بىلەن قوغدىمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۆشرە-زاكات ۋە زور مىقداردىكى سەدىقىلەر قانۇننىڭ كاپالىتىدىن مەھرۇم قالغان ئىكەن، ئۇنىڭ تەقدىرىنىڭ ناھايىتى يامان بولۇشى تەبىئىي ئىدى. كېيىنكى يىللاردا ئىسلام دىنى ئورۇنلىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدا ئاندا-ساندا ئۆشرە-زاكات يىغقان ياكى تۈرلۈك سەدىقىلەرنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ، كۆپىنچە، تىلەش خاراكتېرىدا بولدى.

ئىككىنچى باسقۇچتا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى باج تۆلىگۈچىلەرنى كۆپەيتىش تەدبىرىنى ئىسلام دىنى ئورگانلىرىدا قەتئىي يۈرگۈزدى. ئىسلام دىنىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئەڭ كەسكىن دەككە ئىدى. بۇ مەسىلىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ قىلچە تېگىرقىماسلىقىدىكى سەۋەپ شۇكى، ئۇ بەگلەر باشچىلىقىدىكى فېئودال يانچى ئىگىلىرىنىڭ مەسىلىسىنى كۆڭۈلدىكىدەك بىر ياقلىق قىلغان ئىدى. شۇنداقلا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىر قاتار سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ۋاستىلەر ئارقىلىق، بەگلەر باشچىلىقىدىكى بۇ فېئودال كۈچلەرنى ئۆز قېلىپىغا چۈشۈرۈپ بولغان ئىدى.

بۇ باسقۇچتا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ قىلغان كونكرېت ئىشى ۋەخپە يەرلەردىكى يانچى دىخانلارغا پۇقرالىق سالاھىيەت بېرىپ، ئۇلارنى چىڭ سۇلالىسىگە بىۋاستە باج تۆلىگۈچىلەرگە ئايلاندۇرۇش بولدى. بىراق ۋەخپە يەرلەر ۋە ۋەخپە يەرلەردىكى سۇ ئىنشائاتلىرىغا تېگىلمىدى. شۇنداقتىمۇ، يانچىلاردىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئەمەلىيەتتە، ئىسلام دىنى ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ بىر تۈۋرۈكى غۇلاپ چۈشتى.

ئىسلام دىنى بىلەن بولغان بۇ قېتىمقى كۈچ سىنىشىشتا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆزى ئۈچۈن ئېنىق نىشان بەلگىلىدى ۋە بۇ نىشانغا قەدەممۇ-قەدەم يېتىشنىڭ ئۇسۇل-چارىلىرىنىمۇ تەييارلاپ قويدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ جەھەتتە ئۆزىدىكى قۇدرەتلىك سىياسى ۋە ھەربى كۈچكە تاياندى، لېكىن، ئەڭ مۇھىمى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىسلام دىنىنى چەكلەش تەدبىرلىرى كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرىغا ئەمەلىي مەنپەئەت كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، كەڭ ئۇيغۇر پۇقرالىرى بۇ تەدبىرلەرنى ھىمايە قىلماقتا ئىدى، شۇڭا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنى ئورگانلىرىغا قاراتقان تەدبىرىنى يولغا قويغاندا ھېچبىر ئىككىلەنمىدى ۋە ئارسالدى بولمىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىسلام دىنىغا قوللانغان ئاخىرقى بىر تەدبىرى دىنىي باشلىقلىقتا ۋارىسلىق قىلىشنى مەنئى قىلىش ئىدى. بۇ خېلى قىيىن بىر مەسىلە ئىدى. ئۇ كۈچاردىكى ئەرشىدىن جەمەتى، قەشقەردىكى ئاپپاق خوجا جەمەتى ۋە يەركەندىكى ئىسھاق ۋەلى جەمەتىنىڭ ئىجتىمائى ئورنىغا بېرىپ تاقىلاتتى. بىزگە تونۇش

بولغان نۇرغۇن ۋەقەلەردە بۇ جەمەتلەر مۇھىم رولدا بولغان ئىدى. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار رايونىدا 1688 - يىلىدىن 1759 - يىلىغىچە بولغان سان - ساناقسىز قان تۆكۈلۈش ۋەقەلىرى ۋە ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكلىرىنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇ جەمەتلەر سەۋەبچى بولغان. بۇلار بۇ جەمەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا غايەت زور تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شۇڭا، بۇ جەمەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ياكى ساقلاپ قېلىش تەبىئىي ھالدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ دىنىي سىياسىتى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى. داباجى تىنجىتىلغاندىن كېيىنلا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىسلام دىنى بىلەن ھەمكارلىشىش سىياسىتىنى قوللانغان ئىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئاق تاغلىقلار باشلىقى بۇرھانىدىننىڭ دىنىي رەھبەر دېگەن سالاھىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇنى تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا ئەۋەتكەنلىكى بۇنىڭ شاھىدى. چىڭ سۇلالىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا ئىسلام دىنىغا يولۇققۇشتىن بىر ئەسىر بۇرۇنلا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىر بىرى بىلەن قاتتىق تىركىشىدىغان ئىككى مەزھەپ بار ئىدى. شۇ سەۋەپتىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن بولغان ھەمكارلىقىدا ھەم دېگەندىلا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك بولدى. يەنى مۇنداق ھەمكارلىق دىن بىر تەرەپ بولغان، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى يەنە بىر تەرەپ بولغان ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئەمەس، بەلكى كۆپ قەۋەتلىك ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىك مۇناسىۋەت ئىدى. ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزاقتىن بۇيان ئاداۋەت بولۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مۇشۇ ئىككى مەزھەپ بىلەن مۇناسىۋەت-لەشكەندە، ئەستايىدىل، سەممىي بولغان چاغلارمۇ، مەقسەتلىك ھالدا

ئاردىغا سوغاقچىلىق سېلىپ پارچىلىۋېتىپ، بۆلۈپ ئىدارە قىلىشقا ئۇرۇنغان چاغلارمۇ بولغان.

چىڭ سۇلالىسى جوڭغارنى تىنجىتقاندىن كېيىن، ئاق تاغلىقلارنى ئۆزىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى تايانچ كۈچى قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈرگەن ئىدى. لېكىن، بۇرھانىدىن-خان خوجا توپىلىڭى چىڭ سۇلالىسى بىلەن ئاق تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى شېرىن ھەمكارلىققا خاتىمە بەردى. ۋاھالەنكى، بۇ خوجىلار توپىلىڭىنىڭ تىنجىتىلىشى ئاق تاغلىقلار باشلىقىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسى ئىشەنچىسىدىن تامامەن قالغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

دېمەك، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا دىنىي مەنسەپكە ۋارىسلىق قىلىشنى مەنئى قىلماقچى بولغاندا، تارىخ ئۇنىڭ ئۇچۇن راسلاپ بەرگەن نىشان، سۆزسىزكى، قارا تاغلىقلارنىڭ باشلىقلىرى بولۇپ قالدى، چۈنكى، شۇ ۋاقىتتا پەقەت قارا تاغلىقلارنىڭ باشلىقلىرىلا مۇشۇنداق ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولۇۋاتاتتى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مۇشۇ مەسىلىدە ئىقتىسادىي ۋاستە ئارقىلىق سىياسى مەقسەتكە يەتتى. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، كۆرۈنۈشتە ئۆستۈرۈش، ئەمەلىيەتتە چۈشۈرۈش ئىدى. چىڭ سۇلالىسى جەمىيەتتە تەسىرى چوڭراق قارا تاغلىقلار باشلىقلىرىنى ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەپ، ئۇلارنى دەرىجىسى بويىچە پۈتكۈل سىياسى ۋە ئىقتىسادىي ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن قىلىپ، بۇلارنىڭ ھوقۇق تاماسى ۋە بايلىق تاماسىنى مۇمكىن قەدەر قاندۇردى. بۇنىڭدىن باشقا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە ئۇلارنىڭ جەمەتىدىكىلەرنىمۇ باج-غەللە ھەم ئالۋاڭ-ياساقتىن خالى قىلدى. ئاندىن ئۆز يۇرتىدىن يىراقلاشتۇرۇش پىرىنسىپى بويىچە ئۇلارنى

ئۆز يۇرتىدىن باشقا جايلارغا يۆتكەپ، ئۇلارنى ئۆز تەسىر دائىرد-سىدىن ئاجرىتىۋەتتى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تۈرلۈك يوللار بىلەن قارا تاغلىقلار باشلىقلىرىنىڭ ھەر خىل ئىھتىياجىنى قاندۇرۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ دىنىي ئورگانلارغا قارىتىلغان چەكلەش خاراك-تېرىدىكى سىياسىتى قارا تاغلىقلارنىڭ چىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىگە نۇقسان يەتكۈزمىدى. پۈتكۈل 18 ـ ۋە 19 ـ ئەسىرلەردە، قارا تاغلىقلار ئىزچىل تۈردە چىڭ سۇلالىسى تەرەپدارى بولدى ۋە چىڭ سۇلالىسىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن باش پانا قىلدى⑳.

موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ھەمىدى» ناملىق ئەسىرىدە، چىڭ سۇلالىسى بىلەن قارا تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق مۇناسىـ-ۋەتنى مۇنداق دەپ تەسۋىرلەيدۇ: ”شۇ زامانلاردا ئەنجاندىن بىرەر خوجا كېلىپ قالسا، ئاق تاغلىقلار گويا كۈننى يىگىۋاشتىن كۆرگەندەك خۇرسەن بولاتتى... ئەگەر بېيجىڭدىن سوغا قىلىپ چاي ئەۋەتىلسە، قارا تاغلىقلار كاتتا شۆھرەت دەپ بىلەتتى.“

(2) تىل ـ يېزىق سىياسىتى

بۇ مەسىلىگە ئائىت تەپسىلاتلار بىلەن تونۇشۇشتىن ئىلگىرى، مانجۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتەيلى.

مىللى تەركىپ بويىچە ئېيتقاندا، چىڭ سۇلالىسى بىلەن موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ۋە يۈەن سۇلالىسىنىڭ بىرمۇنچە ئوخشاش تەرەپلىرى بار ئىدى. بۇ ئىككى ھاكىمىيەتنى ئوخشاشلا ئېلىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلەۋى خەلقلەر قۇرغان، لېكىن ئۇلارنىڭ پەرقىمۇ يوق ئەمەس، مەسىلەن، دەۋر، شارائىت، ھاكىـ-

ميەت بەرپا قىلىش جەريانى، يات مىللەتلەر بىلەن، بولۇپمۇ يات مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى بىر بىرىگە تامامەن ئوخشاپ كەتمەيدۇ.

چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە تەۋە تۇنجى تۈركۈم يېزىقى بار پۇقرالار ئۇيغۇرلار ئىدى. مۇشۇ سەۋەپتىن، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدە ئۇيغۇر تىلى ئاساسلىق تىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇيغۇر يېزىقى بولسا موڭغۇل تىلىنى خاتىرىلەشتە تەتبىقلاندى ھەم موڭغۇل يېزىقىنىڭ بىۋاستە مەنبەسى بولدى.

مانجۇلار بولسا ئەڭ ئاۋال خەنزۇ مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچراشتى، خەنزۇ تىل - يېزىقى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، مانجۇ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى ئارىسىدا ۋە سودا ساھەسىدە قوللىنىلىدىغان ئاساسلىق ئالاقە قورالى ئىدى. خەنزۇ تىل - يېزىقىدىن باشقا، موڭغۇل تىل - يېزىقىمۇ مانجۇلارغا ئوبدان تونۇش ئىدى. نۇرخاچ، فۇلىن، كاڭشى، يۇڭجېڭ، چيەنلۇڭ قاتارلىق پادىشالارنىڭ ھەممىسى موڭغۇل تىل - يېزىقىنى پىششىق بىلەتتى. چيەنلۇڭنىڭ موڭغۇل تىل - يېزىقىنى پىششىق بىلىدىغانلىقى شۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئۇ ھەتتا موڭغۇل يېزىقى بىلەن بىۋاستە پەرمان يازالايتتى. شىزاڭ تىنجىتىلغاندىن كېيىن، مانجۇلار زاڭزۇ تىل - يېزىقى بىلەنمۇ تونۇشتى.

مانجۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە چەكلىك ئادەم سانىغا — گەرچە ئۇ قۇدرەتلىك سىياسى كۈچكە ئىگە بولسىمۇ — تايىنىپ تۇرۇپ ئۆزگە يات مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى مانجۇ مەدەنىيىتىنىڭ قېلىپىغا بويىچە توپتىن ئۆزگەرتىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئەمەلىي ئەھۋال شۇكى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىل-

لىرىنده ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى ئىزچىل ھالدا "مانجۇلار ئەلا" دىگەن قاراشتا چىڭ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن مەدىنىيەت ساھەسىدە، بولۇپمۇ تىل-يېزىق ساھەسىدە، ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىغا مۇۋاپىق ۋەزىيەت يارىتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خەنزۇلار، موڭغۇللار ۋە زاڭزۇلار رايونلىرىدا شۇ مىللەت-لەرنىڭ تىل-يېزىغىنى ئۆز رايونىنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشىدا قوللى-نىشقا يول قويىدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ پەرقلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەب شۇكى، تىل ۋە يېزىق جەھەتتىكى بۇ پەرقلەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ھىچقانداق تەھدىت بولۇپ شەكىللەنمەيتتى.

يۇقۇرىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆزىگە يات مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىغىغا تۇتقان ئاساسلىق پوزىتسىيىسى بىلەن تونۇشۇپ چىقتۇق، ئەمدى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تىل-يېزىغىغا قوللانغان سىياسىتى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

تىل:

خۇددى باشقا تەرەپلەردىكىگە ئوخشاشلا، تىل مەسىلىسىدىمۇ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەت خاھىشىنى بىردىنلا ئېنىق كۆرۈۋېلىش تەس. ئەمەلىيەتتە، مۇشۇ مەسىلىدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ چەكلەش خاراكتېرىدىكى تەدبىرلىرىنىمۇ، تەشەببۇس قىلىش خاھىشىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ. بۇ ئەھۋال تىل مەسىلىسىدىلا ئەكس ئېتىپ قالماستىن، يېزىق مەسىلىسىدىمۇ ئەكس ئەتكەن.

لېكىن دەۋر ئېقىمى ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ساھەسىدە يەنىلا ئۆز ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ، بەزىبىر ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. شۇنى

ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ ساھەدىكى ئۆزگىرىشلەر تىركىشىش، ئالمىشىش ۋە قوشۇلۇش تەرتىۋى بويىچە تەرەققى قىلىپ ماڭدى.

18 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن كېيىن، تىيانشانىنىڭ جەنۇبىدا تىركىشىپ تۇرغان تىللار ئاساسەن ئۇيغۇر، مانجۇ، خەنزۇ تىللىرى ئىدى، ئالمىشىش نەتىجىسىدە، تىللارنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، ئۇلارنىڭ لېكسىكا قىسمىغا تەڭلا يېڭى تەركىپلەر قوشۇلدى.

مۇشۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر تىلى ساھەسىدە كۆرۈلگەن بۇ خۇسۇسىيەتلەر كىتاۋىمىزنىڭ مۇشۇ بۆلۈمىدە بايان قىلىنىدىغان ئاساسلىق مەزمۇندۇر.

تىركىشىش مانجۇ تىلى، ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلىنىڭ ئورنى مەسىلىسىدە كۆرۈلدى.

ئالمىشىش ۋە قوشۇلۇش داۋامىدا ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىغا كۆپلەپ مانجۇچە، خەنزۇچە ئاتالغۇلار قوبۇل قىلىندى. مانجۇ تىلى ۋە خەنزۇ تىلى لېكسىكىلىرىغىمۇ كۆپلەپ ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلار كىردى.

تىركىشىش ھالىتىنى سىياسى ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەر كەلتۈرۈپ چىقاردى، ھالبۇكى، مۇشۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھاسىل بولۇشىغا، تەبىئىكى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇشۇ رايوندا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىگەنلىكى سەۋەپچى بولدى. سىياسى ۋەزىيەتتە كۆرۈلگەن ئۆزگىرىشلەر مانجۇ تىلى، ئۇيغۇر تىلى ھەم خەنزۇ تىلىنىڭ مۇشۇ رايوندىكى ئىجتىمائى تۇرمۇشتا تۇتىدىغان ئورنىنى ئېنىق بەلگىلەشنى تەلەپ قىلدى.

ئەمدى بىز مۇشۇ ئۈچ خىل تىلنىڭ بۇ رايوندىكى ئىجتىمائى تۇرمۇشتا ئوينىغان رولىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى.

ئالدى بىلەن مانجۇ تىلىغا كېلەيلى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يات مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقلىرىنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ ئۆز مىللىي تىلىغا سەل قارىغانلىقى ئەمەس ئىدى. ئەمەلىيەتتە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى مانجۇ تىلىنى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئالاقە ۋاستىسى قىلىش ئۈچۈن خېلى زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مۇشۇ مەقسەتتە مەركەز ۋە ئاساسلىق رايونلاردا ھەتتا مانجۇ تىلىنى ئۆگىتىدىغان مەخسۇس ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلغان، بۇ ئورۇنلاردا مانجۇ، موڭغۇل، زاڭزۇ بەگزادىلىرىدىن تاشقىرى، خەنزۇ ئەرباپلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ ئوقۇغان ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ ئۆز مىللىي تىلى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى تاكى چيەنلۇڭ يىللىرىغىچە داۋام قىلدى. چيەنلۇڭ يىللىرىدا تۈزۈپ چىقىلغان بەش تىللىق سېلىشتۇرما لۇغەت — «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» مانا بۇ تارىخىي يۈزلىنىشنىڭ مەھسۇلىدۇر. بۇ لۇغەتتە مانجۇ تىلى بىرىنچى قاتارغا قويۇلدى. ھۆكۈمەت پۇللىرىدا مانجۇچە باشتىن-ئاخىر ئىشلىتىلدى. ئادەتتىكى مەمۇرى ئىشلاردا ۋە مۇئەييەن تۇرمۇش شارائىتىدا مانجۇ تىلى ئالاقىلىشىش ۋاستىسى سۈپىتىدە قوللىنىلدى.

ئۇيغۇرلار رايونىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ مانجۇ تىلىنى زورمۇ-زور ئومۇملاشتۇرغانلىقى ھەققىدە پاكىتقا ئىگە ئەمەسمىز، شۇنداقلا ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ مانجۇ تىلىغا سەل قارىغانلىقى ھەققىدىمۇ پاكىتقا

ئۇگە ئەمەسمىز. ئالدىنقىسىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا
ئۇيغۇرلارغا زورمۇ-زور مانجۇچە ئۆگىتىدىغان ئورگان تەسىس قىلمى-
غانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، كېيىنكىسىدە ئۇيغۇرلار رايونىدا پۇل، تامغا
ھەم ۋىۋىسكىلاردا مانجۇ تىلىنىڭ مۇھىم ئالامەت سۈپىتىدە ئىشلى-
تىلگەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار رايونىدا مانجۇ تىلى ئاسا-
سەن سىمۋول خاراكتېرلىق تىل ئىدى. ئۇ مانجۇ تىلىنىڭ مەملىكەت
مىقياسىدا ئىمتىيازلىق ئورۇندا تۇرغۇچى تىل ئىكەنلىكىنىلا كۆرسىتىپ
تۇرىدۇ.

ئەمدى ئۇيغۇر تىلىغا كېلەيلى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ يات مىللەتلەرنىڭ
تىلىغا تۇتقان ئاساسلىق پوزىتسىيىسى ئۇيغۇرلار رايونىدىمۇ گەۋدى-
لەندى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تىيانشاننىڭ
جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇ-
شىدا تۇتقان ئورنىنى تامامەن ئېتىراپ قىلدى. ئۇيغۇر تىلى بۇ
رايوندا ئاساسلىق ئالاقە ۋاستىسى سۈپىتىدە قوللىنىلدى. غەللە-
پاراق، باج-سېلىق، ئالۋاڭ-ياساق قاتارلىق مەمۇرى ئىشلاردىن
تارتىپ تاكى سوراق قىلىش، ھۆكۈم چىقىرىشقا ئوخشاش ئەدلىيە
پائالىيەتلىرىگىچە ئۇيغۇر تىلى ئومۇمى يۈزلۈك قوللىنىلدى.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھۆكۈمەت پائالىيەتلىرىدە قوللىنىلغانلىقى يەنە
مەنسەپناملىرىدىمۇ ئەكس ئەتتى، مەسىلەن، ھاكىمبەگ دىگەن
مەنسەپ نامىدىن تارتىپ قاشتېشى قېزىش ئىشلىرىغا مەسئۇل
بولىدىغان قاش بېگىگىچە بولغان مەنسەپلەرنىڭ ناملىرى ئۇيغۇرچە
ئاتالدى. ئۇيغۇر يېزىقى پۇللاردىمۇ ئىشلىتىلدى. ئومۇمەن تىيانشان-

نىڭ جەنۇبىدا قۇيۇلغان چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمەت پۇللىرىدا ئۇيغۇر يېزىقى بىر خىل ئالامەت سۈپىتىدە قوللىنىلدى. مانا بۇلار ئۇيغۇر تىلىنى بۇ يەرنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشىدا ھۆكۈمەت تىلى ئورنىغا ئىگە قىلدى.

«بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت»كە ئۇيغۇر تىلىنىڭ كىرگۈزۈلگەنلىكىدىن بىز شۇنداق خۇلاسىگە كېلەلەيمىزكى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر تىلىنى ئېلىمىزنىڭ پۈتۈن دۆلەت مىقياسىدا ئىشلىتىلىدىغان قانۇنىي تىللارنىڭ بىرى دەپ ھېساپلىغان. چىيەنلۇڭ ئۇيغۇر تىلىنىمۇ ئانچە-مۇنچە بىلىدىكەن، دېگەن گەپمۇ بار. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلى بىلىمىگە ئاساسەن يېڭىسار ۋە قاراشەھەر دېگەن ئىككى جاي ئىسمىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى تۈزىتىپ، ئالدىنقىسى ئۈچۈن ئاھاڭى يېقىنراق كېلىدىغان "英吉萨尔" دېگەن خەنزۇچە خەتلەرنى، كېيىنكىسى ئۈچۈن ئاھاڭى يېقىنراق بولغان "喀喇沙尔" دېگەن خەنزۇچە خەتلەرنى بېكىتىپ بەرگەن ئىكەن[21].

تېخىمۇ قىزىقارلىق ئىش شۇكى، چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر تىلىنى ئۆزىنىڭ پايتەختىدىمۇ قوللاندى. بېيجىڭ شەھىرىنىڭ بىرمۇنچە جايلىرىغا ۋە ئوردىنىڭ ئەتراپىغا تۇرغۇزۇلغان، ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان ئاتتىن چۈش دەپ ئاگاھ بېرىلگەن پەرمان ئابىدىلەرگە، ھەتتا چىڭ سۇلالىسى پادىشالىرى ياز پەسلىنى ئۆتكۈزىدىغان چىڭدې يازلىق ئوردىسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىكى ۋىۋىسكىغىمۇ ئۇيغۇرچە سۆزلەر ئويۇلغانلىقى بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ.

ئەمدى خەنزۇ تىلى توغرىسىدا توختىلىمىز.

پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خەنزۇ تىلى

شۇ چاغدا مانجۇ تىلىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇنىدا تۇراتتى. ئەمما ئۇيغۇرلار رايونىدا بولسا ئەھۋال باشقىچە ئىدى، چۈنكى ئۇيغۇرلار ئۇچۇن مانجۇ تىلى تامامەن يېڭى تىل ئىدى. مەيلى قايسى مەنىدىن ئېيتايلى، مانجۇ تىلى ئۇيغۇرلارغا تامامەن ناتونۇش ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، خەنزۇ تىلىنىڭ بۇ رايوندا قوللىنىلغىنىغا ئۇزۇن بولغان ئىدى. «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» قاتارلىق يادىكارلىقلارغا قارىغاندا، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ ئۇيغۇر تىلىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىدىغان تەرجىمانلار بارلىقى مەلۇم.

ئەگەر چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ تارىخ ۋە رېئاللىققا سەل قاراپ، خەنزۇ تىلىنى تامامەن چەتكە قېقىپ، مانجۇ تىلى ۋە يېزىقىنى ئۇيغۇرلار بىلەن ئالاقە قىلىشتا ئاساسلىق ۋاستە قىلىدىغان بولسا، مانجۇلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر رەۋىشتە سۈنئىي توسالغۇ پەيدا بولغان بولاتتى. چۈنكى، تارىخ مانجۇ تىلىنى مۇكەممەل ئىگەللەپ ھەم مانجۇلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇشقا قادىر بىر تۈركۈم تەرجىمانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا تېخى ئۈلگۈرەلمىگەن. تارىخنىڭ ۋۇجۇتقا كەلتۈرگىنى پەقەت خەنزۇ تىلىنى مۇكەممەل بىلگەن ۋە خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنى راۋانلاشتۇرالايدىغان تەرجىمانلار ئىدى.

دېمەك، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى، مەيلى خالىسۇن، خالىمىسۇن، جەزمەن مۇشۇ تارىخىي ۋە رېئال پاكىتقا تەن بېرىشى لازىم ئىدى. نەتىجىدە، خەنزۇ تىلى تەبىئىي ھالدا ئۇيغۇرلار بىلەن مانجۇلار ئۆزئارا ئالاقىلىشىشتا تەڭ قوللىنىلىدىغان تىل ۋاستىسى بولۇپ قالدى، مۇشۇ سەۋەپتىن، خەنزۇ تىلى ئۇيغۇرلار رايونىدا ئۆزگىچە خاس ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولدى.

بۇ ئەھۋالغا شاھىت بولغان پاكىت شۇكى، شۇ چاغدا تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ھەر دەرىجىلىك ھەربى-مەمۇرى ئورگانلاردا تەرجىمان بولغانلار — شۇ ۋاقىتتا تۇڭچى دەپ ئاتىلاتتى — ئۇيغۇرچىنى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىش، ياكى خەنزۇچىنى ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلىش بىلەن شۇغۇللىناتتى.

بىز تونۇشتۇرماقچى بولغان ئالمىشىش ۋە قوشۇلۇش ھالەتلىرى تىركىشىش بىلەن قوشكېزەك ئىدى، ھەم مۇشۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلى ساھەسىنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى بولۇپ تونۇلدى.

تىركىشىشكە ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، ئالمىشىش ۋە قوشۇلۇش ئىشلىرى پەيدىن-پەي ھەم ئاستىرتىن ئېلىپ بېرىلدى. لېكىن ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى غايەت زور بولدى. بۇ جەرياندا، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا مەۋجۇت ئۈچ چوڭ تىل تۈرىنىڭ ھەممىسى قارشى تەرەپنىڭ لاگېرىغا بۆسۈپ كىرىپ، ئۆزئارا كەڭ ئۇچراشتى ھەم قارشى تەرەپتىن كۆپلەپ ئاتالغۇ قوبۇل قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تىل لېكسىكىلىرىنى بېيىتتى.

مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىغا كۆپلەپ مانجۇچە ئاتالغۇ قوبۇل قىلىندى.

| | |
|---|---|
| زەڭگى | 章京 |
| يامۇل | 衙门 |
| دارېن | 大人 |
| تۇڭچى | 通事 |
| بېلې | 贝勒 |
| بېيزى (ياكى بەيسى) | 贝子 |

ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى ئاتالغۇلار خەنزۇ تىلىغا كىردى.

| | |
|---|---|
| كارىز | 坎尔井 |
| كەتمەن | 坎土曼 |
| يەڭگە | 洋岗子 |
| بالا | 巴郎子 |
| بەگ | 伯克 |
| بىمار | 别玛尔 |
| بىكار | 白卡尔 |
| دۇتار | 都塔尔 |
| داپ | 达甫 |

ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىن شۇ ئەھۋال ئايانكى، 18-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدىن كېيىن ۋۇجۇتقا كەلگەن شۇ قېتىمقى ئالمىشىش ۋە قوشۇلۇش دەۋر بۆلگۈچ ھادىسە ئىدى، ئۇ ئۇزاق تارىخىي مەزگىلدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ خەنزۇ تىلى ۋە باشقا تىللار بىلەن ئالمىشىش ۋە قوشۇلۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى جۇغلاش بىلەن بىللە، يەنە ئۆزىنىڭ بۇندىن كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن يۆنىلىش خاراكتېرلىق ئاساسلارنى سالدى. تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئۇيغۇر تىلىدا ئاشۇ باسقۇچتىكى تارىخ ئېقىمىنىڭ ئىزلىرى ساقلىنىپ كەلمەكتە.

مەيلى ئىركىشىش بولسۇن، مەيلى ئالمىشىش ۋە قوشۇلۇش بولسۇن، بۇلار چىڭ سۇلالىسى سىياسىتىنىڭ مەقسەتلىك ھالدا ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن ئاقىۋىتى ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي تىلىغا نىسبەتەن، چىڭ سۇلالىسى سىياسىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئۆز رايىغا قويۇپ بېرىش ۋە ئۇيغۇنلىشىش ئىدى.

سەۋەپ شۇ يەردىكى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ مۇشۇ ساھە-

دىكى سىياسەت ئوبيېكتى ئۇزاق تارىختا ئىگە ئىدى. بۇ تىل كەڭ ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە ئىدى، ئەمما سىياسى جەھەتتە باشقىچە يات ھالەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇشۇ رايوندىكى ھۆكۈمرانلىقىغا دەخلى يەتكۈزىدىغان دەرىجىدە ئەمەس ئىدى. ئوخشاش سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆز رايىغا قويۇپ بېرىش، ئۇيغۇنلىشىشتەك يۇمشاق قوللۇق سىياسىتى يېزىق ساھەسىدىمۇ يۈرگۈزۈلدى.

يېزىق:

18-ئەسىردە، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدا ئىجات قىلىنغان ئۇيغۇر يېزىغى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئومۇمىي يۈزلۈك ئىشلە-تىلىشكە باشلىدى.

گەرچە مانجۇ يېزىغى ئەسلىدە ئۇيغۇر يېزىغىدىن كېلىپ چىققان موڭغۇل يېزىغىدىن تۆرەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز-لىرى ئاللىقاچان ۋازكەچكەن بۇ يېزىقنى قايتا قوبۇل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىمۇ ئۆز يېزىغىنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتە قىلىپ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلىق ئوبرازىغا نۇقسان يەتكۈزۈشنى خالىمايتتى.

ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ يېڭى پۇللارغا قويۇلغانلىقى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ يەرلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا تۇتقان ئورنىنى تامامەن ئېتىراپ قىلغان-لىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىز شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلدۇقكى، مۇشۇ مەز-گىلدە ھاسىل بولغان ئادەتتىكى ھۆكۈمەت مەكتۇپلىرى، تىلخەت، سودا توختاملىرىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر يېزىغىدا پۈتۈلگەن.

خەنزۇ تىلىنىڭ قوللىنىلىش ئەھۋالىغا ئوخشاش ھالدا، خەنزۇ يېزىقىنىڭ قوللىنىلىشىمۇ ناھايىتى كەڭ كۆلەمدە بولغان، ئۇ ئەسلى جاڭجۇن مەھكىمىسىدىن تارتىپ ھەرقايسى مەسلىھەتچى ۋە ئىش بېجىرگۈچى ئامبانلار ياملۇلىرىدىلا قوللىنىلىپ قالماستىن، بەلكى مۇشۇ يامۇللار بىلەن جايلاردىكى ھاكىمبەگلەر ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان خەت ئالاقىلىرىدىمۇ قوللىنىلدى.

مەدەنىيەت تەدبىرلىرى قىسمىنىڭ ئاخىرىدا كىيىم-كېچەك ۋە چاچ شەكلى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

چىڭ سۇلالىسى پۈتۈن مەملىكەتتە ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەش بىلەن كوكۇلا ئۆستۈرۈش ۋە مانجۇچە كىيىم كىيىشنى زورمۇ-زور يولغا قويدى. مۇشۇ سەۋەپتىن، نۇرغۇن قانلىق ۋەقەلەر سادىر بولغاندىن كېيىن، ئاخىر كېلىپ دۇنيا خەلقى كوكۇلا ئۆستۈرۈشنى يېقىنقى زاماندىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئاساسىي بەلگىلىرىدىن بىرى دەپ قاراشقا باشلىدى.

ئۇيغۇرلار رايونىدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چاچ شەكلى ۋە كىيىم-كېچەك جەھەتتىكى زىيادە كەسكىن تەدبىرلەرنى خېلى يۇمشاتتى. بۇنىڭغا شۇ چاغدىكى سىياسى شارائىت ئاساسىي سەۋەپ بولدى. لېكىن، بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم-كېچەك فورمىسىدىكى روشەن ئالاھىدىلىكلىرىمۇ، بۇ كىيىمگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنغان ھەرقانداق كىشىنىڭ رايىنى قايتتۇرۇپ ياندۇردى. مەسىلەن، ئۇيغۇر ئەرلىرى چاچ قويمايتتى. ئوتتۇرا ياشتىن ھالقىغانلار بېشىغا سەللە ئوراپ، يەكتەك كىيەتتى. سەللە ئورىمايدىغانلار تۇماق كىيەتتى. ھالبۇكى، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىدىكى پەرقلەر بولسا تېخىمۇ روشەن ئىدى.

يۇقۇرىدىكى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، ئۇيغۇرلار كىيىم-كېچەك ۋە چاچ شەكلى جەھەتلىرىدە داۋاملىق ھالدا ئۆز ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشۋەردى. پەقەت مۇئەييەن دەرىجىلىك ھاكىمبەگلەر ۋە ۋاڭ، گۇڭلۇق پەخرىي ئۇنۋانلارغا نائىل بولغانلارلا بىر خىل پەۋقۇلئاددە شۆھرەتنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە كوكۇلا ئۆستۈرۈپ، مانجۇچە كىيىم كىيىدىغان بولغان.

## ئۈچىنچى بۆلۈم چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى

سىياسى ۋە ھەربى كۈرەشلەردىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تىيانشاننىڭ جەنۇبى قىسمىدا ئېلىپ بارغان ئىقتىسادى كۈرەشلەرمۇ، ئوخشاشلا، ئىنتايىن مۇشكۇل بولدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدىدا بۇ رايوننى ئۆزىنىڭ بىر تۇتاش مەمۇرى باشقۇرۇشى ئاستىغا قويۇش بىلەنلا قالماستىن، ئېغىر ۋەيران بولغان ئىقتىساتنى، جۈملىدىن مەدەنىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇش ۋە شۇ يول ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەربى جەھەتتە ئېرىشكەن غەلىبىسىنى مۇستەھكەملەش ۋەزىپىسى تۇراتتى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا يولغا قويغان بىر قاتار ھەربى، سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەدبىرلىرى ئەنە شۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ مەقسىدىگە يېتەلىدىمۇ؟ بۇ بۆلۈمدە ئاساسەن مۇشۇ مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىمىز.

تارىخ بۇ مەسىلىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈپ يەكۈن چىقاردى. چىڭ

سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يۇقۇرىدا ئاتاپ ئۆتۈلگەن تەدبىرلەر ئارقىلىق ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنىڭ مەقسىدىگە يەتتى. ئۇنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرى، شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ پۈتكۈل تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدا، بۇ يالغۇزلا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ قالماستىن، بەلكى يىراق ھەم ئىجابى ئەھمىيەتلىك تەسىر كۆرسەتتى.

## 1. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى ئىگىلىگى ۋە مەدىنىيىتى زور قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان مەزگىل ئىدى. ئۇنىڭ سەۋىۋىنى سۈرۈشتە قىلغاندا، سىياسى سەۋەپ بىرىنچى ئورۇندا، ئىقتىسادىي سەۋەپ ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى.

سىياسى سەۋەپ: ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش دەرىجىسى ۋە ئۇيغۇرلار رايونىدا ھوقۇق يۈرگۈزۈش ئۇنۇمى جەھەتتىن ئېيتقاندا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھەرقايىسى فېئودال سۇلالىلەر ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىگى ئىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىغىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىغا ئېلىپ كەلگەن ئەڭ دەسلەپكى ياخشىلىغى ئۇنىڭ بۇ رايوندا بىرلىككە كەلگەن، تۇراقلىق، تىنچ سىياسى ۋەزىيەت ياراتقانلىغى ئىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاز كەم بىر ئەسىر داۋام قىلغان تۇراقسىز، قالايمىقان ھالەتنى ئۆزگەرتتى. بۇ تۇراقسىزلىق، قالايمىقانچىلىقنىڭ بىر قىسمىنى جۇڭغار خاندانلىغىنىڭ ھۆكۈمرانلىغى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، يەنە بىر قىسمىنى ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئىشانلار مەزھىپى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى. داۋالغۇش بىلەن

تولغان تارىخىي مەزگىلىنىڭ ئاساسلىق ئالامىتى .شۇنىڭدىن ئىبارەت بولدىكى، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى بىر قاتار ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرى، مەسىلەن، يەركەن، قەشقەر، كۇچار قاتار-لىق جايلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇشلار داۋامىدا ئېغىر دەرىجىدە خانىۋەيران بولدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قوللانغان سىياسى، ئىقتىسادىي تەد-بىرلەرنىڭ ئۇنۇمى تېخى كۆرۈلمىگەن شارائىتتا، پەقەت ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىنى توگىتىپ، جەمىيەتتە خاتىرجەملىكنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا دېخانچىلىق مەۋسۇملىرىگە كاپالەتلىك قىلىپ، كەڭ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنى نىسپىي ئارام ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى.

ئىقتىسادىي سەۋەپ: چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربى جەھەتتىكى غەلىبىسى ئەمگەكچىلەرگە ئارام ئېلىش پۇرسىتى ئېلىپ كەلگەن بولسا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ رايوندا يولغا قويغان بىر قاتار كونكرېت تەدبىرلىرى، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي تەدبىرلىرى يېڭى رىغبەتلەندۈرۈش ھالىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىدى. بۇنىڭدا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى يانچىلىققا قارىتىلغان چەكلىمىلەر ئىدى.

بۇ چەكلىمىلەر، بىر تەرەپتىن، يەرلىك فېئوداللارغا قارىتىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىسلام دىنى ئورگانلىرىغا قارىتىلغان ئىدى.

ئاپپاق خوجا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ئېغىر سىياسى داۋالغۇشلار قىممەت قاراشلىرى ھەققىدە بىرمۇنچە ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى. ھەتتا كۆچمە مۈلۈك، جۈملىدىن پۇلمۇ بايلىقنىڭ بەلگىسى دەپ قارالمايدىغان بولغان ئىدى. پۇتكۈل ئېكىس-

پىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار سىنىپى ئۆزىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى قايتا يېزىلارغا قارىتىپ، كۆچمەس مۈلۈك بولغان يەر-زېمىن ۋە يانچى سېتىۋېلىشقا بېرىلىپ كەتكەن. ئاقىۋەتتە فېئودال قورۇقلارنىڭ سانى كۆپەيگەن ۋە دائىرىسى كېڭەيگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، فېئودال قورۇقلار ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى ۋە ئالۋاڭ-ياساقتىن قۇتۇلۇشقا ئىنتىزار بولغان دېخانلارنىڭ پاناگاھىغا ئايلانغان. دېخانلار يانچىلىق ئېكسپىلاتاتسىيىگە رازى ئىدىكى، ھاكىمىيەت دائىرىلىرى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشنى خالىمايتتى. شۇنىڭ بىلەن يانچىلىق تۈزۈمى قاتتىق ئۇلغىيىشقا باشلىغان ئىدى.

مەسىلەن، تۇرپاندىكى چوڭ يانچىدار ئىمىن خوجا 104 مىڭ مو يەرگە، 1600 ئۆيلۈك يانچىغا ئىگە ئىدى؛ تۇرپاندىكى يەنە بىر چوڭ يانچىدار ئېبىزىز 1720-يىلى تۇرپاندىن قاراشەھەرگە كۆچكەندە بىر قانچە مىڭ ئۆيلۈك يانچىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتكەن[22].

يانچىلارنى ئىگىلەش جەھەتتە ئىسلام دىنى ئورگانلىرى يانچىدارلار بىلەن بىر قاتاردا تۇراتتى. يەركەندىكى ئالتۇن مازار، قەشقەردىكى ئاپپاق خوجا مازىرى، ئاتۇشتىكى سۇلتان ساتۇق مازىرى، ئاقسۇدىكى جالالىدىن مازىرى، كۇچاردىكى ئەرشىدىن خانىقاسى، تۇرپاندىكى ئەسھابۇلكەھف مازىرى شۇنىڭدەك تارىم ۋادىسى ئەتراپىغا جايلاشقا يۈزلىگەن چوڭ-كىچىك مەسچىتلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ۋەخپە يەرلەرگە ۋە يانچىلارغا ئىگە ئىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ يانچىلىق تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان پاسسىپ ئاقىۋەتنى سېزىۋېلىشى ناتايىن ئىدى. لېكىن ئۇ ئورغۇنلىغان يانچىلار فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا تۇرىۋېرىد-

دىغان بولسا، ئۆزىنىڭ مۇقەررەر ھالدا زور بىر تۈركۈم بىۋاستە باج تۆلىگۈچى پۇقرالاردىن ھەم زور مىقداردىكى مالىيە كىرىمىدىن مەھرۇم قالىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. مۇشۇ سەۋەپتىن، باج تۆلىگۈچىلەرنى كۆپەيتىشنى نىشان قىلغان تەدبىر ۋۇجۇتقا كەلدى. مۇشۇ باپنىڭ ئالاقىدار بۆلۈمىدە بۇ ھەقتە مەخسۇس توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

باج تۆلىگۈچىلەرنى تالىشىش داۋامىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇتۇپ چىقتى. يېڭى ئىجتىمائى ئورۇن دىخانلارغا يېڭى تۇرمۇش ئۈمىدى بېغىشلىدى. ئازات قىلىنغان زور بىر تۈركۈم يانچىلار يېڭى كۆچ سۈپىتىدە يەرلىك ئىجتىمائى ئىگىلىككە يېڭى قان سۈپىتىدە قوشۇلدى ھەم ئۇنى ئالغا سىلجىتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، باج تۈرلىرىنى ئىخچاملاش مەقسىدىدە يولغا قويۇلغان تۈرلۈك تەدبىرلەرمۇ ئىجتىمائى ئىگىلىككە يېڭى رىغبەت بېغىشلىدى. ئۆتكەن ئىشلارنى بىر قۇر ئەسلەپ باقساقلا، بۇ يېڭى رىغبەتنىڭ ئەھمىيىتىنى تولۇق چۈشىنەلەيمىز.

جۇڭغار خاندانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە ئۆزلۈكسىز ئېلىنىغان ئالۋاڭ-ياساق ۋە باج-سېلىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى ئىگىلىگىنى قاتتىق ۋەيران قىلىپ، ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىگە غايەت زور يۈك بولدى. ئۇيغۇرلار رايونىدىن ھەر يىلى ئېلىنىدىغان باج-سېلىقلار ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ھەر بىر ئۇيغۇر پۇقراسىنىڭ يىللىق كىرىمىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەگىنى ئىگەللەيتتى.

كىشىنى قاتتىق چۆچۈتىدىغان ئېكسپىلاتاتسىيە پۇل مۇئامىلىسى جەھەتتە روشەن ئىپادىلەندى. ھەر قېتىم خان ئالماشقاندا، مۇستەسناسىز ھالدا يېڭى پۇل تارقىتىلاتتى. يېڭى پۇلغا يېڭى خاننىڭ

ئىسمى قۇيۇلاتتى. يېڭى پۇل بىلەن كونا پۇلنى ئالماشتۇرۇش نىسبىتى بىرگە ئىككى بولاتتى، يەنى ئىككى دانە كونا پۇلغا بىر دانە يېڭى پۇل تېگىشلەتتى. بۇ ھال ئاشكارا بۇلاڭ-تالاڭدىن قىلچە پەرقلەنمەيتتى㉓.

ئەمىلىيەتتە، كەڭ ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ زىممىسىدىكى سېلىقلار ھەرگىز بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايتتى. ئۇلار يەنە دىنىي ئورگانلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچرايتتى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىسلام دىنى ئورگانلىرى ئالىدىغان باج-سېلىقلىرىنىڭ مىقدارى ھەمىشە جۇڭغار خاندانلىقىنىڭكىدىن ئېشىپ كېتەتتى.

يىغىپ ئېيتقاندا، 18-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا يولغا قويغان بىر قاتار تەدبىرلىرى يېڭى بىر مۇھىتنى بارلىققا كەلتۇردى. بۇ مۇھىت ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان شەرت ئىدى. دەل مۇشۇنداق شارائىتتا، ئۇلارنىڭ يېزا ئىگىلىكى، قول سانائىتى، كانچىلىقى، سودا ئىشلىرى، ئەدىبىيە، مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى ئومۇمى يۈزلۈك يۈكسەلدى.

تۆۋەندە بىز مۇشۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە بىر-بىرلەپ نەزەر سېلىپ چىقايلى.

يېزا ئىگىلىكى:

يېزا ئىگىلىكىنىڭ يۈكسەلگەنلىكى ئاساسەن ئۇنىڭ كەسىپلىشىش دەرىجىسىنىڭ كۆچەيگەنلىكى، سۇ ئىنشائاتلىرىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكى ۋە مۇكەممەللەشكەنلىكى، تۆمۈر سايمانلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلگەنلىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

كەسىپلىشىش دەرىجىسىنىڭ كۆچەيگەنلىكى مۇنۇ جەھەتلەردە

ئىپادىلەيدى: ئاشلىق زىرائەتلىرى داۋاملىق ھالدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگەن شارائىتتا، ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈشمۇ زور دەرىجىدە راۋاج تاپتى. بۇنىڭغا ئاشلىق بىرلىك مەھسۇلاتىنىڭ ئاشقانلىقى شەرت ھازىرلاپ بەرگەن ئىدى. «غەربىي زېمىننىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دېگەن ئەسەرنىڭ «يېزا ئىگىلىك تارمىقى»دىكى مەلۇماتتىن قارىغاندا، قۇمۇل رايونىدا 1765-يىلى بۇغدايىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 1.06 دادەنگە يەتكەن، ئۈچتۇرپان رايونىدا بۇغدايىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 1771-يىلى 1.99 دادەنگە يەتكەن، ئاقسۇ رايونىدا شالنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 1776-يىلى 3.72 دادەنگە يەتكەن.

بىرلىك مەھسۇلاتنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسكەنلىكى تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىشنىڭ ئەھمىيىتىنى پەيدىن-پەي ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئېتىزلار تېخىمۇ كۆپ مەنپەئەت بېرىدىغان ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىشقا ئاجرىتىلدى.

ئىقتىسادىي زىرائەتلەر ئىچىدە كېۋەز تېرىلغۇسى مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمەت مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، 18-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىنىڭ باشلىرىدا قەشقەر رايونىدا ھەر يىلى 13 مىڭ 600 جىڭ، يەركەن رايونىدا ھەر يىلى 10 مىڭ جىڭ، خوتەن رايونىدا ھەر يىلى 5000 جىڭ پاختا غەللە-پاراق ھېساۋىدا ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇلۇپ تۇرغان. 1763-يىلى يەركەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردىن ئېلىغا توشۇلۇپ، ئامبارلاردا ساقلانغان پاختا 15 مىڭ جىڭغا يەتكەن㉔.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغان مەلۇماتلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، 18-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ پاختىچىلىق ئىشلىرىدا، مەيلى كۆلەم جەھەتتە بولسۇن، ياكى مەھسۇلات مىق-

دارى جەھەتتە بولسۇن، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئەسىر بۇرۇنقىغا قارىغاندا ناھايىتى زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى.

شەھەر-بازارلاردا بىردىنلا بارلىققا كەلگەن خام-بۆزگە بولغان كەسكىن ئېھتىياجمۇ پاختىچىلىقنىڭ تېز يۈكسىلىشىدىكى ئاساسى ئامىللارنىڭ بىرى ئىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ يولغا قويغان ئىقتىسادىي تەدبىرلىرى ئۈستىدە توختالغاندا، بۇنداق ئېھتىياجنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىش سەۋەبى ۋە جەريانىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

ئىقتىسادىي زىرائەتلەر ئىچىدە پاختىچىلىقتىن قالسىلا باغۋەنچىلىك ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى. ئومۇمەن شۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇرلار رايونىغا كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك بۇ رايوننىڭ باغۋەنچىلىكىنى ماختىدى ھەم يەل-يېمىشلەرنىڭ بازارلارغا تولۇپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. بولۇپمۇ سودا مەركەزلىرىگە يېقىن جايلاردا باغۋەنچىلىك تامامەن بازارلارنى نىشان قىلدى. ئۇلاردا سودا خاراكتىرى روشەن ئىپادىلەندى.

كۆلىمى ۋە سودا خاراكتىرىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكلەرنى ھىساپقا ئالمىغاندا، مۇنىلەرنى ساقلاش ئۇسۇلىنىڭ مۇكەممەللەشكەنلىگى ۋە ئىشلىتىلىش دائىرىسىنىڭ كېڭەيگەنلىگى شۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇرلار رايونىدىكى باغۋەنچىلىكنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىگى بولۇپ ھىساپلىناتتى.

ئۈزۈم قۇرۇتۇش — بۇنى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ باغۋەنچىلىك جەھەتتىكى زور كەشپىياتى دىسەك مۇبالىغە بولمايدۇ — تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدىچە ئومۇملاشتى. يەركەن، خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئۇرۇقلۇق ئۈزۈملەر قۇرۇتۇلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، قوغۇن، ئالما، تاۋۇز، ھۆل ئۈزۈم، ئانار قاتارلىقلارمۇ

يېڭى ئۇسۇلدا ئەينى پېتىچە ساقلىناتتى. ئۇلارنىڭ كوپچىلىگى ھەتتا ئىككىنچى يىلنىڭ ئەتىياز پەسلىگىچە ساقلىنىدىغان بولغان. بەزى مېۋىلەر، مەسىلەن، ئانار بىرقانچە يىللارغىچە ساقلىناتتى، يېڭى ساقلاش ئۇسۇلىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئارقىسىدا، مېۋىلەرنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى كېڭەيدى. ئۈزمە، شاپتۇل، ئەنجۈر، ئۆرۈك، ئالما قاتارلىقلار ئاسان سېسىپ كېتىدىغان مېۋىلەردىن كۆپلەپ ھاراق ۋە مۇراببا ياسىلىدىغان بولدى. ئىسلام دىنىدا ھاراق ئىچىش چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن، مېۋىدىن ئىشلەنگەن بۇ ھاراقلار ئادەتتە مەي ياكى مۇسەللەس دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭدىكى ئىسپىرت تەركىۋى ئادەتتىكى ھاراقلاردىن تۆۋەن بولغاچقا، مەنئى قىلىش قاتارىغا كىرمىگەن ئىدى. تۈرلۈك مېۋە مۇراببالىرى تائاملارغا ئوبدان خۇرۇچ ئىدى.

يېڭىچە ساقلاش ئۇسۇلىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە مېۋىلەرنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىنىڭ كېڭەيگەنلىگى ئارقىسىدا، باغۋەنچىلىك تۈرلۈك تەشۋىشتىن خالاس بولدى. بۇنىڭ بىلەن باغۋەنچىلىكنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن يېڭى ئىقبال ئېچىلدى.

سۇ ئىنشائاتلىرىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشى: سىياسى ئامىللارنى نەزەردە تۇتمىغاندا، ئۇيغۇرلار رايونىدا يېزا ئىگىلىگىنىڭ گۈللىنىشى ۋە زەئىپلىشىشى ئاساسەن سۇ ئىنشائاتلىرىنىڭ مۇكەممەل بولۇش-بولماسلىغى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدا گەرچە ھۆل-يېغىن ئاز، ھاۋا ئىسسىق بولسىمۇ، لېكىن سۇ مول ئىدى. بۇ يەردىكى تارىم دەرياسى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن ئىچكى دەريالارنىڭ بىرى. تارىم دەرياسىدىن باشقا، بۇ يەردە يەنە كوئېنلۇن تاغلىرىدىن باش-

لىنىدىغان كىرىيە، يۇرۇڭقاش، قارىقاش، يەركەن، قەشقەر دەريا-لىرى، تىيانشاندىن ئېقىپ چۈشىدىغان توشقان، ئاقسۇ، مۇزات، ئۆگەن ۋە قايدۇ دەريالىرىمۇ بار. ئۇلار تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي ۋە شىمالىي ئېتەكلىرىدىكى بوستانلىقلارنى سۇغىرىدۇ. يەر ئۈستىدە سۇ ئىنتايىن كەم بولغان تۇرپان ئويمانلىقىدىمۇ كىشىلەر يەرلىك ئەھۋالغا ماس كېلىدىغان سۇغىرىش سىستېمىسى — كارىزلار ئارقىلىق سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋالغان ئىدى.

تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان بۇ سۇ مەنبەلىرىدە يېزا ئىگىلىك زىرائەتلىرىنى سۇغىرىشقا ئىشلىتىدىغان تۇراقلىق ۋە مۇستەھكەم ئېقىن ئايرىغۇچى ئىنشائات كەمچىل ئىدى. شۇڭلاشقا دەريالارنىڭ ئېقىن ئايرىغۇچى سىستېمىسىنى يىلىغا بىر قېتىم، ھەتتا بىرقانچە قېتىم مۇستەھكەملەش رايون خاراكتېرلىق ئالۋان-ياساققا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئۇيغۇر تىلىدىكى ھاشار دېگەن ئاتالغۇ مانا مۇشۇ مەخسۇس ئىستېمال مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن.

خېلى ئۇزاق مەزگىللەرگىچە سۇ ئىنشائاتلىرىغا سەرپ قىلىنىغان ئەمگەك ئۇيغۇرلار رايونىدىكى دېھقانچىلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسىي تەركىۋىي قىسمى بولۇپ قالغان ئىدى. سۇ ئىنشائاتلىرىغا سەرپ قىلىنىدىغان ئەمگەكلەر توغرىسىدا شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇنىڭ مەۋسۇم خاراكتېرى بەك قاتتىق ئىدى. بۇمۇ ئۇنىڭ ئاسانلا بۇزغۇنچىلىققا ۋە دەخلى-تەرۇزگە ئۇچرىشىدىكى تۈپ سەۋەپ ئىدى.

چېكى سۇلالىسىنىڭ بىر تۇتاش مەمۇرى باشقۇرۇشىدىن ھاسىل بولغان ئىجابى نەتىجە — خاتىرجەملىك بولغان ئىجتىمائى مۇھىت — تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلارنى دېھقانچىلىق مەۋسۇملىرىدىن

قالماي دەريالارنىڭ ئېقىن ئايرىغۇچى سىستېمىسىنى ئۆگىشىۋېلىش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

18-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىن كېيىنكى ھۆكۈمەت تەرەپ ھۆججەتلىرىدە ۋە ساياھەتچىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ سۇ ئىنشائاتلىرى شەرھىلەپ ئۆتۈلگەن، مەسىلەن، «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ناملىق كىتابنىڭ 68-جىلدىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”قەشقەر دەرياسى مۇزلۇق مەھەللىسىدە بىرقانچە ئۆستەڭگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي ئېقىمى جەنۇپقا قاراپ ماڭىدۇ.... ياز كىرگەندە، تاغلاردىكى قارلار ئېرىپ ئېقىپ كەلگەندە، دەريا ئەتراپى غايەت زور سازلىققا ئايلىنىپ كېتىدۇ، قەشقەر، پەيزىۋات، بارچۇق بۇ دەريانىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ.“

شۇ سۆڭ يازغان «غەربىي دىيارنىڭ دەريا ئېقىنلىرى» ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: ”قەشقەر دەرياسىنىڭ شىمالىي مەنبەسى ئۇلانئوسۇ دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ شەرقىي جەنۇپقا قاراپ ئېقىپ، ئۆستەڭلەرگە بۆلۈنىدۇ... شەرققە ئېقىپ كېلىپ، مۇزلۇق مەھەللىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن ئۆتۈپ، جەنۇپ تەرەپكە قاراپ ئېقىپ، قورائى مەھەللىسىدىن ئۆتىدۇ...ئۆستەڭلىرى راۋان بولۇپ، ئېكىنزارلىقلارنى سۇغىرىدۇ.“

«مۇسۇلمانلار ماكانى ھەققىدە ئومۇمىي تەزكىرە» ناملىق كىتابنىڭ 7-جىلدىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”يېڭىسار قارلىق تاغنىڭ تۇمشۇق قاراۋۇلىغا غەربتىن ئون چاقىرىم كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان. تاغدىن سۇ ئېقىپ چۈشىدۇ، دەريانىڭ كەڭلىكى تۆت-بەش جاڭغا يېتىدۇ. تۇمشۇق دىگەن يەردە بۆلۈنۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەرگە ئاقىدۇ. مۇسۇلمانلار (ئۇيغۇرلار) ئۆستەڭ قېزىپ، سۇ باشلاپ كېلىپ ئېتىزلارنى

سۇغىرىدۇ.“
شۇ كىتاپنىڭ 7 ـ جىلدىدە يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”خوتەن قەلئەسىگە جەنۇپتىن 500 چاقىرىم كېلىدىغان قاراڭغۇ تاغ دېگەن يەردە كىچىك دەريا بار... ئۇنىڭ سۈيى شىمالغا قاراپ ئاقىدۇ. مۇسۇلمان مەھەللىلىرى ئۈستەڭ قېزىپ، ئۇنىڭ سۈيىنى باشلاپ كېلىپ، ئېتىزلارنى سۇغىرىدۇ، چەرچەن دەرياسى چەرچەن قەلئەسىگە غەربىي جەنۇپتىن 280 چاقىرىم كېلىدىغان قارلىق تاغدىن باشلىنىدۇ.“
”شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ناملىق كىتاپنىڭ 7 ـ جىلدىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”ئاقسۇنىڭ... قۇمباش ئۈستىڭى بۇ قەلئەگە جەنۇپتىن 30 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە، كۆل دەريا ئۈستىڭىدە تارماقلارغا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، ئومۇمى ئۇزۇنلۇغى 210 چاقىرىم بولۇپ، كەڭلىگى ئىككى يېرىم جاڭ كېلىدۇ. بۇگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ بىلەن 7707 مو يەر سۇغىرىلماقتا“.
«مۇسۇلمانلار ماكانى ھەققىدە ئومومىي تەزكىرە» ناملىق كىتاپنىڭ 10 ـ جىلدىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”كۇچاردىكى ئۆگەن دەرياسى قەلئەنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان. ئۇ شىمالى تاغدىن ئېقىپ چىقىپ، قەلئەنى ئايلىنىپ، شەرقىي جەنۇپقا ئېقىپ كېتىدۇ. مۇسۇلمان مەھەللىلىرى ئۈستەڭ قېزىپ، ئۇنىڭ سۈيىنى باشلاپ كېلىپ ئېتىزلارنى سۇغىرىدۇ.“
بۇ كىتاپنىڭ يەنە شۇ جىلدىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”قاراشەھەرنىڭ قايدۇ دەرياسى تۇڭتيەنخې دەرياسى (ئاسمانغا تۇتاشقان دەريا) دەپمۇ ئاتىلىدۇ، شىمالدىكى چوڭ قارلىق تاغنى مەنبە قىلغان بولۇپ، قاراشەھەرنىڭ غەربىي سىپىل دەرۋازىسىغا بەش چاقىرىم كېلىدىغان يەردىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. سۈيى ئۇلۇغ، دەريا يۈزى كەڭ، مۇسۇلمان

مەھەللىلىرى ئۈستەك قىزىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىتىزلارنى سۇغىرىدۇ."

«غەربىي چېگرا رايون ھەققىدە مۇھىم مەلۇمات» دىگەن ئەسەردە مۇنداق دىيىلىدۇ: "ئىلىدىن جەنۇپقا قاراپ ماڭغاندا، ئۇچتۇرپانغا بارغىلى بولىدۇ... قەلئەگە غەربىي شىمالدىن 20 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە بىدە دەرياسى دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئېقىن بولۇپ، ئۇ بۇيرۇتلار چارۋىچىلىق قىلىدىغان جايدىن كەلگەن، شەرققە ئېقىۋېتىپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ... ھۆكۈمەت قارىمىقىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈۋاتقانلار ۋە مۇسۇلمانلار مەھەللىلىرى ئۇنىڭ بىلەن ئىتىزلارنى سۇغىرىدۇ."

بۇ مەزگىلدىكى سۇغىرىش ئىنشائاتلىرى ئۈستىدە توختالغاندا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلى رايونىدا ئاق ئۈستەڭدىن ئىبارەت غول سۇغىرىش قانىلىنى چاپتۇرغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئۈستەك پادىشالىق ئۈستەك دىگەن مەنىدە خۇاڭچۇ دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئىلى — مەشھۇر ئىلى دەرياسىنىڭ مەنبەسى، ئىلى دەرياسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1400 كىلومېتىر بولۇپ، شەرقتىن غەرپكە قاراپ ئېقىپ، بۈگۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدۇ.

ئىلى دەرياسىنىڭ 660 كىلومېتىرلىق ئارىلىقى ئىلى ۋادىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. بىراق دەريا يولى بەكمۇ تۆۋەن بولغانلىقتىن، بىرقانچە ئەسىردىن بۇيان دەريا بويلىرىدىكى رايونلارغا ئانچە كۆپ ئەمىلىي مەنپەئەت بەرمەي كەلگەن ئىدى. ئەينى ۋاقىتلاردا، چارۋىـچىلىقنى ئاساس قىلغان جۇڭغارلار ئۇنىڭغا ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمىگەن ئىدى. چۈنكى، يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن سۇغىرىش سىستېمىسى بولمىسىمۇ، ئىلىدىكى مول ئوت-چۆپلەر جۇڭغارلارنىڭ چارۋىچىلىق

ئىشلەپچىقىرىشنى قامداپ كېتەلەيتتى.

1761 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلى ۋادىسىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى يولغا قويغاندىن كېيىن، سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشى تەبىئىي ھالدا جىددىي مەسىلە بولۇپ قالدى. نەتىجىدە ئاق ئۆستەڭ چېپىلدى.

ئاق ئۆستەڭنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەنبەسى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي ياقىسىدىكى پىلچى جىلغىسىنىڭ تاغ بۇلاقلىرىغا تۇتاشتۇرۇلغان ئىدى. كېيىن جىرغىلان جىلغىسىغا ئۇزارتىلدى، ئاخىرىدا ئىلى دەرياسىنىڭ يەنە بىر مەنبەسى بولغان قاش دەرياسىغا تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئىلى دەرياسى بىلەن پاراللېل يۆنىلىش ھاسىل قىلغان غايەت زور سۇ ئىنشائاتىغا ئايلاندۇرۇلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئىلى ۋادىسى ئىلى دەرياسىدىن قىسمەن ھالدا پايدىلىنىدىغان بولدى.

ئاق ئۆستەڭنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 90 كىلومېتر بولۇپ، قاش دەرياسىدىن باشلىنىپ تاكى ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق جاي — كۈرەگە يېتىپ بېرىپ، شەرقتىن غەرپكىچە ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي ياقىسىدىكى بىرقانچە يۈزمىڭ مو ئېكىنزارلىقنى سۇغىرىدۇ.

ئاق ئۆستەڭنىڭ قېزىلغانلىقى ئىلى رايونىنىڭ گۈللىنىشىدە غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە، ئىلى رايونىنىڭ باياشات ۋە گۈزەل جاي دەپ داڭ چىقارغانلىقى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىلى ۋادىسىنىڭ شىمالىي قىسمىنى كېسىپ ئۆتكەن مۇشۇ سۇ ئىنشائاتىغا باغلىق. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇ ئىلى رايونىدا ئاساسلىق سۇ ئىنشائاتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ سانالماقتا.

بۇ غايەت زور سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنىڭ يەنە بىر تەرىپى ئىلى رايونىدىكى ئۇيغۇر دىخانلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى

بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان نۇرغۇن خەلق ناخشىلىرى بۇ قۇرۇلۇشنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى مەشھۇر «ئۆستەڭ ناخشىسى»دا زالىم بەگلەرنىڭ ۋەھشىلىكى قاتتىق پاش قىلىنغان، ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ بۇ ئۆستەڭنى چېپىش جەريانىدا تارتقان جەۋرى-جاپالىرى ئېچىنارلىق ئىزھار قىلىنغان.

تۆمۈر سايمانلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىشى:

تىيانشاننىڭ جەنۇبى ئېلىمىز بويىچە ئىپتىدائى دېخانچىلىق رايونلىرىدىن بىرى، تۆمۈر سايمانلارنىڭ ئىشلىتىلىشى بۇ رايوندا ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئەمما 14-ئەسىردىن كېيىن ئۈزلۈكسىز يۈز بەرگەن سىياسى داۋالغۇشلار بۇ رايوندا ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنىڭ نورمال ئىلگىرىلەش قەدىمىگە ئېغىر توسالغۇ بولدى. بۇ جەرياندا يۇەن سۇلالىسى گەرچە 14-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا چۆيۈن ئېرىتىپ، دېخانچىلىق سايمانلىرىنى ياساتقان بولسىمۇ، لېكىن يۇەن سۇلالىسىنىڭ يەرلىك ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تىرىشچانلىقى ئۇزۇنغا بارمايلا قايدۇ — دۇئا توپىلىڭىدا يەر بىلەن يەكسان بولدى. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ رايون ئىزچىل ھالدا ئېغىر تۇراقسىزلىق ئىچىدە جان تالىشىپ كەلدى. 16-ئەسىرگە كەلگەندە، يەركەن خاندانلىقى بىرقانچە ئورۇندا كان ئاچقانلىقى ئۈچۈن، ئەھۋال سەل ياخشىلاندى، ئەمما 1688-يىلى ئاپپاق خوجا كەلتۈرۈپ چىقارغان قالايمىقانچىلىق بۇ ئىلگىرىلەش جەريانىنى يەنە بىر مەرتەم ئۈزۈپ تاشلىدى، قېزىلىۋاتقان نۇرغۇن كانلار ئىشتىن توختىدى.

بىر تەرەپتىن، تۆمۈر كانلىرىنى ئېچىش ۋە چۆيۈن ئېرىتىش

توختاپ قېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن،
جەددى كۆپىيىۋاتقان ئەسكەرلەر زور مىقداردىكى تۆمۈر قورال-
ياراققا مۇھتاج ئىدى. دېمەك، جەمئىيەت تۆمۈرگە ئېغىر ئېھتىياجلىق
بولۇپ قالدى. نورمال تۆمۈر مەنبەلىرىدىن مەھرۇم بولغان شارائىتتا،
خەلق ئىچىدىكى تۆمۈر سايمانلار قورال-ياراقنىڭ ئاساسلىق خام ئەش-
ياسى بولۇپ قالدى. ئاقىۋەتتە، خەلق ئىچىدىكى تۆمۈر سايمانلار
بولۇپمۇ دېھقانچىلىق سايمانلىرى كۆپلەپ يىغىۋېلىنىپ، قورال-ياراق
ياساشقا ئىشلىتىلدى. بۇرھانىدىن يەركەننى قورشىۋالغاندا، خوجا
جاھان باشچىلىقىدىكى يەركەن قوشۇنى شەھەر ئىچىدىكى خەلقلەر-
دىن تۆمۈر سايمانلارنى يىغىۋالغاندا بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش دەرىجىسىگە
بېرىپ يەتتى. بۇرھانىدىن، خان خوجا توپىلاڭ كۆتەرگەندىن
كېيىن، خەلقتىن تۆمۈر سايمانلارنى يىغىش ئىشى ئېغىر يۇقۇرى
بالداققا كۆتىرىلدى.

1759-يىلىدىن كېيىن ئۇيغۇرلار رايونىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش-
نىڭ بىۋاستە تۈرتكىسى بىلەن، تۆمۈر سايمانلار كۆپىيىشكە ۋە
مۇكەممەللىشىشكە باشلىدى.

كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلغان بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پائالىيەتلىرى
ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە تۆمۈر سايمانلارنىڭ جەددى يېتىشمەيۋاتقان-
لىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى. 1762-يىلى چىن ئارى قاتارلىقلار
چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە مۇنداق دەپ تەكلىپ بەردى:
"ئۈرۈمچىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈۋاتقانلارغا ئېھتىياجلىق بولغان
دېھقانچىلىق سايمانلىرى ھەر يىلى ئىچكىرىدىن يۆتكەپ كېلىنمەكتە.
يېقىندىن بۇيان داۋاملىق ھالدا ئاھالىلەر كۆچۈرۈپ كېلىندى.
دېھقانچىلىق سايمانلىرىغا بولغان ئېھتىياج بۇرۇنقىدىن ھەسسىلەپ

ئاشتى. ئەگەر مۇشۇ جاينىڭ ئۆزىدە مەدەن تېپىپ، چۆيۈن ئېرىتىپ، دىخانچىلىق سايمانلىرى سوقۇلسا، ئىچكىرىدىن يۆتكەپ كېلىشتەك ئاۋارىگەرچىلىكتىن قۇتۇلۇش تامامەن مۇمكىن.“

بۇ تەكلىپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەستىقلانغاندىن كېيىن، شۇ يىلىلا سانجى دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىدا كان قېزىپ، چۆيۈن ئېرىتىلىپ، دىخانچىلىق سايمانلىرىنى ياساش يولغا قويۇلدى[25].

1773-يىلى ئىلى جاڭجۈنى شۇ خېدې چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە دوكلات سۇنۇپ مۇنداق دېگەن: ”ئىلىدا دىخانچىلىق قىلىۋاتقان مۇسۇلمانلار (ئۇيغۇرلارنى دېمەكچى) كونا تۆمۈرلەرنى سېتىۋېلىپ، دىخانچىلىق سايمانلىرىنى ياسىماقتا، بىرقانچە يىلدىن بۇيان كونا تۆمۈرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سېتىۋېلىنىپ بولدى. ئەمدى ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى سۇغۇردا كان ئېچىلىپ، ئاقسۇدىن مۇسۇلمانلار يۆتكەپ كېلىنىپ، بۇ ئىشقا قويۇلدى“. شۇ يىلى ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى گۆل دېگەن جايدا يەنە بىر يېڭى كان تېپىلىپ، چۆيۈن ئېرىتىلدى ۋە دىخانچىلىق سايمانلىرى ياسالدى[26]. مۇشۇ مەزگىلدە، ساپان، كەتمەن، ئوغاق قاتارلىق تۆمۈر سايمانلار يەنىلا ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئاساسلىق دىخانچىلىق سايمانلىرى ئىدى. گەرچە سايمانلارنىڭ تۈرى جەھەتتە زور ئۆزگىرىش بولمىغان بولسىمۇ، سان ۋە ئىشلىتىلىش دائىرىسى جەھەتتە يېڭى دەۋرنىڭ چوڭقۇر ئۆزگىرىشلىرى گەۋدىلەندۈرۈلدى.

تۆۋەندە تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا تۆمۈرچىلىكنىڭ گۈللىنىشى بىلەن، تۆمۈر دىخانچىلىق سايمانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆمۈر ئەسۋاپ-

لارنىڭ كەڭ تۈردە ئىشلىتىلگەنلىگىنى يەنە بىر نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

1841-يىلى قەشقەردە يېزىپ پۈتتۈرۈلگەن «كىتابى غېرىپ» ناملىق داستاندا شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ قول سانائەت كەسىپلىرى ئۈستىدە توختالغاندا، تۆمۈرچىلىك كەسپى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلغان. «كىتابى غېرىپ» ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا كۆرۈنەرلىك ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. مۇشۇ بۆلۈمنىڭ مەدەنىيەت قىسمىدا بۇ كىتاپنىڭ مۇئەللىپى ۋە ئەسەر ئۈستىدە تەپسىلى توختىلىپ ئۆتىمىز.

بۇ مەزگىلدە تۆمۈرچىلىك كەسپىدە شۇنداق بىر خىل ئادەت ئەۋج ئېلىپ كەتكەنكى، ھۈنەرۋەن ئۆزى ياساپ چىققان ئەسۋاپقا ئۆزىنىڭ ئىسمى، يۇرتىنى چۈشۈرۈپ، مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىگىنى بىلدۈرىدىغان بولغان. تۈرلۈك تۆمۈر ئەسۋاپلارغا چۈشۈرۈلگەن بەلگىلەرنى تىزىپ سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، شۇ ۋاقىتلاردا قەشقەر، يەركەن، ئاقسۇ، خوتەن، كۇچار، تۇرپان، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردا تۆمۈرچىلىكنىڭ ئومۇملاشقانلىغىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ يېڭىساردا سوقۇلغان تۆمۈر ئەسۋاپلار يۈكسەك شۆھرەت قازانغان.

تۆمۈر سايمانلاردا كۆرۈلگەن يەرلىك خۇسۇسىيەتلەر تۆمۈر سايمانلارنىڭ كەڭ تۈردە ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى يەنە بىر جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

تۆمۈر ئەسۋاپلاردا ئىپادىلەنگەن يەرلىك ئالاھىدىلىكلەر تۆمۈر ئەسۋاپلارنىڭ كەڭ تۈردە ئىشلىتىلگەنلىگىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مۇشۇ جەھەتتە، ھەممىدىن ئاۋال كەتمەننى مىسال كەلتۈرىمىز.

خوتەن، يەركەن، قەشقەر قاتارلىق رايونلارنىڭ ھاۋاسى قۇرغاق،

تۇپرىغى يۇمشاق بولغانلىقتىن، بۇ جايلاردا سوقۇلغان كەتمەنلەرنىڭ يۈزى كەڭ، نېپىز بولۇپ، تۇپراققا چوڭقۇر كىرىپ كېتەتتى. باشقا جايدا سوقۇلغان كەتمەنلەر كىچىكرەك، قېلىنراق بولۇپ، تۇپراققا تېيىز كىرەتتى.

تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرىدا سوقۇلغان كەتمەنلەرنىڭ شەكلىدىمۇ روشەن پەرقلەر بار. تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنىڭ كەتمەنلىرى ئۇزۇنچاق، دۈگىلەك شەكىلدە ئىدى. تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىي رايونلىرىدىكى كەتمەنلەرنىڭ ئۈستى تەرىپى تۈز سىزىق ھالىتىدە بولۇپ، ئاستى قىسمى يۇملاق بولىدۇ.

ئوغاق بۇنىڭدا يەنە بىر مىسال. ئىلى رايونىدا ھۆل-يېغىن كۆپرەك بولغانلىقتىن، زىرائەتلەر غوللۇق ئۆسىدۇ. شۇنىڭغا يارىشا، بۇ يەردە سوقۇلغان ئوغاقلارنىڭ بىسى كەڭ، سالمىغى ئېغىر، ھىلال ئاي شەكلىدە، يارىما دەرىجىسى كەگرەك بولۇپ، ئىشلىتىلگەندە بېسىم ۋە كۈچ ھاسىل بولىدۇ. تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا ھۆل-يېغىن ئاز، ھاۋا قۇرغاق بولغانلىقتىن، زىرائەتلەر پاكار ۋە ئىنچىكە غول تارتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ رايوندا سوقۇلغان ئوغاقلارنىڭ بىسى تار، يايما شەكلى ئازراقلا بولۇپ، يېنىك كېلىدۇ.

ھەرقايسى جايلاردىكى ساپانلارنىڭ شەكلى ۋە ھەجمىدىمۇ روشەن پەرقلەر بار. تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدا تېرىلغۇ ئۇلاقلىرى كەمچىل. شۇڭا، ساپانلار كىچىكرەك بولۇپ، يەرگە تېيىزرەك كىرىدۇ، تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىي رايونلىرى، بولۇپمۇ ئىلى رايونى چارۋىچىلىق رايونلىرىغا يېقىن بولغانلىقتىن، بۇ جايلاردا تېرىلغۇ ئۇلاقلىرى كۆپرەك، شۇڭا، ساپانلار چوڭراق، ئېغىرراق بولۇپ،

يەرگە چوڭقۇر سىڭىندۇ.

يەرلىك خۇسۇسىيەتلەر دېخانچىلىق سايمانلىرىدىلا كۆرۈلۈپ قالماي، تۇرمۇش ۋاستىلىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. ئۇيغۇر ئەرلىرى پىچاقنى زىننەت بۇيۇمى، قوغدىنىش قورالى ۋە تۇرمۇش ئەسۋاۋى سۈپىتىدە بەلباغقا ئېسىۋالىدۇ ياكى ئۆتۈكنىڭ قونچىغا تىقىپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۆمۈر ئەسۋاپلار ئىچىدە تۈرلۈك پىچاقلار كۆرۈنەرلىك سالماقنى ئىگەللەيدۇ.

تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي رايونىدا سوقۇلغان پىچاقلار ياي شەكلىدە بولۇپ، بىسى كەڭ، قېلىن، ئۇچى سەل ئۇستىگە قايرىلغان. پىچاقلارنىڭ سېپى كۆركەم، نەپىس، زىننەتلىك، ئۆزى ئەپچىل كېلىدۇ، تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىدا، جۈملىدىن ئىلىدا سوقۇلغان پىچاقلاردا بۇنداق ھۈنەر-سەنئەت كەمچىل بولۇپ، پىچاقنىڭ بىسى تار ۋە نېپىز، تىغىنىڭ ئۇچى تۈز كېلىدۇ. سېپى بىسى بىلەن ئوخشاش ھەجىمدە بولىدۇ.

بۇلاردىن باشقا، جايلاردا ئىشلەنگەن تۆمۈر قاچا-جابدۇقلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىمۇ بىر بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

قول سانائەت:

تۆمۈر سايمانلارنىڭ كەڭ ئىشلىتىلىشى ناھايىتى زور دەرىجىدە قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا باغلىق.

18-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۇيغۇرلار رايونىدىكى قول سانائەتنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكىنى بۇ كەسىپتە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىش تەقسىماتىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى دەلىللەپ بېرىدۇ. ھەرقايسى كەسىپلەر ئۆز دائىرىسىدە مەخسۇسلاشقان ئىشلەپچىقىرىش تارمىقىغا ئايلاندى. مەسىلەن، قەشقەر رايونىنىڭ خانئېرىق دىگەن

جايىدا يىلىغا 50 ـ 60 مىڭ توپ خام-بۆز ئىشلەنگەن. خام-بۆز توقۇش بۇ رايوندىكى ئاھالىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى كەسپى بولۇپ قالغان. پەيزىۋاتتا قول ھۈنەرۋەنلەر ئون مىڭدىن ئاشقان. ئاقسۇ شەھىرىدىكى ئىگەرچى يېزىسى ئىگەر ئىشلەپچىقىرىشتا مەشھۇر بولغانلىقتىن، تا بۈگۈنگىچە "ئىگەرچى" دىگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە[27].

يەنە بىر تەرەپتىن، قول ھۈنەرۋەنلەر پارا-پارا شەھەر-بازار-لارنىڭ ئاساسلىق ئاھالىلىرىگە ئايلىنىشقا باشلىدى، ئۇلار مەلۇم دائىرىگە جەم بولۇپ، ئۆز ئوقەتلىرى بىلەن بولاتتى. بىز جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بەزى كوچىلارنىڭ كونا ناملىرىدىن ئەينى زاماندىكى قول سانائەتنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز.

بىز يۇقۇرىدا تىلغا ئالغان «كىتابى غېرىب»ناملىق داستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشۇ مەزگىلدىكى قول سانائەت كەسىپلىرى گۈزەل شېئىرىي مىسرالار بىلەن تەسۋىرلەنگەن. بۇ يەردە مۇشۇ ئەسەردىن نەقىل كەلتۈردۇق. كىتاپخانلار ئۇنىڭ شېئىرىدىن بەدىئى لەززەت ئېلىش بىلەن بىللە، ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىگىمۇ دىققەت قىلار دىگەن ئىشەنچىدىمىز.

ئاھانگەر (تۆمۈرچى):

مىقراز ئېتىپ مۈيلەپ ئالغىلى، ياساپ قۇلۇپ دەرۋازىگە سالغىلى،

ئىنسانغا لازىم ھۈنەر ئەيلەدۇق، تۆمۈر بىرلە تىغ-تەبەر ئەيلەدۇق؛

پولات بىرلە ياسايمىز پىچاق، يەنە ئورماققا ئەيلەپ ئوراغ؛

قىلىچىمىز تىغى تىشە بىرلە تەبەر، يىقىلغاي ئانىڭدىن قۇرۇغان

شەجەر؛
كەتمەن ياسايمىز زىرائەت ئۈچۈن، زەمىننى چىپىپ ئەسلا
قويماس پۈتۈن؛
تۆمۈردىن يانا ئوقـقا پەيكان قىلىپ، ئەدۈخلىنى بەلكى
بىخان قىلىپ؛
هاكى ياساپ قەبزە كوكشى شكاپ، تەراشىدە قىلسا قىلۇر
باشنى ساف؛
قىلىچ ئەيلدۈق تىغ خەنجەر تىغى، قىلىپمىز سەنان بىرلە
شەشقەر تىخى؛
سۆزنى قىلۇرغا قىلىپمىز قىياس، ئۈنىگدىن پۈتەر بارچە
زەرريدىن لىباس؛
يانا ئات پۈتىغا قىلىپمىز تاقا، تۈگۈرمەن تاشىغا ياسايمىز پاقا؛
قىلىق نەھەل ھەم مۈزەگە مىخنى، تۆمۈرغا كۆاپ ئەتكىلى
سىخنى؛
جاھاندا قىلىپمىز ئەجەپ ھەر بەلەر، ساتول شەمشەر يەك
زەريەلەر؛
تەپەك بىرلە ھەم زەمبىرەك شىر ئېتىپ، شىكار ئەيلەدى
ھەر كىشنى غاز ئېتىپ؛
چۆيۈندىن قۇيۇپ داش، تۆمۈردىن قازان، شاھ ۋە گاداغا
قۇيۇپمىز نىشان؛
ئۆتۈكچىگە بۇرەندە ھۈنەردىندۇر، تەججارغا رەندە
ھۈنەردىندۇر؛
تۆمۈردىن بىرلە چىقاردۇق ئانچە ھۈنەر، مەشھۇر ئىنسان
ئارا سىر بەسەر؛

پەزىلەت ئۇلاردىن مەلۇم ئولۇر، قاتتىق تۆمۈر ئۇنىڭ ئىلكىدە مۇم بولۇر؛

ئوچاقتا سېلىپ بىر سېۋەت كۆمۈر، تولۇملارنى باستىڭ قىزىتە- تىڭ تۆمۈر؛

ئۇرۇپ چوغ قىلىپ ئۇنى بازغان بىلە، سېلىپ ئوتنى ئالەمگە ئاپغان بىلە؛

دۇكانغا كىرىپ ئىشنى قىلساڭ كېچە، ئەجەپ رەڭ-روپۇڭ بولۇپ ئۆزگىچە؛

بولۇپ دىد يەڭلىغ چىرايىڭ تۇرۇك، ئەجەپ شەرپە بىلە بېسىپسەن كۈيۈك.

كانچىلىق:

18-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىدە تەرەققىي تاپقان يەنە بىر كەسىپ كانچىلىق ئىدى.

بۇ كەسىپتە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى مىس كېنى ئېچىش، ئاندىن قالسا، قورال-ياراقلە ئىشلىتىلىدىغان قوغۇشۇن، سېلىترا، گۈڭگۈرت، شۇنىڭدەك تۆمۈر ۋە قاش تېشى ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ يەركەن، ئاقسۇ، ئىلى، ئۇچتۇر-پان قاتارلىق جايلاردا ئارقا-ئارقىدىن پۇل قۇيۇپ، مىسنىڭ ئىشلىتى-لىش مىقدارىنى كۆپەيتكەنلىكى مىس قېزىش ئىشلىرىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى ئاساسىي ئامىللارنىڭ بىرى ئىدى. بىرقانچە يىلغىچە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاقسۇ، سايرام، باي، كۇچار، شايار، قارا شەھەر، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا مىس كانلىرىنى ئاچتى، جۈملىدىن ئاقسۇ ئونباش مىس

كېنى ئەڭ چوڭ كان ئىدى، ئۇنىڭدا مىس كېنىدىن ھەر يىلى 16 مىڭ 200 جىڭ مىس ئېلىناتتى. شۇڭا ئۇ ئاقسۇ ۋە ئىلىدا قۇيۇلىدىغان يارماق پۇللارنىڭ ئاساسىي مىس مەنبەسى بولۇپ قالغان ئىدى[28].

1775 - يىلى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى قاراخاتو تېغىدا مىس كېنى ئاچتى. بۇ كان كۈرە قەلئەسىگە جەنۇپتىن 451 چاقىرىم كېلەتتى، يىللىق مەھسۇلاتى 6000 جىڭ ئىدى. 1791 - يىلى ئىلى دەرياسىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى بولغان قاش دەرياسىنىڭ يۇقۇرقى ئېقىمىدا يەنە بىر مىس كېنى ئېچىپ، ئۇنىڭغا قاش مىس كېنى دەپ نام بەردى. قاش مىس كېنىنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى 1000 جىڭغا يەتتى[29].

ئەمىلىيەتتە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ مىسقا بولغان ئېھتىياجى قېزىۋېلىنىۋاتقان مىس مىقدارىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا، چىڭ سۇلالىسى بىر مەھەل غەللە-پاراق ئورنىغا مىس ئېلىش تەدبىرلىرىنىمۇ يولغا قويۇپ، خەلق ئىچىدىكى مىسلارنى يىغىشقا باشلىدى.

چيەنلۇڭ يىللىرىدا (1736 — 1795) ئاقسۇ رايونىغا ھەر يىلى 4667 جىڭ، قەشقەر رايونىغا ھەر يىلى 3650 جىڭ، قاراشەھەر رايونىغا ھەر يىلى 905 جىڭ، كۇچارغا ھەر يىلى 720 جىڭ، سايرامغا ھەر يىلى 383 جىڭ، بايغا ھەر يىلى 370 جىڭ، شايارغا ھەر يىلى 358 جىڭ مىس تاپشۇرۇش ۋەزىپىسى يۈكلەندى.

قوغۇشۇن، سېلىترا، گۈڭگۈرت قاتارلىقلارنىڭ قېزىلىشى بىۋاستە ھەربىي لاۋازىمات ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىدى، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا ئېھتىياجلىق بولغان ئوق-دورىلارنىڭ بىر قىسمى ئىچكىرى-

دىن ئېلىپ كېلىنەتتى، يەنە بىر قىسمى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە ياسى-
لاتتى. شۇ سەۋەپتىن قوغۇشۇن، سېلىترا، گۈڭگۈرت قاتارلىقلارنى قېزىش ئىشى كانچىلىقتا مىستىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى.

1766-يىلى-چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلىدىكى قاش دەرياسى-
نىڭ يۇقۇرى ئېقىمىدا تۇنجى قېتىم قوغۇشۇن كېنى ئاچتى. كېيىنكى يىللاردا بۇ يەر تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالى بويىچە ئاساسلىق قوغۇشۇن بازىسى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئەڭ يۇقۇرى يىللىق مەھسۇ-
لاتى 10 مىڭ جىڭغا يەتتى. 1795-يىلى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىدىكى ياماتۇ دىگەن جايدىمۇ قوغۇشۇن كېنى ئېچىلدى.

سېلىترا ۋە گۈڭگۈرت ئىشلەش ئاساسەن تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئاقسۇ، كۇچار، ئۇچتۇرپان، شايار قاتارلىق جايلارغا مەركەزلەشتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ رايونلاردا يەنە پۇقرالاردىن غەللە-
پاراق ئورنىغا سېلىترا ۋە گۈڭگۈرت ئالدى. ئۇچتۇرپان رايونىدىن ھەر يىلى 5597 جىڭ سېلىترا، شاياردىن ھەر يىلى 1700 جىڭ سېلىترا ۋە گۈڭگۈرت ئالدى.

سېلىترا ۋە گۈڭگۈرت ئىشلەش كەسپى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈ-
مىتى ئەڭ ئاز ئارىلاشقان ساھەلەرنىڭ بىرى ئىدى. قەشقەردە 15 ئائىلىنىڭ سېلىترا قېزىشقا مەخسۇس ئايرىلغانلىقىنى ھىساپقا ئالمىغان-
دا، سېلىترا ۋە گۈڭگۈرت قېزىش، قايىنىتىش ئىشلىرىنى پۇقرالار ئۆز ئالدىغا ئېلىپ باراتتى، مانا بۇ ئۇنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى[30].

تۆمۈر ھەربى ئىشلاردىمۇ تۇرمۇشتىمۇ مۇھىم ماتېرىيال ئىدى. شۇڭا تۆمۈر كېنىنىڭ قېزىلىشى مۇشۇ قوش ئېھتىياجنىڭ تۈرتكىسىدىن بولدى. لېكىن چۆيۈن ئېرىتىشكە قويۇلغان تېخنىكىلىق تەلەپ سېلىترا ۋە گۈڭگۈرتكە قويۇلغان تەلەپتىن ئۈستۈن

بولغانلىقتىن، پۇقرالار ئۇنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇپ كېتەلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن تۆمۈر قېزىش ۋە چۆيۈن ئېرىتىش تەبىئىي ھالدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ قولىغا مەركەزلەشتى.

ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئۇيۇشتۇرۇلغان تۆمۈر قېزىش ئىشى دەسلەپتە پەقەتلا تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى سانجى رايونى بىلەنلا چەكلەنگەن ئىدى. 1768 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلى رايونىدا تۆمۈر كېنى قېزىشنى يولغا قويۇپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئۇيغۇر دېھقان-لىرىدىن 60 تۇتۇننى مۇشۇ ئىشقا مەخسۇس ئاجراتتى، شۇنىڭدەك بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئۇيغۇر دېھقانلىرىدىن 300 تۇتۇننى تۆمۈر كېنى قازغۇچىلارنى ئوزۇق-تۈلۈك بىلەن تەمىنلەشكە ئورۇنلاشتۇردى.

18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىمۇ قاشتېشى تىيانشاننىڭ جەنۇ-بىدا مەشھۇر مەھسۇلات بولۇپ، بۇ رايوننىڭ ئاساسلىق ئالامەتلىرى دەپ قاراپ كېلىنمەكتە ئىدى.

زامانلاردىن تارتىپ قاشتېشى قېزىلىپ كېلىۋاتقان خوتەندىن باشقا، يەتە يەركەننىڭ مىردە تېغىدىمۇ يېگى قاشتېشى كېنى تېپىلدى.

«غەربىي دىيارنىڭ دەريا-ئېقىنلىرى» ناملىق ئەسەردە مىردە قاشتېشى كېنى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: "مىردە تېغىنىڭ شىمالىدا قەد كۆتىرىپ تۇرغان چوققىلار 30 نەچچە چاقىرىمغا سوزۇلغان. چوڭقۇر جىلغىلار 60 نەچچە چاقىرىمغا يېيىلغان، تاغلار ئۈچ تارماققا بۆلۈنگەن... ئۇلارنىڭ بىرى قاشتېشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئايىغىغا كۆز يەتمەيتتى، شۇڭا ئۇ، قاشتېشى تېغى دەپ ئاتالغان ئىكەن. قازغۇچىلار قوتازلار بىلەن چىقىپ، ئۇنىڭ قاپتىلىدا

قاشتېشى قازىدىكەن، قېزىلغان قاشتېشىنىڭ بەزىلىرى مىڭ جىڭغا يېتىدىكەن، تاغ مارغۇلۇق تېغى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىكەن، قاشتېشى قارامتۇل ۋە قاتتىق بولۇپ، جىرىڭلاپ تۇرىدۇ.“

شۇ سۆز بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆپتۈرۈۋەتمىگەنلا بولسا، ئۇ هالدا، مېردە تېغىدىكى قاشتېشى كېنىنى ھەقىقەتەنمۇ مىسلىسىز مول كان دەپ قاراشقا بولىدۇ.

تېگى ـ تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قاشتېشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىلىك تۇرمۇشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىمايتتى. شۇڭلاشقا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قاشتېشى قېزىشقا ئۇنچىۋالا قىزىقىپ كەتمىدى، ئەمما، 1778 ـ يىلى يۈز بەرگەن ”گاۋ پۇنىڭ قاشتېشى ئوغرىلاش ئەنزىسى“ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى قاشتېشى قېزىش كەسپىنى بىردىنلا ھۆكۈمەت ئەرباپلىرىنىڭمۇ، پۇقرالارنىڭمۇ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان ئىشقا ئايلاندۇرۇۋەتتى.

گاۋ پۇ يەركەننىڭ ئىش بېجىرگۈچى ئامبانى ئىدى. ئۇ 3000 كىشىنى ھاشارغا ئېلىپ، مېردە تېغىدا قاشتېشى قېزىشنى ۋە بۇ ئىشنى ھۆكۈمەت قارىمىغىغا ئېلىشنى تەكلىپ قىلغاندا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ تەكلىپنى تەستىقلىغان ئىدى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا يەركەن ھاكىمبېگى سېتىۋالدى چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە مەكتۇپ سۇنۇپ، گاۋ پۇنى ”سودىگەرلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، غەزنىدىكى قاشتېشى ۋە بايلىقلارنى ئوغرىلىقچە ساتتى“ دەپ پاش قىلدى. بۇنىڭ بىلەن، ”گاۋ پۇنىڭ قاشتېشى ئوغرىلاش ئەنزىسى“ تۇرغۇزۇلدى.

”گاۋ پۇنىڭ قاشتېشى ئوغرىلاش ئەنزىسى“ چيەنلۇڭ پادىشانىڭ بىۋاستە سۈرۈشتە قىلىشى بىلەن قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈش، سوراق

قىلىش، يۈزتۈرانە دۆلەتتۈرۈش ئارقىلىق، ئاخىرى گاۋ پۈنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىش بىلەن ئاياقلاش-تى. شۇنىڭدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مېردە تېغىدا قاراۋۇل قويۇپ، بۇ ئەتراپتا قاشتېشى قېزىشنى مەنئى قىلدى. لېكىن خوتەن رايونىدا قاشتېشى قېزىش ئىشى داۋاملىق ئېلىپ بېرىلدى.

قاتناش:

بىرقانچە ئەسىردىن بۇيان تىيانشاننىڭ جەنۇبى ھەمىشە دۈشمەن-لىشىپ تۇرغان يەرلىك ھاكىمىيەتلەر تەرىپىدىن بۆلۈپ تاشلانغانلىق-تىن، قاتناش ئىشلىرىنىڭ راۋان بولۇش-بولماسلىقى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى سىياسى ھالەتنى ئۆلچەيدىغان يەنە بىر بارومېتىرغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئۇيغۇرلار رايونىدا ئىجتىمائى ئىگىلىكنىڭ يېڭىدىن يۈكسىلىۋاتقانلىقى مۇشۇ بارومېتىردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

باشقا ئامىللارنى ھېساپقا ئالمىغان تەقدىردىمۇ، بىرلىككە كەلگەن مەمۇرى باشقۇرۇش بولغانلىقىنىڭ ئۆزىلا قاتناش ئىشلىرىنىڭ راۋان بولۇشىنى ئەقەللى كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتەلەيدى. 18-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىن كېيىن، تارىم ۋادىسىنىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدىن يولغا چىققان سودىگەرلەر ھېچقانداق توسالغۇسىز ئۆز مەنزىلىگە بارالايدىغان بولدى.

1763-يىلى قەشقەردىكى ئىش بېجىرگۈچى مىرشاپ تۇتۇق يۈڭگۈينىڭ چىڭ سۇلالىسى مەركىزى ھۆكۈمىتىگە سۇنغان دوكلادىدا مۇنداق دېيىلگەن: "مۇسۇلمانلار (ئۇيغۇرلار) رايونى تىنجىتىلغاندىن بۇيان، ئىچكىرىدىن چىقىۋاتقان سودىگەرلەر لەڭگەر-

ئۆرتەڭلەردىن ۋە مۇسۇلمانلار مەھەللىلىرىدىن ئۆتكەندە، ئۆزئارا ئىناق ئۆتمەكتە. لەڭگەر-ئۆرتەڭلەر ئەتراپىدىكى مۇسۇلمانلار ئېرىق چېپىپ سۇ باشلاپ كېلىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئېكىنچىلىك قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، يول بويلىرىدا سۇ-مول، ئوت-چۆپ كەڭ-تاشا بولۇپ، يولۇچىلار ھېچقانداق قىيىنچىلىق تارتمايدىغان بولدى"㉛.

ئۇيغۇرلار رايونىدىكى قاتناش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربى لەڭگەر-ئۆرتەڭلىرى مۇھىم رول ئوينىدى. بىر قاتار ھەربى لەڭگەر-ئۆرتەڭلەردىن ھاسىل بولغان قاتناش لىنىيىلىرى تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى بىلەن ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىنىڭ ئالاقىسىنى راۋاجلاندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنىمۇ راۋانلاشتۇردى.

سودا ئىشلىرى:

ئادەتتىكى ئەھۋالدا، سودا ئىشلىرىنىڭ جانلىنىشى ئاساسەن سىياسى ۋەزىيەتنىڭ تۇراقلىق بولۇشىغا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىپ بېرىشىغا، قول سانائەتنىڭ مەخسۇسلىششىغا، قاتناش ئىشلىرىنىڭ راۋان بولۇشىغا ۋە كېڭىيىشىگە باغلىق.

18-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىن كېيىن، تيانشاننىڭ جەنۇبىدا بۇ شەرتلەر ئاساسەن ھازىرلانغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن، مۇقەررەر ھالدا، سودا ئىشلىرىدا جانلىنىش ھالىتى بارلىققا كەلدى، بۇنداق ھالەت ئاساسەن ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئىچكى بازارلىرىنىڭ تۇراقلىق بولغانلىقى ۋە كېڭەيگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.

تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى سودا ئىشلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى

قەشقەر، يەركەن، ئاقسۇ ۋە تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىدىكى قۇمۇل، پىچان قاتارلىق جايلارغا مەركەزلەشتى.

«غەربىي دىياردا ئاڭلىغان-كۆرگەنلىرىم» دىگەن ئەسەردە قەشقەر ھەققىدە مۇنداق دىيىلىدۇ: "قەشقەرنىڭ مۇسۇلمانلار قەل-ئەسى يېڭى شەھەر بىلەن تۇتاش بولۇپ، ئىنتايىن ئاۋات ئىدى." «تارىخى ھەمىدى» دە مۇنداق دىيىلىدۇ: "قەشقەر سودا ئىشلىرى جەھەتتە 2-بۇخارا دەپ ئاتىلاتتى. ھەر كۈنى يەركەن ۋە يېڭىسار-دىن قەشقەرگە 2000 ئىشەكتە ئاشلىق توشۇلاتتى."

«غەربىي دىياردا ئاڭلىغان-كۆرگەنلىرىم» دىگەن ئەسەردە يەركەن ھەققىدە مۇنداق دىيىلىدۇ: "بازار كوچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇغى ئون چاقىرىمغا يېتەتتى، بازار كۈنى ھەر خىل ماللار بۇلۇتتەك جۇغلىنىپ كېتەتتى، ئادەملەر قىم-قىم ئىدى، گۆھەر، مەرۋايىتلار ھەممىشە يولۇقۇپ تۇراتتى، بولۇپمۇ چارۋا ماللار، يەل-يېمىشلەر ھەددى-ھېساپسىز ئىدى."

«مۇسۇلمانلار ماكانى ھەققىدە ئومۇمى تەزكىرە» ناملىق ئەسەردە ئاقسۇ ھەققىدە مۇنداق دىيىلىدۇ: "ئاقسۇ ئاھالىسى كۆپ...مۇسۇلمانلار ماكانى بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك ئاۋات يەر، چايخانا، مەيخانا، سارايلار تەل، بازار كوچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇغى بەش چاقىرىم كېلىدۇ. ئۇ جەنۇبىي يولىدىكى ھەرقايسى شەھەر-بازارلارغا بارىدىغان تۈگۈن بولۇپ ھېساپلىنىدۇ." «غەربىي دىياردا ئاڭلىغان-كۆرگەنلىرىم» دىگەن ئەسەردە مۇنداق دىيىلىدۇ: "ئاقسۇ قاتناش تۈگۈنىگە جاي-لاشقان. ئىچكىرىدىن ۋە چەتئەللەردىن كەلگەن سودىگەرلەر مۇشۇ يەرگە جەم بولۇپ تۇراتتى، بازارلىرى ئاۋات ئىدى. بازار كۈنى ئادەملەر قىستا-قىستاڭ بولۇپ، ماللار بۇلۇتتەك توپلىنىپ

كېتەتتى."

«مۇسۇلمانلار ماكانى ھەققىدە ئومۇمى تەزكىرە» ناملىق ئەسەردە پىچان ھەققىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: "پىچان......غار لېۋىگە جايلاشقان بىر قەلئە. ئەتراپى بىرقانچە چاقىرىم كېلىدۇ، ئاھالە ئۆيلىرى بىر بىرىگە تۇتاشقان، سودىگەرلەر زىچ جايلاشقان."

يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەنلەردىن باشقا، يەنە پەيزىۋات، ئاتۇش، قاغىلىق، يېڭىسار قاتارلىق جايلارمۇ يېڭى سودا مەركەزلىرى بولۇپ شەكىللەنگەن ئىدى.

بىر قاتار چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك سودا مەركەزلىرى ۋە تارىم ۋادىسىنى ياقىلاپ كەتكەن بازارلار كەڭ ۋە مۇقىم سودا سورۇنلىرى ئىدى. بۇ سودا سورۇنلىرىدا قىلىنىدىغان ئەڭ زور سودا خام-بۆز ۋە چاي سودىسى ئىدى. خام-بۆز سىرتقا چىقىرىلىدىغان، چاي بولسا تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىغا كىرگۈزۈلىدىغانماللار ئىدى.

1762-يىلىدىكى ئەھۋالنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، پەقەت خوتەن بىلەن يەركەندىلا ئىلىغا توشۇلغان خام-بۆز 99 مىڭ توپتىن ئېشىپ كەتكەن، جۇملىدىن بۇلاردىن 4000 توپى تارباغاتايغا، قالغانلىرى بالقاش كۆلى بويىدىكى قازاقلار ئارىسىغا توشۇلۇپ سېتىلدى. تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا ئىشلەنگەن خام-بۆز يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغىمۇ توشۇلۇپ سېتىلدى. پەقەت قەشقەر رايونىدىكى خانئېرىق مەھەللىسىدىنلا يىلىغا ئوتتۇرا ئاسىياغا توشۇلۇپ تۇرغان خام-بۆزلەر 30-40 مىڭ توپقا يەتكەن.

خام-بۆز ۋە چاي سودىسىنىڭ ھۆكۈمەت ئىلكىدە بولغانلىقىنى شۇ مەزگىللەردە تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايوننىڭ سودا پائالىيىتىدىكى يەنە بىر چوڭ خۇسۇسىيەت دەپ قاراشقا بولىدۇ.

## 2. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى

قارىماققا، بۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە ھەممە ئىش بۇرۇنقى پېتىچە كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئالاقىلىشىش ۋاستىسى يەنىلا ئۇيغۇر تىلى ئىدى، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئېغىشماس دىنىي تۇرمۇشىنى كەچۈرمەكتە ئىدى، كىيىم-كېچەك، زىبۇ-زىننەت بېزەكلىرى تامامەن ئۇيغۇرلارغا خاس شەكىلدە ئىدى. لېكىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا يولغا قويغان سىياسىي، ئىقتىسادىي تەدبىرلىرى ئارقا-ئارقىدىن ئۆز رولىنى كۆرسىتىشكە باشلىغانلىقتىن، 18-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىن كېيىن، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدە ئەمەلىيەتتە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولۇشقا باشلىغان ئىدى. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ گەۋدىلىكرەكى ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيىۋى ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇش خاھىشىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيە-مەدەنىيەت ساھەسىدە يېڭى كۈچلۈك يۈزلىنىشكە ئايلانغانلىقىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ يۈزلىنىش شۇ زامانلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيە-مەدەنىيەت ساھەسىدە كۆرۈلگەن بارلىق ئۆزگىرىشلەرنىڭ نېگىزى بولغان ۋە شۇ ساھەدىكى ھەممە پائالىيەتلەرگە دەۋر تامغىسىنى باسقان ئىدى. بۇ ئۆزگىرىشلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن مەدەنىيەت، ئىدېئولوگىيە، ئەدەبىيات-سەنئەت قاتارلىق جەھەتلەرگە قاراپ چىقايلى.

مەدەنىيەت-مائارىپ:

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىسلام دىنىدىن ئەدلىيە ئىمتىيازى، ساقچىلىق ئىمتىيازى، باج-سېلىق ئىمتىيازى قاتارلىق سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىمتىيازلارنى تارتىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن مەدەنىيەت-

مائارىپ ئىشلىرىنى داۋاملىق ھالدا ئىسلام دىنىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

ئىسلام دىنى تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرى، سۆزسىزكى، دىن تارقىتىشنى مەقسەت قىلغان. مەسچىتلەرنىڭ قارمىقىدا دىنىي مەكتەپلەر بولۇپ، باللار بۇ يەردە نامازدا ئوقۇلىدىغان ئايەتلەرنى يادلايتتى، ناماز ئۆتەش قائىدىلىرىنى ئۆگىنەتتى، ئىسلام دىنىغا ئائىت ئومۇمىي ساۋاتنى قوبۇل قىلىپ، ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادنى تۇرغۇزاتتى. كېيىنكى بەتلەردە ئۇچرايدىغان مەخسۇس دىنىي مەكتەپلەردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، بىز بۇ سورۇنلارنى ۋاقىتىنچە ئىپتىدائىي دىنىي مەكتەپ دەپ ئاتاپ تۇرايلى.

ئىپتىدائىي دىنىي مائارىپنى قوبۇل قىلىپ بولۇپ، داۋاملىق ئوقۇشنى خالىغۇچىلار مەدرىس — ئۇنىڭ ئەرەبچە مەنىسى دىنىي بىلىم يۇرتى دېگەن بولىدۇ — كە كىرىپ ئوقۇيتتى. مەدرىس ماھىيەتتە يۇقۇرى دەرىجىلىك دىنىي مەكتەپ ئىدى.

ئىپتىدائىي دىنىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىنى (خەلپەتلىكىنى) مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرى قوشۇمچە قىلاتتى. نامازغا رىياسەتچىلىك قىلىش ئىماملارنىڭ كەسپى بولغانلىقتىن، ياش-ئۆسمۈرلەرگە دىنىي قائىدىلەرنى ئۆگىتىش، ئۇلاردا دىنىي ئېتىقادنى تۇرغۇزۇش ئىماملارنىڭ كەسپى بىلەن تامامەن بىر ئىدى.

يۇقۇرى دەرىجىلىك دىنىي مەكتەپلەر، يەنى مەدرىسلەردە دەرس بەرگۈچىلەر بولسا مەخسۇس مۇدەررىسلەر ئىدى، بۇ مەدرىسلەرگە مۇدەررىس تاللاشتا ئۇلارنىڭ پەزىلەت ۋە بىلىم سەۋىيىسىگە ئەمەس، كۆپىنچە، قەۋم-جەمەتكە قارىلاتتى، دەل مۇشۇ سەۋەپتىن، مەشھۇر مەدرىسلەرنىڭ كۆپچىلىكى دىنىي جەمەت بىلەن چەمبەرچەس باغ-

لانغان يەركەن، قەشقەر، كۇچار، خوتەنلەردە ئىدى.
ئايانكى، يەركەن قارا تاغلىقلارنىڭ ماكانى بولۇپ، ئىسھاق ۋەلى جەمەتىدىكىلەرنىڭ كۆپچىلىگىنىڭ پائالىيىتى مۇشۇ يەردە بولغان. يەركەن مەدرىسى قارا تاغلىقلارنىڭ مۇقەددەس جايى بولغان ئالتۇن مازاردا قۇرۇلغان. شۇڭا ئۇ ئادەتتە ئالتۇن مەدرىس دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قەشقەر ئاق تاغلىقلارنىڭ ماكانى بولۇپ، قەشقەردىكى مەدرىس ھېيتكادا ئىدى.
يەركەن خانىدانلىقىدىن بۇيان، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا ئىزچىل رەۋىشتە يەركەن سىياسى مەركەز بولۇپ كەلگەن. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قەشقەردە مەسلىھەتچى ئامبان تۇرغۇزغاندىن كېيىن، قەشقەرنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئىجتىمائى ئورنى ئۆسكەن. قەشقەر ھېيتكا مەسچىتىنىڭ ئورنىمۇ مۇشۇ ۋەجىدىن پەيدىن-پەي ئۆرلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى تۇرمۇشىدا مەركەزگە ئايلاندى. ئاقىۋەتتە، ھېيتكا مەدرىسىنىڭ نامىنى ھېيتكا مەسچىتىنىڭ نامى بېسىپ چۈشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نامى ئالتۇن مەدرىسىنىڭ نامىدەك مەشھۇر بولماي قالدى. بۇ مەدرىس ئاپپاق خوجا جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئاق تاغلىقلارنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت سورۇنى ئىدى.
كۇچاردىكى مەدرىس ئەرشىدىننىڭ نامى بىلەن ئاتالغان خانىقادا ئىدى. تۇغلۇق تۆمۈردىن تارتىپ، كۇچار ئىزچىل ھالدا ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئىلكىدىكى دائىرە دەپ قارىلىپ كەلمەكتە ئىدى. كۇچاردىكى مەدرىسنىڭ ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز.
چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بىر قاتار چەكلىمە خاراكتېردىكى

تەدبىرلىرى ئىسلام دىنىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي تەسىر كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاجىزلاشتۇرۇۋاتقان بىر ۋاقىتتا، بىر خىل يېڭى ئىدىيىۋى ئېقىم مەدرىسىلەرنىڭ ھاۋا بوشلۇغىدا جەۋلان قىلىشقا باشلىدى، يەنى دىندىن تاشقىرى بىلىمگە ئىنتىلىش خاھىشى گويا سۈزۈك ھاۋادەك ئىسلام مەدرىسلىرىگە ئېتىلىپ كىردى. تارىخ، ھىساپ، ئاسترونومىيە، پەلسەپە، تىبابەتچىلىك بولۇپمۇ ئىنسانپەرۋەرلىكنى مەزمۇن قىلغان ئەدىبىي ئەسەرلەر ياش تالىپلارنىڭ زور ھەۋىسىنى قوزغىۋەتتى. لوقمان ھېكىم، ئىبنى سىنالارنىڭ تىببىي ئىلىم ۋە پەلسەپىگە دائىر ئەسەرلىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» دىگەن ئەسىرى، لۇتفى، سەككاكى، ناۋايىلارنىڭ لىرىكىلىق شېئىرلىرى مەدرىس تالىپلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقىلىشقا باشلىدى. ئۆۋەندە تىلغا ئېلىنىدىغان، 18-ئەسىردىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيە، مەدىنىيەت ساھەسىگە غايەت زور تۆھپە قوشقان بىرمۇنچە لىغان شەخسلەر ئەنە شۇ ئىدىيىۋى ئېقىمدا يېتىشتۈرۈلۈپ چىققانلارنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

بۇ ئىدىيىۋى ئېقىم ئىپتىدائى دىنىي مەكتەپلەردە پەيدا قىلىغان ئاساسلىق ئۆزگىرىش شۇ بولدىكى، ياش-ئۆسمۈرلەرگە نامازدا ئوقۇلىدىغان ئايەتلەرنى ئۆگىتىش، نامازنىڭ قائىدىلىرىنى مەشىق قىلدۇرۇش ۋە ئىسلام دىنىغا ئائىت ئاددى ساۋاتلارنى چۈشەندۈرۈشتىن باشقا، ئۆسمۈرلەرگە ئۇيغۇر يېزىغى ۋە باشلانغۇچ ھىساپ قائىدىلىرىنىمۇ ئۆگىتىشكە كىرىشتى.

ئىدېئولوگىيە:

ئىسلام ئىدېئولوگىيىسىدىن چەتلەش خاھىشى ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ

زاماندىكى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە روشەن ئەكس ئەتتى. شۇ زامان-لاردا يېزىلغان نۇرغۇن ئەسەرلەر ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن دىنىي ئەسەرلەردىن روشەن پەرقلەندى. بۇ جەھەتتە تۇنجى بولۇپ كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقان كىشى مۇھەممەت سادىق قەشقىرى ئىدى.

مۇھەممەت سادىق قەشقىرى 1685 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1765 - يىلى ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلغان قوشۇمچە ئۇنىڭ قەشقەرلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. مۇھەممەت سادىق قەش-قىرىنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئەسىرى «تەزكىرەئى خوجىگان»دۇر.*

«تەزكىرەئى خوجىگان» تارىخىي ئەسەر. مۇئەللىپ بۇ ئەسەرنى قەشقەر ھاكىمبېگى ئوسمانبەگنىڭ كاتىۋى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ۋاقىتتا يازغان. ئوسمانبەگ بۇرھانىددىن-خان خوجا توپىلىڭىنى تىنجىتىشقا قاتناشقان كۇچارلىق مىرزا ھۇدى بەگنىڭ ئوغلى ئىدى.

مۇئەللىپ بۇ تارىخىي ئەسەرنى يېزىشتىكى مەقسىدىنى مۇنداق دەپ چۈشەندۈرىدۇ: "يەركەنتنىڭ ھۆكۈمرانى مىرزا ھۇدى بەگنىڭ كۆز نۇرى بولغان ئوغلى ئوسمانبەگ قەشقەرگە ھاكىم ئىدى... ھاكىم ئوسمانبەگنىڭ رەھىمە ئاغىچا ئىسىملىك ھوشيار ئانىسى بولۇپ ، بۇ رەھىمە ئاغىچا ئاجىزلارغا، يوقسۇللارغا، ئالىملارغا، ياخ-شىلارنىڭ ئەۋلاتلىرىغا شەپقەت قىلاتتى، بۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىدىن تارتىپ ئىسھاق ۋەلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىغا مۇرىت بولۇپ ئىخلاس قىلىشىپ كېلەتتى. مېنىڭ كۆڭلۈمگە ئىسھاقىيە خوجىلىرىنىڭ تارى-

---

* بۇ ئەسەر بەزىدە «تەزكىرەئى ئەزىزان» دەپ، ئاپتورنىڭ ئىسمى بولسا مۇھەممەت سادىق توققۇزاقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

خمي ۋەقەلىرىنى تەزكىرە قىلىپ يازسام ئىكەن دىگەن ئوي كېلەتتى.
شۇڭا مەن خوجاملارنىڭ تارىخى توغرىسىدا بىر تەزكىرە يېزىپ چىقسام، جاھاندا مېنىڭ نامىمدا بىر يادىكارلىق ساقلىنىپ قالغۇسى دەپ ھۆكۈم قىلدىم. كەمىنە بىچارە مۇھەممەت سادىق چارىسىزلىق-تىن، ئىلمى قابىلىيىتىمنىڭ يوقلۇغىدىن، ئۇلۇغۋار روھتىن ياردەم سوراپ، ئۆزەمدە بار كۈچ بىلەن، ھىجرىيە 1182-يىلى تەزكىرەئى خوجىگانىنى يېزىشقا قەدەم قويدۇم.“

«تەزكىرەئى خوجىگان»دا ئاپپاق خوجا يەركەن خانلىغىدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن تارتىپ تاكى بۇرھانىدىن چىڭ سۇلا-لىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمى بىلەن ئالتە شەھەرگە* ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى تارتىۋالغانغا قەدەر ئۆتكەن سىياسى جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەر بايان قىلىنغان.

بۇ جەرياندا يۈزبەرگەن چوڭراق تارىخى ۋەقەلەر ئاپپاق خوجىنىڭ جۇڭغار خاندانلىغىغا تايىنىپ يەركەن خاندانلىغىنى ئاغ-دۇرۇپ تاشلىغانلىغى، ئاپپاق خوجا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئاق تاغلىقلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇۋاقچىلىق جىدەل-غوۋغالارنىڭ بېسىل-مىغانلىغى، قارا تاغلىقلارنىڭ ئاق تاغلىقلاردىن تىيانشاننىڭ جەنۇبىنى تىزگىنلەش ھوقۇقىنى تارتىۋالغانلىغى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇرھانىد-

---

* 18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى مەمۇرى رايونلاردا يېڭى بۆلۈنۈشلەر كۆرۈلۈپ، ئالتە شەھەر دەپ ئاتالغان مەلۇم دائىرە ۋۇجۇتقا كەلگەن ئىدى. بۇ ئالتە شەھەر دائىرىسىگە خوتەن، يەركەن، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچار، ئۇچتۇرپانلار كىرەتتى. 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، كورلا قوشۇلۇپ يەتتە شەھەر دەپمۇ ئاتالدى.

دىنىي قويۇپ بېرىپ ئاق تاغلىقلارنى ئوچۇق-ئاشكارا قوللىغانلىقى ۋاقاكازالاردىن ئىبارەت ئىدى.

ۋاھالەنكى، بۇ جەريان ھەققىدە خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە مەلۇماتلار ناھايىتى ئاز ئىدى، شۇڭا، مۇبالىغىسىز ئېيتىمىزكى، «تەزكىرەئى خوجىگان» 17-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ 18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئۇيغۇر مىللىتىدە ۋە تيانشاننىڭ جەنۇبى، شىمالىدا كۆرۈلگەن تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنى مۇھاكىمە قىلىشىمىزدا قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

«تەزكىرەئى خوجىگان»نىڭ ئەھمىيىتى يەنە شۇ يەردىكى، ئۇ «تارىخى رەشىدى»، «تارىخى رەشىدى» (زەيلى)، «جالالىدىن كېتىكى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق ھۆججەتلىك ئەسەرلەر بىلەن بىر قاتاردا، بىزگە 14-ئەسىردىن كېيىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدا ۋە تيانشاننىڭ جەنۇبى، شىمالىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر قاتار تارىخىي ۋەقەلەرنى ئىزھار قىلىپ، خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردىكى يېتىشسىزلىكلەرنى تولدۇرۇپ بەردى. خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە مۇشۇ بىرقانچە 100 يىل داۋامىدا، قۇمۇل ۋە تۇرپاننى ھېساپقا ئالمىغاندا، پۈتكۈل تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا، بولۇپمۇ تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي رايونلىرىغا ئائىت ئەھۋاللار توغرىسىدا تامامەن بىر بوشلۇق قالدۇرۇلغان ئىدى.

مۇھەممەت سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى ئەسھابۇلكەھف» ناملىق يەنە بىر ئەسىرىمۇ بار. بۇ ئىسپات خاراكتېرلىق ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا نۇرغۇن پاكىتلار نەقىل كەلتۈرۈلۈپ، تۇرپاندىكى ئەسھابۇلكەھف مازىرىنىڭ تارىخى بايان قىلىنغان، بۇ مازار ھەققىدىكى

تۇرلۇك ئەپسانە، ئۆسەكلەرگە رەددىيە بېرىلگەن. ئۇنىڭ دەلىللىرى
ناھايىتى پۇختا، پىكىرلىرى يوللۇق، ئىبارىلىرى ئىخچام.
مۇھەممەت سادىق قەشقىرىنىڭ ھەۋەسلىرى خېلى كۆپ ئىدى.
ئۇ يەنە ئىسلام دىنىنىڭ ئەمىر-مەرۇپلىرى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ
قائىدە-يوسۇنلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئىسلام ئەمىر-مەرۇپلىرىنىڭ
ئۇيغۇرلارنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى بىلەن بولغان باغلىنىشىنى ئىسپات-
لايدىغان «زوبدەتۇل مەسائىل» دىگەن ئەسەرنى يازغان㉜.
يەركەن خاندانلىغىدىن كېيىنكى مەزگىللەردە باشلانغان داۋال-
غۇشلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيە-مەدىنىيەت ساھەسىدە ئىنتايىن زور
قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلدى. شۇڭا، نۇرغۇن كىشىلەر رېئال تۇر-
مۇشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ھىسسىياتى ۋە ئېتىقادىرىنى
ئاللانى، پەيغەمبەرنى ياكى رىۋايەتتىكى قەھرىمانلارنى مەدھىيە-
لەشكە قارىتىپ، ئادىل، مۇقىم، پاك بولغان غايىۋى جەمىيەتنى
بەرپا قىلىش خىيالىدا بولدى.
18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىنمۇ بۇ ئىدىيىۋى ئېقىم ئۇي-
غۇرلارنىڭ ئىدىيە، مەدىنىيەت ساھەسىدە مەلۇم سورۇنغا ئىگە ئىدى.
ئەنە شۇنداق شارائىتتا، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى كۇندىن-
كۇنگە گۇللىنىۋاتقان رېئال تۇرمۇش، بولۇپمۇ ئۈزلۈكسىز ئاۋاتلىشى-
ۋاتقان شەھەر تۇرمۇشى بىر ئۇيغۇر شائىرىنىڭ ئىلھامىنى ئۆزىگە
جەلپ قىلدى، ئۇ بولسىمۇ تۇردۇش ئاخۇن ئىدى. خېلى ۋاقىتلار-
غىچە كىشىلەر ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ غېرىبى
دىگەن تەخەللۇسىنىلا بىلەتتى.
تۇردۇشنىڭ ھاياتى چىڭ سۇلالىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە
شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن ۋاقىتلاردا باشلىنىپ، ئەپيۇن ئۇرۇ-

شىدىن كېيىن ئىلىمىز يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئودالىلىق جەمى-
يەت بولۇپ قالغان مەزگىلدە ئاياقلاشقان. بۇ جەرياندا تۇردۇش
چىڭ سۇلالىسى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن بۇرۇنقى تىيانشاننىڭ جەنۇبى
ۋە شىمالىدا يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى ئاڭلىغان، چىڭ سۇلالىسى
بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، دەسلەپكى 60 يىل داۋامىدا تىيان-
شاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا سىياسى ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملاشقانلىقىنى،
ئىقتىساتنىڭ يۈكسەلگەنلىكىنى، جەمىيەت تەرتىۋىنىڭ ئىزىغا
چۈشكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ
كۆنسېرى زەئىپلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىش جەريانىنى باشتىن
كەچۈرگەن. مانا بۇلار تۇردۇش ئاخۇن ئەسىرىنىڭ تارىخىي قىممىتىنى
بەلگىلىگەن.

مۇئەللىپىنىڭ غېرىبى دىگەن تەخەللۇس بىلەن يازغان ئەسىرى
«كىتابى غېرىب» 1841-يىلى دۇنياغا كەلگەن. بۇ ئەسەر ئىككى
بۆلۈم، 13 باپتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىرىنچى بۆلۈمدە 32 خىل
قول سانائەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسى-
ۋەت ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشتا تۇتقان ئورنى بايان قىلىن-
غان. ئىككىنچى بۆلۈم 58 گۇرۇپپا سوئال-جاۋاپتىن تەركىب تاپقان
بولۇپ، مەزمۇنى كۆپىنچە مىجەز-خۇلقنى يېتىشتۈرۈش، بىرىش-
كېلىش قىلىش ۋە ئىش بېجىرىشنىڭ قائىدە-مىزانلىرىغا
مەركەزلىشىپ، قويۇق ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى تەۋسىيە خاراكتىرى
ئالغان[33].

بىز «كىتابى غېرىب»نىڭ تارىخىي قىممىتىنى نەزەردە تۇتقان-
دىن تاشقىرى، ئۇنىڭ بەدىئى جەھەتتىكى قىممىتىنىمۇ تەكىتلەيمىز.
بۇ «قۇتادغۇ بىلىك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» دۇنياغا كەلگەندىن

بۇيانقى بىرقانچە 100 يىل داۋامىدا ئۇيغۇرلارنىڭ شېئىرىيەت مۇنبىرىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن يەنە بىر ئەخلاقىي-پەلسەپۋى داستان بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق داستانى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تۇنجى يازما داستانى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. بۇ يازما ئەسەر ئەخلاقىي-پەلسەپۋى مەنىلەرنى شېئىرىيەت شەكلى بىلەن ئىزھار قىلىشنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتقان. ئەخمەت يۈكنەكى مانا مۇشۇنداق ئۇسلۇبتىكى شېئىرىيەتنىڭ تۇنجى ۋارىسى ئىدى، ئۇنىڭ ئەخلاقىي-پەلسەپۋى داستانى «ئەتەبەتۇلھەقايىق» بىزگە تونۇش.

بىراق، ئاردىن ئىككى ئەسىر ئۆتۈپ، لۇتفى، سەككاكى، ناۋايلار ياشىغان دەۋرگە كەلگەندە، لىرىكىلىق ئىنسانپەرۋەرلىك مەزمۇنلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ شېئىرىيەت مۇنبىرىنى تامامەن دىگۈدەك ئىگەللىدى. «كىتابى غىرىپ» ۋۇجۇتقا كەلگەن مەزگىللەرگە يەتكەندە، ئەخلاقىي-پەلسەپۋى مەزمۇنلارنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيەت مۇنبىرىدىن غايىپ بولۇپ كەتكىنىگە 500 يىلدەك ۋاقىت بولۇپ قالغان ئىدى.

يۇقۇرقىلارنى قىستۇرۇشتىن مەقسەت ئۇيغۇرلارنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئۆزگىرىشلىرىنى بايان قىلىش ئەمەس، بەلكى قىسقىچە ئەسلەش ئارقىلىق، ئەخلاقىي-پەلسەپۋى شېئىرلارنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيەت مۇنبىرىگە يېڭىۋاشتىن چىققانلىقىنىڭ ئەھمىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

تۇردۇش بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغانلار ئىچىدە مۇھەممەت ئېۋەزمۇ بار.

مۇھەممەت ئېۋەز قارىقاشلىق بولۇپ، كىتاۋىمىزدا قايتا-قايتا نەقىل ئېلىنغان «مەخدۇم ئەزەم ۋە خوجا ئىسھاق ۋەلى تەزكىرىسى» ئەنە شۇ مۇھەممەت ئېۋەزنىڭ ئەسىرى. بۇ ئەسەردە تەمىن ئېتىلگەن مەلۇماتلارغا ئاساسەن، بىز 17-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ تاكى 18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى سىياسى ۋەزىيەتنى تىزگىنلەپ كەلگەن ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلارنىڭ تېگى-تەكتىنى ئېنىقلاپ ئالالدۇق. شۇڭا، بۇ ئەسەرنىڭ ئىلمىي قىممىتى ئۈستىدە ئارتۇقچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك.

دەرۋەقە، «مەخدۇم ئەزەم ۋە خوجا ئىسھاق ۋەلى تەزكىرىسى»گە قويۇق ۋە غەلىتە خۇراپاتلىق تۈسى سىڭگەن. لېكىن بۇنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، مۇئەللىپىنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئۆلچەشكە بولىدۇ. ئەمىلىيەتتە، مۇھەممەت ئېۋەزدە دىنىي ئىدېئولوگىيە بىلەن پەنگە ئىنتىلىش روھى تەڭلا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مۇھەممەت ئېۋەز «مەخدۇم ئەزەم ۋە خوجا ئىسھاق ۋەلى تەزكىرىسى»دىن باشقا «مۇجمۇئەتۇلئەھكام» ناملىق ئەسەرنىمۇ يازغان. بۇ تەبىئەت ئۈستىدە دادىل تەپەككۇر يۈرگۈزۈلگەن 14 بابلىق كىتاپ[34].

بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنىڭ ئىشەنچلىك بولۇش دەرىجىسى مۇھىم ئورۇندا ئەمەس، بەلكى بۇ ئەسەردە مۇئەللىپىنىڭ ئىسلام ئىدېئولوگىيىسىگە پىسەنت قىلماي، ئۆزىنىڭ چەكلىك بىلىمى بىلەن ئاسمان جىسىملىرىنىڭ شەكىللىنىش، ھەرىكەتلىنىش ھالىتىنى چۈشەندۈرۈشى ۋە ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكەتلىنىشى بىلەن كالىندارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىزھار قىلىشقا جۈرئەت قىلغانلىقى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

شۈبھىسىزكى، يېڭى ئىدىيىۋى ئېقىم خېلى زور بىر تۈركۈم كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى كىتاپ يېزىپ ئۆزلىرىنىڭ تەلىماتىنى تۇرغۇزۇش بىلەن مەشغۇل بولسا، يەنە بىر قىسمى تەرجىمە خىزمىتىگە ئاتلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئىگىز-لىكىدە تارقالغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ، ئۆز قېرىن-داشلىرىغا تونۇشتۇرۇشقا كىرىشتى.

1796-يىلى ئۇيغۇر شائىرى فازىل ھاشىم ياركەندى «شاھنامە»نى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى.

«شاھنامە» پارس شائىرى فىردەۋسىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى بولۇپ، بەزىلەر ئۇنى ئاسىيادىكى گومېر داستانى دەپ ئاتىغان. «شاھنامە»نىڭ دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا تۇتقان ئورنىدىن ئېيتقاندا، بۇنداق ئوخشىتىش مۇبالىغە ئەمەس.

فىردەۋسى غەزنىۋىلەر پادىشا مەخمۇت — ئۇ بىر مەزگىل قارا خانىلار خاندانلىقىنىڭ رەقىبى بولغان ئىدى — نىڭ ئوردا شائىرى. «شاھنامە»نىڭ ۋۇجۇتقا كېلىش جەريانى ھەققىدە تارىخىي ھۆججەت-لەردە تەپسىلى ۋە قىزىقارلىق مەلۇماتلار بار بولغاچقا، بۇ ھەقتە ئارتۇقچە توختىلىپ ئۆتۈشنىڭ ھاجىتى يوق.

فازىل ھاشىم ياركەندىنىڭ «شاھنامە»نى تەرجىمە قىلغاندىن باشقا ھېچقانداق ئەسىرىنىڭ دېرىكىنى تاپالمىدۇق. شۇنداقتىمۇ «شاھنامە» داستانىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىققانلىقىنىڭ ئۆزىمۇ فازىلنىڭ ئەدەبىي ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

تەرجىمە ئىشى بىلەن شۇغۇللانغانلاردىن يەنە موللا يۇنۇس ياركەندىمۇ بار، ئۇنىڭ تەرجىمە ئىشى ئىجادىيەتتىن ھېچقانداق

قىلىشمايدۇ، ئۇ مەشھۇر تاجىك شائىرى ئابدۇراخمان جامىنىڭ «يۇسۇپ-زۇلەيخا» ناملىق داستانىنى تەرجىمە قىلغاندا، ئۇنىڭ سيۇژىتلىرىنى كەڭ تۈردە ئالماشتۇرۇپ، 72 قىسىمغا بۆلگەن. دەسلەپكى 14 قىسىمدا موللا يۇنۇس ئۆزىنىڭ مۇھەببەت، ئىلىم-پەن ۋە تىل قاتارلىقلارغا بولغان كۆز قارىشىنى ئىزھار قىلغان، قالغان 58 قىسىمدا يۇسۇپ بىلەن زۇلەيخانىڭ مۇھەببەت ئىراگېدىيىسى بايان قىلىنغان[35].

ئۇيغۇر شائىرى ئەلىنىڭ تەرجىمە ئىشى تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولدى، ئۇ زوھۇرى، ھاپىزى، شىرازى، لۇتفى، ناۋايى، مەشرەپ، ئىمىن قاتارلىق 20 نەپەر داڭلىق شائىرنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ ۋە جەملەپ، 1811-يىلى قومۇلدا «باياز» دېگەن نام بىلەن دىۋان قىلىپ تۈزۈپ چىقتى. بۇ شېئىرلار توپلىمىنىڭ مۇقەددىمىسىگە زوھۇرىنىڭ «قۇياش» دېگەن شېئىرى، خاتىمىسىگە ئىمىنىنىڭ «شاھنشاھ» دېگەن شېئىرى كىرگۈزۈلدى[36].

ئەدەبىي ئىجادىيەت:

ئىسلام ئىدىئولوگىيىسىدىن چەتلەش خاھىشى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن ئىدىيىۋى كەيپىيات دىنىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە بولغان ئىسكەنجىسىنى مەلۇم دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پىكىر-ھېسسىياتىنى دىنىنىڭ ئاسارىتىدىن قىسمەن قۇتۇلدۇردى.

18-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىن كېيىن ۋۇجۇتقا كەلگەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۆپچىلىگىدە دىنغا يات يۈزلىنىش روشەن ئىپادىلەنگەن. ئۇلاردا ئاساسەن كىشىلىك قىممىتى ۋە ئىدىيە ئازاتلىقى تەكىتلەنگەن.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دىنغا يات ئەدەبىياتىنى يارىتىشتا ئابدۇرەھىم نىزارى زور تۆھپە قوشتى.

ئابدۇرەھىم نىزارى 1781-يىلى قەشقەردە قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كېيىنكى يىللاردا ھېيتكا مەدرىسىدە ئوقۇدى. قېتىقىنىپ ئىزدىنىش نەتىجىسىدە، ئۇ تالىپ ۋاقتىدىلا پارس ۋە ئەرەب تىللىرىنى پىششىق ئىگەللىدى ۋە كۆرۈنەرلىك شېئىرىيەت ئىقتىدارى ھەم مول بىلىمىنى كۆرسەتتى.

ئابدۇرەھىم نىزارى بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، كۆپ ۋاقتىنى سىياسى ساھەدە ئۆتكۈزدى. ئۇ قەشقەر ھاكىمبېگى زوردۇنغا ئۇزۇن ۋاقىتقىچە كاتىپ ۋە مۆھۈرچى بولۇپ ئىشلىدى. 1848-يىلى ئالەمدىن ئۆتتى.

ئابدۇرەھىم نىزارىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەسىرى «رابىئە-سەئىدىن» بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

«رابىئە-سەئىدىن»دە ئابدۇرەھىم نىزارىنىڭ چوڭقۇر تەپەككۇرى، ئادالەتسىزلىككە قاتتىق نەپرەتلىنىدىغان ھەققانى تۇيغۇسى، ئەستايىدىل ئىلمىي پوزىتسىيىسى ۋە كامالەتكە يەتكەن يېزىقچىلىق ماھارىتى تولۇق نامايان بولدى. «رابىئە-سەئىدىن» داستانى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەبەدى توزىماس بىر قىزىلگۈل، تا بۈگۈنگە قەدەر ئۇ يەنىلا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ يۈرمەكتە.

ئابدۇرەھىم نىزارى «رابىئە-سەئىدىن» داستانىدىن باشقا يەنە تۈرلۈك مەزمۇنلاردا نۇرغۇن شېئىرلارنى يازدى. بۇ شېئىرلار كېيىنكى يىللاردا «دىۋان خەمسە» دىگەن ماۋزۇدا توپلام قىلىندى. بۇ دىۋان «مۇھەببەت داستانلىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئابدۇرەھىم نىزارى ئۆز زامانىسىدا سىياسى مەزمۇنى شېئىرىيەت

بىلەن ئىزھار قىلغان شائىر بولۇپمۇ ھىساپلىنىدۇ، «دۇررىلنىجات» شائىرنىڭ يەنە بىر مەشھۇر ئەسىرى[37].

ئەخلاقىي - پەلسەپىۋى داستان «دۇررىلنىجات» شائىرنىڭ ياشاشقان يىللىرىدا پۈتكەن. بۇ شائىرنىڭ تەپەككۇرى ئەڭ يېتىلگەن مەزگىل ئىدى. ئۇنىڭ پۈتكۈل سەرگۈزەشتىلىرى ئۇنى تۇرمۇش، جەمىيەت، دىن توغرىسىدا چوڭقۇر تونۇش ۋە چۈشەنچىگە ئىگە قىلدى. مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىدە قانۇن - تۈزۈمنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى مۇھىم ئەھمىيىتى، بىلىم، پاكلىق ۋە ئادالەتنىڭ ئەمەلدارلار ئۈچۈن ئەھمىيىتىنى تەكىتلىگەن. پۈتۈن ئەسەردە سوئال - جاۋاپ شەكلىدە 88 سوئال قويۇلۇپ، 92 جاۋاپ بېرىلگەن. بۇ ئەسەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيە تەرەققىيات تارىخىنى بىلىشتە مەلۇم قىممەتكە ئىگە.

تىل - يېزىق:

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ بۆلۈمدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتاپ ئۆتۈلگەن ياكى ئاتاپ ئۆتۈلمەي قالغان شۇ زاماندىكى نۇرغۇن ئەسەرلىرى پۈتۈنلەي ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان.

16 - ئەسىردىن كېيىن پارس ۋە ئەرەب ئاتالغۇلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي تىلىدا بىر مەھەل يامراپ كەتكەنلىكتىن، 18 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ساھەسىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن ئۆزگىرىشلەر روشەن ئالاھىدىلىكنى ھاسىل قىلغان، بۇنىڭ مۇھىم بەلگىسى شۇ مەزگىللەردە پۈتتۈرۈلگەن مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەسەرلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغانلىقىدىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن باشقا، شۇ مەزگىللەردە يەنە ئەرەب، پارس تىللىرىدىكى ئەسەرلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش بويىچە قىزغىن دولقۇن

كۆتىرىلگەن. بۇنىڭدىن بىز ئۇيغۇر تىلىنىڭ يەرلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى ئورنىنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ ئالامەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ 18-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىن كېيىنكى ئىدىيە، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىگە تامامەن مۇۋاپىق ئىدى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ كەڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگىمۇ ئۇيغۇن ئىدى.

مۇزىكا ۋە ئۇسۇل:

ئۇيغۇر مۇزىكىلىرى 18-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن يەنە بىر ساھە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

بۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇر مۇزىكىلىرى تولۇقلىنىش ۋە راۋاج تېپىش تەرتىۋى بويىچە ئۆزىگە خاس ئىلگىرىلەش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇ جەريان شاخلاش، كېڭىيىش، شەكىللىنىشلەردىن تەركىپ تاپقان. تەبىئىكى، بۇ جەريانغا باشلامچىلىق قىلغىنى «مۇقام» ئىدى.

يەركەن خاندانلىقى دەۋرىدە رەتلەنگەن مۇقاملار بىركېچە-كۈندۈزدە بولىدىغان 24 سائەتنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ، پەيدىن-پەي 12 گە جۇغلاندى، ھەر بىر مۇقامنىڭ ۋاقتى ئىككى سائەت ئەتراپىغا جەملىنىپ، ئومۇمىي يىغىندىسى 24 سائەتكە توغرىلاندى. باشقا ئەسەرلەر، جۈملىدىن يۈسۈپ قىدىرخان، ئامانىساخانلارنىڭ ئەسەرلىرى «ئون ئىككى مۇقام» تەركىۋىگە كىرگۈزۈلمىدى، شۇ سەۋەپتىن يۈسۈپ قىدىرخان بىلەن ئامانىساخانلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ زامانىمىزغا كەلگەندە پەقەت ئىسمى قېلىپ، جىسمى يوقاپ كەتتى. بۇ مەڭگۈ تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان يوقىتىش ئىدى.

12 گە قىسقارتىلغان مۇقاملار ئومۇم ئېتىراپ قىلغان مۇقام بولۇپ، ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنىڭ ئومۇرتقىسىغا ئايلاندى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇلاردىن شاخلىنىپ، يەرلىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بىر قاتار چوڭ تىپتىكى يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن نەغمىلەر ۋۇجۇتقا كەلدى. يەرلىك خۇسۇسىيەت ئالغان بۇ چوڭ تىپتىكى يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن نەغمىلەر بەزىدە مۇقام دەپمۇ ئاتالغان، مەسىلەن، «قۇمۇل مۇقامى»، «خوتەن مۇقامى»، «دولان مۇقامى»، «ئىلى مۇقامى» دىگەنگە ئوخشاشلار.

ئومۇم ئېتىراپ قىلغان مۇقامنى ئۆلچەم قىلىپ قارىغاندا، بۇ يەرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە مۇقاملار مۇزىكىلىق تۈزۈلۈشتە بىر بىرىدىن پەرقلەنگەندىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ قۇرۇلمىسىدىمۇ يەنى چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپ قىسىملىرىدىمۇ زور پەرقلەر بار ئىدى.

چوڭ نەغمىلەردىن باشقا، ئۇسۇللۇق مۇزىكىلار دەۋرىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە ئۇيغۇر مۇزىكا ساھەسىدە ئىككىنچى ئورۇننى ئىگەللىدى. شات ـ خۇراملىق ئىپادىلەنگەن ئۇسۇللۇق مۇزىكىلار دەل چىنلىق سۇلالىسى مەزگىلىدىكى تۇراقلىق سىياسى ۋەزىيەت ۋە يۈكسىلىۋاتقان ئىقتىساتنىڭ تەبئىي بېزىگى بولۇپ قالدى.

مۇقامنىڭ بىرىنچى قىسمىدىن يەنى چوڭ نەغمە قىسمىدىن بۆلۈنۈپ چىققان ئۇسۇللۇق مۇزىكا «سەنەم» شۇ زاماندىكى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قاتتىق جەلىپ قىلغان ئۇسۇللۇق مۇزىكا بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

ئۇسۇللۇق مۇزىكا «سەنەم»دە شاتلىق، تېتىكلىك، مەرتلىك، قىزغىنلىق تەرەپمۇ بار، ساددىلىق، تەمكىنلىك، چوڭقۇرلۇق ۋە لىرىكىلىق تەرەپمۇ بار. مۇزىكا كەيپىياتىدا ئۇ ئارتۇقچە ئۆرلەش ـ پەسىيىشتىن خالى بولۇپ، تۇرمۇش ۋە چىنلىقنى زور دەرىجىدە

ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇنىڭدا ھەم دەۋر ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەنگەن، ھەم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىجەز-خۇلقى ئىپادىلەنگەن. شۇڭا ئۇ ئۇيغۇر خەلقى ياخشى كۆرىدىغان مۇزىكىلارنىڭ بىرى.

ئۇسۇللۇق مۇزىكا «سەنەم»دە ئىپادىلەنگەن روشەن يەرلىك خۇسۇسىيەتلەر ئۇنىڭ كەڭ تۈردە تارقالغانلىقىنىڭ شاھىدى ۋە مۇقەررەر نەتىجىسى. ئۇسۇل قىسمىدا بىز مۇزىكا تۈزۈلۈشى جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ سەنەم ئۇسۇلنى پەرقلەندۈرىدىغان ئاساسلىق بەلگە بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

خەلق ناخشىلىرىنىڭ كۆپەيگەنلىكى شۇ زاماندىكى ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىلىرىنىڭ يەنە بىر چوڭ خۇسۇسىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خەلق ناخشىلىرىدا دىنىنىڭ تەسىرى تامامەن يوق ئىدى. بۈگۈنگىچە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ كېلىۋاتقان «ئاتۇش ناخشىسى» خېلى ۋەكىللىك خاراكتېرلىق شوخ ۋە يېقىملىق ناخشىدۇر.

يەنە بىر قىسىم خەلق ناخشىلىرىدا ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېزىلگەنلىكى ئىپادىلەنگەن. ئۇلار دەرت-ئەلەم، غەزەپ-نەپرەت ۋە شىكايەت بىلەن تولغان، «ئۈستەڭ ناخشىسى»، «نوزۇگۇم» قاتارلىقلار مانا مۇشۇ خىلدىكى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تىپى.

يېڭى ئىدىيىۋى ئېقىم ئىسلام دىنى كونتروللۇقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا يېڭى ساپ ھاۋا ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇيغۇر ئۇسۇللىرىنىڭ گۈزەل، كۆركەم بىر سەھىپىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. مۇشۇ ۋاقىتتىكى ئۇسۇللارنى قۇرۇق قول ئۇسۇلى، سېھرىك خاراكتېرلىق ئۇسۇل ۋە گىرىملىك ئۇسۇل دەپ ئايرىش مۇمكىن.

قۇرۇق قول ئۇسۇللىرىدا سەنەم ئۇسۇلى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. توي-تۆكۈن، ھېيت-بايرام ياكى ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ

جەم بولۇشى قاتارلىقلار سەنەم ئۇسۇلى ئۇچۇن ئەڭ مۇۋاپىق سورۇن ئىدى. سەنەم ئۇسۇلىدا ئىپادىلەنگەن جانلىقلىق ۋە شات-خۇراملىق دەل ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئىشچان-باتۇر، مەردانە، ئۇمىتۋار-مىجەز-خۇلقىنىڭ ئىنكاسى. بۇ ئۇسۇلنىڭ خەلقپەرۋەرلىكى ئۇنى ناھايىتى تېزلا كەڭ ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە قىلدى. نەتىجىدە تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا يەرلىك خاراكتېر ئالغان سەنەملەر بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. مەسىلەن، قۇمۇل سەنىمى، تۇرپان سەنىمى، كۇچار سەنىمى، كورلا سەنىمى، قەشقەر سەنىمى، قاغىلىق سەنىمى، خوتەن سەنىمىگە ئوخشاشلار.

قۇرۇق قول ئۇسۇلىنى كۆڭۈلدىكىدەك سورۇن بىلەن تەمىن ئەتكىنى مەشرەپ ئىدى.

مەشرەپ — قەدىمىي ئۇسۇللارنىڭ بىرى. مۇقاملار بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، مەشرەپ مۇقاملارنىڭ تەركىۋىگە كىرگەن، مەشرەپ ئۇسۇلىغا ناخشا تەڭكەش، ناخشا-ئۇسۇل جۆر بولىدۇ، ئۇ ھەر بىر مۇقامنىڭ شاتلىق كەيپىياتىنىڭ يۇقۇرى پەللىسى. 18-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدىن كېيىن، مەشرەپ مۇقاملاردىن ئايرىلىپ چىقتى. مۇقاملاردىن ئايرىلىپ چىققان مەشرەپ روشەن ئولتۇرۇش قىلىش خاراكتېرىنى ئالدى. ئۇ كۆپىنچە كەچلەردە ئۇيۇشتۇرۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن، مەشرەپ كېچىلىكى دەپ ئاتىلاتتى.

مەشرەپ كېچىلىكى دىنخانچىلىق ئىشلىرى سېلىككەن قىش كۈنلىرى كۆپرەك بولۇپ تۇراتتى. ھەۋەس-ئىشتىياقلىق ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلەر نۆۋەتلىشىپ مەشرەپ كېچىلىكىنىڭ ساھىپخانى بولۇپ، مەشرەپ ئۇيۇشتۇراتتى. ساھىپخان مەشرەپ كېچىلىكى ئۈچۈن تۈرلۈك تائاملارنى ھازىرلايدۇ، تاماق ئارىلىغىدا كۆپچىلىك

پىيالە، گۈلدەستە، پوتا ياكى ياغلىقنى بىر بىرىگە ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭغا داخىل بولغۇچىلاردىن ئويۇن كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. داخىل بولغۇچى قوشاق، تېپىشماق، لەتىپە، ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ.

مەشرەپ كېچىلىكىدىكى ئاساسلىق كۆڭۈل ئېچىش شەكلى يەنىلا ناخشا-ئۇسۇل بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. مەشرەپ ئۇسۇلى ئىلھامغا باغلىق ئۇسۇل. ئۇسۇل ئوينىغۇچىلار پوتىنى مۇزىكىنىڭ رىتىمىغا كەلتۈرسىلا بولىدۇ. ئۇسۇل ھەركەتلىرىگە شەرت قويۇلمايدۇ.

مەشرەپ سورۇنلىرىدا قائىدە-يوسۇن ھەم ئەدەپ-ئەخلاققا قاتتىق تەلەپ قويۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ، ئەمەلىيەتتە، كىشىلەرنىڭ ئەخلاق-پەزىلەت يېتىشتۈرۈشى، قائىدە-يوسۇن ئۆگىنىۋېلىشى ئۈچۈن ئوبدان جاي، مۇشۇ سەۋەپتىن مەشرەپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ساقلانماقتا.

سېرىك خاراكتېرلىق ئۇسۇللار ئۇسۇل ھەركىتى بىلەن سېرىكلىك ماھارىتى ئارىلىشىپ كەتكەن سەنئەت شەكلى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. داۋازلىق ئۇيغۇرلارنىڭ سېرىك خاراكتېرىنى ئالغان ئۇسۇللىرى ئىچىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇسۇل ئوينىغۇچى بىرقانچە ئون مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئىككى تۈۋرۈككە باغلانغان تاق ئاغامچا ئۈستىدە مېڭىپ، مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ، تۈرلۈك ئۇسۇل ھەركەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭغا قويۇلىدىغان تېخنىكىۋى تەلەپنىڭ قاتتىقلىقى ھەققىدە ئىزاھات بېرىش ئارتۇقچە، ئەلۋەتتە.

شىر ئۇسۇلى، چاقپىلەك ئۇسۇلى، ئوت ئۇسۇلى، چىراق ئۇسۇلى قاتارلىقلارمۇ سېرىك خاراكتېرىدىكى ئۇسۇللارغا كىرىدۇ.

شىر ئۇسۇلى — شىرنىڭ ھەركەتلىرىگە تەقلىت قىلىپ ئوينىلىدىغان

ئۇسۇل. چاقپىلەك ئۇسۇلىنى ئويناشتا، بىر تۆۋرۈكنىڭ ئۈستى تەرە-پىگە چاق ئورنىتىلىپ، ئۇنىڭغا ئاغامچىلار چىگىلىدۇ، ئۇسۇل ئوينىغۇچىلار ئەنە شۇ ئاغامچىلارغا ئېسىلىپ، چاق پىرقىرىغاندا ھاسىل بولىدىغان مەركەزدىن قاچۇرۇش كۈچىگە سۆيىنىپ، لەپىلدەپ يۈرۈپ ئۇسۇل ئوينايدۇ.

خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەردىن بۇنىڭدىن بىر ئەسىر بۇرۇنلا قىسمەن ئۇيغۇر ئۇسۇللىرىنىڭ گىردىم بىلەن ئوينالغانلىقىنى بىلدۇق. مەسىلەن، ئۆچكە ئۇسۇلى، توخۇ ئۇسۇلى، كارۋان ئۇسۇلى قاتارلىقلار، بۇلار قىزىقارلىق ھەجۋى ئۇسۇللار بولۇپ، جانلىق-تېتىك، چوڭقۇر دارىتمىلاش مەنىسىگە ئىگە ئىدى.

سىلىق ۋە نەپىس بولۇشى شۇ زاماندىكى ئۇيغۇر ئۇسۇللىرىنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى ئىدى. بۇ ئۇسۇللار گىردىم ۋە كەيپىيات جەھەتتە سەھنە سەنئىتىگە تېخىمۇ يېقىنلاشقان ئىدى. نىم پەدە مۇشۇ ئۇسۇللارنىڭ تىپى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. نىم پەدە ئۇسۇلى باش، قول بېغىشلىرى، بەل ۋە پۇت ھەركەتلىرىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىلىدىغان ئۇسۇل بولۇپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى.

نىم پەدە — يالغۇز كىشىلىك ئۇسۇل، ئۇنىڭدا ئۇسۇلچىنىڭ ماھارىتى بەدەندە ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئىچكى ھېسسىيات ۋە مىجەز-خۇلقمۇ ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا بۇ ئۇسۇلدا چىراي ۋە كۆز ھەركىتىدىن ئىبارەت قوشۇمچىلارمۇ بولىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا ئاساسەن قايغۇ-ھەسرەت، شات-خۇراملىق، جىددىلىك، سالماقلىق تەڭ ئىزھار قىلىنىدۇ.

نىم پەدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئىتىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ،

ئۇيغۇر ئۇسۇللىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز تولۇقلانغانلىقى، بېيىغانلىقى ۋە تەرەققى قىلغانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئۇسۇللىرىنىڭ بەدىئىلىك جەھەتتە يۈكسەلگەنلىكىنىڭ سىماسى.

نىم پەدە ئۇسۇلنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار سىنىپى تېزلا ئۆزلىرىنىڭ ھويلا-ئارام ۋە سورۇنلىرىغا كىرگۈزۈۋالدى ھەمدە ئۇنىڭغا نۇرغۇن بولمىغۇر قىلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇۋەتتى، ئاقىۋەتتە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بۇ گۈزەل سەنئەت گۈلى تامامەن نابۇت بولدى.

ئاخىرىدا بىز 18-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىن كېيىن تۈزۈلگەن، ئۇيغۇرلار تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان خەنزۇچە ھۆججەتلەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز. بۇ مەزگىللەردە «جۇڭغارنى تىنجىتىش پىلان-تەدبىرلىرى»، «مۇسۇلمانلار ماكانىنى تىنجىتىپ، ئاسلار ئەۋلاتلىرىغا جازا يۈرۈشى قىلىش تەدبىرلىرى»، «غەربىي دىيارنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، «غەربىي چېگرا رايونىغا ئائىت مۇھىم مەلۇماتلار توپلىمى»، «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» قاتارلىق چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى، شۇنىڭدەك بەزى ساياھەتچىلەرنىڭ خۇسۇسى ئەسەرلىرى، مەسىلەن، شۇسۇڭنىڭ «غەربىي دىيارنىڭ دەريا-ئېقىنلىرى»، چۇن يۈەننىڭ «غەربىي دىياردا ئاڭلىغان-كۆرگەنلىرىم» دېگەنگە ئوخشاشلار مەيدانغا كەلدى. بۇلار بىزنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ 18-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىن كېيىنكى تارىخىنى مۇھاكىمە قىلىشىمىزدا يەنە بىر مۇھىم ماتېرىيال مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

پايدىلىنىلغان كىتابلار

① چى يۈنشى: «غەربىي چېگرا رايونى ھەققىدە مۇھىم مەلۇمات»، 2-

جىلد.

② «يەنە جۇڭغارنى تىنجىتىش پىلان-تەدبىرلىرى»، 13-جىلد؛
«غەربىي دىيارنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 31-جىلد؛
«مۇقەددەس ھەربى ئىشلار مۇۋەپپەقىيەتلىرى»، 4-جىلد؛
خې يىڭ: «ئۈچ ئايماق توغرىسىدا يىغىندا مەلۇماتلار»، 2-جىلد؛
(ياپونىيە) شەرقىي ئاسىيا ئىنىستىتۇتى تۈزگەن، خەن رۇنتاڭ، جاڭ تىڭلەن، ۋاڭ ۋېيىڭ تەرجىمە قىلغان: «باشقا مىللەتلەرنىڭ جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش تارىخى»، ئىككىنچى قىسىم، 7-باپ.

③ «باشقا مىللەتلەرنىڭ جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش تارىخى».

④ «غەربىي دىيارنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 31-جىلد.

⑤ «چىڭ سۇلالىسى تارىخى (دەسلەپكى نۇسخا)»، 76-جىلد، «جۇغراپىيە. 23-»؛
توجىن قاتارلىقلار تۈزگەن «مۇسۇلمانلار ماكانىنىڭ قائىدە-مىزانلىرى»، 3-جىلد.

⑥ «يەنە جۇڭغارنى تىنجىتىش پىلان-تەدبىرلىرى»، 13-، 20-جىلدلار.

⑦ خې نىڭ: «مۇسۇلمانلار ماكانى ھەققىدە ئومۇمى تەزكىرە»، 12-، 4-، 5-، 6-جىلدلار.

⑧ «يەنە جۇڭغارنى تىنجىتىش پىلان- تەدبىرلىرى»، 20-جىلد.

⑨ «يۇقۇرقى كىتاپ، 30-جىلد.

⑩ يۇقۇرقى كىتاپ، 22-جىلد.

⑪ «يەنە جۇڭغارنى تىنجىتىش پىلان-تەدبىرلىرى» 20-جىلد.

⑫ ۋاڭ تىڭكەي، چى يۈنشى قاتارلىقلار تۈزگەن «غەربىي چېگرا رايونىغا ئائىت ۋەقەلەر»، 7-جىلد.

⑬ «يەنە جۇڭغارنى تىنجىتىش پىلان-تەدبىرلىرى»، 32-جىلد.

⑭ زېڭ ۋېنۋۇ: «جۇڭگونىڭ غەربىي زېمىندا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى توغرىسىدا ئومۇمى بايان».

⑮ «مۇسۇلمانلار ماكانى ھەققىدە ئومۇمى تەزكىرە»، 7-جىلد؛

«غەربىي دىيارنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 7 ـ جىلد.

⑯ «مۇسۇلمانلار ماكانى ھەققىدە ئومۇمى تەزكىرە»، 7 ـ جىلد.

⑰ «يەنە جۇڭغارنى تىنجىتىش پىلان ـ تەدبىرلىرى»، 18 ـ، 16 ـ، 22 ـ جىلدلار.

⑱ يۇقۇرقى كىتاپ، 18 ـ جىلد.

⑲ يۇقۇرقى كىتاپ، 16 ـ جىلد.

⑳ نا يەنچىڭ: «مەرىپەتلىك، قەيسەر ئەرباپ نا يەنچىڭنىڭ پادىشاغا سۇنغان مەكتۇپلىرى»، 78 ـ، 79 ـ، 80 ـ جىلدلار.

㉑ «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت»نىڭ خاتىمىسى.

㉒ «غەربىي چېگرا رايونىغا ئائىت مۇھىم مەلۇماتلار توپلىمى»، 2 ـ جىلد.

㉓ «جۇڭغارنى تىنجىتىش پىلان ـ تەدبىرلىرى»، 75 ـ، 77 ـ جىلدلار؛ «غەربىي دىيارنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 35 ـ جىلد.

㉔ شياۋ شيۇڭ: «غەربىي دىيار ھەققىدە نەزمە»، 3 ـ جىلد؛ «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 4 ـ جىلد.
سۇڭ يۈن: «شىنجاڭ ھەققىدە ئومۇمى بايان»، 8 ـ جىلد.

㉕ خې يىڭ: «ئۈچ ئايماق توغرىسىدا يىغىندى مەلۇماتلار»، 46 ـ جىلد.

㉖ «شىنجاڭ ھەققىدە ئومۇمى بايان» 9 ـ جىلد.

㉗ «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 4 ـ جىلد.

㉘ «چىڭ سۇلالىسى پادىشاسى شۈەنزۇڭنىڭ پائالىيەتلىرىدىن خاتىرە»؛ ساۋجېنيۇڭ قاتارلىقلار تۈزگەن: «مۇسۇلمانلار ماكانىنى تىنجىتىپ، ئاسىلار ئەۋلاتلىرىغا جازا يۈرۈشى قىلىش تەدبىرلىرى»، 72 ـ جىلد.

㉙ «شىنجاڭ ھەققىدە ئومۇمى بايان»، 9 ـ جىلد.

㉚ «غەربىي دىياردا ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرىم»، 2 ـ جىلد؛ «مۇسۇلمانلار ماكانى ھەققىدە ئومۇمى تەزكىرە»، 10 ـ، 9 ـ جىلدلار.

㉛ «يەنە جۇڭغارنى تىنجىتىش پىلان ـ تەدبىرلىرى»، 16 ـ جىلد.

㉜ شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن «شىنجاڭغا ئائىت كىتاپلار كاتالوگى»، ئىككىنچى قىسىم،

㉝ شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن «ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى»، بىرىنچى قىسىم.

«شىنجاڭغا ئائىت كىتاپلار كاتالوگى»، ئىككىنچى قىسىم.

㉞ «ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى».

㉟ ㊱ ㊲ «شىنجاڭغا ئائىت كىتاپلار كاتالوگى»، ئىككىنچى قىسىم.

# ئون بەشىنچى باپ
# جاھانگىر خوجا توپىلىڭى

## بىرىنچى بۆلۈم چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كۈنسايىن زەئىپلىشىشى

### 1. ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى

1765 - يىلى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى پارتلىدى. بۇ ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇرھانىدىن — خان خوجا توپىلىڭىنى تىنجىتقىنىغا ئەمدىلا بەش يىل بولغان ئىدى.

ئۇچتۇرپان ئاقسۇ دەرياسىنىڭ يۇقۇرقى ئېقىمىغا يەنى توشقان دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان بولۇپ، ئاقسۇغا 120 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا كىرىپ چىقىشتىكى ئاساسلىق دەرۋازىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ نامى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا يۈز بەرگەن نۇرغۇنلىغان تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. شۇڭا ئۇ تىيانشاننىڭ جەنۇبى، شىمالىدا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا مەشھۇر. بولۇپمۇ چىڭ سۇلالىسى ئىلى رايونىدا تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي بويىچە ئەڭ يۇقۇرى ھۆكۈمەت ئورگىنى — ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى تەسىس قىلغاندىن كېيىن، ئۇچتۇرپان ئىلى بىلەن تىيانشاننىڭ جەنۇبىنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنىگە ئايلاندى①.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دەسلەپتە ئابدۇللا ئىسىملىك كىشىنى

ئۇچتۇرپاننىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىگەن، ئۇ قۇمۇلدىكى نەسەپ-لىك ئاقسۆڭەك يۇسۇپنىڭ ئىنىسى ئىدى. بۇ جەمەتنىڭ چىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئۇزاق چوڭقۇر مۇناسىۋىتىدىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇچتۇرپان رايونىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئابدۇللا ئىقتىدارسىز ۋە زالىم ئىدى. «مۇسۇلمانلار ماكانى ھەققىدە ئومۇمى تەزكىرە»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: "ئابدۇللا ياۋۇز ۋە مۇدھىش بولۇپ، ئۇچتۇرپانلىقلارنى قامچا بىلەن ساۋاپ خورلايتتى، ئاچكۆزلۈك بىلەن تەرەپ-تەرەپتىن قاقتى-سوقتى قىلاتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە قۇمۇلدىن كەلگەنلەر ھەددى-ھېساپسىز قانۇنسىزلىقلارنى قىلدى. ئۇلار جايمۇ-جاي يۈرۈپ، زورلۇق-زومبۇلۇق ۋە ئالدامچىلىق قىلاتتى. ئۇچتۇرپانلىقلار ئۇلاردىن قاتتىق بىزار ئىدى."

ئۇچتۇرپاننىڭ ئىش بېجىرگۈچى ئامبانى سۇ چېڭمۇ ئۇچىغا چىققان ھاماقەت، قاقۋاش، ھاراقكەش، ئەيش-ئىشرەتكە تولىمۇ خۇشتار بىرنېمە ئىدى.

1764-يىلى، ئۇچتۇرپانلىقلاردىن 240 كىشى جىگدە دەرىخى توشۇشقا بۇيرۇلۇپ، ئۇلارغا كىچىك بەگ رەھمىتۇللا مەسئۇل قىلىندى. لېكىن بۇ ھاشارچىلارغا جىگدىنىڭ قەيەرگە توشۇلىدىغان-لىقى ئۇقتۇرۇلمىدى. ھاشارچىلار بۇنى ئابدۇللادىن سورىغاندا، ئابدۇللا مېنىڭ شەنىمگە نۇقسان يەتكۈزدۇڭلار دەپ، ھەر بىرىنى ئون نەچچە دەررە ئۇرغۇزدى. ھاشارچىلار ئاخىرى يامۇلغا بېرىپ ئىلتىماس قىلغاندا، ئىش بېجىرگۈچى ئامبان سۇ چېڭ "ئەدەپ-سىزلىك قىلدى" دەپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى يەنە 30 دەررە ئۇرغۇزدى. دەرت-ئەلەمدىن قەھرى-غەزىۋى ئۆرلىگەن بۇ ھاشار-

چىلار رەھمىتۇللانى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلىپ، قوزغىلاڭ كۆتەردى ۋە بىر كېچىدىلا ئابدۇللا، سۇ چېڭ ھەم يامۇلدىكى چېرىكلەرنى ئۆلتۈرۈپ، يامۇلنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى②.

ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئاقسۇ ئىش بېجىرگۈچى ئامبانى بېيەن تاخەي بۇيرۇققا بىنائەن 500 كىشىلىك بىر قوشۇننى باشلاپ، ئۈچتۇرپان قەلئەسىگە يېتىپ كەلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ ھۆججەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە، بۇ قوشۇن ئۈچتۇرپان قەلئەسىنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگەندە، بىر قىسىم ئۇيغۇر پۇقرالىرى سېپىل دەرۋازىسىنى ئېچىپ چىقىپ بېيەن تاخەيگە ۋەقەنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرمەكچى بولغاندا، بېيەن تاخەي ئۇلارنى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن سېپىلدىن چىقتى، دەپ ئويلىغان ۋە ئالدىراپ-تېنەپ توپچىلارغا توپ ئېتىش توغرىسىدا پەرمان بەرگەن. پۇقرالار ئارقىغا يېنىپ، سېپىل ئىچىگە كىرىۋېلىپ، دەرۋازىنى ئېتىۋەتكەن.

دەسلەپتە رەھمىتۇللانىڭ ئەتراپىدا 400 — 500 چە كىشى بار ئىدى، كۆپلىگەن پۇقرالار ئۆيلىرىدىن چىقماي، بۇ ئىشقا ئارىلاشمىدى. لېكىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى توپقا تۇتقاندىن كېيىن، ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن، ئۇلار ئارقا-ئارقىدىن قوزغىلاڭچىلار قاتارىغا قوشۇلدى.

چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۈچىنى تولىمۇ تۆۋەن مۆلچەرلىدى، ئاقىۋەتتە بېيەن تاخەي ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى يۈزدىن ئارتۇق ئادەمدىن ئايرىلدى ھەم نۇرغۇن ئەسلىھەلىرىدىن مەھرۇم بولدى. ئارقىدىن يەنە كۇچار ئىش بېجىرگۈچى ئامبانى ئېي باۋ ۋە قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبانى ناشتۇڭلارمۇ قوشۇن باشلاپ كەلدى، ئۇرۇشتا بۇلارمۇ مەغلۇپ بولدى.

ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇچتۇرپان ۋەقەسى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شۇ ۋاقىتلاردا دۇچكەلگەن مۇھىم ۋەقە بولۇپ قالدى.

شۇ يىلى 5 ـ ئايدا چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ يارلىغىغا بىنائەن، ئىلى جاڭجۈنى مىڭرۈي ئون مىڭدىن ئارتۇق مانجۇ ۋە خەنزۇ چېرىكلىرىنى باشلاپ، مۇزداۋان ئارقىلىق ئاقسۇغا كېلىپ، ئۇچتۇرپاننى قورشىۋالدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە مىڭرۈيگە ياردەملىشىش ئۈچۈن مەركەزدە مۇھىم ۋەزىپىدە تۇرۇۋاتقان ئاگۈينى ئاقسۇغا ئەۋەتتى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى 5 ـ ئايدىن باشلاپ ئۇچتۇرپانغا ھۇجۇم قىلىشقا كىرىشىپ، 3 ئايغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە يەنى 7 ـ ئايدا ئاندىن ئۇچتۇرپاننى ئالالىدى. مۇشۇ مەزگىلدە ئاقسۇ ئىش بېجىرگۈچى ئامبانى بىيەن تاخەي بىلەن قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبانى ناشتۇڭ خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى دېگەن جىنايەت بىلەن قەتل قىلىندى⑧.

بۇ ئەمەلدارلارنىڭ قەتل قىلىنغانلىقى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىدا قاتتىق تەسىر قالدۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇچتۇرپان ۋەقەسى كەڭ ئارقا كۆرۈنۈشتىن خالى يېگانە ۋەقە ئىدى. سەۋەپ شۇكى، بۇرھانىدىن ـ خان خوجا توپىلىڭىدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تىيانشاننىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي رايونىدا مۇقىم سىياسى ۋەزىيەت ياراتقان ئىدى، كىشىلەر بىرقەدەر تېچ مۇھىتتا تىرىكچىلىك قىلىش پۇرسىتىگە نائىل بولغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ رايوننىڭ ئىجتىمائى ئىگىلىگىمۇ دەسلەپكى قەدەمدە ئەسلىگە كەلگەن ۋە يېڭىدىن يۈكسىلىشكە باشلىغان. مۇنداق ئەھۋالدا

جەمىيەتتىكى ھەرقايسى تەبىقىلەر قوزغىلىپ كۆرەش قىلىشىنىڭ زۆررۈرىيىتىنى تېخى ھېس قىلمىغان. شۇڭلاشقا ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى باشلىنىش بىلەنلا ياردەمچىسىز قېلىپ، غەلىبە قىلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتىدىن مەھرۇم قالغان ئىدى.

ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەپ شۇ يەردىكى، ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرەپتە تۇرغان. بۇنىڭ سەۋەۋىنى چۈشىنىش ئانچە قىيىن ئەمەس.

يېرىم ئەسىردىن بۇيان تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر قاتار سىياسى ۋەقەلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ سىياسى-ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن چەمبەرچەس باغلىۋەتكەن. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى غەلىبىسى ياكى مەغلۇبىيىتى ئۇلارنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئاقسۇ ھاكىمبېگى سەئىد، كۇچاردىكى ئىشكىئاغابەگ ئاللايار، قەشقەر ھاكىمبېگى قادىر ئەمەت، يەركەن ھاكىمبېگى مىرزا ھۇدى ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى رەھىم ئاغىچا قاتارلىقلار ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشتا ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان رايونلاردا پۈتۈن كۈچى بىلەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ھەمدەملەشتى. بۇلاردىن رەھىم ئاغىچا — مۇھەممەت سادىق قەشقىرى «تەزكىرەئى خوجىگان»نىڭ مۇقەددىمىسىدە ئاتاپ ئۆتكەن ئايال — نىڭ ئىپادىسى ئەڭ گەۋدىلىك بولدى. «مۇسۇلمانلار ماكانى ھەققىدە ئومۇمى تەزكىرە»دە مۇشۇ ئايالنىڭ پائالىيەتلىرى تەپسىلى خاتىرىلەنگەن.

ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى پارتلىغاندا، رەھىم ئاغىچا كۇچاردا ئىدى.

ئۇ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بەش كېچە-كۈندۈزدە ئۈچ
مىڭ چاقىرىم يول يۈرۈپ يەركەنگە يېتىپ بارغان. بۇ ۋاقىتتا "كىشى-
لەر دىلغۇل بولۇپ، خېيىم-خەتەر كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. مىرزا
ھۆدى ئامالسىز قېلىپ، قايغۇرۇپ، يىغلاپ كۆزلىرىمۇ ئىششىپ كەتكەن
ئىدى. بەگ-ئاخۇنلار كېلىپ، ئۈچتۇرپاندىكى ۋەقەنى خەۋەر قىل-
غاندا، رەھىم ئاغىچا ئاڭلاپ قويۇپ، ئەرتە زىياپەتتە مەسلىھەتلىشى-
ۋالايلى دەپ ئۇلارنى خۇشال-خورام يولغا سالدى. ئەتىسى زىيا-
پەت يېيىلىشقاندا، رەھىم ئاغىچا بىردىنلا ئەلپازىنى بۇزۇپ،
قەھرى-غەزەپ بىلەن، سىلەر ئەسلىدە تىجمەل مۇرتەت ئىدىڭلار،
خاقان چىننىڭ ئۇلۇغ ئىلتىپاتى بىلەن بۈگۈنكى كۈنگە ئېرىشتىڭلار،
ئەمدىلىكتە ئۈچتۇرپاندا توپىلاڭ كۆتىرىلىش بىلەنلا ئۇلارغا قوشۇ-
لۇپ، ئەسكىلىك قىلماقچى بولۇۋاتىسىلەر، بۈگۈنكى كۈندە سىلەرنى
ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىشكە تامامەن كۈچۈم يېتىدۇ. ھېچقايسىڭلار ئىشىگىم-
دىن چىقىپ كېتەلمەيسىلەر، دېدى، كۆپچىلىك بۇ سۆزنى ئاڭلاپ
قاتتىق چۆچۈپ ھاڭ-تاڭ قېلىشتى. بۇ ۋاقىتتا ئىشىك-دەرۋازىلارغا
ئادەملەر تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، قېچىپ قۇتۇلۇش ئەسلا مۇمكىن
ئەمەس ئىدى. كۆپچىلىك نىمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى، ئۇلار
تىز پۈكۈپ يالۋۇرۇپ: بىزدە زادىلا يامان نىيەت يوق، ئاغىچىنىڭ
رەھىم قىلىشنى ئىلتىجا قىلىمىز، دېدى. رەھىم ئاغىچا: يامان نىيە-
تىمىز يوق دېگەن گېپىڭلارغا كىم ئىشىنىدۇ، ياخشىسى، ھەممىڭلار
ئۆيۈڭلاردىكى قورال-ياراقلارنى تاپشۇرۇڭلار، ئاندىن سىلەرنىڭ
يامان نىيەتتە بولمىغانلىقىڭلار ئىسپاتلىنىدۇ، دېدى. ھەممەيلەن
لەببەي دەپ ماقۇل بولدى. ئاندىن رەھىم ئاغىچا پايدا-زىيانىنى
ئېنىق چۈشەندۈرۈپ، يۇمشاق سۆزلەر بىلەن نەسىھەت قىلدى ۋە

ئۇلارنى ئۆلۈمدىن كەچۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھەممەيلەن خۇشال بولۇپ باشقىدىن مەي-شاراپ كۆتىرىشتى، رەھىم ئاغىچا يەنە رەققاس ئۇيغۇر ئاياللىرىنى چاقىرتىپ، بەگ-ئاخۇنلارنى قاتتىق كەيپ قىلىپ تاشلىدى، ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ، زىياپەتتىكىلەرنىڭ ئۆيلىرىدىكى قورال-ياراقلارنى ئاختۇرۇپ يىغىپ، ئىش بېجىرگۈچى ئامبان يامۇلىغا تاپشۇردى. ئۇ يەنە ئۇلارنىڭ قەلئە-ئەتراپىدا بېقىلىۋاتقان ئات-ئۇلاقلىرىنى بىرقانچە يۈز چاقىرىم يىراقلىقتىكى تاققا ھەيدىۋەتتى. ئەتىسى ھەممەيلەننىڭ كەيپى يېشىلىپ، مىرزا ھۈدىنىڭ بۇيرۇغىغا بويسۇنماسلىققا ئامالى قالمىدى.”

ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى چىڭ سۇلالىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن دۇچكەلگەن تۇنجى زەربە ئىدى. گەرچە يەرلىك چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ بىۋاستە سەۋەبلىرىنى يوشۇرغان بولسىمۇ، لېكىن، ھەتتا چيەنلۇڭنىڭ ئۆزىمۇ مۇنداق دەپ سوئال قويماي تۇرالمىدى: “مېنىڭچە ئۇيغۇرلار ھەرگىز سەۋەبسىز ماجرا تۇغدۇرمايدۇ، چوقۇم شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئەمەلدارلار ھەددىدىن زىيادە زۇلۇم قىلىپ، پۇقرالار تاقەت قىلالماي، ئاندىن ۋەقە تۇغدۇرغان دەپ ئويلايمەن”④.

ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى مەلۇم بىر خىل تۈزۈم مۇكەممەللىشىۋاتقان ۋە تۇراقلىشىۋاتقان ۋاقىتتا كۆتىرىلگەن. ئۇ بىر تۈزۈمنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئەمەس ئىدى. شۇڭا بۇ قوزغىلاڭنىڭ ئەھمىيىتىنى باشقا جەھەتتىن كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى

ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا يولغا قويغان سىياسەتلىرىدىكى كاۋاك ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى مۇپەسسەل كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىشقا مەجبۇر قىلدى. ئاتالمىش «مىڭرۇي تەكلىۋى» مانا مۇشۇ ۋەجىدىن ۋۇجۇتقا كەلگەن.

«مىڭرۇي تەكلىۋى» نىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

"هاكىمبەگلەرنىڭ هوقۇقى بۆلۈۋېتىلسە. هەرقايسى قەلئەلەرنىڭ كونا قائىدىسى بويىچە هاكىمبەگلەر هەممە ئىشقا جاۋاپكار ئىدى. بۇ قائىدىنىڭ داۋاملىشىپ كەلگىنىگە ئۇزاق ۋاقىت بولغانلىقى ئۈچۈن، هاكىمبەگلەرنىڭ ئابرويى هەددىدىن زىيادە ئۆسۈپ كەتكەن، ۋاهالەنكى، بەزى ئامبانلارمۇ ئەتراپلىق كۆزىتەلمەي، هەممە ئىشتا هاكىمبەگلەرنىڭ دېگىنىگە ئىشىنىپ كەتكەن، ئاقىۋەتتە بۇ هاكىمبەگلەر ئۆز يېقىنلىرىنى ئىشقا قويغان، كىچىك بەگلەر باشقۇرىدىغان ئىشلارغا چات كىرىۋالغان. بۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك ئىللەتلەر كۆرۈلگەن. مەن شۇنى تەكلىپ قىلىمەنكى، بۇنىڭدىن كېيىن، بېجىرىلىدىغان ئىشلارنى هاكىمبەگلەر ئاۋال ئىش بېجىرگۈچىلەرگە تاپشۇرسۇن. ئىش بېجىرگۈچىلەرنىڭ ئىش بېجىرىش نەتىجىسىنى هاكىمبەگ ئىشىك ئاغابەگ بىلەن بىللە تەكشۈرۈپ كۆرۈپ چىقسۇن. بۇرۇنقىدەك هوقۇقنى ئۆز ئالدىغا تارتىۋېلىپ، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىدىغان ئىشلار كۆرۈلسە، بەگلەر شۇ جايلاردا تۇرۇشلۇق ئامبانلارغا ئەرز قىلسۇن. پاكىتلار ئېنىقلىنىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، هاكىمبەگ جازالانسۇن. بىراق ئەرز تۆهمەت چىقسا، تۆهمەت قىلغۇچى جازالانسۇن.

بەگلەرنىڭ يېقىنلىرى ئازايتىلسا.

بەگلەرنىڭ يېقىنلىرى يانچى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلارنىڭ سانى ئۇستىدە بەلگىلىمە چىقىرىلغان ئىدى، ھاللىق ئائىلىلەردىنلا ئېلىناتتى. بەگلەرنىڭ مەنسۇۋى ئۆستۈرۈلۈپ باشقا شەھەرلەرگە يۆتكىلىپ بارسا، يېڭى مەنسەپ دەرىجىسىگە قاراپ يانچىلار كۆپەيتىلەتتى. ئەمما بۇگۈنكى كۈنلەردە بۇ مىزان قالايمىقانلىشىپ، يانچىلار ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتمەكتە، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەگلەر كۆپىنچە باي ئائىلىلەرنى يانچى قىلىپ كۆرسىتىپ، باي ئائىلىلەرگە چۈشكەن ئالۋاڭ-ياساق، باج-سېلىقلارنى باشقا ئائىلىلەرگە چېچىپ بەرمەكتە. بەگلەر مۇشۇ يول بىلەن نەپ ئالماقتا. يانچىلار بولسا بەگلەرنىڭ كۈچىگە سۆيۈنۈپ ئۇيغۇر پۇقرالىرىغا مۇداخىلە يۈرگۈزۈپ كۆپ ئاۋارە قىلدى. تەكلىۋىم شۇكى، ھاكىمبەگلەر ھەرقايسى بەگلەرنىڭ قارمىقىدىكى يانچىلارنى ئېنىقلىسۇن، ئەگەر مىزاندىن ئارتۇق ئېلىنغان يانچىلار بولسا، دەرھال بىكار قىلىنسۇن.

ئالۋاڭ-ياساق، باج-سېلىق ئېنىق بەلگىلەنسە. ئۇيغۇرلار ھەر يىلى تاپشۇرىدىغان ئالۋاڭ-ياساق، باج-سېلىق بەگلەر تەرىپىدىن بەلگىلىنەتتى ۋە ئالدىن-ئالا ئۇقتۇرۇلمايتتى. نەتىجىدە، بايلار قۇتۇلۇپ، كەمبەغەللەر تۇتۇلاتتى. تۈرلۈك ئاۋارىچىلىقلار پەيدا بولاتتى. تەكلىۋىم شۇكى، تاپشۇرۇلىدىغان ئالۋاڭ-ياساق، باج-سېلىقنى جايلاردىكى ئامبانلار تامغا بېسىلغان ئېلان بىلەن جاكالاپ، ئاۋام خەلقنى خەۋەردار قىلسۇن. مىزاندىن ئارتۇق ئالۋاڭ-ياساق، باج-سېلىق ئېلىش ئەھۋالى كۆرۈلسە، ئەرز قىلىشقا يول قويۇلسۇن، لېكىن، تۆھمەت بولۇپ چىقسا، تۆھمەت قىلغۇچى جازالانسۇن ۋاھاكازالار"⑤.

كېيىنكى يىللاردا، «مىڭرۇي تەكلىۋى» چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمە-

تىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا يۈرگۈزگەن تەدبىرلىرىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى.

مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى مۇھىم بىر بۇرۇلۇش ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىغا قاراتقان سىياسەتلىرىنى قايتا تۈزەتتى ۋە تولۇقلىدى. تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن 50 نەچچە يىللىق مۇقىم سىياسى ۋەزىيەت مانا مۇشۇ سىياسەتلەرنىڭ كونكرىت نەتىجىسى ئىدى.

بۇ 50 نەچچە يىللىق مۇقىم ۋەزىيەت، ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىنىڭ ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىنى كۆپ تارتقان ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئاز ئۇچرايدىغان تارىخىي پۇرسەت ئىدى. ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى ئىگىلىگىگە ئېلىپ كەلگەن پايدىسى تولىمۇ روشەن بولدى. كىتاۋىمىزنىڭ ئالدىنقى بابىدا مۇشۇ مەزمۇن ھەققىدە مەخسۇس توختالغان ئىدۇق.

پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، فېئوداللىق جەمئىيەتكە خاس سىنىپىي زىددىيەت ۋە ئىجتىمائى زىددىيەت ئەمەلىيەتتە 18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا كۆرۈلۈشكە باشلىغان ئىدى. چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى شۇ مەزگىللەردە گۈللىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈنلا، بۇ سىنىپىي زىددىيەت ۋە ئىجتىمائى زىددىيەتلەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ غايەت زور ھەربى ۋە سىياسى غەلىبىلىرى تەرىپىدىن بىر مەھەل يېپىلىپ قالغان ئىدى.

## 2. ئۇيغۇرلار رايونىدا ھۆكۈمرانلىق تۈزۈلمىسىدە قالايمىقانچىلىق ۋە تەڭپۇڭسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەر

18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پارتلىغان قوراللىق كۆرەشلەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەسىر كۈچىنى پەيدىن-پەي پارچىلاپ تاشلاپ، جەمىيەتنىڭ دىققەت ئېتىۋارىنى جەلپ قىلىشقا باشلىدى. جايلاردىكى قوراللىق قوزغىلاڭلار بارغانسېرى ئۇزاق داۋام قىلدى، دائىرىسى بارغانسېرى كېڭەيدى. مەسىلەن، 1793 ـ يىلى كۆتۈرۈلگەن بەيلىيەنجياۋ مەزھەپدىكىلەر قوزغىلىڭى خۇبېيدىن خېنەن، سىچۇەن، شەنشى، گەنسۇلارغىچە كېڭىيىپ، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ 12 يىل داۋام قىلدى، 1795 ـ يىلى كۆتۈرۈلگەن گۇيجۇدىكى مياۋزۇ خەلق قوزغىلىڭى ئۈچ يىل داۋام قىلدى، بۇ قوراللىق كۆرەشلەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچىنى مەلۇم دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. جۈملىدىن تيەنلىجياۋ مەزھەپدىكىلەرنىڭ 1813 ـ يىلى بېيجىڭدا پادىشا ئوردىسىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغانلىقى چىڭ سۇلالىسىنىڭ سىياسىي ئوبرازىغا قاتتىق نۇقسان يەتكۈزدى.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، 19 ـ ئەسىردىن كېيىن يۈز بەرگەن بىر قاتار ۋەقەلەر چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك كرىزىسقا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن كېيىن بۇ زىددىيەتلەر ئۇيغۇرلار رايونىدا تۇنجى قېتىم ئاشكارىلاندى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ سەلبىي

ئامىللارنى چەكلەش مەقسىدىدە قوللانغان تۈرلۈك تەدبىرلىرى كۆز- دىن - كۆنگە ئۆز رولىنى يوقىتىشقا باشلىدى. ھالبۇكى، مۇشۇنداق يامان ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسىدا كۆرۈلگەن ئېغىر قالايمىقان- چىلىق ئاساسي سەۋەب بولدى.

بۇنداق قالايمىقانچىلىق چىڭ سۇلالىسىنىڭ "چېگرا ئەمەلدار- لىرىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تاللاش" دېگەن پرىنسىپىدىن ۋازكەچكەنلىكىدىن باشلانغان.

بۇرۇن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار رايونىغا ئەۋەتىدىغان ئەمەلدارلارنى تاللاشتا، ئۇلارنىڭ مەمۇرى ئورنى، ئىش بېجىرىش تەجرىبىسى، جەمىيەت ھەققىدىكى ساۋادى ۋە شەخسى پەزىلەتلىرىگە ئومۇمى يۈزلۈك ئەھمىيەت بېرەتتى. شۇڭا، دەسلەپكى مەزگىللەر- دىكى چېگرا رايون ئەمەلدارلىرىنىڭ كۆپچىلىگى سىياسى جەھەتتە سەزگۈر، ھەربى، مەمۇرى ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىش ۋە خەلقنىڭ ئارزۇ - تىلەكلىرىنى كۆزىتىشتە ئاجايىپ ئىقتىدارلىق ئىدى. ئۇنىڭ- دىن قالسا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن ئۆز ئەمەلدارلىرىغا قاتتىق ئىنتىزام بەلگىلەپ بەرگەن ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۆز قىلمىش - ئەتمىشلىرىگە ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ئەمەلدارلارمۇ ئەس - ھوشىنى يىغىپ، قائىدە - يوسۇندىن چىقىپ كەتمەسلىككە دىققەت قىلاتتى. ئەينى ۋاقىتتا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مۇشۇ تەدبىرلەر ئارقىلىق بۇ رايوندىكى ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسىنى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە رەتلىك، تەرتىپلىك ھالدا ساقلاپ قالالىدى.

لېكىن، 19 - ئەسىردىن كېيىن چېگرا رايونغا تاللاپ ئەۋەتىلىدى-

غان ئەمەلدارلارنىڭ مەمۇرى ئورنى، ئىش بېجىرىش تەجرىبىسى، جەمىيەت ساۋادى ۋە شەخسى پەزىلەتلىرى ئۆلچەم قىلىنمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلار رايونىغا ئەۋەتىلگەن يۇقۇرى دەرىجىلىك ھەربى-مەمۇرى ئەمەلدارلارنىڭ كۆپىنچىسى پادىشانىڭ يېقىنلىرى ياكى كەسپى ھەربىلەردىن تاللاپ تەيىنلەنگەنلەر ئىدى. ئالدىنقىلىرى ئۇزاققىچە ئوردىدا خىزمەت قىلغاچقا، ئۇلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدىكىلەر بىلەن كۆپ ئالاقى-دار ئىدى. چېگرا رايون ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئۇلار ھەددىدىن ئارتۇق تەكەببۇرلىشىپ، ھېچكىمنى كۆزىگە ئىل-مايتتى. ئۇلار پۇقرالارنىڭ ئارزۇ-تىلەكلىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى، ئىش بېجىرىشتىمۇ خام ئىدى. ھەربىلىكتىن كېلىپ چىققان چېگرا رايون ئەمەلدارلىرى تېخىمۇ ئەشەددىي ئىدى. ئۇلار چېگرا رايون ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكىنى نەپ ئېلىشنىڭ پۇرسىتى، دەپ ھېساپلايتتى⑥.

«چىڭ سۇلالىسى تارىخى (دەسلەپكى نۇسخا)»نىڭ 367-جىل-دىدە چېگرا رايون ئەمەلدارلىرى سۈپىتىنىڭ چۈشۈپ كېتىش جەر-يانى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېيىلىدۇ: "مۇسۇلمانلار رايونى چيەنلۇڭ يىللىرىدا تىنجىتىلغاندىن كېيىن، دەسلەپتە يىلدا ئېلىنىدى-غان غەللە-پاراق، ئالۋاڭ-سېلىق ناھايىتى قالايمىقان ئىدى. نەتىجىدە ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى يۈز بەردى، بۇنىڭغا ئىش بېجىر-گۈچى ئامبانىنىڭ ئەسكىلىكى سەۋەپ بولدى. شۇنىڭدىن تارتىپ چېگرا رايون ئەمەلدارلىرىنى تاللاشتا ناھايىتى ئېھتىيات قىلىنغانلىقى-تىن، مۇسۇلمانلار ئارام تاپتى. كېيىنكى يىللاردا قانۇن-تۈزۈملەر بارا-بارا بوشىشىپ كېتىپ، مەنسەپكە تەيىنلەنگەنلەر ھەمىشە بەگلەرنى

قىستايدىغان، بەگلەر بولسا ئۇيغۇرلارنى قاقتى-سوقتى قىلىدىغان
بولۇۋالدى.“
«مەرىپەتلىك، قەيسەر ئەرباپ نا يەنچىڭنىڭ پادىشاغا سۇنغان
مەكتۇپلىرى»نىڭ 77-جىلدىدە مۇشۇ ھالەتنىڭ تەپسىلاتى ئۇستىدە
يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سۆزلەنگەن: ”ئۆتكەندە ھەرقايسى ئام-
بان يامۇللىرى بايرام-چاغانلارنى ئۆتكۈزگەندە، شۇ شەھەرنىڭ
ھاكىمبېگى يەل-يېمىش، يېمەك-ئىچمەكلەرنى ئىنئام قىلاتتى، ئام-
بانلارمۇ ئۇلارنى يېمەك-ئىچمەك بىلەن كۈتۈۋالاتتى. بۇنىڭدا ھېچ-
قانداق چاتاق-كاشىلا چىقمايتتى. ئەمدىلىكتە ئامبانلار مەنسەپ
ئورنىغا كەلگەندىن تارتىپ، ھەر بىر بايرام-مەرىكىلەردە شۇ يەر-
نىڭ ھاكىمبېگى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنىڭ بەگ-
لىرى ئۇيغۇرلار رايونىدىن چىقىدىغان تاۋار-دۇردۇن، شايى-ئەت-
لەس، چەكمەن، قاشتېشى ئويۇنچۇقلىرى ھەمدە تېرىلەرنى
يىغىپ، ئۇلارنى بولۇق دەپ ئاتاپ ئامبانلارغا سوغا قىلىدىغان
بولدى. ئامبانلار مەنسەپتىن يۆتكىلىدىغان چاغدا بۇرۇن بەگلەرنىڭ
سوغا قىلىشى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بىرقانچە ئون دانە يامبۇمۇ
ئەمدى پۇقرالاردىن ئېلىنىدىغان بولدى. بۇرۇن سوغا-سالام ئادەت-
تىكى ئىش دائىرىسىدە بولاتتى ھەم بولۇق دىگەن نام بىلەن
بولاتتى. يېقىندا ئاڭلىشىمچە، ھاكىمبەگلەر سوغا-سالام ئېلىپ
كەلگەندە ئامبانلار مۇغەمبەرلىك قىلىپ، رەت قىلغاندەك بولۇۋېلىپ،
ئاستىرتتىن ئادەم ئەۋەتىپ، ماللارنى باھاغا سۇندۇرۇپ، باھاسىغا
لايىق نەق پۇل ئالىدىغان بولغان. بۇ ئىنتايىن مەككارلىق ۋە
ئىپلاسلىق.“
ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسىدا قالايمىقانچىلىق پەيدا بولۇشتىكى

ئىككىنچى سەۋەپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ فېئودallىرىغا قاراتقان تۈرلۈك چەكلىمىلەردىن ۋازكەچكەنلىكى ئىدى. دەسلەپتە، چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ فېئودال ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىنىڭ سىياسىي پائالىيىتى ۋە ئىقتىسادىي تەسىر كۈچىگە نىسبەتەن تۈرلۈك چەكلىمىلەرنى قويغان ئىدى. مەسىلەن، بەگلەرنىڭ نامزاتلىرىنى كۆرسىتىش ۋە تەستىقلاش تەرتىپى قاتارلىق ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى چەكلەش بەلگىلىمىلىرى ھەم ھوقۇقىنى پارچىلاش، ئۆز يۇرتىدىن يىراقلاشتۇرۇش، مائاش دەرىجىسىنى بەلگىلەش قاتارلىق تەدبىرلەر دەل ئاشۇ مەقسەتلەر ئۈچۈن تۈزۈلگەن ئىدى.

بۇ چەكلەش تەدبىرلىرى ئۆز ۋاقتىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىگە تېخى ئىشەنچ باغلىيالمىغان شارائىتتا يولغا قويۇلغان. 18 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تىكلىۋالغاندىن كېيىن، چەكلەش تەدبىرلىرىمۇ ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتتى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر فېئودال ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسى چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ رايوندا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشىتە تايىنىدىغان ئاساسلىق كۈچى بولۇپ قالدى. جانىجان مەنپەئەت بىرلىكى ئۇلار ئوتتۇرىسىدا دەسلەپكى مەزگىللەردە بىر مەھەل بولۇپ ئۆتكەن تىركىشىشلەرنىڭ ئورنىنى دەسسىدى. 1788 ـ يىلى چيەنلۇڭنىڭ چىقارغان بىر يارلىقىدا بۇ مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى ئەكس ئەتتى. چيەنلۇڭ مۇنداق دىگەن: "قۇمۇل ۋە تۇرپاندىكى مۇسۇلمانلار سۇلالىمىزنىڭ نەسەپلىك پۇقرالىرى. قالغان

مۇسۇلمانلار مەن بۇ زېمىننى تىنجىتقاندىن كېيىن ئەل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆزگۈچىنى ئايىماي خىزمەت كۆرسىتىپ كەلگەنلىكىگە 30 يىل بولۇپ قالاي دېدى. شۇڭلاشقا ئۇلارغىمۇ ئايرىم ھالدا ۋاڭ، بېلى، بەيسى، گۇڭ ۋە تەيجى قاتارلىق ئۇنۋانلارنى بەردىم. 48-يىلى (1783-يىلى) تەكشۈرۈپ كۆرگىنىمدە، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئۇنۋانى نەسەبلىك قىلىپ بېكىتىلگەن، بەزىلىرىنىڭ ئۇنۋان دەرىجىسى چۈشۈرۈلۈپ ۋارىسلىق قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى قائىدە-تۈزۈم بويىچە قىلىنغان ئىشلار. ھازىر ئۇلارنىڭ ئەل بولغىنىغا ئۇزاق بولۇپ قالدى، ئۇلار مېنىڭ ئىلتىپاتلىرىمغا تەشەككۈر بىلدۈرۈپ، ئۆز ئىشلىرىنى بېجىرمەكتە. بۇنىڭدىن كېيىن ۋاڭ، بەيسى، گۇڭ، تەيجى قاتارلىق ئۇنۋانلارغا ۋارىسلىق قىلغاندا دەرىجىسى چۈشۈرۈلمىسۇن، ھەممىگە نەسەبلىك ئۇنۋان بولسۇن"⑦.

چيەنلۇڭنىڭ بۇ يارلىغىدا دەرىجە چۈشۈرۈلۈپ ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەينەن ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى دەستىلىنىپ، ئۇنۋاننىڭ نەسەبلىك بولىدىغانلىقى ئېتىراپ قىلىندى.

ئۇنۋانلار نەسەبلىك قىلىنغانلىقتىن، قۇمۇلدىكى يۈسۈپ جەمەتى، تۇرپاندىكى ئىمىن خوجا جەمەتى ۋە كۇچاردىكى مىرزا ھۆدى جەمەتىدىن ھاكىمبەگلىك مەنسۇپىدە تۇرغانلار ئالاھىدە سالاھىيەتكە ئىگە بولدى. ئۇلارنىڭ ئۇنۋانلىرىغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلار تەبىئىي ھالدا ئۇلارنىڭ ھاكىمبەگلىك مەنسۇپىگىمۇ ۋارىسلىق قىلالايدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنۋانغا ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى ھاكىمبەگلىك مەنسەپ دائىرىسىگىمۇ ئېلىپ كىرىلىپ، ماھىيەتتە چەك سۇلالىسىنىڭ ھاكىم-

بەگلەرگە قارىتىلغان تۈرلۈك چەكلىمىلىرى بۇزۇپ تاشلاندى. بۇنىڭ بىۋاستە ئاقىۋەتلىرىدىن بىرى شۇ بولدىكى، ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىنىڭ قائىدە-مىزاندىن ئۆركۈيدىغان تەشۋىشلىرى پەيدىن-پەي يوقىلىپ، ئۆز بىلگىنىنى قىلىدىغان ئەھۋال كۆپلەپ سادىر بولۇشقا باشلىدى، تۈرلۈك قانۇنسىز ھەركەتلەر سوراقسىز قالدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ ھۆججەتلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ جەرياندا ھاكىمبەگلەردە سۇ ئىنشائاتلىرىنى تىزگىنلىۋېلىش، ئاشلىق باھاسىغا چاڭگال سېلىش، ئۆز ئالدىغا ئادەم جازالاش، پۇقرالارنىڭ خوتۇن-قىزلىرىنىڭ نومۇسىغا تېگىشتەك يولدىن چىققان قىلىقلار توختىماي يۈز بەردى.

1829-يىلى، جاھانگىر خوجا توپىلىڭىدىن كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولغان نا يەنچېڭ، ۋۇلۇڭئالار پۇقرالارنىڭ خوتۇن-قىزلىرىنى خالىغانچە تارتىۋالغان جايلاردىكى ھاكىمبەگلەر ۋە باشقا بەگلەرنى جازالاشنى تەكلىپ قىلغاندا، داۋگۇاڭ پادىشا ئۆز قەلىمى بىلەن "بۇ ئىشلارنى ئۆرپ-ئادەت بويىچە بىر ياقلىق قىلىڭلار، ئۇنى قانۇن-مىزانغا باغلاپ ماجىرا كۆپەيتىشنىڭ ھاجىتى يوق" دەپ تەستىق يازغان⑧.

بۇ دەل جاھانگىر خوجا توپىلىڭىدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى بۇ ۋەقەدىن كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىۋاتقان مەزگىل ئىدى. ئەنە شۇنداق جىددىي ئېغىر كۈنلەردىمۇ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى بەگلەرنىڭ قائىدە-مىزاندىن چىقىپ كەتكەن قىلمىشلىرىنى چەكلەش كويىدا بولمىدى. بۇنىڭدىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۇيغۇر فېئودال ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىدىن پەخەس بولۇش،

مۇداپىئەلىنىش خاھىشىدىن تامامەن ۋازكېچىپ، مۇرەسسە قىلىش، يول قويۇش، ھەتتا قانات ئاستىغا ئېلىش تەرەپكە ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ھۆكۈمرانلىق تۈزۈلمىسىدىكى قالايمىقانچىلىق سىياسى ساھەدە ئىپادىلىنىپلا قالماي، ئىقتىسادىي ساھەدىمۇ ئىپادىلەندى. «مەردپەتلىك، قەيسەر نايەنچېكنىڭ پادىشاغا سۇنغان مەكتۇپلىرى»دىكى مۇنۇ بىر ئابزاس مەلۇمات بۇ نۇقتىنى دەلىللەش ئۈچۈن نەقىل كەلتۈرۈلدى: "شەرقتىكى تۆت شەھەردە ئاھالىلەر ئازراق، ھەر قايسى ياملۇلارنىڭ كونا قائىدە-يوسۇنى بويىچە ياملۇلار تۇتۇن، بىدە بىلەن تەمىنلىنىدۇ، ياز كۈنلىرى لەمپە ياساپ بېرىلىدۇ، ھېيت-ئايەملەردە يېمەك-ئىچمەك سوغا قىلىنىدۇ. ياملۇلار ھۆكۈمەت باھاسىدا بازاردىن مال سېتىۋالىدۇ ياكى بەلگىلىمە بويىچە پۇقرالارنى سەيسگە تۇتىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇلار بىرمۇنچە تەرەپلەردە قانۇن-مىزاندىن چىقىپ كەتتى. ۋاھالەنكى، غەرپتىكى تۆت شەھەردە بولسا پاراكەندىچىلىكلەر ئايمۇ-ئاي، يىلمۇ-يىل كۆپىيىپ باردىكى، زادىلا ئازايمىدى. بولۇپمۇ دەھشەتلىكى شۇكى، ھاكىمبەگلەر ھەر بىر مۇسۇلمان تۇتۇنگە 25 يارماق ياساق سېلىپ، ئۇنى 'كىرەكلىك' دەپ ئاتىۋالدى، يېتىشمىسە، بۇ ياساقنى يەنە كۆپەيتىپ تۇردى ياكى ئەمىلىي چىقىم قىلىنغان پۇلنى تۇتۇنلەرگە چېچىپ تۆلىتىۋالدى. ئۇنىڭدا نە ئۆلچەم، نە نورما يوق ئىدى، ئۇ 'سېلىق' دەپ ئاتالدى، ياملۇلار بولسا كىيىم-كېچەك، ئوزۇق-تۈلۈك جەھەتتىكى چىقىملارنىڭ ھەممىسىنى دىگۇدەك ھاكىمبەگلەردىن ئۇندۇرۇۋالاتتى. كۆرۈنۈشتە ھەق تۆلىگەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ھەق تۆلىمىگەن. بۇرۇن قەشقەردە ئايلىق چىقىم قىزىل يارماق بويىچە 500 — 600 ياكى

700 ـــ 800 تىزىق، يەركەندە 150 ـــ 160 ياكى 200 تىزىق يارماق ئىدى. مۇشۇ ئايلىق خىراجەتلەردىن باشقا، يەنە پۇقرالاردىن سەدەپ، قۇندۇز، قوي تېرىسى، ئۈنچە-مەرۋايىت، ئالتۇن، تاۋار-دۇردۇن، چاي، شايى-ئەتلەس قاتارلىق نەرسىلەرنى يىغىۋېلىپ تۇردى. يۇقۇرىدىن ئەۋەتىلگەن ئەمەلدارلار شۇ شەھەرلەردىن ئۆتكەندە، كىرا ھەققى ئۈچۈن 20 ـــ 30 دانە يامبۇ، 100 ـــ 200 تىزىق يارماق يىغىۋالاتتى. ئادەتتىكى زىبايەت ۋە ئويۇن كۆرسەتكۈچىلەرگە ئىنئام قىلىنىدىغان پۇللارمۇ 'كېرەكلىك'، 'سېلىق' دىگەنناملار بىلەن پۇقرالاردىن ئېلىناتتى. چوڭ-كىچىك ياموللار بىر بىرىنى دوراپ، ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالدى. ھاكىمبەگلەر بولسا پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، سېلىق مىقدارىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ تۇردى. بۇنى دورىغۇچىلار بولدى، تۈگەتكۈچىلەر بولمىدى. نەتىجىدە، ئۇ يامان ئادەتكە ئايلىنىپ قالدى."

يۇقۇرىدىكى نەقىلدە "ياموللار بولسا كىيىم-كېچەك، ئوزۇق-تۈلۈك جەھەتتىكى چىقىملارنىڭ ھەممىسىنى دىگۈدەك ھاكىمبەگلەردىن ئۈندۈرۈۋالاتتى" دىگەن سۆز ئالاھىدە تەكىتلەندى. ئانداقتا، ھاكىمبەگلەر مۇشۇنداق زور مىقداردىكى چىقىمنى قانداق يول بىلەن تولدۇرىدۇ؟ «مەرىپەتلىك، قەيسەر ئەرباپ نا يەنچېڭنىڭ پادىشاغا سۇنغان مەكتۇپلىرى»دا پۈتۈلگەن مۇنۇ مەلۇماتتا ئەنە شۇ سوئالغا جاۋاپ بېرىلگەن ئىدى: "ھاكىمبەگلەر ھۆكۈمەت نامىدىن ئالۋاڭ-ياساقنى كۆپەيتىپ ئۆزلىرىنى بېيىتىۋالدى. ھاكىمبەگلەرنىڭ قول ئاستىدىكىلەر بولسا قەۋەتمۇ-قەۋەت قاقتى-سوقتى قىلىپ، ھەر بىر تۈتۈنگە ئېيىغا 25 قىزىل يارماقلىق ئالۋاڭ سالىدىغان بولدى، بۇنى 'كېرەكلىك' دەپ ئاتىۋالدى. 'كېرەكلىك' دەپ ئاتالغان ئالۋاڭمۇ

يېتىشمەي قالسا، ھەر بىر تۇتۇنگە 'سىلىق' دەپ قايتا ئالۋاڭ سالاتتى. ۋاھالەنكى، 'سىلىق' دەپ ئاتالغان ئالۋاڭنىڭ مۇقىم مىقدارى يوق ئىدى. كۆپەيسە كۆپىيەتتىكى، ھەرگىز ئازايمايتتى، تۆت شەھەردە بۇ بىرىنچى ئورۇندىكى ئەسكى ئىللەت ۋە قائىدە ئىدى.»

«كىرەكلىك» ۋە «سىلىق» دىگەن سۆزدىن ئۇنىڭ ئېھتىياج بويىچە چەكلىمىسىز، نورمىسىز ئېلىنىدىغان ئالۋاڭ ئىكەنلىكى ئېنىق چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ ئالۋاڭلار ئامبانلار خىزمەت ئورنىغا كەلگەندە، خىزمەتتىن ئايرىلغاندا، ھېيت-ئايەم، سەييارە كۆزىتىش ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىملاردا ئىستىمال قىلىنىدىغان، شۇنىداقلا ھاكىمبەگلەر خىزمەت ئورنىغا كەلگەندە، خىزمەتتە ئۈستۈرۈلۈپ يۆتكەلگەندە، پايتەختكە خانغا بەيئەت قىلىشقا ماڭغاندا ئۆزۈتۈشتا ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىملار ئۈچۈن قىلىنىدىغان چىقىملارغا ئىشلىتىلگەن.

روشەنكى، «كىرەكلىك» ۋە «سىلىق» لار دەل كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىپ بىرىۋاتقان ھەر خىل زىيادە ئالۋاڭ-ياساقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. 19-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىن كېيىن ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ يەلكىسىنى بېسىپ تۇرۇۋاتقان ئىقتىسادىي يۈكنىڭ زور بىر قىسمى مانا مۇشۇنداق يول بىلەن بولغان. قەشقەردە ھەر يىلى ئېلىنىدىغان زىيادە ئالۋاڭ-ياساق پۇل يارماق ھېساۋىدا 8000 — 9000 تىزىقتا، يەركەندە ئون مىڭ تىزىقتا، خوتەندە 4000 — 5000 تىزىقتا يەتكەن⑨.

توغان بۇزۇلغاندا، ئۇنىڭدىن ھەرگىز تۆلۈك سۇ ئاقمايدۇ، تۆرلۈك ناملاردا ئاتالغان زىيادە ئالۋاڭ-ياساقلاردىن تاشقىرى، دىنىي ئورگانلارنىڭ باج ئېلىش پائالىيەتلىرىمۇ يوشۇرۇن ھالەتتىن ئوچۇق-ئاشكارا ھالەتكە ئۆتتى. ئۆشرە-زاكات ئېلىشتىن باشقا،

ئىشانلارنىڭ مازار تاۋاپ قىلىشى، زىكرى - سۆھبەتلىرىمۇ شۇ مەزگىللەردە شاۋقۇن - سۈرەن بىلەن ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ بۇ دىنىي پائالىيەتلەر ئۈچۈن تۆلەيدىغان چىقىملىرىمۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى.

ئوخشمايدىغىنى شۇكى، زىيادە ئالۋاڭ - ياساق زورلۇق ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئېلىنىدۇ. دىنىي ئورگانلار بولسا ئىدېئولوگىيە ۋاستىسىگە تايىنىدۇ، دىنىي ھېسسىياتنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇيغۇر پۇقرالىرى ھەمىشە بۇ ئېغىر ئىقتىسادىي يۈكنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن زىممىسىگە ئالىدۇ، گەرچە ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ قاتتىق ئالۋاڭ - ياساقلىرىدىن باش كۆتىرەلمەي قالغان بولسىمۇ.

باج - سېلىقنى ئىخچاملاشتۇرۇش تۈزۈمىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدىغانلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشىدا تېزلا ھالقىسمان تەسىر قوزغىدى. زىيادە ئالۋاڭ - سېلىق گويا قىيان سۇدەك يامراپ ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، بۇنىڭدا چايقىلىپ تاسقالغان ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى تېخىمۇ نامراتلىشىپ كەتتى. نەتىجىدە ئۇيغۇرلار رايونىدىكى يانچىلىق تۈزۈمى بۇ ئاپەت خاراكتېرلىق داۋالغۇشتا شىددەت بىلەن راۋاجلاندى.

يازما ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، قۇمۇلدىكى نەسەپلىك ئاقسۆڭەك ئىسھاق يۈسۈپ — يۈسۈپنىڭ ئەۋلادى — جەمەتىدىكىلەرنىڭ يانچىلىرى 2000 ئائىلىدىن ئېشىپ كەتكەن. تۇرپاندىكى نەسەپلىك ئاقسۆڭەك ئىمىن خوجا جەمەتىدىكىلەرنىڭ يانچىلىرى 3000 ئائىلىدىن ئاشقان⑩. باشقا رايونلاردىكى يانچىلارنىڭ كۆپىيىش ئەھۋالى يازما ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن قاتتىق ئىجتىمائى مۇھىت رەھىمسىز ھالدا نۇرغۇن نامراتلارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈۋاتقان

ۋاقىتتا، باشقا رايونلاردا يانچىلارنىڭ كۆپىيىشى، تەبىئىكى، مەنتىقىغە ئۇيغۇن ئىدى.

نەسەپلىك ئاقسۆڭەكلەر يانچىلارنى كۆپلەپ ئىگەللىگەندىن باشقا، جايلاردىكى دىنىي ئورگانلارمۇ ئۆز ۋەخپىلىرىنى ۋە يانچىلارنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىشكە باشلىدى. يەركەندىكى چىلتەن مازىرى، قەشقەردىكى ئاپپاق خوجا مازىرى، خوتەندىكى ئىمام مۇساكازىم مازىرى، چىرىيىدىكى ئىشان مازىرى ۋە كىرىيىدىكى جاپپار سادىق مازىرى ئىگەللىگەن يانچىلار دىنىي ئورگانلار بويىچە ئەڭ كۆپ ساندا ئىدى.

نا يەنچىلىك ئۆز مەكتۇپلىرىدا ئۇيغۇر دىخانلىرىنىڭ يانچىغا ئايلىنىش جەريانى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ مۇنداق دىگەن: ”ھەرقايسى شەھەرلەردىكى ھاكىمبەگ، ئىشىكئاغابەگلەردىن تارتىپ تاكى 5-، 6-، 7-دەرىجىلىك بەگلەرگىچە ھەممىسىنىڭ بەلگىلەنگەن مىقداردا يانچىلىرى بار ئىدى، يەنى ئۈچىنچى دەرىجىلىك ھاكىمبەگلەرگە 80 نەپەردىن يانچى بەلگىلەنگەن. قالغانلارغا ئۆز دەرىجىسىگە ئاساسەن ئوخشىمىغان ساندا يانچىلار بەلگىلەپ بېرىلگەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يانچىلار ئۆز مەيلىچە كۆپەيتىلىپ بىر قانچە يۈز ئائىلىگە يەتكەن. يانچىلار پەقەت ئۆز بەگلىرىگىلا تۆلەم تۆلىگەن، ھۆكۈمەتكە تۆلەيدىغان ئالۋاڭ-سېلىقتىن خالى قىلىنىغان، ئۇلارغا تېگىشلىكلىرى بولسا باشقا مۇسۇلمان پۇقرالارغا چېچىلغان. ھاكىمبەگلەر ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، كۆپىنچە باي ئائىلىلەرنى ئۆزلىرىگە يانچى قىلغان. باي ئائىلىلەر نامراتلاشسا، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا ھاللىقراق ئائىلىلەرنى كىرگۈزۈپ، ئۈزلۈكسىز تولدۇرۇپ تۇرغان“[11].

تۆۋەندە بۇ نەقىلنىڭ ئىككى يېرىگە ئىزاھات بېرىپ ئۆتىمىز.

1. ”كۆپىنچە باي ئائىلىلەرنى ئۆزلىرىگە يانچى قىلغان“ دېگەن سۆز ئايدىڭلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك مەسىلە، بۇ يەردە دېيىلگەن ”باي ئائىلىلەر“ ئايرىم ئەھۋال ئىدى. ئاز ساندىكى باي ئائىلىلەر ئارتۇقچە باج-سېلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۆزىنى ئۆزى تورغا ئېتىپ، پانا ئىزدىگەن ئەھۋاللارمۇ بولغان. لېكىن بۇ مەزگىلدىكى يانچىلارنىڭ مەنبەسىنى بىردەك باي ئائىلىلەرگىلا باغلاپ قويۇش ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

2. ”يانچىلار پەقەت ئۆز بەگلىرىگىلا تۆلەم تۆلىگەن، ھۆكۈمەتكە تۆلەيدىغان ئالۋاڭ-سېلىقتىن خالى قىلىنغان“ دېگەن سۆز تەكىتلىنىشكە تېگىشلىك مەسىلە. بۇنىڭدا مۇتلەق كۆپ ساندىكى دېھقانلارنىڭ ئۆزىنى تورغا ئېتىپ يانچى بولۇشتىكى ئاساسىي سەۋەپ ئېچىپ تاشلانغان. ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ ئالۋاڭ-ياساقلىرىدىن خالى بولىدىغان پانا جاي تېپىشنىلا ئارزۇ قىلاتتى، خالاس.

گەرچە يانچىلىق سالاھىيىتى ئۇلارنى داۋاملىق ھالدا فېئوداللارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيىسى ۋە زۇلمىغا دۇچار قىلغان ھەم ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلغان بولسىمۇ، ھەر ھالدا ئۇلار ۋاقتى-قەرەلسىز ۋە چەكلىمىسىز ھۆكۈمەت ئالۋاڭلىرىدىن خالى بولالىغان.

مۇشۇنچىلىك ئاراملىق ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ ئەركىن پۇقرالىق سالاھىيىتىدىن ۋازكەچكەنلىكى قاتتىق ئىقتىسادىي ئېكسپلاتاتسىيىنىڭ كەڭ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ نىمە دېگەن پاجىئەلىك ئەھۋال-ھە!

نۇرغۇن ئۇيغۇر دېھقانلىرى يېڭىۋاشتىن يانچى بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە بىۋاستە باج تۆلىگۈچى پۇقرالار

جىددى يوسۇندا كېمىيىپ كەتتى.

شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ چىيەنلۇڭ يىللىرىدا ۋە جياچىڭ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا تۈرلۈك ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى 19 ـ ئەسىر ـ نىڭ 20 ـ يىللىرىغا كەلگەندە دەپسەندە قىلىنىپ يوقىتىلدى.

ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئىجتىمائى ئىگىلىك يامان خاراكتېرلىق ئايلانما پاتقىغىغا پاتتى. دەھشەتلىك زىيادە ئالۋاڭ ـ ياساقلار تۈپەيـ ـلىدىن، ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ئومۇمى يۈزلۈك چۈشۈپ كەتتى، مالىيە مەنبەسى قۇرۇغدالدى. 19 ـ ئەسىر ـ نىڭ 20 ـ يىللىرىدىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىغا قاراتقان ئىقتىسادىي تەدبىرلىرى مانا مۇشۇ يولنى بويلاپ مېڭىپ، ئاخىر ئۆزىنى ئوڭشىۋالالمايدىغان ھالغا يەتتى.

## 3. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دىنىي مەسىلىدىكى سەۋەنلىكى

19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن كېيىن، سىياسى جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىق ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى داۋالغۇشلار پۈتكۈل تىيانشاننىڭ جەنۇبىنى قاپلاپ كەتكەن بىر ۋاقىتتا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دىنىي مەسىلىدىمۇ تۈيۈق يولغا كىرىپ قالدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي سىياسىتى ئىزچىل رەۋىشتە ئۆزىنىڭ سىياسى ئېھتىياجىنى ئۆلچەم قىلىپ كەلگەن. مۇشۇ ئېھتىـ ـياجنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دەسلەپتە ئاق تاغلىقلارنىڭ باشلىقى بۇرھانىددىننى قوللاپ، قارا تاغلىقلارنىڭ باشلىقى خوجا جاھانغا قارشى چىقتى. كېيىن قارا تاغلىقلار تەرەپتە

تۇرۇپ، ئاق تاغلىقلارغا ھەر جەھەتتىن بېسىم ئىشلەتتى.

بۇرھانىدىن ـ خان خوجا توپىلىڭى تىنجىتىلغاندىن باشلاپ تاكى 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىغىچە بولغان بىرقانچە ئون يىل داۋامىدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ قارا تاغلىقلارنى قوللاش، ئاق تاغلىقلارنى يەكلەش خاھىشىغا زادى تۈزىتىش كىرگۈزمىدى. چۈنكى بۇرھانىدىن، خان خوجىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىزچىل ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەركەتلىنىپ، تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۆزلىرىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئېغىر چېگرا تەھدىتى بولۇپ كەلگەن ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تەرەپكىلا يان بېسىش چارىسى ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت ۋە قارىمۇ ـ قارشىلىقنى يەنىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلار تاۋاپ قىلىدىغان مۇقەددەس جايلار توغرىسىدىكى ماجرادىن كېڭىيىپ، بىر مەسچىتتە ناماز ئوقىماسلىق، ئۆزئارا بېرىش ـ كېلىش قىلىشماسلىق، بەزى ياقا جايلاردا ھەتتا ئۆزئارا نىكاھ قىلىشماسلىق دەرىجىسىگە يەتكەن. بىرقانچە زامانلاردىن كېيىن، ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق دىگەن ئۇقۇم دۈشمەنلىشىش ئۇقۇمى بىلەن مەنىداش بولۇپ كېتىپ، كىشىلەر ھامان، "ئۇلار ئاق تاغلىق ـ قارا تاغلىق بولۇپ كېتىپتۇ" دىگەن سۆز بىلەن قاتتىق رىقابەت مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ قالدى.

1815 ـ يىلى يۈز بەرگەن زىياۋۇدۇن ۋەقەسىنىڭ بىر تەرىپى دىنىي ماجرا بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

زىياۋۇدۇن قەشقەر تاشمىلىقلىق بولۇپ، قارا تاغلىقلارغا مەنسۇپ ئىدى، ئۇنىڭ ئەجدادلىرى كەسپىي دىنىي جەمەت ئىدى. بۇرھانى-

دىن ـ خان خوجا توپىلىڭى بولغاندا، زىياۋۇدۇننىڭ بوۋىسىنى ئاق تاغلىقلار ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ جەمەت ئاق تاغلىقلارغا چوڭقۇر ئاداۋەت ساقلاپ كەلگەن ئىدى.

1814 ـ يىلى يارىشىنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە زىياۋۇدۇن ئاق تاغلىق غازى خوجىنىڭ قىزىنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئالىدى. ئۇنىڭ قېيىن ئاتىسىنىڭ ئۆيى ئاپپاق خوجا مازىرىنىڭ يېنىدا ئىدى. توي بولۇپ بىر يىلدىن كېيىن، زىياۋۇدۇن قەشقەر ھاكىمبېگى يۇسۇپكە ئىلتىماس قىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ كىچىك خوتۇنىنى تاشمىلىققا كۆچۈرۈپ كەتمەكچى بولغاندا، يۇسۇپ ئاق تاغلىقلارنى چەكلەش سىياسىتى بويىچە، ”خوجا ئەۋلاتلىرى مازارنىڭ يېنىدا تۇرۇشى كېرەك، يىراققا كۆچۈپ كېتىش مۇۋاپىق ئەمەس“ دەپ، زىياۋۇدۇننىڭ ئۆز خوتۇنىنى كۆچۈرۈپ كېتىشىنى رەت قىلدى.

زىياۋۇدۇن نومۇسقا چىدىماي، ئۆزىنىڭ يېقىن ئاغىنىسى، قىرغىزلارنىڭ باشلىقى تۇردى مەمەت بى بىلەن بىرلىكتە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئات فېرمىسىنى كۆيدۈرۈۋەتتى ۋە بۇ يەردە تۇرۇشلۇق چېرىكلەرنى ئۆلتۈردى. زىياۋۇدۇن ۋەقەسىنىڭ بىۋاستە باشلىنىش سەۋەبى مانا مۇشۇلار ئىدى.

ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرى ساراسىمىغا چۈشۈپ، زىياۋۇدۇننى قېيىن ـ قىستاققا ئېلىپ، ئۇنىڭغا ”مەن جەنۇبىتىكى سەكىز شەھەرگە ۋاڭ بولماقچىمەن“ دېگەننى ئىقرار قىلدۇردى⑫. ھەم ئەھۋالنى چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە كۆپتۈرۈپ مەلۇم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەسكەر يۆتكەش بىلەن بىللە يەرلىك ئەمەلدارلارنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىدى. زىياۋۇدۇن ۋەقەسى چىڭ سۇلالىسى

ھۆكۈمىتىنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى مۇھىم ھەربى ئىشلىرىنىڭ بىردىگە ئايلاندى.

ئەمىلىيەتتە، زىياۋۇدۇن ۋەقەسى تېزلا تىنجىتىلدى.

دەرۋەقە، زىياۋۇدۇن ۋەقەسىنىڭ كۆلىمى چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرى مەلۇم قىلغاندەك چوڭ بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ تەسىرى چىڭ سۇلالىسى يەرلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ ۋە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ مۆلچەرىدىن كۆپ دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن ئىدى.

زىياۋۇدۇن ۋەقەسى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى بولۇپ 50 يىلدىن كېيىن يۈز بەردى. بۇ 50 يىل داۋامىدا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىقى مەيلى شەكىل جەھەتتە بولسۇن، ياكى ماھىيەت جەھەتتە بولسۇن، مۇقىم ۋە تۇراقلىق ئىدى. گەرچە كېيىنكى مەزگىللەردە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئامبانلىرى ۋە ھاكىمبەگلەردە ئېغىر دەرىجىدە يولدىن چىقىپ كېتىش ھەركەتلىرى كۆپ كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇلار تېخى كەسكىن نارازىلىق ھەركەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارمىغان ئىدى. چۈنكى بۇ ۋاقىتلاردا، چىڭ سۇلالىسى تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا خەلققە تەھدىت سېلىپ، ئۆز ئەمەلدارلىرىغا يان باسقۇدەك ئابرويىغا ۋە كۈچكە ئىگە ئىدى.

زىياۋۇدۇن ۋەقەسى كىشىلەرنىڭ ئامبان ۋە ھاكىمبەگلەرنىڭ نوپۇزىغا پىسەنت قىلماي، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن قورال كۈچى ئارقىلىق بىۋاستە تىركىشىشكە پېتىنالىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئەمىلىيەتتە، زىياۋۇدۇن ۋەقەسى بەش يىلدىن كېيىن يۈز بەرگەن جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى.

زىياۋۇدۇن ۋەقەسىنى جاھانگىر خوجا توپىلىڭىغا بىۋاستە باغلىـ

ۋەتكەن كونكرېت ئىش شۇكى، قىرغىزلارنىڭ باشلىقى تۇردى مەمەت بى زىياۋۇدۇن ئەنزىسگە چېتىلىپ قەتلى قىلىنغان ئىدى.

تۇردى مەمەت بى ئەسلىدە چىڭ سۇلالىسى ئاتا قىلغان ئىككىنچى دەرىجىلىك پۆپۈكلۈك تاجدىن بەھرىمەن بولغان ئىدى. دەسلەپتە ئۇ شەخسى ئاغىنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن زىياۋۇدۇنغا ياردەمدە بولۇپ، ۋەقە تۇغدۇرغان، لېكىن، كېيىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇغىغا بىنائەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ياردەملىشىپ زىياۋۇدۇننى يەنە تۇتۇپ بەرگەن، بىراق چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تۇردى مەمەت بىنىڭ بۇ تۆھپىسىنى ھېساپقا ئالمىدى.

تۇردى مەمەت بى قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى غازى خوجا قوقەنتكە قېچىپ كەتتى. ئاتىسى ئۈچۈن قىساس ئېلىش نىيىتىدە يۈرگەن غازى خوجا بىرقانچە يىلدىن كېيىن، جاھانگىر خوجىنىڭ سۆيۈنىدىغان ئاساسلىق كۆچلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى⑬.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا يولغا قويغان تەدبىرلىرىنىڭ ئىجابى ئامىللىرى بارا ـ بارا يوقالدى، كەڭ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ سىياسى ئورنى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئۈزلۈكسىز يامانلاشتى. زورلۇق ـ زومبۇلۇق ۋە بۇزۇقچىلىق جەمىيەت تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە يامراپ كەتتى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەتلىرى بىلەن كەڭ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئارزۇ ـ تىلەكلىرى ئوتتۇرىسىدا بارغانسېرى چوڭ پەرقلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر فېئودال ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىگە تېخىمۇ يان باسىدىغان، ئۇلارنىڭ نىزامىدىن چىقىپ

كەتكەن قىلمىشلىرىنى كۆرسىمۇ، كۆرمەسكە سالىدىغان بولۇپ قالدى، ئاقىۋەتتە، ئۇيغۇرلار رايونىدا قاتتىق نارازىلىق كەيپىياتى شەكىللىنىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى ئۆۋەتتىكى قىيىن مۇھىتتىن قۇتۇلۇشقا تولىمۇ ئىنتىزار بولغان ئىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا بوران-چاپقۇنغا دۇچ-كېلىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى كۈنسېرى روشەنلەشمەكتە ئىدى. بۇ بوران-چاپقۇن ئۇزۇن ئۆتمەيلا دىنىي مەسىلىنى بەۋاستە سەۋەب قىلغان ھالدا تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي رايونىنى قاپلاپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدا 19-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمى بويىچە كەڭ كۆلەملىك سىياسى ۋەقە — جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، چىڭ سۇلالىسى ئۆزىنىڭ سىياسەت جەھەتتىكى سەۋەنلىكىدىن غايەت زور چىقىم تارتىشقا مەجبۇر بولدى.

## ئىككىنچى بۆلۈم جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنىڭ جەريانى

1820-يىلى باشلانغان جاھانگىر خوجا يېغىلىقى سەككىز يىل داۋام قىلىپ، 1828-يىلى ئاياقلاشتى. ئۇنىڭ ئەڭ ئەۋج ئالغان ۋاقتى 1826-يىل 7-ئايدىن 1828-يىل 6-ئايغىچە بولدى. بۇ داۋامىدا كەلپىندىن تارتىپ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى مۇھىم شەھەرلەردىن قەشقەر، يېڭىسار، يەركەن، خوتەن قاتارلىق جايلارنى جاھانگىر خوجا ئىشغال قىلدى. پەقەت ئاقسۇلا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلكىدە قالدى. جاھانگىر خوجا ئىشغال قىلغان دائىرە قەشقەر، يەركەن، يۈرۈڭقاش ۋە كېرىيە دەريالىرى

ۋادىلىرى قاتارلىق دىخانچىلىق رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى تىنجىتىش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئون مىليون سەر كۈمۈش چىقىم قىلدى، 36 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەرنى ئىشقا سالدى، 20 مىڭدىن ئارتۇق ھەربى ئات، ئون مىڭدىن ئارتۇق تۆگە يىغدى. قوشۇنلار شەنشى، گەنسۇ، سىچۈەن، جىلىن، خېيلۇڭجياڭ، شەندۇڭ قاتارلىق جايلاردىن يۆتكەپ كېلىندى. بۇ ئىش، ئەمىلىيەتتە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدىكى ھەربى ئورۇنلاشتۇرمىسىغا چېتىلدى⑭.

## 1. جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى



ئاق تاغلىقلارنىڭ باشلىقى ئاپپاق خوجىنىڭ ئەۋلادى جاھانگىر خوجىنىڭ نەسەپنامىسى 1128-بەتتە كۆرسىتىلگەندەك ئىدى.

چوڭ-كىچىك خوجىلار بەدەخشان شاھى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بۇرھانىدىننىڭ ئوغلى سامساق ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان ئىدى. كېيىنكى يىللاردا سامساق ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋۇرائۇننەھر رايونىدا جاھاندارچىلىق قىلىپ يۈردى. ئۇنىڭدىن ئۈچ ئوغۇل قالدى. جاھانگىر خوجا ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىدى.

جاھانگىر خوجا دەسلەپتە كابۇلدا ئوقۇدى، كېيىن سەمەرقەنت، بۇخارا، قوقەنت قاتارلىق جايلاردا دىنىي كەسىپ بىلەن شۇغۇللاندى.

جاھانگىر خوجىنىڭ سەمەرقەنت قاتارلىق جايلاردا دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىلى دەل 19-ئەسىرنىڭ باشلىرى ئىدى. بۇ ۋاقىتلار ئىلىمىزدىكى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدا چىڭ سۇلالىسى سىياسىي جەھەتتە چىرىكلىشىۋاتقان، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي مالىماتاڭ بولۇۋاتقان، جەمئىيەت داۋالغۇۋاتقان ۋاقىت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىلىمىزدىكى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونى بىلەن زىچ ئالاقىدا بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىغا خوشنا بولغان ئاسىيا ئىككىنچى قۇرۇقلۇقىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقان ئىدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنىڭ مۇھىم دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى بولدى.

تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيەتكە ئائىت مەزمۇنلار مۇشۇ باپنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىدە سۆزلەندى.

ئەمدى بىز ماۋۇرائۇننەھر رايونىدىكى تارىخىي ئۆزگىرىشلەر ھەم كۆچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئاسىيا ئىككىنچى قۇرۇقلۇقىدىكى پۇت تىرەشلىرىنى بىر قۇر ئەسلەپ ئۆتەيلى.

16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، يەركەن خاندانلىقى بىلەن تەڭ باش كۆتىرىپ چىققان ئۆزبېك خاندانلىقى بىرقانچە قېتىملىق گۈللىنىش ۋە زەئىپلىشىش ئارقىسىدا بىرمۇنچە كىچىك فېئودال يەرلىك ھاكىمىيەتلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. كېيىنچە بۇ كىچىك يەرلىك فېئودال ھاكىمىيەتلەر بىرلىشىپ ماۋەرائۇننەھردە بۇخارانى مەركەز قىلغان بۇخارا خاندانلىقىنى، خارەزمنى مەركەز قىلغان خىۋە خاندانلىقىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. بۇ ۋاقىت ئاپپاق خوجا جۇڭغارنىڭ كۈچىگە سۆيۈنۈپ، يەركەن خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇۋەتكەن ۋاقىت ئىدى.

بۇخارا خاندانلىقى بىلەن خىۋە خاندانلىقى ئوتتۇرىسىدا ماۋەرا-ئۇننەھرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىپ ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ئۇرۇش بولدى. بۇ ئارىلىقتا نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەر يۈز بەردى. بايانىمىز بىلەن چېتىشلىق ئىش شۇكى، بىر تۈركۈم ئىشانلار كاتتىۋاشلىرى — خوجىلار — ماۋەرائۇننەھردە ھوقۇق نۇقتىسى ئەرپكە يۆتكەلگەنلىك پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، پامىرنىڭ غەربىي ئېتىگىدىكى فەرغانە ئويمانلىقىدا يېڭى يەرلىك ھاكىمىيەت — قوقەنت خاندانلىقىنى قۇرۇۋالدى[15].

قوقەنت خاندانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىدا شۇ ۋاقىتتىكى سىياسىي ۋەزىيەت رول ئوينىغاندىن باشقا، فەرغانىنىڭ پەۋقۇلئاددە پايدىلىق تەبىئىي شارائىتىمۇ رول ئوينىغان ئىدى. بۇ ئويمانلىقنىڭ يېرى مۇنبەت، بايلىقى مول ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپلىرىنى قاتمۇ-قات تاغلار ۋە نۇرغۇن غار-جىلغىلار ئوراپ تۇراتتى. بىرقانچىلا ئەگرى-بۈگرى تاغ يوللىرى ئارقىلىق قەشقەر، بەدەخشان ۋە سەمەرقەنتلەر بىلەن تۇتۇشۇپ تۇراتتى.

قوقەنت خاندانلىقىنىڭ ئاساسىي پۇقرالىرى ئۆزبېكلەر ئىدى، ئۆزبېكلەردىن قالسا قىرغىزلار ۋە تاجىكلار ئىدى. كېيىنكى يىللاردا بۇ خاندانلىق تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان ھۆكۈمرانلار ۋە باشقا دىنىي ئەرباپلارنىڭ پاناگاھى بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن قوقەنت خاندانلىقىنىڭ نامى شۇ ئەتراپتىكىلەرگە بارا-بارا تونۇلۇشقا باشلىدى.

1755-يىلىدىن كېيىن، ئاسىيا بويىچە ئەڭ قۇدرەتلىك ھاكىمىيەت — پۈتۈن جۇڭگودا ھوقۇق يۈرگۈزۈۋاتقان چىڭ سۇلالىسى قوقەنت خاندانلىقىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. دەسلەپتە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەۋكەتلىك ھەربىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى، كېيىنچە چىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇدرەتلىك ئىقتىسادىي كۈچى قوقەنت ھۆكۈمرانلىرىدا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى.

سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى كۆزلەپ، شۇنداقلا بۇخارا ۋە خارەزىملارنىڭ بېسىملىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، قوقەنت خاندانلىقى شۇ ۋاقىتتا ئاسىيادا ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچ — چىڭ سۇلالىسىگە يېقىنلاشتى.

چوڭ-كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭى تىنجىتىلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى 1757-يىلى داكىتانانى قوقەنتكە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى، قوقەنت خاقانى ئېردىنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسىنى قىزغىن كۈتۈۋالغاندىن تاشقىرى، چىڭ سۇلالىسىگە ئولپان ۋە ئەلچى ئەۋەتتى. 1760-يىلى چىڭ سۇلالىسى يەنە سونومۇسىرىنىنى قوقەنتكە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى، ئۇ چىڭ سۇلالىسى پادىشاسى گاۋ زۇڭنىڭ يارلىقىنى ئېلىپ باردى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، چىڭ سۇلالىسى بىلەن قوقەنت خاندانلىقى ئوتتۇرىسىدا رەسمىي بېرىش-كېلىشلەر

باشلانىدى⑯.

چىڭ سۇلالىسى پۇتكۈل پامىر ئېگىزلىكىدە ھوقۇق يۈرگۈزۈۋاتقان شۇ زاماندا، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي ئېتىكىدە چىڭ سۇلالىسىگە مايىل بىر دائىرىنىڭ بولۇشى چىڭ سۇلالىسى ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ كاتتا ئىش ئىدى. شۇڭا، چىڭ سۇلالىسى قوقەنت خاندانلىقى بىلەن ئىناق ئۆتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ سودا جەھەتتىكى تەلىۋىنى قاندۇرۇپ، ئۈچتۇرپان بىلەن قەشقەرنى قوقەنت سودىگەرلىرى سودا قىلىدىغان جاي قىلىپ بەلگىلىدى. ھەتتا باج ئېلىش جەھەتتىمۇ قوقەنت سودىگەرلىرىگە ئېتىۋار بەردى.

19 ـ ئەسىردىن باشلاپ قوقەنت سودىگەرلىرى چىڭ سۇلالىسى ھازىرلاپ بەرگەن تۇرلۇك قولاي شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنى يەركەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچار قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيتىپ، بۇ جايلاردىكى سودا پائالىيەتلىرىنى خېلى دەرىجىدە تېزگىنلىۋالدى.

چىڭ سۇلالىسى بىلەن قويۇق بېرىش ـ كېلىش قىلىش نەتىجىسىدە، پامىرنىڭ غەربىي ئېتىكىدىكى بۇ كىچىككىنە خاندانلىقنىڭ ئىقتىسادىي ئورنى تەبىئىي ھالدا كۈچەيدى.

بۇ مەزگىلدە قوقەنتنى قۇدرەت تاپتۇرغان يەنە بىر ئامىل شۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆپ قىسىم رايونلار ئارقا ـ ئارقىدىن خىۋە بىلەن بۇخارا ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش قايىنىمىغا سۆرەپ كىرگۈزۈلگەن شارائىتتا، ماۋرائۇننەھر رايونىنىڭ مەركىزىدىن يىراق بولغان قوقەنت خاندانلىقى بۇ ماجرا ۋە ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىدىن خالى بولغان ئىدى.

قوقەنت خاندانلىقى مۇشۇ پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ بارغانسېرى

كۆچمىشكە باشلىدى ۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسى ۋەزىيىتىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچى ئاساسلىق كۈچلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

1809 ـ يىلى قوقەنت ھۆكۈمرانى ئالىمخان ئۆز قول ئاستىدىكىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئوغلى ئۆمەر دادىسىنىڭ ئورنىغا چىقىپ خان بولدى. ئۆمەر ھۆكۈمران بولغان ۋاقىتتا، قوقەنت خاندانلىقىنىڭ ئەتراپىدا بۇ خاندانلىق ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق شارائىت ۋۇجۇتقا كەلدى.

ئۇنىڭ غەربىي تەرىپىدە، بۇخارا خاندانلىقى پارچىلىنىپ، ئۇششاق ۋە ئاجىز ھاكىمىيەتلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. خارەزىم رايونىدىكى خىۋە خاندانلىقىمۇ ئىچكى خىدەل ـ ماجىرالارغا پېتىپ قېلىپ، پارچىلىنىپ كېتىش ئەھۋالىغا چۈشۈپ قالدى.

ئۇنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە، ئىران ئىگىزلىكىدە قۇدرەت تاپقان كۈچلەر ئەزەلدىن ماۋەرائۇننەھر رايونى ئۈچۈن تەھدىت بولۇپ كەلگەن ئىدى. لېكىن، ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىنى ئەينى يىللاردا قاتتىق ساراسىمىگە سالغان ناد‌ىرخان 1747 ـ يىلى قەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى يېرىم ئەسىردىن بۇيان ئىران ئىگىزلىكى نۇرغۇن كىچىك فېئودال خاندانلىقلارنىڭ ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىدىغان سورۇنىغا ئايلىنىپ قالغان، ئۇلار بۇرۇنقىدەك ماۋەرائۇننەھر رايونىغا تەھدىت سالالىغۇدەك ھالىدىن ئاللىقاچان كېتىپ قالغان ئىدى.

قوقەنتنىڭ شەرق تەرىپىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ھۆكۈمرانلىقى دۇچكەلگەن كىرىزىس كۈنسېرى ئېغىر-لىشىۋاتماقتا ئىدى، بۇ ھەقتە مۇشۇ باپنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىدە

توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

قوقەنت خاندانلىقى ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەردىن ھاسىل بولغان بۇ پايدىلىق شارائىتتىن مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈردە پايدىلاندى. جاھانگىر خوجا توپىلاڭ كۆتۈرۈش ھارپىسىدا ئارال دېڭىزىنىڭ شەرقىدىكى بىرمۇنچە جايلار قوقەنت خاندانلىقىنىڭ تەسىرى ئاستىغا ئېلىندى. شەرق تەرەپتە، ئۇنىڭ كۈچى ئالاي چوققىسىغا يېتىپ كېلىپ، ئېلىمىزنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونى قوقەنت خاندانلىقىنىڭ يەنىمۇ كېڭەيمىچىلىك قىلىش نىشانلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

يۇقۇرىدا ئېلىمىزنىڭ تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونى بىلەن قويۇق ئالاقىدا بولغان ماۋرائۇننەھرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى سىياسى ۋەزىيىتىگە بىر قۇر نەزەر سېلىپ ئۆتتۇق، ئەمدى ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر — ئەنگلىيە، فرانسىيە، چار روسسىيەلەرنىڭ ئېلىمىزنىڭ تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونىغا خوشنا بولغان ئاسىيا ئىككىنچى قۇرۇقلۇغىدىكى تىركىشىشلىرىگە بىر قۇر نەزەر سېلىپ چىقايلى.

1798-يىلى، ناپولېئون ئۆزىنىڭ "مىسىرغا خوجايىن بولغان كۈچلۈك دۆلەتلەر ھىندىستاننىڭ ئومۇرتقىسىغىمۇ خوجايىن بولۇشى شەرت" دىگەن لوگىكىسىغا ئاساسەن، فرانسىيە قوشۇنىنى باشلاپ، ئوتتۇرا دېڭىزدىن ئۆتۈپ مىسىرغا يۈرۈش قىلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە فرانسىيە بىلەن ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ياۋروپادىن ئاسىياغا قاراپ كېڭىيىشكە باشلىدى.

بۇ مەزگىلدە يۈز بەرگەن مۇھىم ھەربى ۋەقەلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى 1798-يىل 6-ئايدا ئابوكىل قولتۇغىدا فرانسىيىنىڭ ئوتتۇرا دېڭىز فلوتىنى يوقىتىپ، فرانسىيىنىڭ

يىراقتا يۇرۇش قىلغۇچى قوشۇنىنىڭ ئۆز دۆلىتى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. مۇشۇنداق شارائىتتا، ناپولېئون 1800-يىلى ئوتتۇرا دېڭىزدىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈپ، فرانسىيىگە قېچىپ بېرىۋالدى. ئىككىنچى يىلى فرانسىيىنىڭ يىراقتا يۇرۇش قىلغۇچى قوشۇنى ئەنگلىيىگە تەسلىم بولدى، بۇنىڭ بىلەن ناپولېئوننىڭ مىسىرغا خوجايىن بولۇش پىلانى ئاياقلاشتى.

لېكىن ناپولېئوننىڭ ھىندىستانغا خوجايىن بولۇش خىيالى 1804-يىلىغا كەلگەندە ئاندىن تارمار قىلىندى. شۇ يىلى ئەنگلىيە قوشۇنى دېھلى قەلئەسىدە فرانسىيە گېنېرالى بوركوين قوماندانلىقىدىكى 40 مىڭ كىشىلىك سىندھىيە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، ھىندىستاندا ئاخىرقى ھىساپتا ئۆزىنىڭ ئورنىنى تىكلىۋالدى⑰.

ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ شاھ تاجىسىدىكى مەرۋايىت — ھىندىستاننى قوغداش ئۈچۈن، ھىندىستانغا يىراق بولغان ئىران ئېگىزلىكىدە توقۇنۇشنى پەسەيتىدىغان كەڭ رايون قۇرۇشقا بەل باغلىدى. 1809-يىلى ئەنگلىيىنىڭ ئىلپىنستون باشچىلىقىدىكى تۇنجى ئەلچىلەر ئۆمىكى ئافغانىستاننىڭ پايتەختى كابۇلغا باردى. شۇ يىلى ئافغانىستان پادىشاسى شاھ شۇجا ئەنگلىيە بىلەن بىر كېلىشىم ئىمزالىدى، بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن، فرانسىيىلىكلەر ۋە باشقا ياۋروپالىقلارنىڭ ئافغانىستان دائىرىسىگە كىرىشىنى مەنئى قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئافغانىستان ئۆز زىممىسىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيىنىڭ كۈچى ئەمەلىيەتتە ئامۇ دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ بېرىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋۇرائۇننەھر رايونىغا يۈزلەندى.

ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندا ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغانلىقى جىددى كېڭەيمىچىلىك قىلىۋاتقان چار روسىيىنىڭ ئوغىسىنى قايىنتىۋەتتى.

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ۋە ئۇنىڭغا خوشنا بولغان تېخىمۇ يىراق جاي-لارنى چار روسىيە ئاللىبۇرۇنلا ئۆزى ئۈچۈن يەنىمۇ كېڭەيمىچىلىك قىلىش نىشانى قىلىپ بەلگىلىگەن ئىدى. شۇڭا چار روسىيە 19 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا فرانسىيە بىلەن ئەنگلىيىنىڭ ئاسىيا ئىككىنچى قۇرۇقلۇقىدىكى كۈرەشكە قول تىقىپ ئارىلىشىشقا تەمشەل-گەن ئىدى.

1801 ـ يىلى ناپولېئوننىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن، چار پادىشا پاۋىل ئالدىراپ ـ تېنەپ ھىندىستانغا بىر كازاك قوشۇنىنى ئەۋەتتى. ئادىمى 20 مىڭ كىشىگىمۇ يەتمەيدىغان بۇ قوشۇننىڭ شۇنچىۋالا كۆپ تەبىئى توسالغۇ ۋە سىياسى كۈچلەر تەرىپىدىن بۆلۈۋېتىلگەن رايوندىن ئۆتۈپ ھىندىستانغا بارالىشى مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەقەللى ھەربى ساۋات بىلەنمۇ ھىساپلاشماي، ئەخمەقانىلىقتىن پەرقلەنمەيدىغان بۇ قارارنىڭ چىقىرىلغانلىقى چار روسىيىنىڭ ئۆز شىكار نىشانلىرى ئەتراپىدا ئەنگلىيىنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرىگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇ قېتىمقى ھاماقەتلەرچە ھەربى يۈرۈش پاۋىلنىڭ قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋەجىدىن توختىتىلدى. بۇ چاغدا يۈرۈش قىلىۋاتقان بۇ چار روسىيە قوشۇنىنىڭ ئاۋانگارت قىسمى ۋولگا دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلگەن ئىدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى دۇنيا ۋەزىيىتىگە نەزەر سالغىنى-مىزدا، شۇ ئەھۋال كۆز ئالدىمىزدا ئايان بولىدۇكى، شۇ ۋاقىتلاردا تاجاۋۇزچىلىققا قاتتىق بېرىلىپ كەتكەن ئاسارلىق كۈچلۈك دۆلەت-لەر ــ ئەنگلىيە، فرانسىيە، چار روسىيەلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز قوللىرىنى ئاسىيا ئىككىنچى قۇرۇقلۇقىغا سوزغان. ئېلىمىزدىكى تىيان-شاننىڭ جەنۇبىي رايونىغا خوشنا مەملىكەتلەر كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ

تىركىشىدىغان سورۇنغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

فرانسىيە قوشۇنى ھىندىستاندىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئەنگىلىيە بىلەن چار روسىيە تىركىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ بىرى شىمالدىن جەنۇپقا قاراپ سۈرۈلسە، يەنە بىرى جەنۇپتىن شىمالغا قاراپ سۈرۈلدى.

يېڭى ھەربى ۋەزىيەت ئېلىمىزدىكى تيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ئىنتايىن مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويدى. شۇڭا، ئەنگىلىيىمۇ، چار روسىيىمۇ ئۆز مۇددىئاسىنى قىلچە يوشۇرماستىن ئېلىمىزنىڭ بۇ رايونىغا چاڭ سالدى.

مۇشۇلار جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئارقا كۆرۈنۈشى بولۇپ ھىسابلىنىدۇ.

ئەمدى بىز بۇ بۆلۈمنىڭ ئاساسىي تېمىسىغا كېلىپ، جاھانگىر خوجا توپىلىڭى توغرىسىدا مۇھاكىمە قىلىپ كۆرەيلى.

بۇرھانىدىن ـ خان خوجا توپىلىڭى تىنجىتىلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى بىلەن قوقەنت خاندانلىقى ئوتتۇرىسىدا بىر مەھەل مەكتۇپ ـ ئالاقىلەر ئېلىپ تۇرغان ئىدى، بۇ مەكتۇپلاردا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇرھانىدىن ئەۋلادلىرىنىڭ قايتۇرۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلدى. لېكىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆز مەقسىدىگە يېتەلمىدى.

بۇ مەسىلىدە سىياسى سەۋەپ بىلەن دىنىي سەۋەپ تەڭ رول ئوينىدى.

سىياسى سەۋەپ: قوقەنت ھۆكۈمرانى خوجا ئەۋلادلىرىنى قالتىس بىلىپ، ئۇلارنى قەستەن تۇتۇپ تۇردى ۋە شۇ ئارقىلىق چىڭ سۇلالىسىگە بېسىم ئىشلەتمەكچى بولدى. دىنىي سەۋەپ: بۇرھانىدىن

ئەۋلاتلىرىنىڭ خوجىلىق سالاھىيتى قوقەنت خاندانلىقىدىمۇ مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە ئىدى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قارىشىچە، خوجىلىق سالاھىيىتىگە ئىگە كىشىلەرنى غەيرى دىندىكىلەردىن بولغان چىڭ سۇلالىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىش ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادىغا خىلاپ ئىش ئىدى.

بۇ ۋەقەنىڭ چىڭ سۇلالىسى بىلەن قوقەنت خاندانلىقى ئوتتۇرىسىدا ئىناقسىزلىق تۇغدۇرۇشى مۇقەررەر ئىدى. بىراق قوقەنت خاندانلىقى چىڭ سۇلالىسى بىلەن بولۇشى ئېھتىمال بولغان بۇ يىرىكچىلىكنى باشقا يول ئارقىلىق توسۇدى، يەنى بۇرھانىدىن ئەۋلاتلىرىنىڭ قوقەنت خاندانلىقىدىكى ھەركەتلىرىگە مەلۇم چەكلىمىلەرنى قويۇپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە چىڭ سۇلالىسىنىڭ جۇڭگودىكى قوقەنت مۇھاجىرلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىشىنى قولغا كەلتۈردى.

"زىياۋۇدۇن ۋەقەسى"دىن كېيىن، 1819 - يىلى كىشىنى قاتتىق چۆچۈتىدىغان بىنجىڭ ئەنزىسى سادىر بولدى. بىنجىڭ قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبانى بولۇپ، ئۇچىغا چىققان مۇتتەھەم ئىدى. بىنجىڭ قوقەنت سودىگىرى سالىجاننىڭ قىزىنىڭ نومۇسىغا تەككەندىن كېيىن، سالىجان قاتتىق غەزەپلىنىپ، قىزىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى مەسلىھەتچى ئامبان يامۇلىنىڭ ھويلىسىغا تاشلاپلا بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەل - جامائەتتە غوۋغالار كۆتىرىلىپ، كىشىلەرنىڭ قەھرى - غەزىۋى ئېشىپ تاشىدۇ.

ۋەقە چىڭ سۇلالىسى مەركىزى ھۆكۈمىتىگە ئاڭلانغاندىن كېيىن، دەرھال ئىلى جاڭجۈنى چىڭشاڭنى قەشقەرگە بېرىپ، بۇ ئەنزىنى بىر ياقلىق قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. بىنجىڭ ئىلى جاڭجۈنىگە بىۋاستە تەۋە

ئەمەلدار بولغانلىقتىن، چىڭشاڭ بۇ ئىشنىڭ سۈرۈشتە قىلىنىپ ئۆزىگە چېتىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، بىنجىڭغا ھەر جەھەتتىن يان بېسىپ، بۇ ئېغىر ئەنزىنى "بىنجىڭ ئۆز قول ئاستىدىكىلەرنىڭ بەگلەرنى ھاقارەتلىشىگە يول قويدى، پاھىشە جىنايىتى ئۆتكۈزدى، شۇڭا ئۇ مەنسۇپدىن ئېلىپ تاشلىنىش جازاسىغا تارتىلىدۇ" دەپ بېكىتىپ، ئىشنى ئەپلەپ-سەپلەپلا يۇغۇشتۇرۇۋېتىدۇ[18].

بىنجىڭ ئەنزىسىدە چېڭ سۇلالىسى چېگرا رايونىغا ئەۋەتكەن ئەمەلدارلارنىڭ ئومۇمى يۈزلۈك چۈشكۈنلەشكەن ئەھۋالى ئەكس ئەتتى. بىرقانچە يىل ئۆتۈپ، داۋگۇاڭ پادىشانىڭ ئوردا ئەمەلدارلىرىغا بەرگەن بىر يارلىغىدا چېگرا رايوندىكى مۇشۇ ئەۋلات ئەمەلدارلارغا باھا بېرىپ مۇنداق دېيىلگەن: "بۇنىڭدىن بۇرۇن مەن قەشقەردىكى مەسلىھەتچى ئامبانلىق ۋەزىپىسىدە بولغانلارنىڭ تۈرلۈك شۇملۇقلىرىنى ئاڭلىغان ئىدىم، شۇڭا چاڭلىڭنىڭ ئىنقىلاپ بىر ياقلىق قىلىشى توغرىسىدا يارلىق بەرگەن ئىدىم. سۇنۇلغان مەكتۇپلارغا قارىغاندا، جياچىڭ 20-يىلىدىن باشلاپ ئامبانلىق ۋەزىپىسىدە بولغانلاردىن، مەسىلەن، سۇڭفۇنىڭ ئابرويى چاغلىق بولۇپ، ھەممە شەھەرگە ئايان. گەرچە ئۇنىڭدا ئەسكىلىكلەر كۆرۈلمىگەن بولسىمۇ، بىراق قىلغان ئىشلىرىنىڭ جايىدا بولمىغانلىقى ئېنىق. ... بىنجىڭ ئامباللىقنى ئۆتىگەندە، ھەممە ئىشتا قارامىلىق قىلغان، مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ نومۇسىغا تەككەن، ئۇ ئەنجان مۇسۇلمانى سالىجاننىڭ خوتۇنى (قىزى دېيىلىشى كېرەك — ئاپتوردىن)نىڭ نومۇسىغا تەككەندە، سالىجان قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۆزىنى ۋەيران قىلىپ، كىشى جېنىغا زامىن بولۇشتەك ۋەقەنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا تاس قالدى. ئۇ شۇملۇقتا ھەقىقەتەن ئۇچىغا چىققان"[19].

بىنجىڭ ئەنزىسى 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كىشىلەرنىڭ دىققە-
تىنى جەلپ قىلىدىغان چوڭ ۋەقە ئىدى. ئوخشىمىغان سالاھىيەت ۋە
ئوخشىمىغان تەبىقىدىكى كىشىلەر بۇ ئەنزىنىڭ يەكۇنىدىن ئۆزلىرى
كۈتكەن جاۋاپقا ئېرىشمەكچى بولدى.

چېگرا رايون ئەمەلدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاقسىز، قانۇنسىزلىق-
لىرىغا زادى قانچىلىك جازا كېلىدىغانلىقىنى بىلمەكچى ئىدى. كەڭ
ئۇيغۇر پۇقرالىرى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە
ئېغىرلىشىۋاتقان قانۇنسىز قىلمىشلارغا قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ، پۇق-
رالارنى يېڭىۋاشتىن خاتىرجەم قىلىش كويىدا ئىكەنلىكى ياكى
ئەمەسلىكىنى بىلمەكچى ئىدى. قوقەنت ھۆكۈمرانلىرى ۋە ئېلىمىز-
دىكى قوقەنت مۇھاجىرلىرى بولسا ئۆزلىرىنىڭ جانىجان مەنپەئىتى
ۋە ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەستايىدىل كاپالەتلىك
قىلىدىغان ـ قىلمايدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولاتتى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەسلىدە بىنجىڭ ئەنزىسىدە قاتتىق
جازالاش تەدبىرى قوللىنىپ، مەنسەپدارلارنى ئاگاھلاندۇرۇشى،
مۇتتەھەملەرنى دەككە ـ دۈككىگە سېلىشى، بۇنىڭ بىلەن كۈنسېرى
ئېغىرلىشىۋاتقان زۇلۇمنى مەلۇم دەرىجىدە چەكلەپ، خەلقنىڭ نارا-
زىلىقىنى جىمىقتۇرۇپ، جەمىيەتنى تىنچلاندۇرۇشى ۋە ئۆزلىرىنىڭ
چەتئەل مۇھاجىرلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشتا ئۆتەشكە تېگىشلىك
مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى لازىم ئىدى. ۋاھالەنكى، چىڭ سۇلالىسى
بىنجىڭ ئەنزىسى مەسىلىسىدە تولىمۇ بىخەستىلىك قىلدى. ئاقىۋەتتە،
ھەق ـ ناھەق ئايرىلماي، ئۆز ئابرويىنى قايتا تىكلەش پۇرسىتىنى
قولدىن بېرىپ قويدى. بۇ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بىر چوڭ
سەۋەنلىكى ئىدى.

بىنجىڭ ئەنزىسىنىڭ يەكۈنى، تەبىئىكى، ئومۇمى يۈزلۈك نارازىلىق قوزغىۋەتتى، ئەل-جامائەتنىڭ نەپرىتى قايناپ تېشىپ، ئېتىراز كەيپىياتلىرى ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى.

تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا سادىر بولغان بۇ نارازىلىق ۋە تۇراقسىزلىق جاھانگىر خوجىنىڭ قارا نىيىتىگە مەدەت بولدى.

جاھانگىر خوجا بىرقانچە يىللاردىن بۇيان ئىزچىل تۈردە تۈرلۈك يوللار بىلەن تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئاق تاغلىقلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، بۇ رايوننىڭ سىياسى ۋەزىيىتىگە دىققەت قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ شارائىتنىڭ ھازىرلانغانلىقىنى ھىس قىلىپ، قوقەنت ھۆكۈمرانى ئۆمەرگە ئەسكەر ئارىيەت بېرىش تەلىۋىنى قويدى.

ئۆمەر جاھانگىر خوجىنىڭ بۇ تەلىۋىنى رەت قىلدى ھەمدە ئۇنى قوقەنت قەلئەسىگە قاماپ قويدى[20].

بۇنىڭ تېگى-تەكتىگە يەتمەك ئانچە قىيىن ئەمەس. چۈنكى، قەشقەردە قوقەنت مۇھاجىرى سالىجان ئۆز قىزىنى پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈشتەك ۋەقە يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن، كەڭ قوقەنت مۇھاجىرلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتى ۋە ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكى يەنىلا چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرىگە باغلىق ئىدى. مۇنداق ئەھۋالدا چىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر ياقلىق قىلىشتا ئاقىلانىلىقنىڭ ئورنىغا ھىسسىياتنى دەسسىتىپلا قويىدىكەن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ جەزمەن قاتتىق ئەنت ئېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. جاھانگىر خوجىنى قاماققا ئېلىش ئادەتتىكى دىپلوماتىك ئىپادە ئىدى، دەرۋەقە، ئۇزاق ئۆتمەيلا جاھانگىر خوجا قوقەنت قەلئەسىدىن "قېچىپ" چىقىپ، پامىر ئېگىزلىكىدە ئېقىپ يۈرۈش بىلەن، چېگرىغا

كىرىۋېلىشقا ئۇرۇندى.

بۇ خەۋەرنى بىرىنچى بولۇپ قىرغىزلارنىڭ سورانچى ئىسىملىك بىر قەبىلە باشلىقى قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبانى يامۇلىغا مەلۇم قىلغان ئىدى. لېكىن، يامۇلدىكى ئەمەلدارلار سورانچىنى پىتنە-پاسات تارقىتىۋاتىدۇ دەپ قوغلاپ چىقىرىۋەتتى[21].

شۇ يىلى يەنى 1820-يىلى جاھانگىر خوجا چېگرىدىن تۇنجى قېتىم بېسىپ كىردى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئەتراپىغا بىرقانچە يۈزلا كىشى توپلانغان ئىدى، ئۇلارنىڭ مەقسىدى قەشقەر رايونىنى قولغا كىرگۈزۈش ئىدى، لېكىن جاھانگىر خوجا چېگرىدىلا قوشۇن ئامبانى سەيپوجېڭگې باشچىلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرىدى. جاھانگىر خوجا 30 دەك ئادىمىنى باشلاپ پامىرنىڭ ئىچكىرىسىگە قېچىپ كەتتى.

1822-يىلى قوقەنت ھۆكۈمرانى ئالىمشىپ، ئۆمەرنىڭ ئوغلى مەدەلىخان (مۇھەممەت ئېلىخان) ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، مەدەلىخان زور بىر تۈركۈم ئەمەلدارلارنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىدى، سۈرگۈن قىلدى ياكى قاماققا ئالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تاغىسى (ھامىمىسىنىڭ ئېرى) ئىسھاق تۆرىمۇ بار ئىدى. ئۆمەر ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقىتلاردا، ئىسھاق تۆرە باشلىق بىر تۈركۈم ئەمەلدارلار قوقەنت خاندانلىقى بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەكپۈكلاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى[22].

مەدەلىخان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، دەرھال بىنىجىڭ ئەنزىسىنى قايتا كۆتۈرۈپ چىقىپ، بۇ جىنايى ئىشلار ئەنزىسىنى دىنىي مەسىلىگە باغلاپ، كىشىلەرنىڭ دىنىي ھېسسىياتىنى قوزغاشقا

ئۇرۇندى. ئۇنىڭ مەقسىدى چىڭ سۇلالىسىگە قارشىلىغان ئىزچىل سىياسەتنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىللە، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا ئۆزىگە بىۋاستە بويسۇنىدىغان قورچاق ھاكىمىيەت تىكلەشتىن ئىبارەت ئىدى. مۇشۇ مەقسەتتە، جاھانگىر خوجىنى مەدەلىخان تاللىۋالدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، قوقەنت خاندانلىقىنىڭ خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلانغان بىر ھەربى سەركەردىسى — ئۇنىڭ خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلانغانلىق سالاھىيىتى قوقەنت ھۆكۈمرانى بىلەن جاھانگىر خوجىنىڭ مۇناسىۋىتىنى يوپۇتۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ سۇرۇشتە قىلىشىدىن ساقلىنىشقا باپ كەلگەن — ئەيسابەگ ئىسىملىك كىشى جاھانگىر خوجىغا بېرىپ قوشۇلدى㉓.

بۇ 1826 - يىلى سادىر بولغان ئىش. شۇ يىلى كۈز پەسلىدىن باشلاپ جاھانگىر خوجا پامىر ئېگىزلىكىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ قاراۋۇللىرىغا ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىپ تۇردى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىرقانچە قېتىم چېكىنىدىن چىقىپ قوغلاپ زەربە بېرىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىز - دېرىكىنى تاپالمىدى.

بۇ چاغدا جاھانگىر خوجىنىڭ ئادەملىرى ئۈزلۈكسىز كۆپەيمەكتە ئىدى. شۇڭا، جاھانگىر خوجا بىرنەچچە جايدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇنتىزىم قوشۇنى بىلەن ئېلىشىشقا ئۇرۇندى، ئادەم سانى ئاز بولغان چىڭ سۇلالىسى تارماق قوشۇنلىرىنىڭ چېگرىدا يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇشقا بارغانسېرى مادارى يەتمەي قالدى.

شۇ يىلى 9 - ئايدا بايانباتۇ باشچىلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى پامىر ئېگىزلىكىگە 400 چاقىرىم ئىچكىرىلەپ كىرىپ، جاھانگىر خوجىنى ئىزىدىن قوغلاپ تۇتماقچى بولدى. ئەمما ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. يالغان مەلۇمات تۇتۇپ مۇكاپاتقا ئېرىشىش

ئۇچۇن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بايانباتۇنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن قىرغىز ئاياللىرى ۋە بالىلىرىدىن 100 دەك كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنى تۆھپە ھېساۋىدا مەلۇم قىلماقچى بولىدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قايتىپ كېلىۋاتقاندا، قىرغىز قەبىلە باشلىقى تايلاق 2000دىن ئارتۇق ئاتلىق قىرغىزنى باشلاپ كېلىپ، بىر جىلغىدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇننى توسۇۋېلىپ، تامامەن ھالاك قىلدى㉔.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ بۇ مەغلۇبىيىتى چىڭ سۇلالىسى بىلەن دۆشمەنلەشكۈچى ھەممە كۆچلەرنىڭ ئىشەنچىنى ئاشۇردى. بۇ ئىش مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئالغان ئادەم كۈچى ھەم پايدىلىق جۇغراپىيە شارائىتى بولسىلا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىش تامامەن مۇمكىنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش شۇكى، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن پامىر ئىگىزلىكىدىكى قىرغىز قەبىلىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى جاھانگىر خوجا تەرەپكە ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدى.

بۇ يەردە قىرغىزلار ھەققىدە بىرئاز توختىلىپ ئۆتىمىز.

قىرغىزلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تارىخىي پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلىرىدە كەڭ يېزىلغان. شۇ ۋاقىتلاردا ئۇلار "جەنكۇن"، "جېگۇ"، "جاشاسى" دەپ ئاتالغان ئىدى. ئۇيغۇرلار ئورخون دەرياسى ۋادىسىدا ياشاۋاتقان ۋاقىتلاردا، قىرغىزلار ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا قىرغىزلار ئۇيغۇر خاندانلىقىغا قاراشلىق قەبىلىلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ يىمىرىلىشىدە قىرغىزلار مۇھىم

سەۋەپچى بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار تىرىپىرەن بولۇپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنى قوغلاپ غەرپكە سۈرۈلۈپ، ئالتاي ۋە تىيانشان تاغ تىزمىلىرىغا كەلدى. ئۆزلىرىنىڭ ياششى ئۈچۈن تېخىمۇ مۇۋاپىق مۇھىت ئىزدەش مەقسىدىدە، كېيىنكى يىللاردا ئۇلار ئالتاي تاغ تىزمىلىرىدىن تىيانشان بويلىرىغا قاراپ سۈرۈلدى ۋە ئاخىر پامىر ئېگىزلىكىدە ماكانلىشىپ قالدى.

قىرغىزلار بۇ جايلاردا مول ئوت-چۆپ ۋە سۇ مەنبەسىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇ يەرنىڭ ئۆزىگە خاس پەۋقۇلئاددە تەبىئى توساقلىرىغىمۇ ئىگە بولدى. تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە ماۋرائۇننەھر رايونىدىكى سىياسى ۋەزىيەتتە جىددى داۋالغۇش بولۇپ تۇرۇۋاتقاندا، قىرغىزلار پامىر ئېگىزلىكىدىن ئىبارەت تەبىئى توساقتىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنى قوغداپ قېلىشقا تىرىشتى. چۈنكى، شۇ ۋاقىتلاردا قىرغىزلاردا ئارقا-ئارقىدىن ئۇلغىيىپ چىقىۋاتقان ھەر خىل سىياسى ۋە ھەربى كۈچلەر بىلەن توقۇنۇشقۇدەك كۈچ-قۇۋۋەت يوق ئىدى.

مۇشۇنداق تارىخى شارائىتتا، 1755-يىلى چىڭ سۇلالىسى داباچىنى قولغا چۈشۈرۈپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى تىنجىتقاندا، قىرغىز قەبىلىلىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ قىرغىزلار رايونىدا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن مۇنۇ نەقىلنى كەلتۈردۇق. «چىڭ سۇلالىسى تارىخى (دەسلەپكى نۇسخا)»نىڭ «بېقىندى دۆلەتلەر» قىسمىدا مۇنداق يېزىلغان: "بۇيرۇتلار (قىرغىزلار) شەرقى ۋە غەربى بۇيرۇتلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. شەرقى بۇيرۇتلار ماكانى

ئىلىغا غەربىي جەنۇپ تەرەپتىن 1400 چاقىرىم كېلىدۇ. ئۇنىڭغا قاراشلىق بەش قەبىلە بولۇپ، ھەر بىرىدە بىردىن ئوتۇك بار... بۇرۇن جۇڭغارلارنىڭ قىستىشى بىلەن بۇيرۇتلار غەرپكە يۆتكىلىپ، ئەنجانغىچە كۆچۈپ بارغان ئىدى. چيەنلۇڭنىڭ 20-يىلى جۇڭغارلار تىنجىتىلغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۆز ماكانىغا قايتىپ كەلدى...غەربىي بۇيرۇتلار شەرقىي بۇيرۇتلار بىلەن چېگرىداش بولۇپ، ماكانى مۇسۇلمانلار (ئۇيغۇرلار) رايونىدىكى قەشقەرگە غەربىي شىمالدىن 300 چاقىرىم كېلىدۇ، ئۇنىڭ غەربى تەرىپى بۇخارا بىلەن تۇتاش. ئوش ۋە پامىر تاغلىرىدىن ئۆتكەندە، قىرغىزلار تۇرىدىغان جايغا بارغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ قارىمىغىدا 15 قەبىلە بار...چيەنلۇڭنىڭ 24-يىلى جاڭجۈن جاۋخۇي تاغنىڭ جەنۇبىنى تىنجىتىپ بولۇپ، قاچقان ئۇيغۇرلارنى (چوڭ-كىچىك خوجىلارنى) قوغلاپ شۇ يەرگە بارغان. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن شەرقىي بۇيرۇتلارمۇ، غەربىي بۇيرۇت-لارمۇ ئوخشاشلا سۇلالىمىزگە بويسۇنغان.»

چىڭ سۇلالىسىنىڭ قىرغىز قەبىلىسىنىڭ مەدەت-ياردەملىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش جەريانىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، «مەرىپەتلىك، قەيسەر ئەرباپ نا يەنچېڭنىڭ پادىشاغا سۇنغان مەكتۇپلىرى»نىڭ 73-جىلدىدىن مۇنۇ نەقىلنى كەلتۈرىمىز: "مەن شۇنداق قارايمەنكى، بۇ قېتىم ئاسى جاھانگىر خوجىنىڭ چېگرىغا كىرىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشىغا دەرۋەقە ئىقتىدارسىز ئەمەلدارلارنىڭ مۇسۇلمان پۇقرا-لارنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالغانلىقى سەۋەپ بولغان. ئەمىلىيەتتە، بۇيرۇتلار ۋە ئەنجانلىقلار ئۇنىڭغا قانات-قۇيرۇق بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ نوخۇلىسى ئۆسۈپ قالغان. بۇيرۇتلار ئەزەلدىن تارتىپ چېگرا رايونلىرىمىزدا ياشايدىغان بېقىندىلار ئىدى. ئۇلارنىڭ

كۆچىگە كۆپ تايانغان ئىدۇق، جياچىڭنىڭ 19 - يىلى (ئەمەلىيەتتە 20 - يىلى — ئاپتوردىن) زىياۋۇدۇن ئەنزىسى بىر ياقلىق قىلىنغاندا، تۇردى مەمەت بى خاتا قەتلى قىلىنغان. مەزكۇر جىنايەتچىنىڭ ئوغلى غازى خوجا چېگرىدىن قېچىپ چىقىپ قۇتراتقۇلۇق قىلدى. بۇيرۇتلارنىڭ رايىدىن يېنىشى ئەنە شۇنىڭدىن باشلانغان. يۇڭچىن ئالدامچىلىق قىلىپ خىزمەت كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئىككى قېتىم چېگرا سىرتىغا قوشۇن چىقىرىپ، قالايمىقانچىلىق قىلغاندا ۋە بايانباتۇ ئۆلتۈرۈلگەندە، ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلىشى مۇئەييەنلىشىپ قالغان ئىدى. بۇيرۇتلارنىڭ قىساس ئېلىش نىيىتىدە بولۇشى، باندىتلارغا ياردەم قىلىپ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشى ھەرگىز سەۋەبسىز بولغان ئەمەس."

بۇ مەلۇماتلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، 1826 - يىلىغا كەلگەندە جاھانگىر خوجا ئاز دېگەندە مۇنۇ ئىككى جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولدى: بىرىنچى، ئۇ قوقەنت خاندانلىقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، ئىككىنچى، قىرغىزلارنىڭ خەيرىخاھلىقىغا ئىگە بولدى. ئالدىنقىسى جاھانگىر خوجىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇردى، كېيىنكىسى جاھانگىر خوجىنىڭ داۋرىڭىنى كېڭەيتتى.

## 2. چىڭ سۇلالىسىنىڭ جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى تىنجىتىش جەريانى

1826 - يىل 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى جاھانگىر خوجا چېگرىدىن يەنە بىر مەرتەم كىردى. بۇ جاھانگىر خوجىنىڭ بىرقانچە يىل ئىچىدە چېگرىدىن ئۈچىنچى قېتىم كىرىشى ئىدى.

بۇ قېتىم جاھانگىر خوجا قوقەنتلىكلەر ۋە قىرغىزلاردىن بولغان

500دىن ئارتۇق قورالىق ئەگەشكۈچىلىرىنى باشلاپ، ئىسسىق تاغ، چۇقتاش قاراۋۇللىرى ئارىلىغىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، كىچىك دېگەن تاغ يولى بىلەن بىۋاستە ئاتۇشقا كىردى. 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەركەن خاندانلىغىنى قۇرغان سەئىدمۇ دەل مۇشۇ يولدا ماڭغان ئىدى.

جاھانگىر خوجا ئاستىن ئاتۇشتىكى ساتۇق بۇغرا خان مازىرىدا تۇنجى تايانچ نۇقتا قۇردى. تا ئاشۇ ۋاقىتقىچە جاھانگىر خوجا ئۆزىنىڭ سىياسى پىلانىنى ئاشكارىلىمىغان ئىدى. ئۇ: "قەشقەرگە بېرىپ، بوۋام ئاپپاق خوجىنىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلىمەن" دېگەن گەپنىلا قىلغان.

جاھانگىر خوجىنىڭ ئاتۇشقا يېتىپ كەلگەنلىك خەۋىرى تار-قىلىشى بىلەن، بىر تەرەپتىن قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبانى چىڭشياڭ ئۆز ياردەمچىسى شۇرخاشەن بىلەن چېرىكچى ئامبانى ۋۇلىڭئالارغا دەرھال ئاتۇشقا قوشۇن تارتىپ، جاھانگىر خوجىنى قولغا ئېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاق تاغلىق ئىشانلار ئاتۇش ئەتراپىدىكى ئاق تاغلىقلارنى مازارغا بېرىپ جاھانگىر خوجىغا تاۋاپ قىلىشقا كۈشكۈرتتى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئاتۇشقا يېتىپ بارغاندا، ئاق تاغلىق ئىشانلار كاتتا يايلاق قاتارلىق جايلاردا مىڭغا يېقىن ئاق تاغلىقلارنى قوزغىتىپ ئاتۇشقا باشلاپ كەلگەن ئىدى. ئىككى تەرەپ قاتتىق سوقۇشتى، جاھانگىر خوجا ئاق تاغلىقلارنىڭ ياردىمى بىلەن پەيزى-ۋاتنىڭ قازانكۆل دېگەن يېرىگە قېچىپ باردى. جاھانگىر خوجا قازانكۆلدە بىر ئاز ۋاقىت تۇرغاندىن كېيىن، يوشۇرۇن ھالدا قەشقەردىكى ئاپپاق خوجا مازىرىغا باردى[25].

ئاپپاق خوجا مازىرى قەشقەر قەلئەسىگە شىمالىدىن ئون نەچچە چاقىرىم كېلىدۇ. ئاپپاق خوجا بۇ يەرگە دەپنە قىلىنىپ بىر ئەسىر- دىن بۇيان، بۇرۇن ياغدۇ دەپ ئاتالغان بۇ جىمجىت سەھرا مەھەل- لىسى ئاپپاق خوجا جەمەتىدىكىلەرگىلا خاس مازارلىققا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ ئاق تاغلىقلار پائالىيەتلىرىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالدى. ئاق تاغلىقلارنىڭ يىلدا بىر قېتىم بولىدىغان تاۋاپ قىلىش مۇراسىمى بۇ جاينىڭ ئىسمىنى پۈتكۈل تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا تونۇتۇۋەتكەن ئىدى. ئەمدى، ئۇ جاھانگىر خوجىنىڭ قەشقەردىكى ئەڭ چوڭ تايانچ نۇقتىسىغا ئايلاندى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ 1000دىن ئارتۇق ئەسكىرى ئاپپاق خوجا مازىرى- رىغا بېرىپ، جاھانگىر خوجا باشلىق كىشىلەرنى مازار ئىچىگە مۇھاسىرە قىلدى. ئاپپاق خوجا مازىرىنىڭ ئۈچ قەۋەت تېمى بولۇپ، ئەتراپى بەش چاقىرىم كېلەتتى. جاھانگىر خوجا ھەم ئۆز ئادەملىرى بىلەن ئاشۇ تاملارنى دالدا قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن ئېلىشتى.

بۇ چاغدا، ئاق تاغلىق ئىشانلارنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن تۈركۈم-تۈركۈم ئاق تاغلىقلار ئاپپاق خوجا مازىرىغا كېلىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ھاسىل قىلغان قورشاۋ چەمبىرىكىنىڭ سىرتىغا توپلىنىش بىلەن، سۈرەن-شاۋقۇن سېلىپ، جاھانگىر خوجىغا مەدەت بەردى. نەتىجىدە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئۆزى مۇھاسىرە ئىچىدە قالدى. شۇ كېچىسى چاقماق چېقىپ قاتتىق يامغۇر ياغدى. جاھانگىر خوجا قاتارلىقلار شۇ يامغۇرلۇق كېچىدە مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىشكە مۇۋەپپەق بولدى.

جاھانگىر خوجىنىڭ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كەتكەنلىك

خەۋىرى قەشقەردە ئومۇمىي يۈزلۈك ئىش باشلاشنىڭ سىگنالى بولدى. خانئېرىق، ئازىرقا قاتارلىق جايلاردىكى ئاق تاغلىقلارمۇ شۇ كېچىسىلا يېتىپ كەلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ قەشقەر ئەتراپىدىكى كالا، قوي فېرمىلىرى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىندى، بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا جاھانگىر خوجا بىر تۈركۈم كۈچ توپلاپ، تازغۇندىن قەشقەرگە ھۇجۇم قىلالىغۇدەك دەرىجىگە يەتتى. بۇنىڭ بىلەن پاراكەندىچىلىك تېخىمۇ كېڭىيىپ كەتتى.

قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبانى چىڭشياڭ ئۆز قارىمىقىدىكى قوشۇننى ئۈچكە بۆلۈپ، قىزىل دەرياني بويلاپ ئىستىھكام قۇردى. ئالدىراشچىلىقتا ئۇيۇشتۇرۇلغان بۇ قوشۇن ناھايىتى تېزلا تارمار قىلىندى. قالدۇق قوشۇن قەشقەر يېڭىشەھەر سېپىلىغا قېچىپ كىرىۋالدى. بۇ جەرياندا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىدىن ياردەمچى چېرىكچى ئامبان شۇرخاشەن، چېرىكچى ئامبان ۋۇلىڭئا ۋە موكدىنبولار ئۆلدى.

7-ئاينىڭ 25-كۈنى چىڭشياڭ جىددىي قۇتقۇزۇشنى ئىلتىجا قىلىپ ئەۋەتكەن مەكتۇپتا مۇنداق دېيىلگەن: "قەشقەر قەلئەسىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى توپىلاڭ كۆتەردى، ھازىر تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ غالجىرلاشماقتا. قاتناش يوللىرى توسۇلۇپ قالدى. ئەھۋال ئىنتايىن جىددىي"㉖.

تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي ياقىسىدىكى رايونلارنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە جىددىي بۇرۇلۇشلار بولماقتا ئىدى چىڭشياڭ جىددىي قۇتقۇزۇشنى سوراپ مەكتۇپ سۇنغانغا قەدەر بولغان ئون كۈنگىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە قەشقەر، يېڭىسار، يەركەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئۆز قورغانلىرىغا قاپسىلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى تامامەن

ئۆزۈلدى.

ئەمدى بىز جاھانگىر خوجىنىڭ قەشقەرگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى بايانىمىزنى ۋاقتىنچە توختىتىپ، شۇ ۋاقىتتىكى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ ھەربىي ۋەزىيىتىگە نەزەر سېلىپ ئۆتەيلى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا تۇرغۇزغان ئەسكىرى ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا 20 مىڭ ئەتراپىدا ئىدى. بۇلارنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى تىيانشاننىڭ شىمالىدا ئىدى. شۇنچە كەڭ رايونغا بۇنچىلىك ھەربى كۈچ تولىمۇ ئازلىق قىلاتتى، ئەلۋەتتە.

ھەربى جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكتىن باشقا، يەنە بىر ئومۇمى يۈزلۈك ئاجىزلىق شۇكى، تىيانشاننىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان قوشۇنلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىگىگە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ۋەزىپىسى يۈكلەندى، قالغان قىسمىغا مۇھاپىزەتچىلىك ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان ئىدى. دېمەك، مەيلى قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبانى بولسۇن، ياكى ئىلى جاڭجۈنى بولسۇن، ھېچقايسىسىنىڭ قولىدا ئۇشتۇمتۇت ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ھەر خىل كۆلەمدىكى دالا ئۇرۇشىغا سالغۇدەك يېتەرلىك كۈچ يوق ئىدى. ئۆتكەن 50 يىل داۋامىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربى جەھەتتىكى بۇ يېتەرسىزلىكلىرىنى ئۇنىڭ نورمال ھەركەتلىنىۋاتقان مەمۇرى ئاپپاراتلىرى سېستىمىسى تولدۇرۇپ كەلگەنلىكتىن، چىڭ سۇلالىسى ئەنە شۇنداق چەكلىك ھەربى كۈچ بىلەن تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا مۇقىم ھۆكۈمرانلىقنى ساقلاپ كەلگەن ئىدى.

19-ئەسىردىن كېيىنكى يىللارغا كەلگەندە، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى چىڭ سۇلالىسى مەمۇرى ئاپپاراتلىرى بىر تۈركۈم

ئىقتىدارسىز مۇتتەھەملەر بىلەن تولۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ سىياسى جەھەتتىكى ئاجىزلىغى، مەمۇرىي ئىشلاردىكى ئەخمەقلىقلىرى ھەم يامان مىجەزى چىڭ سۇلالىسى مەمۇرى ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىش ئۈنۈمىنى كۆنسايىن، ئېغىر دەرىجىدە تۆۋەنلىتىۋەتكەن ئىدى.

جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى تىنجىتىشقا مەسئۇل بولغان ئىلى جاڭجۈنى چاڭلىڭنىڭ داۋگۇاڭ پادىشاغا يوللىغان مەكتۇبىدا شۇ ۋاقىتتىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلۈپ مۇنداق دېيىلگەن: "ئاسىيلار سەركەردىسى ئۈۋۈسىغا ئورۇنلاشتى، ئاسىلار ھەركەتلەنمەكتە. قەشقەر ئاقسۇغا 2000 چاقىرىم كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئەتراپى مۇسۇلمانلارنىڭ مەھەللىلىرى، ئاقسۇ بىلەن بولغان ئارىلىقتا نۇرغۇن چۆل-باياۋانلار بار. ئىلى ۋە ئۈرۈمچىدىكى 6000 كىشىلىك ياردەمچى قوشۇنلارنىڭ ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، تېزدىن 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتىلىپ، ئۇنىڭ 15 مىڭى ئوزۇق-تۈلۈك توشۇش يوللىرىنى قوغداشقا قويۇلسا، 25 مىڭى جەڭگە سېلىنسا"㉗.

چاڭلىڭنىڭ مەكتۇبىدىن شۇ نەرسە ئايان بولىدىكى، جاھانگىر خوجا توپىلاڭ كۆتەرگەندە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئورۇشقا سالالايدىغان ئارانلا 6000 كىشىلىك مۇنتىزىم قوشۇنى بار ئىكەن. ھالبۇكى، چاڭلىڭنىڭ تەلەپ قىلغىنى مۇشۇ سانىنىڭ ئالتە ھەسسىسىدىن ئارتۇقراق ئىدى.

يېتەرلىك زاپاس ھەربى كۈچنىڭ يوقلۇغى چىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئەڭ چوڭ ئاجىزلىغى ئىدى.

جاھانگىر خوجىنىڭ ئەھۋالى قانداق ئىدى؟

قوقەنتلىق ۋە قىرغىزلاردىن بولغان ئاز بىر قىسىم قورالىلىق

كۆچنى ھىساپقا ئالمىغاندا، جاھانگىر خوجىنىڭ ئەتىراپىغا توپلانـ-
غان مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئىشانىلارنىڭ قۇترىتىشى بىلەن
شاۋقۇن-سۈرەنگە ئەگىشىپ كەلگەن ئاق تاغلىق مۇرىتلار ئىدى.
ئۇلارنىڭ قوللىرىدا پەقەت ئاز مىقداردا ئوت ئالمايدىغان قوراللا
بار ئىدى. خېلى كۆپ ساندىكى كىشىلەر قوللىرىغا چىققان تۈرلۈك
ئەسۋاپ-سايمانلارنى ئىشلىتەتتى.

دەسلەپتە بۇ كىشىلەرنىڭ دىنىي ھىسسىياتلىرىدىن ھاسىل بولغان
كۈچ ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىدىن كۆپ ئېشىپ
كەتكەن ئىدى. دىمەك، ھىسسىياتىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن
غايەت زور ھەيۋە پەيدا قىلىش مۇشۇ قوشۇننىڭ ئاساسىي خۇسۇسى-
يىتى ئىدى. جاھانگىر خوجا ئاتۇش ۋە ئاپپاق خوجا مازىرىدا چىڭ
سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ مۇھاسىرىسىدىن چىقىشتا، ئاساسەن، مانا
مۇشۇنداق ھەيۋە، شاۋقۇن-سۈرەنگە تايانغان ئىدى.

روشەنكى، جاھانگىر خوجىنىڭ قولىدىكى بۇ كۈچ ھەربى قوشۇن
بولۇپ شەكىللىنىشتىن ناھايىتى يىراق ئىدى، ئۇلاردا مۇكەممەل
شتات، زۆرۈر قورال-ياراق ۋە قوماندانلىق سىستېمىسى يوق ئىدى.
شۇڭا، ئۇلار غايەت زور داغدۇغا پەيدا قىلالىسىمۇ، لېكىن ئۇنۇمـ-
لۈك جەڭ ئىقتىدارىنى ھاسىل قىلالمايتتى. دىمەك، يېتەرلىك تايانچ
كۈچنىڭ يوقلۇغى جاھانگىر خوجىنىڭ ئەڭ زور ئاجىزلىغى ئىدى.

يۇقۇرىدا تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەربىي ۋەزىيەت
ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ئۆتتۇق. ئەمدى ئەسلى تېمىغا قايتىپ،
جاھانگىر خوجىنىڭ قەشقەر قەلئەسى يېنىدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى
بىلەن سوقۇش قىلىش ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

دالا ئۇرۇشى قىلىشقا مادارى يەتمىگەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنـ-

لىرى ئارقا-ئارقىدىن قەشقەر، يېڭىسار، يەركەن، خوتەن قاتارلىق
قورغانلارغا كىرىۋېلىپ، بۇ يەرلەردىكى ئىستىھكاملارغا تايىنىپ، قار-
شىلىق كۆرسىتىشكە كىرىشتى. قۇرۇق داغدۇغىسى بولۇپ، ئەمەلىي
ئورۇش ئىقتىدارى بولمىغان جاھانگىر خوجا تەرەپدارلىرى دەس-
لەپتە مۇكەممەل ئىستىھكام ۋە قورال-ياراقلارغا تايانغان چىڭ
سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا ھېچقانداق ئامال قىلالمىدى.

بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا كۆز تىكىپ
كېلىۋاتقان قوقەنت قوشۇنلىرى قەشقەر قەلئەسىنىڭ يېنىغا باشلاپ
كېلىندى.

بۇ ئىشنىڭ كونكرېت جەريانى مۇنداق ئىدى: قەشقەر يېڭىشە-
ھەرنى قاتتىق ساقلاۋاتقان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا كۈچى يەتمە-
گەن جاھانگىر خوجا قوقەنت خاندانلىقىدىن ياردەم سورىدى.
«چىڭ سۇلالىسى تارىخى (دەسلەپكى نۇسخا)»نىڭ «بېقىندى دۆلەت-
لەر، 4-» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، جاھانگىر خوجا قوقەنت
خاندانلىقىغا "غەربىي تۆت شەھەرنى ئالغاندىن كېيىن، ئولجىنى
تەڭ بۆلۈشىمىز، قەشقەرنى ئىنئام قىلىپ بېرىمىز" دەپ ۋەدە
بەرگەن.

موللا مۇسا سايرامى ئۆزىنىڭ «تارىخى ھەمىدى» ناملىق ئەسە-
رىدە شۇ مەزمۇندا مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: "(جاھانگىر خوجا) قەش-
قەر ئەتراپىنى ئۆزىگە تەۋە قىلىپ، خىتاي شەھىرىنى ئېلىش ئۈچۈن
تىرىشىپ مۇھاسىرە قىلىپ تۇرغاندا، مۇھەممەت ئېلىخان (مەدەلىخان)
نىڭ غەيرىتى ئۆرلەپ، تومۇرى قايناپ، لەشكەر جەم قىلىپ،
كېڭەش تەرىقىسىدە دۆلەت ئەرباپلىرىغا دېدىكى، 'خۇدا بۇ پادىشا-
لىقنى بىزگە بېرىپتۇ. سۇسلۇق ۋە غەپلەتنى ئۆزىمىزگە راۋا كۆرسەك،

پادىشالىق تەختىگە باشقىلار چىقىدۇ. ئابرويسىز بىر خوجا بىرنەچچە بىۋاش ئادەمنى جەم قىلىپ، قەشقەر شەھىرىنى مۇھاسىرە قىلىپ، شەھەر ئالماق دەۋاسىنى قىلىۋاتىدۇ. بۇ بىر مۇشكۇل ئىش، سىلەر قانداق قارايسىلەر؟‘ يەنە بىرى: ’ئەگەر بۇلار شەھەرنى ئالسا، كاپىرلارنىڭ نەچچە يىلدىن تارتىپ جەمئىي قىلغان غەزنىلىرى يامان ئادەملەر قولىغا چۈشۈپ، زايا بولۇپ كەتكۈسىدۇر. خاقان چىن بولسا كاتتا پادىشا، بۇنىڭغا قاراپ تۇرامدۇ؟ خاقان چىن لەشكەر ئەۋەتكۈسىدۇر. بۇ يامان ئادەملەر جەزمەن ھالاك بولىدۇ. شۇنداقلا، ئىسلام ۋىلايىتىنىڭ غەزنىلىرى يوق بولۇپ كېتەر‘ دېدى. يەنە بىرى: ’جاھانگىرخان خوجا يۇرتنى ساقلىماقتىن ئاجىز كېلىپ، خىتاي چېرىگى غالىپ بولغان ۋاقتىدا نائىلاج قېچىپ كېتۇر. خىتايلار ئەلۋەتتە بىزلەردىن سۈرۈشتە قىلسا كېرەك. مەسلىھەتنىڭ ئوبدانى، قەشقەرگە ئەسكەر تارتقايمىز. ئەگەر قەشقەرنى ئالالمىساق، غازات ساۋابىنى تاپقايمىز‘ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، 3000 ئەسكەر قەشقەر تەۋەسىگە كەلدى.“

بۇ مەلۇماتتىكى تەپسىلاتلارنى دەلىللىمەك تەس. لېكىن، شۇنىسى مۇئەييەنكى، قوقەنت خاندانلىقى شۇ ۋاقىتتا تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى سىياسى ۋەزىيەتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ھالبۇكى، مۇنداق ئەھمىيەت بېرىش دەل جاھانگىر خوجىنىڭ قوقەنت بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولغان ئىدى.

قوقەنت قوشۇنلىرى ئېلىمىزدىكى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىغا كىرگەندىن كېيىنكى ئەھۋال توغرىسىدا بىز داۋاملىق ھالدا «تارىخى ھەمىدى»دىن نەقىل كەلتۈرىمىز. ”جاھانگىر تۆرەم نەچچە مىڭ ئادەم بىلەن ئالدىغا چىقتى. بىر بىرى بىلەن ئات ئۈستىدە كۆرۈ-

شۇپ، پادىشالىق قائىدە-يوسۇنلارنى قىلىشتى. مۇھەممەت ئېلىخاننى چوڭ بىر باغقا چۈشۈردى. ئۇ ۋاقىتتا قەشقەرنىڭ خىتاي شەھىرى يەرلىكلەر شەھىرى ئىچىدە ئىدى. ئەتىسى جاھانگىر خان تۆرەم ھۆرمەت-ئەدەپ يۈزىسىدىن مۇھاسىرە ئىشىنى مۇھەممەت ئېلىخانغا تاپشۇرۇپ، ئادەملىرىنى قايتۇردى. خاننىڭ يارلىغى بىلەن قوقەنت لەشكىرى مۇھاسىرىگە ئۆتتى. خىتاي شەھىرى سېپىلىغا دارى كۆمۈپ ئوت ياقتى. شەھەرنىڭ بىر تەرىپىنى ھاۋاغا كۆتىرىپ، ئالەم يۈزىگە توپىلارنى چېچىپ، روشەن كۈندۈزنى قاراڭغۇ كېچە-دەك قىلدى. بۇ ۋاقىتتا نۇسرەتلىك ئەسكەرلەر پەرۋانىدەك ئۆزلە-رىنى شەھەرنىڭ سېپىلىغا ئۇردى. كاپىرلار بىلدىكى، مۇسۇلمانلار بۇزۇلغان تەرەپكە كۈچ كۆرسىتەرمىكىن دەپ تۆشۈكنىڭ يولىنى توسۇپ جەڭگە كىردى. شەھەر ئىچىدىن توپ-زەمبىرەك گۈمبۈر-لىدى. ئىسلام لەشكىرى سېپىلنىڭ تېشىدا تۇرۇپ توپ-زەمبىرەككە ئوت ياققىلى تۇردى، كاپىرلار مۇسۇلمانلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى. ئۇلار تىغ سېلىشىپ قاتتىق جەڭ قىلدى، مۇسۇلمانلار شوتىلار راس-لاپ، شەھەرنىڭ ھەر تەرىپىدىن داۋازدەك سېپىل ئۈستىگە چىقىپ ئۇرۇش قىلدى. ئەمما كاپىرلار كۈچ كۆرسىتىپ، مۇسۇلمانلارنى ئۈچ مەرتەم سېپىل ئۈستىدىن ھەيدەپ چۈشۈردى. 4-كۈنى شېھىت-لەرنىڭ تولىلىغىدىن ۋە زەخىمدارلارنىڭ جىقلىغىدىن سېپىلغا بارى-دىغان يوللار ئېتىلىپ كېتىپتۇ. بۇ ھالنى خان غازى كۆرۈپ، دىل-لىرى يېرىم بولۇپ، يىغلاپ-يىغلاپ زەخىمدار، ئۆلۈكلەرنى ئېلىپ چىقىپ، شېھىتلەرنى ئاپپاق خوجا مازىرىدا دەپنە قىلىپ، نائىلاج مۇھاسىرىدىن قول ئۈزۈپ، بىر ھەپتە ئارام ئېلىپ،... قوقەنت تەختىگە ياندى.»

ئېھتىمال، مۇشۇ ۋاقىتلاردا بولسا كېرەك، جاھانگىر خوجا بىلەن قوقەنت خانى مۇھەممەت ئېلىخان ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىشلەر سادىر بولدى.

تۆرلۈك ماتېرىياللار بۇ ئىشنىڭ جەريانى توغرىسىدا تۆرلۈك قىياس ۋە مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئەھۋالنىڭ ھەممىسى مەلۇم رول ئوينىغان بولسا كېرەك.

1. جاھانگىر خوجىغا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ياردەمسىز يېتىم ھالەتتە تۇرغانلىقى مەلۇم بولغاندىن كېيىن، قوقەنتتىن ئەسكەر ئارىيەت ئالغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ، ئۆز ۋەدىسىدىن يېنىۋالماقچى بولغان؛

2. جاھانگىر خوجا قوقەنت قوشۇنىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، مەغلۇپ بولغان بۇ قوقەنت قوشۇنىنى ئۆزىگە قارىتىپ، ئۆز كۈچىنى ئاشۇرماقچى بولغان؛

3. جاھانگىر خوجا يېڭى، تېخىمۇ كۈچلۈك تايانچنى تاپقان، ئۇ بولسىمۇ ئېلىمىزدىكى تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا ئۆزاقتىن بۇيان كۆز تىكىپ كەلگەن ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئىدى.

يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۈچ خىل ئېھتىمال ئىچىدە جاھانگىر خوجىنىڭ ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز.

ئەنگلىيە جاسۇسلىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا سودىگەر قىياپىتىدە تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىغا كىرىۋېلىپ چارلاش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئاخبارات توپلىغان، جاھانگىر خوجا ئۈچىنچى قېتىم چېگرىدىن كىرگەندە، ئەنگلىيە جاسۇسلىرىدىن 20 نەچچە كىشى ھىندىستان ـ شىزاڭ ئارقىلىق قەشقەرگە كېلىپ، جاھانگىر خوجا بىلەن

ئالاقە ئورناتقان. ئاز ۋاقىتتىن كېيىنلا جاھانگىر خوجىنىڭ يېنىدا ئەنگلىيىلىك مەسلىھەتچىلەر پەيدا بولغان. يەنە بىر قىسىم ئەنگلىيىلىكلەر بولسا جاھانگىر خوجىغا ئەسكەر تەربىيىلەپ بەرگەن[28].

«تەۋارىخ خەمسە»، «سىررال مۇخلىسىن» قاتارلىق ئەسەرلەردە ۋە باشقا بىر مۇنچە رىۋايەتلەردە جاھانگىر خوجا بىلەن قوقەنت خاندانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىش ھەققىدە ھەر خىل مەلۇماتلار بار.

خۇددى «تارىخى ھەمىدى»دە بايان قىلىنغىنىدەك، قوقەنت قوشۇنى قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، جاھانگىر خوجىنىڭ ئەسكەرلىرى دەرھال جەڭ مەيدانىدىن چېكىنىپ چىقىپ، قوقەنت قوشۇنىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈش بىلەن، جەڭ مەيدانىنى قوقەنت قوشۇنىغا بوشىتىپ بەردى، قوقەنت قوشۇنىنىڭ دەرھال ئالدىنقى سەپكە ئۆتۈپ ئۇرۇش قىلىشىدىكى مەقسىدى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. ئۇلار قەشقەر قەلئەسى ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان زور مىقداردىكى بايلىققا ئىنتىزار ئىدى ۋە جاھانگىر خوجىنى ئالدىنئالا "قەشقەرنى ئىنئام قىلىپ بېرىش" ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مەجبۇر قىلماقچى ئىدى.

لېكىن، ئىشنىڭ نەتىجىسى پىلانىدىكىدەك بولماي چىقتى. قوقەنت قوشۇنى قاتتىق مەغلۇپ بولدى. قوقەنت قوشۇنى قەشقەردە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، مۇھەممەت ئېلىخان ئالدىغىمۇ، ئارقىغىمۇ مىدىرلىيالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا قورغانىنى چىڭ ساقلاپ ياتقان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى، ئارقىسىدا ئۆزىدىن يۈز ئۆرۈشكە تەمشىلىۋاتقان جاھانگىر خوجا ئەسكەرلىرى بار ئىدى. ۋەزىيەت مۇھەممەت ئېلىخان ئۈچۈن بەك خەتەرلىك ئىدى. دەسلەپتە، ئۇ جاھانگىر خوجىنىڭ خىزمىتىگە كىرگەن ئەيسا بەگنى

جاھانگىر خوجىنىڭ يېنىغا سۇلھىچى قىلىپ كىرگۈزۈپ، قوقەنت قوشۇنىنىڭ قەشقەردىن چىقىپ كېتىشىگە يول قويۇشىنى ئۆتۈندى. بۇ ئىشنىڭ بەدىلىگە مەدەلىخان ئەيسا بەگكە مەرغۇلانىنىڭ ھاكىمبەگلىك مەنسۇپنى بېرىشكە ماقۇل بولدى㉙.

ئەنە شۇنداق بىر قاتار سۇلھ قىلىش ۋە ياراشتۇرۇشلاردىن كېيىن، مۇھەممەت ئېلىخان قوشۇنىنى باشلاپ جەڭ مەيدانىدىن ئايرىلىپ كېتەلىدى. لېكىن قوقەنت قوشۇنلىرى پامىر ئېگىزلىكىگە چېكىنىپ كېتىۋاتقاندا، جاھانگىر خوجا ئۇنىڭ ئارقا سەپ قىسمىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، بىرمۇنچە ئادەملىرىنى ئۆز قوشۇنىغا قوشۇۋالدى. جاھانگىر خوجا مۇشۇ قوقەنت قوشۇنىنى ئاساس قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى 3000 كىشىلىك مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنى ئۇيۇشتۇرۇپ چىقتى. كېيىنكى كۈنلەردە قوقەنتلىقلاردىن تەركىپ تاپقان بۇ قوشۇن باشتىن-ئاخىر جاھانگىر خوجىنىڭ تايانچ كۈچى بولدى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى گەرچە قەشقەر قەلئەسى يېنىدا قوقەنت قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن چىڭ سۇلالىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا يېتەرلىك ئەسكىري كۈچ توپلاپ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا قامىلىپ قالغان قوشۇنلىرىغا ئۆز ۋاقتىدا ياردەمدە بولالمىغانلىقتىن، قوقەنت قوشۇنلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتى تارىم ۋادىسى قىرغىقى رايونلىرىدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرالمىدى.

1826-يىل 9-ئاينىڭ 26-كۈنى قەشقەر يېڭىشەھەر قولدىن كەتتى. قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبانى چىڭشياڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. جاھانگىر خوجا قەشقەر قەلئەسىدە تەنتەنىلىك

ھالدا شەھەرگە كىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، ئارقىدىنلا ئۆزىنى سەئىد جاھانگىر سۇلتان دەپ جاكالاپ، ۋەتەن بىرلىكىنى بۇزۇش يولىدىكى شۇملۇغىنى ئاشكارا قىلدى. ئارقىدىنلا، يېڭىسار، يەركەن، خوتەن قاتارلىق جايلارمۇ جاھانگىر خوجىنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتتى.

يەركەننىڭ ياردەمچى چېرىكچى ئامبانى دولۇڭۋۇ، ئىش بېجىرگۈچى ئامبانى يىندېڭ، يېڭىسار چېرىكچى ئامبانى سۇلۇنباۋ، خوتەن چېرىكچى ئامبانى يىمېي، ياردەمچى ئامبانى گۈيبىنلار ئۆز خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئۆلدى㉚. جاھانگىر خوجىنىڭ تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي رايونلىرىدا قوزغىغان توپىلىڭى چىڭ سۇلالىسى شۇ ۋاقىتتا دۈچكەلگەن ئەڭ زور ھەربى ئىشلار مەسلىسى بولۇپ قالدى.

قەشقەر جىددى قۇتقۇزۇشنى ئىلتىجا قىلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دەسلەپتە شەنشى، گەنسۇ باش نازارەتچىسى ياڭ يۈچۈننى پادىشا ئەلچىسى قىلىپ تەيىنلەپ، گەنسۇدا تۇرۇشلۇق قوشۇندىن 5000 ئەسكەر بىلەن قۇمۇلغا بېرىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا تۇرۇشلۇق چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن بىللە جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى تىنجىتىشقا ئەۋەتىلدى. بىراق، توپىلاڭ بەك تېز يېيىلىپ كەتكەنلىكتىن، بىر ئايغىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى يەككە-يىگانە تايانچ نۇقتىلىرىغا ئايرىم-ئايرىم قامىلىپ قالدى.

تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا ھاسىل بولغان ھەربى ۋەزىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ جاھانگىر خوجىغا قارشى جۇغلىغان قوشۇنلىرى ھەرگىزمۇ ئۆزىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالمايتتى، شۇڭا، ئىلى جاڭجۈنى چاڭلىڭ چىڭ سۇلالىسى

مەركىزىي ھۆكۈمەتتىدىن 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى㉛.

1826 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىلى جاڭجۈنى چاڭلىڭنى "قۇدرەتىنى نامايان قىلغۇچى جاڭجۈن" قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا ئومۇمىي يۈزلۈك رەھبەرلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شەنشى، گەنسۇ باش نازارەتچىسى ياڭ يۈچۈن، شەندۇڭ مۇپەتتىشى ۋۇ لۇڭئانى ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى، دې يىڭئانى ئىلىنى مۇۋەققەت باشقۇرغۇچى قىلىپ تەيىنلەپ، ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئورگىنىنى رەسمىي قۇرۇپ چىقتى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئۇرۇش ئېھتىياجىنى يېڭىۋاشتىن مۆلچەرلەپ، چاڭلىڭنىڭ تەلىۋىگە قوشۇلۇپ، شۇ يىلى 10 ـ ئايدا خېيلۇڭجياڭ، جىلىن، سىچۈەن قاتارلىق جايلاردىن تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا قوشۇن ئەۋەتتى. ئۇلار ئىلىدا يېڭىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان قوشۇن بىلەن قوشۇلۇپ 36 مىڭ كىشىگە يېتىپ، ئاقسۇدا جۇغلاندى، بۇ سان چاڭلىڭ تەلەپ قىلغان سانغا ئاساسەن يېقىنلاشقان ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى پات ئارىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇشنىڭ كۆلىمىنى مۇۋاپىق چۈشىنىپ، قوشۇننىڭ سانىغا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىللە، ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتىگىمۇ يېتەرلىك ئەھمىيەت بەردى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇلياسۇتاي، ئىلى قاتارلىق جايلاردىكى ھۆكۈمەت ئىلكىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدىن بىر قانچە مىڭ كالا، تۆگە ۋە 20 مىڭ ئات ئاجرىتىپ، چاڭلىڭ قوماندانلىقىدىكى بۇ قوشۇنغا بەردى. گەنسۇنىڭ خېشى

كاردورى رايونى، ئۈرۈمچى ۋە ئىلىدىن سېتىۋېلىنغان ئاشلىقلار
جىيايۈگۈەن - قۇمۇل - تۇرپان - كۇچار قاتناش يولى ۋە ئىلى -
مۇزداۋان قاتناش تۆگۈنى ئارقىلىق ئاقسۇغا توشۇلدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە پۇل قۇيۇش، ئۆرتەڭ - لەڭ -
گەرلەرنى كۆپەيتىش قاتارلىق ئىشلارنىمۇ ئارقا سەپ تەمىنات
خىزمىتى قاتارىغا كىرگۈزدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئارقا سەپ
تەمىنات خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان قۇمۇل ئىش بېجىرگۈچى ئام -
بانى خېڭجىڭ ھەربىي لاۋازىماتلارنى توشۇش، پۇل قۇيۇش، ئاش -
لىق سېتىۋېلىش، ئۆرتەڭ - لەڭگەرلەرنى كۆپەيتىش خىزمىتىدە
ئالاھىدە تۆھپە قوشتى[32].

1826 - يىلى كۈز بىلەن قىش ئارىلىقىدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى
ئۈرۈشقا تەييارلىنىپ بولدى. شۇ ۋاقىتتا ئاقسۇ رايونىغا توپلانغان
36 مىڭ كىشىلىك قوشۇن چىڭ سۇلالىسىنىڭ چامىسى يەتكەن
قوراللار بىلەن قوراللاندى، يېتەرلىك ئوزۇق - تۈلۈك ۋە نۇرغۇن
ئات - ئۇلاققا ئىگە بولدى. ئاقسۇ رايونى ئۆزىنىڭ مۇھىم ئىسترا -
تېگىيىلىك ئورنى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر مەرتەم نامايان قىلدى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئاقسۇ رايونىغا توپلىنىشتىن بۇرۇن،
جاھانگىر خوجىنىڭ بىرقانچە مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇنى يەركەن -
دىن كېلىپ ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلغان ھەم ئاقسۇ قەلئەسىگە 20 چاقى -
رىمچە كېلىدىغان قۇمباش دەرياسى بويىغىچە قىستاپ كەلگەن ئىدى.
ئاقسۇ ئىش بېجىرگۈچى ئامبانى چاڭچىڭ قوشۇن باشلاپ تەشەب -
بۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، قۇمباش دەرياسى بويىدا كەس -
كىن جەڭ قىلىپ، دۈشمەننى ئۇچتۇرپان تەرەپكە چېكىندۈرۈۋەتتى.

قۇمباش جېڭى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ جاھانگىر خوجا

قوشۇنى ئۇستىدىن قىلغان تۇنجى غەلىبىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، جاھانگىر خوجا قوشۇنىنىڭ شىمالىغا قاراپ سىلجىشى چەكلەندى، تارىم ۋادىسىنىڭ شەرقىدىكى رايونلار خاتىرجەم قىلىندى، چاڭچىڭ بىرىنچى بولۇپ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئوفىتسېر بولدى. پادىشا داۋگۇاڭ ئۇنى مۇداپىئەلىنىشتە تەدبىرلىك دەپ مەدھىيىلەپ، ئۇنىڭغا پۆپۈكلۈك تاج ئاتا قىلدى.

قۇمباش جېڭىدىن كېيىن، بۇيرۇققا بىنائەن ئاقسۇغا بېرىپ توپلىنىدىغان بىرىنچى تۈركۈم ئەسكەرلەر ئۇرۇمچى تىدۇسى دا لىڭئانىڭ باشلامچىلىقىدا ئاقسۇغا يېتىپ باردى. كۆچى بىردىنلا ئۇلغايغان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئاقسۇ ئەتراپىغا ئورۇنلىشۋالغان جاھانگىر خوجا قوشۇنىغا ھۇجۇم قوزغىدى. بىرنەچچە قېتىملىق كەسكىن جەڭلەردىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئاقسۇ ئەتراپىدىكى دۈشمەنلەرنى تىنجىتىپلا قالماستىن، ئۈچتۇرپان قەلئەسىنىمۇ قايتۇرۇۋالدى، بۇ ۋاقىتتا جاھانگىر خوجا قوشۇنى كەلپىنگە چېكىنىپ، شۇ ئەتراپتا ئىستىھكام قۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن تىركەشمەكچى بولدى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئاقسۇغا توپلىنىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن، جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى تىنجىتىشتا كەلپىن بىرىنچى زەربە نىشانى بولۇپ قالدى. كەلپىن ئاقسۇغا غەربىي جەنۇپتىن 300 چاقىرىم كېلىدۇ. ئۇنىڭ شىمالىي تەرىپى تيانشاننىڭ بىر تارمىقى بولغان قىرتاغقا، شەرقىي تەرىپى كەلپىن تېغىغا تۇتىشىدۇ. كەلپىن بىلەن ئاقسۇنىڭ ئارىلىقى چۆل ئىدى. سۇ مەنبەسىنىڭ ئېتىۋارى بىلەن، بۇ يەر تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي تەرىپىگە ئۆتۈشتە مېڭىش زۆرۈر يول ئىدى. كەلپىننى بېسىپ

ياتقان جاھانگىر خوجا قوشۇنىدا 3000 دىن ئارتۇق ئادەم بار ئىدى.

1826 ـ يىلى 11 ـ ئايدا جاھانگىر خوجىنى تىنجىتىش بويىچە تۇنجى جەڭ باشلاندى. ياڭ فاڭ قوماندانلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى كەلپىنگە يۈرۈش قىلىپ، ھەممىدىن ئاۋال قىزىلكۆل بويى ۋە قەلئەنىڭ شىمالىدا قاتتىق جەڭ قىلىپ، كەلپىندىكى توپىلاڭچى قوشۇننى تارمار قىلدى، بۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي تەرىپىگە ئۆتۈش دەرۋازىسىنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. بۇ جەڭدە توپىلاڭچى قوشۇننىڭ سەركەردىسى ئىمان ۋە قوقەنتلىق سەركەردە يولداش ئۆلتۈرۈلدى. توپىلاڭچى قوشۇننىڭ ئالدىنقى فرونتى ئاقسۇدىن يىراق بولغان بارچۇق (مارالۋېشى)قا چېكىندى.

مۇشۇ ۋاقىتتا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى كۈتۈلمىگەن بىر غەلىبىگە ئېرىشتى. خوتەن ھاكىمبېگى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئاقسۇغا توپلانغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، قارا تاغلىقلاردىن 2000 دىن ئارتۇق كىشىنى قوزغاپ، جاھانگىر خوجىنىڭ خوتەندىكى قوشۇننى بىر مەھەل خوتەندىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ سەركەردىسى ياقۇپ ۋە قورچاق بەگلەردىن توققۇز كىشىنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا تۇتۇپ بەردى.

بۇ چاغ دەل قىش كىرىۋاتقان چاغ بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تېخى ھەربىي پائالىيەتلىرىنى ئومۇمىي يۈزلۈك باشلىمىغان ئىدى. شۇڭا، خوتەن ۋەقەسىدىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تولۇق پايدىلىنىپ كېتەلمىدى. چاڭلىڭ يەنە قاراشەھەر ئىش بېجىرگۈچى ئامبانى باھابۇنى خوتەننى كۆزىتىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۆز

ۋاقىتتا ياردەمگە ئېرىشەلمىگەنلىكتىن، خوتەن مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن يەنە جاھانگىر خوجا قوشۇنىنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتتى.

قىش تېچ ئۆتتى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى جاھانگىر خوجا قوشۇنىنىڭ بارچۇق ئەتراپىنى بېسىپ يېتىشىغا سۈكۈت قىلىپ تۇردى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن توپىلاڭچى قوشۇن ئوتتۇرىسىدا 300 چاقىرىم كەلگۈدەك بوشلۇق بار ئىدى.

كەلگۈسىدىكى ئۇرۇش ئىستراتېگىيىسى توغرىسىدا چىڭ سۇلالىسى باش ئىشتاۋىنىڭ پىكرى بىلەن ئالدىنقى سەپ قوماندانلىرىنىڭ پىكرى ئوخشىماي قالدى. چىڭ سۇلالىسى باش ئىشتاۋى قوشۇننى ئىككىگە بۆلۈش، ئاساسىي قوشۇن ئۇدۇل قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىش، يان قوشۇن ئوتتۇرىپاندىن ئاتلىنىپ پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي ئېتىكىنى بويلاپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش بىلەن، جاھانگىر خوجىنىڭ سىرتقا قېچىش يولىنى بوغۇپ تاشلاش ۋە دۈشمەننى تەرەپ-تەرەپتىن توسۇپ يوقىتىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئالدىنقى سەپ قوماندانلىرى بولسا ئەسكىرىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بىۋاستە قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىش، ئەسكىرىي كۈچنى بۆلۈۋەتمەسلىكنى تەشەببۇس قىلدى.

كەلىپىن جىبگەدىن كېيىن چاڭلىڭ پادىشا داۋگۇاڭغا مەكتۇپ سۇنۇپ، ئۆزىنىڭ پىكرىنى شەرھلەپ مۇنداق دېگەن:"يارلىغىڭىزغا بىنائەن ئەسكەرلەر ئىككى يۆنىلىشكە بۆلۈنۈپ، ئاساسىي كۈچ قوشۇن ئۇدۇل يولدىكى ئۆرتەك-لەڭگەرلەردىن، يان قوشۇن ئوتتۇرپان ئوتلاقلىرىدىن ئۆتۈپ، قەشقەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىش بىلەن، قېچىش يوللىرىنى توسۇشى لازىم ئىدى. بىراق ئوتتۇرپان قاراۋۇلخانىسىدىن بارچانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى جىلغىلار تار ۋە خەتەرلىك،

بىرقانچە يۈز چاقىرىم جاي چۆللۈك، ئۆتىدىغان يوللاردىكى بۇيرۇتلارنىڭ تەڭ يېرىمىنى باندىتلار قۇتىراتقان. شۇڭا، يېگانە قوشۇننى بۇ يولدا ماڭدۇرۇش مۇۋاپىق ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان، كۇچار قاتارلىق جايلارنى قوغداشقا 8000 دىن ئارتۇق ئەسكەر ئاجرىتىلدى. شەنشى، سۇيىيۈەن، سىچۇەن قاتارلىق جايلاردىن يۆتكەلگەن قوشۇنلار تېخى يېتىپ كېلەلمىدى. يۈرۈشكە ھازىرلانغان ئاتلىق، پىيادە ئەسكەرلەر ئارانلا 22 مىڭ كىشى، ئىككى يۆنىلىش قوشۇن ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق 20 نەچچە مەنزىل كېلىدىغانلىقتىن، ئالاقىلىشىش ناھايىتى تەس. قەشقەردىكى باندىتلار 100 مىڭدىن كەم ئەمەس، پۈتۈن كۈچ بىر يەرگە جۇغلانمىسا، سەۋەنلىكتىن ساقلىنىش ئىنتايىن تەسكە چۈشىدۇ"[33].

جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى تىنجىتىش ئۇرۇشى ئاساسەن چاڭلىڭنىڭ مۇشۇ تەكلىپ لايىھەسى بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. ئۇرۇش ئەمەلىيىتى چاڭلىڭنىڭ بۇ تەكلىۋىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى.

قىش ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن، چىڭ سۇلالىسى كەڭ كۆلەملىك ھەربىي پائالىيىتىنى باشلىۋەتتى. 1827-يىل 3-ئاينىڭ 3-كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ 22 مىڭ ئەسكىرى قەشقەرگە ئاتلاندى. ئۇلار بارچۇق ئۆرتىڭىدە تۇنجى قېتىم جەڭ قىلدى. بارچۇق قەشقەرگە 200 نەچچە چاقىرىم كېلىدۇ. ئۇنىڭ شەرقى مەشھۇر تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن تۇتىشىدۇ. يەركەن دەرياسى بىلەن قەشقەر دەرياسى بارچۇقنىڭ پۈتكۈل ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتىنى شەكىللەندۈردى. چۈنكى، قەشقەر دەرياسى ئۇنىڭ غەربىي تەرىپىدىن، يەركەن دەرياسى ئۇنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا سۇ مەنبەسى ئەزەلدىن تارتىپ كەڭ كۆلەملىك

ھەربى يۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بارچۇقتا تۇنجى ئارقا سەپ تەمىنات بازىسىنى قۇرۇپ، 3000 كىشىلىك قوشۇن قالدۇردى. بۇ زور مۇھا- پىزەت قوشۇنىغا يەنە يەركەن دەرياسىنى بويلاپ شىمالغا يۇرۇش قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئۆزىنىڭ باش لاگېرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈۋېتىشكە ئۇرۇنغان جاھانگىر خوجا قوشۇنىنى توسۇشتىن ئىبارەت قوشۇمچە ۋەزىپە يۈكلەندى.

تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قەشقەر دەرياسىنى بويلاپ ئىلگىرىلەپ، 3-ئاينىڭ 20-كۈنى يېڭىئاۋاتقا يېتىپ باردى. جاھانگىر خوجا 50 مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇننى بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى.

بۇ ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ چۆل-جەزىرىلەردە يۇرۇش قىلغىنىغا يېرىم ئايدىن ئېشىپ قالغان ئىدى. جىددى ئىلگىرىلەشلەر ئارقا سەپ تەمىناتىنىڭ مۇساپىسىنى كۈنسايىن ئۇزارتىپ، ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتىدە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلدى. بەزى ئەسكەرلەر كاردىن چىقتى. ماغدىرىدىن كەتكەن ئات ۋە تۆگىلەر ئۇزۇق قىلىندى. ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى ئارقىسىدا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تېز ئۇرۇش قىلىپ، باياشات قەشقەر بوستانلىقىغا مۇمكىن قەدەر تېز يېتىپ بېرىشقا تەشنا بولدى.

ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئۈچ يۆنىلىشكە بۆلۈنۈپ ھۇجۇم باشلىدى. ئاساسىي كۈچ ئوتتۇرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ ئوتتۇرا سېپىگە قاتتىق ھۇجۇم قىلدى. دۈشمەننىڭ ئوتتۇرا سېپى زەربە دەستىدىن تارمار بولۇش بىلەنلا، ئۇنىڭ ئىككى قانىتى شۇ ھامان تەۋرىنىپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى پۈتۈن سەپ بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئون مىڭدەك دۈشمەننى يوقاتتى، 5000 دەك دۈشمەننى ئەسىرگە ئالدى. بۇ جەڭدە خالىقائا، باھابۇلار قوماندانلىقىدىكى تۇرغاۋۇت، خوشۇت موڭغۇل ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئاجايىپ نۇسرەت قازاندى.

3-ئاينىڭ 21-كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى پەيزىۋاتتا ئون مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەننى يوقاتتى، 3200 دۈشمەننى ئەسىرگە ئالدى. 3-ئاينىڭ 22-كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى شاپتۇل دىگەن يەردە 100 مىڭ كىشىلىك دۈشمەن قوشۇنىنىڭ قارشىلىقىغا دۈچكەلدى. شاپتۇل دىگەن يەرنىڭ ئەتراپى تارىم ۋادىسى بويلىرىدا ئاز ئۇچرايدىغان سازلىق ئىدى. بۇ يەردە، دەريا-ئېقىنلار بىر بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن، دەل-دەرەخ ۋە قومۇشلار ناھايىتى قويۇق ئىدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن، جاھانگىرخوجا قوشۇنى شاپتۇل كەنتىنىڭ شىمالىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭنى بۇزۇپ تاشلاپ، كەنتنىڭ جەنۇبىدىكى بىردىن-بىر قۇرۇق جاينىمۇ پاتقاق-سازلىققا ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئۇلار بولسا ئۆستەڭنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى كەڭ تۈزلەڭلىكتە سەپ تۈزدى.

جەڭ باشلانغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ پىيادە ئەسكەرلىرى ئالدى بىلەن ئۆستەڭدىن كېچىپ ئۆتۈپ، جەڭگە كىرىشىپ كەتتى. ئاتلىق قوشۇنلار بولسا دۈشمەن سېپىنىڭ ئىككى قانىتىدا ئۆستەڭدىن ئۆتۈپ، دۈشمەن سېپىگە توغرىسىغا بۆسۈپ كىردى، چىڭ سۇلالىسى ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ زەربىسى ئارقىسىدا، ئالدى بىلەن دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئىككى قانىتى تىرىپىرەن بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، دۈشمەن پۈتۈن سەپ بويىچە چېكىندى.

دۈشمەن قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىرىدىن سوپىچاق، قاباق، سېتىۋالدى قاتارلىقلار ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلدى.

شاپتۇل جېڭىدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى قىسمى قىزىل دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا يېتىپ باردى. ئارقىدىنلا ئاۋات جېڭى باشلاندى. شۇ قېتىمقى جەڭدە ئون مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەن يوقىتىلدى. توپلاڭچى قوشۇننىڭ رەھبەرلىرىدىن هاۋاز مۇهەممەت، نارات ئاخۇن قاتارلىقلار ئۆلتۈرۈلدى.

ئاۋات جېڭى جاهانگىر خوجىنىڭ باش لاگىرى بولغان قەشقەرگە يېقىن جايدا ئېلىپ بېرىلغان تۇنجى جەڭ، شۇنداقلا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك جەڭلىرىدىن بىرى ئىدى. نۇسرەت خەۋىرى بېيجىڭغا يېتىپ بارغاندا، بۇ قېتىمقى جەڭگە قوماندانلىق قىلغان ۋۇلۇڭئاغا "شاهزادە ئۇستازى" دېگەن پەخرىي ئۇنۋان بېرىلدى. ئاۋات جېڭىدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى توپ-توغرا ياندۇرما دەرياسى بويىغا يېتىپ باردى، بۇ يەر قەشقەر قەلئەسىگە ئون نەچچە چاقىرىملا كېلەتتى.

3-ئاينىڭ 26-كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قەشقەرگە ئومۇمىي يۈزلۈك هۇجۇم باشلىدى. جاهانگىر خوجا قوشۇنى قىزىل دەريا بويلاپ 20 چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا ئون نەچچە قاتار قىلىپ ئېچكەرىلەپ ئىستىهكام قۇرۇۋالغان ئىدى. بۇ ئىستىهكامنىڭ ئالدىغا ئۈچ قاتار خەندەك كولانغان، 300 جاڭ ئۇزۇنلۇقتا بىر توپا توساق ياسىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆرلۈك توپ-زەمبىرەكلەر ئورنىتىلغان ئىدى. بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئەسكىرىي كۈچ 100 مىڭدىن ئاشقان ئىدى.

شۇ كېچىسى هاۋا بۇزۇلۇپ، قاتتىق بوران چىقىپ، ھەممىلا يەرنى

چاڭ ـ توزان قاپلاپ كەتتى. بۇنداق ئەھۋال قەشقەردە باش باھار چاغلىرىدا پات ـ پات بولۇپ تۇراتتى. چىلىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ھاۋا بۇزۇلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاۋال سولۇن ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، قىزىل دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا يالغان ھۇجۇم قوزغىدى، ئارقىدىن توپ ـ زەمبىرەكلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ، دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقىدىن دۈشمەن سېپىنىڭ ئوتتۇرىسىنى توپقا تۇتتى، توپ ـ زەمبىرەك ئاۋازى بوران ئاۋازىغا قوشۇلۇپ، ئىنتايىن چوڭ ۋەھىمە پەيدا قىلدى، جاھانگىر خوجا قوشۇنى چىلىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئاساسىي كۈچىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قالدى، دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، چىلىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاساسىي قوشۇنى قىزىل دەريانىڭ يۇقۇرقى ئېقىمىدىن ھۇجۇم قوزغاپ، دەريادىن بۆسۈپ ئۆتتى. تاڭ سەھەردە چىلىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تارماقلارغا بۆلۈنۈپ، دۈشمەن سېپىگە بۆسۈپ كىردى. دۈشمەن سېپىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى بىر بىرىگە ماسلىشالماي كەينى ـ كەينىدىن تارمار بولدى. چىلىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىر كېچىدىلا قەشقەر قەلئەسىنى تامامەن قولغا كىرگۈزدى. شۇ كۈنى 1827 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئىدى.

قەشقەر قەلئەسى ھۇجۇم بىلەن ئېلىنىۋاتقان چاغدا، جاھانگىر خوجا بىرقانچە ئون ئادىمىنى ئەگەشتۈرۈپ قېچىپ كەتتى. ئەمما جاھانگىر خوجىغا ئەگىشىپ توپىلاڭ كۆتەرگەن سابىق بەگ ئابدۇللا، قوقەنتلىق باشلىق تۆرىخان ۋە سامخانلار، شۇنىڭدەك جاھانگىر خوجىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇققانلىرى چىلىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىندى.

قەشقەرنىڭ ئېلىنىشى چىلىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ جاھانگىر

خوجا توپىلىڭىنى تىنجىتىشتا قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ مۇھىم غەلىبىسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

قەشقەر جېڭىدىن كېيىن، ياڭ يۇچۇن، ياڭ فاڭلار بۇيرۇقىغا بىنائەن يېڭىسار، يەركەن، خوتەنلەردىكى توپىلاڭچى قوشۇنلارغا ھۇجۇم باشلىدى. يېڭىسار 3-ئاينىڭ 31-كۈنى ئەل بولدى. 4-ئاينىڭ 11-كۈنى يەركەندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى توپىلاڭچى قوشۇنىنىڭ باشلىقلىرىدىن ئون كىشىنى تۇتۇۋېلىپ، يەركەننى قايتۇرۇۋالدى.

خوتەننى تىنجىتقۇچى ياڭ فاڭنىڭ 6000 كىشىلىك قوشۇنى خوتەننىڭ غەربىدىكى كۇنلەمەن مەھەللىسىدە توپىلاڭچى قوشۇننى يوقىتىپ، باشلىقى قارىلىنى ئەسىرگە ئالدى. بۇ خەۋەر خوتەنگە يېتىپ بارغان ھامان، يەرلىك ئاھالىلەر ھەركەتكە كېلىپ كۈرەشكە ئاتلىنىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ماسلىشىپ، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق توپىلاڭچى قوشۇننىڭ 2000 دىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتتى. 4-ئاينىڭ 24-كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى خوتەن قەلئەسىگە كىردى، قالدۇق دۈشمەنلەر كەشمىر تەرەپكە قاراپ قاچقاندا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى چېگرىدىن چىقىپ، مازار دىگەن يەردە ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى، ئاندىن ئۇلارنى يېڭىبەر دىگەن يەردە توسۇۋېلىپ، تامامەن يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي تۆت شەھەر — قەشقەر، يېڭىسار، يەركەن، خوتەن پۈتۈنلەي قايتۇرۇۋېلىنىپ، جاھانگىر خوجا توپىلىڭى تىنجىتىلدى.

بۇ قېتىمقى جەڭدە چىڭ سۇلالىسى توپىلاڭنى تىنجىتىش، زىمىننى قايتۇرۇۋېلىشنىلا كۆزلەپ قالماستىن، جاھانگىر خوجىنى تىرىك تۇتۇپ، كېيىنكى كۈنلەردە بولىدىغان بالايى-ئاپەتنى

ئۆگىتىشنى كۆزلىگەن ئىدى. شۇڭا، قەشقەر شەھىرى ئېلىنغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يارلىق چۈشۈرۈپ، چاڭلىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىلىرىنى "باش جىنايەتچىنى قاچۇرۇۋەتتىڭلار" دەپ قاتتىق سۆكتى ھەمدە جاھانگىر خوجىنى جەزمەن تۇتۇشقا سۈرۈك بەلگىلەپ بەردى. قەشقەر قەلئەسىدە جەڭگە بىۋاستە قوماندانلىق قىلغان ۋۇ لۇڭگا ئۇنۋانىدىن ئېلىپ تاشلىنىش جازاسىغا تارتىلدى.

يېڭىسار، يەركەن، خوتەن قاتارلىق جايلار قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، ياڭ يۈچۈن، ياڭ فاڭلار بۇيرۇققا بىنائەن 8000 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ پامىر تاغلىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، جاھانگىر خوجىنى تۇتۇشقا ئاتلاندى. ياڭ فاڭ قىسمى ئالاي تېغىدا (بۈگۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىرغىزىستان تەۋەسىدە)، ياڭ يۈچۈن سىرىق كۆلدە (ئېلىمىزنىڭ تاشقورغان رايونىدا) بارگاھ تىكتى. تاغلىرى بىر بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن پايانسىز پامىر ئېگىزلىكىدە، توختىماي ئېقىپ يۈرگەن جاھانگىر خوجىنىڭ ئىز-دېرىكىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۇتۇش ئاسان ئەمەس ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يىراق تاغلىق رايوندا تۇرۇۋاتقان بۇ زور قوشۇننىڭ ئارقا سەپ تەمىناتىدىكى قىيىنچىلىقلارنى نەزەردە تۇتۇپ، زور قوشۇن بىلەن جاھانگىر خوجىنى ئاختۇرۇپ تۇتۇشنى ۋاقتىنچە توختىتىپ قويىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ھەربىي ئورۇنلاشلارنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتتى. يەنى ياڭ فاڭ قەشقەرنىڭ مۇۋەققەت مەسلىھەتچى ئامبانى بولۇپ تەيىنلەندى، ئۇنىڭ 8000 كىشىلىك قوشۇنى يۆتكەلمىدى. ياڭ يۈچۈن ئۆزىگە قاراشلىق 9000 ئەسكەر بىلەن شەنشى، گەنسۇغا قايتۇرۇلدى[34].

ھەربى ئورۇنلاشتۇرۇشتا مۇشۇنداق زور ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، جاھانگىر خوجىنى تۇتۇش جەھەتتىكى تىرىشچانلىق بوشاپ قالمىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى، بىر تەرەپتىن، جاھانگىر خوجىنى تۇتۇپ بەرگۈچىلەرنى مۇكاپاتلاش توغرىسىدا ئېلان چىقارسا، يەنە بىر تەرەپتىن، جاھانگىر خوجىغا ياردەم بەرمەسلىك توغرىسىدا قىرغىز قەبىلىلىرىگە بۇيرۇق چاكالىدى. بۇ بۇيرۇق تېزلا ئۈنۈم بەردى. قىرغىز قەبىلىلىرى جاھانگىر خوجا بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىشتىن مۇمكىن قەدەر ئۆزىنى تارتتى. بۇنىڭ بىلەن جاھانگىر خوجىنىڭ كۈنى بارغانسېرى قىيىنلاشتى.

1828-يىلى چاغان بايرىمى ھارپىسىدا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ يولىيورۇغىنى ئالغان قارا تاغلىق ئىشانلار پامىر تاغلىرىدا "ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى تۈگەل چېكىنىپ كەتتى، قەشقەر قەلئەسى بوش قالدى، مۇسۇلمانلار خوجامغا تەقەززا" دېگەن سۆزلەرنى تارقاتتى. تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان جاھانگىر خوجا بۇ ئۆسەك سۆزگە ئىشىنىپ، چاغان بايرىمىنىڭ ھارپا كۈنىدە 500 ئاتلىق كىشىنى باشلاپ، بۇرۇن ماڭغان يول بىلەن چېگرىدىن كىرىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ چاغانغا تەييارلىق قىلىۋاتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، قەشقەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىماقچى بولدى. ئەمەلىيەتتە، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئاللىقاچان راسلىنىپ بولغان ئىدى.

جاھانگىر خوجا ئاتۇشقا يېتىپ كەلگەندە، يەرلىك قارا تاغلىقلار يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ زەربە بەردى. جاھانگىر خوجا ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى سېزىپ، چېگرىدىن قېچىپ چىقىپ كەتمەكچى بولغاندا، ياڭ فاڭ ئۆچ يۈنۈلۈش قوشۇنىنى باشلاپ، كېچىلەپ قوغلاپ زەربە

بېرىپ، قاراتېكەن تېغىدا جاھانگىر خوجىنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرىنى تامامەن يوقاتتى. جاھانگىر خوجا 30 نەچچە كىشى بىلەن ئاتلىرىنى تاشلاپ تاققا قاچقاندا، خۇچاۋ، دۇەن يۈڭفۇ قاتارلىقلار ئۇنى تىرىك تۇتتۇۋالدى.

«چىڭ سۇلالىسى تارىخى (دەسلەپكى نۇسخا)»، «مۇقەددەس ھەربى ئىشلار مۇۋەپپەقىيەتلىرى»، «مۇسۇلمانلار ماكانىنى تىنجىتىپ، ئاسىلار ئەۋلاتلىرىغا جازا يۈرۈشى قىلىش تەدبىرلىرى» قاتارلىق ھۆججەتلەردە جاھانگىر خوجىنىڭ تۇتۇلۇش جەريانى توغرىسىدا ئوخشاش مەزمۇندا مەلۇماتلار بېرىلگەن. «چىڭ سۇلالىسى تارىخى (دەسلەپكى نۇسخا)»نىڭ 368 ـ جىلد، «خۇچاۋ» قىسمىدا جاھانگىر خوجىنىڭ تۇتۇلۇش جەريانى توغرىسىدا مۇنداق دەپ يېزىلغان: ”شۇ يىلى قىشتا، جاھانگىر خوجىنى قوغلاپ قاراتېكەن تېغىغا كەلگەندە، جاھانگىر خوجا ئېتىنى تاشلاپ تاققا يامىشىپ چىقتى، زادى قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمەي، قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولغاندا، خۇچاۋ بىلەن دۇەن يۈڭفۇ ئۇنىڭ قولىدىن قىلىچىنى تارتىۋېلىپ، تىرىك تۇتۇۋالدى.“

«تارىخى ئەمىنىيە» ۋە «تارىخى ھەمىدى» نىڭ مۇئەللىپى موللا-مۇسا سايرامى: جاھانگىر خوجىنى كۇچارلىق ئىسھاق دېگەن كىشى تۇتۇۋالغان، دەيدۇ. مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ يەنە بىر ئەسىرىدە ”ئىسھاق مىرزا ھۇدىنىڭ ئوغلى بولىدۇ“ دەپ كۆرسىتىدۇ.

«تەۋارىخ خەمسە» دە: ”جاھانگىر خوجا بىر توپ سودىگەرلەر تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنغان“ دەپ يېزىلغان.

جاھانگىر خوجا تۇتۇلغاندىن كېيىن، قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈلۈپ دۇيلەشتۈرۈلۈپ، جاھانگىر خوجىنىڭ نەق ئۆزى ئىكەنلىكى ئىسپات-

لانغاندىن كېيىن، بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىلىدى. 1828 ـ يىل 6 ـ ئايدا بېيجىڭ خان ئوردىسىنىڭ ۋۇمېن قوۋۇغى ئالدىدا ئەسىر تەقدىم قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، جاھانگىر خوجا ئەدلىيە ياموٗلىغا تاپشۇرۇلۇپ، تىرگاۋ قىلىنىپ، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

## 3. جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنىڭ مەغلۇپ بولۇش سەۋەپلىرى

1820 ـ يىلى باشلانغان جاھانگىر خوجا توپىلىڭى سەككىز يىل داۋام قىلىپ، 1828 ـ يىلى ئاياقلاشتى. بۇ جەرياندا 1826 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 1827 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىگىچە بولغان يەتتە ئاي ۋاقىت ئىچىدە جاھانگىر خوجا تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي رايونىدا سەئىد جاھانگىر خوجا سۇلتانلىقىنى قۇردى㉟.

جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا نەزەر سالغىنىمىزدا شۇنى ھېس قىلالايمىزكى، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمۇ، مەغلۇپ بولۇشىمۇ ئوخشاشلا روشەن ۋە تېز بولدى. جاھانگىر خوجىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا، ھەممىدىن ئاۋال، سىياسى ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ئامىللار سەۋەپ بولدى، ئاندىن قالسا، ھەربى ئامىللار سەۋەپ بولدى. سىياسى ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ئامىللار جاھانگىر خوجىنىڭ ئۆزىگە جەلپ قىلغان كىشىلەر رايىدىن قايتا ئايرىلىپ قالغانلىقىدا روشەن ئىپادىلەندى.

شۈبھىسىزكى، دەسلەپكى ۋاقىتلاردا جاھانگىر خوجا خېلى بىر تۈركۈم ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان ئىدى. «مۇسۇلمانلار ماكانىنى تىنجىتىپ، ئاسىلار ئەۋلاتلىرىغا جازا يۈرۈشى قىلىش تەدبىرلىرى»نىڭ 49 ـ جىلدىدىكى مۇنۇ بىر

ئابزاسىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ باقايلى: ”بۇ قېتىم ئاسى جاھانگىر خوجىنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، تۆت شەھەرنى بېسىۋالغانلىقىغا، دەر- ۋەقە، ئادەتتىكى كۈنلەردە مۇداپىئەنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى، ۋەقە يۈز بەرگەندە ئەسكىرىي كۈچنىڭ يېتىشمىگەنلىكى سەۋەپ بولغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز دىنىغا مەستانە بولۇپ، خوجىغا چوقۇنۇپ، ھەتتا ھۆكۈمەت قوشۇنىدىن قورقماي، ھاياتىنى ئايىماي، ئۇنى قۇتقۇزۇپ ۋە ھىمايە قىلىپ، جېنىنى قۇربان قىلىشقىمۇ رازى بولغانلىقى ئاساسىي رول ئوينىدى. بۇ يىل ئەتىيازدا قوشۇنىمىز تىنجىتىشقا كىرىشكەندىن بۇيان، تىرىك تۇتۇلغان توپىلاڭچىلارنىڭ ھەممىسى توپىلاڭغا قاتناشقانلىقىدىن تانمىدى، ئۆلتۈرۈلۈشتىن قىلچە غەم يېمىدى، بەزىلىرى ھەتتا ئۆلگىچە ئايەت ئوقۇپ، خوجىنىڭ ئىسمىنى توۋلاپ تۇردى.“

بۇ بىر ئابزاس مەلۇمات بىزگە ئاق تاغلىق مۇرىتلارنىڭ دەسلەپتە ئۆز ھاياتىغا قارىماي، جاھانگىر خوجىغا ئەگىشىپ ماڭغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىر قىسىم ئۇيغۇر پۇقرالىرى جاھانگىر خوجىغا ئۈمىت باغلاپ، ئۆزلىرىنى جاھانگىر خوجىنىڭ ئازاپ-ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنى خىيال قىلغان. لېكىن، دەل جاھانگىر خوجىنىڭ ئۆزى ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ بۇ ئارزۇ-ئۈمىدىنى يوققا چىقىرىۋەتكەن.

جاھانگىر خوجىنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشىدە دىنىي ئاساسلىق ۋاستە بولدى. دەسلەپكى مەزگىللەردە جاھانگىر خوجا نۇرغۇن ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ نەزىرىدە چوقۇنىدىغان بۇت بولۇپ قالغان. جاھانگىر خوجىنىڭ دىنىي جەھەتتىكى جەلپ قىلىش كۈچى شۇ مەزگىلدە چىلىك سۇلالىسىنىڭ زۇلمىغا قارشى ئىجتىمائىي نارازىلىق

كەيپىياتىنى چىك سۇلالىسىگە قارشى تۇرىدىغان مەنىۋى كۈچكە ئايلاندۇرغان. چىك سۇلالىسىنىڭ تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەربى-مەمۇرى سىستېمىسىغا قىسقىغىنا بىر مەزگىل ئىچىدە چاك-چېكىدىن دەز كەتكەنلىكى بۇنداق كۈچنىڭ رولىدىن بولغان ئىدى.

جاھانگىر خوجا توپىلاڭ كۆتىرىشتە دىنىدىن پايدىلىنىپلا قالماستىن، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشتىمۇ دىنىدىن پايدىلاندى.

جاھانگىر خوجا ئۆزى بېسىۋالغان رايونلاردا ناھايىتى تېزلا نوقۇل دىنىي ھۆكۈمرانلىقنى تىكلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشىنى تامامەن ئىسلام دىنىنىڭ قېلىپىغا چۈشۈرۈپ قويدى، دىنىي سودنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئەدلىيە ھوقۇقىنى بەردى، شەرىئەتنى ئومۇمى قانۇننىڭ ئاساسى قىلدى. ئەدلىيە ئەمەلدارلىرى بولغان قازىلارنىڭ شەرىئەتنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىپ، ھەقىقەتنى سەپسەتە، قانۇنسىزلىقنى قانۇنىي دەپ ھۆكۈم چىقىرىشى ھېچقانداق قىيىنغا چۈشمەيدىغان بولۇپ قالدى. دىنىي ئەدلىيە يەنە ساقچىلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى قولىنى كېسىپ تاشلاش، لىپەكىنى ئۈزۈپ تاشلاش، تىرىك كۆمۈش، چالما-كېسەك قىلىش ۋاھاكازالار پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. يوقسۇللاك بەتنامىلار بىلەن پۇقرالارنى قامچىلاش ۋە باشقىچە تەن جازاسىغا تارتىش ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. نەتىجىدە، نورمال ئىجتىمائى تۇرمۇش ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، ئۇيغۇر جەمىيىتى قانۇن-نىزامدىن تامامەن مەھرۇم قىلىندى.

جاھانگىر خوجىنىڭ دىنىي ھۆكۈمرانلىقى قانۇن-تۈزۈمنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىدىن دېرەك بېرىپلا قالماي، باج تۈزۈمىنىڭمۇ

بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، دىنىي باجلار يەنى ئۆشرە-زاكات تۇراقسىز باج بولغانلىقتىن، ئارتۇقچە ئالۋاڭ-ياساقلار ئۈچۈن ئىنتايىن كۆپ قولايلىقلارنى يارىتىپ بەردى. جاھانگىر خوجا ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى بىرنەچچە ئاي ئىچىدىلا نۇرغۇن بايلىقلارغا ئىگە بولۇۋېلىپ، مال-مۈلكى تۈگىمەس بايلاردىن بولۇپ قالغان، پۇقرالارنىڭ ئېتىز-ئېرىق ھەم ھويلا-باغلىرىنى زورمۇ-زور بېسىۋېلىپ، ئارقا-ئارقىدىن ئۆزلىرى ئۈچۈن ھەشەمەتلىك قورۇجاي ۋە قورۇق سالدۇرغان ئىدى. جاھانگىر خوجا ئۆزى ئۈچۈن قەشقەر قەلئەسىنىڭ مەركىزىدە بىرنەچچە يۈز مو يەرگە ھەيۋەتلىك ئوردا سالدۇردى. بۇنىڭدىن باشقا مازار، مەسچىت سېلىش قاتارلىق ئەمگەك سېلىقلىرى، بولۇپمۇ مازارلارنى تاۋاپ قىلىشتا چىقىم قىلىنىدىغان ئەمگەك ۋە خىراجەتلەر تامامەن ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. بۇ سان-ساناقسىز ھەددىدىن زىيادە ئېغىر ئالۋاڭ-ياساقلارنىڭ ھەممىسى ئۆشرە-زاكات دېگەن نام بىلەن بولاتتى. كەڭ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەڭ ئېغىر دەرت-ئەلەم ھەربى مەجبۇرىيەت ئۆتەش ئىدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قەشقەرگە يۈرۈش قىلىش داۋامىدا، يول ئۈستىدە جاھانگىر خوجىنىڭ 100 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىنى يوقاتقان. قەشقەر قەلئەسى يېنىدا توپەلاڭچى قوشۇندىن يوقىتىلغان ئادەم سانى نەچچە ئون مىڭغا يەتكەن. بۇ يۈزەكى ھېساۋات بىزگە جاھانگىر خوجىنىڭ تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي قىسمىدا ئۆزى ئۈچۈن بىرقانچە يۈزمىڭ كىشىلىكتىن كۆپ قوشۇن ئۇيۇشتۇرغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ.

18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ناھايىتى زور دەرىجىدە كۆپەيگەن بولسىمۇ، لېكىن بىرقانچە يۈزمىڭ

كىشىلىك قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇش، تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي
قىسمىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، دەرۋەقە ئىنتايىن ئېغىر يۈك ئىدى.
جاھانگىر خوجا ھەتتا 15 ياش چامىسىدىكى ئوغۇل بالىلارنىمۇ ئەسكەر-
لىككە ئالدى. ھەممە ئائىلىگە دىگۈدەك ئېغىر ھەربىي مەجبۇرىيەت
چۈشتى، نۇرغۇن ئائىلىلەر كۈندە دىگۈدەك ئۇرۇق-تۇققانلىرىدىن
مەھرۇم قىلىنىپ تۇردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر پۇقرالىرىغا
جاھانگىر خوجا ئېلىپ كەلگەن ئېغىر كۈلپەتنى چوڭقۇر تونۇتتى[36].

خەلق ئاممىسى ئىشنىڭ تېگى-تەكتىگە تولۇق يېتىپ بولغىچە،
جاھانگىر خوجا دىنىي چاقىرىق كۈچىگە ئىگە ئىدى. بىراق، ئىشنىڭ
سىرى كۆپچىلىككە ئايان بولغان ھامان، ئۇنىڭ دىنىي چاقىرىق
كۈچى دەرھال يوقىدى.

جاھانگىر خوجا قوقەنت خاندانلىقىغا تايانغان ئىدى. قوقەنت
خاندانلىقى جاھانگىر خوجىنى باققاندىن تاشقىرى، يەنە بىۋاستە
قەشقەر قەلئەسىگە قوشۇن تارتىپ، ئۇنىڭغا ياردەملەشكەن. بۇ
پاكىتلار جاھانگىر خوجا بىلەن قوقەنت خاندانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى
مۇناسىۋەتنىڭ قانداق مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ
بېرىدۇ.

جاھانگىر خوجا گۇرۇھىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمى قوقەنتلىقلار ۋە
ئۇلارنىڭ قورچاقلىرىدىن ھاسىل بولغان. جاھانگىر خوجىنىڭ مۇھا-
پىزەت قوشۇنىمۇ قوقەنتلىقلاردىن ئۇيۇشتۇرۇلغان. جەڭ مەيدانلىرىدا
ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى ھەمىشە بىرىنچى سەپكە قويۇلۇپ، قوقەنتلىقلار-
دىن تەركىپ تاپقان قوشۇن ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقىسىغا
نازارەت قىلىش ئۈچۈن قويۇلغان. بۇلاردىن كىشىلەر شۇنى ئېنىق
كوردىكى، جاھانگىر خوجا ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىل-

لىك قىلمايدۇ، ئۇ پەقەت چەتئەل كۆچمىنىڭ ئىلمىزدىكى ئەكسىيەتـ
چى كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى
بۇزىدىغان قورالىدىنلا ئىبارەت.

جاھانگىر خوجىنىڭ ئەخلاق-پەزىلەت جەھەتتىكى ئىللەتلىرىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇنىڭدىن ۋازكېچىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

جاھانگىر خوجا ئۆزىنى "سۇلتان" دەپ جاكالىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرى ئارقىلىق پۇقرالارنى، بولۇپمۇ ئاق تاغلىقلارنى ئۈمىتسىزلەندۈرۈپ قويدى. جاھانگىر خوجا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارغا خاس ئەسكى تەبىئەتكە ئىگە ئىدى. ھەر بىر قەلئە ئېلىنغاندا، جاھانگىر خوجا ئۆز قول ئاستىدىكىلەرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشقا كۈشكۈرتەتتى. ئاقسۇ، ئەتتە، قەشقەر، يېڭىسار، يەركەن قاتارلىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. جاھانگىر خوجىنىڭ ئۆزى زالىملىققا ۋە قىرغىنچىلىققا تېخىمۇ خۇشتار ئىدى. ئۇ يەنە نۇرغۇن خوتۇن-قىزلارنى بۇلاپ كېلىپ خالىغىنىچە ئاياق ئاستى قىلىپ، ئەيش-ئىشرەت قىلغان[37].

جاھانگىر خوجىدىن ئۈمىت ئۈزۈش تېز ئارىدىلا نارازىلىققا، ئاندىن تەرەققى قىلىپ قوزغىلىپ كۈرەش قىلىشقا ئايلاندى. يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان خوتەن ۋەقەسى (بۇ ۋەقەدە خوتەننى بېسىپ ياتقان توپىلاڭچى قوشۇن خوتەندىن بىر مەھەل قوغلاپ چىقىرىلغان، توپىلاڭچىلار باشلىقلىرى خەلقلەر تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن ئىدى) دىن باشقا، قەشقەر قەلئەسىدە بۇرھاندىن قاتارلىق كىشىلەر قارا تاغلىق مۇرىتلار بىلەن بىرلىشىپ، جاھانگىر خوجىنى تىرىك تۇتماقچى بولدى. بىراق، سىر ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، بۇرھاندىن، سەئىد، زۇلالىدىن قاتارلىق

يەتتە كىشى جاھانگىر خوجا تەرىپىدىن قەتلى قىلىندى㊳.

غەربىي تۆت قەلئەدىن باشقا جايلاردىكى خەلقلەرنىڭ جاھانگىر خوجىدىن يىراقلىشىشى تېخىمۇ روشەن بولدى. بۇ رايونلاردىكى خەلقلەر جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى تىنجىتىشتا غايەت زور ئەمەلىي تۆھپە قوشتى. ئۈرۈمچى - ئاقسۇ قاتناش لىنىيىسىدە، پەقەت كۇچار- دىنلا 1000 دىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچى، 200 دىن ئارتۇق ھارۋا، 500 دىن ئارتۇق ئات، 1500 دىن ئارتۇق ئۆكۈز، 1000 دىن ئار- تۇق ئېشەك ئىشقا سېلىنىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ياردەملىشىپ ئوزۇق - تۈلۈك توشۇلدى. ئىلى - ئاقسۇ قاتناش لىنىيىسىدىكى 140 چاقىرىم كېلىدىغان تىيانشان يولىدا 2000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئاشلىق توشۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىدى. بۇ جەرياندا، ئات - ئۇلاقلارنىڭ مېڭىشى تەس بولغان خەتەرلىك تاغ يوللىرىدا، ھەر بىر كىشى 50 جىڭدىن ئارتۇق ئاشلىقنى يۈدۈپ بىر مەنزىلدىن يەنە بىر مەنزىلگە يەتكۈزۈپ تۇردى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ جاھانگىر خوجىنى تىنجىتىش يولىدىكى ھەربىي ھەرىكىتى باشلانغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلاردىن تەركىب تاپقان قوشۇن پۈتكۈل ئۇرۇشقا قاتنىشىپ چىقتى. بۇنىڭدىن باشقا، نۇرغۇن ئۇيغۇر پۇقرالىرى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا يول باشلاپ بەردى ھەمدە دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزىتىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا مەلۇم قىلىپ تۇردى.

1828 - يىلى، جاھانگىر خوجا ئاخىرقى قېتىم چېگرىدىن كىرىپ، قەشقەرنى ئالماقچى بولغاندا، بۇنىڭغا ئاۋاز قوشىدىغانلار چىقمىدى. ئەكسىچە، جاھانگىر خوجا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن ئۇچراشماي تۇرۇپلا، ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئۇنىڭغا توسۇپ زەربە بەردى.

## 4. جاھانگىر خوجا توپىلىڭى تىنجىتىلغاندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى يولغا قويغان مۇھىم تەدبىرلەر

جاھانگىر خوجا توپىلىڭى ئۇزاقتىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تۈرلۈك زىددىيەتلەرنىڭ ئىپادىلىنىشى ئىدى. شۇڭا، جاھانگىر خوجا توپىلىڭى تىنجىتىلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا دۇچكەلگەن ئەڭ جىددى ئىش ئۆتكەنكى سەۋەنلىكنى تۈزىتىش، سىياسەت يۈزلىنىشنى يېڭىۋاشتىن توغرىلاش، ھەر تەرەپتىكى مۇناسىۋەتنى باشقىدىن تەڭشەشتىن ئىبارەت ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي تۆت شەھەرنىڭ ئورنى مەسىلىسىنى، يەنى بۇ تۆت شەھەردە قانداق مەمۇرى قۇرۇلمىنى يولغا قويۇش مەسىلىسىنى توپىلاڭ تىنجىتىلغاندىن كېيىن ھەل قىلىدىغان بىرىنچى قاتاردىكى مەسىلە دەپ قارىدى.

بۇ مەسىلىنى ھەممىدىن بۇرۇن پادىشا داۋگۇاڭ ئۆزى ئوتتۇرىغا قويدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى تىنجىتىشنى باشلاشتىن ئىلگىرىلا، داۋگۇاڭ ئۆز قەلىمى بىلەن چاكىلىق قاتارلىق ئالدىنقى سەپ قوماندانلىرىغا مەخپىي يارلىق ئەۋەتىپ، ئۇلاردىن غەربىي تۆت شەھەردە سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنىڭ ئىمكانىيىتى توغرىسىدا پىكىر سورىدى.

جاھانگىر خوجا توپىلىڭى تىنجىتىلغاندىن كېيىن، داۋگۇاڭنىڭ مەخپىي يارلىقىدا سورالغان مەسىلىلەر ئۈستىدە چاكىلىق ئۆز كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، غەربىي تۆت شەھەردە سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى[39]. ۋۇ لۇڭئانىڭ

بۇ مەسىلە ھەققىدىكى كۆز قارشى چاغلىغىنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ كېتىپ،
ئۇچۇقتىن-ئۇچۇق غەربىي تۆت شەھەردىن ۋازكېچىشنى تەشەببۇس
قىلدى(40).

شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئەنگلىيە، چار روسىيە ۋە قوقەنتلەرنىڭ
ھەممىسى تيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىغا يامان غەرەز بىلەن كۆز
تىكىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، غەربىي تۆت شەھەردە سۇيۇرغاللىق تۈزۈ-
منى يولغا قويۇش، ئەمەلىيەتتە، ئاقسۇنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ۋادى-
سى بويى رايونلىرىدىن ۋازكېچىش دېگەنلىك ئىدى. بۇنىڭ ئېغىر
ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى.

غەربىي تۆت شەھەر مەسىلىسى بىردىنلا ھۆكۈمەتنىڭ ئىچى ۋە
سىرتىدا ھەممە دىققەت قىلىدىغان مۇھىم مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى.
غەربىي تۆت شەھەردىن ۋازكېچىشنى قوللىغۇچىلارمۇ ۋە ئۇنىڭغا
قارشى چىققۇچىلارمۇ تەڭلا مەيدانغا چىقتى. بىز قارشى چىققۇچىلار
قاتارىدىن گۇڭ زىجېننى تىلغا ئالىمىز. ئۇنىڭ: "گۈللىنەر ئۇلۇغ
ۋەتەن چاقماق بىلەن بوران بىلەن، ئېچىندۇرار تۈمەن تۇلپار كىش-
نىمەي پىغان بىلەن. ئەي خۇداھ كارامىتىڭنى يېڭىۋاشتىن ئىشقا
سال، قىل ئاتا قابىل كىشىڭنى بىزگە بار ئىمكان بىلەن" دېگەن
مىسرالىرى بۈگۈنكى كۈندىمۇ كىشىلەرنىڭ ئېسىدە. كىتاۋىمىزدا
گۇڭ زىجېننى تىلغا ئېلىشتىكى سەۋەپ شۇكى، تيانشاننىڭ جەنۇبى
ۋە شىمالىدا ئۆلكە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى ئەڭ بالدۇر تەشەببۇس
قىلغۇچىلار ئىچىدە ئۇمۇ بار ئىدى. ئۇ 1820-يىلى «غەربىي زېمىندا
ئۆلكە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا تەكلىۋىم»، 1829-يىلى
«پادىشا ئالىيلىرىنىڭ سوئالىغا جاۋاپ، چېگرىنى خاتىرجەملەن-
دۈرۈش، چەت-ياقا جايلارنى تىنجىتىش ھەققىدە تەكلىۋىم» قاتار-

لىق مەشھۇر مەكتۇپلارنى يازغان. ئۇنىڭ توققۇز يىل داۋامىدا شەكىللەنگەن بۇ ئىككى مەكتۇپىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك پىكرى ئۆلكە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى تەشەببۇس ئىدى. ئارىدىن يېرىم ئەسىر ئۆتۈپ، گوڭ زىجېننىڭ بۇ تەشەببۇسى ئاخىر رېئاللىققا ئايلاندى.

غەربىي تۆت شەھەردىن ۋازكېچىشكە قارشى چىققۇچىلار قاتارىدا ئىلى جاڭجۈنى يۈلىن تەسىرى ئەڭ چوڭ ئادەم ئىدى. يۈلىن ئۆز پىكرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ”گويۈەن ئىدۇسى ياڭ فاڭنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئەسكەرلەرنى كۆپەيتىش ھەققىدىكى مەكتۇپىنى ئوقۇپ، سىچۈەن باش نازارەتچىسى ئې شەننىڭ غەربىي تۆت شەھەردە سۈيۈرغاللىق تۈزۈم يۈرگۈزۈشنى قۇۋۋەتلىگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم. مېنىڭچە، مۇسۇلمانلار ماكانى سۇلالىمىزگە ئۆتكەندىن بۇيان، ئۇ يەردە ئەمەلدار ۋە قوشۇن تۇرغۇزۇلۇپ كەلدى، غەربىي تۆت شەھەر شەرقىي يولنىڭ دالدىسى، جەنۇپتىكى سەككىز شەھەر بولسا چېگرىمىزنىڭ كاپالىتى. بۇلا ئەمەس، ئالدى-ئارقا شىزاڭ، غەربىي شىمالدىكى موڭغۇل ۋە باشقا كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ياشىغان رايونلارمۇ جەنۇپتىكى سەككىز شەھەرگە سۆيۈنۈپ مۇستەھكەملىنىپ كەلمەكتە. ئەگەر غەربىي تۆت شەھەردە قوشۇن تۇرغۇزۇلماي قالسا... ئاقسۇ چەت چېگرا بولۇپ قالىدۇ-دە، ئۇنىڭ شەرقىدىكى كۇچار، قاراشەھەر، تۇرپان قۇمۇل قاتارلىق شەھەرلەر جەزمەن خاتىرجەمسىزلىنىدۇ. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، كالپۇك يېرىلسا، چىش دالدىسىز قالىدۇ. جۇغراپىيە بويىچە ئېيتقاندا، قەشقەر، يەركەن، خوتەنلەر مۇسۇلمانلار ماكانى بويىچە ئەڭ باياشات جايلار، باياشات جايلاردىن ۋازكېچىپ، نامرات جايلارغا ئىنتىلىش باندىن-

لارنى ئادەم كۆچى، قاراقچىلارنى ئوزۇق-تۈلۈك بىلەن تەمىنلىگەنگە باراۋەر، ياڭ فاڭنىڭ تاشلىۋېتىشتىن قوغداپ قېلىش ئەلا دېگەن كۆز قارىشى ھەقىقەتەنمۇ ئىسىل قاراش. بىراق ئۇنىڭ قەشقەر مەس-لىھەتچى ئامبانىنى ئاقسۇغا يۆتكەش توغرىسىدىكى تەكلىۋى ياخشى تەدبىر ئەمەس. ئاقسۇ بەك تارلىق قىلىدۇ، مەركەز قىلىشقا لايىق ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ قەشقەر بىلەن بولغان ئارىلىقى 2000 چاقىرىم كېلىدۇ، ئۇرغۇن ئىشلاردا ئۈلگۈرەلمەسلىك ئەھۋالى كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. ياڭ فاڭنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچىلەرنى كۆپەيتىش، سودا ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدىكى تەكلىپ-لىرى چېگرىنى باشقۇرۇشتىكى ئوبدان تەدبىرلەر. بۇلارنى يولغا قويۇشنى تەكلىپ قىلىمەن"[41].

يۇلىن مەركەزدە تەپتىش ئىشلىرى، يوسۇن ئىشلىرى، ئەمەلدار ئىشلىرى ھەم ھەربىي ئىشلار ۋەزىرى بولغان. ئۇنىڭ يەنە شاھ كۇتۇپخانىسىنىڭ باش ئۇستازى، شاھزادىنىڭ مەربىيەتچىسى قاتارلىق ئۇنۋانلىرى بار. دېمەك، ئۇ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانى بىلەن خېلى قويۇق ئالاقىدە بولغان.

يۇلىننىڭ تەكلىۋى پادىشا داۋگۇاڭنىڭ قوشۇلۇشىغا سازاۋەر بولدى. سۈيۈرغاللىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇش تەرەپدارى چاڭلىڭ مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى، ۋۇ لۇڭئا چاڭلىڭنىڭ تەشەببۇسىغا قوشۇلغانلىقتىن، داۋگۇاڭ يارلىق چۈشۈرۈپ ئۇنى قاتتىق ئەيىپلىدى. غەربىي تۆت شەھەر توغرىسىدىكى مۇنازىرە شۇنىڭ بىلەن ئاياقلاشتى. سۈيۈرغاللىق تۈزۈمى ئىنكار قىلىنىپ، غەربىي تۆت شەھەر داۋاملىق ھالدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ بىر تۇتاش مەمۇرى باشقۇرۇشى ئاستىغا قويۇلدى.

1828ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جىلى زۇڭدۇسى نا يەنچېڭنى تىيانشاننىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى ئىشلارنى سەرەمجانلاشتۇرۇشقا پادىشا مۇپەتتىشى قىلىپ ئەۋەتتى.

جاھانگىر خوجا توپىلىڭى تىنجىتىلغاندىن كېيىن، سەرەمجانلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك ئىشلاردا مۇنۇ ئىككى چوڭ مەسىلە ئاساسىي ئورۇندا تۇردى: بىرىنچى، ئىچكى سىياسەتلەرنى باشقىدىن بەلگىلەش، ئىككىنچى، قوقەنت خاندانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر ياقلىق قىلىش.

نا يەنچېڭ قەشقەر قاتارلىق جايلاردا بىرقانچە ئاي تۇرۇپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ پادىشا داۋگۇاڭغا بىرقانچە ئون پارچە مەكتۇپ سۇندى. نا يەنچېڭنىڭ بۇ مەكتۇپلىرى كېيىن «مەرىپەتلىك، قەيسەر ئەرباپ نا يەنچېڭنىڭ پادىشاغا سۇنغان مەكتۇپلىرى» دېگەن نامدا كىتاب قىلىندى. ئۇ بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ 19ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى نا يەنچېڭنىڭ تەكلىپلىرىگە ئاساسەن، تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى يولغا قويدى.

1. مەسلىھەتچى ئامبان يىلىنىڭ ئاخىرىدا جايلاردىكى چېرىكچى ئامبانلار ۋە ئىش بېجىرگۈچى ئامبانلارنىڭ خىزمەت نەتىجىسىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش، ئاندىن ئىلى جاڭجۇنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈش؛ ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئۆزئارا نازارەت قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، جايلاردىكى ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ دەرىجە ئاتلاپ مەسلىھەتچى ئامبان، ئۇتۇق ئامبان ۋە جاڭجۇن ئۈستىدىن ئەرز قىلىشىغا يول قويۇش.

2. ئەمەلدارلارنىڭ مائاشىنى ئۆستۈرۈش. ئىلى جاڭجۈنىنىڭ يىللىق مائاشىنى 3000 سەر كۆمۈشتىن 4000 سەر كۆمۈشكىچە، قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبانىنىڭ يىللىق مائاشىنى 1500 سەر كۆمۈشتىن 2000 سەر كۆمۈشكە، ئۈرۈمچى تۇتۇق ئامبانىنىڭ يىللىق مائاشىنى 1888 سەر كۆمۈشتىن 2388 سەر كۆمۈشكە، ئاقسۇ ئىش بېجىرگۈچى ئامبانىنىڭ يىللىق مائاشىنى 400 سەر كۆمۈشتىن 1200 سەر كۆمۈشكە ئۆستۈرۈش، ئەمەلدارلارنىڭ خاتىرجەم ئىشلىشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرىنى ئېلىپ يۈرۈشكە رۇخسەت قىلىش.

3. ھەرقايسى ئىش بېجىرگۈچى ئامبان يامۇللىرىنىڭ ھاشار ئېلىش نورمىسىنى مۇقىم بېكىتىش. ئىش بېجىرگۈچى ئامبان يامۇللىرىنىڭ زەنگى (كاتىپ)لىرىنى بېيجىڭدىن ئەۋەتىش، ھەربى قوشۇنلار ياكى ئۆز قول ئاستىدىكىلەردىن ئېلىشقا رۇخسەت قىلماسلىق.

4. بەگلەرنى تەيىنلەش مىزانىنى قايتا تەكىتلەش، سالاھىيىتىگە قاراپ، نامزاتنى ئېھتىيات بىلەن كۆرسىتىش، ئۆز جايىدىن يىراقلاشتۇرۇش، پارىخورلۇقنى مەنئى قىلىش بەلگىلىمىسىنى يولغا قويۇش.

5. جاھانگىر خوجا توپىلىڭىغا قاتناشقانلارنىڭ يەر-زېمىنلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، ھۆكۈمەت نامىدىن ئىجارىگە بېرىش، بۇنىڭدىن 56 مىڭ دادەن ئىجارە ھەققى ئېلىپ، بۇنىڭ 38 مىڭ دادىنىنى ھەربىلەرنىڭ مائاشىغا، قالغان 18 مىڭ دادىنىنى باشقا چىقىملارغا سەرپ قىلىش. شۇنىڭ بىلەن بىللە قەشقەر، يەركەنلەردە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇپ، ھەربى خىراجەتنىڭ كەملىكىنى تولدۇرۇش.

6. قەلئەلەرنى قايتا سېلىش، قاراۋۇللارنى كۆپەيتىش، تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىدىكى بوستانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆرتەڭ-لەنگەرلەرنى كېڭەيتىش، ۋاھاكازالار[42].

جاھانگىر خوجا توپىلىڭى تىنجىتىلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوقەنت خاندانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن سوغاقلىشىپ كەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى، بىرىنچى، قوقەنت ئېلىمىزدىكى تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا ئاشكارا ھالدا ئەسكەر چىقىرىپ، جاھانگىر خوجىنى يۆلىگەن؛ ئىككىنچى، قوقەنتلىقلاردىن تەركىب تاپقان قوشۇن جاھانگىر خوجا توپىلاڭچى قوشۇنىنىڭ تايانچ كۈچى بولغان؛ ئۈچىنچى، جاھانگىر خوجا قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن، قوقەنت خاندانلىقى جاھانگىر خوجىنىڭ بالا-چاقىلىرىنى داۋاملىق قوغداپ، چىڭ سۇلالىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى رەت قىلغان. شۈبھىسىزكى، بۇ ھال چىڭ سۇلالىسى بىلەن قوقەنت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە قاتتىق تەسىر يەتكۈزدى. شۇڭا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ قوقەنتكە قاراتقان سىياسەتلىرىدە روشەن ئىنتىقام ئېلىش خاراكتېرى ئىپادىلەنگەن.

بۇ سىياسەتنىڭ ئاساسى مۇقامى نايەنچېڭنىڭ داۋگۇاڭغا سۇنغان بىر مەكتۇبىدا بەلگىلەنگەن. نايەنچېڭ مۇنداق دېگەن: "سۇلالىمىز ئەنجانلىقلارنىڭ چېگرىمىزغا كىرىپ، سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا كەڭچىلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ نىترامىن، چاي، گۈڭگۈرت ۋە باشقا نەرسىلەرنى سىرتقا ئېپچىقىپ سېتىپ، ھايان ئېلىشىغا رۇخسەت قىلغان. ئۇلاردىن ھەرقايسى شەھەرلەرگە كىرىپ ئورۇنلىشىۋالغانلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك ئۆز ئالدىغا ھويلا-ئارام سېتىۋېلىپ ماكانلىشىپ، سۇلالىمىزنىڭ ئىلتىپاتىدىن بەھرىمەن بولۇپ،

مۇسۇلمان پۇقرالىرىمىزغا ئوخشاش تۇرمۇش كەچۈرگەن. بىراق
ئۇلار بۇلارنى ئېتىۋارغا ئالماي، ئاسىلارغا ئەگىشىپ توپىلاڭ
كۆتەرگەن. ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى پاجىئەلىك تۈردە ئۆلتۈرگەن،
مۇسۇلمان پۇقرالىرىمىزنى دەپسەندە قىلغان. بۇلارنىڭ قىلمىشلىرى
ھەقىقەتەنمۇ قائىدە-يوسۇندىن چىقىپ كەتكەن، قىلمىشى ھەددىدىن
ئاشقان، بۈگۈنكى كۈندە ئۇلاردىن چېگرىمىز ئىچىدە ماكانلىشىپ،
سودىگەرچىلىك قىلىۋاتقانلار تېخىمۇ كۆپ. ئۇلار ئىچكى ئەھۋال-
مىزنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا، جاھانگىر خوجا
چېگرىمىز سىرتىدىكى ئەنجانلىقلارنى قولچوماق، چېگرىمىز ئىچىگە
ماكانلىشىۋالغان ئەنجانلىقلارنى بولسا يۆلەنچۈك قىلغان، بىراق،
ئۇلار ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەنلا تىرىپىرەن بولۇپ كەتكەن،
جاھانگىر خوجا توپىلىڭىغا بۇيرۇتلارنىڭ رايىنى قايتۇرۇپ، دالىدا
جايلارنى ئۆزىمىز ۋەيران قىلىپ تاشلىغانلىقىمىز سەۋەپ بولغان
بولسىمۇ، لېكىن ئەنجانلىقلارنىڭ ئىچكى-تاشقى جەھەتلەردە ماسلى-
شىپ بەرگەنلىكىمۇ جاھانگىر خوجىنىڭ نوخۇلىسىنى ئۆستۈرۈپ
قويغان"(43).

بۇ مەسىلىدە نا يەنچېڭنىڭ تەكلىپ قىلغان تەدبىرى مۇنۇلاردىن
ئىبارەت: "چاي ۋە نىترامىننىڭ چېگرا سىرتىغا ئېلىپ كېتىلىشىنى
قەتئىي مەنئى قىلىش كېرەك، چېگرىمىز ئىچىدە ئېقىپ يۈرگەن
ئەنجانلىقلارنى تامامەن چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، بۇيرۇتلارنى
ئۆزىمىزگە جەلىپ قىلىش، قاچان ئەنجانلىقلار چېگرىمىزغا كېلىپ
ئولپان تاپشۇرۇشنى ئىلتىماس قىلغاندا، ئاندىن ئۇلارغا شەپقىتى-
مىزنى كۆرسىتىش"(44).

قوقەنتنىڭ ئېلىمىز بىلەن بولغان سودا جەھەتتىكى بېرىش-

كېلىشلىرى ئۆتكەن ئەسىردىلا باشلانغان ئىدى. دەسلەپتە ئۆچتۇرپان بىلەن قەشقەر سودا سورۇنى قىلىپ بېكىتىلگەن. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى كېڭىيىپ، ئاقسۇ، كۇچار، يەركەن ھەتتا خوتەنلەرگىچە يەتكەن ئىدى.

قوقەنت ئۆزىنىڭ پايدىلىق جۇغراپىيىلىك شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى رايونلار بىلەن بولغان سودا ئىشلىرىغا داخىل بولۇپ، ئېلىمىزدىن نىترامىن، چاي قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى رايونلارغىچە ئېلىپ بېرىپ ساتقان. بۇ جايلاردىن بولسا تۈرلۈك ئۈنچە-مەرۋايىت، زىننەت بۇيۇملىرى، تېرە-كۆن، تۇرمۇش ئەسۋاپلىرى قاتارلىقلارنى ئېلىمىزگە ئېلىپ كېلىپ ساتقان. خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە چېگرا بېجى قوقەنت خاندانلىقىنىڭ ئاساسىي مالىيە كىرىملىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن.

سودا پائالىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئېلىمىزدە مۇھاجىر بولۇپ تۇرغان قوقەنت پۇقرالىرى (ئەنجانلىقلار*) كۆپەيگەن. 1828-يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ئېلىمىزدە مۇھاجىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەنجانلىقلار 5122 ئائىلىلىك بولۇپ، بۇلاردىن 3602 ئائىلە تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا، 460 ئائىلە ئىلى رايونىغا ماكانلاشقان.

پادىشا داۋگۇاڭ نا يەنچېڭنىڭ تەكلىۋىگە تامامەن قوشۇلۇپ، ھەممىدىن ئاۋۋال قوقەنت بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ

* ئەنجان شەھىرى قوقەنت خاندانلىقىغا قاراشلىق سەككىز شەھەرنىڭ بىرى بولۇپ، شۇ ۋاقىتلاردا قوقەنت پۇقرالىرى ئومۇمى يۈزلۈك ئەنجانلىقلار دەپ ئاتىلاتتى.

تاشلىدى، ئارقىدىنلا يەنە چەكلەش خاراكتېرىدىكى تەدبىرلەرنى يولغا قويدى:

بۇ تەدبىرلەرنىڭ بىرىنچىسى ئەنجانلىقلارنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىشتىن ئىبارەت بولدى. چىڭ سۇلالىسى بۇ ھەقتە مۇنداق بەلگىلىمە چىقاردى: ئېلىمىزدە ئولتۇراقلاشقىنىغا ئون يىل توشمىغانلار چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ. ئولتۇراقلاشقىنىغا ئون يىل توشقان بولسىمۇ، ئۆزلىرى يوشۇرۇن چاي ۋە رېۋەن توشۇغان ياكى قاچقۇن جوغلاپ ساقلىغانلارمۇ ئوخشاشلا چېگرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىدۇ.

مۇشۇ بەلگىلىمە بويىچە، 289 ئائىلىلىك ئەنجانلىق چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان، 9338 جىڭ رېۋەن، 68 مىڭ 923 جىڭ چاي مۇسادىرە قىلىنغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدە ئەنجانلىقلارنىڭ قوغلاپ چىقىرىلىش ئەھۋالى ئۈستىدە توختالغاندا، "قوغلاپ چىقىرىلىدىغان چاغدا، ئۇلار يىغا-زارە قىلىشىپ كەتتى، ھالى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بولدى" دەپ ئېتىراپ قىلىنغان㊺.

ئىككىنچى تەدبىر ئېلىمىزدە ئولتۇراقلىشىشقا شەرتى توشقان ئەنجانلىقلارنى يۇقىرالار قاتارىدا تىزىمغا ئېلىش، ھاشار-سەيسەلەرگە قويۇش، لېكىن سودا-تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت قىلماسلىق؛ يەر-مۈلۈك قىلىشىغا رۇخسەت قىلماسلىق؛ يەر سېتىۋېلىشقا توغرا كەلسە، سېتىۋالىدىغان يەر 100 مودىن ئاشماسلىق؛ ئۇيغۇرلار بىلەن نىكاھلىنىشقا رۇخسەت قىلماسلىق؛ بالا-چاقىلىقلار ئۆز بالا-چاقىلىرىنى تىزىمغا ئالدۇرۇش؛ بالا-چاقىسىزلارنىڭ ماكان تۇتۇشىغا رۇخسەت قىلماسلىق؛ چېگرىدىن چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلغانلار چېگرىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، قايتا كىرىشىگە رۇخسەت قىلماسلىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى.

قوقەنت خاندانلىغىغا قارشىلىغان بۇ تەدبىرلەر قوقەنت خاندانلىغىنى چېڭ سۇلالىسىنىڭ قىلىپىغا چۈشۈرەلمىدى، ئەكسىچە، يەنە بىر قېتىملىق تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش ئۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

1830 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، قوقەنت قوشۇنى چېڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ بىر قىسمى گەنسۇ، شەنشىلەرگە يۆتكىلىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئىلىمىزدىكى تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا يەنە بىر مەرتەم تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. بۇ قېتىم جاھانگىر خوجىنىڭ ئاكىسى يۈسۈپ قوقەنت خاندانلىغى ئۈچۈن قورچاق بولدى.

قوقەنت قوشۇنى قاراكۆل، مىگيول قاراۋۇللىرىدا چېڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، بىۋاستە ئىتتىلىپ كىلىپ، قەشقەر بىلەن يېڭىسارنى قورشىۋالدى، ئۇزاق ئۆتمەيلا قوقەنت قوشۇنى يەركەن قەلئەسىگىمۇ قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي رايونىدا يەنە بىر مەرتەم جىددى ئۇرۇش سىگنالى ياڭرىدى.

يەركەنگە قارشىلىغان ھۇجۇم روشەن ھالدا ئىستىراتېگىيىلىك مەقسەتتە بولدى. قوقەنت قوشۇنى تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىدىكى چېڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى ئايرىم ـ يىگانە جايلارغا بۆلۈپ تاشلاپ، بىر ـ بىرلەپ يوقاتماقچى بولدى، شۇڭا، يەركەن جېڭى ئىنتايىن كەسكىن بولدى.

شۇ يىلى 10 ـ ئايدا، ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەتچى ئامبانى رۇڭئەن بۇيرۇققا بىنائەن 4500 ئەسكەر بىلەن ئاقسۇ ئارقىلىق قەشقەرگە ياردەمگە باردى. رۇڭئەن ئاقسۇغا كەلگەندە، بۇ جايدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارمۇ ئۇنىڭ قوماندانلىغىغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق بىر قوشۇن بولدى. بىراق، رۇڭئەن بەكمۇ

قورقۇنچاق بولغانلىقتىن، ئۇزۇق-تۈلۈك ۋە ئەسكەرىي كۆچ يېتىشـ
مەيدۇ، دىگەن بانا بىلەن، ئۆز ئورنىدىن قوزغالمىدى. قايتا ـ قايتا
ئەيىپلەنگەندىن كېيىن، رۇڭشەن ئاندىن ئۇچتۇرپان ۋە خوتەنگە
قوشۇن تارتىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. تارىم ۋادىسىنىڭ
جەنۇبىدىكى ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشكە ھىچقانداق پايدىسى بولمىغان
بۇ ئۇرۇش لايىھىسى داۋگۇاڭ تەرىپىدىن رەت قىلىندى. چاڭلىڭ
يېڭىشاشتىن قۇدرەتنى جەۋلان قىلغۇچى جاڭجۈن بولۇپ تەيىنلەندى،
ياڭ فاڭ، خا لاڭئالار ئۇنىڭ مەسلىھەتچىسى بولدى. چاڭلىڭنىڭ
رىياسەتچىلىگىدە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى باشقىدىن ئورۇنلاشـ
تۇرۇلدى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى مەسلىھەتچى خا لاڭئا ۋە تىدۇ خۇچاۋـ
لارنىڭ قوماندانلىغىدا ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ ۋە
29 ـ كۈنلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قەشقەر ۋە يېڭىسارلارغا يېتىپ
باردى. بۇلاردىن ئىلگىرى خوتەنگە يېتىپ بارغان چىڭ سۇلالىـ
سىنىڭ 3000 كىشىلىك قوشۇنى ئورۇمچى تىدۇسى خا فىڭئانىڭ
قوماندانلىغىدا، 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى يەركەنگە جەنۇپتىن 40
چاقىرىم كېلىدىغان دەريا كۆۋرۈكگە كەلدى ۋە قوقەنت قوشۇنىنىڭ
بىر تارمىغىنى يوقاتتى.

قوقەنت تاجاۋۇزچىلىرىنى چېكىندۈرۈش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى
مالىيە ۋە ئادەم كۈچى جەھەتتە يەنە بىر مەرتەم غايەت زور چىقىم
تارتتى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا 40 مىڭدىن جىق ئەسكەر ئاتلاندـ
ۇرۇلدى، ھەربى ئوزۇق-تۈلۈك ئۈچۈن ئېيىغا 15 مىڭ دادەن
ئاشلىق چىقىم بولدى. بۇ ئاشلىقنى يەتكەشكە، كىرا ھەققى ئۈچۈنلا
100 مىڭ سەردىن ئارتۇق كۈمۈش كەتتى[46].

1828 ـ يىلدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىيانشانىنىڭ جەنۇبىدا يولغا قويغان سەرەمجانلاشتۇرۇش تەدبىرلىرىنىڭ ئۇنۇمى بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا قاتتىق سىنالدى.

قوقەنت قوشۇنلىرى بۇ قېتىم تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتە، گەرچە يۇسۇپكە ئوخشاش قورچاقنى ۋە خېلى زور قوشۇننى ئىگە بولسىمۇ، ئۆت ئاي ۋاقىت ئىچىدە يۇسۇپنىڭ خوجىلىق سالاھىيىتى جاھانگىر خوجىنىڭكىدەك ئۇنداق دەبدەبە پەيدا قىلالمىدى، قوقەنت قوشۇنلىرىمۇ جەڭدە ھېچقانداق كونكرېت نەتىجە قازىنالمىدى. بۇ تاجاۋۇزچى قوشۇن تاكى چېكىنىدىن قېچىپ كەتكەنگە قەدەر بىرەر قەلئەنىمۇ ئالالمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا ئۆز سەۋەنلىكىنى تۈزىتىش مەقسىدىدە يولغا قويغان سىياسەت ـ تەدبىرلىرى ئۈنۈم بېرىشكە باشلىغان ئىدى.

يەركەننى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، جاھانگىر خوجا توپىلىڭى تىنجىتىلغاندىن كېيىن، موڭغۇل سېرىق چاتما ئەلەم قوشۇنغا مەنسۇپ بولغان بىچاڭ "بىرىنچى دەرىجىلىك شاھ دورغاپى" دىگەن ئۇنۋان بىلەن يەركەن ئىش بېجىرگۈچى ئامبانلىقىغا تەيىنلەنگەن ئىدى. ئۇ يەركەننىڭ قارا بوز ئات ئۆرتىڭى بىلەن يېڭىسارنىڭ جامى ئورنى ئۆرتىڭى ئارىلىغىدىكى قىزىلىراۋات دىگەن يەردە يېڭى ھەربى ئۆرتەڭ تەسىس قىلىش بىلەن، ئۇنىڭ ئەتراپىغا سۇ باشلاپ كېلىپ بىدە تېرىپ، ھەم يول ئۈستىدىكى ھەربىلەر ۋە سودىگەرلەرگە ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بەردى، ھەم بۇ ئىككى جاينىڭ ئالاقە يولىنى قىسقارتتى. بىچاڭ يەركەن دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى تاتار ۋە قىزاۋات دىگەن جايلاردا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇنى دىخانلارغا ئىجارىگە بەردى ھەم ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى بۇ بوز يەرلەرنى

تېرىغۇچى دېخانلارنىڭ تۇنجى يىلى تۆلەيدىغان ئىجارە ھەققىنى كەچۈرۈم قىلدى، بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە ھۆكۈمەتكە تىزىملاتمىغان يەرلەرنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇلاردىن 19 مىڭ دادەن ئاشلىق غەللە-پاراق ئېلىپ، ئۇنى ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، قاراشەھەر قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنىڭ مائاشىغا سەرپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەركەن ھۆكۈمەت ئامبارلىرىدا ساقلىنىۋاتقان تۇراقلىق ئاشلىق 20 مىڭ دادەندىن كەم بولماسلىق، ھەر يىلى ئامبارلاردىكى كونا ئاشلىقلارنى سېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى يېڭى ئاشلىق بىلەن تولدۇرۇپ تۇرۇش دېگەن بەلگىلىمىنى چىقاردى. بۇنىڭدىن باشقا، بىچاڭ يەنە كونا شەھەردىكى ھۆكۈمەت مال-مۈلۈكلىرىنى يېڭى شەھەرنىڭ شىمالىي سېپىلى سىرتىدىكى بوش يەرگە تېگىشىپ، بۇ بوش يەرلەرگە ئىمارەت ۋە دۇكانلارنى سالدۇرۇپ، يېڭى سودا ۋە ئاھالىلەر رايونى بەرپا قىلدى.

شۇ ۋاقىتتىكى يەركەن "جاي-جايلاردىن كەلگەن ماللار بىلەن تولۇپ، بۇرۇنقىدىن ھەسسىلەپ ئاۋاتلاشتى."

بۇرۇنقىدىن ھەسسىلەپ ئاۋاتلاشقان ئەھۋال تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدىكى باشقا جايلاردىمۇ كۆرۈلدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، چىڭ سۇلالىسى خەلقنىڭ رايىنى ئۆزىگە قارىتىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. تۆۋەندىكى ئىككى نەقىل بۇنىڭغا شاھىت بولالايدۇ.

بىرىنچى نەقىل، بۇ ھەربى ئاخباراتلاردىن بىرى بولۇپ، «پادىشا شۇەنزۇڭنىڭ پائالىيەتلىرىدىن خاتىرە»نىڭ 17-جىلدىدىن ئېلىندى. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ: "تۇنۇگۇنكى خەۋەرلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، خوجا ۋە ئەنجانلىقلار بۇيرۇتلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، قەشقەردىكى يېڭى شەھەرنى قورشىۋېلىپ، قايتا-قايتا

ھۇجۇم قىلىپمۇ ئالالمىغان. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، چېگرا ئىچىدىكى
مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىلا توپىلاڭچىلارغا ئەگىشىپ كەتمىگەن،
كۆپىنچىسى تېكىرقاپ چەتتە قاراپ تۇرغان... مۇسۇلمانلارنىڭ
تۆگەل ئەگىشىپ توپىلاڭ كۆتەرمىگەنلىكىنى كۆرگەن چېگرا سىرتى-
دىكى بۇيرۇتلارمۇ تېكىرقاپ قالغان."

ئىككىنچى نەقىل بىچاكنىڭ قوقەنت قوشۇنىنىڭ مەغلۇپ
بولۇشىدىكى سەۋەپلەر ئۈستىدە يۈرگۈزگەن مۇلاھىزىسى بولۇپ، ئۇ
بىچاك ئۆزى يازغان «قەلئەنى قوغداش خاتىرىلىرى» دېگەن
ئەسەرىنىڭ 1-كىتاۋىغا ئېلىنغان. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ:
"داۋ گۇاڭنىڭ 6-يىلى، جاھانگىر خوجا چېگرىدىن كىرگەندە،
قوزغىلىپ ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشمىغان بىرمۇ مۇسۇلمان قالمىغان ئىدى.
لېكىن ئۇلار قوقەنتلىقلارنىڭ قەشقەر يېڭىساردىكى مۇسۇلمانلارنى
دەپسەندە قىلغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق ئېچىنغان، ئاخىرى خوجى-
لارنىڭ ئەسقاتمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەن. خوجىلار باندىتلارنى
باشلاپ كەلگەنۇ، تىزگىنلەپ تۇرالمىغان، قوقەنتلىقلارنىڭ ھىلە-
مىكىرىگە ئالدىنىپ كەتكەن. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ئېتىقادى
يېنىپ، قورقۇنچى ئاشقان."

قوقەنتلىقلارنىڭ بۇ قېتىمقى تاجاۋۇزىدا كەڭ ئۇيغۇر خەلقى
ئۇلارغا قوشۇلمايلا قالماستىن، بەلكى قوزغىلىپ، تاجاۋۇزچىلارغا
قارشى كۈرەشكە ئاتلاندى. يەنە يەركەننى مىسال قىلايلى. قوقەنت
تاجاۋۇزچىلىرى قەشقەر ۋە يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلغان ۋاقىتلاردا،
بىچاڭ يەركەندىن يېڭىسارغا بارىدىغان قاراۋات، سېرىق كۆلگە
بارىدىغان لەنگەر شۇنىڭدەك بارچۇق قاتارلىق جايلاردا چىڭ
سۇلالىسى ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنى تۇرغۇزۇپ،

مۇداپىئە چەمبىرىگىنى ھاسىل قىلغان ئىدى، بىراق، 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى قوقەنت تاجاۋۇزچىلىرى بۇ مۇداپىئە رايونلىرىدىن داجىپ ئۆتۈپ، شەرقىي شىمال تەرەپتىن يەركەن قەلئەسىنىڭ يېنىغا باستۇرۇپ كەلگەندە، يەركەن قەلئەسىنى قوغداۋاتقان چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى ناھايىتى ئاز قالغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار بىرلىكتە قوقەنت تاجاۋۇزچىلىرىنى تۈنجى قېتىم تارمار قىلدى. قالدۇق دۈشمەنلەر يەركەننىڭ كونا شەھرىگە باستۇرۇپ كىرگەندە، ھەتتا ئۇيغۇر ئاياللىرىمۇ دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ، 300 دىن ئارتۇق دۈشمەننى تىرىك تۇتۇۋالدى.

11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى 6000 دىن ئارتۇق قوقەنت ئاتلىق ئەسكىرى يەركەننى يەنە بىر مەرتەم قورشىۋالدى. لېكىن بۇ قېتىملىق جەڭدىمۇ قوقەنت تاجاۋۇزچىلىرى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. يەركەن ھاكىمبېگى ئابدۇراخمان ئۇيغۇر ئەسكەرلەرنى باشلاپ، دۈشمەننى 40 نەچچە چاقىرىم يەرگىچە قوغلاپ بېرىپ، سۈرۈپ ـ توقاي قىلىۋەتتى. شۇ قېتىمقى جەڭگە چىڭ سۇلالىسى تەرەپتىن پەقەت 800 لا ئەسكەر قاتناشتى. 800 ئەسكەر بىلەن بەش ـ ئالتە مىڭ دۈشمەننى چېكىندۈرۈش ھەربىي ئىشلار جەھەتتە بىر مۆجىزە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

«مۇقەددەس ھەربىي ئىشلار مۇۋەپپەقىيەتلىرى» ناملىق ئەسەردە يەركەننى قوغداش جېڭى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلۈپ مۇنداق دېيىلگەن: ”بۇ قېتىمقى جەڭدە مۇسۇلمانلار بىلەن خەنزۇلار بىر نىيەتتە بولۇپ، ئاز كۈچ بىلەن كۆپ ساندىكى دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. بۇنىڭدا تامامەن ھاكىمبەگ ئابدۇراخماننىڭ ياردىمىگە تايىنىلدى.“

قوقەنت تاجاۋۇزچىلىرى ئۈستىدىن قىلىنغان غەلىبىنى ھەربى خاراكتىرلىق غەلىبە دىگەندىن كۆرە، سىياسى خاراكتىرلىق غەلىبە دىگەن تۈزۈك. قوقەنت قوشۇنلىرى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ھەربى ئىشلار جەھەتتىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ يېتىشسىزلىكلىرى تامامەن ئاشكارىلاندى. شۇڭا، تېخىمۇ مۇۋاپىق ھەربى ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىش شۇ زاماندا چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان يەنە بىر جىددى تېما بولۇپ قالدى.

1831-يىلى، چاڭلىڭ ئىلى جاڭجۈنى يۈلىن بىلەن بىرلىكتە پادىشاغا مەكتۇپ سۇنۇپ، ھەربى ئىشلار جەھەتتىكى تەكلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تەكلىپتە مۇنداق دېيىلگەن: "بۇ قېتىمقى تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش جاھانگىر خوجىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇلار ھاپىلا-شاپىلا يىغىلغانلار بولۇپ، پەقەت ئۆزلىرىنىڭ قوغلاپ چىقىرىلغانلىقى، مال-مۈلۈكلىرىنىڭ مۇسادىرە قىلىنغانلىقىغا نارازى بولۇپ، ئارتقان زېمىننى تالان-تاراج ئارقىلىق تۆلىتىۋېلىش نىيىتىدىلا كەلگەن، ئۇلار زېمىن، پۇقراغا ئانچە ھەۋەس قىلمىدى، جايلاردىكى مۇسۇلمانلار باندىتلارنىڭ تالان-تاراج قىلىشىدىن قورقۇپ، ھۆكۈمەتكە ھەمدەملىشىپ قەلئەلەرنى قوغدىدى. بۇمۇ ئۆتكەن يىللاردىكىدەك ئۆز ئىختىيارى بىلەن توپىلاڭچىلارغا ئەگىشىپ كېتىشكە ئوخشىمايدۇ. نۆۋەتتە، ئۇرۇش بىرىنچى ئورۇندا ئەمەس، بەلكى مۇداپىئەلىنىش بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، بىراق، قوشۇنىمىز يېتىپ كەلمەي تۇرۇپلا باندىتلار قېچىپ كېتەتتى. قوشۇن ئۇزاق تۇرغۇزۇلسا، باندىتلارنى يوقاتقىلى بولمايتتى. دېمەك، ئۇرۇش قىلىشتىمۇ، مۇداپىئەلىنىشتىمۇ مۇكەممەل سىياسەت-تەدبىرلىرىمىز يوق. ئامبانلار بوز يەر

ئۆزلەشتۈرگۈچى ئەسكەرلەرنى كۆپەيتىشنى، شۇ يول بىلەن مالىيە چىقىمىنى باشقا جايلاردىن يۆتكەپ ئاپىرىدىغان ئەھۋالنى ئازايتىشنى تەكلىپ قىلغۋاتىدۇ. لېكىن، بۇنى ئېيتماق ئاسان، قىلماق تەس، ئۈنۈم ھاسىل بولغاندىمۇ بىرقانچە ئون يىلدىن كېيىن بولۇشى مۇمكىن. بىزلەر قايتا-قايتا مەسلىھەتلىشىپ شۇنداق پىكىرگە كەلدۇق: ئەسكەر ئېلىپ ماڭغۇچىلارنى مەغلۇپ بولۇشتىن خالى قىلىپ، باشقىلار ئۇنى بويسۇندۇرالمايدىغان، ئۇ باشقىلارنى بويسۇندۇرالايدىغان قىلىش ئۈچۈن، بىردىن-بىر چارە، مەسلىھەتچى ئامباننىڭ تۇرۇشلۇق جايىنى قەشقەردىن يەركەنگە يۆتكىۋېتىشتىن ئىبارەت. چۈنكى، يەركەن مۇسۇلمانلار ماكانىنىڭ مەركىزى. ئۇ قەشقەرگە ئالتە سەپەر يول بولۇپ، يىراقمۇ ئەمەس، يېقىنمۇ ئەمەس، خوتەن چېرىكچى ئامبانى ئۇنىڭ قوماندانلىقىغا تاپشۇرۇلسا، قەشقەردە ئالماشقۇچى مۇداپىئە قوشۇن باش چېرىكچى قوماندانلىقىدا ئالماشتۇرۇلىدىغان قوشۇن قالدۇرۇلۇپ، يېڭىسار چېرىكچى ئامبانىنىڭ قوماندانلىقىدىكى قوشۇن بىلەن ئۆزئارا يۆلەنچۈك بولۇپ تۇرسا، بارچۇقتا باش چېرىكچى قوماندانلىقىدا قوشۇن تۇرغۇزۇلۇپ، ئورمانلىق دېگەن جاي كېكىردىگى قىلىنسا، شۇنداق بولغاندا، قوشۇن تۇرغۇزۇلغان بۇ ئالتە قەلئەنىڭ ئۆزئارا ئارىلىقى بىرقانچە يۈز چاقىرىمدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. غەربىي تۆت شەھەردە تۇرغۇزۇش بەلگىلەنگەن 6000 كىشىلىك قوشۇندىن باشقا، ئىلىدىن كەلتۈرۈلگەن ئاتلىق قوشۇندىن 3000 كىشى، شەنشى، گەنسۇلاردىن كەلتۈرۈلگەن يېشىل تۇغلۇق ئەسكەرلەردىن 4000 كىشى جايلاردا تۇرۇشقا قالدۇرۇلۇپ قېلىنسا، باش زاپاس كۈچ بولسا مەسلىھەتچى ئامباننىڭ ئىلكىدە تۇرسا، يېڭى تۇرغۇزۇلغان قوشۇنلارنىڭ ئۇزۇق-

تۆلۈك ۋە باشقا چىقىملىرى ئۈچۈن ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى يېشىل تۇغلۇق ئەسكەرلەرنىڭ 20 پىرسەنتى قىسقارتىلىپ، ئۇنىڭدىن يىلىغا 300 مىڭ سەر كۈمۈش تېجەپ، مۇسۇلمانلار رايونىدىكى قوشۇنلارغا سەرپ قىلىنسا، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشتىن ئۈنۈم ھاسىل بولۇپ، مۇسۇلمانلار رايونىدىكى قوشۇنلار خىراجەتىنى ئۆز جايىدىن ھەل قىلىدىغان بولغاندا، ئاندىن ئىچكىرىدىن يۆتكىلىدىغان مالىيە توختىتىلسا"㊼.

چاڭلىڭ بىلەن يۈلىننىڭ بۇ تەكلىۋىنىڭ نېگىزى تارىمنىڭ جەنۇبىدا غەرپكە قارىتىلغان ھالقىسمان مۇداپىئە لىنىيىسى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ھالقىسمان مۇداپىئە لىنىيىسىنىڭ مەركىزى يەركەن بولۇپ، بۇ يەرگە ھەر تەرەپكە ئاتلىنىشقا تەييار تۇرىدىغان باش زاپاس قوشۇن ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. قەشقەر، يېڭىسار، بارچۇقلار ئۆزئارا بىر بىرىگە يۆلەنچۈك بولۇپ، بۇ ھالقىسمان مۇداپىئە لىنىيىسىنىڭ ئىچكى قەۋىتىنى شەكىللەندۈرەتتى.

يۇقۇرقى تەكلىپكە بىچاڭ قىسمەن تۈزىتىش كىرگۈزدى. ئۇ مۇنداق دىگەن: "چاڭلىڭلار بارچۇقتا 3000 چېرىك تۇرغۇزۇشنى تەكلىپ قىپتۇ. بۇ قەلئە تېخى پۈتمىگەنلىكتىن، بۇ چېرىكلەرنىڭ ئىككى مىڭى يەركەن، قەشقەرلەرگە بۆلۈپ بېرىلسە، بۇ ئىككى قەلئەنىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى بارچۇقنىڭكىدىنمۇ مۇھىم. شۇڭا، ۋاقىتلىق ئاجرىتىلغان چېرىك سانىنى مەڭگۈلۈك قىلىۋېتىشنى، بۇنىڭدىن باشقا قەشقەردە يەنە 3500 يېشىل تۇغلۇق چېرىك كۆپەيتىپ، قىزىل دەرياسىدا تۇرغۇزۇشنى، يەركەنگە ئۈرۈمچىدىن 500 مانجۇ چېرىكى، 1000 يېشىل تۇغلۇق چېرىك كۆپەيتىپ ئەۋەتىشنى تەكلىپ قىلىمەن"㊽.

ئوردىدا قايتا-قايتا مۇھاگىملەردىن ئۆتكەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چاڭلىڭ قاتارلىقلارنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن جەھەتتىن قوشۇلدى. بىچاڭ مەسلىھەتچى ئامبانلىقتا ئۆستۈرۈلۈپ، مەسلىھەتچى ئامبان ياغولى يەركەنگە كۆچۈرۈلدى.

ئەمما كېيىنكى ۋەقەلەر شۇنى چۈشەندۈرىدۈكى، مۇشۇ ۋاقىت چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىچكى-تاشقى قىيىنچىلىقتا پاتقان مەزگىلگە توغرا كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، چاڭلىڭ باشلىق كىشىلەرنىڭ تەكلىپلىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ياخشىلاشتا كۆرسەتكەن ئىجابى رولى تېزلا يوققا چىقتى. بۇ جەريان كىتاۋىمىزنىڭ كېيىنكى قىسمىدا بايان قىلىنىدۇ.

## پايدىلىنىلغان كىتاپلار


① سېن جۇڭمىيەن: «جۇڭگو ۋە چەتئەل تارىخى، جۇغراپىيىلىرى توغرىسىدا دەلىل»، 597-بەت.

② «مۇسۇلمانلار ماكانى ھەققىدە ئومۇمى تەزكىرە»، 12-جىلد؛
«مۇقەددەس ھەربى ئىشلار مۇۋەپپەقىيەتلىرى»، 4-جىلد؛
«دۇڭخۇا ھوجرىسىدىكى خاتىرىلەر. چيەنلۇڭ»، 61-جىلد.

③ «مۇسۇلمانلار ماكانى ھەققىدە ئومۇمى تەزكىرە»، 12-جىلد.

④ «دۇڭخۇا ھۇجرىسىدىكى خاتىرىلەر. چيەنلۇڭ»، 6-جىلد.

⑤ «يەنە جۇڭغارنى تىنجىتىش تەدبىرلىرى»، 33-جىلد.

⑥ «مۇقەددەس ھەربى ئىشلار مۇۋەپپەقىيەتلىرى»، 4-جىلد؛
«شىنجاڭدا ئۆلكە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا تەكلىپلەر»؛
«ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت قىسقىچە ماتېرىياللار توپلىمى»، ئىككىنچى كىتاپ، 127-بەت.

⑦ توجىن: "مۇسۇلمانلار ماكانىنىڭ قائىدە-مىزانلىرى».

⑧ «مەرىپەتلىك، قەيسەر ئەرباپ نا يەنچىڭنىڭ پادىشاغا سۇنغان مەكتۇپ-
لىرى»، 77 ـ جىلد.

⑨ «مۇقەددەس ھەربى ئىشلار مۇۋەپپەقىيەتلىرى، 4 ـ جىلد.

⑩ «شىنجاڭ ھەققىدە قىسقىچە بايان»، 1 ـ جىلد.

⑪ «مۇقەددەس ھەربى ئىشلار مۇۋەپپەقىيەتلىرى، 77 ـ جىلد.

⑫ «دۇڭخۇا ھۇجرىسىدىكى خاتىرىلەر»، 47 ـ جىلد؛
«زىياۋۇدۇن ئەنزىسى توغرىسىدا پادىشاغا سۇنۇلغان مەكتۇپىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى». «ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت قىسقىچە ماتېرىياللار توپلىمى» ئىككىنچى كىتاب، 150 ـ بەتتىن ئېلىندى.

⑬ «مەرىپەتلىك، قەيسەر ئەرباپ نا يەنچىڭنىڭ پادىشاغا سۇنغان مەكتۇپ-
لىرى»، 80 ـ جىلد.

⑭ «مۇقەددەس ھەربى ئىشلار مۇۋەپپەقىيەتلىرى»، 4 ـ جىلد؛
ساۋ جېنيۇڭ قاتارلىقلار تۈزگەن: «مۇسۇلمانلار ماكانىنى تىنجىتىپ، ئاسىلار ئەۋلاتلىرىغا جازا يۈرۈشى قىلىش تەدبىرلىرى»، 1 ـ جىلد.

⑮ سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن «دۇنيانىڭ ئومۇمى تارىخى»، 5 ـ توم، ئون بىرىنچى باپ.

⑯ «چىڭ سۇلالىسى تارىخى (دەسلەپكى نۇسخا). بېقىندى دۆلەتلەر. 4 ـ ».

⑰ «ھىندىستاننىڭ ئومۇمى تارىخى»، 4 ـ كىتاپ.

⑱ «چىڭ سۇلالىسى تارىخى (دەسلەپكى نۇسخا)»، 368 ـ جىلد؛
«مۇسۇلمانلار ماكانىنى تىنجىتىپ، ئاسىلار ئەۋلاتلىرىغا جازا يۈرۈشى قىلىش تەدبىرلىرى»، 2 ـ جىلد.

⑲ يۇقۇرقى كىتاپ، 36 ـ جىلد.

⑳ «چىڭ سۇلالىسى تارىخى (دەسلەپكى نۇسخا). بېقىندى دۆلەت-
لەر. 4 ـ »؛
سۇڭ جۈن قاتارلىقلار تۈزگەن «مۇسۇلمانلار ماكانى ھەققىدە ئومۇمى

چۆشەنچە»، 2 ـ جىلد.

㉑ «مۇقەددەس ھەربى ئىشلار مۇۋەپپەقىيەتلىرى»، 4 ـ جىلد.

㉒ «تارىخى ھەمىدى».

㉓ قۇرمان ئەلى: «تەۋارىخى خەمسە».

㉔ «چىڭ سۇلالىسى تارىخى (دەسلەپكى نۇسخا). ىېقىندى دۆلەتلەر، 4 ـ».

㉕ «تەۋارىخى خەمسە»؛
«مۇسۇلمانلار ماكانىنى تىنجىتىپ، ئاسىلار ئەۋلاتلىرىغا جازا يۈرۈشى قىلىش تەدبىرلىرى»، 12 ـ جىلد.

㉖ يۇقۇرقى كىتاپ، 12 ـ جىلد.

㉗ «چىڭ سۇلالىسى تارىخى (دەسلەپكى نۇسخا)»، 367 ـ جىلد، «چاڭلىڭ».

㉘ «ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت قىسقىچە ماتىرىياللار توپلىمى»، ئىككىنچى كىتاپ، 335 ـ 336 ـ بەتلەر.

㉙ «تەۋارىخى خەمسە».

㉚ «شۈەنزۇڭنىڭ پائالىيەتلىرىدىن خاتىرە»، 107 ـ جىلد؛
«مۇقەددەس ھەربى ئىشلار مۇۋەپپەقىيەتلىرى»، 4 ـ جىلد؛
«مۇسۇلمانلار ماكانىنى تىنجىتىپ، ئاسىلار ئەۋلاتلىرىغا جازا يۈرۈشى قىلىش تەدبىرلىرى»، 31 ـ جىلد.

㉛ «چىڭ سۇلالىسى تارىخى (دەسلەپكى نۇسخا)»، 369 ـ جىلد.

㉜ «چىڭ سۇلالىسى تارىخى (دەسلەپكى نۇسخا)»، 368 ـ جىلد، «خېڭجىڭ».

㉝ «چىڭ سۇلالىسى تارىخى (دەسلەپكى نۇسخا)»، 367 ـ جىلد، «چاڭلىڭ».

㉞ يۇقۇرقى كىتاپ، 367 ـ جىلد، «ياڭ فاڭ».

㉟ ھاجى يۇسۇپ يازغان «تەۋارىخ ئومۇمى»دە مۇنداق دىيىلدۇ:
"ھىجرىيە 1244 ـ يىلى (مىلادى 1828 ـ يىلى) جاھانگىر تۆرە قەش-

قەرنى ئىستىلا قىلدى. كونا گۇلباغ قەلئەسىنى ئۆزىنىڭ پايتەختى قىلدى. شىمالدا كۇچار، جەنۇپتا خوتەننى ئالدى. ئۇ توققۇز ئاي 17 كۈن ئىسلام ھۆكۈمرانلىغى يۈرگۈزدى."

㊱ «مەرىپەتلىك، قەيسەر ئەرباپ نا يەنچېڭنىڭ پادىشاغا سۇنغان مەكتۇپلىرى»، 80 ـ ، 78 ـ جىلدلار؛
«مۇقەددەس ھەربى ئىشلار مۇۋەپپەقىيەتلىرى»، 4 ـ جىلد؛
«مۇسۇلمانلار ماكانىنى تىنجىتىپ، ئاسىلار ئەۋلاتلىرىغا جازا يۈرۈشى قىلىش تەدبىرلىرى»، 1 ـ جىلد.
㊲ يۇقۇرقى كىتاپ، 73 ـ جىلد.
㊳ «چىڭ سۇلالىسى تارىخى (دەسلەپكى نۇسخا)»، 367 ـ جىلد؛
㊴ ㊵ «چىڭ سۇلالىسى تارىخى (دەسلەپكى نۇسخا)»، 367 ـ جىلد؛
«مۇقەددەس ھەربى ئىشلار مۇۋەپپەقىيەتلىرى»، 4 ـ جىلد.
㊶ «چىڭ سۇلالىسى تارىخى (دەسلەپكى نۇسخا)»، 367 ـ جىلد.
㊷ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئىككىنچى كىتاپ.
㊸ «مەرىپەتلىك، قەيسەر ئەرباپ نا يەنچېڭنىڭ پادىشاغا سۇنغان مەكتۇپلىرى»، 73 ـ جىلد،
㊹ «چىڭ سۇلالىسى تارىخى (دەسلەپكى نۇسخا)»، 367 ـ جىلد.
㊺ «چاڭلىڭنىڭ يىلنامىسى».
㊻ «چىڭ سۇلالىسى تارىخى (دەسلەپكى نۇسخا)»، 367 ـ جىلد.
㊼ «چىڭ سۇلالىسى تارىخى (دەسلەپكى نۇسخا)»، 367 ـ جىلد، «چاڭلىڭ».
㊽ «چىڭ سۇلالىسى تارىخى (دەسلەپكى نۇسخا)»، 368 ـ جىلد، «بىچاڭ».

# خاتىمە

«ئۇيغۇر تارىخى» دەپ نام بېرىلگەن بۇ ئەسەر ئۈچ قىسىمغا بۆلۈندۇ. بىرىنچى قىسىم قەدىمدىن تارتىپ 1840-يىلغىچە بولغان ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قولىڭىزدىكى بۇ كىتاپتا بايان قىلىنغىنى ئەنە شۇ بىرىنچى قىسىمنىڭ مەزمۇنلىرى.

مەن ئىلىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، كىچىكىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ياشىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى، ئەخلاق-پەزىلىتى ھەم تىلىنى پىششىق بىلەتتىم. يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشىنى، ئۇلارنىڭ تارىخىنى بىلگۈم كەلدى. لېكىن، مېنىڭ يۇرتۇم ئىلىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى سىستېمىلىق تونۇشتۇرغان بىرەر كىتاپنى شۇ چاغلاردا تاپماق ناھايىتى قىيىنغا چۈشتى.

1956-يىلى، خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ قالغان ئۇيغۇر تارىخشۇناسى، پروفېسسور فېڭ جىياشېڭنى زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. ئۇنىڭدىن ئۇقتۇمكى، مېنىڭ يۇرتۇمدىلا ئەمەس، پۈتۈن مەملىكەتتىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى سىستېمىلىق تونۇشتۇرغان بىرەر مەخسۇس ئەسەرنى تاپماق تەس ئىكەن، چۈنكى، شۇ ۋاقىتقا قەدەر مۇشۇنداق بىر ئەسەر تېخى دۇنياغا كەلمىگەن ئىدى.

شۇ ۋاقىتتا مەن ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىشكە تەييارلىق قىلىۋاتاتتىم. پروفېسسور فېڭ جىياشېڭ مېنىڭ ئۇيغۇر تارىخىغا

ئىشتىياق باغلىغانلىغىمنى ھەم ئۇيغۇر تىلىغا مۇكەممەل ئىگەنلىگىمنى بىلىپ، مېنى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ، ئۇيغۇر تارىخىنى ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلدى.

ئىككىنچى يىلى مۇرادىمغا يېتىپ، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى تارىخ فاكۇلتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتۇم. ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي چېگرا شەھىرىدىن پايتەختىمىز بېيجىڭغا باردىم. بالا چېغىمدا مەھەللىمىزدىكى شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ بويىدا، يايلاقلاردىكى گۈلخانىلار يېنىدا ئاڭلاپ قالغان ئۇيغۇرلارغا ئائىت نۇرغۇن گۈزەل رىۋايەتلەر ئالىي مەكتەپنىڭ دەرسخانىلىرىدا ئۆتۈلۈۋاتقان دەرسلەر بىلەن بىر بىرىگە قوشۇلۇپ، قەلبىمدە: كەلگۈسىدە ئۇيغۇرچە ھەم خەنزۇچە يېزىقلاردا ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت مەخسۇس بىر ئەسەر يېزىپ چىققان بولسام، دىگەن يېڭى خىيال پەيدا قىلدى.

1959 ـ يىلى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ 2 ـ يىللىغىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىجتىمائىي تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدا پراكتىكا قىلىشقا تەقسىم قىلىندىم. شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردە، مەن ئۇيغۇر تارىخىنى تەكشۈرۈشكە قاتناشتىم ھەم خۇ فاگرۇ، فىڭ جياشىڭ ئەپەندىلەرنىڭ يېتەكچىلىگىدە ئوقۇتۇش فىلىمى «شاخلىق يېزىسىنىڭ فېئودال جۇاڭيۈەن تۈزۈمى»نىڭ سىنارىيىسىنى يېزىپ چىقتىم. «تارىخى ھەمدى»نى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدىم. مۇشۇ ئەمىلىيەتلەر ئارقىلىق ئۇيغۇر تارىخىدىكى بەزى ساھەلەر بىلەن بىۋاستە تونۇشۇپ چىقىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، بۇ ئىككى ئەپەندىنىڭ جىددى ئىلمىي پوزىتسىيىسى ۋە ئىلىم-پەنگە ئۆزىنى بېغىشلاش روھى مېنىڭدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى ۋە مەن ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك ئۈلگە

بولۇپ قالدى.

ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر تارىخىنى داۋاملىق ئۆگىنىش ئارزۇيۇم بىلەن، خەنزۇچىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇيغۇرچىنى تېخىمۇ مۇكەممەل ئىگەللەشكە نىيەت باغلىدىم. كېيىن مەن شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىندىم.

ئۇزاق ئۆتمەي، "مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى" باشلىنىپ كەتتى. مەن ئۆز زاماندashلىرىمغا ئوخشاش، شۇ قاينامغا قىزغىنلىق بىلەن ئاتلاندىم. بىراق، بىرمۇنچە غەلىتە ئەھۋاللار ئالدىدا مېنىڭ قىزغىنلىقىم ناھايىتى تېزلا يوقالدى. 1967-يىل 5-ئايدىن باشلاپ مېنىڭ خىيالىم ئۆزۈندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئىشقا قايتىپ، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا «ئۇيغۇر تارىخى»نى يېزىشقا كىرىشىپ كەتتىم.

1976-يىل 8-ئايغا كەلگەندە مەن ئۇيغۇرچە ھەم خەنزۇچە قىلىپ ئالدىنقى 8 باپ، تەخمىنەن 150 مىڭ خەتلىك كۇپپىيىنى يولداش سەيپىدىن ئەزىزى ھەم يولداش ليۇ شىغا سۇندۇم.

مېنىڭ بۇ خىزمىتىم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ھەم يولداش سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ۋە قوللىشىغا سازاۋەر بولدى. 1976-يىل 10-ئايدىن باشلاپ شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ماڭا مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ بەردى. 1978-يىل 6-ئايدا تيەنجىن شەھرىدە ئۆتكۈزۈل-گەن مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتى بويىچە پىلانلاش يىغىنىدا «ئۇيغۇر تارىخى» پىلانغا كىرگۈزۈلدى. 1979-يىل 6-ئاينىڭ 1-كۈنى مەن «ئۇيغۇر تارىخى» دىگەن بۇ ئەسەرنىڭ 600 مىڭ خەتلىك ئۇيغۇرچە

ھەم خەنزۇچە كۆپيىسىنى ئىشلەپ بولدۇم.

بۇ مەزگىلدە يولداش سەيپىدىن ئەزىزى، يولداش ليۇ شى، يولداش چېن خۇا، يولداش رەجەپ توختى، يولداش ھۆسەيىن ئەبەيدۇللا، يولداش مەمتىمىن يۈسۈپ، يولداش ئەنۋەر بايتۇر، يولداش خۇ فاڭرۇ، يولداش چېن يۈڭلىڭ ھەم يولداش ئابلەق ئابلايوۋ ۋە يولداش جۇ باۋيۈ ماڭا قىزغىن مەدەت ۋە ياردەمدە بولدى. جۈملىدىن يولداش سەيپىدىن ئەزىزى، يولداش چېن خۇا، يولداش ئەنۋەر بايتۇر، يولداش چېن يۈڭلىڭ، يولداش خۇ فاڭرۇلار ئايرىم ھالدا پۈتكۈل ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە ئارگىنالنى تەكشۈرۈپ ئوقۇپ چىقتى. بۇ قېتىم نەشرگە ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى، يولداش چېن خۇا پۈتكۈل خەنزۇچە ئارگىنالنى قايتا يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ ئوقۇپ چىقتى.

شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ كىتاپ-ماتېرىيال بۆلۈمى مېنىڭ خىزمىتىم ئۈچۈن ئىمكان بار ھەممە قولايلىقلارنى يارىتىپ بەردى.

بۇلارسىز مەن بۇ ئەسەرنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئىشلەپ بولالمايتتىم. شۇ سەۋەپتىن ئۇلارغا چىن كۆڭلۈمدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن.

بىر ئەھۋالنى ئىزاھلاپ ئۆتۈشۈمگە توغرا كەلدى. ئوخشىمىغان تىللاردىن پايدىلىنىدىغان مۇشتىرىلارنى نەزەردە تۇتۇپ، مەن ئايرىم تارىخي ۋەقەنى بايان قىلغان ۋاقتىمدا، ھەجىمىدە ئوخشاشماسلىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى. مەسىلەن، خەنزۇ مۇشتىرىلىرىغا ئومۇمى يۈزلۈك تونۇش بولغان ئەھۋاللار توغرىسىدا، خەنزۇچە نۇسخىسىدا ئازراق توختالدىم، ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدا بولسا مۇمكىن قەدەر مۇكەممەل بايان قىلىشقا تىرىشتىم. پايدىلانغان ماتېرىيالنى

قوشۇمچە قىلغاندىمۇ ئوخشاش ئەھۋاللار مەۋجۇت، خەنزۇچە نۇسخىسىغا ئۇيغۇرچىدىن پايدىلانغان ماتېرىياللارنى مۇمكىن قەدەر كۆپرەك كىرگۈزدۈم، ئۇيغۇرچە نۇسخىسىغا بولسا خەنزۇچىدىن پايدىلانغان ماتېرىياللارنى مۇمكىن قەدەر كۆپرەك كىرگۈزدۈم.

ئۇيغۇر تارىخى توغرىسىدا مەخسۇس ئەسەر يېزىش كۆپ يىللىق ئارزۇيۇم بولسىمۇ، بىراق، بۇ كىتاپنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، سىز مېنىڭ ئارزۇيۇم بىلەن بىلىمىم ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندۇرسىز. خوش، سىز ئېغىر كۆرمەي مېنىڭ بۇ ئەسىرىمنى ئوقۇپ چىققان ئىكەنسىز، سىزنىڭ قىممەتلىك پىكرىڭىزنى ئايىمايدىغانلىقىڭىزغا چوقۇم ئىشىنىمەن.

**ئاپتور**

1984 - يىل سېنتەبىر.

مۇھەررىر: ئەنۋەر بايتۇر
مەسئۇل مۇھەررىر: ئابدۇللا ئابلىز
مەسئۇل كوررېكتور: رىشت ۋاھىدى

ليۇ زىشياۋ
ئۇيغۇر تارىخى (بىرىنچى قىسىم)
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1987 - يىل 10 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى
1987 - يىل 10 - ئايدا بېيجىڭدا 1 - قېتىم بېسىلدى
باھاسى (1 -، 2 -كىتاپ): 5.80 يۈەن

**维吾尔族历史**
**（上编）**
（维吾尔文）
刘志霄著
民族出版社出版 新华书店发行
民族印刷厂印刷
开本：850×1168毫米1/32 印张：38 1/2
1987年10月第1版
1987年10月 北京第1次印刷
印数：0001—1,500 册（上、下册）定价：5.80元
书号：M11049(4)28